ئەسلى ئاپتورى

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

# قۇتادغۇبىلىك



شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: ئەكبەر سالىھ

قۇتادغۇبىلىك

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى

ISBN 7-5631-1298-7

**图书在版编目(CIP)数据**

福乐知慧:哲理小说 / 玉苏甫·哈斯·哈吉甫著;亚尔·买买提·塔依尔改编. —乌鲁木齐:新疆大学出版社,2000. 12
ISBN 7 — 5631 — 1298 — 7

Ⅰ. 福… Ⅱ. ①玉… ②亚… Ⅲ. 长篇小说—中国—当代—维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ. 1247.8

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2000)第 81333 号

审　　订:阿不都克力木·热合曼
责任编辑:伊不拉音·哈木都拉
责任校对:玉山江·艾斯卡尔
封面设计:艾克拜尔·萨力

**《福乐知慧》**

**亚尔·买买提·塔依尔·吐格勒克** 改编

---

新疆大学出版社出版发行
(乌鲁木齐市胜利路 14 号　　邮编:830046)
新疆新华书店发行
新疆《工人时报》印刷厂印刷
850×1168 毫米　32 开本　13 印张
2000 年 12 月第 1 版　　2000 年 12 月第 1 次印刷
印数: 0001—5000

---

ISBN 7 — 5631 — 1298 — 7/I · 211
定价: 22.00 元

ئەسلى ئاپتورى

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

# قۇتادغۇبىلىك

( پەلسەپىۋى رومان )

رومانلاشتۇرغۇچى: يارمۇھەممەت تاھىر تۇغلۇق

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى

ئەي سۆيۈملۈك پەرزەنتىم، مەن سەن ئۈچۈن شۇنچە مۇشەققەت چېكىپ، ھاياتلىق ئۆلۈگىنى پۇختىلىشۇبىلىشىنىڭ ئۈچۈن ئىش - ھەرىكىتىنىڭ ۋە يولۇڭىنىڭ قانداق بولۇش كېرەكلىكى ھەققىدىكى «قۇتادغۇبىلىك» ئەسىرىمنى مىراس قالدۇردۇم. ھەرقاچان يولۇڭدىن ئازماي ئۇشبۇ يول بىلەن ماڭغايسەن. بۇ دۇنيانى ئىزدىسەڭمۇ يول مۇشۇ، ئۇ دۇنيانى تىلىسەڭمۇ يول شۇ.

**— يۈسۈپ خاس ھاجىپ**

# كىرىش سۆز

«قۇتادغۇبىلىك» دۇنياۋى شۆھرەتكە ئىگە پەلسەپىۋى ئەسەر بولۇپ، ئۇنىڭ دۇنياغا كەلگىنىگە 930 يىل بولدى. ئەسەرنىڭ 11-ئەسىردە ئىلىم دۇنياسىغا كەلگەنلىكى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئىنسانىيەتنىڭ ئىدېئولوگىيە تارىخىغا قوشقان قىممەتلىك تۆھپىسى، دۇنيا مەدەنىيەت خەزىنىسىگە قوشقان خاسىيەتلىك ئەڭگۈشتىرى بولغان ئىدى. ئۆز دەۋرىنىڭ ئۇلۇغ ئالىمى، قاراخانىيلارنىڭ مەشھۇر دۆلەت ئەربابى يۇسۇپ خاس ھاجىپ ئۆزىدىكى تەڭداشسىز ئىستىدات ۋە مول بىلىم قۇرۇلمىسىغا تايىنىپ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ 11-ئەسىردىكى ئىدېئولوگىيە جەھەتتىكى ئىنتىلىشلىرى ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئىلغار ئۇتۇقلىرىنى يۇقىرى دەرىجىدىكى ئىلمىي ۋە بەدىئىي ماھارىتى بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈپ، ئىنسانىيەتنىڭ بەخت-سائادەتكە ئىنتىلىش يولىغا يېڭى مەشئەل ياققان ئىدى.

يۇسۇپ خاس ھاجىپ ئالدى بىلەن ئىنساننىڭ يارىتىلىشىدىكى ئەسلى ئىرادە قانداق ماھىيەتتە بولغان بولسا، ئۇنى شۇنداق تەبىئەتتە قايتىدىن تەسەۋۋۇر قىلدى. ئۇ ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدىكى يۇقىرى-تۆۋەنلىكنى، ئالىيجانابلىق بىلەن پەسلىكنى ئۆلچەيدىغان فېئوداللىق ئىجتىمائىي دەرىجە ئۆلچىمىگە قارشى ھالدا ئادەمنىڭ قەدىر-قىممىتىنى ئەقىل-پاراسەتكە ۋە ئىلىم-پەزىلەتكە قاراپ ئۆلچەشتىن ئىبارەت ئىلغار پەلسەپىۋى ئۆلچەمنى ئوتتۇرىغا قويىدى. ئۇ مانا شۇنداق ئۆلچەم ئاساسىدا غايىۋى دۆلەت ۋە جەمئىيەت ئوبرازىنى جانلىق ھەم جەلپكار قىياپەتتە ئوتتۇرىغا چىقاردى. ئەسەردە يارىتىلغان بەدىئىي ئوبرازلار يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ

ئىلغار پەلسەپىۋى ئىدىيىسىنىڭ ئاكتىپ ئىجراچىلىرى ۋە ئەمەلىيەت ئارقىلىق ئىسپاتلىغۇچىلىرى ئىدى. ئەسەردىكى بىرىنچى شەخس غايىۋى دۆلەتكە رىياسەتچىلىك قىلىۋاتقان قۇياش خىسلەتلىك شاھ كۈنتۇغدى ئىلىگ. ئۇ ئالدى بىلەن قانۇن ۋە ئادالەت، يەنە بىر تەرەپتىن قانۇن ئالدىدا ھەممە ئادەم باراۋەر بولغان، باي، كەمبەغەل، پادىشاھ، پۇقرا دەپ ئايرىلمىغان ئادالەتلىك دۆلەتنىڭ خەلقپەرۋەر خاقانى، قانۇن تۇرغۇزغۇچى ۋە ئۇنىڭ ئىجراچىسى. ئۇ ئۆز تەبىئىتىگە يارىشا ئەلنىڭ بەخت-سائادىتى ۋە خاتىرجەملىكى ئۈچۈن كېچە-كۈندۈز تىرىشچانلىق كۆرسىتىدۇ، ئەتراپىغا قابىلىيەتلىك ئىقتىدار ئىگىلىرىنى يىغىپ دۆلەتنىڭ مۇھىم ئىشلىرىنى ئورتاق كېڭەشىدۇ. ئۇنىڭ شوئارى: ئەلدە توغرا، ئادالەتلىك قانۇن ئورنىتىش، ھۆكۈم ۋاقتىدا قول ۋە بەگ دەپ ئايرىماسلىق، تۇغقىنى بىلەن ئاددىي پۇقرالارغا ئوخشاش كۆزدە قاراش، ھەرگىز ئارىسالدى بولماسلىق ۋە تەۋرەنمەسلىك. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنى ئەل قوللايدۇ، ئايتولدى ۋە ئۆگدۈلمىشتەك ياراملىق ياردەمچىلىرىمۇ ئۇنىڭغا قول-قانات بولىدۇ. نەتىجىدە بۆرە بىلەن قوي بىر ئېرىقتىن سۇ ئىچىدىغان تىنچ، پاراۋان دۆلەت ھاكىمىيىتى ۋۇجۇدقا چىقىدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپ بەخت-سائادەت بىلەن كىشىلەرنىڭ مۇناسىۋىتى، بەخت-سائادەتنىڭ خۇسۇسىيىتى ۋە خاراكتېرىنى جانلىق، ئوبرازلىق ھالدا ئايتولدى ئوبرازىغا مۇجەسسەم قىلىپ، ئابستراكت بەخت ئۇقۇمىنى كونكرېت ئادەم سۈپىتىدە تەسەۋۋۇر قىلىش پۇرسىتىگە ئىگە قىلىدۇ. ئەقىل-پاراسەت ئىنسان قەدىر-قىممىتىنى ئۆلچەشنىڭ مۇھىم بىر ئۆلچىمى، ئادىمىيلىكنىڭ مۇھىم بىر بەلگىسى ئىدى. يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئەقىلنى ئۆگدۈلمىش ئوبرازىدا تەسەۋۋۇر قىلىپ، ئۇ ئارقىلىق غايىۋى جەمئىيەتنىڭ مۇستەھكەم مەنىۋى ئاساسىنى تۇرغۇزىدۇ. ھاياتلىق بىلەن ماماتلىق مەسىلىسى، بۇ دۇنيا بىلەن ئۇ دۇنيا توغرىسىدىكى چۈشەنچىلەر

زىددىيىتىدە ئۇدغۇرمىش ئوبرازىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ، ھاياتلىق ئالىمىنىڭ خاسىيىتى، ئۇلۇغلۇقى ۋە پۈرسىتىنى قايتىدىن تونۇتىدۇ.

«قۇتادغۇبىلىك» تىكى يادرولۇق تۆت ئوبراز ئابستراكتلىق بىلەن كونكرېتلىقنىڭ يۇغۇرۇلمىسى سۈپىتىدە ھەرىكەت قىلىپ، بىر تەرەپتىن، رېئال جەمئىيەتنىڭ سەلبىي قورغىنىغا جەڭ ئېلان قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئىنسان مەنىۋى دۇنياسىنىڭ نۇرانە جۇلاسىنى ئۆز پائالىيەتلىرى ئارقىلىق تېخىمۇ رېئاللاشتۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ بىرى ئادالەت ساھىبى بولۇپ ئەلنى يېتەكلەيدۇ، يەنە بىرى بەخت ئەلچىسى بولۇپ ئەلنى كۈلدۈرىدۇ. بىرى ئىلىم-ھېكمەت خەزىنىسىدىن گۆھەرلەر قازسا، يەنە بىرى ئەقىل-پاراسەت دۇلدۇلىغا مىندۈرۈپ ئىدراك دۇنياسىنى سەير قىلدۇرىدۇ. ئۇلار بىزنى شاھنىڭ ياسىداق ئوردىلىرىدىن تارتىپ سەھرادىكى دېھقان كەپىلىرىگىچە، شەھەرلەردىكى تۈرلۈك ھۈنەر-كەسىپ ساھەسىدىكى پۇقرالاردىن تارتىپ شەرق بىلەن غەرب ئارىسىدا مەدەنىيەت ئەلچىسىلىك رولىنى ئويناۋاتقان سودا كارۋانلىرىغىچە ئۇچراشتۇرىدۇ. ئەسەردە ھەر بىر پېرسوناژ ئوبرازىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى روشەن گەۋدىلەندۈرۈلگەن. ئۇلار شۇنچە قۇدرەتلىك دۆلەتنىڭ خاقان ۋە ۋەزىرلىرى بولسىمۇ، بىراق ئۇلار بىز بىلەن ئەڭ يېقىن دوست، ئۇستاز ۋە مەسلىھەتچى سۈپىتىدە سەمىمىي سۆھبەتلىشەلەيدۇ. ئۇلار بىز تۇرمۇشتا دۇچ كەلگەن ئەڭ مۇشكۈل ۋە مۇھىم مەسىلىلەرگە دانىشمەنلەرچە جاۋاب بېرىپ، بىزگە يول باشلايدۇ. ئۇلار ئاددىيسى بىزگە جەمئىيەتتىكى ھەر قايسى تەبىقىلەر بىلەن قانداق مۇناسىۋەت قىلىش يوللىرىنى، ئەدەپ-قائىدىلەردىن تارتىپ چۈش تەبىرىگىچە، توي قىلىشتىن تارتىپ يارامىلىق ئاتا-ئانا بولۇشقىچە بولغان تۇرمۇش يوللىرىنى ۋە ياشاشنى ئۆگىتىدۇ. ئۇلار شۇنچە تەمكىن، پاراسەتلىك، كىچىك پېئىل ۋە خۇشخۇي.

ئومۇمەن، «قۇتادغۇبىلىك» مەزمۇن جەھەتتىكى كەڭلىكى ئارقىلىق، بىر پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ ھەر قايسى قاتلاملىرى بىلەن ئۇچرىشىش پۇرسىتىگە ئىگە قىلىدۇ، ئىنسان كامالىتىنىڭ قانۇنىيەتلىك باسقۇچلىرىنى تونۇتىدۇ. ئالەم ئۆزگىرىشلىرى بىلەن جەمئىيەت ئۆزگىرىشلىرى، ئۆتمۈش بىلەن بۈگۈن ۋە كەلگۈسىنى ئورگانىك باغلايدۇ. جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ قايغۇ-ئەلەملىرى بىلەن خۇشاللىق تەنتەنىلىرىنى روشەن سېلىشتۇرما قىلىدۇ. تەركىدۇنيالىق بىلەن ھاياتلىق ئۈچۈن كۈرەش قىلىش ئوتتۇرىسىدىكى ئۆتكۈر زىددىيەت ئارقىلىق ماھىيەتنى ئاشكارىلايدۇ. ئەسەردىكى قىممەت تارازىسىغا چۈشكەن ئادەم ئۆزىنى قايتىدىن تونۇش، ئۆزىنى ئىزدەش، ئۆزىگە ئىنسان ئۆلچىمىدە يېڭىۋاشتىن باھا بېرىش جەھەتتە ئەڭگۈشتەرگە ئىگە بولىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ بۇ ئەسەر دۇنياغا كەلگەندىن كېيىن مۆجىزە سۈپىتىدە مەدەنىيەت ساھەسىنى زىلزىلىگە سالغان، قولدىن-قولغا ئۆتۈپ كەڭرى تارقالغان. نۇرغۇن دۆلەتلەرنىڭ ئوردىلىرىدا، شاھلارنىڭ ۋە باشقا دۆلەت ئەربابلىرىنىڭ ھاكىمىيەت باشقۇرۇشتىكى يېتەكچىسى ۋە مەسلىھەتچىسى بولۇش رولىنى ئوينىغان، ھەتتا «بۇ ئەسەرنى ئوقۇغان ۋە باشقىلارغا بىلدۈرگەن كىشى بۇ كىتابتىنمۇ ئەزىزراقتۇر» دەپ ئۇلۇغلانغان ۋە ئەسەرنى خەلق ئاممىسىغا كەڭ تۈردە تونۇشتۇرۇش تەشەببۇس قىلىنغان. يۈسۈپ خاس ھاجىپمۇ ناھايىتى ئۇلۇغ ئارزۇ-ئارمانلار بىلەن ئۆز ئەسىرىنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلار ئۈچۈن قىممەتلىك يالداما بولۇپ قېلىشىنى، ئەۋلادلارنى قولىدىن تۇتۇپ بەخت-سائادەت يولىغا يېتەكلىشىنى ئۈمىد قىلغان. شۇڭا ئۇ ئالىيجانابلىق بىلەن: «مەن بۇ ئەسەرنى نام-ئاتاق، شان-شۆھرەت تەمەسىدە يازمىدىم، تىلىكىم، كەلگۈسى ئەۋلادلار ئۈچۈن تېگىشلىك سۆزلىرىمنى يادىكار قالدۇرۇش ئىدى. ئەي ئوغلۇم، سۆزۈمنى ساڭا سۆزلىدىم،

بۇ نەسىھەتلىرىمنى سەن ئۈچۈن قىلدىم، ساڭا مەندىن ھەر قانچە ئالتۇن-كۈمۈش قالسىمۇ، بۇ سۆزلىرىمگە تەڭ كۆرمە. كۈمۈشنى خەجلىسەڭ تۈگەيدۇ، يوقىلىدۇ، سۆزلىرىمنى يادىڭدا تۇتۇپ ئىشلەتسەڭ كۈمۈش قازىدۇ. كىشىدىن-كىشىگە مەڭگۈلۈك قالىدىغان مىراس سۆزدۇر، ۋەسىيەت قىلىنغان سۆزلەرنى ئېسىڭدە تۇتساڭ پايدىسى تۈگىمەستۇر»، «مەن سەن ئۈچۈن شۇنچە مۇشەققەت چېكىپ، ھاياتلىق ئۇلىغىنى پۇختىلىۋېلىشىڭ ئۈچۈن ئىش-ھەرىكىتىڭ ۋە يولۇڭنىڭ قانداق بولۇشى كېرەكلىكى ھەققىدىكى سۆزلىرىمنى يادىكار قالدۇردۇم. ھەر قاچان يولۇڭدىن ئازماي ئۇشبۇ يول بىلەن ماڭغايسەن، بۇ دۇنيانى ئىزدىسەڭمۇ يول مۇشۇ، ئۇ دۇنيانى تىلىسەڭمۇ يول شۇ» دېگەن ئۈمىدىنى تەۋسىيە قىلغان.

جۇڭگودا «قۇتادغۇبىلىك» ھەققىدىكى تەتقىقات 80-يىللاردىن كېيىن باشلاندى. پارتىيە، ھۆكۈمەت ئەسەرنىڭ نەشر قىلىنىشى ۋە تەتقىق قىلىنىشى ئۈچۈن ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلدى. 1984-يىلى «قۇتادغۇبىلىك»نىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى نەزمىي يەشمىسى نەشر قىلىندى. شۇنىڭدىن تارتىپ ھازىرغىچە «قۇتادغۇبىلىك» تەتقىقاتى بويىچە مەخسۇس ئۈچ قېتىم مەملىكەت خاراكتېرلىك ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى، بىر قېتىم خەلقئارالىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى چاقىرىلدى. نۇرغۇن ماقالىلەر، مەخسۇس تەتقىقات كىتابلىرى نەشر قىلىنىپ، ئەسەر كەڭ كۆلەملىك تەشۋىق قىلىندى ۋە تەتقىقات چوڭقۇرلاشتۇرۇلدى. بۇنىڭ بىلەن ئەسەرنىڭ شان-شۆھرىتى پۈتۈن خەلق ئاممىسىنىڭ قەلبىگە سىڭدۈرۈلدى. گەرچە «قۇتادغۇبىلىك» ۋە يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ نامىنى بىلىدىغانلار ناھايىتى كۆپ بولسىمۇ، ئەپسۇسكى ئۇشبۇ ئۇلۇغ ئەسەرنىڭ ھەقلىق ۋارىسلىرى بولغان 21-ئەسىر بوسۇغىسىدىكى ئۇيغۇر ئەۋلادلىرىنىڭ 95%ى بۇ ئەسەر ئارقىلىق ئىگە بولۇشقا تېگىشلىك قىممەتلىك ھايات بىلىملىرىدىن

مەنپەئەتسىز، ئەسەردىن ئېلىشقا تېگىشلىك بەخت زوقىدىن بەھرىسىز قالدى. بىز بۇ پاجىئەنى ئىككى نۇقتىدىن تەھلىل قىلىمىز. بىرى، كۆپلىگەن كىشىلەرنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسى ئەسەردىن ياخشى بەھرە ئېلىشقا يار بەرمىدى؛ يەنە بىرى، ئەسەرنىڭ ئۇيغۇر تىلىدىكى يەشمىسىمۇ نەزمىي بولغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە تولىمۇ يۇقىرى سەۋىيىدە يېزىلغانلىقى ئۈچۈن ئەدەبىي جەھەتتىن تەربىيىلىنىشى يېتەرسىز، مەدەنىيەت سەۋىيىسى تۆۋەنرەك كىتابخانلار ئۇنۇملۇك مەنپەئەت ۋە بەھرە ئالالمىدى.

يۇقىرىقى رېئال ئەھۋالنى نەزەردە تۇتۇپ، مەندە «قۇتادغۇبىلىك»تىن ئىبارەت بۇيۇك چوققىغا يامىشىپ، ئۇنى ئاممىباب شەكىلدە رومانلاشتۇرۇپ چىقىش ئىشتىياقى قوزغالغان بولسىمۇ، لېكىن نەسرىي تىل بىلەن ئەسەرنىڭ يۇكسەك بەدىئىي چوققىسىغا يامىشىش تولىمۇ مۇشكۇل ۋە يېتىش مۇمكىن بولمايدىغان ئىش ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىقتىدارىمنىڭ يار بەرمەسلىكى سەۋەبلىك بۇ قىممەتلىك «گۆھەر»گە نۇقسان يەتكۈزۈپ قويۇپ، يۈسۈپ خاس ھاجىپ بوۋامغا، ئەقىللىق ئوقۇرمەنلەرگە يۈز كېلەلمىگۈدەك ئىش دېگەن ئەندىشە بىلەن جۈرئەت قىلالمىدىم. شۇنىڭ بىلەن مەن باشقا يولنى تاللاپ، ئەسەرنى ئاممىباب شەكىلدە شەرھلەپ تونۇشتۇرۇش قارارىغا كەلدىم. نەتىجىدە، «ئوغلۇم، ئالدىڭغا قارا»، «ھايات ۋە مۇۋەپپەقىيەت»، «بوۋام شۇنداق ئۆگەتكەن» (3 قىسىم) قاتارلىق مەخسۇس شەرھىي كىتابلارنى ۋە خېلى كۆپ ئىلمىي ماقالىلەرنى يېزىپ «قۇتادغۇبىلىك»نى ئەۋلادلارغا تونۇشتۇرۇش، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئۈمىدىنى ئاقلاش ئۈچۈن 15 يىل تىرىشچانلىق كۆرسەتتىم. بۇ جەرياندا ئەسەرنىڭ ھەر بىر مىسراسى قەلبىمگە چوڭقۇر ئورناشتى. ھەر بىر باب ۋە ھەر بىر مىسرالاردا يورۇتۇلغان مەزمۇن ئۈچۈن خېلىلا روشەن بولدى. قانائەتسىزلىكىم ماڭا يەنە مۇنداق تەۋسىيە قىلدى: «تېڭىرقىما،

جۈرئەتلىك بول، نىيەت ھەممىدىن ئەلا. ھەر قانداق ئىش قىلماسلىقتىن قالىدۇ. شەرھىي كىتابلار ۋە ماقالىلەر ھەر قانچە كۆپ بولسىمۇ، كىشىلەرگە ئەسەرنىڭ ئۆزىدەك كۈچلۈك تەسىر قىلالمايدۇ، قەلبىدە نازۇك ھېسلارنى ئويغىتالمايدۇ. شۇڭا، ئەڭ مۇھىمى «قۇتادغۇبىلىك» نى ئاممىباب شەكىلدە كىتابخانلارنىڭ بەھرىمەن بولۇشىغا سۇن. ئەنسىرىمىگىن، ئەگەر سەۋەنلىك ۋە يېتەرسىزلىكلەر كۆرۈلسە كۆڭلى-كۆكسى كەڭ كىتابخانلار ۋە سەممىمىي ئۇستازلارنىڭ ئەپۇ قىلىشىغا ۋە ياردىمىگە نائىل بولىسەن.»

شۇنداق قىلىپ «قۇتادغۇبىلىك» نى ئاممىباب شەكىلدە نەسىرلەشتۈرۈپ جەمئىيەتكە سۇندۇم. ئەسەرنى ئىشلەشتە ئىمكان بار ئەسلى مەزمۇنغا تولۇق سادىق بولۇشقا، شېئىرىي مىسرالاردا ئىپادىلەنگەن مەنىنى تولۇق ۋە روشەن ئىپادىلەپ بېرىشكە تىرىشتىم. قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى نازۇك مەنىلەرنى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا ئىپادىلەشتە يولۇققان بەزى قىيىنچىلىقلارنى بىر قىسىم نوپۇزلۇق قورال كىتابلار ۋە نەزمىي، نەسرىي يەشمىسىنى ئىشلىگەن ئۇستازلارنىڭ ئەمگەك مېۋىسىگە مۇراجىئەت قىلىش ئارقىلىق ھەل قىلدىم.

ئەسەرنى ئىشلەشتە نەسرىي ئېھتىياجغا ئۇيغۇنلاشتۇرۇش ۋە كىتابخانلارنىڭ مەزمۇن جەھەتتە تەكرارلىق ھېس قىلىپ قالماسلىقى ئۈچۈن، بىرئاز ئەركىنرەك يول تۇتۇشقا توغرا كەلدى.

بىرىنچى، مەزمۇن جەھەتتىن «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ باش قىسمىدىكى «ئادەم بالىسىنىڭ قىممىتى بىلىم ۋە ئەقىلدىن ئىكەنلىكى»، «تىلنىڭ پەزىلىتى بىلەن قۇسۇرى ۋە پايدىسى بىلەن زىيىنى»، «بىلىم بىلەن ئەقىلنىڭ پەزىلەت ۋە پايدىلىرى»، «ياخشىلىق قىلماقنىڭ مەدھىيىسى ۋە پايدىسى» دېگەن بابلارنىڭ مەزمۇنى ئەسەرنىڭ بىر پۈتۈن ۋەقەلىك ئىچىدىكى يۇقىرىقى تېمىلارغا بېغىشلانغان مەخسۇس بابلار بىلەن يۇغۇرۇۋېتىلدى.

ئىچكى قىسمىدىكى بەزى مەزمۇنلار ئورۇن ئالماشتۇرۇلۇپ، پىكىرنىڭ لوگىكىلىق ئېھتىياجى ۋە مەزمۇن سىستېمىسىغا ئاساسەن گۇرۇپپىلاشتۇرۇلدى. ئودغۇرمىشنىڭ ۋاپاتىغا مۇناسىۋەتلىك بەزى مەزمۇنلار (6351 ــ 6352-بېيىت ئارلىقىدا تاشلىنىپ قالغان مەزمۇنلار، 6358 ــ 6359-بېيىت ئارلىقىدىكى ۋە 6303 ــ 6304-بېيىت ئارلىقىدىكى مەزمۇنلار) ئەسلى قول يازمىدا ئوقۇغىلى بولمايدىغان دەرىجىدە ئۈچۈپ كەتكەچكە تاشلانغان. ئۇ مەزمۇنلار ئەسەردىكى ئودغۇرمىشقا مۇناسىۋەتلىك قىممەتلىك مەنىلەرنى ئىپادىلەيدىغانلىقى ئۈچۈن، ئالدى ۋە كەينىدىكى مەزمۇنلار ئاساسىدا ئازراق باغلانما مەزمۇنلار قوشۇلۇپ قىياسەن تولۇقلاندى. قالغان تەرەپلەرنىڭ مەزمۇن جەھەتتىكى ئەينەنلىكىگە كاپالەتلىك قىلىندى.

ئىككىنچى، ئەسەرنىڭ قۇرۇلمىسىدا قىسمەن ئۆزگىرىش ھاسىل قىلىشقا توغرا كەلدى. «قۇتادغۇبىلىك»نىڭ ئەسلىي قانچە باب، قانچە مىسرادىن قۇرۇلغانلىقى نامەلۇم، لېكىن تۈركىيە ئالىمى رەشىت رەھمەتى ئارات ئەسەرنىڭ ئۈچ خىل نۇسخىسىنى بىرمۇبىر سېلىشتۇرۇپ تولۇقلاش ئارقىلىق 84 باب، 6645 بېيىت ھالىتىدە نەشر قىلدۇرغان. ئۇيغۇر تىلىدىكى نەشرىدىمۇ يۇقىرىقى قۇرۇلما قوبۇل قىلىنغان. مەن ئەسەرنىڭ نەسرىي ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلىشىشنى كۆزدە تۇتۇپ، مەزمۇنغا تەسىر يەتكۈزمەسلىك شەرتى ئاستىدا ئەسەر قۇرۇلمىسىنى مۇقەددىمە ۋە خاتىمىدىن باشقا 35 باب قىلىپ قۇردۇم.

ئۈچىنچى، «قۇتادغۇبىلىك» گەرچە داستان بولسىمۇ، نەسرلەشتۈرۈلگەندىن كېيىن، ئەسەرنىڭ شەكلى ۋە مەزمۇنى جەھەتتىكى تەلەپلەر ھازىرقى زامان رومان ژانىرىغا يانداشقانلىقى ئۈچۈن «رومان» دەپ ئاتالدى. چۈنكى «قۇتادغۇبىلىك» داستانى مەزمۇن جەھەتتىكى كەڭلىكى ۋە چوڭقۇرلۇقى، ئوبرازلارنىڭ تولۇق تاكامۇللاشتۇرۇلغانلىقى، جانلىق، ھەرىكەتچان، يېتەكلەش

خاراكتېرى كۆچلۈك بولغانلىقى، ئەسەرنىڭ مۇكەممەل سۇژېت قۇرۇلمىسىغا ئىگە قىلىنغانلىقى، ئۆز دەۋرىنىڭ ئىجتىمائىي ۋە مەنىۋى قىياپىتىنى كۆپ تەرەپتىن مۇپەسسەل ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەنلىكى بىلەن ئەسلىدىنلا روماندا بولۇشقا تېگىشلىك ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكنى تولۇق ھازىرلىغان. باشقا ئەدەبىي ئامىللار نۇقتىسىدىن قارىغاندىمۇ، ئەسەردىكى ئېپىك ئامىللار بىلەن لىرىك ئامىللارنىڭ بىر گەۋدىلىشىشى، پېرسوناژ تىلى بىلەن ئاپتور تىلى روشەن پەرقلەندۈرۈلگەنلىكى، تەبىئەت تەسۋىرى بىلەن پىسخىك تەسۋىرگە مۇۋاپىق ئورۇن بېرىلىپ، ئۇنى ئوبرازلارنىڭ خاراكتېرى ۋە مەزمۇن ئېھتىياجى ئۈچۈن ئۇنۇملۇك خىزمەت قىلدۇرغانلىقى، زىددىيەت-توقۇنۇشلارنىڭ كەسكىن ۋە ئۆتكۈرلۈكى، پېرسوناژلارنىڭ روھىي دۇنياسىدىكى جىددىي توقۇنۇش ۋە ئۆزگىرىشلەر ئەسەرنىڭ راۋاجى، ئوبرازلارنىڭ تاكامۇللىشىشى ئۈچۈن ياخشى خىزمەت قىلدۇرۇلغانلىقىدەك بەدىئىي ئامىللار قوشۇلۇپ، ئەسەرنىڭ ئەدەبىي دېتاللىرىنى مۇكەممەللىككە ئىگە قىلغان. يۇقىرىقى نۇقتىلاردىن قارىغاندىمۇ «قۇتادغۇبىلىك» ھازىرقى زامان رومانلىرىغا قويۇلىدىغان ئەدەبىي ئۆلچەمدىن يىراق ئەمەس، پەقەت تەپسىلاتلارنىڭ كونكرېتراق بولۇش تەلىپى جەھەتتىلا ھازىرقى زامان رومانلىرىدىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ.

شۇ تەرىپىمۇ بىزگە ئايانكى، «قۇتادغۇبىلىك»تە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن مەزمۇن كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ مەلۇم تەرىپى، مۇئەييەن شەخسنىڭ تەقدىر-قىسمەتلىرىنىڭ ئۆزگىرىش جەريانى ئەمەس ياكى مۇھەببەت پاجىئەلىرىنىڭ بەدىئىي خاتىرىسى ئەمەس، ئەسەردە يادرولۇق ھالدا دۆلەت ۋە ئۇنىڭ تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك ماھىيەتلىك مەسىلىلەر ناھايىتى تەپسىلىي ۋە كونكرېت بايان قىلىنغان. بۇ تېمىنى مەركەز قىلىپ كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ قانۇنىيەتلىك ئۆزگىرىشلىرى ۋە ئۇنىڭ ھاكىمىيەت بىلەن بولغان

باغلىنىشلىرى، ئىنساننىڭ تەبىئىي ئىنتىلىشلىرى، ھاياتتىكى مۇۋەپپەقىيەت تەجرىبىلىرى، مەغلۇبىيەت ساۋاقلىرى، دۆلەتنىڭ خاراكتېرى، ئەمەلدارلارنىڭ تەبىئىتى بىلەن ئەلنىڭ بەخت-سائادىتىنىڭ مۇناسىۋىتى، جەمئىيەتنىڭ بارلىق قاتلاملىرىغا قويۇلىدىغان كونكرېت تەلەپ ۋە تەۋسىيەلەر، ھاياتلىق ھەم ماماتلىق مەسىلىلىرى، تۆت زات كۆزقارىشى، ئالەم بىر پۈتۈنلۈكى ۋە ئىنسان تەبىئىتى قاتارلىق پەلسەپىۋى مەسىلىلەر، ئىدېئولوگىيىگە ياتىدىغان ئەخلاق ۋە مەدەنىيەت ئېڭى، قىممەت ئېڭى، بەخت ئېڭى، دىنىي ئاڭ ۋە باشقا ئاڭ شەكىللىرى بىلەن يۇغۇرۇلۇپ كونكرېت ئوپېراتسىيە قىلىنغان. ئەسەردىكى مۇنداق تەبىئەت پەلسەپىسى ۋە ھايات پەلسەپىسىگە ياتىدىغان مەسىلىلەر كەسكىن مۇنازىرە-توقۇنۇشلار، سوئال-جاۋاب، دىئالوگ شەكلىدە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ۋە مۇھاكىمە قىلىنغان. بۇنداق ئالاھىدىلىك ئەسەرنىڭ ئىلمىي خاراكتېرىنىمۇ يۇقىرى كۆتۈرگەن. شۇڭا، مۇئەييەنلىك ئۇچۇن «پەلسەپىۋى رومان» دەپ قوللىنىش مۇۋاپىق تېپىلدى.

تۆتىنچى، ئەسەرنىڭ بايان خاراكتېرى ئاساسەن خىتابىي شەكىلدە بولغانلىقى ئۈچۈن، پېرسوناژلارنىڭ تىلىدا يەنىلا «سەن»نى قوبۇل قىلىش مۇۋاپىق تېپىلدى.

«قۇتادغۇبىلىك» تەتقىقاتى ساھەسىدىكى ئۇستازلار ۋە كەسىپداشلار، ئەقىللىق كىتابخانلار، سىلەردىن ئۆتۈنۈشۈم شۇكى، روماندا ئەسلى تەلەپكە ئۇيغۇنلاشمىغان تەرەپلەر ۋە باشقا نۇقسانلار بايقالسا، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ھۆرمىتى، «قۇتادغۇبىلىك»نىڭ شان-شەرىپى ئۈچۈن ياخشى تەكلىپلەرنى بېرىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

# مۇندەرىجە

ئىسمى نامەلۇم ئىككى ئوقۇرمەننىڭ ئىلاۋىسى ............ 1

ئايغۇچى ۋە كۆيۈنگۈچى ئاللانىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن .............................. 5

سۆز بېشى ........................................ 16

بىرىنچى باب قۇياش خىسلەتلىك شاھ — كۈنتۇغدى ئىلىگ ........................................ 22

ئىككىنچى باب ئايتولدىنىڭ كۈنتۇغدى ئىلىگ خىزمىتىگە قوبۇل قىلىنغانلىقى ........................ 26

ئۈچىنچى باب ئايتولدىنىڭ كۈنتۇغدى ئىلىگكە ئۆزىنىڭ سۈپىتىنى بايان قىلغانلىقى ........................ 36

تۆتىنچى باب كۈنتۇغدى ئىلىگنىڭ ئايتولدىغا ئادالەتنىڭ سۈپەتلىرىنى بايان قىلغانلىقى ........................ 44

بەشىنچى باب ئايتولدىنىڭ كۈنتۇغدى ئىلىگكە تىلنىڭ پەزىلىتى بىلەن قۇسۇرىنى، سۆزنىڭ پايدىسى بىلەن زىيىنىنى بايان قىلغانلىقى ........................................ 56

ئالتىنچى باب بەختنىڭ داۋامسىزلىقى، دۆلەتنىڭ تۇراقسىزلىقى ........................................ 62

يەتتىنچى باب ئايتولدىنىڭ ئوغلى ئۆگدۈلمىشكە قىلغان نەسىھەتى ........................................ 67

سەككىزىنچى باب ئايتولدىنىڭ كۈنتۇغدى ئىلىگكە ۋەسىيەتنامە يازغانلىقى ........................ 75

توققۇزىنچى باب ئۆگدۈلمىشنىڭ كۈنتۇغدى ئىلىگ

خىزمىتىگە كىرگەنلىكى ...... 83

ئونىنچى باب بەگلىككە مۇناسىپ بەگنىڭ ئۆلچىمىنىڭ ئەقىل تارازىسىدا تارتىلغانلىقى ...... 106

ئون بىرىنچى باب ئۆگدۈلمىشنىڭ دۆلەت ۋەزىرى بولمىش كىشىنىڭ ئۆلچىمىدە تون پىچقانلىقى ...... 122

ئون ئىككىنچى باب ئۆگدۈلمىشنىڭ سۇ باشلار ئەرنىڭ جاسارىتى ۋە ماھارىتىنى قەلەم تىلىدىن بايان قىلغانلىقى ...... 128

ئون ئۈچىنچى باب ئۆگدۈلمىشنىڭ ئىلىگ بىلەن خەلق ئارىسىغا ئۇلۇغ ھاجىپنىڭ پەزىلەت تۈۋرۈكىدىن ئالتۇن كۆۋرۈك سالغانلىقى ...... 140

ئون تۆتىنچى باب ئۆگدۈلمىشنىڭ ئىلىگنىڭ سوئال ئىلمەكلىرىگە ئەلىنىڭ ئامانلىقى، ئىلىگنىڭ خاتىرجەملىكى ئۈچۈن بىخەتەرلىك قوڭغۇرىقى ئاسقانلىقى ...... 146

ئون بەشىنچى باب خىزمەتچىلەرنىڭ بەگلەر زىممىسىدىكى ھەققى ئۈستىدە ئۆگدۈلمىشنىڭ تىلىدىن روشەنلىك قۇياشىنى تۇغدۇرغانلىقى ...... 173

ئون ئالتىنچى باب كۈنتۇغدى ئىلىگنىڭ ئودغۇرمىشقا نامە يېزىپ ئەۋەتكەنلىكى ...... 188

ئون يەتتىنچى باب ئۆگدۈلمىشنىڭ ئودغۇرمىشنىڭ قېشىغا دەۋەتكە بارغانلىقى ...... 194

ئون سەككىزىنچى باب ئودغۇرمىش بىلەن ئۆگدۈلمىشنىڭ مۇنازىرە زۇلپىقارىنى چىقىرىشقانلىقى ...... 197

ئون توققۇزىنچى باب ئودغۇرمىشنىڭ ئۆگدۈلمىشكە بۇ دۇنيانىڭ ئەيىبلىرىنى بايان قىلغانلىقى ...... 208

يىگىرمىنچى باب ئۆگدۈلمىشنىڭ ئودغۇرمىشقا دۇنيا ۋاستىسى بىلەنمۇ ئاخىرەتنى تېپىش مۇمكىنلىكى ھەققىدە

ئېيتقانلىرى ........................................ 215

يىگىرمە بىرىنچى باب ئودغۇرمىشنىڭ كۈنتۇغدى ئىلىگكە نامە يېزىپ ئەۋەتكەنلىكى ........................................ 220

يىگىرمە ئىككىنچى باب كۈنتۇغدى ئىلىگنىڭ ئودغۇرمىشنى ئىككىنچى قېتىم دەۋەت قىلغانلىقى ........................ 231

يىگىرمە ئۈچىنچى باب ئۆگدۈلمىش بىلەن ئودغۇرمىشنىڭ مۇنازىرە لەشكەرلىرىنى ئىككىنچى قېتىم جەڭگە سالغانلىقى ........................................ 236

يىگىرمە تۆتىنچى باب ئۆگدۈلمىشنىڭ ئودغۇرمىشقا بەگلەرگە خىزمەت قىلىشنىڭ قائىدە-يوسۇنلىرىنى بايان قىلغانلىقى ........................................ 240

يىگىرمە بەشىنچى باب ئۆگدۈلمىشنىڭ ئوردا خىزمەتچىلىرى بىلەن مۇناسىۋەتتە بولۇش ھەققىدە ئېيتقانلىرى ............ 247

يىگىرمە ئالتىنچى باب ئۆگدۈلمىشنىڭ ئاۋام خەلق بىلەن مۇناسىۋەتتە بولۇش ھەققىدە ئېيتقانلىرى .................... 255

يىگىرمە يەتتىنچى باب ئۆگدۈلمىشنىڭ ئائىلىۋى مۇناسىۋەت قائىدە-يوسۇنلىرى ھەققىدە ئېيتقانلىرى .................... 264

يىگىرمە سەككىزىنچى باب ئۆگدۈلمىشنىڭ مېھمانغا بېرىش ۋە مېھمان چاقىرىش يوسۇنلىرىنى بايان قىلغانلىقى ...... 271

يىگىرمە توققۇزىنچى باب ئودغۇرمىشنىڭ دۇنيانى تەرك ئېتىپ، بارغا قانائەت قىلىش ھەققىدىكى بايانلىرى.......... 278

ئوتتۇزىنچى باب كۈنتۇغدى ئىلىگنىڭ ئودغۇرمىشنى ئۈچىنچى قېتىم دەۋەت قىلغانلىقى ........................................ 292

ئوتتۇز بىرىنچى باب كۈنتۇغدى ئىلىگنىڭ ئودغۇرمىش بىلەن كۆرۈشكەنلىكى، ئودغۇرمىشنىڭ ئىلىگكە نەسىھەت قىلغانلىقى ........................................ 298

ئوتتۇز ئىككىنچى باب ئۆگدۈلمىشنىڭ ئىلىگكە ئەلنى ئىدارە

قىلىش تەدبىرى ھەققىدە مەسلىھەت بەرگەنلىكى ............ 323
ئوتتۇز ئۈچىنچى باب ئۆگدۈلمىشنىڭ ئۆتكەن ھاياتىغا ئېچىنىپ تووۋا قىلغانلىقى ۋە ئودغۇرمىشتىن مەسلىھەت ئالغانلىقى ............................................ 334
ئوتتۇز تۆتىنچى باب ئودغۇرمىشنىڭ كېسەل بولۇپ قېلىپ ئۆگدۈلمىشنى چاقىرتقانلىقى.............................. 353
ئوتتۇز بەشىنچى باب ئودغۇرمىشنىڭ ۋاپاتى............ 374
خاتىمە ................................................ 387
يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئاخىرقى ئىلاۋىسى ............ 391

# ئىسمى نامەلۇم ئىككى ئوقۇرمەننىڭ ئىلاۋىسى

«قۇتادغۇبىلىك» دۇنياغا كېلىشى بىلەنلا پۈتكۈل شەرق دۇنياسىدا غايەت زور شۆھرەتكە ئىگە بولغان. قاراخانىيلار تېررىتورىيىسىنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدىكى نۇرغۇن ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ دىققەت-ئېتىبارىنى قوزغىغان. بۇ بۈيۈك ئەسەرنى كۆرۈش پۇرسىتىگە ئىگە بولغان كۆپلىگەن ئالىملار ۋە شائىرلار ئۇنىڭغا بېغىشلاپ قەسىدىلەر يازغان. نامەلۇم ئىككى ئاپتورنىڭ شۇ دەۋرلەردىلا يېزىلغان نەسرىي (A) ۋە نەزمىي (B)[①] شەكىلدىكى ئىككى پارچە ئىلاۋىسى «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ باش قىسمىغا بېرىلىپ كۆچۈرۈلگەن. بىز بۇ ئىككى ئىلاۋىنى يۇغۇرۇپلا ئاساسىي مەزمۇنىنى بەردۇق.

ئىلاۋە ئاپتورلىرى ئاللاغا ۋە پەيغەمبىرىمىزگە ئاتىغان قىممەتلىك ھەمدۇسانالىرىدىن كېيىن، «قۇتادغۇبىلىك» ۋە ئۇنىڭ ئاپتورى يۈسۈپ خاس ھاجىپ ھەققىدە مۇنداق ئەھمىيەتلىك مەلۇماتلارنى قالدۇرۇپ كېتىدۇ:

بۇ بەك ئەزىز كىتابتۇر. ئۇ چىن ھېكىملىرىنىڭ ھېكمەتلىرى بىلەن بېزەلگەن، ماچىن ئالىملىرىنىڭ شېئىرلىرى بىلەن ياسانغاندۇركى، بۇ كىتابنى ئوقۇغان ۋە بۇ بېيىتلەرنى باشقىلارغا بىلدۈرگەن كىشى بۇ كىتابتىنمۇ ئەزىزراقتۇر. (A) ئۇ كىتابنى قىممەتلىك بىلىملەر بىلەن بېزىگەن، ھېكمەتلەر سۆزلىرىنى گۆھەر ئۈنچىلىرىدەك تىزغان. شۇڭا، ئۇ ئالىملارغا بىلىم دېڭىزى

① (A) نەسرىي ئىلاۋىنى، (B) نەزمىي ئىلاۋىنى كۆرسىتىدۇ.

بولالايدۇ. (B) چىن-ماچىن ئاللىرى ۋە ھېكىملىرىنىڭ ھەممىسى بىر قارارغا كەلگەندۇركى، مەشرىق ۋىلايىتىدە، پۈتكۈل تۈركىي خەلقلەر ياشايدىغان يەرلەردە، بۇغراخان تىلىدا① تۈركىي سۆز بىلەن ھېچكىم بۇنىڭدىن ياخشىراق كىتابنى ھەرگىز يازغىنى يوق. (A) كېيىنمۇ كىم بۇنىڭدىن ئارتۇقراق قىممەتلىك كىتاب يازالاركى؟ ئەگەر مۇشۇنداق قىممەتلىك كىتاب يازالايدىغان ئادەم چىقىپ قالسا مانا مەن ماختاشقا تەييار. (B) بۇ دۇنيانىڭ ئەقىللىق، بىلىملىك ياخشى كىشىلىرى بولغان شەرق سۇلتانلىرى ۋە ماچىن خاقانلىرى كىتابنى قەدىرلەپ، ئۆزىنىڭ مۈلكى قىلىپ، خەزىنە ئىچىگە يوشۇرۇپ ساقلىغان. بۆلەك كىشىلەرگە بەرمەستىن، بىرىدىن-بىرىگە مىراس قالدۇرۇشقان.

بۇ ئەسەر قايسى ئىقلىمغا بارسا، شۇ ئەلنىڭ ئەقىللىق، بىلىملىك ئالىملىرى ئۆز ئېلىنىڭ ئادىتى ۋە چۈشەنچىسى بويىچە تۈرلۈك ناملارنى بېرىشتى. چىنلىقلار «ئەدەبۇلمۇلۇك» («شاھلارنىڭ ئەدەپ-قائىدىلىرى») دەپ ئاتىدى؛ ماچىن مۈلكىنىڭ ھېكىملىرى «ئايىنول مەملىكە» («مەملىكەتنىڭ دەستۇرى») ۋە «ئەنسۇل مەمالىك» (سەلتەنەت سىرداشى) دېسە، مەشرىقلىقلار «زىنىنەتولئۇمرا» («ئەمىرلەر زىنىنىتى») دېدى؛ ئىرانلىقلار «شاھنامەئى تۈركى» («تۈركلەر شاھنامىسى») دەپ ئات قويدى؛ بەزىلەر يەنە «پەندنامەئى مۇلۇك» («پادىشاھلارغا نەسىھەت») دەپ ئاتىدى؛ تۇرانلىقلار بولسا «قۇتادغۇبىلىك» دەپ ئات قويدى. (A)

بۇ كىتاب تولىمۇ پايدىلىقتۇر. ئۇنىڭدا كىشىلەرگە زىيانلىق ھېچقانداق ئىبارە يوق. بىراق، تۈركلەردىن كۆپلىرى كىتابنى ئوقۇپ چۈشىنەلمەيدۇ. كىتابنى تولۇق چۈشىنىش ئۈچۈن ئوقۇپ، يازالىسىلا كۇپايە قىلمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈچۈن خېلى كۆپ

---

① بۇغراخان تىلى ـــ قاراخانىيلار دەۋرىدىكى مەركىزىي دىئالېكت خاقانىيە تىلىنى، يەنى قەشقەر تىلىنى كۆرسىتىدۇ.

بىلىم-ئىقتىدار كېرەك. كىتابنىڭ قەدىر-قىممىتىنى بىلىملىك كىشىلەرلا بىلەلەيدۇ. ئەقىلسىز كىشىدىن نېمىمۇ كۈتكىلى بولسۇن؟! بىلىمسىز ئادەم قانداقمۇ قەدرىنى بىلسۇن؟! كىتابقا پۈتۈلگەن سۆزلەرنى، قىممەتلىك يوليورۇقلارنى چۈشىنەلىگەن ئادەمنىڭ بۇ دۇنيا ۋە ئۇ دۇنيادىكى ئىشلىرى ئوڭ بولىدۇ. بولۇپمۇ ھېكىم بۇ كىتابقا ئەل-يۇرت سورىغۇچى شاھلار، يۇرتنى ئىدارە قىلغۇچىلار ئۈچۈن لازىملىق نىزام-شەرتلەرنىڭ بارىنى پۈتكەن.

بۇ ئەزىز كىتابنى يازغان كىشىنى بىلمەكچى بولساڭ، ئۇ ئەقىل-پاراسەتتە، ئىلىم-پەزىلەتتە كامالەتكە يەتكەن، خۇش چىراي، تەقۋادار، دۇرۇس، پاك، يۇقىرى ئابرۇيلۇق زات بولۇپ، ئەلنىڭ بېشى ئىدى. ئۇ «قۇز ئوردۇ» (بالاساغۇن) ئىلىمدە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن، تېگىدىن ياخشى نەسەبتىن كېلىپ چىققان، تىلغا ماھىر، بىلىمدە كامىل ئالىم ئىدى. ئۇ ئەسەرنىڭ دەسلەپكى ئورىگىنالىنى يېزىپ تاماملىغاندىن كېيىن، تۇغۇلغان يۇرتىدىن چىقىپ كەتكەن. ھەمدە قەشقەرگە كېلىپ ئەسەرنى تولۇق پۈتتۈرۈپ، قارا بۇغراخانلار خانى تاۋغاچ بۇغراخان ھۇزۇرىدا ئوقۇپ، ئۇنىڭغا تەقدىم قىلغان. بۇغراخانمۇ ئۇنى قەدىرلىگەن ۋە ھۆرمەتلىگەن. قەلەم ھەققى دەپ نۇرغۇن مۇكاپات بەرگەن ھەمدە ئۇنىڭغا دۆلەتنىڭ خاس ھاجىپلىق مەرتىۋىسىنى بېرىپ، ئۆزىگە يېقىن سىرداش قىلغان. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۇنىڭ نامى يۈسۈپ ئۇلۇغ خاس ھاجىپ دەپ دۇنياغا يېيىلغان.

بۇ ئەزىز كىتاب تۆت ئۇلۇغ ۋە مۇھىم ئۇل ئۈستىگە بىنا قىلىنغان. بىرى، ئەدىل (ئادالەت)؛ ئىككىنچىسى، دۆلەت (بەخت)؛ ئۈچىنچىسى، ئەقىل؛ تۆتىنچىسى، قانائەت بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەر بىرىگە تۈركچە بىر ئات قويۇلغان. ئادالەتكە «كۈنتۇغدى ئىلىگ» ئېتى بېرىلىپ، پادىشاھ ئورنىغا قويۇلغان؛ دۆلەتكە «ئايتولدى» دەپ ئات قويۇلۇپ، ۋەزىر ئورنىغا قويۇلغان؛ ئەقىلگە «ئۆگدۈلمىش» دەپ ئات قويۇلۇپ، ۋەزىرنىڭ ئوغلى

(ئورۇنباسار) ئورنىغا قويۇلغان؛ قانائەتكە «ئودغۇرمىش» ئېتى بېرىلىپ، ئۆگدۈلمىشنىڭ قېرىندىشى دەپ ئېيتىلغان. مۇئەللىپ ئۆز پىكرىنى ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى مۇنازىرە ۋە سوئال-جاۋابلىق سۆزلەر ئارقىلىق ئىپادىلىگەن. تاكى بۇنى ئوقۇغانلارنىڭ كۆڭلى ئېچىلىپ، مۇئەللىپنى ياخشى دۇئا بىلەن ياد قىلسۇن دەپ (A):

ئەرەبچە، تاجىكچە كىتابلار تولا. بىزنىڭ تىلىمىزدا يېزىلغىنى يالغۇز مۇشۇلا. بۇنىڭ ھۆرمىتىنى بىلىملىك كىشىلەرلا بىلەلەيدۇ. بىلىمنىڭ قىممىتىنى ئەقىللىق كىشىلەرلا ئۇقالايدۇ. بۇ ئىبارىلىرىمنى ئوقۇغان ۋاقتىڭدا مېنى ئۇنتۇما، دۇئايىڭدا ياد ئەت. ئوبدان ئاڭلا، مەن بۇ جاھاندىن كېتىمەن. مېنىڭ بۇ تۆركچە قوشاقلىرىمنى ئوقۇپ ئىبرەت ئالغىن ۋە كۆزۈڭنى ئاچقىن. ئىلاھا، سەن يەككە-يېگانىسەن، ھەممىمىزنى كەچۈرگىن، ھەممە مۆمىنلەرگە دىدارىڭنى نېسىپ قىلغىن.

# ئايىغۇچى ۋە كۆيۈنگۈچى ئاللانىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن[①]

## I

## ھەممىدىن ئەزىز ۋە ئۇلۇغ بولغان تەڭرىنىڭ مەدھىيىسى

مەن سۆزۈمنى ياراتقۇچى، تەربىيەت قىلغۇچى ۋە كەچۈرگۈچى ئىگەمنىڭ نامى بىلەن باشلىدىم. تۈمەن مىڭ ھەمدۇسانالار قۇدرەتلىك بىرلا ئاللاغا بولسۇن، ئۇ مەڭگۇ يوقالمايدۇ. ئۇ قوڭۇر يەرنى، يېشىل ئاسماننى، كۈن بىلەن ئاينى، تۈن بىلەن كۈندۈزنى، مەخلۇقات ۋە زاماننى ياراتتى. ئۇ پۈتۈن بارلىقنى خالاپ ياراتتى ۋە پەيدا بول دەپ بىرلا ئەمر قىلدى-دە، پۈتكۈل ئالەم بىنا بولدى. يارىتىلغان بارلىق نەرسىلەر ياراتقۇچىغا موھتاج. تەڭدىشى يوق تەڭرىمىز سەنلا ھېچ نەرسىگە موھتاج ئەمەس ۋە ساڭا تەڭداش يوق. ئەي ئەركىلىك، قۇدرەتلىك، مەڭگۇ موھتاجسىز ئاللا، بۇ ئات سېنىڭدىن باشقىغا مۇناسىپ ئەمەس. ئۇلۇغلۇق ۋە بۈيۈكلۈك ساڭىلا خاس. ساڭا تەڭلىشەلەيدىغان ھېچقانداق تەڭتۇش يوق. ئەي بىردىنبىر يېگانە ئاللا سەن، بارچىدىن ئاۋۋالسەن ۋە جىمىدىن ئاخىرسەن. سېنىڭ بىرلىكىڭ ساناققا قېتىلمايدۇ، قۇدرىتىڭ

---

① مۇئەللىپ ئىسلام ئۆلىماسى بولۇش سۈپىتى بىلەن شەرق ئاپتورلىرىنىڭ ئەنئەنىسى بويىچە ئەسەرنىڭ بېشىنى ئۇلۇغ ئاللا ۋە پەيغەمبىرىمىزگە ھەمدۇسانا ئېيتىش بىلەن باشلىغان ھەمدە بەزى پىكىرنى ئالدىن ئاپتورغان، بۇ باياىلار ئەسەرنىڭ بىر پۈتۈن مەزمۇنى بىلەن ئاھايىتى زىچ باغلانغانلىقى ئۈچۈن تولۇق بەردۇق.

ھەممىگە يېتىدۇ. شەكسىزكى، ئەي مەڭگۈلۈك خۇدا، سەن بىرلا ۋە ھەر قانداق ساناقنىڭ سىرتىدا. ئەي ئىنساننىڭ ھەقىقىتى بولغان ھەممىنى بىلگۈچى، كۆزۈمدىن يىراق بولغان بىلەن كۆڭلۈمگە يېقىن سەن. سېنىڭ مەۋجۇتلۇقۇڭ كۈن ۋە ئايغا ئوخشاش روشەن. لېكىن، سېنىڭ تېگى-تەكتىڭنى بىلىشكە ئەقىل-پاراسەت يەتمەيدۇ. سېنىڭ بىرلىكىڭ ھېچقانداق سەۋەبكە باغلىق ئەمەس. چۈنكى، بارلىق نەرسىلەرنى ئۆزۈڭ ياراتتىڭ، ئۇلار سېنىڭ ئىلكىڭدە. ھەر قانداق مەۋجۇدات يوقىلىدۇ، ئەمما سەنلا مەڭگۈ تىرىكسەن. ياراتقۇچىنىڭ بارلىقىغا يارىتىلغان نەرسىلەر گۇۋاھ، يارىتىلغان ئىككى دۇنيا ئۇنىڭ بىرلىكىگە ئېنىق شاھىت. ئۇنىڭ تەڭدىشى ۋە ئوخشىشى يوق. خالايىقنىڭ ئەقلى ئۇنىڭ تېگى-تەكتىگە يەتمەيدۇ. ئۇ يا ماڭمايدۇ، يا ياتمايدۇ، ئۇخلىمايدۇ، مەڭگۈ ئويغاق. ئۇنى بىرەر نەرسىگە ئوخشىتىشقا، سېلىشتۇرۇشقا ياكى تەسەۋۋۇرغا تايىنىپ سۈرەتلەشكە بولمايدۇ. پۈتۈن ئورۇننى ئۇ ئۆزى ياراتتى، لېكىن ئۆزىنىڭ ئورنى يوق. شۇڭا ئۇ ئوڭدىمۇ، سولدىمۇ ئەمەس، ئالدىدىمۇ، ئارقىدىمۇ ئەمەس، ئاستىدىمۇ، ئۈستىدىمۇ ئەمەس ياكى ئۇدۇلدىمۇ ئەمەس. بىراق ئىشەنگىنىڭكى، ئاللاسىز ھېچقانداق نەرسىگە ئورۇن يوق. ئەي سىرلارغا يېقىن، كۆڭۈللەرگە ئەزىز خۇدا، بارلىق سۈرەت ۋە شەكىللەر سېنىڭ مەۋجۇتلۇقۇڭنى ئاشكارىلاپ تۇرىدۇ. سەن تۇمەن مىڭ شەيئىنى ۋە سانسىز جانلىقلارنى ياراتتىڭ، تاغ-دېڭىزلارنى، چوڭقۇرلۇق ۋە دۆڭلۈكلەرنى، تۈزلەڭلىكلەرنى ۋە دالىلارنى ياراتتىڭ، يېشىل كۆكنى يۇلتۇز بىلەن بېزىدىڭ. قاراڭغۇ تۈننى نۇرلۇق كۈندۈز بىلەن يورۇتتۇڭ، بارلىق ئۇچىدىغان، يۈرىدىغان، تىنىدىغان جانلىقلارنىڭ ھەممىسى تىرىكلىك ئوزۇقىنى سېنىڭدىن ئالىدۇ. ئەي ئىگەم، ئەرشتىن يەر ئاستىغىچە بولغان بارچە نەرسە ساڭىلا موھتاج.

ئەي ئاللانىڭ بىرلىكىگە ئىشەنگۈچى، دىلىڭ شەكسىز

ئىشەنگەن ئىكەن، ئەقلىڭنى ياۋاش تۇتۇپ، تىلىڭ بىلەن ئۇنى مەدھىيىلە، ئۇنىڭ بارلىقىغا ئىشەن، تەكتىگە يېتىمەن دەپ ئاۋارە بولما. كۆڭلۈڭنى كۆزىتىپ، خاتىرجەملىككە ئېرىش، ئۇنىڭ قانداقلىقى ھەققىدە باش قاتۇرماي، ئۇنى ھېچقانداق ئەمەس دەپ بىلىپ، كۆپ سۆزلىمە، ئۆزۈڭنى تۇت.

ئەي مۇڭسىز ئىگەم، مەن مۇڭلۇق قۇلۇڭغا شەپقەت قىلىپ، بارلىق گۇناھلىرىمنى كەچۈرگىن، ساڭىلا سېغىندىم. پۈتۈن ئۆمرىمنى ساڭا باغلىدىم، مۇشكۇللۇككە يولۇققىنىمدا قولۇمدىن تۇتقايسەن. مېنى سۆيۈملۈك پەيغەمبەر بىلەن بىرگە تىرىلدۈرگەيسەن. قىيامەت كۈنى ئۇنىڭغا مېنىڭ قولۇمنى تۇتقۇزغايسەن. مۇھەممەتنىڭ تۆت ھەمراھىغا ئۈزۈلدۈرمەي سالامىمنى يەتكۈز. ئۇلۇغ كۈندە ئۇلارنىڭ دىدارىنى كۆرۈشكە نېسىپ قىل. ياخشى سۆزلىرىنى ماڭا يول كۆرسەتكۈچى قىلغايسەن. سېنى لايىقىدا مەدھىيىلەشكە نالايىقمەن. سەن ھەر قانداق ماختاش ۋە مەدھىيىدىن ئۈستۈن تۇرىسەن. سۆزۈمنى كېسەي.

II

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەدھىيىسى

شەپقەتلىك ئىگەم، خەلق ئىچىدىن تاللانغان، كىشىلەرنىڭ ياخشىسى پەيغەمبىرىمىزنى ئەۋەتىپ، قاراڭغۇ تۈندىكى خەلققە مەشئەل قىلدى، يورۇقلۇق بىلەن سېنى يورۇتتى. ئۇ ئاللا بۇيرۇغان دەۋەت قىلغۇچى. ئەي يىگىت، شۇڭا سەن توغرا يولغا كىردىڭ. ئۈممەتلىرىنىڭ تىلىكى ئۈچۈن ئۇ ئاتا-ئانىسىنى پىدا قىلىپ، ئۇلارغا توغرا يول كۆرسىتىپ بەردى. كۆرگىنىكى، كۈندۈزى يېمەي-ئىچمەي، كېچىسى ئۇخلىماي، ئاللادىن ساڭىلا

شاپائەت تىلىدى. سەن ئۇچۇن كىچە-كۈندۈز قىلغان مۇشەققىتى ئۈچۈن ئۇنى مەدھىيىلە ۋە رازىلىقىنى تىلىگىن. ئۇنىڭ پۈتۈن قايغۇسى ئۇممەتلىرىنى ئازابتىن قۇتۇلدۇرۇپ، راھەتكە ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن ئىدى. ئۇ ئۇممەتلىرىگە ئاتا-ئانىدىنمۇ مېھرىبان ئىدى. خۇدادىن ئۇلارغا ياخشىلىق تىلەيتتى. ئۇنىڭ ئەۋەتىلىشى خۇدانىڭ بەندىلىرىگە قىلغان رەھمىتى ئىدى. ئۇنىڭ مىجەز-خۇلقى شۇنداق سىلىق، قىلىقى تۈز ئىدى. كەمتەر، مۇلايىم، ھايالىق، رەھىمدىل، سېخىي، قولى كەڭ، ياخشى مىجەزلىك ئىدى. ئاللا ئۇنىڭغا شۇنداق زور قەدىر-قىممەت ئاتا قىلغانكى، ئۇنداق كىشى قوغۇر يەر ۋە كۆك ئاسمان ئۈچۈن ئەزىز ئىدى. ئۇ بارلىق يول باشچىلارنىڭ باشچىسى ئىدى، ھەممە پەيغەمبەرلەرگە ئاخىرقى تامغا بولدى. مەن ئەمدى ئۇنىڭ يولىغا كۆڭۈل بەردىم. ئۇنىڭ سۆزلىرىنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلىپ، يولىغا ئىشەندىم. ئىلاھىم مېنىڭ كۆڭلۈمنى كۆزىتىپ، قىيامەتتە سۆيۈملۈك پەيغەمبەر بىلەن بىللە تۇرغۇزغىن. قىيامەتتە ئۇنىڭ تولۇن ئايدەك يۈزىنى كۆرۈشكە نېسىپ قىل، ئۇنى مېنىڭ قولۇمنى تۇتقۇچى قىل.

III

## تۆت ساھابىنىڭ مەدھىيىسى

پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھەر ئىشتا بىللە بولۇپ كېڭەشكەندىغان تۆت ھەمراھى بولۇپ، ئۇلارنى كۆرۈپ سۆيۈنەتتى. ئۇلارنىڭ ئىككىسى قېيناتىسى، ئىككىسى كۈيئوغلى بولۇپ، خەلق ئارىسىدىكى خىللانغان كىشىلەردىن ئىدى. ھەممىدىن ئاۋۋال تىلى ۋە دىلى بىلەن خۇداغا ئىشەنگىنى ئابابەكرى ئىدى. ئۇ رەسۇلۇللانىڭ رازىلىقى ئۈچۈن مال-دۇنياسىنى، تېنى ۋە جېنىنى

پىدا قىلدى. ئۇنىڭدىن كېيىنكىسى پارۇق[1] بولۇپ، تىلى بىلەن دىلى بىردەك، ئېسىل كىشى ئىدى. ئۇ سادىق ياردەمچى ۋە دىنىنىڭ تىرىكى بولۇپ، شەرىئەتنىڭ يۈزىدىكى پەردىنى كۆتۈردى. ئۈچىنچىسى مۇلايىم، ئۇياتچان ئوسمان ئىدى. ئۇ قولى كەڭ، سېخىي بولۇپ، بارلىق مال-دۇنياسىنى ھەمدە ھاياتىنى پىدا قىلدى. رەسۇلىللا ئۇنىڭغا ئىككى قىزىنى بەردى. ئاخىرىدا تاللانغىنى باتۇر، جەسۇر، يۈرەكلىك، ئەقلى تولۇق ئەلى ئىدى. ئۇ قولى ئوچۇق، قەلبى ساپ، بىلىملىك، تەقۋادار، نام-شۆھرىتى بۈيۈك يىگىت ئىدى. بۇلار دىن ۋە شەرىئەتنىڭ ئاساسى ئىدى. ئۇلار كاپىر ۋە مۇناپىقلارنىڭ يۈكىنى كۆتۈردى. بۇ تۆت ھەمراھ مەن ئۈچۈن تەبىئەتنىڭ تۆت مۇھىم ئاساسى بولغان تۆت تادۇلاردەك[2] بىلىنىدۇ. تۆت تادۇ ھەقىقىي بىرىكسە ھاياتلىق بولىدۇ. مەندىن ئۇلارغا تۈمەن مىڭ سالاملار بولسۇن. ئاللا ئىگەم، سەن سالامىمنى ئۇزۇلدۇرمەي يەتكۈزگىن. ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى مېنىڭدىن سۈيۈندۈرگەيسەن، ئۇلۇغ كۈندە ئۇلارنى ماڭا يول باشلىغۇچى قىلغايسەن.

IV

## پارلاق باھار پەسلى ۋە بۇغراخان مەدھىيىسى

شەرقتىن ئىللىق باھار شامىلى ئىسسىپ كېلىپ، جاھاننى بېزەش ئۈچۈن جەننەتنىڭ يولىنى ئاچتى. قوڭۇر يەردىن كاپۇردەك[3] قارلار كېتىپ ئىپارغا پۈركەندى. دۇنيا ھۆسنىگە

① پارۇق — ھەق-ناھەقنى ئايرىشقا ماھىر، ئادىل دېگەن مەنىدە بولۇپ، تۆت ساھابىنىڭ ئىككىنچىسى ئۆمەرنىڭ لەقىمى.
② تۆت تادۇ — ئوت، سۇ، ھاۋا، تۇپراقتىن ئىبارەت تۆت زات ياكى ماددا.
③ كاپۇر — ئاق، خۇشپۇراق، تەبىئىتى سوغۇق بىر خىل ماددا.

تولۇپ بېزەنمەكنى ئىستىدى. باھار شامىلى يېقىمسىز قىشنى ھەيدەپ، پارلاق باھار سائادەت ئوقياسىنى يەنە بەتلىدى. قۇياش بېلىق قۇيرۇقىدىن يەنە قوزا بۇرنىغا[1] ياندى بولغاي، قۇرۇغان دەرەخلەر يېشىل تون كىيىپ، ھال، سېرىق، كۆك، قىزىل رەڭدە بېزەندى. قوڭۇر يەر يېشىل يىپەكتىن تون كىيدى. خۇددى قىتان كارۋىنى تاۋغاچ رەختىنى يايغاندەك بولدى. تاغ-داللار، قىر-ئويمانلار تۆشەك يېيىپ، ۋادىلار قىزىل، كۆك كىيىم بىلەن ياساندى. تۈمەن تۈرلۈك گۈل-چېچەكلەر كۈلۈپ ئېچىلىپ، دۇنيا ئىپار ۋە كاپۇر ھىدى بىلەن تولدى. قەلەمپۇر ھىدلىق تاڭ شامىلى بىلەن پۈتۈن دۇنيا ئىپار پۇرىقىغا تولدى. غاز، ئۆردەك، ئاق قۇ، قىلقۇيرۇقلار يايراپ يۇقىرى-تۆۋەن ئۇچۇشتى، غاقىلدىشىپ جاھاننى بىر ئالدى. قارا، بەزىسى ئۇچسا، بەزىسى قونىدۇ، بەزىسى سۇ ئۈزسە، يەنە بەزىسى سۇ ئىچىدۇ. تۆگە كارۋانلىرىدەك تىزىلىشقان كۆكىش[2]، تۇرنىلار زۇمرەتتەك ئاسماندا ئۈن قويۇپ پەرۋاز قىلىشماقتا. ئۇلار قۇشى خۇددى ئىپپەتلىك قىزلار ئۆز سۆيگىنىنى چاقىرغاندەك يېقىملىق ئۈن بىلەن ھەمراھىنى ئۈندىمەكتە. قاندەك قىزىل ئېغىزلىق قاراقاش كەكلىك قاقاقلاپ كۈلگەندەك ئۈنلۈك سايرىماقتا. قارا قۇشقاچ نەيزىدەك تۇمشۇقىنى سوزۇپ نازىنىن قىزنىڭ ئاۋازىغا ئوخشايدىغان ئاۋاز بىلەن سايراپ ئۆتۈشتى. گۈلزارلىقتا كېچە-كۈندۈز تۈمەن خىل ئاۋاز بىلەن سايراۋاتقان بۇلبۇلنىڭ ئۈنى سۇرە ئەبرىنى[3] ئەسلىتەتتى. كېيىك بىلەن جەرەن گۈللەر ئارا ئويناشسا، ئارقار بىلەن تاغ ئۆچكىسى

---

① ئۆتمۈشتىكى مۇنەججىملەر ئاسماننى 12 بۇرجقا بۆلگەن. بۇنىڭ ئەرەبچە ئاتىلىشى: ھەمەل، سەۋر، جەۋزا، ئەسەد، سۇنبۇل، سەراتان، مىزان، ئەقرەب، قەۋس، جەدى، دەلۋە، ھۇت؛ ئۇيغۇرچە ئاتىلىشى: قوزا، ئۇي، قوشكېزەك، يولۋاس، تىمساھ، بۇغداي بېشى، تارازا، چايان، ياچاق، ئوغلاق، سوغا، بېلىق. دېمەك، بېلىق قىشنىڭ ئاخىرقى ئېيى، قوزا باھارنىڭ دەسلەپكى ئېيى. شائىر بۇ يەردە «قىش كېتىپ باھار كەلدى» دېگەن ئۇقۇمنى شائىرانە تىلدا «بېلىق قۇيرۇقىدىن قوزا بۇرنىغا» دەپ كىنايە سەنئىتى بىلەن ئىپادىلىگەن.

② كۆكىش — بىر خىل قۇش.

③ داۋۇت پەيغەمبەرنىڭ مۇقام بىلەن ئوقۇغان «زەبۇر» سۈرىلىرى.

جۇپ-جۇپ بولۇشۇپ سەكرىشەتتى. ئاسمان قاپاق تۇرۇپ كۆزىدىن ياش تۆكسە، چېچەكلەر يۈز ئېچىپ قاقاقلاپ كۈلەتتى. بۇ ۋاقىتتا دۇنيا ئۆز-ئۆزىگە بېقىپ، ئۆزىنىڭ ياسىداق ئىگىنىگە قاراپ پەخىرلىنىپ سۆيۈنەتتى. ئۇ ماڭا كۆز يۇگۇرتكەچ سۆزلەپ: «بۇ خاقانىنىڭ يۈزىنى كۆرمىدىڭمۇ؟ ئەگەر ئۇخلاپ قالغان بولساڭ، ئورنۇڭدىن تۇرۇپ، كۆزۈڭنى ئاچ. ئاڭلىمىغان بولساڭ، مېنىڭ سۆزۈمنى ئاڭلا» دېدىكى، تۇمەن مىڭ يىللاردىن بېرى يۈزۈم سولغۇن، تۇل ئىدىم، مانا ئەمدى تولۇق كىيىمىمنى سېلىپ، ئاق سۆسەردىن تون كىيدىم. ئۇلۇغ خاقان بېگىم بولغاچقا بېزەندىم. ئۇ قوبۇل قىلسا جېنىمنى پىدا قىلسام دەيمەن. بولۇتلار گۈلدۈرلەپ خان دۇمبىقىنى ئۇردى. چېقىن چاقناپ خاقانىنىڭ تۇغىنى لەپىلدەتتى. بىرى قىندىن قىلىچ سۇغۇرسا ئەل بويسۇنىدۇ، يەنە بىرى شان-شۆھرىتىنى جاھانغا يايىدۇ. ئۇلۇغ تاۋغاچ بۇغراخان جاھان سوراۋاتىدۇ. ئاللا ئۇنىڭ نامىنى قۇتلۇق قىلىپ، ئىككى دۇنيالىقنى ئاتا قىلسۇن.

ئەي دىنىنىڭ ئىززىتى، دۆلەتنىڭ تىرىكى ۋە ھامىيسى، ئەي مىللەتنىڭ تاجى، شەرىئەتنىڭ ئىشەنچى، ئاللا ساڭا بارلىق تىلىكىڭنى بەردى. ئۇ دائىم ساڭا ئارقا يۆلەك بولسۇن. ئەي ئۇلۇغلۇقنىڭ كۆركى، دۇنيانىڭ جامالى، ئەي دۆلەتنىڭ نۇرى، ئۇركۇگەك بەخت ئېتىنىڭ يۇگىنى خاقانىم، پەلەك ساڭا ئوڭ بېقىپ، دۆلەت ۋە تەخت ئاتا قىلدى. تەڭرىم بۇ دۆلەت ۋە بەختنى تۇتۇشقا نېسىپ قىلسۇن. سەن بىلەن جاھان تىنچلاندى. شۇڭا، دۇنيا ساڭا ئىسىل سوۋغىلارنى سۇندى. ساما قۇشلىرىدىن مەيلى ھىندى مەملىكىتىدىن كەلگىنى بولسۇن، مەيلى روم ئىقلىمىدىن كەلگەنلىرى بولسۇن، خاقانىمىزنىڭ نامىنى ئاتىشىپ بەس-بەستە سايراشماقتا، سۆيۈنۈش ۋە خۇشاللىق ئىچىدە يايراشماقتا. تۈرلۈك چېچەكلەر زېمىنغا شۇنداق بېزەك بەردىكى، پۈتۈن تەبىئەتنىڭ ھۆسنى يېشىللىققا پۈركەندى. بىرى خۇش ھىدى بىلەن قۇللۇق

كۆرسەتسە، بىرى گۈزەل ھۆسن-جامالى بىلەن ئىشىك ئاچىدۇ. بىرى خۇش پۇراقلىق ئىسرىق تۇتسا، بىرى ئىپار پۇركۈپ دۇنيانى خۇش پۇراققا تولدۇرىدۇ. بىرى شەرقنىڭ ئېسىل سوۋغىلىرىنى ھەدىيە قىلسا، بىرى غەربتىن كېلىپ خىزمىتىگە جان تىكىدۇ. بەخت ئىشىككە كېلىپ خىزمەت قىلاي دەپ ئۈمىد بىلەن تۇرماقتا. پۈتۈن جاھان تۆھپە كۆرسىتىش ئۈچۈن ھازىرلاندى. دۈشمەنلىرىنىڭ بوينى ئېگىلىپ، گۇمران بولدى، خاقانلىق نام-شۆھرىتى جاھانغا تارالدى. ئۇنى كۆرتوغرا قانۇن تۈزۈلۈپ، جاھان تىنچلاندى. قانۇن بىلەن خاننىڭ نامىمۇ يۈكسەلدى. كىم سېخىينىڭ يۈزىنى كۆرۈش تىلىكىدە بولسا، تەشنالىق بىلەن خاقانىمىزنىڭ يۈزىگە باقسا بولىدۇ. ئەگەر جاپادىن ئېرىغ ۋاپا ۋە بەختنى تىلەيدىكەنسەن، ۋاپادار خاقانىمىزنىڭ يۈزىنى كۆرگىن، ئۇنىڭ قىلغان ئىشى ۋاپادارلىقتىن نەمۇنىدۇر. زىيان ئاسارىتىدىن پايدا گۈلىستانىغا كىرەي دېسەڭ، ئۇنىڭ ھۇزۇرىغا كېلىپ بەجانىدىل خىزمىتىنى بەجا كەلتۈرگىن، شۇندىلا دىلىڭ ئىللىقلىقتىن ھۇزۇرلىنىدۇ. خاتىرجەملىكنى كۆرۈش تىلىكىدە بولساڭ كەل، ئالىيجاناب، مۇلايىم، شەپقەتلىك، ئاق كۆڭۈل خاقانىمىزنى كۆرگىن.

ئەي ياخشى خۇلقلۇق، ئېسىل نەسەبلىك خاقانىم، ئاللا ساڭا تاجۇتەخت بەردى. ئۇنىڭ نامىنى مىڭ مەرتىۋە ئاتاپ شۈكۈر قىلغىن، بۇ دۇنيا سېنىڭدىن قۇرۇق قالمىسۇن. ناھايىتى قەدىمكى بىر مەسىلدە: «ئاتىنىڭ ئورنى ۋە نامى ئوغۇلغا قالۇر» دېيىلگەن. مانا ئاتاڭنىڭ ئورنى بىلەن نامى ساڭا قالدى. بۇ نام ۋە ئورۇن تۈمەن مىڭ يىل داۋاملاشسۇن. ئالىيلىرىغا مىڭلىغان قۇللار سانسىز سوۋغىلارنى ھەدىيە قىلدى. مانا بۇ «قۇتادغۇبىلىك» ئالىيلىرىغا نۇرۇزلۇق سوۋغىتىم بولسۇن. باشقىلارنىڭ سوۋغىتى كېلىپ كېتىدىغان ۋاقىتلىق سوۋغىدۇر. مېنىڭ بۇ سوۋغىتىم ئەۋلادمۇئەۋلاد مەڭگۈ قالىدۇ. مال-دۇنيا دېگەن قانچىلىك كۆپ

يىغلىسۇن ئاخىرى تۈگەيدۇ. پۈتۈلگەن سۆز جاھانغا تاراپ، مەڭگۈلۈك قالىدۇ. ئالىيلارنىڭ نام-شەرىپى كىتابىمغا پۈتۈلدى. ئەي بەختلىك خاقانىم، بۇ نامىڭ مەڭگۈ ساقلىنىپ قالىدۇ.

ئەي رەببىم، خاقانىمىزنىڭ دۆلىتىنى زىيادە، تىلىگىنىنى تەل قىلغىن، بارلىق ئىشىدا ئۇنىڭغا ئارقا يۆلەك بولغىن. دوستلىرىنى ئامان قىل، دۈشمەنلىرىنى خار، شادلىقىنى ئارتتۇرۇپ، قايغۇدىن يىراق قىل. ساخاۋەت يامغۇرىنى ياغدۇرۇپ، چېچەكلەرنى ئېچىلدۇرۇشقا، قۇرۇغان دەرەخلەرنى كۆكەرتىپ، بىخلار سۇردۇرۇشكە نېسىپ قىلغىن. پەلەك چاقى داۋاملىق ئايلىنىپ تۇرسۇن، دۈشمەنلەرنىڭ بويىنى قايرىلىپ، بېشى تۆۋەن بولسۇن. قىيامەت قايىم بولۇپ، قوڭۇر يەر مىستەك قىزارمىغىچە، ئوتتا گىياھلار كۆيۈپ چېچەك ئاچمايدىغان بولغىچە خاقانىمىز ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈپ، بەخت ھۇزۇرىنى كۆپ كۆرسۇن. كۆرەلمەسلەرنىڭ كۆزلىرى ئوتتا كۆيۈپ يانسۇن. ئالىيلارنىڭ يەنە قانداق ئارزۇ-تىلەكلىرى بولسا، ئاللا ئارقا يۆلەك بولسۇن. خاقانىمنىڭ ئېلى ئاسايىشلىقتا، شاد-خۇراملىقتا ئۆتسۇن. خاقانىمىزنىڭ يېشى لوقمان يېشىدەك ئۇزۇن بولسۇن.

V

## يەتتە يۇلتۇز ۋە ئون ئىككى بۇرج تەرىپى

ئاللا پۈتۈن ئالەمنى ئۆزى خالىغىنىدەك ياراتتى. كۈن، ئاي بىلەن دۇنيانى يورۇتتى. قارا، پەلەكنى دائىم ئايلىنىدىغان قىلىپ ياراتتى. ئۇنىڭ بىلەن بىرگە ھاياتلىق چاقىمۇ چۆرگىلەپ تۇرىدۇ. كۆك ئاسماندا يۇلتۇزلارنى ياراتتى. قاراڭغۇ تۈن، يورۇق كۈنلەرنى پەيدا قىلدى. يۇلتۇزلارنىڭ بەزىسى بېزەك، بەزىسى يول

كۆرسەتكۈچ، بەزىسى خەۋەرچىدۇر، بەزىسى خالايىققا يورۇقلۇق بەرسە، بەزىسى يولدىن ئازغانلارغا يول كۆرسىتىدۇ. بىر قىسمى ئۈستۈندە، بىر قىسمى تۆۋەندە، بەزىسى يورۇقراق، بەزىسى خىرەرەك. بۇلارنىڭ ئەڭ يۇقىرىسىدا سەكەنتىر[①]يورۇيدۇ. ئىككى يىل، سەككىز ئاي بىر ئۆي (بۇرج) دە قالىدۇ. ئىككىنچى ئورۇندا ئۈڭگاي[②]يۇرىدۇ. ئۇ بىر ئۆي (بۇرج) دا دەل ئون ئىككى ئاي تۇرىدۇ. ئۈچىنچى بولۇپ قەھر بىلەن ھەرىكەت قىلىپ كۇرۇد[③] يۇرىدۇ. ئۇ قاياققا باقسا ياشارغان نەرسىلەرنى قۇرۇتۇۋېتىدۇ. تۆتىنچى ئورۇندىكىسى ياشىق[④]، ئۇ جاھاننى يورۇتقۇچىدۇر. ئۇنىڭغا يېقىن تۇرغان ۋە ئۇدۇللانغانلار ئۇنىڭدىن يورۇقلۇق ئالىدۇ. بەشىنچىسى سۆيۈملۈك سەۋىتتۇر[⑤]، ئۇ ساڭا سۆيۈپ باقسا، خۇشاللىققا ئېرىشىسەن. ئۇنىڭدىن كېيىن تىلىگەن ئارزۇلىرىڭنى ئېلىپ، ئارزۇ[⑥]كېلىدۇ. ئۇنىڭغا يېقىنلاشقان ئادەم تىلىكىگە يېتىدۇ. بۇلارنىڭ ئەڭ تۆۋىنىدە يالچىق[⑦]يۇرىدۇ. ئۇ قۇياشقا ئۇدۇل باققاندا تولۇن بولىدۇ.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا ئون ئىككى بۇرجمۇ بار. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى جۈپ ئۆي (بۇرج) لۇق، بەزىسى بىر ئۆي (بۇرج) لۇقتۇر. باھار يۇلتۇزى قوزىدىن كېيىن ئۆي كېلىدۇ. جەۋزا بىلەن سەراتان تۇرتۇشۇپ يۇرۇشىدۇ. بۇغداي بېشى بىلەن ئارسلان قوشنا يۇرىدۇ. ئارقىدىن چايان بىلەن قەۋسىنىڭ ھەمراھى مىزان تۇرىدۇ. ئۇلىشىپلا ئوغلاق، سوغا، بېلىق كېلىدۇ. بۇلار تۇغقاندا ئاسمان يورۇپ كېتىدۇ. يۇلتۇزلارنىڭ ئۈچى ئەتىيازلىق، ئۈچى يازلىق يۇلتۇزلار، ئۈچى كۈزلۈك، ئۈچى قىشلىق يۇلتۇزلاردۇر.

---

① سەكەنتىر — زۇھەل، يەنى ساتۇرن.
② ئۈڭگاي — مۇشتەرى، يەنى يۇپىتېر.
③ كۇرۇد — مىررىخ، يەنى مارس.
④ ياشىق — قۇياش.
⑤ سەۋىت — زۇھرا، يەنى ۋېنېرا.
⑥ ئارزۇ — ئاتارۇت، يەنى مېركۇرى.
⑦ يالچىق — ئاي.

ئۇلارنىڭ ئۈچى ئوتقا، ئۈچى سۇغا، ئۈچى شامالغا، يەنە ئۈچى تۇپراققا ۋەكىللىك قىلىدۇ. دۇنيا شۇلاردىن ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈلگەن. بۇلار بىر-بىرىگە دۈشمەن. ئاللا ياۋغا ياۋنى تەڭ قويۇپ، جاڭجالنىڭ ئالدىنى ئالدى. بۇ ياۋلار ياراشقانلىقى ئۈچۈن ئۇرۇشمايدۇ، ئېگىز كۆتۈرۈلگىنى ئۈچۈن بىر-بىرى بىلەن كۆرۈشمەيدۇ. ھەممىگە قادىر خۇدا ئۇلارنى ئاشۇنداق ياراشتۇرۇپ، بىر-بىرىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇپ ئىزىغا سالدى.

## سۆز بېشى

### مۇئەللىپنىڭ ئۇمىدى ۋە ئۆزرىسى

ئەي دانا ئالىم، تىلىكىم كەلگۈسى ئەۋلادلار ئۈچۈن تېگىشلىك سۆزلىرىمنى يادىكار قالدۇرۇش ئىدى. ئەقىل قارشى چىقىپ: «دىققەت قىل، سۆزۈڭدە يېڭىلىشىپ قالساڭ ئۆزۈڭگە زىيان-زەخمەت يەتكۈزىدۇ. خەلقنىڭ تىلى يامان، ئۇستۇڭدە سۆز-چۆچەك بولىدۇ. ھەسەتخور كىشىلەر بولسا گۆشۈڭنى يەيدۇ» دەپ ئېيتتى. تېخىمۇ ئويدانراق ئويلاپ قاراپ يۈكۈمنى يەڭگىللەتتىم. مەن ئۆز-ئۆزۈمگە: «ھەي يۈسۈپ، سۆزلەۋەرگىن، بار سۆزلىرىڭنى تۆككىن. ئىنساننىڭ نامى يېڭىلغاقلىقى ئۈچۈن ‹ يالغۇق ›[1] ئاتالغان. يېڭىلىشىش ئىنسانغا دائىم ھەمراھ. ئېيتقىنا، بۇ دۇنيادا كىممۇ يېڭىلمەيدۇ. مەن ساڭا تۇمەن مىڭ يېڭىلغاننى كۆرسىتىپ بېرەلەيمەن» دېدىم. چۈنكى دۇنيادا بىلىملىكلەر ئاز، بىلىمسىزلەر كۆپ. ئەقىللىقلار ئاز، ئەقىلسىزلار تولا. بىلىمسىزلەر ھەر قاچان بىلىملىكلەرگە دۈشمەن. نادانلار ھەر قاچان ئالىملارغا قارشى. ئادەم بىلەن ئادەمنىڭ كۆپ پەرقى بولىدۇ، بۇ پەرق پەقەت بىلىم بىلەنلا ئۆلچىنىدۇ، دەپ قارايمەن. شۇڭا، ئۆشبۇ سۆزلىرىمنى بىلىملىكلەر ئۈچۈن سۆزلىدىم، بىلىمسىزلەرنىڭ تىلىنى ئۆزۈممۇ ئۇقمايمەن. بىلىمسىزلەر بىلەن قىلىشىدىغان ھېچقانداق سۆزۈممۇ

---

① يالغۇق (يالاڭغۇق) — قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «ئادەم» دېمەكتۇر، بۇ سۆز «يېڭىل» (يېڭىلماق) سۆزىدىن ئېلىنغانچقا، ئادەم يېڭىلغاق، يەنى ئېزىپ، يېڭىلىپ تۇرىدىغان نەرسە دېمەكچى.

يوق. ھەي دانا، مەن سەندەك بىلىملىكلەرنىڭ قۇلى بولۇشنى خالايمەن. سەندىن ئەيمىنىپ تۇرۇپ، بۇ سۆزلىرىمنى ئۆزرە بىلەن بايان قىلدىم. سۆزلىگۈچى ئازىدۇ ھەم يېڭىلىشىپ قالىدۇ. ئەقىللىقلار تۈزىتىپ ئاڭلايدۇ. سۆز دېگەن چۇلۇك ئۆتكۈزۈلگەن ھىڭگان تۆگىگە ئوخشاش قاياققا يېتىلىسە شۇ ياققا كېتىدۇ. سۆزنى بىلىپ سۆزلىگۈچىلەرمۇ كۆپ، ئۇنى توغرا چۈشىنىپ ئاڭلىيالايدىغانلار مەن ئۈچۈن بەك ئەزىزدۇر.

پۈتۈن خاسىيەتلىك ئىشلار بىلىم ساخاۋىتىدىندۇر. مىسالى، بىلىم بىلەن كۆككە يول ئېلىش مۇمكىن. ھەر قانداق سۆزنى دېمەكچى بولساڭ بىلىم بىلەن سۆزلىگىن، كىشىلەرنى ھەم بىلىمگە قاراپ ئۇلۇغلا. سۆز دېگەن كۆك ئاسماندىن قوڭغۇر زېمىنغا چۈشتى، سۆز بىلەن ئىنسان قەدىر-قىممىتىنى تاپتى. ئىنساننىڭ كۆڭلى تۈۋى يوق دېڭىزغا ئوخشايدۇ. بىلىم خۇددى ئاشۇ دېڭىزنىڭ ئاستىدا ياتقان ئۈنچىگە ئوخشايدۇ. ئادەم ئەجرى بىلەن ئۈنچىنى دېڭىزدىن سۈزۈپ چىقارمىسا، ئۈنچە بىلەن ساي تېشىنىڭ نېمە پەرقى بولسۇن؟! كۆرمىدىڭمۇ، ئالتۇن قوڭغۇر يەر قېتىدا تاشقا ئوخشاش ياتقان ئىدى، قېزىپ چىقىرىلىپ بەگلەرنىڭ بېشىغا تاج بولمىدىمۇ؟! ئەگەر ئالىم بىلىمنى تىلى بىلەن ئىپادىلىمىسە، ئۇنىڭ بىلىمى يىللاپ ياتسىمۇ ئۆزىنىمۇ، ئەتراپىنىمۇ يورۇتالمايدۇ. ئەقىللىق، بىلىملىك بولۇش نېمىدېگەن ياخشى ئىش-ھە! ئەگەر ئۇنىڭغا ئېرىشەلىسەڭ جايىدا ئىشلەت-دە، ئۇچۇپ كۆككە يەت. جاھان سوراش ئۈچۈنمۇ، خەلقنى باشقۇرۇش ئۈچۈنمۇ ئەقىل ھەم يۈرەك كېرەك. دۇنياغا ئادەم زاتى تۆرەلگەندىن تارتىپ ئەقىللىقلار ياخشى قانۇن تۈزۈپ جاھاننى تۇتۇپ كېلىشتى، بىلىم بىلەن خەلقنى يېتەكلىدى. ئەقىل بىلەن بىلىم بىرىكسە ئەر كامالەت تاپىدۇ. كامالەت ئىگىسى دۇنيا نېمەتلىرىدىن تولۇق بەھرىمەن بولالايدۇ. بۈگۈنگە قەدەر قايسى زاماندا بولسۇن ھۆرمەتلىك ئورۇن بىلىملىكلەرگە تەگدى.

كىشىلەرنىڭ يامىنىمۇ ئەقىل بىلەن تۈزىلىدۇ. خەلق ئىچىدىكى بۇلغىنىشمۇ بىلىم بىلەن سۈزۈلىدۇ. ئەگەر بۇ ئىككىسىمۇ كار قىلمىغانلارغا قىلىچ بىلەن تاقابىل تۇر. ئىلىملىك، پاراسەتلىك بەگلەر خەلققە باش بولۇپ بىلىمسىزلارنىڭ يامان ئىشىنى قىلىچ بىلەن تۈزىتىدۇ.

* * *

ئىنسان ھەر ئىككى دۇنيانىڭ بەختىنى تىلىمەك بولىدىكەن، قولىدىن كېلىشىچە ياخشىلىق قىلىشى لازىمدۇر. ئادەم مەڭگۈلۈك ئەمەس، ياخشى نام مەڭگۈلۈك بولىدۇ. دېمەك، سەن مەڭگۈلۈك ئەمەس، ئېتىڭ مەڭگۈلۈكتۇر. ئېتىڭ مەڭگۈلۈك بولسا، ئۆزۈڭمۇ مەڭگۈلۈكسەن. مەن ئىككى دۇنيا بەختىنى تۇتۇشقا سۇنۇلغان قوللارنى، ئوقۇغۇچىلارنى بەختلىك قىلسۇن ۋە توغرا يولغا يېتەكلىسۇن دەپ بۇ كىتابنى يېزىپ، سۆزلىرىمنى بايان قىلدىم. كىتابقا «قۇتادغۇبىلىك» دەپ ئات قويدۇم. سۆزلىرىمنىڭ چىن ۋە ھەقلىقلىقىغا ئىشەنگىنكى، ئادەم بەختلىك ھالدا ھەر ئىككى دۇنيانى ئۆز قولىدا تۇتالىسا ھەقىقىي قۇت تاپقان بولىدۇ.

كۈنتۇغدى دېمەكچى بولغان سۆزلىرىمنىڭ بېشىدۇر. كۈنتۇغدى دېگىنىم قانۇن ۋە ئادالەتتۇر. ئۇنىڭدىن كېيىن ئايتولدى توغرىسىدا سۆزلىدىم، ئايتولدى بەخت-سائادەتنىڭ ئېتىدۇر. مۇقەددەس بەخت كۈنى ئۇنىڭدىن يورۇيدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۆگدۈلمىشنى بايان قىلدىم. ئۇ ئەقىل-ئىدراكنىڭ نامى بولۇپ، كىشىلەرنى يۈكسەلدۈرىدۇ. بۇلاردىن كېيىن ئودغۇرمىش تۇرىدۇ. ئۇنى ئۆزۈم ئاقىۋەت دەپ سۈپەتلىدىم. مەن سۆزلىرىمنى مانا شۇ تۆت نەرسە ئۈستىدە بايان قىلدىم. كۆزۈڭنى ئېچىپ دىققەت بىلەن ئوقۇساڭ مەنىسى ئېچىلىدۇ.

ھەي دانا، مەن سۆزلىرىمنى ئوغلۇمغا سۆزلەۋاتىمەن. ئۇ

مەندىن تۆۋەن تۇرىدۇ، قانداقمۇ ماڭا تەڭ بولالىسۇن؟

ھەي ئوغلۇم، سۆزۈمنى ساڭا سۆزلىدىم، بۇ نەسىھەتلىرىمنى سەن ئۈچۈن قىلدىم. ساڭا مەندىن ھەر قانچە ئالتۇن-كۈمۈش قالسىمۇ، بۇ سۆزلىرىمگە تەڭ كۆرمە. كۈمۈشنى خەجلىسەڭ تۈگەيدۇ، يوقىلىدۇ. سۆزلىرىمنى يادىڭدا تۇتۇپ ئىشلەتسەڭ كۈمۈش قازىدۇ. كىشىدىن-كىشىگە مەڭگۈلۈك قالىدىغان مىراس سۆزدۇر. ۋەسىيەت قىلىنغان سۆزلەرنى ئېسىڭدە تۇتساڭ پايدىسى تۈگىمەستۇر. ھەي ياخشى يىگىت، ھاياتىڭ خۇشال-خۇراملىقتا ئۆتسۇن، سۆزلىرىمنى زايە قىلماي كۆڭۈل قويۇپ ئوقۇ. يىگىتلىكىڭنى زايە قىلما، ئادالەت يولىدىن ئاداشما، پايدىسىنى كۆرىسەن. يىگىتلىك سەندىن تېزلا كېتىپ قالىدۇ، ئۇنى قەدىرلە، ھاياتلىقنى ھەر قانچە توسساڭمۇ قېچىپ كېتىدۇ. يىگىتلىك كۈچ-قۇدرىتىڭنىڭ بارىدا ھەر دائىم تائەت-ئىبادەت بىلەن مەشغۇل بولغىن.

مانا مەن يىگىتلىك چاغلىرىمنى بىھۇدە زايە قىلغانلىقىمدىن قايغۇرۇپ ئۆكۈنمەكتىمەن. بىراق، ئۆكۈنۈشتىن نېمە پايدا، دەپ سۆزۈمنى كېسىمەن. ئۆمۈر قىرىققا يەتكەندە ئادەم ياشلىقى بىلەن ۋىداللىشىدىكەن. مانا ماڭا ئەللىك ياش قولىنى تەگكۈزدى. قۇزغۇن تۇسىدەك قارا بېشىمنى ئاققۇدەك قىلدى. ئاتمىشمۇ مېنى چاقىرىپ كەل دەۋاتىدۇ، ئەجەل يەتمىسە ئۇياققىمۇ بارىمەن. كىشىنىڭ يېشى ئاتمىش ھېسابىنى تۈگەتسە ئۆمۈرنىڭ يېزى تۈگەپ قىشىغا كىرىدۇ، ھاياتىنىڭ زوقىمۇ تۈگەيدۇ. مانا، ئوتتۇز يىغقاننى ئەللىك ئېلىپ تۈگەتتى، ئاتمىش ياش قول ئۇزاتسا نېمىلەرنى قىلاركىن تاڭ! ھەي ئەللىك ياش، مەن ساڭا نېمە قىلغان، ماڭا نېمانچە ئۆچ ساقلايسەن؟! يىگىتلىكتىكى بارچە ئىشلىرىم شۇنچە شېرىن ئىدى، مانا ئەمدى ئېشىمنى زەھەر قىلدى. بويۇم ئوقتەك چاغدا كۆڭلۈم يادەك ئىدى، كۆڭۈلنى ئوقتەك قىلغىچە بويۇم يادەك ئېگىلدى. يىگىتلىكىم ماڭا نېمە يىغقان بولسا قېرىلىق كېلىپ

ھەممىنى تارتىۋالدى. بۇ ھال ساڭىمۇ كېلىدۇ.

ھەي ئىجاتچى، كەل، مېنى قۇتقۇزغىن، مەن يىل-ئايلارنىڭ تۇتقۇنى بولۇپ مۇشەققەت چېكىۋاتىمەن. پۈتۈم كىشەنسىز تۇرۇپ، پۈتلىشىپ دۇرۇس ماڭالمايمەن. كۆزۈم ئوچۇق تۇرۇپ روشەن كۆرەلمەيمەن. قەلبىمنىڭ ياشلىق ئوتلىرى ئۆچۈپ، ھاياتىمنىڭ لەززىتى كەتتى. يىگىتلىك نامىمۇ مەندىن ئۇزاقلاشتى. «ھەي ئاقساقال، ئويغان، ئۆلۈمگە ھازىرلان. بىھۇدە ئۆتۈپ كەتكەن كۈنلىرىڭ ئۈچۈن ھۆركىرەپ يىغلا. تۈن ۋە كۈنلىرىڭ مەنىسىز ئۆتۈپ كەتتى. قالغان ئۆمرۈڭنى ئۆزرە بىلەن ئۆتكۈز.»

ھەي مۇڭسىز، موھتاجسىز، مەڭگۈ تىرىك ئىگەم، سانسىز ھاياتلىقنى ئۆلۈم ئۈچۈن ياراتقانسەن. دۇئايىمدا سەندىن شۇنى ئۆتۈنۈمەنكى، ئۆمرۈمنى ئۇزۇنراق قىلىپ، ھاياتىمنى بىر مەزگىل ئامان ساقلىغىن. ئۆزۈڭدىن مەدەت تىلەپ بۇ كىتابىمنى باشلىدىم، تولۇق تاماملىشىم ئۈچۈن مەدەتكار بولغايسەن.

ھەي تىلىم، ياراتقۇچىنى، يامانلىقنى مەندىن يىراقلاشتۇرغۇچى ئىگەمنى تىنىماي مەدھىيىلە. ئۇ تاللاپ مېنى ياراتتى ۋە قەلبىمنى يورۇتتى. ھىدايەت يولى بىلەن كۆڭلۈمنى خاتىرجەملىككە ئىگە قىلدى. قاراڭغۇدا ئىدىم، تۈنۈمنى يورۇتتى. زۇلمەتتە ئىدىم، كۈنۈمنى تۇغدۇردى. ئادىشىپ تېنەپ يۈرگىنىمدە يولۇمنى كۆرسەتتى. ئۇ ئۆزى ساقلىمىغان بولسا ئوتتا كۆيەتتىم. ئۇ مېنى تاللاپ يۈكسەلدۈردى، ئازغان يولدىن تارتىپ چىقىپ، ھىدايەت يولىغا سالدى. دىلىمنى يورۇقلۇق بىلەن بېزىدى، تىلىمنى شاھادەت بىلەن زىننەتلىدى. ئۇ ماڭا كۆڭۈل، كۆز، بىلىم، ئاڭ، ئەقىل بەردى ۋە تىلىمنى راۋان قىلىپ سۆزلەشكە يول ئاچتى. مېنى يېتىلگۈچى سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىزنىڭ يولىدۇر. پەيغەمبىرىمىزلا ماڭا يول كۆرسەتكۈچى بولسۇن. ئۇ مەندەك تائەتسىز قۇلنى قەدىرلىك قىلدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىگەمنىڭ كۆرسەتكەن پەزىلىتىدىن

بولدى. يىللاپ، ئايلاپ ياشىساممۇ ئىگەمنىڭ شۈكۈرىنى قانداقمۇ ئادا قىلىپ بولاي؟! ھەي ئاللا، مېنىڭ بۇ ئاجىزلىقىمنى بىلىسەن، موھتاجلىقىم، مۇشكۈللۈكۈم سەندىن سىر ئەمەس. شۇڭا، لايىقىڭدا شۈكۈرۈڭنى قىلالمايمەن، چۈنكى ھىممىتىڭگە ئەقىل يەتمەيدۇ. ھەي ئاللا، مېنى مۇشۇ ھەق يولدىن چىقارمىغايسەن، مەندىن ئىمان تونىنى يەشمىگىن. جېنىمنى تېنىمدىن چىقىدىغان چاغدا ئاخىرقى نەپىسىمنى شاھادەت بىلەن ئۈزگىن. قارا يەر قېتىدا ئۆزۈم يالغۇز قالغان چېغىمدىمۇ رەھمىتىڭنى ئايىما، مەن گۇناھى كۆپ تائەتسىز قۇلمەن. ئۆز پەزىلىتىڭ بىلەن مېنى كەچۈرگىن. بارلىق مۆمىنلەرنىڭ ھەممىسىگە باشپاناھ بول، ئەتىكى باقىي ئالەمنىڭ دىدارىنى كۆرۈشكە نېسىپ قىل.

# بىرىنچى باب

## قۇياش خىسلەتلىك شاھ — كۈنتۇغدى ئىلىگ

بۇ ۋاپاسىز دۇنيانىڭ قىلىقلىرىنى ئەقىل ئىشلىتىپ تەسەۋۋۇر قىلساڭ، بىلىمىڭنى ئىشقا سالساڭ ئۇقالايسەن. مىجەز-خۇلقى جەلپكارلىقتا قىزغا ئوخشىسىمۇ، ئەمەلىيەتتە بۇ ۋاپاسىز، تۇراقسىز دۇنيا ئاللىبۇرۇن قېرىغان. قىزنىڭكىدەك چىرايلىق خۇلقى بىلەن سېنى ئاشىقى بىقارار قىلىدۇ-يۇ، تەلەپ قولۇڭنى سۇنساڭ قولىنى بەرمەيدۇ. سۆيمەكچى بولساڭ كېيىكتەك قاچىدۇ، ئۆزۈڭنى قاچۇرماقچى بولساڭ پۇتۇڭغا ئېسىلىدۇ. بەزىدە توزدەك ياسىنىپ ئارقاڭدىن چاپىدۇ، بەزىدە ئەزەلدىن كۆرمىگەن كىشىدەك يۈزىنى ئۆرۈيدۇ. ئاشۇنداق ھەر خىل قىلىقلىرىنى چىقىرىپ، تالاي-تالاي بەگلەرنى قېرىتتى، ئۆزى بولسا ساھىبقىران. شۇنچە كۆپ بەگلەرنى بۇ دۇنيادىن كۆچۈردى، ئۆزىنىڭ تېخى سۆزى تۈگىمىنى يوق.

* * *

زامانىمىزدا ئەقىل-ئىدراكلىق، بىلىم-پاراسەتلىك ئەلنىڭ كاتتىسى، دانا ۋە دانىشمەن بىر بەگ بار ئىدى. ئۇ بۇ ئەلدە ياشلىقىدىن تارتىپ ئۇزۇن يىل بەگلىك قىلدى. ئۇ قۇتلۇق نامى جاھانغا تارالغان كۈنتۇغدى ئاتلىق بەگ ئىدى. كۈنتۇغدى ئىلىگ قارىنى-كۆكسى كەڭ، كۆزى توق، تەبىئىتى دۇرۇس، مىجەزى مۇلايىم، سۆز-ھەرىكىتى چىن خان ئىدى. ئۇ ئەقىللىق،

بىلىملىكلىكى ۋە سەزگۈرلۈكى بىلەن يامانلارغا ئوت، دۈشمەنگە ئاپەت ئىدى. ئۆزىنىڭ باتۇرلۇقى، مەغرۇرلۇقى ۋە دۇرۇسلۇقى بىلەن ئۇنىڭ ئورنى كۈنسېرى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. كۈنتۇغدى ئىلىگ غەيرەت-شىجائەت بىلەن ئادىل سىياسەت يۈرگۈزدى. ئالىجانابلىقنىڭ مۇھىم بىر بەلگىسى غەيرەت-شىجائەتتۇر. شۇڭا سۆزمەنلەر ئېيتقانكى، يارىماس ياۋۇزلارنى كۆزدىن يىراقلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئادەم ھىممەتلىك ۋە مۇرۇۋۋەتلىك بولۇشى كېرەك. ئادەمنىڭ قەدىر-قىممىتىمۇ ھىممەت ۋە مۇرۇۋۋەت بىلەن ئۆلچىنىدۇ.

كۈنتۇغدى ئىلىگ ئاشۇنداق يۈكسەك پەزىلەتلىرى بىلەن كۈن بىلەن ئايدەك جاھاننى يورۇتتى. كىم ئەقىلدە توشقان بولسا، ئۇنى يېنىغا چاقىرتقۇزدى. كىم بىلىمدە كامالەت تاپقان بولسا، ئۇنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ ئەزىزلىدى. شۇنداق قىلىپ كۈنتۇغدى ئىلىگنىڭ ئوردىسىغا دۇنيادىكى ئەقىل-ئىدراكلىق، بىلىملىك ۋە پاراسەتلىك خىل كىشىلەر توپلاندى. شۇنداق بولسىمۇ ئۇ دۆلەت ئىشلىرىدا يەنىلا يالغۇزلۇق قىلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلاتتى. گەرچە ئوردىغا شۇنچە كۆپ ئادەملەر توپلانغان بولسىمۇ، دۆلەت ۋە ئەلنىڭ نۇرغۇن ئىشلىرىنى يۈرەكلىك ئۈستىگە ئالالايدىغان تېخىمۇ يارامىلىق بىرەر ياردەمچىسىنىڭ بولۇشىنى ئارزۇ قىلاتتى.

كۈنتۇغدى ئىلىگ بىر كۈنى ئۆزى يالغۇز ئولتۇرۇپ خىيالغا پاتتى، كۆڭلى يېرىم ھالدا ئۆز-ئۆزىگە شۇنداق دېدى: بۇ بەگلىك ئىشى بۈيۈك ئىش. بىراق ئۇنىڭ ئىشىمۇ، باش ئاغرىقىمۇ تولا، لېكىن بۇ ئىشلارنى جايىدا، كۆڭۈلدىكىدەك قىلالايدىغان پاراسەتلىك ئادەم تېپىش تولىمۇ قىيىن ئىكەن. ئەلنىڭ پۈتۈن ئىشلىرىنى ئۆزۈملا قىلىپ كېتەلمەيمەن. ماڭا ئىشنىڭ يولىنى بىلىدىغان، ئەقىل ۋە بىلىمدە كىشىلەرگە باش بولالايدىغان، تاللانغان كىشىدىن بىرى ئىش بېشى بولسا بولاتتى. ماڭا ۋە ئۆز ئىشىغا سادىق، ئىشەنچلىك، دىلى بىلەن تىلى بىردەك، بارلىق

ئىچ سىرىمنى ياخشى چۈشىنىپ يەم ئېتەلەيدىغان بىر ئادەمگە ئېرىشسەم بولاتتى. بېشىدىن كۆپ ئىشلار ئۆتكەن كىشىلەرمۇ بىلىپ: ئەل ئىشىدا يارامىلىق ياردەمچىڭ بولسا، بەگنىڭ جەبرى ئازىيىپ، قانۇن-تۈزۈم ئوبدان يۈرۈشىدۇ، دېيىشكەن. ھەر قانداق ئىشتا ھەقىقەتەن بىر قابىل ياردەمچى بولۇشى كېرەك، بولۇپمۇ بۇ بەگلىك ئىشى تېخىمۇ كۆپ ياردەمچىگە موھتاج.

كۈنتۇغدى ئىلىگ كۆڭۈلدىكىدەك ياردەمچىگە ئېرىشەلمىگەندىن كېيىن بارلىق ئىشنى ئۆزى قول تىقىپ ئىشلەشكە باشلىدى. ئۇ شۇنداق جاپالىق ئىشلىدىكى، ھالاۋەت يولىدا تولىمۇ مېھنەت چەكتى. «راھەت بىلەن مۇشەققەت قوشكېزەك، شادلىق بىلەن قايغۇ ھەمراھ» دېگەن گەپ بىكار ئەمەستە. ئورنۇڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلگەنسېرى باش ئاغرىقىڭمۇ كۆپىيىدۇ. باش چوڭايغانسېرى كىيىدىغان بۆكمۇ چوڭىيىدۇ ئەمەسمۇ. ئىلىگ ئەل ئارىسىغا كۆز-قۇلاق بولىدىغان نازارەتچىلەرنى ئەۋەتتى. تاقاقلىق ئىشىكلەر ئۇنىڭغا داغدام ئېچىلدى. ئەل ئىچىدىكى يارامسىز ئەسكىلەرنى باغلاپ جىمىقتۇردى، يامانلارنى سۈرگۈن قىلىپ ئەلدىن يىراقلاشتۇردى. كۈنتۇغدى ئىلىگنىڭ ئاشۇنداق سەگەك باشقۇرۇشى بىلەن بەختى نۇرلىنىپ، نام-شۆھرىتى تېخىمۇ كۆتۈرۈلۈشكە باشلىدى.

ئادەم ئۈچۈن ھوشيارلىق ئىنتايىن مۇھىم، بەگلىك ئىشىدا تېخىمۇ شۇنداق. ئەلنىڭ تەقدىرى، سەلتەنەتنىڭ ئۇزۇن داۋاملىشىشى ئاشۇنداق ھوشيارلىققا باغلىق. بۇ سۆزنىڭ ئۇلىنى بىر شائىر تىلى بىلەن مۇنداق قۇرغان:

ئويغاقلىق ۋە ساقلىقنى ماختىدى ئەر،
غاپىللىق بىلەن ئەر تۈمەنلەپ ئۆلەر.
غاپىل بولما ساقلان، پۈتۈن ئىشتا سەن،
تىلە ئىككى دۇنيا بۇ ساقلىق بىلەن.

بىغەم ئادەملەر غاپىل كېلىدۇ. دۈشمەن باستۇرۇپ كەلسە ئاۋۋال غاپىللار ئۆلىدۇ. سەگەكلىك بىلەن دۈشمەن ئۈستىدىن غالىب كېلىپ، پاراغەتتە ئەل سورىغانلارنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى ئاڭلا: ھەي جاھان سورىغۇچى، ئەل سورايمەن دېسەڭ ئېھتىياتچان بول، ئېھتىيات قىلماق شەرىئەت ھۆكمىدىمۇ بارغۇ. بىخۇتلۇق ئەلگە ئاپەت، ھوشيارلىق ئەلگە سائادەت كەلتۈرىدۇ. بەگنىڭ راھىتى دېگەن مانا شۇ.

كۈنتۇغدى ئىلىگ ئەلنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن كېچە-كۈندۈز مۇشەققەت يۇدۇپ، دۆلەتنى ياخشى تەرتىپكە سالغانلىقى ئۈچۈن، ئېلى بېيىدى، قوي بىلەن بۆرە بىر ئېرىقتىن سۇ ئىچەلەيدىغان بولدى. ئۇنى دوستلىرى قوللاپ ماختىسا، دۈشمەنلىرى ئاڭلاپ بويۇن ئېگىشكە مەجبۇر بولدى. بىرى ئىلىگدىن پاناھ تىلەپ باش ئۇرسا، يەنە بىرى كېلىپ بەگلىكنىڭ ئىشىكىنى سۆيدى. كۈنتۇغدى ئىلىگنىڭ نام-شۆھرىتى جاھانغا يېيىلدى، خىسلىتى ئالەمگە تارالدى. ئۇنىڭ شان-شەرىپى ئۈچۈن قۇتلۇق دۇئالار ياغدى. ئۇنىڭ شۆھرىتىنى ئاڭلىغان جاھان خەلقى ئۆزلىرىنى كۈنتۇغدىنىڭ سەلتەنىتىگە ئاتاپ، ئەتراپىغا توپلىنىشقا باشلىدى. بۇ شان-شۆھرەت بىلەن دۆلىتى كۈنمۇكۈن زورايدى. جاھان ئۆزىگە بەخت كەمىرىنى باغلاپ، قوزا بىلەن بۆرە قېتىلىپ ياشايدىغان بولدى.

شۇنداق، ئەگەر قانۇن توغرا يولغا قويۇلىدىغان بولسا، بەگلىكنىڭ ئىشى تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ. بەگنىڭ مىجەز-خۇلقى ياخشى بولسا خەلقنىڭ ھال-كۈنى قانچىلىك ياخشى بولاتتى-ھە! بەگ ئەلنىڭ ئىشىنى ئادىمىلىك يوسۇندا ئادالەت بىلەن باشقۇرسا، ئۇ كىشى نەقەدەر ياخشى ئاتلىق بەگ بولاتتى! ئىنسان ئۈچۈن ياخشى ئاتاق قانچىلىك مۇقەددەس-ھە! بۇنداق ياخشى نام-ئاتاق ئادەمگە مەڭگۈ بەخت كەلتۈرىدۇ.

## ئىككىنچى باب

# ئايتولدىنىڭ كۈنتۇغدى ئىلىگ خىزمىتىگە قوبۇل قىلىنغانلىقى

ناھايىتى يىراق بىر ئاۋۇلدا ئايتولدى ئاتلىق ھەر جەھەتتىن توشقان بىر كىشى ياشايتتى. ئۇ ئوغلان شۇنچىلىك قامەتلىك، كېلىشكەن يىگىت ئىدىكى، ئەقىل-ئىدراكتا، ئىلىم-بىلىمدە جاھاننىڭ يەكتاسى، ئەدەپ-ئەخلاقتا زامانىسىنىڭ يېگانىسى ئىدى. سۆزلىسە تىلىدىن ھەقىقەت تاماتتى، چىرايلىق ھۆسنىگە قارىسا كۆز قامىشاتتى. ئۇ پۈتۈن پەزىلەتنى ئۆز ۋۇجۇدىغا يىغىپ، ئەدەپ-ئەخلاقنىڭ ساھىبىغا ئايلانغان ئىدى.

ئايتولدىنىڭ ئۆز كۆڭلىنىڭ مەنىسىز، تۆھپىسىز ئۆتۈۋاتقانلىقىدىن ئىچى تىتىلدايتتى. ئۇ كۈنتۇغدى ئىلىگنىڭ نام-شۆھرىتىنى ئاڭلىغان ئىدى. ئۆزىنى دەڭسەپ كۆرۈپ، ئۆز-ئۆزىگە: «ئىلىم ۋە پەزىلەتتە ئەلنىڭ ئالدىدا تۇرىمەنۇ، نېمىشقا كۆڭلىمنى بۇ يەردە قۇرۇقتىن-قۇرۇق مەنىسىز ئۆتكۈزىمەن؟ ياق، مەن كۈنتۇغدى ئىلىگنىڭ خىزمىتىگە باراي. ئۇ خاقاننى ئېغىر بېسىق، تەمكىن، قابىلىيەت ئىگىلىرىنى قەدىرلەيدىكەن دەپ ئاڭلىۋېدىم، توغرا، ئەقىل قەدرىنى ئەقىللىق بىلىدۇ. ئەگەر بىلىملىكلەر بىلىمنى ساتماقچى بولسا، يەنىلا شۇ بىلىملىكلەر خېرىدار بولىدۇ. شۇڭا بىر شائىر بۇ توغرىدا:

بىلىم قىممىتىنى بىلىملىك بىلۇر،
ئەقىلنى قەدىرلەش بىلىمدىن كېلۇر.

نېچۇك تەلۋە بىلگەي بىلىم قەدرىنى؟
بىلىم نەدە بولسا، بىلىملىك ئالۇر.

دەپ توغرا ئېيتقان. بولدى، ئىلىگ قېشىغا باراي، ئەل ئۈچۈن تۆھپە يارىتاي» دېدى-دە، دەرھال سەپەر تەييارلىقىغا كىرىشتى.

ئايتولدى سەپەر ئۈچۈن لازىملىق ئات-ئۇلاغ، كىيىم-كېچەك، قورال-ياراغ قاتارلىق يول جابدۇقلىرىنى تەييارلاپ، كۈنتۇغدى ئىلىگ ھوزۇرىغا بېرىش ئۈچۈن ھازىرلاندى. ئۇ: «مەن يۇرتۇمدىن ئايرىلىپ ئىلىگ خىزمىتى ئۈچۈن يات يۇرتقا كېتىپ بارىمەن، مۇساپىرلىق، غېرىبلىق دېگەن تولىمۇ قاتتىق ئىش. غېرىبلىق نى-نى ئەرلەرنىڭ بېشىنى قايدۇرغان. يات يۇرتتا پۇل-پۇچەك بەك لازىم بولىدۇ، قولۇم قىسقا بولۇپ قالسا سارغىيىپ قالىمەن. شۇڭا، مەن كۆپرەك ئالتۇن-كۈمۈش ئېلىۋېلىشىم لازىم» دېدى ئۆز-ئۆزىگە. ئايتولدى خىيالىغا يەنە ئالىملارنىڭ مۇنۇ تەۋسىيەلىرىنى كەلتۈردى: «كىمكى خان خىزمىتىگە كىرمەك بولىدىكەن، ئۇنىڭغا ئىككى نەرسە ئەڭ لازىم بولىدۇ. ئۇنىڭ بىرى، نۇقسانسىز خىزمەت كۆرسىتىپ، يۈزىنى يورۇق قىلىش ئۈچۈن لازىم بولغان ئاغرىق-سىلاقسىز ساغلام بەدەن. يەنە بىرى، بەزى مۇھىم ئىشلارنى بېجىرىش ئۈچۈن لازىم بولغان ئالتۇن-كۈمۈش. شۇندىلا يول راۋان بولىدۇ، بولمىسا ئىشىك تاقىلىدۇ.» ئۇ شۇلارنى ئويلاپ، ئالتۇن-كۈمۈشلەردىن يېتەرلىك ئېلىپ يولغا چىقتى.

ئايتولدى سەپەر جەريانىدا ناھايىتى كۆپ يول مۇشەققىتى تارتىپ، ئاخىرى كۈنتۇغدى ئىلىگ تۇرۇشلۇق پايتەختكە يېتىپ كەلدى. شەھەرگە كىرىپ ئاۋۋال ياخشىراق بىر قونالغۇ ئىزدىگەن بولسىمۇ، قونالغۇ تاپالماي، بۇ كەڭ ئالەم ئۇنىڭ ئۈچۈن تار تۇيۇلدى. ئۇ غەمگە پېتىپ بىر مۇساپىرخانىغا چۈشتى. ئۇ بۇ تاڭنى ناھايىتى تەستە ئاتقۇزدى. چۈنكى تونۇش-بىلىشلىرى بولمىغان

ئادەم ئۇچۇن يات كىشىلەر ئارىسىدا تۇرۇش تولىمۇ قىيىن. ئۆزى كېلىپ باقمىغان ئەلدە ئادەم يېڭى كېلىندەك تېنەپ، كېكەچتەك بولۇپ قالىدۇ. تونۇش-بىلىشلىرى بولمىغان كىشى يەنە قارىغۇغا ئوخشاش يولدىن ئازىدۇ. ئۇنداق كىشىلەرنى ئەيىبكە بۇيرۇماسلىق كېرەك.

ھەي دانا كىشى، غېرىب-مۇساپىرلارنى قەدىرلە، ئۇلارغا ياخشى مۇئامىلىدە بول، ئۇلاردىن ئاش-تۇزۇڭنى ئايىما. مۇساپىرلارغا ياخشى مۇئامىلىدە بولساڭ يۈزۈڭ يورۇيدۇ، نام-شۆھرىتىڭ يېيىلىدۇ. دېمىسىمۇ كىشىگە ھەر قانداق جايدا بىلىش-تونۇش كېرەك بولىدۇ، ھەر قانداق ئىش تونۇش-بىلىش ئارقىلىق ھەل بولىدۇ.

ئايتولدى خېلى بىر مەزگىل غېرىبلىق ئازابىنى تارتىپ، كۈنلىرىنى بۇرۇقتۇرمىلىق ئىچىدە ئۆتكۈزدى. كۈنلەر ئۆتكەنسېرى ئۇ كىشىلەر بىلەن تونۇشۇشقا باشلىدى. ئايتولدى چوڭ-كىچىككە ئوچۇق-يورۇق، سەمىمىي مۇئامىلە قىلغانلىقى ئۈچۈن تېز ئارىدا دوست-بۇرادەرلىرىمۇ كۆپىيىشكە باشلىدى. ئايتولدىنىڭ پايتەختكە كېلىپ تونۇشقان دوستلىرى ئارىسىدا كۈسەمىش ئاتلىق ياخشى بىر يىگىت بار ئىدى. ئايتولدى ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ بۇ شەھەرگە نېمىشقا كەلگەنلىكىدىن تارتىپ، نېمە مەقسەت ۋە قانداق ئارزۇدا ئىكەنلىكىگىچە كۆڭلىدىكى گەپلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئېيتىپ بەردى.

كۈسەمىش مەرد بىر خاس ھاجىپنى تونۇيتتى. ئۇ ھاجىپ كۈنتۇغدى ئىلىگ بىلەن خېلى ياخشى سىرداشلاردىن ئىدى. كۈسەمىش بىر پۇرسەت تېپىپ ھاجىپنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، ئايتولدىنىڭ ئەھۋالىنى ۋە ئۇنىڭ مەقسەت-مۇرادلىرىنى بىرمۇبىر سۆزلەپ، ئايتولدىنى كۈنتۇغدى ئىلىگ بىلەن كۆرۈشتۈرۈشنى ئۆتۈندى.

— ئاۋۋال مەن بىلەن بىر كۆرۈشسۇن، — دېدى ھاجىپ

كۈسەمىشتىن ئايتولدىنىڭ ئەھۋالىنى ئۇققاندىن كېيىن، — مەن ئۇنى كۆرەي، ئاندىن بۇ ئىشنى ئىلىگكە مەلۇم قىلىپ، ئۇنىڭ قاچان قوبۇل قىلالايدىغانلىقىنى سوراي.

كۆسەمىش خاس ھاجىپنىڭ قېشىدىن خۇشال قايتىپ بېرىپ، ئايتولدىغا بۇ خۇش خەۋەرنى يەتكۈزدى:

— ھەي ئايتولدى يۇر، كۈنۈڭ تۇغۇلدى. ئەمدى بېرىپ ھاجىپ بىلەن كۆرۈشۈپ، قانداق تىلىكىڭ بولسا ئۆز تىلىڭ بىلەن ئۇنىڭغا ئايان قىل. ئۇ سېنى كۆرسۇن، چۈشەنسۇن، سۆزلىرىڭنى ئۆز ئاغزىڭدىن ئاڭلىسۇن، مېنىڭ دېگىنىم ئۆزۈڭنىڭ دېگىنىڭگە يەتمەيدۇ. بىر كىشىنىڭ ئىشىنى يەنە بىر كىشى ئۆزىدەك قىلالمايدۇ. دۇنيادا سەن ئۇچۇن ئەڭ سادىق، كۆيۈمچان ئادەممۇ ئۆزۈڭگە ئۆزۈڭدەك سادىق بولالمايدۇ.

ئايتولدى ئورنىدىن تۇرۇپ، تونىنى كىيدى، كۈسەمىش بىلەن بىرگە خاس ھاجىپنىڭ ھۇزۇرىغا يۇرۇپ كەتتى. ئۇلار خاس ھاجىپنىڭ ئىشىكى ئالدىدا ئاتتىن چۈشۈشتى. ھاجىپنىڭ خىزمەتچىسى چىقىپ ئۇلارنى قارشى ئالدى. ئالدى بىلەن كۈسەمىش ئۆزى كىرىپ خاس ھاجىپ بىلەن كۆرۈشۈپ چىققاندىن كېيىن، ئايتولدىنى باشلاپ كىرىپ ھاجىپ بىلەن كۆرۈشتۇردى.

ھاجىپ ئۇلارنى قىزغىن كۈتۈۋالدى ۋە تۆرگە باشلىدى، كىچىك پېئىللىق بىلەن ئايتولدىدىن ئەھۋالىنىڭ قانداقلىقى، قەيەرگە چۈشكەنلىكى، نەدە تۇرۇۋاتقانلىقى، تونۇشلىرىنىڭ بار-يوقلۇقى، تۇرمۇش ئەھۋالى، نېمىگە موھتاجلىقى، تىلىكىنىڭ نېمە ئىكەنلىكى قاتارلىقلارنى تەپسىلىي سورىدى.

ئايتولدى خاس ھاجىپ سورىغان ئەھۋاللارغا بىرمۇبىر جاۋاب بەرگەندىن كېيىن، مۇددىئاسىنى مۇنداق بايان قىلدى:

— ھەي دۆلەتمەن ھاجىپ، مەن كۈنتۇغدى ئىلىگنىڭ ئۇلۇغ نامىنى كۆپ ئاڭلىدىم. ئۇنىڭ ئەقىل-پاراسەتلىك،

بىلىملىكلىكىدىن خەۋەر تاپتىم. شۇڭا، ئۇنىڭ خىزمىتىنى قىلىش تىلىكىدىمەن. مانا شۇ ئارزۇ مېنى ئۇنىڭ ئىشىكى ئالدىغا ئېلىپ كەلدى. ئەگەر ھاجىپ جانابلىرى مۇناسىپ كۆرسە، كۆنتۈغدى ئىلىگنى مېنىڭ بۇ تىلىكىمدىن ۋاقىپلاندۇرسا، دېگەن ئۈمىدتىمەن.

خاس ھاجىپ ئايتولدىنىڭ تەقى-تۇرقى، مىجەز-خۇلقى، ھۆسنىنى كۆرۈپ كۆڭلىدە ئۇنىڭغا ئاپىرىن ئوقۇدى. ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ تولىمۇ ياقتۇرۇپ قالدى. ئايتولدىغا چىن كۆڭلىدىن قايىل بولغان خاس ھاجىپ: «مانا بۇ كىشى ھەقىقەتەن ئىلىگ خىزمىتىگە مۇناسىپ ئىكەن» دەپ ئويلىدى.

سۆيگۈگە سازاۋەر بولغان كىشىلەر ئېيتىدۇكى، كىم سۆيۈلسە ئۇنىڭ ئەيىبى پەزىلەتتەك سېزىلىدۇ. سۆيگۈگە سازاۋەر بولمىغاندا، ئۇنىڭ پەزىلىتىمۇ ئەيىب بولۇپ تۇيۇلىدۇ. بۇ گەپكە ئۇلىنىپ مۇنداق بىر شاھىت سۆز يادىمدىن كېچىپ قالدى: كۆڭۈل كىمنى سۆيسە ئۇنىڭ قۇسۇرىمۇ پەزىلەت بولۇپ تۇيۇلىدۇ، بارلىق تەتۈر ئىشلىرى ئوڭ بولۇپ كېمىمۇ تولىدۇ. ئۇنىڭ ھەممە ئىشى سۆيۈملۈك تۇيۇلىدۇ-دە، ھەتتا ئۇ كۆرەر كۆزنگە ئۇرسىمۇ كۆزنگە كۆرۈنمەيدۇ.

— ئالدىرىماي مېنى كۈتۈپ تۇرغىن، — دېدى خاس ھاجىپ ئايتولدىغا جاۋابەن، — مەن ئاۋۋال ئىلىگكە مەقسەت-تىلىكىڭنى ئايان قىلاي، تەرىپىڭنى ئېيتاي، ئۇ يۈزۈڭنى كۆرۈپ سېنى تونۇسۇن، قەدرىڭگە يەتسۇن، ئاندىن دىدار كۆرۈشكىنىڭ تۈزۈك. خاتىرجەم بولغىن، مەن سېنىڭ ھەر قانداق ئىشىڭ بولسا خۇشاللىق بىلەن ئارتقۇزۇپ بېرىشكە تىرىشىمەن.

خاس ھاجىپ ئايتولدىغا شۇنداق ياخشى سۆزلەرنى قىلدى، ئىشنى بەجا كەلتۈرۈش ئۈچۈن بېلىنى مەھكەم باغلىدى. ئەل يۈكىنى كۆتۈرىدىغان ياخشى ئادەم دېگەن مانا شۇ-دە. كىم ئەل ئىچىدە يۇقىرى مەرتىۋىگە ئېرىشىدىكەن، ئۇ ئاشۇنداق تەمكىن

مىجەزلىك، ئۆز قىلمىقلىق بولۇشى لازىمدۇر. ئەل ئىچىدە كىمنىڭ قولى ئۇزۇن بولسا ئەل ئۇچۇن ياخشى، ئادالەتلىك قانۇن يۈرگۈزسۇن. كىم ئەل ئىچىدە سۆزىنى ئۆتكۈزىمەن دەيدىكەن، كېيى چۈچۈك، تىلى شېرىن بولسۇن. ئەلدە ئۇلۇغ ئورۇنغا ئېرىشكەن ئادەم تا چېچى ئاقارغىچە ئۆزىنى كىچىك پېئىل تۇتماقلىقى لازىمدۇر. ساڭا بۇ بەخت ۋە ئامەت مەڭگۈلۈك ئەمەس، ئۇمۇ كېتىدۇ. ساڭا مەڭگۈلۈك لازىملىقى ياخشىلىق قىلىش بىلەن مەڭگۈلۈك بەختكە ئېرىشىشتۇر.

— ھەي بەخت كەمىرىنى بېلىگە باغلىغان يىگىت، — دېدى يەنە خاس ھاجىپ ئايتولدىغا، — ھازىرچە قايتىپ تۇرغىن، ئانچە ئالدىراپ كەتمە، قانداق ئىشقا ئالدىرىساڭ ئۇزۇنغا سوزۇلىدۇ. ئالدىراپ قىلغان ئىشنىڭ ئاخىرى پۇشايمانغا قويىدۇ. ئىشنىڭ ۋاقتى-سائىتىنى كۈتۈش، ئالدىرىماسلىق لازىمدۇر. ھەر قانداق بىر ئىشنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشىنىڭ ئۆز ۋاقتى-قەرەلى بولىدۇ. ھېچقانداق ئىش ئۆز قەرەلىدىن بۇرۇن ياكى كېيىن ۋۇجۇدقا چىقمايدۇ.

ئايتولدى خاس ھاجىپنىڭ قىممەتلىك شېرىن سۆزلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن:

— بولىدۇ، مەن ھازىرچە قايتىپ تۇراي، مېنى كۆردۈڭ، سۆزلىرىمنىمۇ ئاڭلىدىڭ، قالغان ئىشنى جانابلىرى ئۆزۈڭ بىلىپ ئورۇنلاشتۇرغىن. قانداق چاغدا مېنى چاقىرتساڭ، مەن ئۆز ۋاقتىدا ھۇزۇرۇڭغا ھازىر بولىمەن، — دېدى ۋە كۆپ رەھمەتلەرنى ئېيتىپ تۇرالغۇسىغا قايتىپ كەتتى.

ئايتولدى تۇرالغۇسىغا قايتىپ كەتكەندىن كېيىن، خاس ھاجىپ شېرىن خىيالغا چۆمگەن ئىدى: «بۇ ئادەمنىڭ مىجەز-خۇلقى ئالاھىدە ئىكەن. مەن بۇنداق ئەقىل-پاراسەتتە توشقان، خەلقنى باشلىيالايدىغان ئادەمنى ئۇچراتمىغان ئىدىم. جەمئىيەتتە بۇنداق ئادەملەر تولىمۇ قىس. قىممەتلىك نەرسىلەر قىس

بولغانلىقى ئۈچۈن قىزنىڭ نامىمۇ «قىز»[1] ئاتالغان ئەمەسمۇ؟! دۇنيادا نېمە قىس بولسا ئۇ قىممەتلىك بولىدۇ. قىممەتلىك نەرسىلەرگە كۆپ مۇشەققەت چەكمىگىچە ئېرىشكىلى بولمايدۇ. كۈنتۇغدى ئىلىگكە دەل مۇشۇنداق ئادەم كېرەك، ئەلمۇ مۇشۇنداق ئادەمگە موھتاج. پەزىلەتلىك، قابىلىيەتلىك ئادەم ھەممىگە مەنپەئەت يەتكۈزەلەيدۇ.»

*　*　*

بىر كۈنى ياخشى بىر پەيتنى تاپقان خاس ھاجىپ كۈنتۇغدى ئىلىگكە ئايتولدى توغرىسىدا سۆز ئاچتى. ئايتولدىنىڭ بارلىق ياخشى تەرىپلىرىنى بىرمۇبىر سۆزلەپ بەردى.

كۈنتۇغدى ئىلىگ ھاجىپتىن ئايتولدىنىڭ ياخشى تەرىپلىرىنى ئاڭلاپ، ئايتولدىغا قىزىقتى.

— قېنى ئۇنى چاقىرتقىن، — دەپ بۇيرۇدى كۈنتۇغدى ئىلىگ، — مەن ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ باقاي. مەنمۇ دۆلەت ئىشىنى ئادالىغ ئىشلىيەلەيدىغان ئاشۇنداق بىر كىشىگە موھتاج بولۇپ تۇراتتىم، تىلىكىمنى تاپقان ئوخشايمەن. يۈگۈرگىن، ئۇنى تېزدىن ھۇزۇرۇمغا كەلتۈر.

ھاجىپ دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ قوۋۇق ئالدىغا چىقىپ، بىر ئوغلاننى ئايتولدىنى دەرھال چاقىرىپ كېلىشكە بۇيرۇدى. ئوغلان تېزدىن بېرىپ ئايتولدىغا بۇ خۇش خەۋەرنى يەتكۈزدى. ئايتولدى سۆيۈنگەن ھالدا ئورنىدىن تۇرۇپ تونىنى كىيدى-دە، ئېتىنى مىنىپ ئوردىغا قاراپ ماڭدى. ئۇ قوۋۇق ئالدىغا كەلگەندە خاس ھاجىپ ئۇنىڭ ئالدىغا چىقىپ كۈتۈپ تۇرغان ئىدى. ئۇ ئايتولدىنى ئايرىم خانىغا باشلاپ، تۆرگە تەكلىپ قىلدى. ئايتولدى ئەدەپ

---

[1] قىز — قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «قىز» سۆزى «قىس»، «كەم» دېگەن مەنىلەردە بولۇپ، «قىز» (قىز بالا) سۆزى بىلەن ئاھاڭداش كېلىدۇ.

بىلەن تۆردىن ئورۇن ئالدى.
خاس ھاجىپ ئىلىگنىڭ ئالدىغا كىرىپ ئېھتىرام بىلەن ئايتولدىنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىدىن خەۋەر بەردى. ئىلىگ كىرىشكە ئىجازەت قىلدى:
— ئۇنى چاقىرغىن، قېشىمغا كىرسۇن، ئۇ مېنى كۆرسۇن، مەنمۇ ئۇنى كۆرەي.
ھاجىپ ئايتولدىنىڭ قېشىغا چىقىپ، كۆنتۇغدى ئىلىگنىڭ ئىجازەت بەرگەنلىكىدىن ۋاقىپلاندۇردى ۋە:
— ھەي ئايتولدى ئورنۇڭدىن تۇر، بەختىڭ ئېچىلدى، ئىلىگ ھۇزۇرىغا كىرگىن، — دېدى.
ئايتولدى كۈنتۇغدى ئىلىگنىڭ ئىجازىتى بىلەن ئۇنىڭ ھۇزۇرىغا كىردى. ھۆرمەت-ئېھتىرام بىلەن تىزلىنىپ تۇرۇپ ئىلىگكە سالام بەجا كەلتۈردى ۋە قىزغىن مەدھىيىلەر ئوقۇدى. ئىلىگ ئايتولدىنىڭ چىراي-تۇرقىنى كۆرۈپ كۆڭلى يورۇپ كەتتى. ئايتولدىنىڭ شېرىن سۆزلىرى ئىلىگنى تولىمۇ سۆيۈندۈردى. ئىلىگ ئايتولدىدىن:
— ئۆزۈڭ كىمسەن، نام-شەرىپىڭ نېمە؟ قايسى يۇرتتىن كەلدىڭ، ھازىر نەدە تۇرۇۋاتىسەن؟ — دەپ سورىدى.
— ئەي بەختلىك ئىلىگ ئالىيلىرى، — دەپ تەۋەززۇ بىلەن جاۋاب بەردى ئايتولدى، — ئادىمىيلىك نام ئەل خىزمىتىنى قىلىش بىلەن تېخىمۇ قىممىتىنى تاپىدۇ. مەن ناھايىتى ئۇزۇن مۇساپىنى بېسىپ، ئالىيلىرىنىڭ خىزمىتىنى قىلىش ئارزۇسىدا بۇ شەھەرگە كەلدىم. مانا بۈگۈن دىدارىڭىنى كۆرۈپ ئارزۇيۇم قاندى، تىلىكىمگە يەتتىم. نام-شەرىپىمنى سورىساڭ خىزمەتكار قۇلمەن، ئورنۇم ئىشىك ئالدى، خۇي-پەيلىم توغرىلىق-تۈز-لۈكتۇر. ئالىيلىرىدىن ئۆتۈنۈشۈم شۇكى، مۇراد-تىلىكىمنى يەردە قويماي خىزمىتىڭگە سالساڭ، جان-دىلىم بىلەن خىزمەت قىلىپ، ئەل خىزمىتى ئۈچۈن ئۆزۈمنى بېغىشلىغايمەن.
ئايتولدىنىڭ ئەدەپ-تەۋەززۇ بىلەن قىلغان سۆزلىرى

كۇنتۇغدى ئىلىگنى مەمنۇن قىلدى. ئۇ كۆڭلىدە «ئۇزۇندىن بېرى تىلىگەن ئادەمنى تاپقان ئوخشايمەن» دەپ ئويلاپ، ئۇنى ئىشلىتىپ سىناپ كۆرمەكچى بولدى.

— ئايتولدى، سېنى كۆردۇم، — دېدى ئىلىگ جاۋابەن، — چىراي ۋە خۇلقۇڭ مېنى سۆيۈندۈردى. بۇنىڭدىن كېيىن ماڭا يېقىن تۇرۇپ، سادىقلىق بىلەن خىزمىتىمنى قىلغىن. تۆھپە كۆرسەتسەڭ مەندىن كۆپ ئېھسانلار ئالىسەن. خىزمىتىڭ جايىدا بولسا بەخت ساڭا ئىشىك ئاچىدۇ، ئەجرىڭگە مۇناسىپ مۇكاپاتقا مۇيەسسەر بولىسەن.

— ھەي ئادىل خاقانىم، — دېدى ئايتولدى ئىلىگكە باش قويۇپ، — كۆزى يورۇققا بەخت قول بېرىدۇ. مەن ئالىيلىرىنىڭ خىزمىتىنى قىلىش ئۈچۈن ئۇزۇن مۇساپىنى بېسىپ كەلدىم. خىزمەتنى دۇرۇس ئادا قىلىشىم ئۈچۈن ئۇلۇغ ئاللا ماڭا مەدەت قىلغاي، خىزمەتتە يېڭىلىشىپ قېلىشتىن ئۆزى ساقلىغاي.

ئايتولدى ئورنىدىن تۇرۇپ كۇنتۇغدى ئىلىگ بىلەن خوشلاشتى. ئۇنىڭ كۆڭلى ئېچىلىپ مەشئەلدەك يورۇپ كەتكەنىدى. ئۇ ناھايىتى كۆڭۈللۈك ھالدا ئىشىك ئالدىغا چىقتى.

شۇنداق، بەگلەر كىشىگە كۈلۈپ باقسا، ئادەمنىڭ دىلى يورۇپ، ئەقلى تېخىمۇ جانلىنىپ كېتىدۇ، پەخىرلىنىش تۇيغۇسى ئۇنى ئۇمىدلەندۈرىدۇ. بەگنىڭ ئىلتىپاتىغا ئېرىشكەن كىشىنىڭ ئەل ئارىسىدىكى ئېتىبارىمۇ ئاشىدۇ. بەگلەر كىمنى ئۆزىگە يېقىن تۇتسا، ھەممە كىشى ئۇنىڭغا يېقىنلىق قىلىدۇ. بەگلەر دېگەن بەخت دېمەكتۇر. بۇ بەختكە يېقىنلاشقان ئادەم مەقسەتكە يېتەلەيدۇ، ئىشلىرىمۇ روناق تاپىدۇ.

* * *

شۇنىڭدىن تارتىپ ئايتولدى جان دىلى بىلەن خىزمەتكە كىرىشىپ كەتتى. ئۇ سەھەردىن كەچكىچە خىزمەتتىن

ئايرىلمايتتى، كۈندۈزى قاراۋۇللۇق قىلسا، كېچىسى كۆزەتچىلىك قىلاتتى، ئىشلارنى سادىقلىق بىلەن ئادىل قىلاتتى. ئۇ پات-پات ئىلىگكە كۆرۈنۈش قىلىپ تۇردى، ئىلىگمۇ ئۇنىڭغا ياخشى كۆز بىلەن قارىدى. بارا-بارا ئايتولدى خىزمەت كۆرسىتىپ قەدىر-قىممەتكە سازاۋەر بولۇشقا باشلىدى.

ھەر قانداق يەردە ياخشى خىزمەت قىلغان ئادەم ھەر قاچان قەدىر-قىممەتكە نائىل بولىدۇ. خىزمىتى ئۇتۇقلۇق بولسا كىچىكلەرمۇ ئۇلۇغ سانىلىدۇ. نەتىجىلىك خىزمەت بىلەن ھەتتا قۇلمۇ بۈيۈكلۈككە ئېرىشىدۇ. كىممۇ ئەمگەكسىز، مېھنەتسىز تىلىكىگە يېتەلىگەن. دانىشمەنلەر شۇڭا: ئېتىبارسىز قالغان كىشى خىزمەت بىلەن تۆرگە ئېرىشىدۇ، يارامسىز ئادەم قانداقلا قىلسۇن، بەربىر پەگادا قالىدۇ، دېيىشكەن.

ئايتولدى ئىشلىرىدا كۈنمۇكۈن نەتىجە يارىتىۋاتاتتى. ئىلىگمۇ سېخىيلىق بىلەن ئۇنىڭغا قوۋۇقنى ئېچىپ بەرگەنىدى. بۇ ئىككىيلەننىڭ ئارىسىدا بارا-بارا يېقىنلىق پەيدا بولدى، قايغۇلىرى تۈگەپ، خۇرسەنلىكى ئاشتى، ئايتولدى ئوردا خادىمى بولۇپ كۈنسېرى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. ئىلىگمۇ ئۇنىڭغا غەمخورلۇق قىلىپ يار-يۆلەك بولۇپ تۇردى. ئىلىگ ئايتولدىنى ھەر تۈرلۈك ئىشلاردا سىناپ كۆرۈپ، ئاخىرى ئۆزى ئارزۇ قىلغاندەك خادىمغا ئېرىشكەنلىكىگە ئىشەندى.

## ئۈچىنچى باب

# ئايتولدىنىڭ كۈنتۇغدى ئىلىگكە ئۆزىنىڭ سۆپىتىنى بايان قىلغانلىقى

بىر كۈنى كۈنتۇغدى ئىلىگ ئۆزى يالغۇز ئولتۇرغاندا، دىلى ئايتولدى بىلەن سىردىشىشنى خالاپ قالدى ۋە ئۇنى ھۇزۇرىغا چاقىرتتى. ئايتولدى خۇشال ھالدا ئوردىغا كىردى ۋە ئىلىگنىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ ئۆرە تۇردى.

— بۇ ياققا كېلىپ ئولتۇرغىن، — دەپ ئەمر قىلدى ئىلىگ ئورۇننى ئىما قىلىپ.

ئاجايىپ ئىش، ئايتولدى ئىلىگ كۆرسەتكەن ئورۇندا ئولتۇرماستىن، يېنىدىن بىر توپنى چىقىرىپ، ئاستىغا قويۇپ ئولتۇردى. ئىلىگ بۇ ئىشقا بىرئاز ئەجەبلەنگەن بولسىمۇ، يەنىلا ئىلىم-ھېكمەتتىن سۆز ئاچتى. ئايتولدى بولسا لايىقىدا جاۋاب بېرىپ قويۇپلا توپ ئۈستىدە پەرۋاسىز ئولتۇردى. ئىلىگ ئۇنىڭغا يەنە سۆيۈنۈش بىلەن ئىللىق بېقىۋېدى، ئايتولدى بۇ ئىلتىپاتنى كۆرۈپ كۆزىنى يۇمۇۋالدى، ئىلىگ سۆزىنى توختاتتى. ئايتولدىمۇ كۆزىنى ئاچماي ئولتۇردى. بىر دەم تۇرۇپ ئىلىگ يەنە گەپ ئاچتى، لېكىن ئايتولدى تەرىنى تۇرۇپ جاۋاب بەردى ۋە تەتۈر قارىۋالدى.

ئىلىگ ئايتولدىغا ھەر جەھەتتىن دىققەت قىلغان، ئۇنىڭ ئەقىللىق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغانىدى. شۇڭا، ئايتولدىغا ئۇچۇق چىراي مۇئامىلە قىلىپ، كۆپ ئىلتىپات كۆرسەتكەن ئىدى، ئەمما قانداقتۇر بۈگۈن ئىش پۈتۈنلەي باشقىچە ئىدى. ئايتولدى يۈزىنى

تېزلا ئۆرۈگەن ئىدى. بۇ سىرلىق قىلمىشلاردىن غەزەپلەنگەن ئىلىگنىڭ چىرايى تۇتۇلدى ۋە كايىپ كەتتى:

— مانا بۇ مېنىڭ ئالدىراڭغۇلۇق قىلغانلىقىمنىڭ مۇكاپاتى، — دېدى ئۇ، — بۇ نۆۋەت ئۆزۈم ئازدىم. نېمىشقىمۇ ئالدىراپ سۆز ئاچقاندىمەن؟! بىلىملىك ئادەملەر: ئالدىراپ قىلغان ئىشلار ھامان خام بولىدۇ، چالا پىشقان ئاش قورساقنى ئاغرىتىدۇ، دەپ توغرا ئېيتىپتىكەن. ھەقىقەتەن تەنتەكلىك يېڭىلىشىشنىڭ بېشى، ئېغىر بېسىقلىق ياخشىلارنىڭ ئىشى ئىكەن. مەن سېنى تازا ياخشى چۈشەنمەي تۇرۇپ، ئوبدان سىناپ باقمايلا خىزمەتكە سېلىپ، ئۆزۈمگە يېقىن تۇتتۇم. ئەسلى خىزمەتتە ياخشى سىناپ كۆرۈپ، شۇنىڭغا مۇناسىپ غەمخورلۇق قىلسام بوپتىكەن. خىزمەتتە تاۋلاپ، بايقاپ ئاندىن يۇقىرى كۆتۈرمىگىنىمنىڭ جازاسىمۇ بۇ؟

— ئەي ساخاۋەتلىك ئالىيلىرى، — دەپ ئۆزىنى ئوڭشاپ سۆز ئاچتى ئايتولدى، — غەزەپ ئوتۇڭ نېمىشقا مۇنچە ئۆرلەپ تاشتى؟ بىلمىدىم، گۇناھىم نېمىكىن، سەۋەبىنى ماڭا ئېيتىپ بەرسەڭ، ئەگەر گۇناھىم بولسا خاتىرە قىلماي جازالا، گۇناھىم بولمىسا نە سەۋەبتىن يۈزۈڭنى مۇنچە قارايتىسەن. ئاقىللار: خادىملار خاتالىق سادىر قىلىپ قويغان بولسا، ئۇنى چاقىرىپ سەۋەبىنى سۈرۈشتۈرۈپ بېقىش لازىم. ئەگەر ھەقىقەتەن گۇناھى بولسا تۇتۇپ جازالىسۇن، گۇناھسىز بولسا دىلىنى سۆيۈندۈرسۇن دېيىشكەنغۇ؟!

— سەن نادان ئەخمەق، — دەپ ئاچچىق بىلەن سۆزلىدى ئىلىگ، — ئۆزۈڭگە قاراپ باققىنا، مېنىڭ ئالدىمدا! ئۆزۈڭنى كىم چاغلاۋاتىسەن، بۇنداق گۇستاخلىق ساڭا نەدىن كەلدى؟ خىزمەت كۆرسەتتىمىكىن دېسەم، تېخى قىلغان ئىشىڭنىڭ تايىنى يوق، پايدا يەتكۈزدىمىكىن دېسەم پايداڭمۇ چاغلىق. شۇنداق بولسىمۇ مەن ساڭا ئىلتىپات كۆرسەتتىم. سېنى چاقىرىپ ئولتۇرۇشقا تەكلىپ

قىلدىم. بىراق، سەن ماڭا ھاقارەت كەلتۈرۈپ، ئاستىمغا توپ قويۇپ ئولتۇردۇڭ. ئويلاپ باققىن، توپ ئولتۇرىدىغان يەرمىدى؟ بىر ياخشى سۆزلىشىپ ئولتۇرۇپ كۆزۈڭنى يۇمۇۋالدىڭ، بۇنىڭغىمۇ تاقەت قىلىپ يەنە گەپ قىلسام يۈزۈڭنى ئۆرۈۋالدىڭ. بۇ زادى قاندىق قىلىق؟ دانالارنىڭ: بەگلەرگە يېقىنلاشساڭ ئۆزۈڭنى ياخشى كۆزىتىپ تۇت، دېگىنىنى ئاڭلىمىغانمىدىڭ؟ ئاتا-ئاناڭمۇ ساڭا: ئوغلۇم، بېگىڭگە ئۆزۈڭنى تەڭ قىلما، دەپ تەربىيە قىلمىغانمۇ؟ يىگىت بېشى: بېشىڭنى ساقلايمەن دېسەڭ بېگىڭنى كەمسىتمە دېمىگەنمىدى؟ بىلسەڭ بەگ دېگەن كۆيۈۋاتقان ئوت. ئۇنىڭغا يېقىن بارساڭ كۆيۈشۈڭ ئېنىق. بەگ غادايغاننىڭ بېشىنى ئۈزىدۇ، قېنىنى شورايدۇ. شۇڭا، ئۇ ساڭا نەزەر سالسا سەن ئۇنىڭدىن ئەيمىنىڭىن. ئەگەر قورقمىساڭ زور بىلەن قورقىتىدۇ، ئۇقتۇڭمۇ؟

ئايتولدى كۈلۈپ كەتتى ۋە بۇ قىلىقلىرىنىڭ سىرلىرىنى مۇنداق يەشتى:

— ئەي ئالىيلىرى، مەن دېگەنلىرىڭىزنىڭ ھەممىنى چۈشەندىم. ئۇنداق بولسا ئەمدى مېنىڭمۇ سۆزۈمنى ئاڭلاپ تۇر. مەن يۇقىرىقى ئىشلارنى بىلىپ تۇرۇپ قەستەن قىلدىم. بۇ ئىشلارنى ئۆزۈڭمۇ ئەلۋەتتە بىلىشىڭ كېرەك ئىدى. يۇقىرىقى قىلىقلىرىمنىڭ ھەممىسى ئۆزۈمنىڭ مىجەز-خۇلقۇمنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىش ئۈچۈندۇر. مەن ئۆزۈمنىڭ بەخت-دۆلەت ئىكەنلىكىمنى ئېيتتىم. ئورۇن بەرگىنىڭدە ئولتۇرمىغىنىمنىڭ سەۋەبى، تېخى مېنىڭ مۇقىم ئورنۇم يوقلۇقىنى ئۇقتۇرۇش ئىدى، ئاستىمغا توپنى قويۇپ ئولتۇرغانلىقىم، ئۆزۈمنىڭ ئوخشىشىمنى ئالىيلىرىغا بىلدۈرۈش ئىدى. چۈنكى، توپ دېگەن بىر ئورۇندا مۇقىم تۇرمايدۇ، يۇملاپ تۇرىدۇ. مەن بەختمۇ خۇددى ئاشۇ توپقا ئوخشاش يۇملاپ تۇرىمەن، بىر ئىزدا تۇرمايمەن. ماڭا سۆيۈنۈپ قارىغىنىڭدا كۆزۈمنى يۇمۇۋالغىنىم، مەن ئەمالارغا ئوخشايمەن،

كىم ماڭا ئىلىنسە شۇنىلا تۇتىمەن، دېگەندىن بېشارەت ئىدى. قايتا سۆز ئاچقىنىڭدا مەنمۇ يولىدىكى جاۋابنى بەردىم. كۈلۈپ ئىلتىپات بىلەن باققىنىڭدا، يۈزۈمنى ئۆرۈۋالدىم، بۇ قىلىقىم ماڭا كۆپ ئىشىنىپ كەتمە، مىجەزىم تۇراقسىز، دېگەننى ئۇقتۇرۇش ئىدى. بېشىدىن كۆپ ئىشلارنى ئۆتكۈزگەن تۈرك مۆتىۋەرلىرىمۇ: ئەي بەختلىك ئادەم، ئۆتكۈنچى بەختتىن مەغرۇرلىنىپ كەتمىگىن. بەخت دېگەن ئاقار سۇغا، گۈزەل سۆزگە ئوخشاش تىنماي جاھان كېزىدۇ. ئۇنىڭ قارارى يوق، ۋاپاسىمۇ يوق. ئايىغى تايغاق، ئىشەنچسىز، قايتىشتا ئۇچۇشىمۇ تېز، دەپ چۈشەندۈرۈشكەنغۇ.

— ئەمدى چۈشەندىم، — دېدى ئىلىگ، — ئىش ئايدىڭلاشتى. گۇناھىڭنىڭ ئۆزرىسىنى ئېيتىپ ئۆزۈڭنى قۇتۇلدۇردۇڭ. لېكىن، ئۆكتەم تىلىڭ شۇنچە چوڭ گەپلەرنى قىلىۋاتىدۇ. ئېيتقىنا، قانداق پەزىلەتلىرىڭ بار؟

— ئالىيلىرى، مېنىڭ پەزىلىتىممۇ كۆپ، — دەپ ئۆزىنىڭ پەزىلىتىنى تەرىپلىدى ئايتولدى، — مېنىڭدىن پۈتۈن ئادەملەرگە نەپ تېگىدۇ. خۇيۇم مۇلايىم، يېشىممۇ كىچىك، بۈيۈكلەر ئۈچۈن كېچىكمەن. يۈزۈم كۆركەم، قولۇم تىلىگەن تىلەكلەرگە يېتىدۇ. كىشىلەرنىڭ بارلىق ئارزۇ-ئارمىنى ماڭا ئېرىشىش. شۇڭا، كىشىلەرنىڭ پۈتكۈل مەشغۇللۇقى مېنى قوغلاش، ماڭا ئەگىشىشتىن ئىبارەت. مەن بار يەردە ھۇزۇر ۋە سۆيۈنۈش بولىدۇ. مەن بار يەردىن مېھنەت قاچىدۇ، قايغۇ-ئەلەم يولىدىن ئازىدۇ. كىم ماڭا بويۇن سۇنسا ئۈمىدىنى تاپىدۇ، ئەگەر غادىيىدىكەن ۋەيران بولىدۇ. مېنى باسىمەن دېگەنلەر ئۆزى بېسىلىدۇ. شۇڭا باشقىلار بەخت توغرىسىدا: بەخت قەيەردە بولسا ئۇنىڭ بىلەن يارىشىپ بويۇن ئەگكىن، قېرىشساڭ قايغۇ-ئەلەمگە مۇپتىلا بولىسەن. بەختكە يار بولساڭ كۈنلىرىڭ سائادەت ئىچىدە ئۆتىدۇ، ئارزۇيۇڭ قانىدۇ، دېگەن.

ئىلىگ ئايتولدىغا يەنە سوئال قويدى:

— پەزىلىتىڭنى ئۇقتۇم، ئەمدى قانداق ئەيىبلىرىڭ بارلىقىنى ئېيتىپ باققىن.

ئايتولدى جاۋابەن ئۆزىنىڭ ئەيىب-نۇقسانلىرىنى مۇنداق بايان قىلدى:

— ئالىيلىرى، مېنىڭ ئەيىبىم يوق، لېكىن كىشىلەر ئەيىبى بار دەپ تۆھمەت قىلىشىدۇ. ئۇلار مېنىڭ تۇراقسىزلىقىمدىن ئاغرىنىپ، يامانلاپ يۈرۈشىدۇ. ئەسلىدىن ئالغاندا تۇراقسىزلىقىم مەن ئۈچۈن ئەيىب ئەمەس، مەن ئۆزۈم ئۈچۈن يېڭى نەرسىنى ئىزدەپ يۈرىمەن. چۈنكى، پۈتۈن تەم-لەززەت يېڭىدا بولىدۇ. كونا نەرسىلەردە نېمە لەززەت بولسۇن؟! كىشىلەر لەززەت ئىزدەپ مۇشەققەت چېكىشىدۇ. شۇڭا يېڭى نەرسىلەر بولسا كونىنىڭ نېمە لازىمى. سەرخىل نەرسىلەر بولسا يامان نەرسىنىڭ نېمە كېرىكى بولسۇن؟! بىر قەھرىمان شۇنداق دېگەن: «يارىتىلغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ئاخىرى يوقىلىدۇ، ئۇنى ياراتقۇچى نېمە قىلسا قىلىدۇ. تىرىكلىكمۇ شامالدەك ئۇچۇپ كېتىدۇ، ئۇنىڭغا كىم يېتەلىگەن؟! شۇڭا، كېلىپ-كېتىپ تۇرىدىغان ئۆتكۈنچى بەختكە گول بولغۇلۇق ئەمەس. بەخت-دۆلەت كېلىپ قايتىپ كەتمەيدىغان بولسا، بۇ يورۇق كۈنمۇ قاراڭغۇلۇققا پاتماس ئىدى.» ئالىيلىرى، يۇقىرىقىدەك ئالاھىدىلىكىم بولغىنى ئۈچۈن كىشىلەر مېنى ئەيىبلىك ھېسابلايدۇ.

كۈنتۇغدى ئىلىگ مەمنۇنلۇق بىلەن يەنە سوئال سورىدى:

— تۇراقسىزلىقىڭنىڭ سەۋەبلىرىنى بىلدىم، ئەمدى ئېيتقىن، ئەگەر كېتىپ قالىدىغان بولساڭ يەنە قايتىپ كېلىش ئىمكانىيىتىڭمۇ بارمۇ؟

— سۆزۈمنى كېسىپلا ئېيتسام ئالىيلىرى، خۇيۇم كېيىككە ئوخشايدۇ. ئىزدىگەن تېز تاپالمايدۇ، قاچسام تۇتالمايدۇ. ئەگەر ماڭا ئېرىشكەن كىشىلەر مېنى كىشەنلەپ چىڭ تۇتۇشنى بىلەلىسىلا، ھەرگىز ئۇنىڭدىن قېچىپ كەتمەيمەن.

— ئۇنداق بولسا ئېيتقىن، سېنى مەھكەم تۇتۇشنىڭ ئېپى نېمە؟ سەن ئېيتقان قانداق كىشەن ئۇ، — دەپ سورىدى كۇنتۇغدى ئىلىگ.

— ماڭا چىن كىشەن بولالايدىغان مۇنداق بىر قانچە ئىش بار. مەن ئۇنىڭدىن نىشانە بېرەي، — دېدى ئايتولدى، — ئالدى بىلەن ماڭا ئېرىشكۈچىنىڭ مىجەز-خۇلقى مۇلايىم، ئۆزى كەمتەر، يۇمشاق سۆزلۈك بولۇشى لازىم. ئۆزىنى ئوبدان كۆزىتىپ يۈرەلىسە، ھەددىدىن ئاشمىسا، يامان ئىشلارغا يېقىن بارمىسا بولىدۇ. ئۇ پەيلىنى بۇزماسلىقى، مال-دۇنياسىنى بۇزۇپ-چاچماسلىقى، ئۆزىدىن ئۇلۇغنىڭ خىزمىتىنى قىلىشى، ئۆزىدىن كىچىككە چۇچۇك سۆز قىلىشى كېرەك. كىبىر بىلەن باشقىلارنى رەنجىتمەسلىكى، ئۆزىدىن كىچىكلەرنى مازاق ۋە بوزەك قىلماسلىقى، ھاراق-شارابقا ھەرگىز بېشىنى تىقماسلىقى، ھەددىدىن ئارتۇق ئويۇن-تاماشىغا بېرىلمەسلىكى لازىمدۇر. مانا شۇلار تۇراقسىز بەختكە كىشەن بولالايدۇ. ئالىيلىرى، بىر شائىرنىڭ مۇنۇ مىسرالىرى سۆزۈمنىڭ دەلىلىدۇر:

سائادەت كىشىگە ئۇركۈگەك كېيىكتەك،
ئەگەر كەلسە ساقلا چۇشەپ تېز ۋە بەك.
تۇتۇشنى بىلسە دۆلەت قاچماي تۇرۇر،
قېچىپ كەتسە كەلمەس يېنىپ تېز گېزەك.

كۇنتۇغدى ئىلىگ يەنە سورىدى:

— ئايتولدى، پەزىلەتلىرىڭ بىلەن ئەيىبلىرىڭنى تۇگەل چۇشەندىم. سېنى قاتتىق سۆيگەن ئىدىم، بىراق ئاخىرى مېنىمۇ تاشلاپ كېتىدىغان ئوخشايسەن. بۇنداق تۇراقسىزلىقىڭ بولمىغاندا ئىدى، ساڭا مۇيەسسەر بولۇش نېمىدېگەن ياخشى ئىش بولاتتى-ھە! ئەپسۇسكى، تۇراقسىز، بىۋاپاسەن. ئاتا-ئانىدىن مېھرىبان بولۇپ

ئالىقاندا كۆتۈرىسەن، كۇلۇپ ۋاپا كۆرسىتىسەن، ئارقىدىن يەنە ئەزەلدىن كۆرمىگەندەك يۈزۈڭنى ئۆرۈپ ئەلەم قىلىسەن، بىر تەرەپتىن تىرىشىپ-تىرمىشىپ يىغىپ توپلىغاننى بىراقلا چېچىپ تاشلايسەن. بۈگۈنى چاقىرىپ كېلىسەنۇ، ئەتىسى يۈزىگە ئىشىك يايپىسەن.

— ئەي بەختىيار خاقانىم، — دېدى ئايتولدى جاۋابەن، — مەن پەزىلىتىم ۋە قۇسۇرۇم توغرىسىدا ئېيتتىمغۇ، ماڭا ئېرىشكەن ئادەم يەنە قولدىن چىقىرىپ قويماي دەيدىكەن، چىڭ تۇتۇشنى بىلىشى كېرەك. ماڭا يۈگەن سالالمايدىكەن، ئەلۋەتتە كېيىكتەك قاچىمەن. ئۇ چاغدا ماڭا كىممۇ يېتەلەيدۇ؟ بۇ ھەقتە ئاقىللار گۆھەردەك گەپ قىلغان: «بەخت كېلىدۇ، تۇتۇشنى بىلمىسەڭ كېتىدۇ. رىزىق بېرىدۇ، يېيىشنى بىلمىسەڭ يەنە تارتىۋالىدۇ. بەختكە ئېرىشكۈچى ئۆزىنى بەك چىڭ تۇتۇپ، پۇتۇن ئەسكى ئىشلاردىن يىراق تۇرۇشى، دۇرۇس، پاكىز بولۇشى لازىمدۇر. بەختنى تۇتۇشنىڭ بېغى شۇ.»

— ئايتولدى، دۇرۇس سۆزلىدىڭ، — دېدى كۈنتۇغدى ئىلىگ، — ئەمدى ئېيتقىنا، نېمە ئۈچۈن سېنىڭ نامىڭ ئايتولدى دەپ ئاتالغان، مەنىسى نېمە؟

— ئەي پاراسەتلىك ئىلىگ ئالىيلىرى، — جاۋاب بەردى ئايتولدى، — مېنىڭ بەزى مىجەز-خۇلقۇم ئايغا ئوخشاپ قالىدۇ. شۇ سەۋەبلىك دانالار ئېتىمنى «ئايتولدى» دەپ قويۇشقان. ئاي دەسلەپتە بەك كىچىك تۇغۇلىدۇ، كۈنسېرى چوڭىيىپ يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ. ئۇ تولۇن بولۇپ تۈننى يورۇتقاندا جاھان ئەھلى ئۇنىڭدىن يورۇقلۇق ئالىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە كىچىكلەپ تولغان ھۆسنىدىن كېتىدۇ، يورۇقىمۇ ئاز-ئازدىن يوقىلىپ كېتىدۇ. قايتا تۇغۇلۇپ يەنە تولۇن بولىدۇ. مېنىڭ خۇيۇممۇ ئايغا ئوخشايدۇ، بەزىدە پەيدا بولسام، بەزىدە يوقىلىپ كېتىمەن. مەن تولغاندا ھەر قانچە كۆرۈمسىز ئادەمنىڭ يۈزىگە باقسام، ئۇنىڭ

چىرايى نۇرلىنىپ كېتىدۇ. ئۇ بېيىپ شۆھرىتى ئېشىپ، يەنە ھەددىدىن ئاشقاندا ئۇنىڭدىن يىراقلىشىمەن-دە، ئۇنىڭ شان-شۆھرىتىمۇ تۈگەيدۇ، توپلىغان مال-دۇنياسىمۇ توزۇپ، تەقى-تۇرقى بۇزۇلۇپ ئەھۋالىغا قايتىدۇ. ئالىيلىرى، يەنە بىر مەنىنى ئېيتاي، ئاي سەراتان بۇرجىدا بولغاچقا ئۇنىڭ ئورنى چۆرگىلەپ، ئايلىنىپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ «ئۆيى» يۆتكىلىپ تۇرغاچقا، ھەر قانچە قىلسىمۇ ئاخىرى مۇقىم ئۆيسىز، ئورۇنسىز قالىدۇ. ئۇ بىر ئۆيگە كىرىدۇ، تېزلا قايتىپ چىقىدۇ، ھەتتا ئالدىراپ ياتقان ئورنىنىمۇ بۇزۇۋېتىدۇ. مېنىڭ ئادىتىممۇ ئايغا ئوخشاش، بەزىدە ئېگىزدە، بەزىدە تۆۋەندە، بەزىدە كېلىمەن، بەزىدە كېتىمەن. تېز يۈرۈپ دۇنيانى كېزىمەن، تۇراقلىق ئورنۇم يوق. مېنىڭ ماھىيىتىم شۇنداق بولغانلىقى سەۋەبلىك دانىشمەنلەر ئىسمىمنى مەنىلىك قىلىپ «ئايتولدى» دەپ ئاتاشقان.

ئالىيلىرى، مەن ئۆزۈمدە بار بولغان ئالاھىدىلىكلەرنىڭ ھەممىسىنى تولۇقى بىلەن ئېيتىپ بەردىم. سۆزلىرىمگە ئىشەنگەن بولساڭ، ئەمدى مېنى مەھكەم تۇتامسەن، قاچۇرۇپ قولۇڭدىن بېرىپ قويامسەن، بۇنى ئۆزۈڭ تاللا.

— ئەي ئەرلەر سەردارى، سۆزلىرىڭ دىلىمنى يورۇتتى. سەندەك بىر كىشىنى ئارزۇ قىلىپ يۈرەتتىم، ئارزۇيۇمغا يەتتىم، ئاللاغا شۈكۈر، — دېدى كۈنتۇغدى مەمنۇنىيەت بىلەن.

ئايتولدى بىلەن بولغان بۇ قىممەتلىك مەنىلىك سۆھبەتتىن كېيىن، كۈنتۇغدى ئىلىگنىڭ ئايتولدىغا بولغان ئىشەنچى ئاشتى، ئۇنىڭغا نۇرغۇن مال-دۇنيا ۋە ئالتۇن-كۈمۈش ھەدىيە قىلدى. كۆڭلىدىكى گەپلىرىنى ئۇنىڭغا ئېيتىدىغان ۋە ئۇنىڭدىن مەسلىھەت سورايدىغان بولدى. ئايتولدى ئەقىدىگە پىداكارلىق بىلەن جاۋاب قايتۇرۇپ، تېخىمۇ ياخشى ئىشلەشكە كىرىشىپ كەتتى.

# تۆتىنچى باب

## كۆنتۆغدى ئىلىگنىڭ ئايتولدىغا ئادالەتنىڭ سۈپەتلىرىنى بايان قىلغانلىقى

كۆنتۆغدى ئىلىگ بىر كۈنى ئۆزى يالغۇز ئولتۇرۇپ زېرىكىش ھېس قىلدى ۋە ئوردىنى خالىي قىلىپ، ئايتولدىنى ھۇزۇرىغا چاقىرتتى. ئايتولدى خان ھۇزۇرىغا كىرىپ ئىلىگ ئالدىدا قولىنى قوۋۇشتۇرۇپ ئۆرە تۇردى. كۆنتۆغدى ئىلىگ زۇۋان سۈرمەي بىر مەھەل ئولتۇرغاندىن كېيىن كۆزى بىلەن ئايتولدىنى ئولتۇرۇشقا ئىما قىلدى. ئايتولدى كۆرسىتىلگەن ئورۇنغا بېرىپ يەرگە قاراپ جىمجىت ئولتۇردى. ئۇ يوشۇرۇنچە يەر تېگىدىن قاراپ ئىلىگنى كۆزىتىۋېدى، ئىنتايىن سۈرلۈك ۋە دەھشەتلىك ئالامەتلەرنى بايقىدى: كۆنتۆغدى ئۈچ پۇتى چېتىقسىز كۈمۈش تەختتە تەرى تۇرۇلگەن، قاش-قاپاقلىرى چۈشكەن ھالدا ئولتۇراتتى. قولىدا بولسا يوغان بىر خەنجەر تۇتۇقلۇق ئىدى، ئوڭ يېنىغا شېكەر قويۇلغان، سول يېنىدا زەھەر تولدۇرۇلغان قاچا تۇراتتى. بۇ ئالامەتلەرنى يەر تېگىدىن كۆزىتىپ تۇرغان ئايتولدىنىڭ دېمى كېسىلىپ، ۋۇجۇدىنى ۋەھىمە باستى.

— مېنىڭ يالغۇز ئولتۇرغانلىقىمنى كۆرۈپ تۇرۇپ يەنە نېمە ئۈچۈن گاچىدەك گەپ قىلماي ئولتۇرىسەن؟ قېنى گەپ قىلغىن، — دېدى كۆنتۆغدى ئىلىگ بىر ھازادىن كېيىن.

— ئەي ساھىبقىران، — دەپ سۆز ئاچتى ئايتولدى تەشۋىش ئىچىدە بېشىنى ئاستا كۆتۈرۈپ، — مەندە ھازىر سۆزلىگىدەك مادار قالمىدى. بۈگۈن ئالىيلىرىدا ئاجايىپ سىرلىق بىر ھالەتنى

كۆرۈپ تۇرۇپتىمەن. بۇ هال مېنى ئەيمەندۈرۈپ، تىلىمنى كېسىشكە مەجبۇر قىلدى. چۈنكى دانىشمەنلەرنىڭ: «بەگلەر غەزەپلەنگەندە يېقىن بارما» دېگەن ساۋىقى يادىمدا. ئۇلار يەنە: «بەگلەر غەزەپلەنگەندە ئوت بىلەن زەھەرگە ئوخشايدۇ، بۇ چاغدا ئۆزۈڭنى نېرى تۇتمىساڭ زىيان-زەخمەتكە يولۇقىسەن. بەگلەر غەزەپلەنگەندە ئارسلانغا ئوخشايدۇ، ھەزەر قىلمىساڭ بېشىڭ كېتىدۇ» دېيىشكەن.

— خوش، ئىجازەت بەردىم. قېنى قانداق سۆزلىرىڭ بولسا ماڭا ئېيتىۋەرگىن، — دېدى كۈنتۇغدى ئىلىگ.

— ئالىيلىرى، — دېدى سەل جانلانغان ئايتولدى، — مېنى ھاڭ-تاڭ قالدۇرغىنى بۈگۈن ئۈچ پۇتى چېتىقسىز كۈمۈش كۇرسىتا ئولتۇرۇپسەن، بۇنداق كۇرسىتا ئولتۇرۇش ئالىيلىرىغا مۇناسىپ كەلمەيتتى. يەنە بىرى، قولۇڭدا خەنجەر تۇتۇۋاپسەن، قارىسام ئوڭ يېنىڭدا شېكەر، سول يېنىڭدا زەھەر تولدۇرۇلغان قاچا تۇرۇپتۇ. بۇنىڭ نېمە سىرى باردۇر؟ يەنە بىر تەرەپتىن ئىنتايىن غەزەپلىك ئولتۇرۇپسەن، مەن بۇ ئالامەتلەرنى كۆرۈپ تەشۋىشلىنىپ، ئۆزۈمنى يوقىتىپ قويدۇم. شۇڭا گەپ قىلىشقا پېتىنالمىدىم، ئالىيلىرى.

— ئەي ئايتولدى، سۆزلىرىڭنى چۈشەندىم، — دېدى ئىلىگ، — ئەمدى مېنىڭ سۆزۈمگە قۇلاق سال. بۇ ئىشلارنىڭ مەنىسىنى چۈشەندۈرەي. ئالدىنقى كۈنى مەن سېنى يېنىمغا چاقىرتتىم. ھۆرمىتىڭنى قىلىپ ئورۇن بەردىم. بىراق، سەن تاڭسۇق قىلىقلىرىڭ بىلەن مېنى تېرىكتۈردۈڭ، ئاچچىقلانسامۇ پەرۋا قىلمىدىڭ. بۇنىڭغىمۇ چىداپ تۇرسام يۈزۈڭنى ئۆرۈۋالدىڭ. كېيىن بۇ ئىشلارنىڭ مەنىسىنى بىر-بىرلەپ چۈشەندۈرگەندىن كېيىن، ئارىمىزدىكى تۈگۈن يېشىلگەن ئىدى. بۈگۈن ساڭا كۆرسەتكەن قىلىقلىرىممۇ ئۆزۈمنىڭ ئوخشىشىنى ساڭا بىلدۈرۈشتۇر. ئەمدى گېپىمگە قۇلاق سالغىن: مەن دېگەن ئادالەت

ۋە قانۇن. قانۇننىڭ ئالاھىدىلىكىنى بۇ ئالامەتلەردىن كۆرسەن. مەن ئولتۇرغان بۇ كۇرس ئۈچ پۇتلۇق. بىلگىنىكى، ئۈچ پۇتلۇق نەرسىلەر قىڭغايمايدۇ، ئۈچ پۇتى تۈز ھەم مەھكەم تۇرىدۇ. ئەگەر ئۈچ پۇتىنىڭ بىرى قىڭغىيىپ كەتسە، يەنە ئىككى پۇتىمۇ قىڭغىيىپ ئولتۇرغان ئادەم يىقىلىدۇ. ھەر قانداق ئۈچ ئاياغلىق نەرسىلەر توغرا، تۈز تۇرىدۇ. ئەگەر تۆت پۇت بولۇپ كەتسە چوقۇم بىرى ئەگرى بولىدۇ. تۈز نەرسىلەر ئۈز بولىدۇ، ئۈز نەرسىلەر تۈز بولىدۇ. ئېگىلگەك نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ئەگرى بولىدۇ. ئەگرىلىك دېگەن يامانلىقنىڭ ئۇرۇقى، مېنىڭ ئادىتىم ئېگىلمەستۇر. دۇرۇس نەرسىلەر ئېگىلىدىغان بولسا قىيامەتنىڭ قايىم بولغانلىقى شۇ. مەن ئىشلارنى ئادىللىق بىلەن بېجىرىمەن، كىشىلەرنى يۇقىرى، تۆۋەن دەپ ھەرگىز ئايرىمايمەن. قولۇمدىكى بۇ خەنجەر كېسىش قورالىدۇر. مەنمۇ ئالدىمغا ئادالەت تىلەپ كەلگەنلەرنىڭ ئىشىنى پىچاقتەك كېسىپ-كېسىپ قىلىپ بېرىمەن، ئۇلارنى ھەرگىز ساقلاتمايمەن. زۇلۇم چەككەن بىرى ئادالەت تەلەپ قىلىپ ئالدىمغا كىرسە، چىرايى ئېچىلىپ، شېكەر يېگەندەك لەززەت بىلەن قايتىدۇ، ئوڭ يېنىمدا تۇرغان شېكەرنىڭ مەنىسى شۇ. سول يېنىمدا قويۇلغان زەھەر شۇنداقلاللىغان ھۆكۈمىمدىن ئۇلار زەھەر ئىچكەندەك بولىدۇ. بەشىرەمنىڭ تۇتۇلۇشى، قاپىقىمنىڭ تۈرۈلۈشى زۇلۇم قىلغۇچى زوراۋانغا بولغان يۈزسىزلىكىمنىڭ، رەھىمسىزلىكىمنىڭ ئىپادىسى. ھۆكۈم ۋاقتىدا ھەرگىزمۇ ئىككى خىيال بولمايمەن. چۈنكى، قانۇن ئالدىدا ئوغلۇم بولسۇن، يېقىن تۇغقىنىم بولسۇن، يولۇچى، مۇساپىر بولسۇن، مېھمىنىم بولسۇن ھەممىسى باراۋەر. لەتنىڭ ئاساسى ئادالەت. بەگلەر ئادىل بولسا ئاندىن ھاياتلىق بولىدۇ. ئاقىل كىشىلەر شۇنداق دېگەن: «دۆلەتنىڭ ئۇلى ئادالەت ئۈستىگە قۇرۇلغان، ئادالەت يولى — بەگلىكنىڭ ئاساسى. شۇڭا، قانۇننىڭ تۈۋرۈكى بولغان بەگ ئادالەت بىلەن ئەلگە ھۆكۈمرانلىق قىلسا،

ئاندىن تىلەك-ئارزۇسىغا يېتەلەيدۇ.»

ئايتولدى كۈنتۇغدى ئىلىگتىن سورىدى:

— ئەي بەختلىك ئىلىگ، ئېتىڭ نېمە ئۈچۈن «كۈنتۇغدى» دەپ قويۇلدى؟

كۈنتۇغدى ئىلىگ شۇنداق جاۋاب بەردى:

— ئالىملار مېنىڭ ئادەتلىرىمنى كۈنگە ئوخشىتىپ ماڭا «كۈنتۇغدى» دەپ ئات قويغان. بىرىنچىدىن، كۈن دائىم تولۇپ تۇرىدۇ، كېچىكلەپ كەتمەيدۇ، يورۇقىمۇ ئازلاپ قالمايدۇ. مېنىڭ ئادىتىممۇ كۈنگە ئوخشاش ئادالەت بىلەن پارلاپ تۇرىدۇ، ھەرگىز ئۆكسۈپ قالمايدۇ. ئىككىنچىدىن، قۇياش كۆتۈرۈلسە پۈتۈن جاھاننى بىردەك يورۇتىدۇ، پارچە جانلىقلار ئۇنىڭدىن نۇر ئالىدۇ، لېكىن نۇرى ئازلاپ قالمايدۇ. مېنىڭمۇ قانۇنىيىتىم شۇنداق، بارچە ئاۋام ئۈچۈن ئادالەت نۇرۇمنى تەكشى چاچىمەن، لېكىن يوقىلىپ كەتمەيمەن. ئۈچىنچىدىن، كۈن چىققاندا زېمىن ئىللىيدۇ، تۈمەن مىڭ خىل گۈل-چېچەكلەر ئېچىلىپ، زېمىن يۈزىنى گۈلىستانلىققا ئايلاندۇرىدۇ. مېنىڭ قانۇنۇممۇ شۇنداق، قايسى ئەلگە يېتىپ بارسا، ئۇ ئەل ھەر قانچە قورام تاشلىق بولسىمۇ ئاۋاتلىشىپ كېتىدۇ. كۈننىڭ يەنە بىر ئادىتى شۇكى، ئۇ پاكىز ۋە مەينەت دەپ ئايرىماي، ھەممىگە ئوخشاش يورۇقلۇق بېرىدۇ. مېنىڭ ئادىتىممۇ ئوخشاش. مەندىن ھەممىگە بىردەك ئۈلۈش تېگىدۇ. قۇياش دېگەن ئارسلان بۇرجىدا بولىدۇ. بۇ بۇرج تەۋرەنمەيدۇ، ئۆزگەرمەيدۇ، ئاساسى مۇستەھكەم بولغاچقا ئۆيىمۇ بۇزۇلماستۇر. مېنىڭ قىلىقىم، تۇرقۇممۇ شۇنداق. ئورنۇم مۇستەھكەم، يورۇقۇم تۈگىمەستۇر.

— ئەي ئادالەت ساھىبى، سەلتەنەت شۆھرىتىڭ جاھانغا يېيىلسۇن، — دەپ ھاياجاندا سۆز ئاچتى ئايتولدى، — مەنمۇ ئۇزۇن يوللارنى بېسىپ، سەپەر مۇشەققەتلىرىنى تارتىپ، سېنى سېغىنىپ كەلگەن ئىدىم. ئاشۇنداق پەزىلەتلىرىڭ بولغانلىقى

ئۈچۈن خىزمىتىڭدە بولۇشنى ئۈمىد قىلغان ئىدىم. ئەمدى كۆڭلۈم تىندى. ئالىيلىرى ئېيتقىن، مەن ساڭا قانداق خىزمەتلەرنى قىلىپ بېرىشىم كېرەك. ئالىيلىرىنى خۇشال قىلىدىغان ئىش قايسىكىن، قىلغان خىزمەت بەگنىڭ كۆڭلىدىكىدەك بولمىسا، قانچە مۇشەققەت چەككەن بىلەنمۇ ئېتىبارغا ئېرىشكىلى بولمايدۇ. بۇ توغرىدا كۆڭۈلدىكىدەك خىزمەت قىلىپ يۇقىرى مەرتىۋىگە ئېرىشكەن داڭلىق ئىلى خادىمى شۇنداق دېگەن: «خادىم بولغان كىشى بەگ ئىشىغا بەل باغلىغان بولسا، بەگنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى كېرەك. بەگ رازى بولسا ئاندىن بەخت ئىشىكى ئېچىلىدۇ. ئۆز خىزمىتىنى بىلىپ قىلالىغان خادىمنىڭ ئورنى تۆردە بولىدۇ، خىزمىتىنى بىلىپ قىلالمىسا تۆردىن پەگاغا چۈشىدۇ. خىزمەت بىلەن بېگىنى سۆيۈندۈرگەندە قۇلنىڭ قەدىر-قىممىتى ئۆسىدۇ.»

— سۆزلىرىڭنى چۈشەندىم، — دېدى كۈنتۇغدى ئىلىگ، — مەن ساڭا ئۆزۈم ياقتۇرمايدىغان يارامسىز ئىشلارنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ قوياي. مەن ئۆچ كۆرىدىغان ئەڭ يارىماس ئىشنىڭ بىرى يالغانچىلىق بىلەن كاززاپلىق. ئۇنىڭدىن قالسا، ئاچ كۆزلۈك، تەمەخورلۇق، ئالدىراڭغۇلۇق، نومۇسسىزلىق، تېرىككەكلىك، ئاچچىقى يامانلىق، قولى ئەگرىلىك، مەيخورلۇق قاتارلىق ئىشلار ماڭا قەتئىي يارىمايدۇ. مەن ئۈچۈن ياراملىق خىزمەت قىلىمەن دەيدىكەنسەن، يۇقىرىقى يامانلىقلاردىن يىراق ياشا، شۇندىلا ماڭا يېقىن تۇرالايسەن ۋە قەدىرلىشىمگە مۇيەسسەر بولالايسەن.

— ئالىيلىرى، بۇلارنى چۈشەندىم، — دېدى ئايتولدى، — سورىۋالىدىغان يەنە بىر ئىش بار ئىدى، بۇنىمۇ ئېيتىپ بەرگەن بولساڭ، ياخشىلىق دېگەن نېمە، ئۇ قايسى خىلدا بولىدۇ، ياخشىلىقنىڭ تەبىئىتى قانداق بولىدۇ؟

— ھەقىقىي ياخشىلىقنىڭ تەبىئىتى شۇنداق بولىدۇكى، —

دېدى ئىلىگ، — ئۆز ئېلى ۋە خەلقىگە كۆپ مەنپەئەت يەتكۈزىدۇ، لېكىن مىننەت قىلمايدۇ. ئۆز مەنپەئىتى ئۈچۈن چوغ تارتماي، باشقىلارنىڭ مەپەئىتىنى ئويلايدۇ، لېكىن يەتكۈزگەن نېپى ئۈچۈن بەدەل كۆزلىمەيدۇ.

هەي، ئەل سۆيگەن دانا يىگىت، ئەل خىزمىتىنى قىلىدىكەنسەن، پۈتۈن سۆز-هەرىكىتىڭ بىلەن خەلقىڭگە ياخشىلىق يولىنى تۇت. هاياتلىق خۇددى چۈشكە ئوخشايدۇ. يىگىتلىكىڭ تېزلا ئۆتۈپ كېتىدۇ، هايات شامىڭمۇ تېزلا ئۆچۈپ تۈگەيدۇ. هاياتىنىڭ سەرمايىسى ياخشىلىق بولىدۇر. ئۇ، ئۇ دۇنيا ۋە بۇ دۇنيا ئۈچۈن ئەڭ ياخشى غىزا ۋە لىباستۇر. شۇڭا ياخشى كىشىلەر: ماڭغان، تۇرغان جانلىقلارنىڭ هەممىسى ئۆلىدۇ. كۆردۈڭمۇ، بۇ جاهانغا تۆرەلگەن قانداق ئەركەك بولسۇن، ئۇ بەگ ياكى قۇل بولسۇن، ياخشى ياكى يامان بولسۇن بىر ئازلا ياشىدى-دە، ئاخىرى ئۆلدى، ئۇنىڭ نام-نىشانىلا قالدى. ئەمدى بۇ نۆۋەت ساڭىمۇ كېلىدۇ. شۇڭا، ئەڭ بۇرۇن ياخشىلىقنى تاللا، ئادەم ئاخىرى ئۆلۈپ ئورنى يەرلىك بولىدۇ. ياخشىلىق بىلەن ئۆتسەڭ نامىڭ مەڭگۈ خاتىرلىنىدۇ. كىشىلەرنىڭ ئاغزىدا ئىككىلا ئاتاش بولىدۇ: بىرى، ياخشى نام، يەنە بىرى، يامان نام. ياخشىلار ماختىلىدۇ، يامانلار سۆكۈلىدۇ. نېمە ئۈچۈن زەهھاك[①] سۆكۈلدى، فەرىدۇن[②] ماختىلىپ بەختكە ئېرىشتى؟ بىرى ياخشى ئىدى، ئۇنى ماختىدى. بىرى ئەسكى ئىدى، ئۇنى قاغىدى. سەن قايسىنى خوپ كۆرسەن، ماختىلىشنىمۇ ياكى تىل-هاقارەتنىمۇ؟ قايسىنى تاللاش ئۆز ئىلكىڭدە، لېكىن كېيىن ئۆكۈنمەيدىغان بولساڭلا بولدى.

ئەل-يۇرتنىڭ ئىشىنى بىلىدىغان بىر تەجرىبىلىك كىشى: ئادەم ياخشى نام بىلەن ئالقىش تاپار، يامان نام بىلەن ئۆلگەنگە قارغىش

---

① زەهھاك — ئىراننىڭ رىۋايەت دەۋرىدىكى پىشدادىيان سۇلالىسىنىڭ 5-پادشاهى. ئۇ ئۆز زالىملىقى بىلەن داڭق چىقارغان.

② فەرىدۇن — ئىراننىڭ رىۋايەت دەۋرىدىكى پىشدادىيان سۇلالىسىنىڭ 6-پادشاهى. ئۇ مال-دۇنياسىنىڭ كۆپلۈكى ۋە ئادالەتپەرۋەرلىكى بىلەن ياخشى نام قالدۇرغان.

ياغار، دېگەنىدى.

مەن يامانلىق بىلەن ياشىغانلارنى كۆپ كۆرۈپ سىنىدىم، ئۇلارنىڭ ئىشى ھەرگىز ئىلگىرى باسمىدى، كۈنلەر ئۆتكەنسېرى كۈچىدىنمۇ قالدى. يامانلىق خۇددى ئوتقا ئوخشايدۇ، ئۇ ئۆزۈڭنى ھەم ئۆزگىنى تەڭ كۆيدۈرىدۇ. يامانلىق سېنىڭ يولۇڭدىكى تۇزاقكى، ئۆتۈشكە ھەرگىز يول تاپالمايسەن.

كۆرۈۋاتىسەن، بىزدىن بۇرۇن ئۆتكەنلەردىن جاھان سورىغان بەگلەر ۋە ئاۋام-پۇقرا بولسۇن، ئۇلارنىڭ قايسىسى بىلىم ئىگىسى بولغان بولسا، شۇ زاماننىڭ ئىگىسى بولۇپ ئۆتتى. جاھان بەگلىرىدىن قايسىسى بىلىمدە كامالەتكە يەتكەن بولسا، ياخشى قانۇن تۈزۈپ، دۇنيانىڭ ساھىبى بولدى. تۈرك تارىخىدا ئۆتكەن بەگلەرگە نەزەر سالىدىغان بولساق، ئۇلار جاھان بەگلىرى ئىچىدە ئەڭ سەرخىللىرى ئىدى. نامى تېخىمۇ مەشھۇر بولغىنى تۇڭا ئالىپ ئەر①. ئۇ ئىنتايىن بىلىملىك، ئەقىل-پاراسەتلىك ۋە ياراملىق، جەسۇر، خەلقىنىڭ ياراملىق باھادىر ئوغلانى ئىدى. ئۇ شۇنداق زېرەك بولغانلىقى ئۈچۈن جاھان سوراپ ئىللاردا داستان بولدى. تاجىكلار ئۇنى ئەفراسىياپ دەپ ئاتايدۇ. مانا شۇ ئەفراسىياپ كۆپ ئەللەرنى تەسەررۇپ ئاستىغا كىرگۈزگەن ئىدى. جاھان سوراش ئۈچۈن مانا شۇنداق پەزىلەت، ئەقىل ۋە بىلىم كېرەك، شۇندىلا جاھان سوراشقا قول سۇنسا بولىدۇ. تاجىك ئالىملىرى ئەفراسىياپ ھەققىدە ئۆز كىتابلىرىدا كۆپلىگەن خاتىرىلەرنى قالدۇرغان، بولمىسا بۇ تارىختىن قانداق ۋاقىپ بولالايتتۇق؟!

بۈگۈنمۇ شۇنداق، كىمكى ياخشىلىق بىلەن نام قازانغان بولسا ياخشىلارغا شۇلار باش بولىدۇ. كىم بىلىمگە يېقىن، ئاقىل خاقان بولسا، ئۇ بىلىملىكلەرنى ئۆزىگە يېقىن تۇتىدۇ. چۈنكى، ئۇ

① تۇڭا ئالىپ ئەر — قەدىمكى تۇران پادىشاھى بولۇپ، ئىراننىڭ رىۋايەت دەۋرىدىكى پىشدادىيان سۇلالىسى پادىشاھلىرى بىلەن كۆپلىگەن جەڭلەرنى قىلغان. قاراخانىيلار پادىشاھلىرىنىڭ ھەممىسى ئۆز نەسەبلىرىنى ئۇنىڭغا باغلايدۇ.

قىلىۋاتقان ئىشنى بىلىپ قىلىدۇ، ئەلنى توغرا يولغا باشلىيالايدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئەل بېيىيدۇ. ئەلنىڭ بايلىقى ئۆزى ئۈچۈنمۇ مۇستەھكەم قورغان بولىدۇ. ئۆلۈشنى ئويلىيالىغانلار ھاياتلىقنىڭ نىشانىنى كىتابقا پۈتۈپ قويۇشتى. بۈگۈن ئۇنى كىم ئوقۇسا ئۇلاردىن ئىبرەت ئالىدۇ. ئۇنىڭ ھېكمىتى بىلەن ئۇلار ياخشىلىق يولىغا ماڭىدۇ.

ھەي ئوغۇل، ياخشىلىقنىڭ يەنە بىر دەسمايىسى تىلدۇر، گۈزەللىكمۇ تىل بىلەن. تۈركچە بىر مەسەلدە شۇنداق دېگەن: «ئەقىل كۆركى تىلدۇر، بۇ تىل كۆركى سۆز. كىشى كۆركى يۈزدۇر، بۇ يۈز كۆركى كۆز.» بىلگىنكى، ئىنسان مەقسىتىنى تىلى بىلەن ئىپادىلەيدۇ، تىلى ياخشى بولسا يۈزى يورۇق بولىدۇ.

— تولۇق چۈشەندىم ئالىيلىرى، — دېدى كۈنتۇغدى ئىلىگنىڭ ياخشىلىق ھەققىدىكى تەپسىلىي بايانىنى-ئاڭلىغان ئايتولدى، — يەنە بىر سوئالىم بار، دۇرۇسلۇق دېگەن قانداق بولىدۇ، دۇرۇسلۇق يولى قايسى؟ ھاياتنى توغرىلىق، دۇرۇسلۇق بىلەن ئۆتكۈزگەننىڭ خاسىيىتى نېمە؟ قانداق قىلغاندا دۇرۇسلۇقنىڭ ئۇلىنى پۇختا قۇرغىلى بولىدۇ؟

— ھەقىقىي، دۇرۇس ئەر شۇكى، — دېدى كۈنتۇغدى ئىلىگ، — ئۇنىڭ تىلى بىلەن دىلى، ئىچى بىلەن تېشى بىردەك بولىدۇ. دۇرۇس ئادەم ئەل ئارىسىدا يۈرىكىنى ئالىقىنىغا ئېلىپ، ئۇياتماي يۈرەلەيدۇ. دۇرۇسلۇق ھەقىقىي ئادىمىيلىكنىڭ بەلگىسى، ئۇ ھەم بەختنىڭ ئۇلى. دۇنيادا ئادەم ئاز ئەمەس، ئادىمىيلىك ئاز، ئىنسان ئاز ئەمەس، دۇرۇسلۇق ئاز. شۇڭا بىر شائىر مۇنداق دېگەن:

مېڭىپ يۈرگەن ئىنسان بەكمۇ كۆپ ئېرۇر،
دۇرۇس، چىن، پۈتۈن ئەر ماڭا خوپ ئېرۇر.

كىشى قىس ئەمەستۇر، كىشىلىك قىس ئۇل،
دۇرۇس، چىن كىشى ئۇ، تولا ماختىلۇر.

— ئالىيلىرى، ئەمدى ماڭا مۇنۇ ئىشنىڭ سىرىنى يېشىپ بەرگەن بولساڭ، — دېدى ئايتولدى ئىلىگنىڭ ئالدىغا تېخىمۇ نازۇك سوئال تاشلاپ، — ياخشى ئادەمنىڭ يامانغا ئۆزگىرىپ كېتىشى، يامان ئادەملەرنىڭ ياخشىلىق ئىزىنى بېسىشى مۇمكىنمۇ؟

كۈنتۇغدى ئىلىگ بۇ سوئالنىڭ تۈگۈنىنى مۇنداق يەشتى:

— ياخشى ئادەم ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ. بىر خىلى ئانىدىن تۇغۇلۇشىدىنلا ياخشى بولۇپ تۇغۇلىدۇ، ئۇنداق ئادەم ئۆمۈر بويى دۇرۇسلۇق بىلەن ياشايدۇ. يەنە بىر خىلى ياخشىلارنى دوراپ، ئۇلاردىن ئۆگىنىپ ياخشى يولغا كىرىدۇ. ئۇنداق كىشىلەر يامانغا ئارىلىشىپ قالسا، يامان يولغا كىرىپ كېتىدۇ. يامان ئادەممۇ ئىككى خىل بولىدۇ. بىر خىلى تۇغما يامان ئادەم، ئۇنداق ئادەمنىڭ كىرىنى ئۆلمىگىچە ئېرىغدىغىلى بولمايدۇ. يەنە بىر خىلى باشقىلارنى دورىماق بىلەن يامان يولغا كىرىپ قالغانلار. بۇ كىشىلەر ياخشىلارغا قوشۇلسا ياخشىلىنىپ كېتىدۇ. تۇغما ياخشى ئادەمدىن ئەلگە نۇسرەت ياغىدۇ، تۇغما ياماندىن ئەلگە ئاپەت ياغىدۇ. ئۇنداق ئادەمنى تۈزەيدىغان داۋا يوق. بۇ مەنە بىر تۈرك ماقالىدا مۇنداق يېشىلگەن: «ئاق سۈت بىلەن كىرگەن خۇي، ئۆلۈم كەلمىگىچە ئۆزگەرمەس.» شۇڭا، ياخشى كىشىلەر يامان كىشىلەرگە ھەمراھ بولسا، ئۇنىڭ ئىشلىرىمۇ يامانلىققا يۈزلىنىدۇ. ئەگەر يامانلار ياخشىلارغا قېتىلسا، ياخشىلىق ئۇچۇن چىراغقا ئىگە بولىدۇ. يۇقىرىقىلاردىن باشقا يەنە بىر مۇھىم سەۋەبمۇ بار. ياخشى بىلەن يامانىنى ياراشتۇرۇش ئارقىلىقمۇ ياخشىلىق ئىزىغا سالغىلى بولىدۇ. بەگلەر ياخشى بولسا، پۈتۈن ئاۋامنىڭ قىلىقلىرى ئۈز، يۈرۈشلىرىمۇ ئەدەپلىك بولىدۇ. بەگ

ئۆزىگە ياخشىلارنى يېقىن تۇتسا، يامانلارمۇ ئىشنى ياخشى قىلىشقا تىرىشىدۇ. ئەگەر بەگلەر يامانلارغا يېقىن بولىدىكەن، يامانلارنىڭ كۈنى تۇغىدۇ. يامانلار باش كۆتۈرىدىكەن ياخشىلارغا كۈن يوق. بەگلەر يامانلىق يولىنى تۇتمىسىلا يامانلارنىڭ يۈزى ھەرگىز كۈلمەيدۇ. بەگنىڭ ياخشىلىقى بىلەن يامانلار تۈزىلىدۇ، ئەل بېيىپ، جاھان گۈللىنىدۇ.

— چۈشەندىم ئالىيلىرى، سۆزنىڭ توغرىسىنى ئېيتتىڭ، — دېدى ئايتولدى سوئالىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — ياخشى كىشىلەرنى ھەممە ئادەم ياخشى دەپ قەدىرلەيدىكەن ھەم ياخشىلارنى ئارزۇ قىلىدىكەن، بىراق ياخشىلىققا قانداق ئېرىشكىلى بولىدۇ؟

— ياخشىلىق — ئەڭ ئېسىل پەزىلەتنىڭ ئېتى. ئۇنى ئېسىل ئادەملەرلا ئارزۇ قىلىدۇ. دۇنيادا نېمە ئېسىل بولسا ئۇ قىممەتلىك بولىدۇ. قىممەتلىك ئېسىل نەرسىگە كۆپ مۇشەققەت چەكمىگىچە ئېرىشكىلى بولمايدۇ. ئەڭ قەدىرسىز نەرسە يامانلىق، شۇڭا، ئۇنىڭ ئورنى خارلىق توپىسىدۇر. ياخشىلىق يۇقىرى ئۆرلىگەندەك مۇشكۈل، يامانلىق تۆۋەن چۈشكەندەك ئاساندۇر.

— ئەي بەختلىك ئالىيلىرى، ياخشىلىقنىڭ نامى شۇنچىلىك ئەزىزلىنىدىكەن، ئۇنىڭ ئاقىللار بايقىيالىغىدەك، تىلغا ئالغۇچىلىك بىرەر قۇسۇرىمۇ بارمۇ؟ — دەپ سورىدى ئايتولدى يەنە.

— ياخشى مەڭگۈ ماختاشقا سازاۋەردۇر، — دېدى كۈنتۇغدى ئېلىگ، — لېكىن، يامانلار ئارىسىدا ياخشىلىق ئەيىب سانىلىدۇ. بىلگىنكى، كىشى بىلەن ھامان بىر-بىرى بىلەن يېقىنلىق قىلىشىدۇ، يامانلار بولمىسا، ياخشىلارغا ئىش بولماس ئىدى. ياخشىلار ئارىسىدا يامانلىق ھەر دائىم پەس كۆرۈنىدۇ، ھاقارەتلىنىدۇ. شۇڭا، يامانلار ياخشىلارغا قەست قىلىپ، ئۇلارغا كۈن بەرمەسلىكنى ئويلايدۇ. ياخشىلار بار يەردە يامانغا كۈن يوق ئەمەسمۇ؟! شۇڭا، ياخشىلىق ئىزدىگەن ھاياتنى ياخشىلىققا

دەسمايە قىلىشى، ھەرگىز بۈگۈنلۈك خۇشاللىقى ئۈچۈن پەسلىككە بېرىلمەسلىكى لازىم. بۈگۈن سېنى ھۇزۇرلاندۇرۇپ، ياخشىدەك تۇيۇلىدىغان نەرسىلەر ئاقىۋەت ساڭا خارلىق ئېلىپ كېلىشى مۇمكىن. بۈگۈن سېنى جاپادا قويۇپ، ياماندەك كۆرۈنگەن نەرسىلەر ئەتە سېنى ھۇزۇرغا چۆمدۈرۈشى مۇمكىن. بۇنى شۇنداق پەم قىلالايمىزكى، ياخشىلىق ئوڭ بولسا، يامانلىق سولدۇر. جەننەت ئوڭدا، جەھەننەم سولدىدۇر. ئەي ئايتولدى، بۇ ھەقىقەتنى بىلىۋالغىن.

دۇرۇس، توغرا ئەرلەر ياخشىلارغا ئەقىدە قىلىپ، شۇنداق دېگەن: «ئەي ياخشى كىشى، بىرەرسى سېنى خارلىسا مېنىڭ يېنىمغا كەلگىن، مانا مەن سېنى ئىزدەۋاتىمەن. ياخشىلارغا دۇنيادا كىممۇ تويۇنغان؟! ماڭا كەلگىن، مەن ساڭا ئاچ.» يەنە بىر شائىرمۇ: ياخشىلىق قىلغۇچى، ياخشىلىق ئۈچۈن ھەرگىز ئۆكۈنمە، ئۆكۈنىدىغىنى يامانلىق قىلغۇچى. يامانلارغا مۇمكىن قەدەر ياخشىلىق قىل، ئۇلار يامانلىق قىلسا ئۆزىگە قىلىدۇ. يامانلار ياخشى دەپ ماختىغاننى يامان دەپ بىلگۈلۈك، يامان دەپ قارىلىغاننى بولسا ياخشى بىلىپ ئۆزىگە تارتقۇلۇق. مانا بۇ مېنىڭ ساڭا بېرىدىغان جاۋابىم.

ئايتولدى كۈنتۇغدى ئىلىگنىڭ ھەقىقەت، پاراسەت، ئادالەت ئۇرغۇپ تۇرغان دانا جاۋابىنى ئاڭلاپ باش ئۇرۇپ ئېھتىرام بىلدۈرگەندىن كېيىن، ئورنىدىن تۇرۇپ شۇنداق دېدى:

— ئەي ياخشى قانۇننىڭ ساھىبى، كۈچ-قۇدرىتىڭ دۇنيانى ئىگىلىدى. ئۆمرۈڭ ئۇزۇن بولسۇن، بەگلىك سەلتەنىتىڭ بۇزۇلمىسۇن، ياخشىلىق ھۇزۇرىدا بېشىڭ ئامان بولسۇن. ئۇلۇغلۇقىڭ بىلەن كۆپ ئەللەرنىڭ باشپاناھى بول. بەگلىكىڭنىڭ ئۇلى قۇدرەت-كامالىتىڭ بىلەن تېخىمۇ مۇستەھكەم بولسۇن. بارلىق خۇشاللىق ئائىلىلىرىڭغا مۇجەسسەم بولسۇن، دۈشمەنلىرىڭ ئەلەم ئىچىدە قان قۇسۇپ ئۆلسۇن. ئارزۇلىرىڭ قۇرىماس

ئېقىندەك ئۆزۈلمەي ئېقىـــپ تۇرسۇن. بەخت، دۆلەت مەڭگۇ قېرىماس سادىق خادىمدەك ئىشلەك ئالدىڭدا مەڭگۇ ئۆكسۈمىسۇن. ئالىيلىرى، سىزنىڭ ھۇزۇرۇڭدا خىزمەت قىلىشىڭىز ئۆزى بىر بەخت. ھالال خىزمەت بىلەن بەخت تاپقان كىشىلەرمۇ: «خىزمەت قىلساڭ ئەقىدەڭنى بىلگىدەك خاننىڭ خىزمىتىنــــى قـــــل، سېخىيلارنىڭ خىزمىتىدە بول. بېخىللار ئۇچۇن ئۆلگۈچە خىزمەت قىلساڭمۇ ھەرگىز ياخشى بولالمايسەن. بېخىل ئۆزىنىڭ مېلىدىن ئۆزى قىزغىنىدىغان تۇرسا، قاچان كىشىنىڭ ھەققىنى ئادا قىلىپ باققان؟ ! » دېيىشكەن.

*　　*　　*

ئايتولدى كۈنتۇغدى ئىلىگ بىلەن بولغان بۇ ئەھمىيەتلىك ۋە قىممەتلىك سۆھبەتتىن كېيىن خۇشال ھالدا ئۆيىگە قايتىـــپ كەلدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۇ سەھەر تۇرۇپ، كەچ يېتىپ شۇنداق بەجانىدىل خىزمەتكە كىرىشىپ كەتتىكى، ئۇنىڭ ھەققىي كۆيۈنۈپ قىلغان قۇسۇرسىز ئىشىدىن كۈنتۇغدى ئىلىگ ئىنتايىن رازى ئىدى. ئۇ ئايتولدىنى ئۆزىگە يېقىن تۇتۇپ، ئۇنىڭ بىلەن يېقىن سىرداشلاردىن بولۇپ قالدى. شۇ تەرىقىدە خېلى ۋاقىت ئۆتۈپ كەتتى. ئايتولدى يەنىلا ئۇتۇقلۇق خىزمەتلىرى بىلەن يۈزنى يورۇق قىلماقتا ئىدى.

## بەشىنچى باب

# ئايتولدىنىڭ كۈنتۇغدى ئېلىگكە تىلنىڭ پەزىلىتى بىلەن قۇسۇرىنى، سۆزنىڭ پايدىسى بىلەن زىيىنىنى بايان قىلغانلىقى

بىر كۈنى، كۈنتۇغدى ئېلىگ ئايتولدىنى چاقىرتىپ كىردى ۋە ئادىتى بويىچە ئىشارەت بىلەن ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. ئايتولدى ئاستا كېلىپ زۇۋان سۇرمەي يەرگە قاراپ ئولتۇردى.

— ئايتولدى، قېنى گەپ قىلمامسەن؟ — دېدى كۈنتۇغدى ئېلىگ ئاردىكى جىملىقنى بۇزۇپ، — نېمە بولدۇڭ، نېمىشقا شۇك ئولتۇرىسەن؟

— ئەي بەگلەرنىڭ بېگى، — دەپ جاۋاب بەردى ئايتولدى، — «قۇل بەگنىڭ يۈزىنى كۆرگەندە ئۆڭى ئۆچەر» دېگەن گەپ بار. ئالىملىرى ئىجازەت بەرمەي تۇرۇپ سۆزلەشكە نېمە هەددىم. گەپ سورالماستىن ئاۋۋال قانداقمۇ سۆز ئاچاي. بىلىملىك كىشىلەر: «سورالماستىن ئاۋۋال سۆزلىمە، كىم چاقىرغان بولسا شۇ ئاۋۋال سۆزلىسۇن. كىم گەپ سورالماي تۇرۇپلا سۆزگە كىرىشسە ئۇنى هايۋان دېسە بولىدۇ» دېيىشكەن. ئېسەنلىكنى تىلىگەن ئادەم تىلنى مەهكەم تۇتۇشى كېرەك، بولمىسا بۇ قىزىل تىل ئۆمۈرنى كالتە قىلىدۇ. قىزىل تىل قارا باشنىڭ دۈشمىنى، ئۇ كۆپلىگەن باشلانى يېدى، يەنە يەيدۇ. باشنىڭ ئامانلىقى ئۈچۈن تىلنى ئوبدان كۆزىتىش لازىم، ئالىملىرى.

— سۆزلىرىڭنى تولۇق ئۇقتۇم، — دېدى كۈنتۇغدى ئىلىگ، — تىرىك ئادەم سۆزلىمەي مۇمكىنمۇ، پەقەت مۇنداق ئىككى ئادەم سۆزلىيەلمەيدۇ. بىرى گاچا، يەنە بىرى بىلىمسىز. گاچىنىڭ تىلى يوق، سۆزلىيەلمەيدۇ، نادانىنىڭ تىلى سۆز ساقلىيالمايدۇ. شۇڭا، نادان تىلغا ھاكىم بولۇشى، بىلىملىك سۆزگە ئەركىن بولۇشى لازىم. بىلىملىك ئادەمنىڭ سۆزى خۇددى ئاقار بۇلاققا ئوخشاش كەملەپ كەتمەيدۇ. يەرگە سۇ قۇيسا نېمەتلەر ئۇنگەنگە ئوخشاش بىلىملىكلەرنىڭ سۆزى ھاياتقا ئۇمىد ئېلىپ كېلىدۇ. بىلىمسىز، نادان كىشىنىڭ كۆڭلى خۇددى قۇم باسقان دالىدەك دەريا كىرسىمۇ تولمايدۇ، گىياھمۇ ئۇنمەيدۇ.

— ئالىيلىرى، ئۆزۈڭگە ئايان، — دېدى ئايتولدى جاۋابەن، — يامان سۆز باشنىڭ دۈشمىنى. راست، تىرىكلىكتە ئادەم لازىم تېپىلغاندا سۆزلىمەيمۇ بولمايدۇ. بىراق، سورالغاندا ئۆز لايىقىدا جاۋاب بەرگەن ياخشى، سورالمىسا ئېغىز ئاچماسلىق كېرەك. سورىماقلىقنى ئەركەك دېسەك، ئۇنى چۈشىنىپ جايىدا جاۋاب بېرىشنى چىشى دېسەك بولىدۇ. چىشىغا بىر ئەركەك قوشۇلغاندىن كېيىن ئوغۇل دۇنياغا كۆز ئاچىدۇ.

— چۈشەندىم، سۆزلىرىڭ توغرا، — دېدى ئىلىگ، — ئەگەر ئىنسان يېڭىلىشىپ قېلىشتىن قورقۇپ سۆزلىمىسە، كۆڭلىدىكى نۇرغۇن پايدىلىق سۆزلەر ئىچىدە يوشۇرۇنۇپ قالىدۇ. ئېيتقىنا، ئۇنداق بولسا تىلنىڭ پايدىسى نەدە؟

— ئەگەر تىلىم سۆزلەشنى بىلسىلا تىلدا پايدا كۆپ، — دەپ جاۋاب بەردى ئايتولدى، — بىلگىنكى، تىل — بىلىم ۋە ئەقىلنىڭ تەرجىمانىدۇر. روشەن تىل كىشىنى يورۇتقۇچىدۇر. ئادەم تىلنىڭ خاسىيىتى بىلەن قەدىر-قىممەتكە ۋە بەختكە ئېرىشىدۇ. تۇغۇلغان ئۆلۈپ كېتىدۇ، ياخشى سۆزنىڭ خاسىيىتىدىن مەڭگۈلۈك بولۇپ قالىدۇ. ئەر ئىككى ئىشنىڭ خاسىيىتىدىن مەڭگۈ قېرىمايدۇ. بىرى، ياخشى ئەمەل، يەنە بىرى، ياخشى سۆز. كۆرمىدىڭمۇ،

كۆپلىگەن ئىنسانلار تۇغۇلۇپ بۇ دۇنيادىن ئۆتتى. پەقەت بىر قىسىم كىشىلەرنىڭلا ياخشى نامى بىلەن ياخشى سۆزى مەڭگۈلۈك بولۇپ قالدى. مەڭگۈلۈك هاياتلىقنى تىلىگەن ئادەم خۇي-پەيلى بىلەن سۆزىنى دۇرۇس قىلىشى لازىم. جايىدا ئېيتىلغان سۆز قۇلىنىمۇ يۇكسەلدۇرىدۇ. سۆزنىڭ خاسىيىتىدىن بوز يەردىكى ئادەم يېشىل كۆككە ئۆرلەپ، تۆرگە چىقالايدۇ. ئەگەر تىل ئورۇنلۇق سۆزلەشنى بىلمىسە، كۆكتىكى كىشىنى يەرگە ئۇرىدۇ. نادان ئادەملەر ئۇيدەك يەپ ئۆتسىلا شۇنىڭغا قانائەت قىلىدۇ، مەنىسىز سۆزگە گول بولۇپ ئۆزىنى سەمرىتىدۇ. بىلىم ئىگىلىرى بولسا جېنىنى سەمرىتىپ، تېنىنى جۇدىتىدۇ. تەننىڭ تەلەپ قىلىدىغىنى ئېغىزدىن كىرىدۇ، جان تەلەپ قىلىدىغان سۆز قۇلاقتىن كىرىدۇ. بىلىملىك ئادەمنىڭ ئىككى مۇهىم بەلگىسى بار. ئۇلار بىرى تىلغا، يەنە بىرى گالغا هاكىم. بۇ ئىككىسى ياخشى باشقۇرۇلسا پايدىسى دەريادەك بولىدۇ. بەگلەرگە دەل ئاشۇنداق تىلى بىلەن گېلىغا هاكىم بولالايدىغان ئادەملەر كېرەك.

— سوئالىمغا پاراسەت بىلەن جاۋاب بەردىڭ. ئەمدى ماڭا يامان سۆزنىڭ نېمىلىكى، ئۇنىڭ نېمە زىيىنى بارلىقى هەققىدە سۆزلەپ بەرگىن، — دېدى كۈنتۇغدى ئىلىگ.

— بىلىمسىز، نادان ئادەملەرنىڭ قۇرۇق گېپى ئەڭ يامان ۋە زىيانلىق. بۇنداق سۆز شۇڭا ئۇلارنىڭ بېشىغا چىقىدۇ. ئادەم يامان تىلىنىڭ كاساپىتىدىن خارلىققا يولۇقىدۇ. تىل بوسۇغىدا ياتقان ئارسلاندۇركى، هەزەر قىلمىسا باشنى يەيدۇ. تىلىنىڭ ئىتتىكلىكىدىن هەرەج تارتقان بىر ئەر مۇنداق دېگەن: «تىلىم ماڭا شۇنداق كۈلپەتلەرنى سالدىكى، ئەمدى بېشىم كەتمەستە تىلىمنى كېسەي.» بۇ سۆزدىن ئىبرەت ئېلىپ، باش كەتمەستە سۆزگە دىققەت قىلىش، چىش سۇنماستا تىلغا هاكىم بولۇش كېرەك. ئېسەنلىك ئىزدىگەن ئادەم تىلىدىن هەرگىز يارامسىز سۆزلەرنى چىقارماسلىقى لازىم. بىلىپ سۆزلىگەن سۆز بىلىم هېسابلىنىدۇ،

بىلمىسىزنىڭ سۆزى ئۆزىنىڭ بېشىنى يەيدۇ.

— سۆزلىرىڭنى ئۇقتۇم، ھەي بىلىمدار، — دېدى كۇنتۇغدى ئىلىگ، — ئەمدى ئېيتقىن، سۆزنىڭ ئەسلى ئورنى نەدە، ئۇ نەچچە تۈرلۈك بولىدۇ، سۆز قەيەردىن چىقىپ نەگە بارىدۇ، بىلىملىك ھېكىملەر نېمىنى دېيىش، نېمىنى دېمەسلىك ھەققىدە نېمىلەرنى دېگەن؟ بۇ توغرىدا سۆزلەپ باققىن.

— ئالىيلىرى، سۆزنىڭ ئورنى تېخى سىر، — دېدى ئايتولدى، — سۆز ئون بولسا، سۆزلەشكە لازىملىقى بىر، توققۇزى ياسالما سۆزدۇر. ياسالما سۆز تېگىدىن بەتبۇي بولىدۇ. شۇڭا، سۆز سانى ئون بولسا دېيىلىدىغىنى بىر بولۇشى لازىم. ئەڭ ياخشىسى كۆپ سۆزلىمەسلىك، تۈمەن سۆزنىڭ تۈگۈنىنى بىر سۆز بىلەن يېشىش كېرەك. كۆپ سۆزلىسە «مەمەدان» دەيدۇ، سۆزلىمىسە گاچا ئاتىلىدۇ. گەپ قىلماقچى بولغان ئادەم سۆزنى پاساھەتلىك قىلىشى، نادان قارىغۇلار ئۈچۈن كۆز بولۇشى لازىم.

كۇنتۇغدى ئىلىگ ئايتولدىدىن يەنە سورىدى:

— سۆزنىڭ كۆپ-ئازلىقىنىڭ ئۆلچىمى نېمە؟ بۇنى ماڭا ئۇچۇق ئېيت.

— سورالغاندا ئورۇنلۇق جاۋاب بېرىش ئاز سۆز ھېسابلىنىدۇ. ئورۇنسىز سۆزلەپ كۆڭۈلنى غەش قىلىش كۆپ سۆز ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا، كۆپ ئاڭلاپ، ئازراق سۆزلىگۈلۈك. سۆزلەش توغرا كەلگەندە ئەقىل بىلەن ئورۇنلۇق سۆزلىسە كۆپ ھېسابلانمايدۇ، — دېدى ئايتولدى.

— يەنە بىر سۆزۈم بار، مەندىن يوشۇرماي ئېيتقىن، — دەپ سورىدى ئىلىگ، — سۆزنى قانداق ئادەملەردىن ئاڭلاش، قانداق ئادەملەرگە دېيىش زۆرۈر؟

— بىلىم ئەھلىلىرىدىن ئاڭلاپ، بىلىمسىزلەرگە دېيىش، چوڭلاردىن لازىملىق سۆزلەرنى ئاڭلاپ، كىچىكلەرگە يەتكۈزۈش كېرەك. ئادەم كۆپ سۆزلەش بىلەن ئالىم بولالمايدۇ، كۆپ ئاڭلاش

بىلەن بىلىم تۆرىگە چىقىدۇ. ئادەم كىچىكىدىن بولىسىمۇ بىلىم ئالالايدۇ، ئەمما پاك بولسا بىلىمگە قولى يەتمەيدۇ، — دەپ جاۋاب بەردى ئايتولدى.

— ئۇنداق بولسا سۆزلىمەسلىك خوپمۇ ياكى سۆزلەشمۇ، كۆڭۈلدىكىنى دېيىش كېرەكمۇ، يوشۇرۇشمۇ؟ — دەپ سورىدى ئىلىگ.

— ھەي ئىلىم ئىگىسى، — دېدى ئايتولدى، — تىل سۆزلىمىسە بىلىمنى جايىدا ئىشلەتكىلى بولمايدۇ. تىلنىڭ ماختىلىدىغان تەرەپلىرىمۇ، سۆكۈلىدىغان تەرەپلىرىمۇ بار. مىدىرلاپ تۇرغان جانلىقلارنىڭ ھەممىسى خۇداغا تىلى بىلەن ئىمان ئېيتىدۇ. ئىنسان پۈتۈن ئالەمنى ياراتقان تەڭرىنى تىلى بىلەن مەدھىيىلەيدۇ. ۋۇجۇدى بار كىشىگە تىل بىلەن كۆڭۈل لازىم. كۆڭۈل بىلەن تىل ەۇرۇس سۆز ئۈچۈن يارىتىلغان. دۇرۇس سۆزلىسە دائىم ماختىلىدۇ. ئەگەر سۆز ئەگرى بولسا ئۆزىمۇ ئوتتا پۇچىلىنىدۇ. شۇڭا، تىل ئورۇنلۇق سۆز ئۈچۈن تەۋرىسۇن، سۆز ئەگرى بولسا تىلنى يوشۇرۇش دۇرۇس.

ئايتولدىنىڭ پاراسەت بىلەن تولغان يۇقىرىقى جاۋابلىرىنى ئاڭلىغان كۈنتۇغدى ئىلىگ ئىككى قولىنى كۆتۈرۈپ كۆككە تىكىلىپ، ئۇلۇغ ئاللاغا مىڭ قەترە شۈكۈر ئېيتتى. شۇنداق يارامىلىق ئادەمنى ئۆزىگە ياردەمچى قىلىپ يەتكۈزۈپ بەرگەنلىكى ئۈچۈن ئاللاغا سېغىنىپ دۇئالار قىلدى.

كۈنتۇغدى ئىلىگ ئاللاغا بولغان مىننەتدارلىق ھېسسىياتى بىلەن خەزىنىنى ئېچىپ، يوقسۇللارغا نۇرغۇن پۇل-مال تارقاتتى. ئايتولدىنى تېخىمۇ ئىززەتلەپ، قولى بىلەن ئېھسان قىلسا، تىلى بىلەن ماختايتتى. ئۇنىڭغا دۆلەتنىڭ ۋەزىرلىك ۋەزىپىسىنى بېرىپ، ئوردا تامغىسىنى قولىغا تۇتقۇزدى. يەنە ئايتولدىغا تۇغ، ناغرا ۋە ساۋۇتلارنى بېرىپ، ئەلدە قولىنى ئۇزۇن قىلدى. دانىشمەنلەرمۇ ئۇنىڭغا بويۇن ئېگىشكە مەجبۇر بولدى.

ئايتولدى بۇ ئىقبال دەۋرىنى غەنىيمەت بىلىپ، پۈتۈن ئىشقا مەسئۇل بولۇپ ئىشلىدى. خەلق بېيىپ، دۆلەت قۇدرەت تاپتى. قانۇن-تۈزۈم تېخىمۇ روناق تېپىپ، ئەل كۈندىن-كۈنگە گۈللەندى. شەھەر قۇرۇلۇشىمۇ كېڭىيىپ، بازارلار ئاۋاتلاشتى، خەزىنە ئالتۇن-كۈمۈشكە توشتى. ئىلىگمۇ خېلى ئارام تېپىپ قالدى. ئۇنىڭ نام-شۆھرىتى جاھانغا تارقىلىشقا باشلىدى. لېكىن، بىر خۇشاللىقنىڭ ئارقىسىدا يەنە بىر خاپىلىق بار دېگەندەك، كۈنتۇغدى ئىلىگ ئۆزى ۋە ئېلى ئۈچۈن زور يوقىتىشنىڭماراپ تۇرغانلىقىنى نەدىن ئۇقسۇن؟!

# ئالتىنچى باب

## بەختىنىڭ داۋامسىزلىقى، دۆلەتنىڭ تۇراقسىزلىقى

ئايتولدىنىڭ ئۇلۇغ ئارزۇ-تىلەكلىرى تازا پەرۋاز قىلىشقا باشلىغاندا، «تەل بولغاندا نېمەت، يوقار يېگۈچى» دېگەندەك بىۋاپا بەخت قېرىپ، تەن ساقلىق تۈۋرۈكى يىقىلدى. شۇنداق، ئۆرلىگەن چۈشىدۇ، چۈشكەنلەر چىقىدۇ. يورۇغان ئۆچىدۇ، ماڭغانلار توختايدۇ. ھەر قانداق بىر ئىش كامالەت تەلەپ قىلىدۇ، كامالەتكە يەتكەندە چۈشۈشكە يۈز تۇتىدۇ. ئالىملار بىلىپ: «تەل بولغاندا نېمەت، ئۆمۈر تۈگەرمىش» دېيىشكەن-دە. مانا ئايتولدىمۇ تولۇق تىلىكىگە ئېرىشكەندە ھاياتى ئاخىرلىشىپ، مال-دۇنياسىمۇ قالىدىغان بولدى. تولۇنلۇققا يەتكەن ئاي قايتىدىن كىچىكلەپ، يورۇغان ياز قەھرلىك قىشقا ياندى. تەن مۈلكىدىكى يارىشىقلىق تادۇلار ئارىسىدا جېدەل-غەلىيان كۆتۈرۈلدى. تۆت تادۇنىڭ بىرى غالىب كېلىپ، ئۇچىنى باستى. شۇنىڭ بىلەن ئايتولدىنىڭ مىزاجى ئۆزگىرىپ، ئېغىزىغا تائام تېتىماس بولدى. شۇنداق قىلىپ ئېغىر كېسەل ئايتولدىنى كۆتۈرۈپ باستى. داڭلىق تېۋىپلار تومۇرنى تۇتۇپ داۋا قىلماقچى بولۇشتى، بىرى: «قان بېسىمى يۇقىرى، قان ئېلىپ تومۇرنى ئاچايلى» دېسە، بىرى: «سۈرگە ئىچۈرۈپ قەۋزىيەتنى داۋالاش كېرەك» دېدى. يەنە بىرى جۇلاب قوشۇپ شەربەت ياسىدى. بارلىق داۋالارنىڭ ھەممىسىنى قىلىپ باقتى، لېكىن مەنپەئەت قىلماي، كېسەل ئېغىرلىشىۋەردى. بارغانسېرى كۈچ-قۇۋۋەتتىن قېلىشقا باشلىدى.

كۈنتۇغدى ئىلىگ ئايتولدىنىڭ ئېغىر كېسەل بىلەن ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغانلىقىنى ئۇقۇپ، يوقلاپ كەلدى:

— ھازىر ئەھۋالىڭ قانداق، كېسەللىكىڭ نېچۈك، ئۇيقۇڭ ياخشىمۇ؟ — دەپ سورىدى ئىلىگ.

— ئالىيلىرى، مېنى شۇنداق بىر كېسەل تۇتتىكى، ئۇنىڭ داۋاسى يوق، — دېدى ئايتولدى، — ئېيىم تولۇن بولغان ئىدى، يەنە كىچىكلىدى، ئېسىل خۇلقۇممۇ كېتەر بولدى. كۈنۈم تۇغقاندا سۆيۈنۈشتىن شادلاندىم، مانا ئەمدى كۈنۈم پېتىپ، تۈنۈم يورۇماس بولدى. ۋاپاسىز جاھان مەندىن يۈزىنى ئۆرۈپ، تىرىكلىكنىڭ شادلىقىنى ئېلىپ قاچتى. شادلىق، ئارزۇ، نېمەتلەر ئارقىمدا قېلىۋاتىدۇ، قايغۇ-ئەلەم، مۇشەققەت يېقىنلاپ كېلىۋاتىدۇ. ئەڭ ئۆكۈنىدىغىنىم، ئالىيلىرىدىن ئايرىلىپ كېتىپ بارىمەن. ئەل سەردارلىرىنىڭ ئەڭ ياخشىسى، دانا ئەل بېگى ئەجەب توغرا ئېيتىپتىكەن: بەخت-دۆلەت كېلىپ يەنە كېتىپ قالمىسا نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى. ئۆلۈم چاڭگىلى بوغمىغان بولسا بەگلىك ئىشى ئەجەب ئوبدان ئىدى. يىگىتلىك كۈنلىرى قېرىلىققا ئالماشمايدىغان بولسا ھايات قانچە گۈزەل بولغان بولاتتى-ھە!

— ئەي كۆڭلى تۈز، ياخشى ھەمراھىم، بۇنداق گەپلەرنى قىلما. ھەممە ئادەم كېسەللىك تارتىدۇ، يەنە ساقىيىدۇ. پەقەت سەنلا ئاغرىپىمدىڭ، نېمىشقا بولمىغۇر گەپلەرنى قىلىپ، كۆڭلۈمنى بۇزىسەن. مەن يېنىمدا سەن بولغانلىقىڭ ئۈچۈن كۆڭلۈم توق يۈرۈۋاتاتتىم، بۇ سۆزلىرىڭ مېنى قايغۇغا سالدى. ئەي قابىل ئوغلان، بۇنداق دەپ كۆڭلۈمگە ئوتلۇق تۈگۈن چەكمىگىن، ئاللا شىپالىق بېرەر، — دەپ تەسەللى بەردى كۆڭلى بۇزۇلغان كۈنتۇغدى ئىلىگ.

— ئەي بەخت ساھىبى، بۇ كېسەلگە ھېچكىم داۋا قىلالمىغان، — دېدى ئايتولدى، — تۇغۇلغانلىكى نەرسە ئۆلىدۇ. نېمە ئۆرلىسە، ئاخىرى يەنە پەسكە چۈشىدۇ، چۈنكى چىقىشنىڭ

چۈشمىكى بار. ئېگىزلىكنىڭ تۆۋىنى، خۇشاللىقنىڭ قايغۇسى بىللە. تاتلىققا ئاچچىق ھەمراھ. مەن ئالىيلىرىغا خۇيۇم ئۆزگىرىشچان، تۇراقسىز دېمىگەنىمىدىم، مانا ئەمدى كېتەر بولدۇم. بۇنىڭدىن شۇبھىلەنمىگىن، ئىشەنچسىز ئىكەن دەپ مەندىن رەنجىمىگىن، بۇ جاھانغىمۇ ئىشىنىپ كەتمە. ئاخىرى سېنىمۇ تاشلىۋېتىدۇ. جاپا قىلدى دەپ ماڭا ئەيىب قويمىغىن ئالىيلىرى، بۇ دۇنيا تېخىمۇ جاپاكار. بۇ دۇنياغا گول بولۇپ غاپىل ياشىغۇلۇق ئەمەس. ئەي ئالىيلىرى، مېنى تولىمۇ قەدىرلىگەن ئىدىڭ، ئەجرىڭ ئۈچۈن بېجىرگەن خىزمىتىم قېنى؟ ياشاش ۋە ئۆلۈش ئىختىيارىمدا ئەمەس، بۇ تەقدىردىن قۇتۇلۇش يولۇم يوق. يوق ئىدىم يارالدىم، كىچىك، گۆدەك ئوغلان ئىدىم زورايدىم، يۈزلىرىمگە ساقال چىقتى. قارا قۇزغۇندەك چاچلىرىم ئاققۇدەك ئاقاردى. قەددىم ئوقتەك ئىدى، مانا ئەمدى يادەك ئېگىلدى. ئىلىملىك ئالىملارنىڭ: «ئادەمنىڭ بېشى ئاققۇدەك ئاقارغاندا، دىلىنىمۇ ئاققۇدەك ئاقارتقۇلۇق. تۇز تالدەك قەددى ئېگىلگەندە، كۆڭلىنىمۇ تۈزلىگۈلۈك. قۇزغۇندەك قارا چاچ-ساقاللىرى ئاقىرىشقا باشلىغاندا، مۆكۈكلۈك ئۆلۈمگە تەييارلىق كۆرگۈلۈك، چۈنكى چاچنىڭ ئاقىرىشى ئۆلۈمنىڭ بېشارىتى. ھاياتنىڭ نېمەتلىرىدىن يەپ لەززەتلەندىڭ، ئەمدى ئۆلۈم سېنى يەيدۇ» دېگەن گەپلىرىنى ئاڭلىمىغانمۇ؟!

ئىلىگ ئايتولدىنىڭ بۇ گەپلىرىنى ئاڭلاپ، يەنىلا تەسەللى بېرىشكە تىرىشتى:

— ئايتولدى، سەۋر قىلغىن، كېسەل تارتقان ئادەمنىڭ گۇناھى يۇيۇلىدۇ. كېسەل تارتقان ئادەمنىڭ ھەممىسى ئۆلىدىغان بولسا، دۇنيادا تىرىك ئادەم قالمىغان بولاتتى. كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلماي خاتىرجەم ياتقىن. ئاللا ئۆزى شىپالىق بېرىپ ياخشىلىنىپ كېتەرسەن.

كۈنتۇغدى ئىلىگ قولىنى كۆتۈرۈپ ئايتولدىغا ئاللادىن

شىپالىق تىلەپ، ناھايىتى غەمكىن ھالدا ئۆردىغا قايتتى. ئۇ ئايتولدىنىڭ ساۋابى ئۈچۈن خەزىنىدىن پۇقرالارغا نۇرغۇن مال-دۇنيا تارقاتتى. ئەپسۇس، ئۆلۈمگە ئالتۇن-كۈمۈش دالدا بولالىغاندا ئىدى، كىشىلەر ئالتۇن-كۈمۈشلىرىنى ئۆزى ئۈچۈن قالقان قىلغان بولاتتى. ئۆلۈمدىن بەدەل بېرىش بىلەن قۇتۇلۇش مۇمكىن بولغاندا، بەگلەرنىڭ بەگلىرى ئۆلمىگەن بولاتتى.

ئايتولدىنىڭ كېسەلى تېخىمۇ ئېغىرلىشىپ ھاياتىدىن ئۈمىدىنى ئۈزدى. ئۇ بىكار ئۆتكۈزۈۋەتكەن ھاياتىغا قاتتىق ئۆكۈندى ۋە ئۆز-ئۆزىگە: «ئىسىت، بىكارغا ئۆتۈپ كەتكەن ھاياتىم، غاپىللىق بىلەن يىگىتلىكىمنى، نەۋقىران چاغلىرىمنى زايە قىلىۋېتىپتىمەن. بىر قاچاق ئىدىم، مانا ئەمدى ئەجەلگە تۇتۇلدۇم، بۇنىڭغا نېمە ئامالىم. بېخىللىق بىلەن مال-دۇنيا يىغىپتىمەن، مال-دۇنيامۇ قالىدىغان بولدى. ئەمدى مەن يوقلۇق ئالىمىگە كېتىمەن. تىلىم بىلەن قولۇمنى بەك ئۈزاتقان ئىدىم، مانا ئۆلۈم تىنىقىمنىمۇ قىسقىلى تۇردى، قانداق قىلاي» دەپ ھەسرەت چېكەتتى.

ئايتولدى ئۆكۈنۈش بىلەن كۆپ ياش تۆككەن بولسىمۇ، ھېچقانداق ئۈنۈم بەرمىدى. نېمە ئامال، ئۆمۈر دېگەن ئادەمنىڭ ئارزۇسىغا باقمايدۇ، ھاياتنىڭ مەنىسىمۇ شۇ يەردە. ئەگەر ھاياتلىق كىشىلەرنىڭ تىلىگىنىدەك بولىدىغان بولسا ئىنسانلار ياشىيالمايدۇ. ئادەم دېگەن ئازراق ياخشىلىق كۆرسە ئۆزىنى ئۇنتۇپ، گېپىنى ئاسماندىن چوڭ قىلىدۇ. ئازراق ئەزىيلەنسە، كۆرەڭلەپ كېتىدۇ. ئۆلۈم تۇتقاندا بولسا پۇشايماندا پۇكۇلىدۇ، يەپ تويغاندا بۇغرا تۆگىدەك جاھانغا پاتمايدۇ. ئەگەر ئاچ قالسا بىلىپ تۇرۇپ زەھەرنى يېيىشتىن يانمايدۇ، راھەت-پاراغەتتە زېرىكىدۇ، مۇشەققەتتىن سىزىپ كېتىدۇ. سۆيگۈنىنى ئارزۇ قىلىدۇ-يۇ، ۋىسال تاپقاندا تېزلا ئۇنىڭدىن سوۋۇيدۇ.

ئايتولدى پۇشايماندا ئۇلۇغ كىچىك تىنىدى. ئەجەب دۇرۇسلۇق

يولنى يوقىتىپ ياشاپتىمەن، نېمىشقىمۇ مال-دۇنيا توپلىغاندىمەن. يوقسۇللارغا ئۈلەشتۈرسەمچۇ، نېمىشقا گۇناھسىزلارغا ئازار بېرىپ كۆڭلىنى چىگكەندىمەن. ئۆلۈم بار يەرگە تۇغۇلۇپتىمەن، يىغىسى بار ئىكەن، ئۇقماي كۈلۈپتىمەن. ئۆلۈمنىڭ ئەلىمى ھەممىدىن يامان ئىكەن، ئۆلۈم تېگى يوق دېڭىزغا ئوخشايدىكەن، دەپ ئۆز-ئۆزىگە كايىدى.

ئايتولدى يەنە ئىنسانلارغا شۇنداق خىتاب قىلدى: ھەي ھۇزۇر-ھالاۋەتكە گول بولۇپ غاپىل يۈرگۈچى، ئۆلۈم تۇتقاندا ئويغىنىسەن، لېكىن ئۇ چاغدا ھېچنېمە كار قىلمايدۇ. كۆزى ئاچ كىشىنىڭ كۆزى مەڭگۈ مال-دۇنياغا تويمايدۇ. ئەجەلى تولغاندا مال-دۇنياسى ھېچنېمىگە يارىمايدۇ. ئەي كۈلكىگە مەست بولغۇچى، يىغىمۇ تەييارلىق قىلىپ قويغىن!

ئايتولدى شۇنداق ئۆكۈنۈپ يىغلىغان بولسىمۇ، ھېچقانداق كار قىلمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ يوقسۇل، موھتاجلارغا مال-دۇنياسىنى ئۈلەشتۈردى. دوست-يار، بۇرادەرلىرىگە تېگىشلىك نەسىھەتلەرنى قىلدى. كۆككە تىكىلىپ، ئاللاغا سېغىنىپ دۇئالار قىلدى: ھەي ئاللا، مېنىڭ سېنىڭدىن بۆلەك ئىگەم يوق. مەن ساڭىلا مەدھىيىلەر ئوقۇدۇم، ئەجەل تۇتۇپ سۆزۈمنى ئۈزۈپ قويىدىغان بولدى. ھوشۇمنى يوقاتتىم، قۇتۇلۇشقا ئامالىم يوق، ئەمدى قولۇمنى سېنىڭ رەھمىتىڭگە سۇندۇم. ئۆكتەملىك قىلىپ كۆپ يامانلىقلارنى قىلدىم، رەھمىتىڭ بىلەن مېنى كەچۈرگەيسەن.

ئايتولدى گېپىنى ئۈزۈپ، بىرئاز ئويلىنىپ تۇرۇۋېدى، ئوغلى ئۆگدۈلمىش كىرىپ كەلدى. ئۆگدۈلمىشنى كۆرگەن ئايتولدىنىڭ كۆزلىرىدىن ياش سىرغىپ چۈشتى.

# يەتتىنچى باب

## ئايتولدىنىڭ ئوغلى ئۆگدۈلمىشكە قىلغان نەسىھەتى

ئايتولدىنىڭ ئۆگدۈلمىش ئاتلىق بىرلا ئوغلى بار ئىدى. ئۇ تېخى كىچىك بولسىمۇ كېلىشكەن، ئەقىللىق ۋە ئەدەپ-ئەخلاقلىق بالا بولغانىدى. ئايتولدى ئوغلىنى يېنىغا چاقىرتىپ، ھەسرەت ياشلىرىنى ئېقىتىپ تۇرۇپ نەسىھەت قىلدى:

— ئوغلۇم، ئەمدى مەن كېتىمەن. ئورنۇم ۋە مال-مۈلكۈم ساڭا قالدى. سەن مېنىڭ كۆز نۇرۇم ئىدىڭ، سەندىن ئايرىلىدىغان بولدۇم، ئېسەن بولغىن. بىر تۇرك ۋەزىرى شۇنداق دېگەن: ئوغۇل-قىزنى كۆزۈڭنىڭ يورۇقى دەپ بىل، ئەمما ئوغۇل-قىزنىڭ غېمى تۈۋى يوق دېڭىزغا ئوخشايدۇ، ئۇ مەڭزىڭنى سارغايتىدۇ. ئوغۇل-قىزى ۋە خوتۇنى بار ئادەمنىڭ قانداقمۇ ئۇيقۇسى ئۇيقۇ بولسۇن؟! ئاتا بولغۇچى بالىلىرى ئۈچۈن جاپا چېكىدىكەن، بىراق بالىلىرى ئاتىسىنىڭ نامىنى ئاتاپمۇ قويمايدىكەن. ئوغلۇم، سۆزۈمنى قۇلاق سېلىپ ئاڭلا، مەن سېنىڭ دادىڭ. ھاياتىم ماماتلىق پەرەنجىسىنى كىيگىلى تۇردى. تىرىكلىك دېگەن بەك چۈچۈك بولىدىكەن، ئۆلۈم ئىنتايىن ئاچچىق. مانا مېنى ئۆلۈم قارمىقى تۇتتى، قېچىشقا يولۇم يوق. مەن بۇ دۇنياغا شۇنچە كۆڭۈل قويۇپتىكەنمەن. بىراق، ئۇ ماڭا ۋاپا قىلماي، تېزىدى، دۇنيا مېنى ئالدىدى. دەسلەپ سۆيۈپ چاقىرسا كۆڭۈل بېرىپتىمەن، كېيىن يەنە مەندىن زېرىكتى. دۇنيانىڭ جاپاسى ئاخىرى بەختنى قېرىتتى. بۇ دۇنيا سېنىمۇ ئالداپ قويمىسۇن،

ئالدىدىكىلەرنىڭ ئۆكۈنۈشىدىن ساۋاق ئال. ئۇلار: ئەڭ كېرەكلىك ئىشلىرىمنى تاشلاپ قويۇپ، ھەۋەسكە بېرىلىپ مەنىسىز ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولۇپتىمەن. ھايات دېگەن شامالدەك ئۆتۈپ كېتىدىكەن، بۇنىڭغا ئامال يوق. ئۇنى پارا بېرىش بىلەنمۇ توسۇپ قالغىلى بولمايدىكەن، دېگەن. ئۆلۈمنى تونۇپ ئويغانغانلار يەنە: ئۆلۈم كەلگەندە ھېكمىنىڭ تىلى كېكەچلىشىپ، ئەقلىمۇ لال بولىدۇ، دېگەن. ئۆلۈمنىڭ تىرنىقى نېمانچە ياماندۇ، مۇشتىنىڭ زەربىسى نېمىدېگەن زور! ئۆلۈم ھەشەمەتلىك سارايلارنى بۇزىدىكەن، جەم بولغانلارنى تېزىتىدىكەن. بىر شائىر بۇ ئىشنى مۇنداق سۈپەتلىگەن، قۇلاق سال:

نېمە بار جاھاندا، ئاڭا ھىيلە يوق،
نېمە ھىيلە باردۇر، ئاڭا چارە يوق.
پۈتۈن ئىشقا ھىيلە، ئۇسۇل-چارە بار،
مەگەر بۇ ئۆلۈمكىم، ئاڭا چارە يوق.

— ھەي مېھرىبان دادا، سورايدىغان بىر گەپ بار ئىدى، جاۋاب بەرگەن بولساڭ، — دېدى ئايتولدىنىڭ نەسىھەتلىرىنى ئاڭلىغان ئۆگدۈلمىش، — سەن بىلىم ۋە ئەخلاق جەھەتتىن كۆپ تەربىيە كۆردۈڭ، سورىدىڭ، ئاڭلىدىڭ، ئۆگەندىڭ، كۆپ ئىشلارنى بېشىڭدىن ئۆتكۈزدۈڭ. ئەمدى ماڭا ئېيتقىن، بۇ ئۆلۈمگە بىرەر چارە-تەدبىر يوقمۇ؟ بىرەر چارە-تەدبىر ئۆلۈمنى توسۇپ قالالايدىغان بولسا ئىزدەپ كۆرگىن، مال-مۈلۈك دېگەن تېپىلىدۇ. پۈتۈن مال-بىساتىمىزنى سەرپ قىلساقمۇ مەيلى، قۇشقا دان تېپىلمامتى، جان ئېسەن بولسىلا بولدى.

— ھەي ئوغلۇم، سۆزۈمنى ئاڭلا، بۇ ئىشتىن كۆڭۈل ئۈزگىن. ئۆلۈمگە ئالتۇن-كۈمۈش پايدا قىلمايدۇ. ئۇنى ئەقىل ۋە بىلىممۇ توسۇپ قالالمايدۇ. ئەگەر ئۆلۈمنى دۇنيانىڭ مال-دۇنياسى

توسۇپ قالالايدىغان بولسا، بەگلەرنىڭ بېگى ئالىپ ئەرتۇڭا ئۆلمەس ئىدى. ئۆلۈم پەيتىدە ھېكىملەرگە ھېكمەتلىرىمۇ كار قىلمىدى، ئالىملارغا بىلىمىمۇ ياردەم قىلالمىدى. ئەگەر تېۋىپلارنىڭ داۋاسى ئۆلۈمنى توسۇپ قالالايدىغان بولسا، تېۋىپلار مەڭگۈ ئۆلمىگەن بولاتتى. ئەگەر ئۆلۈم يۈز-خاتىرە قىلىدىغان بولسا، ئۇلۇغ پەيغەمبىرىمىز ھايات قالسا بولماتتى؟! تۇغۇلغانلارنىڭ ھەممىسى ئۆلۈش ئۈچۈن تۇغۇلغان، تىرىك قالغانلاردىن قېنى كىم بار؟ بۇ دۇنيا يولۇچى چۈشۈپ ئۆتىدىغان بىر قونالغۇ.

— ھەي سۆيۈملۈك دادا، — دېدى ئۆگدۈلمىش دادىسىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاۋېتىپ، — ئۆلۈمنىڭ مۇتلەقلىقىنى شۇنچە ياخشى بىلىپ تۇرۇپ، نېمە ئۈچۈن بۇ دۇنياغا، ھاياتقا شۇنچە بېرىلدىڭ، ئەمدى نېمىشقا ھاياتقا قىيماي ئىڭرايسەن، ھامىنى قالىدىغان بۇ مال-دۇنيانى نېمىشقا توپلىدىڭ، ئۇشۇق دۇنيالىرىڭنى نېمىشقا ئۇلەشتۈرمىدىڭ؟! ئەگەر ئادەم غەپلەت ئىچىدە ئۆتكەن بولسا، ئۆزىنى ئەيىبلىك ساناپ ئۆكۈنۈشى يوللۇق. دادا، ئەمدى ئىش بۇ يەرگە يەتكەندە پۇشايمان قىلىپ، باشنى يەرگە ئۇرۇشتىن نېمە پايدا؟!

— ئوغلۇم، ئاڭلاپ تۇرغىن، — دېدى ئايتولدى ئوغلىغا نەسىھەت قىلىپ، — بۇ دۇنيانىڭ ئىشى بىلەن بولغىن، لېكىن ھەرگىز غاپىل بولما. ئويغاق ياشىغىن، ئادەم دېگەن ۋاقىتنىڭ تۇتقۇنى، ۋاقتى-سائىتى كەلگەندە بىر قەدەممۇ باسالمايسەن، بىر نەپەسنى ئۇشۇق ئالالمايسەن. جىمى نەرسىنىڭ سائەت، كۈنى بەلگىلىك، نەپەس ئېلىشىڭنىڭمۇ سانى بار. قارىماققا يىللار، ئايلار، كۈنلەر ئۆتكەندەك تۇرسىمۇ، ھەر بىر كۈن سېنىڭ ئۆمرۈڭنى خورىتىدۇ. ئوغلۇم، مېنىڭ قانداق كەتكەنلىكىمدىن ئىبرەت ئېلىپ ئويغاق ياشا. مېنىڭ باشقا غېمىم يوق. سەن مەندىن كىچىك قالىدىغان بولدۇڭ. شۇڭا، مەندىن كېيىن قانداق ياشارسەن دېگەن غەمدىمەن. ئاتا-ئانىنىڭ ئەجرى پەرزەنتىگە ئوبدان

سىڭگەن بولسا، بۇ پەرزەنتنىڭ خۇي-پەيلىمۇ ياخشى بولىدۇ. پەرزەنتنى چىڭ تۇتۇپ تەربىيىلىگەن ئاتا-ئانا بەختلىكتۇر. ئەگەر پەرزەنت چىڭ تۇتۇلماي، ئەركە بولۇپ قالىدىكەن، ئۇنىڭدىن ئۈمىدىنى ئۈزۈش كېرەك. پەرزەنتلىك ئاتىنىڭ بۇرچى پەرزەنتلىرىنى چىڭ تۇتۇپ باشقۇرۇش، ياخشى تەربىيىلەشتۇر. كۆپ پەرزەنت تەربىيىلەپ بېشىدىن ئىش ئۆتكەن ئادەملەرمۇ: كىمنىڭ ئوغۇل-قىزلىرى ئەركە چوڭ بولىدىكەن، ئاخىرى ئاتا ئۆزى ھەسرەت چېكىپ يىغلايدۇ. بالىلىرىنى كىچىك چاغدا ياۋا ئۆگىتىپ قويسا، ئوغۇلدا گۇناھ يوق، ئۇنىڭ جاپاسى يەنىلا دادىغا بولىدۇ. ئوغۇل-قىزنىڭ خۇيى يامان بولسا، بۇنىڭ مەسئۇلىيىتى پۈتۈنلەي ئاتا-ئانىدا. پەرزەنت قىسىپ تۇتۇلسا زورايغاندا سۆيۈنىدۇ. ھەي ئاتا بولغۇچى، ئوغۇل-قىزلىرىڭ بولسا ئۇلارغا ياخشى پەزىلەت ۋە بىلىم ئۆگەتكىن، بولمىسا كېيىنكىلەر سەندىن كۈلىدۇ، دېگەن.

— ھەي دادا، سەندىن جۇدا بولۇش ئازابى مېنى پۇچىلىماقتا. سېنىڭ كەينىڭدە قېلىپ، ئۆلۈمىڭنى كۆرگۈچە ئاۋۋال مېنىڭ ئۆلگىنىم ياخشى ئىدى. شەپقەتلىك ئىگەم، سېنىڭ ئورنۇڭدا مېنىڭ جېنىمنى ئالسا بۇ غەممۇ بولمايتتى. ئەگەر ئۇنداق بولماي ئاللا ئەجەلنى سېنىڭ جېنىڭغا ئەۋەتسە، بۇ ئەجەل تەرتىپى شۇنداق پۈتۈلگەن بولىدۇ. نېمىگە قايغۇرۇپ يىغلايسەن، ئاللادىن كەلگەن ھۆكۈمگە يىغلاشنىڭ نېمە ھاجىتى؟! ئەگەر دەپنە-دۇنيايىم قالدى دەپ ھەسرەت چېكىۋاتقان بولساڭ، بۇنىڭ ئۈچۈن زارلىنىشقا ئەرزىمەيدۇ. سەندىن ئاۋۋال تېخىمۇ كۆپ دۇنياغا ئىگە بولغانلارمۇ بىر ئىنجىق بىلەنلا دۇنيادىن كەتكەن. دۇنيانىڭ بارلىق بايلىقى بىر ئادەمگە يىغىلغان تەقدىردىمۇ ئاخىرى ئۇنىڭغا ئىككى بۆزلا تېگىدۇ. ئەگەر بىھۇدە ئۆتۈپ كەتكەن ھاياتىڭغا ئېچىنىپ يىغلاۋاتقان بولساڭ، قانچىلىك يىغلىساڭ يىغلا، كۆزۈڭدىن ياش قۇرۇمىسۇن. لېكىن، كۈنۈڭ كېتىپ، تۈنۈڭ يېقىنلاشتى، ئۇ

ھەرگىز قايتىلانمايدۇ. قايغۇ-ھەسرىتىڭ مېنىڭ غېمىمدە بولسا، ھەرگىز قايغۇرما، ئاللا سېنى ۋە مېنى ياراتتى، يارالغۇچى ئۆلىدۇ، ياراتقۇچى مەڭگۈلۈك قالىدۇ. سەن مەن ئۈچۈن مېھرىبان ۋە سېخىي دادام ئىدىڭ. ياراتقۇچى ئاللا سەندىنمۇ مېھرىباندۇر. ئاللا سېنى يارىتىپ بەختلىك قىلدى. ساڭا بەخت بەرگەن ئاللا ماڭا بەرمەسمۇ؟! ئاللا خالىسا قەدىرسىز ئادەم قەدىرلىك بولىدۇ، كىچىككە ئۇلۇغلۇق تېگىدۇ.

ئوغلىنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغان ئايتولدى ئۇنىڭغا شۇنچە ئەقىل-پاراسەت بەرگەن ئاللاغا كۆپ شۈكۈر ۋە مەدھىيىلەر ئوقۇدى. ئۇ ئوغلىغا:

— ئوغلۇم، ئەمدى كۆڭلۈم تىندى. خۇدانىڭ پەزىلىتى بىلەن بەختلىك ياشا. ھەي خۇدا، ماڭا ھۆكۈمىڭ كەلدى، ئالدىڭغا بارىمەن. بىرلا ئوغلۇم بار، ساڭا تاپشۇردۇم. ئۇنىڭغا بەخت ئاتا قىل، ئۇنى بالا-قازادىن يىراق تۇت. يامانىدىن يىراق قىلىپ، ياخشىغا ھەمراھ قىل. يېمەك-ئىچمەك، كىيىم-كېچەكتىن خاتىرجەم قىل.

ئايتولدى ئوغلىغا كۆڭۈل قېتىدىن ياخشى دۇئالار قىلدى. خۇدا كىمگە ئىنايەت قىلسا، ھەر ئىككى دۇنيادا سائادەتكە ئىگە بولىدۇ. ئاللا ساقلىسا بالا-قازا ئىشىكىمۇ يېپىقلىق بولىدۇ.

— ئوغلۇم، ئۆلۈمنى ئۇنتۇما، ئويغاق ياشا، تىرىكلىك شامالدەك ئۆتۈپ كېتىدۇ. مەن سەندىن ئايرىلىش ئالدىدا سېنى بىر ئاللاغا تاپشۇرىمەن. بۇنىڭدىن كېيىن نېمە قىلىشىڭ لازىملىقىنى تولۇقى بىلەن ئېيتاي، كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلا.

ئايتولدى ئوغلى ئۆگدۈلمىشنىڭ ئەقلى ۋە پاراستىدىن خاتىرجەم بولغاندىن كېيىن، قەلبىدىكى سۆزلىرىنى ۋەسىيەت سۈپىتىدە مۇنداق بايان قىلدى:

— ئوغلۇم، خۇداغا سېغىنىپ كۆڭۈل ۋە تىلىڭنى تۈز تۇت. بۇ دۇنيانىڭ ئىشىنى قىل، غاپىل بولما، ياخشى-يامانلىق ئاللانىڭ

ھۆكۈمى بىلەن بولىدۇ. قانداق تىلىكىڭ بولسا ئۇنىڭدىن تىلە، سەن ئۈچۈن ئۇنىڭدىن باشقا مەدەتكار يوق. سەن ئۇنىڭ بۇيرۇقلىرىنى بەجا كەلتۈرەلىسەڭ، ئۇمۇ ئۇ دۇنيا، بۇ دۇنيا سېنى ئەزىز قىلىدۇ. كۆڭۈل، تىلىكىڭنى كىچىك تۇت، چوڭ سۆزلىمە. مەنمۇ خېلى ياشىدىم، بىراق مانا كەتمەك بولۇۋاتىمەن. بۇ دۇنيانىڭ ماڭا نېمە قىلغانلىقىنى ئوبدان ئويلا. دۇنيا ئۈچۈن ئۆزۈڭنى ئوتقا ئۇرما، كىشىنىڭ مېلىنى زورلۇق بىلەن ئېلىۋالما. مەن يىغىشنىلا بىلىپتىمەن، ئىشلىتىشنى بىلمەپتىمەن. مانا ئەمدى مال-دۇنيالىرىم مەن ئۈچۈن يۈك بولدى، سەن ئۇنى جايىدا، ئورۇنلۇق ئىشلەت. مال-دۇنيانى ياخشى تۇتالىساڭ ھەر ئىككى دۇنيادا خارلىق كۆرمەيسەن. ئەگەر ياخشى باشقۇرالمىساڭ تاغمۇ توشۇمايدۇ، خارلىق تونىنى كىيىپ قالىسەن. ئىش-ھەرىكىتىڭنى توغرا قىلىپ، دۇرۇس ياشا. خۇشاللىقىڭ دۇرۇسلۇقۇڭغا باغلىق، بۇنىڭغا ئىشەن. دۇرۇس ياشاپ ئۆتكەن بىر كىشىنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى ئاڭلا: بىر ئادەم كۈنلىرىم ھۇزۇر-ھالاۋەتتە ئۆتسۇن دەيدىكەن، توغرىلىقنى ئۆزىگە راۋا قىلسۇن. باي بولۇش مەقسىتىگىمۇ يەنىلا دۇرۇسلۇق يولى بىلەن يەتكىلى بولىدۇ. بۈيۈك، ئۇلۇغ ئادەم بولۇش ئۈچۈنمۇ دۇرۇس يول تۇتۇش كېرەك. ئوغلۇم ياخشى ئەمەللىرىڭ بىلەن دوزاختىن ساقلىنىشنىڭ قورغىنىنى بىنا قىل. يامانلىقتىن يىراق بولۇپ، ياخشىلىق يولىنى تۇتساڭ، ھەر قاچان ساڭىمۇ ياخشىلىق قۇچىقىنى ئاچىدۇ. ھەرگىز يامانغا يېقىنلاشما، يامانلىق يىلانغا ئوخشاش چاقىدۇ. سىرىڭنى ئىككى يۈزلىمە ئادەمگە دېمە. ئۆيۈڭگە سۇخەنچى ئادەمنى يولاتما، ئۇ كۆرگەن-بىلگىنىنىڭ ھەممىنى ئەلگە يايىدۇ. سىنالغان ئىشەنچلىك ئادەمنى چىڭ تۇت، ئۇنىڭدىن ساڭا كۆپ پايدا يېتىدۇ. باشقىلارنىڭ گەپ-سۆزلىرىنى ئاڭلا، بىراق ھەممىلا گەپكە ئالدىراپ ئىشىنىپ كەتمە. ئۆزۈڭگىمۇ مەھكەم بولۇپ، سىرىڭنى يوشۇر. كىشىگە ھەسەت قىلما، ھەسەتخورلۇق ساڭا خاتىرجەملىك

بەرمەيدۇ.

ئوغلۇم، ئەرگە ھەممە پېشكەللىك ئايالدىن كېلىدۇ. شۇڭا، ئايالىڭنى چىڭ تۇتقىن، ئىشىكىڭگە ھېزى بول. ئۆيۈڭگە ياتلارنى كىرگۈزمە، ئايالىڭمۇ سىرتقا چىقمىسۇن. كىشىلەرنى ئاۋۋال ئوبدان سىناپ، ئاندىن مۇئامىلە قىل.

تاۋار-مال تopلاشتىن ئاۋۋال خۇلقۇڭنى ياخشى قىل، خۇلقۇڭ ياخشى بولسا مال-دۇنيا ئۆزى كېلىدۇ. يامانغا بايلىق ياراشمايدۇ، ئۇ ھەر قانچە كۆپ بايلىق توپلىسىمۇ گاداي بىلەن باراۋەر. ئۇياتسىزغا مەندىن مىڭ لەنەتكى، ئۇنىڭدىن ئۆزۈڭنى نېرى تۇت. ئىش قىلىشتا سەۋر قىلىپ ھودۇقۇشتىن ساقلان، سەۋرلىك كىشىلەرلا تىلىكىگە يېتەلەيدۇ. سىلىق، شېرىن سۆزلۈك بول، شېرىن سۆزلۈك ئادەم بەختكە ئېرىشىدۇ. تىلىڭنى ياخشى كۆزەت، كۆزۈڭنى ئەسكى ئىشلارغا قاراتما. گېلىڭغا ھېزى بول، ئاز-ئاز يېيىشكە ئادەتلەنگىن. خەلقنىڭ مالىمانىدىن، ئاممىنىڭ توپىلىڭىدىن يىراق قاچ. بەگلەرنىڭ ياخشى گېپىنى دە، يامان گېپىنى قىلما. ئۆزگە ھەم ياتلارغا زىيان سالما، قورۇق ھەۋەسكە بېرىلمەي، ياخشىلىق يولىنى تۇت. ھەر قانداق ئىشقا كىرىشىشتىن بۇرۇن ئاخىرىسىنى ئوبدان ئويلا. ئاچچىقىڭ كەلسە، سەۋر قىلىپ ئۆزۈڭنى بېسىۋال. ئادەم بۇزۇلغان ئىشنى سەۋر بىلەن توغرا يولغا سالالايدۇ. سەۋرنى ئۆزىگە ئادەت قىلغان كىشىلەر: سەۋرلىك ئادەم تىلىكىگە يېتەلەيدۇ، چىداپ تۇرغان ئوۋچىلا ياخشى ئوۋغا ئېرىشەلەيدۇ. سەۋر قىلساڭ قايغۇ-ئەلەمنىڭ ئاخىرى خۇشاللىقتا، مۇشكۇللۇكنىڭ ئاخىرى ئوڭۇشلۇقتا ئېلىپ بارىدۇ. دۆلەت ئىشىكى يېپىلىپ قالسا، سەۋر قىلساڭ ئاخىرى يەنە ئېچىلىدۇ. سەۋر قىلىش ئىنسانغا خاس خۇسۇسىيەت، سەۋر بىلەن مىسالى كۆككە يول ئېلىش مۇمكىن، دېگەن. ئوغلۇم، ھەرگىز ئۆلۈمنى ئۇنتۇپ قالما، ئۆزۈڭنى ھەم ئۆزۈڭنىڭ ئەسلىنى ئۇنتۇپ قالما. ئاممىۋى سورۇنلاردا بولساڭ ئەتراپىڭغا بېقىپ گەپ قىل.

باشقىلارنىڭ ئۆيىدە بولغىنىڭدا ئۆزۈڭنى ياخشى كۆزەتكىن، ئۆزۈڭگە مۇناسىپ سۆزلە، كىرىمىڭگە قاراپ چىقىم قىل. ھەرگىز يالغان سۆزنى تىلىڭدىن چىقارما، يالغان سۆز سېنى خارلىققا ئېلىپ بارىدۇ. ئۇرۇق-تۇغقانلىرىڭغا يېقىنلىقىڭنى يەتكۈز، چوڭ-كىچىكلەرگە سۆيۈنچە بېرىپ، كۆڭلىنى ئال. ئاش-تۇزۇڭنى كەڭرى قىل. كىشىلەرنىڭ ئەيىبىنى كۆرسەڭ يوشۇر، ھەرگىز ئاچقۇچى بولما. ئىبادەتكە چىڭ بولساڭ، گۇناھدىن يىراق بولىسەن. ئاللانى يادىڭدىن چىقارما. بەختكە ئېرىشكەندە كىبىرلىك قىلما، يەنىلا ياخشىلىق يولىنى تۇت، يامانلىق قىلما. بۇ ئۆتكۈنچى جاھانغا گول بولما، چۈشتەك ئۆتۈپ كېتىدىغان ھاياتقا، قۇشتەك ئۇچۇپ كېتىدىغان بەختكە ئارتۇق چوقۇنما. ھاياتىڭنى زايە قىلماي، ھەر بىر كۈنۈڭدىن ئىبرەت ئېلىپ، ياخشىلىقنى ئۆزۈڭگە كەسىپ قىل. ھەرگىز مەيگە يېقىن يولىما. بۇزۇقچىلىق يولىنى تۇتما، زىنا قىلىپ، پاسىق دېگەن نامغا قالما. يۇقىرىقىدەك ناچار قىلىقلار سەندىن مۇبارەك بەختنى ئېلىپ كېتىپ، پېقىرلىق تونىنى كىيدۈرىدۇ. بېشىدىن كۆپ ئاچچىق ساۋاق ئۆتكەن كىشىلەرنىڭ بۇ توغرىدا نېمە دېگەنلىكىنى ئاڭلا: مەي ئىچمە، زىنا قىلىشتىن ھەزەر قىل، بۇ ئىشلار ساڭا گادايلىق تونىنى كىيدۈرىدۇ. ھاراق مىڭ خىل گۇناھقا پاتۇرىدۇ. زىنادىن يۈزۈڭ تۆكۈلىدۇ، بەخت قاچىدۇ.

ئەي ئوغلۇم، دېيىشكە تېگىشلىك سۆزلىرىمنىڭ مۇھىملىرىنى ساڭا دېدىم. دېگەنلىرىم سەن ئۈچۈن تولىمۇ مۇھىم سۆزلەردۇر، سۆزلىرىمگە ئىشەن. سۆزلىرىمنى يادىڭدا تۇتۇپ، ئەمەل قىلالىساڭ بەخت يولۇڭ ئېتىلىپ قالمايدۇ. بۇلار مېنىڭ ساڭا قالدۇرغان ۋەسىيىتىم. بۇلارنى قەلب دەپتىرىڭگە پۈتۈۋالغىن.

## سەككىزىنچى باب

# ئايتولدىنىڭ كۈنتۇغدى ئىلىگكە ۋەسىيەتنامە يازغانلىقى

ئايتولدى ئوغلى ئۆگدۈلمىشكە ئەڭ ئاخىرقى تەربىيەتلىرىنى قىلغاندىن كېيىن، يەنىلا دۆلىتىنىڭ ۋە كۈنتۇغدى ئىلىگنىڭ غېمىدە قولىغا قەغەز-قەلەم ئېلىپ، كۈنتۇغدى ئىلىگكە ۋەسىيەتنامە پۈتتى. ئۇ سۆزىنى ئاللا نامى بىلەن باشلىدى. ئاللا ۋە پەيغەمبەرگە چىن كۆڭلىدىن مەدھىيە ئوقۇپ بولۇپ، ۋەسىيەتنى باشلىدى:

— ئەي بەختىيار خان، ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگىن، كۆپ ئەللەر ئۈستىدە سەلتەنەت سۈرگەيسەن. مېنىڭ نامىم ئايتولدى ئىدى. ئادىتىم تولۇش ۋە ئۆچۈش. مانا تولۇنلۇق تۈگەپ ئۆچۈشكە يۈز تۇتتى. ئۆلۈم ئەلچىسى كېلىپ گېلىمنى قاتتىق سىققىلى تۇردى، قۇتۇلۇش يېرىم يوق. مېنى كۆپ ئېھسان بىلەن ياخشى كۈتكەن ئىدىڭ، ئەجرىڭنى قايتۇرالماي كېتىدىغان بولدۇم. جاھاندارچىلىقتا ساڭا يار ئىدىم، ئىشلىرىڭنى ئادالەت بىلەن قىلدىم. مانا ئەمدى چىن قەلبىمدىن ساڭا ۋەسىيەتنامە پۈتۈپ قالدۇردۇم، ئوقۇپ كۆرگىن. كۆيۈمچان ئادەملەر شۇنداق دېگەن: كۆيۈمچان ئادەمنىڭ نەسىھەت سۆزلىرىنى ئاڭلا، نەسىھەت سۆز ساڭا بەخت ئۇۋلاپ بېرىدۇ. كۆيۈمچان ئادەم ھەقىقىي ئادەم ھېسابلىنىدۇ. ساڭا كۆيۈنىدىغان كىشىنىڭ سۆزى بويىچە ئىش تۇتساڭ زورىيىسەن. ئەي قاپلاندەك باتۇر ئالىيلىرى، مەن ساڭا ئەڭ كۆيۈملۈك ئادەممەن. سۆزلىرىمگە ئەمەل قىلغايسەن. مانا

ماڭا ئۆلۈم يېقىنلاشتى، پۇشايمانلىرىممۇ كار قىلمىدى. ئۆكۈنۈش ئەمدى ماڭا يامان قىلمىش بولدى، توپلىغان ئالتۇن-كۈمۈشلىرىممۇ قالدى. ئۇنىڭدىن ماڭا تەگكىنى ھېسابىنى بېرىش بولىدۇ. ئىسىت، ئەھمىيەتسىز ئۆكۈنۈشلىرىم، ئەمدى ئاللا رەھمىتىدىن باشقا ئۈمىد قالمىدى. مەن بۈگۈن چارىسىز كېتىمەن، ئەتە سەنمۇ ئارقامدىن ئىلاجسىز بارىسەن، بۇنىڭدىن شۈبھىلەنمە. ھەي ئالىيلىرى، ئۆلۈم تۇتماستا ئويغان، بىلىم بىلەن ئىشلىرىڭنى تۈزەتكىن. زورلۇق-زومبۇلۇق قىلىشنىڭ ئورنىغا ياخشىلىق قىل. سۆز ۋە ھەرىكىتىڭ بىلەن خەلقنى سۆيۈندۈرگىن. ئېسەنلىكىڭنى غەنىيمەت بىلىپ، ياخشىلىق ئۇرۇقىنى چاچ.

ھەي ئىلىگ، مەندىن كېيىن كۆڭلىرىڭنى زايە قىلماي، تېخىمۇ تىرىشقىن، جاھان نېمەتلىرى سېنى ئەسىر قىلمىسۇن. ھەر قانداق ئىش قىلىشتا توغرىلىقنى مەقسەت قىل. توغرا قانۇن تۈزۈپ، خەلقنىڭ كۆڭلىنى يورۇت. قىيامەت كۈنى سېنىڭمۇ كۆڭلۈڭ يورۇيدۇ. بۇ دۇنيانى دەپ ئۆزۈڭنى ئوتقا ئاتما. ھاۋايى-ھەۋەس بويىنىنى ئۈزگىن. سەن دېگەن بۇ دۇنيانىڭ بېگى، ھەرگىز ئۇنىڭ قۇلى بولۇپ قالما. دۇنيا سېنى كېرەك قىلماي تاشلاشتىن بۇرۇن، سەن ئۇنى تاشلا. ئۆزۈڭگە ياخشى كىشىلەرنى يېقىن تۇت، يامانلارنىڭ زىيانكەشلىكىدىن ھەزەر قىل. تەمەخور ئادەمگە ھەرگىز ئىش تاپشۇرما، ۋاپاسىز كىشىگە ئاش-تۈزۈڭنى يېگۈزمە.

ئالىيلىرى، ئالىملار ھايات بىلەن ۋاقىتنىڭ مۇناسىۋىتىنى مۇنداق ئوخشىتىپ بايان قىلغان: ئادەم بالىسى كارۋانغا ئوخشايدۇ، مەنزىلدىن-مەنزىلگە يۈرۈپ تۇرىدۇ. ئوغۇل ئاتا پۇشتىدىن ئانا قارنىغا تۆرەلگەندىن كېيىن، پەقەت توققۇز ئايلا ئانا قارنىدا تىنچ جايغا ئېرىشىدۇ. ئاندىن تۇغۇلۇپ ئات قويۇلغاندىن كېيىنلا، يولۇچى بولۇپ ۋاقىت ئېتىنى مىنىدۇ. شۇنىڭدىن تارتىپ كۈندۈزى بىر مېڭىم ماڭسا، كېچىسى بىر مېڭىم مېڭىپ دېگۈدەك ئاخىرى ئۆڭدىنمۇ كېتىپ ئۆلۈمگە يېقىنلىشىدۇ. جاھان بىر

قونالغۇ-ئۆتەڭ، ئۇ ئۆتەڭدىن يۆتكەلسەڭ ئاخىرقى مەڭگۈلۈك ئۆتەڭگە بارىسەن. بۇ ئۆتەڭدە سېنى ئىككى يول كۈتۈپ تۇرۇپتۇ، ساڭا ئىككى يولدىن قايسىسى نېسىپ بولاركىن؟ ئىشىڭ ئوڭغا تارتسا كۈلىسەن، ئەگەر تەتۈر كېلىپ قالسا ئىڭراپ بېشىڭنى ئۇرىسەن.

ئەي بەختلىك خاقان، بۇ دۇنيا بىر تېرىلغۇغا ئوخشاش، تېرىغان ئادەم تېرىكلىك ئوتىغا ئېرىشىدۇ. يەرگە نېمە تېرىسا شۇ ئۈنىدۇ، نېمە تېرىغان بولسا شۇنىلا ئالىدۇ. كىشىنىڭ قېنىنى تۆكمە، مېلىنى زورلۇق بىلەن تارتىۋالما. بۇ ئىككى گۇناھتىن جان ئىڭراپ چىقىدۇ. سېخىيلىق يولىنى تۇت، بېخىل بولما، سېخىيلارنىڭ نامى مەڭگۈ قالىدۇ. ئەسكەرلىرىڭگە، ئاتلىق قوشۇنۇڭغا ئىشەنمە، ۋاقتى كەلگەندە ھېچقايسىسى ئەسقاتمايدۇ. باشقىلار ئۈچۈن ئۆزۈڭنى پىدا قىلماي، ئالدى بىلەن ئۆزۈڭگە ئېچىن، زورمۇزور ئوتقا كىرمە. سەندىن بۇرۇن ئۆتكەن جاھان بەگلىرىنىڭ ئاخىرقى ئورنىمۇ گۆر بولغان، ساڭىمۇ شۇ گۆر تەيياردۇر. پەقەت ۋاقىتنىڭلا ئىلگىرى-كېيىنلىك پەرقى بار. بۇ دۇنيانىڭ ئەيىبلىرىنى بىلىپ، ئەقىل بىلەن سۆزلىگۈچىنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى ئاڭلا: بۇ دۇنيانىڭ مېلى خۇددى تۇزلۇق سۇغا ئوخشاش ئىچكەنسېرى تېخىمۇ ئۇسسىتىدۇ، ئېغىز نەم بولمايدۇ. دۇنيا يەنە كۆلەڭگىگە ئوخشاش قوغلىساڭ قاچىدۇ، قاچساڭ قوغلايدۇ. دۇنيانىڭ ئىشى ئالۋۇنغا ئوخشاش تۇتاي دەپ قول سۇنساڭ يوقىلىپ كېتىدۇ.

ھەي ئىلىگ، تىرىشىپ ئۆزۈڭنى ياخشى قىل، بەگ ياخشى بولسا خەلقمۇ ياخشى بولىدۇ. خەلق قويغا ئوخشايدۇ، بەگ بولسا چوپان. چوپان بولغان كىشى قويغا مېھرىبان بولمىقى لازىمدۇر. ئىشىك ئالدىڭدا تۇرغان ئاچ بۆرىلەردىن قويلىرىڭنى ئوبدان ئاسرا. ئىش قىلغاندا ئالدىراپ غەزەپلەنمە، بەگ غەزەپلىك بولسا، دۆلەتنىڭ ئۇلى بوشايدۇ. باشقىلارغا قوپاللىق قىلما، قوپاللىق

يېلىنجاپ تۇرغان ئوتقا ئوخشايدۇ. سىلىق-يۇمشاق، ئېغىر-بېسىق، ياۋاش، رايىش بولغىن. بارلىق ياخشىلىققا ئۆزۈڭ قول تىققىن. ئالدىڭدا ئۇزۇن سەپەر تۇرۇپتۇ، ئاقىل كىشىلەر بۇ يولغا ياخشى ئوزۇق بىلەن يېتىدۇ. ساراي-قەسىر سالما، قارا يەر قېتىدىكى ساراي ئاللىبۇرۇن ساڭا تەييار قىلىپ قويۇلغان. سالغان ئېگىز، كەڭ، بېزەكلىك سارىيىڭ قېلىپ، قاراڭغۇ يەر قېتىدىكى ئۆيدە ئىڭرايسەن. ھۇزۇر-ھالاۋەتكە مەپتۇن بولما، مەغرۇرلانما. مەغرۇرلۇق، مەپتۇنلۇق سېنى ئۇخلىتىپ قويىدۇ. دۇنيا راھىتىنى دەپ تىرىكلىكىڭنى زايە قىلما. تاۋار-دۇردۇنغا ئورالغان بۇ نازۇك تېنىڭ ئاخىرى قارا يەر قېتىنى يېپىنچا قىلىدۇ. سىلكىمەيدىغان ئۇچقۇر يورغا ئاتتىن چۈشۈپ، ئىگەرسىز ياغاچ ئاتقا مىنىسەن. ھەي بىلىملىك ئاقىل، بۇ ئاقىۋەتنى ئەقىل بىلەن ئويلاپ، ئۆلۈمگە تەييارلان. يەر قېتىدا پۇشايماندا پۇچىلانمىغىن. ھەر بىر ئىشىڭدا خۇدادىن تەۋپىق تىلە، ئۇ سېنى ھەر قاچان قوللايدۇ. ئاللادىن كەلگەن ياخشىلىق، يامانلىققا رازى بول. ئېغىزىڭنى دۇرۇس تۇتۇپ، قازاغا بويۇن ئەگ. ئەگەر ھەر ئىككى دۇنيانىڭ ئىگىسى بولۇشنى تىلەيدىكەنسەن، مۇنۇ بەش ئىشقا يېقىن بارما. بىرىنچى، ھارامغا قوشۇلما، كۈچ كۆرسەتمە، ئىككىنچى، خۇسۇمەت بىلەن قان تۆكمە، ئۈچىنچى، پاساتتىن يىراق تۇر، تۆتىنچى، ئۆچخور بولما، بەشىنچى، شارابقا بېرىلمە. بۇ بەش ئىش بەگلىكىڭنى خاراب قىلىدۇ. ئەگەر بەگلىكىڭنىڭ مەڭگۈ داۋاملىشىشىنى ئۈمىد قىلىدىكەنسەن ئادىل بول، زۇلۇمنى ئېلىڭدىن تامامەن يوقات. سەن خەلقنىڭ باشچىسى ئىكەنسەن، ئويغاق، ئەقىللىق خەلق ساقچىسى بول. بۇ ئېغىر يۈكنى يۈدۈگەن ئىكەنسەن غاپىل بولما، نەپسكە ئەسىر بولغان بولساڭ ئۇنىڭدىن قۇتۇل. ھاياتىڭنىڭ گۈزەل چاغلىرى شامالدەك ئۆتۈپ كەتتى، قالغان ھاياتىڭ قانچىلىك سەلتەنەتكە ئىگە قىلار، قالغان كۈنلىرىڭنى زايە قىلما. گۇناھ-كىبىرلىرىڭدىن ئۆزۈڭنى ئېرىغدا. مانا مەن كېتىپ

بارىمەن، مەندىن ئىبرەت ئال، كېتىش ۋاقتىڭدا ياخشى نام قالدۇرۇشقا تىرىشقىن. سەكراتتا ياتقان بىرەيلەن ۋەسىيەت قىلىپ: ئۆلگۈچى تىرىككە نەسىھەت قىلىدۇ، ئۇنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلا، ھەي تىرىك، غاپىل بولمىغىن. ئۇزۇن يىل بەگلىك قىلىشنى خالىساڭ نېمىنى قىلىش، نېمىنى قىلماسلىق لازىملىقىنى ياخشى چۈشەن. ئىككى خىل ۋاقىتتا ھەر قانداق ئىش بولسا قولۇڭنى تارتىپ، چىشىڭنى چىڭ چىشلە: بىرى غەزەپلەنگەندە، يەنە بىرى ھەۋەستە.

ياخشىلارنى ئىززەتلەپ يۇقىرى كۆتۈر، يامانلارنى ئىش بەرمەي ئېلىڭدىن يىتتۇر. يامان قانۇن تۈزمە، قانۇننى ياخشى تۈز. قانۇنۇڭ يامان تۈزۈلسە تىرىك ئۆلگۈچىدىن بولىسەن. كىم ئۆز دەۋرىدە يامان قانۇن يۈرگۈزىدىكەن، كەينىدە يامان نامىنى قالدۇرۇپ كېتىدۇ. كىم ياخشى قانۇننى بەرپا قىلىدىكەن، ئۇنىڭ شۆھرىتى ئەبەدكە ياشايدۇ. ئىلىگ، سەن ھودۇقما، ئويغاق بول، تۇۋۇنى ئۇنتۇما. خەلققە يېقىن بولۇپ قولۇڭ ئۇزاردى، كېيىن ئەپسۇسلىنىدىغان ئىش بولۇپ قالمىسۇن. ماڭا قاراپ نەسىھەتىمنى قوبۇل قىل. بۈگۈن ھاياتسەن، ئاڭنا نادامەت چېكىپ قالما.

ئەي ئالىم ئىلىگ، ئادەم ئۆلسە ئۇنىڭدىن بىرەر مىراس قالىدۇ. يۇقىرىقى دېگەنلىرىم مەندىن ساڭا قالغان مىراسىم بولۇپ قالسۇن. مەن ئۈچۈن سەن تولىمۇ سۆيۈملۈك ئىدىڭ. مەن ساڭا پايدىلىق مىراسنى قالدۇردۇم. پايدىلىق سۆز ئەڭ قىممەتلىك مىراستۇر. مىراس سۆزگە ئەل قىلسا، مىڭلاپ پايدا كەلتۈرىدۇ. پۈتكىنىمنىڭ ھەممىسى سىناقتىن ئۆتكەن چىن سۆزلەر، بۇ سۆزلىرىمنى ئۇنتۇما، مېنىمۇ يادىڭدىن چىقارما. مەن سېنىڭ ھەققىڭنى ئادا قىلدىم، شەپقىتىڭگە جاۋاب قايتۇردۇم. ئاللا پۈتۈن ياخشىلىقلارغا تەۋپىق بەرسۇن، بۇ ياخشىلىقلار يېمەك-كىيمەك ئۈچۈن قۇت ئاتسۇن. ئامان-ئېسەن بولغىن، تۈمەن مىڭ يىل ياشا. خۇشاللىق، سۆيۈنچ ئىچىدە كۆپ ئەللەرگە ھۆكۈمرانلىق قىل. بۇ

مېنىڭ سەممىي سۆزلىرىم. خەير، سالامەت، ئېسەن قال.
ھەي خاقانىم، مەن كېتىدىغان بولدۇم. بىر يۈرەك پارەم ئوغلۇم بار ئىدى. ئۇ مەندىن كىچىك قالىدىغان بولدى. مەن ئۇنى ئالدى بىلەن ئاللاغا تاپشۇردۇم. ئاللادىن تىلىسە ئوت ئىچىدە ئامان ساقلايدۇ. ساڭا ھاجىتىم شۇكى، ئوغلۇمنىڭ ھالىدىن ياخشى خەۋەر ئېلىپ قويغىن. ئۇنى ئۆزۈڭدىن يىراق قىلما، ياۋا بولۇپ قالمىسۇن. خۇدا ھەر قانداق ئىشنى بىرەر سەۋەبى بىلەن يارااتقان. ئاتا-ئانا ئوغۇل-قىزنىڭ سەۋەبچىسى. ئۇلارنىڭ قىلىقى ياخشى بولسۇن، يامان بولسۇن چوڭ مەسئۇلىيەت ئاتا-ئانىدا بولىدۇ. ئوغلۇم مەندىن كىچىك يېتىم قالدى. ئەگەر مېنىڭ ئۆزۈڭدە خادىملىق ھەققىم بار دەپ تونۇساڭ، سەن سەۋەبچى بولۇپ، ئۇنى ياخشى يولغا ئۇندىگىن. ئۇنىڭغا ئەدەپ-ئەخلاقتىن تەربىيەت قىلغىن، پەزىلەت ۋە بىلىم بىلەن ئەلگە يارامىلىق ئادەم بولسۇن. ئۇنى بوش قويۇپ بەرمە، قاتتىق تۇت. پەرزەنت چىڭ تۇتۇلسا، كېيىن بەختىنى تاپالايدۇ. شۇڭا كونىلار: ئوغۇلنى كىچىكىدىن تارتىپ ئوقۇتۇش كېرەك، كىچىكىدە ئۆگەنگەن بىلىمنىڭ ئۇنۇمى چوڭ بولىدۇ. ئوغۇل-قىزىڭنى ئايىماي ئۇر، بۇ تاياق ئۇلارغا بىلىم ئۆگىتىدۇ. بالا كىچىك چېغىدا بىلىم ئىگىلىگەن بولسا، قېرىپ ئۆلگىچە ئۇنتۇمايدۇ، دېگەن.

* * *

ئايتولدى كۈنتۇغدى ئېلىگكە يازغان ۋەسىيەتنامىسىنى تۈگىتىپ، تۇرۇپ باغلىدى ۋە ئۇنى ئوغلىغا بېرىۋېتىپ:
— بۇ خەتنى ئالغىن، يوقىتىپ قويماي ئېلىگكە يەتكۈزۈپ بەر. ئۇ بۇ مىراس سۆزلىرىمنى ئوقۇپ، ئىشلىرىنى تۈزەپ، ئۆلۈمگە تەق بولسۇن، — دېدى.
ئۇ يەنە ئوغلىغا قاراپ ئۇلۇغ كىچىك تىنىپ:

— ساۋاق ئال، توغرا يولغا ماڭ، — دەپ قايتا جېكىلىدى، ئارقىدىن ئوغلىنى باغرىغا بېسىپ ئۆكسۈپ يىغلاپ تاشلىدى.

— ئوغلۇم مېنىڭ قانداق ھالەتتە كېتىپ بارغانلىقىمنى كۆرۈۋاتىسەن، ھەرگىز ئۇنتۇپ قالما، بۇ كۈن ساڭىمۇ كېلىدۇ، غاپىل بولما. لازىملىق سۆزلىرىمنىڭ ھەممىسىنى ئېيتتىم، دېگەن سۆزلىرىمنى ئۇنتۇما. ماڭا دۇئا قىلىپ تۇرغىن. ۋاقتى كېلىپ ئىلىنگ سېنى ئىزدەپ قالسا، ئۇنى قەدىرلە، خىزمىتىنى ھالاللىق بىلەن بېجىرگىن. كۈنلىرىڭنى لاغايلاپ بىكار ئۆتكۈزمە. سۆز-ھەرىكىتىڭنى تۈز قىل، ئاخشىمى كەچ يېتىپ، سەھەر تۇرغىن. سەھەر تۇرغان ئادەمنىڭ بەختى ئېچىلىدۇ. ئاللانىڭ بۇيرۇقىنى ئەزىز بىل، ئىلىڭگە كۆڭلۈڭنى بېرىپ ياخشى خىزمەت قىل. كۆزۈڭگە قاراپ سالامەت يۈر. ئۆزۈڭنى كۆزىتىپ، ئېھتىياتچانلىق بىلەن قېرىغىن، — ئايتولدى يىغلاپ تۇرۇپ سۆزىنى ئۈزدى.

*  *  *

ئايتولدى تەييارلىقىنى تۈگەتتى، يىغىسىنى توختىتىپ، ئەقلىنى يىغدى. مال-مۈلكىنى كىشىلەرگە ھەدىيە قىلىپ ئۈلەشتۈردى. يېقىن-يورۇقلىرى ۋە ئۇرۇق-تۇغقانلىرىدىن رازىلىق ئالدى. ئۇنىڭ جېنى كۆككە يول ئېلىشقا ھازىرلاندى. ئۇ قولىنى كۆتۈرۈپ، كۆككە تىكىلىپ ئىمان ئېيتتى ۋە شاھادەت بىلەن نەپسى ئۈزۈلدى. خۇدا نامىنى ئاتاپ جان ئۈزدى. يورۇق جان قاراڭغۇلاشتى، بىغۇبار روھ كۆكتىن ئورۇن ئىزدىدى، جېنى ئۇچۇپ چىقىپ كەتتى، قۇرۇق گەۋدىسىلا قالدى. ئۇنىڭ بۇ دۇنيادا ياشىغانلىقىنىڭ نىشانى سۈپىتىدە پەقەت ياخشى نامىلا قالدى.

ئەجەب-ھە، ئەجەل توشقاندا تەرياك[1] ئىچۈر ياكى مۇمىيا قات،

[1] تەرياك — زەھەر قايتۇرىدىغان دورا.

ماترىدۇس[1] بىلەن جۇزنى[2] سوقۇپ بەر، تېۋىپ چاقىر ياكى داخانغا ئوقۇت، بەرىبىر ئەجەلنى توسۇپ قالغىلى بولمايدىكەن. ئەي تىرىك يۈرگۈچى، غاپىل بولما، ھازىر تىرىك تۇرغىنىڭ بىلەن ئاخىرى ئۆلۈم شارابىنى ئىچىسەن.

ھەي ئىنسان، بىزەكلىك ئۆيۈڭ ۋۇجۇدۇڭنىڭ ئۆيى، سۈرەتكە ئوخشاش تېنىڭ سۇزۇك جېنىڭنىڭ ئۆيىدۇر. جان ئۇچۇپ چىقىپ كەتسە قۇرۇق تەنلا قالىدۇ. جاننىڭ نەگە بېرىپ قارار تاپىدىغانلىقىنى ئاللا ئۆزى بىلىدۇ. ئىشقىلىپ پاك جاننىڭ ئورنى ئېگىز كۆكتە بولىدۇ. ئەگەر ئۇ تۆۋەندە قالسا مەڭگۈلۈك ئاپەتنىڭ باشلىنىشىدۇر. جان ئىككى ئورۇننىڭ بىرىنى تاپىدۇ. روھ ئۆلمەيدۇ، ئۇ مەڭگۈ ياشايدۇ. ئادەم دېگەن نېمىدېگەن ئاجىز مەخلۇق، بىر مەزگىل يۈرىدىكەن، ئارقىدىن نامىمۇ يوقىلىپ، سۆزىمۇ كېسىلىدىكەن. قەيەردىن كېلىپ قەيەرگە بارىدىغانلىقى، نەدە تۇرۇپ نەلەردە يۈرىدىغانلىقىنى ئۇقمايدىكەن. بىلىملىكمۇ، ئەقىللىقمۇ بىلمەيدىكەن. بۇنى ئاللادىن باشقا ھېچكىم ئۇقمايدۇ. ئادەمنىڭ ئۆمرى قىسقا، غەم-غۇسسە بىلەن تىلىلا ئۇزۇن بولىدىكەن. ئۆلۈم ھەممە ئادەمگە بار ئىكەن، بىرەرسىمۇ بۇ توردىن قۇتۇلالمايدىكەن. ياخشى-ياماننىڭ ھەممىسى ئۆلۈم تورىغا چۈشىدىكەن. ئەگەر ئامال-چارە بولغاندا ئىدى، ئۇلۇغ ئالىملار تىرىك قالسا، نادانلار ئۆلۈپ تۈگىسە بولماسمىدى؟ بىراق، ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇشقا ھېچقانداق كېچىك يوق ئىكەن.

ئەي ئادەم بالىسى، ئادەمگە ئىست دېمەيمەن، ئادىمىيلىككە ئىست دەيمەن. ئەرگە ئىست دېمەيمەن، توغرىلىققا ئىست دەيمەن. بۇ قېرى دۇنيانىڭ ئادىتى شۇنداق، ئەمەل قىلامسەن، قىلمامسەن ئىختىيارىڭدا.

---

① ماترىدۇس — بىر خىل دورىنىڭ نامى.
② جۇز — سۈرگە دورىسى.

## توققۇزىنچى باب

# ئۆگدۈلمىشنىڭ كۈنتۇغدى ئىلىگ خىزمىتىگە كىرگەنلىكى

كۈنتۇغدى ئىلىگ ئايتولدىغا داغدۇغىلىق ماتەم مۇراسىمى ئۆتكۈزۈپ بەردى. مۇراسىمدىن كېيىن، ئۆگدۈلمىشنى يېنىغا تارتىپ تەسەللى بەردى:

— ئوغلۇم، ئارتۇقچە غەم يېمىگىن، بۇ غەملەرمۇ ئۆتۈپ كېتىدۇ، شادلىق كېلىدۇ. بۇ قايغۇ ساڭىلا كەلمىدى، بۇ يوقىتىش ماڭىمۇ تولا ئېغىر كەلدى. روھىڭنى چۈشۈرمە، ئۆزۈڭنى ئەركىن تۇت. يېنىمدا قېلىپ خىزمىتىمنى قىل. بۇنىڭدىن كېيىن مەن ساڭا دادا بولاي، سەن مېنىڭ ئوغلۇم بولغىن.

— ئەي ئىلىگ ئاتا، — دېدى ئۆگدۈلمىش يەر سۆيۈپ، — مەن ئۆزۈڭ تەربىيىلىگەن قۇلۇڭمەن. جېنىم سەن ئۈچۈن پىدا بولسۇن. دادام ئۆزىنى سىنىڭ خىزمىتىڭگە پىدا قىلغان ئىدى، ئاللا مەن قۇلۇڭنىمۇ سىنىڭ ئۈچۈن پىدا قىلسۇن.

ئۆگدۈلمىش دادىسى قالدۇرۇپ كەتكەن ۋەسىيەتنامىنى چىقىرىپ، ئىككى قوللاپ ئەدەپ بىلەن ئىلىگكە سۇندى. ئىلىگ ۋەسىيەتنامىنى قولىغا ئېلىپ ئوقۇدى. نامىنى ئوقۇپ بولۇپ، قاتتىق ھەسرەت چەكتى:

— ئىسىت، زېرەك قېرىندىشىم، مېھرىبان ئادەملەرنىڭ سەرخىلى ئىدىڭ. ئىشىكىمنى بوش قالدۇرۇپ، ئۆزۈڭنى تۇرۇتتۇڭ. ھاياتلىقىڭدا خىزمىتىمنى جان پىدالىق بىلەن ئىشلىگەن ئىدىڭ، مانا ئۆلۈش ئالدىدىمۇ غېمىمنى يەپسەن. مەن

سىنىڭ ھەققىڭنى قايتۇرالمىدىم. ئەجرىڭنى ئاللا ئۆزى بەرگەي.
كۆنتۇغدى ئىلىگ سۆزىنى زورىغا توختاتتى. ھەسرەت ياشلىرىنى كۆز چاناقلىرىغا لىق تولدۇرۇپ ئەلەملىك ھالدا ئۆيگە كىردى. شۇ پېتى غەمگە پېتىپ، ئىشىكنى تاقاپ، نەچچە كۈن سىرتقا چىقمىدى.
ئۆگدۈلمىش دادىسىغا نەزىر-چىراغ قىلىپ، يوقسۇللارغا ئىپەك ھەم پۇل ئۈلەشتۈردى، قەلبىدىكى قايغۇ يارىسىنى ئاشۇنداق يەڭگىللەتتى. ئۇ ياخشى كىشىلەردىن دوست تۇتتى. دادىسىنىڭ نەسىھەتلىرىنى يادىدا تۇتۇپ، توغرا يولدا ماڭدى. بارا-بارا ئۇنىڭ بەختى ئېچىلىشقا باشلىدى. «داداڭنىڭ نەسىھەتى بىلەن ئىش تۇتساڭ، كۆڭلىرىڭ بەخت ئىچىدە ئۆتكەي. ئاتا-ئاناڭنى خوش قىلىپ، خىزمىتىنى ياخشى قىلساڭ، بۇ خىزمىتىڭ بەدىلىگە تۇمەن مىڭ پايدىغا ئېرىشكەيسەن» دېگەن تەۋسىيەلەر توغرا ئىكەن.
كۆنتۇغدى ئىلىگمۇ ئويغىنىپ غەيرەتكە كەلدى. كۈندىن-كۈنگە ياخشى قانۇنلارنى چىقىرىپ تۇردى، خەلقى بېيىپ، دۆلەت ئىشلىرى يۇرۇشۇشكە باشلىدى. خەلقىمۇ ئىلىگكە قۇتلۇق دۇئالارنى قىلدى.

* * *

كۆنتۇغدى ئىلىگ بىر كۈنى كىتاب ئوقۇپ يالغۇز ئولتۇراتتى. بىر ھازادىن كېيىن قولىدىكى كىتابنى قويۇپ، كۆزىنى ئۇزاقلارغا تىكتى. بىراق، ئەقلى چىگىلىپ، تەسەۋۋۇرى توسۇلدى. كۆڭلىدە يىغىلىپ قالغان گەپلىرىنى دەپ سىردىششقا سىرداش ئادەم تاپالمىدى. شۇنداق روھىي ھالەتتە ئايتولدىنىڭ پەزىلەتلىرىنى يادىغا ئېلىپ: «ئىست، ئەرلەرنىڭ سەرخىلى، ئوردامنىڭ گۈلى، ياخشى ھەمراھىم ئىدى. ئۇنىڭ ئورنى بوش قېلىپ، ياخشى دىلكەشىمدىن ئايرىلدىم. ئۇنىڭ ئورنىنى ئەمدى

كىم باسالار؟» دېگەنلەرنى ئويلىدى. شۇئان ئۇنىڭ خاتىرىسىگە ئۆگدۈلمىش كېلىپ، «ئەجەب ياخشى، بۇ ئىشنى نېمانداق ئۇنتۇپ قالغاندىمەن. ئايتولدى ئوغلى ئۆگدۈلمىشنى ماڭا تاپشۇرغان ئىدى. دادىسى كەتكەن بولسا، ئۇنىڭ ئوغلى بارغۇ، ئەمدى ئۇنى يېنىمغا تارتاي» دېگەن ئوي ئۇنىڭ خىيالىدىن كەچتى.

ئىلىگ شۇلارنى خاتىرىسىدىن ئۆتكۈزۈپ، تېزدىن ئۆگدۈلمىشنى چاقىرىپ كېلىشكە مۇلازىم ئەۋەتتى.

* * *

ئۆگدۈلمىش ئىلىگنىڭ ئەمرىگە بىنائەن، دەرھال ئوردىغا كىرىپ كۈنتۇغدى ئىلىگكە كۆرۈنۈش قىلدى. ئىلىگ ئۆگدۈلمىشنىڭ كىرگەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇنى يېنىغا چاقىردى ۋە ئۇنىڭدىن سورىدى:

— ئوغلۇم، داداڭدىن كېيىن بۇ زاماندىن نېمىلەرگە ئىگە بولدۇڭ، كۈنلىرىڭ قانداق ئۆتۈۋاتىدۇ، خۇشال ئۆتۈۋاتامسەن ياكى غېمىڭ بارمۇ؟

— ھەي بەختلىك ئىلىگ، ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگىن، نامىڭ جاھانغا يېيىلسۇن. زامان يۈز ئۆرۈپ، قاپاق تۈرگەنلىكتىن سېنىڭ ئىشىڭدىن چەتتە قالدىم. ئۇزۇن بولدى دىدارىڭنى كۆرەلمەي قايغۇدا يۈردۈم. بۈگۈن مېنى ياد ئېتىپ چاقىرتقانلىقىڭ ئۈچۈن بەخت ماڭا ئۈمىد بەلۋېغىنى باغلىدى. يارلىقىڭنى ئاڭلاپ كۆزۈم يورۇپ كەتتى، — دەپ جاۋاب بەردى ئۆگدۈلمىش.

— ھەي ئوغلۇم، بۈنىڭدىن كېيىن كۆڭلۈڭنى چۈشۈرمەي مېنىڭ خىزمىتىمدە بول، — دەپ ئەمر قىلدى ئىلىگ ئۆگدۈلمىشكە، — داداڭنىڭ مەندە كۆپ خىزمەت ھەققى بار ئىدى، ئۇنى تېخى ئادا قىلغۇدەك بولالمىدىم. خەقلەرنىڭ سۆز-چۆچىكىگە قالماي، داداڭنىڭ ھەققىنى ساڭا قايتۇراي. ئۈچ ئوردا بېگى: بىر

كىم سېنىڭ ئەمگىكىڭنى قىلغان بولسا، ئۇنىڭ ئەمگىكىنى ھەرگىز ئۇنتۇما. ئېسىل كىشى بولساڭ كىشىلىكنى تاشلاپ قويما. ئادىمەتچىلىككە ئادىمەتچىلىك بىلەن جاۋاب قايتۇرغىن، باشقىلارنىڭ ئەمگىكىنى قەدىرلەشنى بىلمىگەن ئادەمنى ھايۋان ئاتىسا بولىدۇ. يەر، ھايۋان ئاتالماي دېسەڭ ئادىمەتچىلىكنى تاشلىما، ئادەم ئادىمەتچىلىك بىلەن ئادەم ئاتالدى، ئادىمەتچىلىك بىلەن نام تاپتى، دېگەنىكەن.

— ھەي ئىلىگ ئاتا، سېنىڭ نەزىرىڭگە ئىلىنىشىم مەن ئۈچۈن بەخت. مەن سېنىڭ قۇلۇڭ، سەن مېنىڭ ئۇلۇغ بېگىم. ئۇلۇغ بەگ دېگەن ئۆز خىزمەتچىسىنى قەدىرلەيدۇ. سەن مېنى قەدىرلە ياكى خار كۆر، مەن ئۆزۈمنى ساڭا ئاتا قىلغانمەن.

ئۆگدۈلمىش ئىلىگ بىلەن كۆرۈشۈپ بولغاندىن كېيىن، ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ، خوشلىشىپ ئۆيىگە قايتتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۆگدۈلمىش خىزمەت كەمىرىنى چىڭ باغلاپ، دۆلەت ئىشىغا دادىل كىرىشىپ كەتتى. سەھەر تۇرۇپ كەچ يېتىپ، تاماقلىرىنى كۆزەتتە تۇرغان جايدا يەپ راسا ئىشلىدى. ئۇنىڭ خىزمىتى ئىلىگ خانغا ياراپ كەتتى. ئىلىگ ئىشەنچ بىلەن ئىشىك ئىچىپ دۆلەت قولىنى ئۇنىڭغا تۇتقۇزدى. خىزمەت قىلىپ دۆلەت ئېتىنى مىنگەن بىر كىشى مۇنداق دېگەن: ھەي بەگلەرنىڭ رازىلىقىنى تىلىگەن كىشى، ئىشىڭنى بەگلەرنىڭ خاھىشى بويىچە قىل. بېگىڭ خالىماس ئىشنى قىلىپ، ئازار يېسەڭ گۇناھىڭ ئۆزۈڭگە بولىدۇ، ئەگەر بېگىڭ خالىمىغان ئىشنى قىلساڭ، ئاران ئېرىشكەن ھاياتلىقنى زايە قىلىسەن.

*　　*　　*

كۈنتۇغدى ئىلىگ بىر كۈنى ئۆزى يالغۇز ئولتۇرۇپ خىيالغا پاتتى: دەرىخا! كامىل كىشىمنى يوقىتىپ، ئىشلىرىمغا تېخى

يارامسلىق بىرەرسىگە ئېرىشەلمىدىم، ئىشلىرىم بۇزۇلۇۋاتىدۇ. بۇنى بايقاپ، ماڭا كۆيۈنۈپ ئىشلەيدىغان ئادىمىم قېنى. ياخشى-يامانىنى بىلىپ، سىناقتىن ئۆتكۈزگەن كىشىلەر: ھەر قانداق ئارزۇغا يەتكىلى بولىدۇ، تىلىگەندەك ياخشى ئادەمگە يەتمەك تەس، دەپ ئەجەب توغرا دېيىشكەن. يۇرگەنلەرنىڭ ھەممىسى قارىماققا ئادەمدەك كۆرۈنىدىكەن، لېكىن ئۆلارنىڭ ئارىسىدىن ھەقىقىي ئىشەنچلىك بىرەرسىنى تاپقىلى بولمايدىكەن.

شۇنداق خىياللارنى سۈرۈپ ئولتۇرغان ئىلىگنىڭ يادىغا بىر مەسەل كەلدى: «ئۇرۇقلۇق كىشى ئۆلسە ئۇرۇقى قالۇر.» ئۇ دەرھال ئۆگدۈلمىشنى خىيالىغا كەلتۈردى.

«توغرا، — دېدى ئۇ، — يەرگە نېمە تېرىسا شۇ ئۈنىدۇ. ئوغۇلنىڭ قىلىقى ئاتىسىغا ئوخشايدۇ. ئۆگدۈلمىش ئايتولدىنىڭ ئوغلىغۇ، ئۇنىڭ دادىسى كەتتى، ئورنى بوش قالدى. ئۆگدۈلمىش بۇ يوچۇقنى تولۇقلىسۇن. مەن ئۇنى تەربىيىلەي، ئۇ ئادەم بولسۇن، يارامىلىق ئادەم بولۇپ قالسا ئەلگە پايدىسى تېگىدۇ. ئۇ خېلى يارامىلىقتەك كۆرۈنۈۋاتىدۇ. ئۇنىڭ ھازىر كىچىكلىكتىن باشقا ئەيىبى يوق. خەلقنىڭ كاتتىسى بولغان ئىلى بېگى: بەگلەر ئۆز قولى بىلەن يېتىشتۈرگەن ئادەم، باشقا باش قوشۇپ، بەگلىكنىڭ يارامىلىق ئىزباسارى بولىدۇ، دېگەن. دۇرۇس، ماڭا ئەمدى باشقا چارە يوق. ئۇنى ئۆز قولۇم بىلەن يېتىشتۈرسەم يارامىلىق ئەر بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئايتولدىنىڭ ھەققىنىمۇ ئۆتىگەن بولىمەن، ئادىمەتچىلىك قەرزىمنىمۇ ئادا قىلغان بولىمەن. ھەقىقىي ئېسىل ئەر ياخشىلىقنى ئۇنتۇمايدۇ، ياخشى ئۇرۇقلۇق ئادەم ۋاپاسىز بولمايدۇ.»

كۈنتۇغدى ئىلىگ بىر قارارغا كېلىپ، ئۆگدۈلمىشكە ياخشىلىق ۋە يامانلىقنىڭ ھەممىسىنى سۆزلەپ ئالدىدىن ئۆتكۈزدى. ئۇنى ئىززەتلەپ، يۇقىرى ئورۇن بەردى. ياخشى قانۇن يولغا قويۇلۇپ، زامان ئۇنىڭغا يار بولدى. يامانلار تۈزۈلۈپ،

ئىچكى ئىشلار، قانۇنلار تەرتىپكە چۈشتى. ئوردىنىڭ ئىتىلگەن ئىشىكلىرىنىڭ ھەممىسى ئۆگدۈلمىش ئۈچۈن ئېچىلدى.

« ھەبەللى، — دېدى ئىلىگ ئۆز-ئۆزىگە، — ئەمدى ئىشلىرىم تىلىگىنىمدەك بولىدىغان بولدى. ئۆگدۈلمىشتە قابىلىيەت بارلىقىنى سەزگەنىدىم، شۇڭا ئۇنىڭغا ياخشى ئېھسان قىلدىم، ئۇنىڭ ئىشلىرى كۈتكىنىمدەك چىقتى. قۇرامىغا يەتكىچە قابىلىيىتى تېخىمۇ ئاشىدۇ. مەرد ئوغلانىنىڭ مەردلىكى تۇغۇلۇشىدىن دېگەندەك، كىچىك بولسىمۇ ئۇنىڭدىن ئۇلۇغلۇقنىڭ نىشانى كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ. يارامىلىق نەرسىنىڭ بەلگىسى كىچىكىدىن، دەرەخ مېۋىسى چېچەكىدىن مەلۇم ئەمەسمۇ؟!»

ئىلىگ بىر كۈنى ئۆگدۈلمىشنى يېنىغا چاقىرتىپ، ئۆزىنىڭ بىلگەنلىرىنى قالدۇرماي ئۇنىڭغا ئېيتتى. ئاندىن ئۇ ئۆگدۈلمىشكە خىتاب قىلىپ:

— ئوغلۇم، ئەمدى سەندىن سورايدىغان بىر قانچە سوئالىم بار، كۆڭۈل قويۇپ جاۋاب بەرگىن، — دېدى ۋە ئارقىدىن، — ئادەم ئۈچۈن ئەڭ پايدىلىق نەرسە نېمە؟ ئەڭ زىيانلىق ئىش قايسى؟ ساناپ بەرگىن، — دەپ سورىدى.

— ھەي بىلىمنىڭ ئوردىسى، كىشىلەرنىڭ ياخشى بېگى، جاھاندا مۇنداق ئۈچ ئىش كىشى ئۈچۈن پايدىلىقتۇر. بىرىنچى، ياخشى ئىش، ياخشى ئەمەل. ئىككىنچى، ئۇيات. ئۈچىنچى، توغرىلىق. بۇ ئۈچ پەزىلەت بىلەن كىشىلەر قۇتلۇن كۈنگە ئېرىشەلەيدۇ. چۈنكى، ئىش-ھەرىكىتى ياخشى بولسا، ئۇنى ھەممە كىشى سۆيىدۇ، مىجەزى توغرا بولسا، تۆردىن ئورۇن ئالالايدۇ ۋە ھەر ئىككى دۇنيادا سائادەتلىك بولىدۇ. ھايا ۋە نومۇس بارلىق يارىماس قىلىقلارنى يۇيىدۇ. ئۇياتسىزلىق دېگەن تەڭدىشى يوق مەرەز كېسەل. ئىنسانغا زىيانلىق مۇنداق ئۈچ ئىش بار. بىرىنچى، كاجلىق بىلەن ياۋۇزلۇق. ئىككىنچى، يالغانچىلىق. ئۈچىنچى، بېخىللىق. ئۇ ئۈچ ئىشنىڭ ھەممىسى

بىلىمسىزلىكتىن بولىدۇ. ئادەم كاج، ياۋۇز بولسا ئىشلىرىنىڭ ھەممىسى تەتۈرگە ماڭىدۇ. يالغانچىلىق بىلەن ئاتالغان كىشىنىڭ يامان نامى ئۆلگۈچە ئۆچمەيدۇ. دۇنيادا بېخىللىقتىن يامان يەنە نېمە بار؟! بېخىل يېمەي-ئىچمەي، كىيمەي يىغىدۇ، ئۆزى ئۆلىدۇ، مال-دۇنياسى قالىدۇ. بىلىملىكلەر قولى يېپىق بەختسىز بىچارىلەرگە ئاتاپ: «يىغىشنى بىلدىڭ، يېيىشنى بىلمىدىڭ، ئەلگە كىچىككىنە يارماقمۇ بەرمىدىڭ، مانا ئەمدى يېگۈچىلەر تەييار بولدى» دېگەن. دېمەك، بۇ ئۈچ يامان ئادەت كىمدە بولسا نامىمۇ ئۆچىدۇ، بەختىمۇ يېتىدۇ.

— ئادەم ئانىدىن تۇغۇلۇشىدىنلا بىلىملىك بولۇپ تۇغۇلامدۇ ياكى يېشى يېتىلگەنسېرى ئۆزى ئۆگىنەمدۇ؟ — دەپ ئىچكىرىلەپ سورىدى كۈنتۇغدى ئىلىگ ئۆگدۈلمىشنىڭ پاراستىنى تېخىمۇ ياخشى سىناپ كۆرمەك بولۇپ.

— ئالىيلىرى، بىلىم بىلەن ئەقىل پەزىلەتنىڭ نامىدۇر، — دەپ جاۋاب بەردى ئۆگدۈلمىش، — ئادەم ئانىدىن بىلىمسىز تۇغۇلىدۇ، ياشاش جەريانىدا بارا-بارا ئۆگىنىپ تۈرگە چىقىدۇ. بىراق ئەقىلنى ئۆگەنگىلى بولمايدۇ، ئەقىلنى ئاللا شۇ ئادەمنىڭ تەبىئىتىگە مۇناسىپ بىللە يارىتىدۇ. ئەقىلدىن باشقا بارلىق ئىشلارنى ۋە پەزىلەتلەرنى ئادەم ئۆگىنىش ئارقىلىق كامالەتكە يەتكۈزىدۇ.

*　　*　　*

بۇ قېتىمقى ئەھمىيەتلىك سۆھبەتتىن كېيىن، كۈنتۇغدى ئىلىگنىڭ ئىشەنچى تېخىمۇ ئاشتى، ئۇ ئۆگدۈلمىشتىن تولىمۇ سۆيۈندى. «مەن ئەمدى تىلىكىمنى تاپتىم، — دەيتتى ئۇ خۇرسەنلىكتە، — دادىسىنى يىتتۈرۈپ قويغانىدىم، بۇ ئوغۇل ياخشى يول تېپىپ دادىسىنىڭ ئورنىنى باستى. بۇنىڭ ئۈچۈن

خۇداغا شۈكۈرلەر ئېيتىپ، خەلقىمگە تېخىمۇ ياخشى قانۇنلارنى تۈزۈپ بېرەي. ئۆگدۈلمىش ھەقىقەتەن مېھرىباندەك كۆرۈنۈۋاتىدۇ، ئىشلارنى ھەقىقىي دۇرۇسلۇق بىلەن ئادا قىلىۋاتىدۇ. مەنمۇ جاۋابەن بىر ياخشىلىق قىلاي، ئۇمۇ قىلغان ياخشى ئىشلىرى ئۈچۈن مەمنۇن بولسۇن. تاللانغان ئاقىل كىشىلەر بىلىپ: ئادىمەتچىلىككە ئادىمەتچىلىك بىلەن ئادىل جاۋاب قايتۇر. ۋاپاغا ۋاپا قىلىش ئادىمىيلىك بۇرچ، دېيىشكەن.»

شۇنىڭدىن تارتىپ كۈنتۇغدى ئىلىگ ئۆگدۈلمىشنى تېخىمۇ ئەزىزلىدى. ئۆگدۈلمىشنىڭ ئەل ئارىسىدىكى ئابرۇيىمۇ ئۆسۈپ، بەگلەر ئارىسىدىمۇ، تەختۇشلىرىنىڭ قاتارىدىمۇ ئۇلۇغ ناملار بىلەن ئاتىلىشقا باشلىدى، ئەل-جامائەتمۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن دۇئا قىلاتتى. ئۆگدۈلمىش كىچىك پېئىللىقى بىلەن ھەممە ئادەم بىلەن چىقىشالايتتى، باشقىلارنىڭ دىلىنى ئېرىتەلەيتتى. ئۇنىڭغا يۆلەك بولىدىغان ۋە ياردەمدە بولىدىغان دوستلىرىمۇ كۆپەيدى.

كەمتەر ئادەم نېمىدېگەن بەختلىك، ئالىملارغا كەمتەرلىك نېمىدېگەن يارىشىدۇ-ھە! بەخت دېگەن ئەزەلدىن كۆچمەننىڭ ئېتىدەك بىر ئىزدا توختىمايدىغان نەرسە. ئۇنىڭ يىلتىزىنى پەقەت كىچىك پېئىللىق بىلەن چىڭىتقىلى بولىدۇ. كەمتەر، مۆلايىم ئادەم نېمىدېگەن چىرايلىق، ئىشلىرى نېمانچە تۈزۈك، تەكەببۇر ئادەمنىڭ تېتىقسىزلىقى ئۆزىنى قانچىلىك پەس ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويىدۇ-ھە! بەخت دېگەن ئەقىللىق ئادەمگە تولىمۇ يارىشىدىكەن. مۇنۇ سۆزلەر ئەجەب جايىدا ئېيتىلغان: بەخت كەلسە نادانغىمۇ يارىشىدۇ، بىلىملىك ئادەمگە تېخىمۇ ئارتۇق يارىشىدۇ. بىلىمسىز دۆلەت بىلەن بۈيۈكلۈككە ئېرىشەلىگەن يەردە، بىلىملىك ئادەمگە دۆلەت كەلسە نام-شۆھرىتى تېخىمۇ زورايمامدۇ؟ بىلىمسىز، نادان ئادەمگە دۆلەت ۋە ئامەت كەلگەن تەقدىردىمۇ، بۇ دۆلەت ھەرگىزمۇ ئۇزۇن يۇت تىرەپ تۇرالمايدۇ. بولۇمسىز ئادەم ئۆزىگە كەلگەن بەختنى يېنىدا بىر كۈنمۇ تۇرغۇزمايدۇ.

*  *  *

كۈنتۈغدى ئىلىگ ئۆگدۈلمىشنىڭ ئىشلىرىنى توغرا تاپتى. لېكىن، ئۇنى تېخىمۇ قاتتىق سىناپ كۆرمەك بولۇپ، بەزىدە ئۇنى قەدىرلەپ، ئورنىنى يۇقىرى كۆتۈردى، بەزىدە قەستەن يامان كۆرۈپ، ئورنىنى تۆۋەنلىتىپ باقتى. ئۆگدۈلمىش بولسا قەدىرلەنگەندىمۇ ئەلنى رەنجىتمەيتتى، خار كۆرۈنگەندىمۇ ئۆز ئىشىنى ئاقساتمايتتى، ھەر قانداق چاغدا سادىقلىق بىلەن ئىلىگكە قالقان بولاتتى. خەزىنىدار بولغاندا ئەلنىڭ ئامانىتى ئۈچۈن ئۆزىنى پىدا قىلاتتى، ھېسابلىرىنى ئېنىقلىق خاتىرىلەپ تۇراتتى، ھەر قانداق ئىشنى جاي-جايىدا قىلاتتى. ئۇ دۆلەت خەزىنىسىنى ياخشى باشقۇرۇپ، ئۆزىنى ئۆزى ئوبدان كۆزىتەتتى، خىزمەتتە ھەرگىز نەپسىگە چوغ تارتمايتتى. تۇرمۇشتا كەم ئۇچرايدىغان كامىل كىشىلەر شۇنداق دېگەنكى: ئادەم ئۈچۈن ئالتۇن-كۈمۈش تولىمۇ قەدىرلىك، ئادەمنىڭ ئالتۇن-كۈمۈش ئالدىدا ئۆزىنى تۇتالىشى ئۇنىڭدىنمۇ قەدىرلىكتۇر. ئۆزىنى پۇل قاپقىنىدىن ئامان ساقلىيالىغان ئادەملا ھەقىقىي چىن بەختكە ئېرىشەلەيدۇ. ئۇنداق چىن، دۇرۇس ئادەمنى كۆزۈڭگە سۈرتسەڭ ئەرزىيدۇ. ئەقىل بۇنىڭدىنمۇ ياخشىراق قىلىپ: كۆيۈمچان ئادەمگە جاننى پىدا قىلساڭمۇ ئەرزىيدۇ، دېگەن.

شۇنداق، كىشىلەر توغرىلىق، دۇرۇسلۇق ھەققىدە سۆزلىشىدۇ، شۇ توغرىلىق، دۇرۇسلۇق نەدە؟ ئۆزىگە ئامانەت قويۇلغان كۈنى ئۆزىنى دۇرۇس تۇتالىغان يەردە. ھەقىقىي كامىل ئەركەكنى ئىزدىمەكچى بولساڭ، قىلىقى دۇرۇس بولسا كامىل ئەر دېگەن شۇ. ماختاشقا مۇناسىپ ئەر سېخىي ئادەمدۇر، بېخىل بولسا سۆكۈشكە نىشاندۇر. ئادەم بالىسى نېمىدېگەن بىچارە-ھە! ئۆمۈر بويى دۇنيا يىغىدۇ، يېيىشكە نېسىپ بولمايدۇ. بەزىلەر تىنىماي

يۈگۈرۈپ جاھان كېزىدۇ، بەزىلەر جېنىنى پىدا قىلىپ دېڭىز ئاستىغا كىرىدۇ. بەزىلەر تاغ قېزىپ، قىيالار تۆۋىگە بارىدۇ، يەنە بەزىلەر يەر غۇلاچلاپ يالاڭ ئاياغ يۈگۈرەيدۇ. بەزىلەر دەريا كېچىپ، داۋانلار ئاشىدۇ، بەزىلەر سۇ دەپ قۇدۇق قازىدۇ، يەنە بەزىلەر ئورۇشتا قىلىچ-پالتا يەيدۇ، بەزىلىرى قەلئە ساقلاپ قېرىپ كېتىدۇ. بىرى ئوغرىلىق، قاراقچىلىق قىلسا، بىرى باسمىچىلىق، قاتىللىق قىلىدۇ. يەنە بىرى مەككارلىق، ئالدامچىلىق بىلەن جان باقىدۇ. ئۇلار شۇ كىيىم-كېچەك، يېمەك-ئىچمەكنىڭ ۋەسۋەسىسىدە شۇنچە زەخمەتلەرنى چېكىپ، مال-دۇنيا توپلايدۇ-يۇ، ئۆزى يېمەيدۇ. ئۆلىدىغان ۋاقتىدا ئىسىت دەپ پۇشايمان يەيدۇ. بۇنىڭ ھەممىسى بىلىمسىزلىك، نادانلىقنىڭ ئالامىتىدۇر. بىلىمسىز ئىنسان ھايۋان ئوخشىشىدۇر. خۇداغا ئىشەنگەن بىلىملىك كىشى بولىدىغان بولسا، شۇنچە جەبىر-جاپادا ئېرىشكەن نەرسىلىرىنى ئوبدان يەپ ئىچىدۇ. تەجرىبىلىك ئاقىل كىشىلەر ئېيتىدۇكى، خاھى سەن دۇنيا دەپ كېچە-كۈندۈز چاپ، خاھى ئۇخلاپ يات، قىسمىتىڭ نېمە بولسا شۇنىڭغا ئېرىشىسەن. دانا بولساڭ تىلىڭ ۋە دىلىڭنى دۇرۇس تۇتقىن، يېمەك-ئىچمىكىڭ ھەرگىز ئۆكسۈپ قالمايدۇ، دۇنيا نېمەتلىرىگە توغرىلىق بىلەن يېتەلەيسەن، باقىي دۇنياغىمۇ توغرىلىق بىلەن ئېرىشەلەيسەن. ئەقلى يېتىلگەن، دۇرۇسلۇق بىلەن جاھان سورىغان كىشىلەرمۇ: دۇنيا بايلىقىغا ئېرىشمەك بولساڭ دۇرۇس بول، توغرا سۆز قىل، تىلىڭ ۋە دىلىڭ دۇرۇس بولسا ئۇ دۇنيامۇ سېنىڭ، دېگەن.

ھەي ئىلىگ، سەپسال، توغرا ھەرىكەتنىڭ خاسىيىتىدىن كىشىلەرنىڭ كۆنى نېمىدېگەن چىرايلىق ئۆتىدۇ-ھە! شۇڭا، ئىشلىرىڭنى توغرىلىق بالاغىتى بىلەن قىلغىن، ئىشلىرىڭغا ئادىمىيلىك ئۇلىنى سالغىن.

بەخت ئۆگدۈلمىشنى كۈنسېرى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە باشلىدى. خەلقلەرگە پەرمان چۈشۈرسە ئىجرا قىلىندى، ئەلنىڭ دەردىگە

قولاق سالدى، ئىلىگمۇ ئۇنى ھەممە جەھەتتىن سىنىدى، پاراسەت بىلەن كۆزىتىپ، جىمى ئىشتىكى كامالىتىنى كۆردى. ئۆگدۈلمىشنىڭ سادىقلىقى، سەمىمىيلىكىگە تولۇق ئىشەنچ ھاسىل قىلدى. پاراسەت ئىگىلىرى دېگەندەك: بەگلەر خادىملىرىنى كۆزىتىپ تۇرۇشى، تېگى-تەكتىنى تەكشۈرۈپ ئاندىن خىزمىتىگە سېلىشى لازىم. خادىملىرىنىڭ ياراملىقلىقى ئېنىق بولغاندىن كېيىن، ئاندىن ئۇلارغا قەدىر-قىممەت يولىنى ئاچسا بولىدۇ، شۇندىلا ئىشنى جايىدا بېجىرگەن خادىممۇ يۈكسىلىدۇ، بەگنىڭ نامىمۇ ئۇلۇغلىنىدۇ. پاراستى ۋە ئىلمى ھەممىگە يېتىدىغان ياغما بېگى: ھەي بەگ ئىشلىرىڭنى ئىش بىلىدىغانلارغا، ياراملىق، توغرا، دۇرۇس كىشىلەرگە يۈرەكلىك بىلەن تاپشۇر. قايسى بەگ يارامسىزلارغا ئىش تاپشۇرغان بولسا، يارامسىز دەل شۇ بەگنىڭ ئۆزىدۇر. تەڭرى كىمنىڭ بەختىنى يۈكسەلدۈرمەن دەيدىكەن، ئۇنىڭغا توشقان ياراملىق خادىملارنى ئاتا قىلىدۇ. كىمنىڭ بەختىنى يەرگە ئۇرماقچى بولىدىكەن، يالجىماس خىزمەتچى بېرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن دۆلەت ئىشلىرى ئىزىدىن چىقىپ، بالايىئاپەت تۈتۈنى كۆتۈرۈلىدۇ، دېگەن.

ئىلىگ ئۆگدۈلمىشكە تولۇق ئىشەندى، ئۇنى قەدىرلەپ، بارلىق ئىشلىرىنى ئۇنىڭغا تاپشۇردى. قولىنى پۈتۈن ئەلدە ئۇزۇن قىلدى، گەپ-سۆزى ھەممىگە ئۆتىدىغان بولدى. ئىلىگ ئۇنى شۇنداق قەدىرلەپ، خاتىرجەم ھالدا يۇقىرى مەرتىۋىگە قويۇپ، تامغىنى تۇتقۇزدى، ياسىداق ئات بەردى ۋە مەرتىۋە تونىنى كېيدۈردى. ئۇنىڭغا ياخشى سۆزلەر بىلەن يوللۇق يارلىقلارنى بېرىپ، ئۆزىگە يېقىن تۇتتى. ئوردىدىكى لەشكەرلەر، مۇلازىملار بولسۇن، مەرتىۋىلىك ۋە مەرتىۋىسىزلەر بولسۇن، جېنىنى ئۇنىڭغا سوۋغا قىلىشقا تەييار بولدى. خادىملار يولىيورۇق سوراپ، خىزمەت كۆرسىتىپ، ھەدىيىلەر تەقدىم قىلدى. ئۆگدۈلمىش ياخشى ئەمر-پەرمان چۈشۈرۈپ، قول ئاستىدىكىلەرنى تۆھپىسىگە

يارىشا تارتۇقلاپ تۇردى، خەلق ئۈستىدىكى بارلىق زورلۇق-زومبۇلۇقلارنى ئېلىپ تاشلىدى. ئۆزىنى يارامسىز ئىشلاردىن نېرى تۇتتى. ياخشى قانۇن بىلەن مەملىكەت تۈزەلدى، ئەلنىڭ ئۇلى مۇستەھكەملىنىپ، ئېلىگ پاراغەتكە چۆمدى. ئېلىگنى ھىمايە قىلغۇچىلار كۆپەيگەنسېرى، ھىمايە قىلمايدىغان دۈشمەنلىرى ئەلنى تاشلاپ قاچتى، ئەلدىكى تۇمان سۈزۈلدى. ئېلىگ غەمدىن پارىغ بولۇپ، خاتىرجەملىككە ئېرىشتى، تۇرمۇشىمۇ ھۇزۇر ۋە لەززەت تاپتى. بۇ پايدىلىق ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئىلىمدىن، پاراسەت ۋە ياخشى خۇلقنىڭ خاسىيىتىدىن بولدى. پاراسەتلىك كىشىلەرنى ماختىماي، پاراسەتسىزلەرنىڭ ئىشىنى سۆكمەي بولامدۇ؟! پاراسەتلىك كىشىلەرنىڭ قىلغان ئىشى نەمۇنە، نادانلارنىڭ ئىشى بىمەنىدۇر. ئەقىللىقلارغا بەخت نېمىدېگەن ياراشقان، ھەي ياخشى خۇلقلۇق كىشى بىلىملىكلەرگە ئىشەن. بۇ سۆزنىڭ ئاساسىنى ئېلى بېگى مۇنداق سالغان: ئىشەنگىنىكى، دۆلەت ۋە بەخت بىلىمسىزلەرگە كېلىدىغان بولسا خەلق بۇزۇلۇپ، ئەلگە ئاپەت ياغىدۇ. بەگلىك ئەقىل-پاراسەت-لىكلەرگە نېسىپ بولسا، ئەل راھەت-پاراغەت تاپىدۇ.

* * *

كۈنتۇغدى ئېلىگنىڭ كۈنى تۇغۇپ، خۇداغا كۆپ ھەمدۇسانا ئوقۇدى. كۆزىنى كۆككە تىكىپ، قولىنى كۆتۈرۈپ ئاللاغا: ماڭا پاراسەت ئاتا قىلغۇچى ئىگەمسەن، كۈچ-قۇۋۋەت ۋە بىلىم بېرىپ، ئەلگە ھاكىم قىلغۇچىمۇ سەن. ئىشلىرىمنى ئادالەت بىلەن قىلىشقا، پۇقرالىرىمنىڭ يۈكىنى يۈدۈپ، ياخشىلىق قىلىشىمغا مەدەتكار بولغايسەن، دەپ ئىلتىجا قىلدى. ئۇ پۈتۈن قەلبىنى ئاللا رازىلىقىغا ئاتاپ، يوقسۇللارغا كۆپ مال-مۈلۈك ئۈلەشتۈردى، پۈتكۈل ئاۋام بايلىققا ۋە باياشاتلىققا ئېرىشتى، كۈنلەر ۋە ئايلار

پاراغەت ئىچىدە ئۆتتى.

ئادەمنىڭ سەرخىلى مانا مۇشۇنداق بولىدۇ. ھەي ئىسىت، مۇشۇنداق كىشىلەرمۇ ئۆلۈپ كېتىدۇ-ھە! مۇشۇنداق ئادىل بەگكە ئېرىشكەن خەلق نېمىدېگەن بەختلىك! بەختلىك ئەلگە بەگ بولغان ئادەم تېخىمۇ سائادەتلىكتۇر.

*   *   *

كۈنتۇغدى ئىلىگ بىر كۈنى ئۆزى يالغۇز ئولتۇرۇپ، ئۆگدۈلمىش بىلەن سىرداشقىسى كېلىپ ئۇنى يېنىغا چاقىردى. ئۇ ئۆگدۈلمىشتىن:

— ماڭا قارا ئۆگدۈلمىش، داداڭدىن سەن كىچىك قالغانىدىڭ، كىچىكلەرگە چوڭلار يول كۆرسىتەتتى، بىراق ساڭا داداڭنىڭ ئەجرى سىڭمىدى. ئۇ ساڭا بىلىم، پاراسەت ئۆگىتىشكە ئۈلگۈرەلمىدى، مەنمۇ ساڭا ياردەم قىلالمىدىم. ماڭا ئېيتقىنا، بۇنچە پەزىلەت ساڭا نەدىن كېلىپ توپلاندى؟ — دەپ سورىدى.

— ئالىيلىرى، سەلتەنىتىڭ ئۇزۇن داۋام قىلسۇن، ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگىن، — دەپ تەكەللۇپ بىلەن جاۋاب بەردى ئۆگدۈلمىش، — ئاللا كىمگە ئىنايەت بەرگەن بولسا، ئۇ تىلىكىگە يېتىپ، نام-شۆھرىتى ئاشىدۇ. خۇدانىڭ شەپقىتى بىلەن كۈندىن-كۈنگە ئىشى يۈرۈشۈپ يۈكسىلىدۇ. تۈركچە بىر مەسەلدە بۇ مەنىگە مۇناسىپ مۇنداق بىر سۆز ئېيتىلغان: خۇدانىڭ پەزلى بىلەن يۈكسەلگەن ئادەمنىڭ ئىشلىرى كۈنسېرى روناق تاپىدۇ، ئاللا ئۆزى ئاتا قىلغاننى خەلق بىرلىشىپمۇ، ئاسمان ۋە زېمىن ئۆچەكىشىپمۇ تارتىپ ئالالمايدۇ. بىرى، ئاتىنىڭ ياخشى دۇئاسى ئوغلىغا تەگسە ھەر زامان خۇشاللىق يۈز ئاچىدۇ. دادام ماڭا خەيرلىك دۇئا قىلغان ئىكەن، بۇ دۇئانىڭ خاسىيىتى بىلەن مەن مانا بۇ كۈنلەرگە ئۇلاشتىم. يەنە بىرى، قۇدرەتلىك ئىگەم سېنى

مېنىڭ كامالەت تېپىشىمغا سەۋەب قىلدى. شۇڭا ئىلىم-پەزىلەتتىن چەتتە قالمىدىم. پەلەك ئوق ئايلىنىپ، ئۆزۈڭ مېنى ئۆز قولۇڭ بىلەن تەربىيىلىدىڭ ۋە يۇقىرى كۆتۈردۈڭ. بەگ كىمگە ئىلتىپات قىلىپ كۈلۈپ باقسا، تىلىگەن تىلەكلىرىنىڭ ھەممىسى ئەل بولىدىكەن. ئادەمنىڭ كۆڭلى باغقا ئوخشايدىكەن، بەگلەرنىڭ ياخشى سۆزى بىلەن نەسىھەتى سۇغا ئوخشاش كۆڭۈل بېغىنى ياشارتىدىكەن. قايسى باغقا سۇ ئۆكسۈمەي كىرىپ تۇرسا، ئۇ باغدا تۈمەن خىل گۈل-چېچەك ئېچىلىپ، خۇش پۇراق چاچىدۇ. ئەگەر بەگنىڭ يارلىقى ۋە ياخشى سۆزلىرى بولمىسا، ياشارغان چېچەكلەرمۇ تېزلا سولىشىدۇ.

ئىلىگ يەنە سوئالىنى داۋاملاشتۇردى:

— ئۇنداق بولسا، بىلىم ئۆگەنگۈچىلەر قانداق بىلەلەيدۇ، كىشىلەر ئۆگىنىش بىلەن دانا بولامدۇ ياكى تۇغۇلۇشىدىنلا تەبىئىتىگە قوشۇپ دانا يارىتىلامدۇ؟

— بولىدۇ، مەن بۇ سوئالنىڭ جاۋابىغا ئۇل سالاي، — دېدى ئۆگدۈلمىش جاۋابقا تىل ئېچىپ، — ئادەمنىڭ بىلىم ئېلىپ كامالەتكە يېتىشى ۋە ئالىم بولۇشىدىكى ئالدىنقى شەرت شۇكى، ئۇ يارىتىلىشتىنلا ئەقىل بىلەن يارىتىلىشى كېرەك، بۇ تۇغما ئەقىل بىلىم ئېلىشنىڭ ئەڭ مۇھىم دەسمايىسى. بۇنىڭ بىلەن كۈندىن-كۈنگە ئەقلى نۇرلىنىپ، ھەر قانداق ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدىغان، ئەلگە پايدىلىق ئادەم بولىدۇ. ئەگەر يارىتىلىشتا ئەقىل بەرمىگەن بولسا، ھەر قانچە قىلسىمۇ مەقسىتى ھەل بولمايدۇ. يەنە بىر شەرت شۇكى، ئىلىم ئۆگىنىش تىلىكىدە بولغان ئوغۇل كىچىكىدىن باشلاپلا ئىلىمگە كۆڭۈل قويۇشى لازىم. كىچىك چاغدا ئۆگەنگەن بىلىم چوڭ بولغاندا جانغا ئەسقاتىدۇ. ئادەم بىلىم، ئەدەپ-ئەخلاق، ياخشى خۇلق ۋە ياخشى ئىشنى ئۆگىنىش ئارقىلىق يورۇش-تۇرۇشنى دۇرۇس قىلالايدۇ. لېكىن ئەقىل تەبىئىي بولىدۇ. بۇ مەنىنى تۈرك ئىبارىلىرىدە مۇنداق يەشكەن:

كىشى ئۆگىنىپ بىلىمنى ھەسسىلەپ ئاشۇرالايدۇ، لېكىن ھەر قانچە ئۆگەنگەن بىلەن ئەقىللىق بولالمايدۇ. ئەقىل يارىتىشتىن بولىدۇ، تادۇ بىلەن بىرگە كىرگەننىڭ بەلگىسى كۆرۈنىدۇ. روشەنكى، ئەقىل-ئىدراك بىلەن ئادەم مىڭلاپ ياخشىلىقلارنىڭ ئىشىكىنى ئاچالايدۇ. ئەقىللىق ئادەم ھەممە ئادەمدىن ئۇلۇغ، چۈنكى ئەقىل مىڭ خىل پەزىلەتلەرنىڭ باشلىنىشىدۇر. ئەقىلسىز ئادەمنى ئادەم سانىماسلىق، ئۇ قانچىلىك كاپشىسۇن ئىشەنمەسلىك كېرەك.

— جاۋابىڭنى ئاڭلىدىم، — دېدى ئىلىگ سوئالىنى يەنە داۋاملاشتۇرۇپ، — ئەقىل بىلەن بىلىمنى بىر-بىرىدىن بۆلەك ئايرىدىڭ، قېنى سوراپ باقاي، بۇنىڭ مەنىسىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلەمسەن، ئەقىل نېمە، ئۇنىڭ ئورنى نەدە، ئۇ قەيەردىن چىقىپ قەيەرگە بارىدۇ؟

— ئەقىل كىشى ئۈچۈن ئەڭ ئەزىز ۋە قىممەتلىك بايلىقتۇر. ئۇنىڭ ئورنى ئۈستۈن مېڭىدە بولىدۇ. ئۇ شۇنداق قەدىرلىك ۋە قىممەتلىك بولغانلىقى ئۈچۈن ئۈستۈن باشتا قارار تاپقان. ئەقىل ئادەم ئۈچۈن تىزگىن ھەم كىشەندۇركى، بۇ كىشەن ۋە تىزگىن بىلەن كىشى نەمۇنىلىك ئىش-ھەرىكەتتىن ئاداشمايدۇ. رەھىملىك ئىگەم ئۆزى خالىغان بەندىسىنىڭ قىلىقى ۋە تىلىنى ئەقىل كىشىنى بىلەن كىشەنلىدى. ئەقىل بىلەن ئەقىلسىزلىق ئادەمنى ئىككىگە ئايرىغانكى، ئەقىللىق تىرىك ھېسابلانسا، ئەقىلسىز ئۆلۈك سانىلىدۇ. ئادەم تۈنگە ئوخشاش قاراڭغۇ بىر ئۆي، ئەقىل بولسا ئۇنى يورۇتقۇچى مەشئەلدۇر. بارلىق ياخشىلىق ئەقىلدىن كېلىدۇ، بىلىمدىن زورىيىپ تىلەككە يېتىدۇ. ئادەم بۇ ئىككىسىنىڭ خاسىيىتىدىن ئۇلۇغ بولىدۇ، ئادالەت يولىنى تاپىدۇ. ئادەم بىلىمى بىلەن ھايۋاندىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. بۇ دۇنيادا بىلىمدىنمۇ قىممەتلىك يەنە نېمە بار؟ ئەقىل ئېيتىدۇكى: بىلىم ئادەمنى ھايۋاندىن ئايرىدى، بىلىمدىن ئىنساننىڭ قولى ئۇزاردى.

ھايۋان بولماي دېسەڭ بىلىم ئۆگەن، ئەقىل ۋە بىلىم بىلەن سۆزۈڭنى راۋان ۋە ئاقىدىغان قىل.

— ھەي خۇش چىراي ئوغلۇم، ئەمدى ماڭا ئەقىل ۋە بىلىمنىڭ تەرىپىنى قىلىپ بەرگىن، — دەپ سورىدى ئىلىگ يەنە، — ئەقىلنى تولا ماختىدىڭ، ئۇنىڭ مەنىسى نېمە، نام-نىشانى قانداق، ئەقىلنىڭ يۈزى، كۆركى، خۇي-پەيلى قانداق، يېشى، دەرىجىسى، بوي-تۇرقى قانداق، ئۇنىڭ شادلىقى نەدە؟ بۇلارنى سۈرەتلەپ بەرگىن.

ئۆگدۈلمىش ئىلىگنىڭ سوئالىنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلىپ، ئەقىل تۇلپىرىنى مىنىپ، ئەقىل-ئىدراك باغچىسىنى مۇنداق سەير قىلدى.

— ئەي ئەقىل-پاراسەتنىڭ سەردارى ئىلىگ، ئەقىلنىڭ قىلمىشى توغرا، قىممىتى تولا، — دەپ ئەقىلنى سۈرەتلەپ بېرىشكە باشلىدى ئۆگدۈلمىش، — ئەقىلنىڭ ياش قۇرامى كىچىك، چىراي-تۇرقى كۆركەم، ئۇ بارلىق ياخشىلىقلارغا كېچىك بولىدۇ. ئۇ ئىشتا تەمكىن، مۇئامىلىدە خۇش پېئىل ۋە مۇلايىم، بارلىق جانلىقلارغا مېھرىباندۇر. ئەقىل قولىنى نەگە سۇنسا يېتىدۇ، سۆزى نەگە بارسا ئۆتىدۇ. ئۇ ئىللىق چىرايى ۋە سۆيۈملۈكلۈكى بىلەن كىشىلەرگە كۆپ مەنپەئەت يەتكۈزىدۇ. ئەقىلنىڭ كۆزى ئۆتكۈر، يىراقنى كۆرەلەيدۇ، ھەر قانداق ئىش قىلىشتا يەڭنى مەھكەم تۇرەلەيدۇ، ھەر قانچە چىگىش تۈگۈنلەرنى يېشەلەيدۇ، بولغانغان ئىشلارنى سۈزەلەيدۇ، ھەر ئىشنىڭ چارىسى ۋە يۇرستىنى بىلىدۇ، ئىشقا كىرىشىشتە ئوڭ-سولغا، ئالدى ۋە ئارقىغا ئوبدان باقىدۇ. ئەقىل قاچقانغا يېتەلەيدۇ، ئۇچقاننى تۇتالايدۇ، بۇزۇلغاننى تۈزەلەيدۇ، سۇنۇقنى تاڭالايدۇ. شۇڭا، ئەقىلسىزلار ئەقىلنىڭ كەملىكىدىن ئۆكۈنۈپ دېيىشىدۇكى: ھەي ئەقىل، سەندىن ماڭا بىر ئۇلۇش تەگكەن بولسىچۇ كاشكى، سەنسىز ئىنساننىڭ كۆڭلى تىرىكلىكىدىن مەھرۇم بولىدىكەن.

ئىست، سەنسىز غەملىرىم ھەسسىلەپ ئاشتى.

ئەقىل مەشئەلدۇركى، ئەمالارغا كۆز، گاچا تىلغا سۆز، ئۆلۈك تەنگە جاندۇر. ئاقىللار ئەقىلگە دېيىشىدۇكى: ھەي دوستۇم، ئىشلىرىمنى ئوڭشايدىغان ئەجەب ياخشى دوستۇمسەن. ئەقىلنىڭ روشەن بەلگىسى شۇكى، ئەقىل ئىشنى ئوڭ قىلىدۇ، تەتۈرگە ئورۇن بەرمەيدۇ، ئىشنى چىن قىلىدۇ، مەككارلىق قىلمايدۇ، يىللار ئۆتسىمۇ توغرا ئىش، دۇرۇس يولدىن ئاداشمايدۇ. ئەقىل توغرا بولغاچقا، گەپ-سۆزدە مۇلايىم، ئىش-ھەرىكەتتە ئىشەنچلىكتۇر. ئۇ ئىشنى تەمكىنلىك ۋە سەۋرچانلىق بىلەن يېتەرلىك ئويلاپ، پۇختا قىلىدۇ. ئۆزى يىگىتتەك نەۋقىران، قىلغان ئىشى مويسىپىتلەرنىڭكىدەك پىشقان. دانىشمەنلەرمۇ، قۇلمۇ موھتاجلىق بىلەن ئۇنىڭغا ئېرىشىشنى ئارزۇ قىلىدۇ. شۇڭا، بىزگە شۇنى تەۋسىيە قىلىدۇكى، ئەقىلنىڭ قىلغان ئىشى قېرىدەك، ئۆزى ياش قىراندەك. ئۇنىڭ كىچىكلىكى ئوماق، قېرىلىقى تەمكىن. ئۆزى كەمتەر، سالماق، پايدىسىمۇ كۆپ. شۇڭا، ئەقىل قەيەردە بولسا ئۇنىڭغا ئېسىلغۇلۇق.

كۈنتۇغدى ئىلىگ ئۆگدۈلمىش تىلى بىلەن سىزىپ بەرگەن ئەقىلنىڭ تەسۋىرىنى ئاڭلاپ ئىنتايىن سۆيۈندى ۋە:

— ئەي سەگەك ئوغۇل، سۆزلىرىڭدىن ئەقىل ۋە بىلىمنىڭ جۇلاسىنى كۆردۈم. ئاللا ماڭا كۆپ ياخشىلىقلارنى بەرگەن، سەن ئاللانىڭ ماڭا ئاتا قىلغان ئەڭ چوڭ ئىلتىپاتى. دۆلەت ئىشى يۈدۈش ئېغىر بولغان بىر يۈكتۇر، بىراق بۇ ئېغىر يۈكنى كۆتۈرۈشنىڭ ساخاۋىتى كۆپ. كىمكى ياخشىلىق ئىزدەيدىكەن، يۈكنىڭ ئېغىرىنى كۆتۈرۈشى كېرەك. مېنىڭ بۇ ئېغىر يۈكۈمنى ئۈستۈڭگە ئالغان ئىكەنسەن، مەندە ئىشلىرىمنىڭ يۈرۈشۈشىگە، تىلىكىمنىڭ ھەل بولۇشىغا ئىشەنچ ھاسىل بولدى. بىراق ماڭا ئاراملىق بېرىسەنۇ، ئۆزۈڭگە ئېغىرچىلىق ئېلىپ كېلىسەن.

سىنىڭ كۆيۈمچانلىق بىلەن ماڭا ساداقەتمەنلىك قىلىپ، ئىشلارنى جايىدا قىلىۋاتقانلىقىڭنى بىلىپ تۇرۇپتىمەن. كۆيۈمچان خىزمەتچى مانا سەندەك ئۆزىنىڭ مەنپەئەتىنى كۆزلىمەي، بېگىنىڭ مەنپەئەتىنى كۆزلەيدۇ. ئاللا ماڭا تەۋپىق ۋە كۈچ ئاتا قىلسا، ھەققىڭنى ھەسسىلەپ ياندۇرغايمەن.

* * *

ھەي بىلىمدان، دانا ئوغلۇم، ئارزۇيۇم ئەقىل-پاراسەت ۋە بىلىم توغرىسىدا ئازراق سۆزلەشنى تەقەززا قىلىۋاتىدۇ. ئاللا ئادەمنى تاللاپ ئەزىز ۋە قەدىرلىك قىلدى. ئۇنىڭغا ئەقىل-ئىدراك، ئىلىم ۋە پەزىلەت بېرىپ يۈكسەلدۈردى. قەلب ئاتا قىلدى، تىل بېرىپ قەلبىنى يورۇتقۇچى قىلدى. گۈزەللىك، خۇش پېئىللىق ۋە نومۇس بەردى. ئادەم بىلىم بولغانلىقى ئۈچۈن بۈگۈنكىدەك ئۇلۇغلۇققا يەتتى. ئەقىل بولغانلىقى ئۈچۈن پۈتۈن تەس تۈگۈنلەر يېشىلدى. خۇدا كىمگە ئەقىل بىلەن بىلىم ئاتا قىلغان بولسا بارلىق ياخشىلىقلارغا قول سۇنالايدۇ، بىلىمنى بۈيۈك، ئەقىلنى ئۇلۇغ بىلگۈلۈك، بۇ ئىككىسى قۇلنىمۇ يۈكسەلدۈرۈپ بۈيۈكلۈككە ئىگە قىلالايدۇ.

ئەقىل قايدا بولسا ئۇلۇغلۇق بولۇر،
بىلىم كىمدە بولسا بۈيۈكلۈك تاپۇر.
ئەقىللىق ئۇقار ئول، بىلىملىك بىلۇر،
بىلىملىك، ئەقىللىق تىلەككە يېتۇر.

بۇ بېيىت يۇقىرىقى سۆزۈمنىڭ ياخشى دەلىلى. بىلىمنىڭ مەنىسىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلەمسەن؟ بىلىم دەيدۇكى، بىلىمسىز كىشىنىڭ ھەممىسى كېسەلمەن بولىدۇ، كېسەلمەن

داۋالانمىسا ئادەم تىرىك ئۆلىدۇ. بىلىملىك ئەردىن كېسەللىك يىراقلىشىدۇ. ئەي دانا، بىلىمسىزنىڭ كېسىلىگە داۋا قىل، ئەي نادان، بىلىملىك قېشىغا بېرىپ بىلىمسىزلىك كېسىلىڭنى داۋالاتقىن. ھەر قانداق ئەر ئەقىل مەرتىۋىسىگە يەتسە تۈمەن ئارزۇسى بولسىمۇ قېنىپ تىلىكى ھەل بولىدۇ. ئەقىلنىڭ ئىنسان ئۈچۈن پايدىسى غايەت زور، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىلىم قوشۇلسا ئادەمنىڭ قەدىر-قىممىتى تېخىمۇ ئاشىدۇ. بىلگىنكى، ئىنسان بالىسىنىڭ قىممىتى ئەقىل بىلەن بىلىمدە. شۇڭا، ھەر ئىشنى ئەقىل بىلەن قىلغۇلۇق، قىممەتلىك ۋاقىت پۇرسىتىنى قولدىن بەرمەسلىك ئۈچۈن بىلىم بىلەن ئىش تۇتقۇلۇق.

ئوغلۇم، ئەقىل-پاراسەت قاراڭغۇ تۈندىكى مەشئەلگە ئوخشايدۇ، بىلىم ئەقىل سارىيىڭنى چىراغدەك يورۇتىدۇ. ئادەم پاراسەت بىلەن ئۇلۇغلۇققا، بىلىم بىلەن يۈكسەكلىككە ئېرىشىپ قەدىر-قىممەت تاپىدۇ. بۇ گېپىمگە پۈتمىسەڭ نۇشىرۋان① پادىشاھقا قارا، ئۇ پاراسەت كۆزى بىلەن جاھاننى يورۇتتى، توغرا قانۇن بىلەن خەلقنى بېيىتتى. شۇڭا ئاقىللار ئۇنىڭغا ئاتاپ: «ئەگەر ئۇ دوزىخي بولسىمۇ، دوزاخ ئازابىدىن يىراقلاشتۇرۇلىدۇ» دېگەنلىكى يادىمدا.

كىچىك ئوغلانغا قارا، ئۇ يېشىغا توشۇپ، ئەقلىگە كەلمىگىچە قەلەم تەۋرەتمەيدۇ. ئەقىللىق كىشىلەر قېرىسا ئىدرىكىمۇ قېرىيدۇ-دە، ئېزىشقا باشلايدۇ، شۇنىڭ بىلەن قەلەمنى توختىتىشقا مەجبۇر بولىدۇ. قانۇندا بىرەرسى ئەقىلسىز بىر تەلۋىنى ئۆلتۈرۈپ قويسىمۇ ئۇنىڭغا جازا بېرىلمەيدۇ، دېيىلگەننى كۆرمىدىڭمۇ؟ بۇنىڭ سەۋەبى، ئۆلگۈچىنىڭ ئىدراكسىز بولغانلىقىدۇر. دۇنيادىكى بارلىق قەدىر-قىممەت ئەقىل-ئىدراك ئۈچۈن بولىدۇ.

① نۇشىرۋان — مىلادى 224-يىلى قۇرۇلغان ئىران ساسانىيلار سۇلالىسىنىڭ 20-پادىشاھى بولۇپ، ئۇ تارىختا ئۆزىنىڭ ئادالەتپەرۋەرلىكى بىلەن «نۇشىرۋان ئادىل»، «نۇشىرۋان بۈيۈك» دېگەن ناملار بىلەن ئاتالغان.

ئىدراكسىز كىشى بىر ئوچۇم لاي بىلەن باراۋەر. ھەممە ئادەم كىيىم كىيىدۇ، بىراق قەدىر-قىممەت كىيىم-كېچەك بىلەن ئەمەس، بەلكى ئەقىل-ئىدراك ۋە بىلىم بىلەن بولىدۇ. كىمدە ئەقىل بولسا ئۇ ئېسىل ئاتىلىدۇ. كىمدە بىلىم بولسا ئۇ خان ئاتىلىدۇ. ئىنسان بالىسى بۇ قوڭۇر تۇپراقتا قەدەم قويغاندىن بۇيان، ھەر قانداق ئىشنىڭ يولىنى بىلىم بىلەن تاپتى. شۇڭا، ئەقىل ئاز بولسىمۇ ئاز دېمە، ئۇنىڭ نېپى كۆپ، بىلىم ئاز بولسىمۇ ئاز دېمە، ئۇنىڭ قەدرى كۆپ بولىدۇ. ھېكمەتلەر مۇنداق تۆت نەرسىنى ھەرگىز ئاز دەپ قارىما دېگەن. ئۇنىڭ بىرى ئوت، يەنە بىرى دۈشمەن، ئۈچىنچىسى ھاياتنىڭ تۈزىقى بولغان كېسەللىك، تۆتىنچىسى ئىلىم. ئاز بولسۇن، كۆپ بولسۇن بۇلارنىڭ پايدىسىمۇ كۆپ، زىيىنىمۇ ئاز ئەمەس. خۇددى ئېلىم-بېرىمگە ئوخشاش ئۇنىڭ بىرى سېنى مەنپەئەتدار قىلسا، يەنە بىرى سېنى ھەممىدىن مەھرۇم قىلىدۇ.

بىلىم كىمىياغا[1] ئوخشايدۇ. ئۇ ساڭا كېرەكلىك نەرسىلەرنى ئەقىل سارىيىغا توپلايدۇ. سەن بىلىمنى يوشۇرۇپ بولالمايسەن. ئىپارنىڭ پۇرىقى ئۇنى ئاشكارىلاپ قويغاندەك، تىلىڭ قەلب سارىيىڭدىكى ئىلىم بايلىقلىرىنى ئاشكارىلايدۇ. بىلىم ھەرگىز نامراتلاشمايدىغان، ئوغرى ۋە قاراقچى ئالالمايدىغان بايلىق. ئىتنى باغلاقتا، ئاتنى تىزگىندە تۇتقاندىلا ئۇلارنى ياخشى باشقۇرغىلى بولغاندەك، بىلىم سېنى يامان ئىشلاردىن توسقۇچى كىشەن بولالايدۇ. ئەقىل-ئىدراك سەن ئۈچۈن ئەڭ ئىشەنچلىك ئاداش، بىلىم بولسا ئەڭ مېھرىبان قېرىنداشتۇر. بىلىمسىز ئۈچۈن ماڭغان-تۇرغىنىنىڭ ھەممىسى ئۆزىگە دۈشمەن. مۇنۇ تۈرك تەمسىلى بۇ سۆزگە دەلىلدۇر: ئاقىلغا ئۆز ئەقلى دوستلۇقتا يارار، نادانغا ئۆز ئېتى قارغىش ياغدۇرار. بىلىملىككە بىلىمى تون ۋە

---

① كىمىيا — قەدىمكى كىشىلەر ماددىلارنى ئارىلاشتۇرۇپ، مىسنى ئالتۇنغا ئايلاندۇرۇش مۇمكىن دەپ قارىغان ۋە بۇ ساھەدىكى ئىلىمنى «كىمىيا» دەپ ئاتىغان.

ئاش بولىدۇ، بىلمىسىزگە قىلىقى يامان بىر ئاداش.

*   *   *

ئەمدى ئەسلى گېپىمىزگە كېلەيلى.

كۇنتوغدى ئىلىگ ئۆگدۈلمىشكە بولغان مەمنۇنىيىتىنى ئوچۇق ئىزھار قىلدى.

دەرھەقىقەت، بەگلەرنىڭ ئىشىنى ئاشۇنداق كۆيۈمچان خادىملار قىلسا، ئىشلار كۆڭۈلدىكىدەك بولۇپ، بەگ بەخت بېشى بولۇپ، پاراغەتتە ياشايدۇ. خادىملار جان تىكىپ، مۇشەققەت چېكىپ، ئۇمىد يولىنى ئېچىپ بەرسە، بەگلەرنىڭ باش ئاغرىقى تۈگەپ، ئاللانىڭ چوڭ ئىلتىپاتىنى كۆرىدۇ. بۇرۇن ئالەمدىن ئۆتكەن جاھان بەگلىرىنىڭ كۆپىنچىسى مانا شۇنداق ئارزۇ-ئارمان بىلەن كېتىشتى.

كۇنتوغدى ئىلىگنىڭ ئېلى خۇشال، بەختىيار ھاياتتا ياشىماقتا ئىدى. خەلق بەگ ئۈچۈن قۇتلۇق دۇئالار قىلىشاتتى. باشقا ئەل خەلقلىرىمۇ بۇ ئەلنىڭ پاراۋانلىقىنى ئاڭلاپ، كۇنتوغدى ئىلىگنىڭ دىدارىنى كۆرۈشكە تەقەززا بولۇشاتتى. ئىلىگ ئۇلۇغ ئارزۇ-تىلەكلەر بىلەن ياخشى قانۇنلارنى چىقىرىپ، ئەلنى تېخىمۇ روناق تاپقۇزماقتا ئىدى. شۇنداق قىلىپ ئايلار، كۈنلەر ئارقا-ئارقىدىن قوغلىشىپ ئۆتمەكتە ئىدى.

*   *   *

كۇنتوغدى ئىلىگنىڭ ھوزۇرى.

ئۆگدۈلمىش كۇنتوغدى ئىلىگنىڭ تەلىپى بىلەن ئۇنىڭ ھوزۇرىغا كىرىپ، ئېھتىرام بىلەن ئەمرىنى كۈتۈپ ئولتۇردى. ئىلىگ سۆز ئېچىپ ھاياتنىكى نازۇك مەسىلىلەر ھەققىدە قىزغىن

سۆھبەت قۇرماقنى لايىق تاپتى.

— ئۆگدۈلمىش، سەندىن سوراي، كۆڭلۈڭدە نېمە بولسا شۇنى دېگىن، — دېدى كۈنتۇغدى ئىلىگ، — ئادەم ئۆزىنىڭ يەتتە ئەزاسىغا بېقىپ، ھەر بىر ئەزادىن زوق ئېلىپ خۇشاللىق تاپىدىكەن، ئۇنداقتا كۆڭۈل زوقى نېمە، كۆز زوقىچۇ؟ قانداق قىلغاندا بۇ ئىككى زوقتىن تولۇق بەھرىمەن بولغىلى بولىدۇ؟

— دۇرۇس ئالىيلىرى، كۆڭۈل ئۆزىنىڭ زوقىنى ئىزدەپ ئۇنىڭغا تەلپۈنىدۇ. مانا بۇ تەلپۈنۈشنىڭ ئۆزى كۆڭۈل لەززىتىدۇر. كۆزنىڭ زوقى بولسا سۆيگۈنىنىڭ جامالىنى كۆرۈشتۇر. دىل ئارزۇسىغا قېنىش ئۇنىڭ زوقىدۇر، — دەپ جاۋاب بەردى ئۆگدۈلمىش.

— ھەممە ئادەم سۆيىمەن دەپ دەۋا قىلىدۇ. ئۇنداقتا ھەقىقىي سۆيۈملۈكنىڭ نىشانى نېمە؟ بۇ دەۋانى قانداق ئايرىغۇلۇق؟

— خوپ ئالىيلىرى، مەن بۇنىڭ جاۋابىنى بېرەي، — دېدى ئۆگدۈلمىش كۈنتۇغدى ئىلىگنىڭ چوڭقۇرلاپ سورىغان سوئالىغا جاۋابەن، — ھەقىقىي سۆيۈشنىڭ نىشانىنى يار يۈزىگە قاراپ بىلگىلى بولىدۇ. كۆزنىڭ ھەممە نەرسىنى توسالغۇسىز كۆرەلىشى مۇمكىن ئەمەس. بىلىش كېرەككى، كۆڭۈل كۆزى ئۇچۇن ھېچقانداق توسۇق يوق. ھەقىقىي سۆيگەن، سۆيمىگەننى بىلىش ئۇچۇن كۆڭۈل رايىغا قاراش يېتەرلىكتۇر. سۆيۈملۈكلەرنىڭ سۆيگۈ نىشانى چېھرىدە زاھىر بولىدۇ. بۇ ئالامەت كۆز-كۆزگە ئۇدۇل باققاندا تېخىمۇ روشەن بولىدۇ. بۇ ھالەتنى بىر شائىر مۇنداق سۈرەتلىگەن:

سۆيۈملۈك كىشىنىڭ يۈزى بەلگىلىك،
تىلىن ئاچسا مەنە سۆزى بەلگىلىك.
سۆيۈپ، سۆيمىگەننى بىلەيمەن دېسەڭ،
ساڭا توغرا باقسا كۆزى بەلگىلىك.

— جاۋابىڭ چۈشىنىشلىك بولدى، — دېدى ئېلىگ يەنە سوئالىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — سورايدىغان يەنە بىر ئەھمىيەتلىك مۇھىم ئىش بار ئىدى، ئوبدان ئويلىنىپ جاۋاب بەرگىن.

— ئەي بەختىيار شاھ ئاتا، بەگلەر ئىلمى بىلەن نام چىقىرىدۇ. بەگ دېگەن بىلىم ئوردىسىدۇر، بەگلەرنىڭ ئىلىم-پاراستى ئالدىدا بىلىمسىز قۇل سۆزىنىڭ نېمە كېرىكى بولسۇن؟! سورىماق ئوڭاي، مۇشكۇلى جاۋاب بەرمەكتۇر. ئاسىنىنى ئۆزۈڭ ئېلىپ، قىيىنىنى ماڭا قالدۇرۇپ قويما، — دەپ ئۆزرە ئېيتتى ئۆگدۈلمىش.

— ھەي ئوغلۇم، سورىغۇچى ھاجەتمەنلىكتىن باشقىلاردىن سورايدۇ، ھاجىتىمنى راۋا قىلىشتىن خۇشال بولمىقىڭ لازىم.

— ئاڭلاش سۆزلەشتىن ئەۋزەل ئالىيلىرى، سۆزلىگۈچى جېنىنى ئۈپرىتىدۇ، ئاڭلىغۇچى ھوزۇرىنى سۈرىدۇ. سىنىغان ھېكمىلەر شۇڭا: ئازراق سۆزلەپ، كۆپ ئاڭلا، تەپەككۇر قىل. ئادەم ئاڭلاش بىلەن ئالىم بولىدۇ، كۆپ سۆزلەشتىن ئادەمنىڭ بېشى كېتىدۇ. ئاڭلاش قۇلاققا لەززەت، كۆپ سۆز بىمەززىدۇر. سۆز سۆزلەنمەستە ساپ ئالتۇنغا ئوخشايدۇ، تىلدىن چىققاندىن كېيىن مىسقا ئايلىنىدۇ، دېيىشكەن.

— دۇرۇس سۆزلىدىڭ، ئۆزۈڭگە بەخت قۇرىنى باغلىدىڭ، — دېدى كۈنتۇغدى ئېلىگ.

— ھەي دۆلەتمەن ئېلىگ، ماڭا مۇناسىپ بولغىنى قۇللۇق نامىدۇر، — دەپ جاۋاب بەردى ئۆگدۈلمىش، — مۇبادا قۇلنىڭ قۇربى يەتسە بېگىنىڭ خۇشاللىقى ئۈچۈن جېنىنى پىدا قىلىشى ۋاجىپتۇر. ئۇنداقتا مەن بىلگەنلىرىمنى سۆزلەي، ئۆزۈڭ ئاڭلاپ سۆزلىرىمدە يېڭىلىشىش بولسا كەچۈرگەيسەن.

## ئونىنچى باب

# بەگلىككە مۇناسىپ بەگنىڭ ئۆلچىمىنىڭ ئەقىل تارازىسىدا تارتىلغانلىقى

كۈنتۇغدى ئىلىگ بىلەن ئۆگدۈلمىش قىزغىن سىرداشماقتا. ئەمدىكى سۆھبەتنىڭ تېزگىنى بەگلىك تامان تارتىلغان ئىدى.

— ھەي ئۆگدۈلمىش ئەمدى سورىماقچى بولغىنىم شۇكى، ئاللا ياراتقان ئىنسان باللىرىنىڭ ئارىسىدا ئۇلۇغلىرىمۇ، كىچىكلىرىمۇ، ياخشى ناملىقلىرى ۋە يامان ناملىقلىرىمۇ، بىلىملىكلىرى ۋە بىلىمسىزلىرىمۇ، بايلىرى ھەم نامراتلىرىمۇ، ئەقىللىقلىرى ھەم ئەقىلسىزلىرىمۇ، ھەتتا جاھىللىرىمۇ بار ئىكەن، بەگ بولغۇچى ئۇلار ئۈچۈن ئەڭ مۇۋاپىق تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، ئۇلارنى توغرا يولغا باشلاشقا، ئەلنى تۈزەپ، خەلقنى بېيىتىشقا، خەزىنىنى بايلىققا تولدۇرۇپ، قوشۇن تويلاپ دۆلەتنى قۇدرەت تاپتۇرۇشقا، دۈشمەننىڭ بوينىنى ئېگىپ، نىزا-ئاداۋەتنى ئەلدىن كۆتۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. بەگ يۇقىرى دەرىجىدىكى ئىلمى ۋە پاراسىتى بىلەن توغرا قانۇن ئورنىتىپ، شۆھرىتىنى جاھانغا يېيىشنى، كۈندىن-كۈنگە يۈكسىلىپ بەخت-ئامىتىنى ئاشۇرۇشنى، ئۆز ۋۇن يىللار راھەت-پاراغەت ئىچىدە ھاكىمىيەتنى تۇتۇپ تۇرۇشنى، بارلىق جانلىقلار ئالەمدىن كەتسىمۇ، سەلتەنىتىنىڭ مەڭگۈ داۋاملىشىشىنى ئارزۇ قىلىدۇ. بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن بەگ بولغۇچى قانداق سۈپەتلەرگە ئىگە بولۇشى، قانداق شەرتلەرنى ھازىرلىشى لازىم بولىدۇ؟

— ھەي ئىلىگ ئاتا، تولىمۇ بۈيۈك ۋە مۇشكۈل سوئالنى

سورىدىڭ، — دەپ جاۋاب بەردى ئۆگدۈلمىش تۆۋەنچىلىك بىلەن، — بەگلىكنىڭ بارلىق ئىشلىرىنى بەگلەر ئۆزى ياخشى بىلىدۇ. قانۇن-تەرتىپ، ئۆرپ-ئادەت شۇلاردىن باشلىنىدۇ. بەگلەر ئاندىن تۇغۇلۇشىدىنلا بەگلىك ئۈچۈن تۇغۇلىدۇ، ياخشى ئىشلارنى بولسا كۆرۈپ، ئۆگىنىپ بىلىدۇ. ئاللا كىمگە بەگلىكنى نېسىپ قىلغان بولسا ئۇنىڭغا بۇ بۈيۈكلۈككە مۇناسىپ ئەقىل ۋە قەلب بېرىدۇ. كىمنى بەگ قىلىپ يارىتىشنى ئىرادە قىلسا، شۇنىڭغا يارىشا خۇلق-مىجەز، ئەقىل ۋە قول-قانات بېرىدۇ. بەگلىك ئىشى بەگلەرگىلا خاس ئىشتۇر. بەگ بولغۇچى بەگلىك ئىشىنى بىلىدۇ، بۇ ئىشنى ئۆزۈڭ مەندىن ياخشىراق بىلىسەن. داداڭمۇ بەگ ئىدى، ئۆزۈڭمۇ بەگ بولدۇڭ.

— گېپىڭنى ئۇقتۇم، چىن گەپنى قىلدىڭ. سۆزلىرىڭدىن ئىپارنىڭ ھىدى كېلىدۇ. توغرا، بۇ ئىشنى قىلغۇچى ئۆزىنىڭ نېمە قىلىشى كېرەكلىكىنى بىلىدۇ. بىراق، قۇسۇر ۋە ئارتۇقچىلىقلىرىنى كۆرۈپ تۇرغۇچى تېخىمۇ روشەن بىلىۋالىدۇ. مەن ئىش قىلغۇچى، سەن كۆرۈپ تۇرغۇچى، ئىش قىلغۇچى ئىشنىڭ قانداق بولغانلىقىنى كۆرۈپ تۇرغۇچىلار ئارقىلىق بىلىدۇ. خۇدا ساڭا ئەقىل-ئىدراك ئاتا قىلدى. يېتەرلىك ئەقىل ۋە بىلىمىڭ بىلەن يۈرەكلىك ئىشلەشكە قادىر بولدۇڭ، كىچىكىڭدىن تارتىپلا مېنىڭ خىزمىتىمنى قىلدىڭ. دۆلەت باشقۇرۇش قانۇنىيىتىنى كۆرۈپ ئۆگەندىڭ، كۆپ ئىشلارنى ئۇقۇپ ماھىيىتىگە يەتتىڭ. سۆز ۋە ھەرىكىتىڭ بىلەن ساداقىتىڭنى ئىپادىلىدىڭ. ئادەم كۆڭلىدىكى گېپىنى ساداقەتمەن، كۆيۈمچان كىشىسىگە دەيدۇ. كۆيۈمچان كىشى باشقىلار ئۈچۈن ئۆزىنى بېغىشلايدۇ. سوئالىمغا سەمىمىيلىك بىلەن جاۋاب بېرىۋەرگىن، مەن سېنىڭ ساداقىتىڭدىن گۇمانلانمايمەن. كۆيۈمچان ئادەملەر شۇڭا: ئادىمىيلىكنىڭ بېشى كۆيۈمچانلىق، ئادەمنىڭ قەدىر-قىممىتىمۇ كۆيۈمچانلىقتا. ئاقىللار كۆيۈمچاننى كۆپ ماختايدۇ. ئەقىل ۋە

بىلىمىمۇ ماڭا: كۆيۈمچان ئۇچۇن قەلبىڭ قېتىدىن ئورۇن بەر، دەپ جېكىلەيدۇ.

— خاتىرجەم ياشا، قولۇڭ تېخىمۇ ئۇستۇن بولسۇن ھەي ئىلىگ، — دەپ سۆزىنى باشلىدى ئۆگدۈلمىش، — ئالىيلىرى، ئالدى بىلەن بەگلىك ئۇچۇن ئەڭ مۇھىم بىر شەرت — ئەسلى-نەسلى ئېرىغ ۋە ئېسىل بولۇشى كېرەك. دادىسى بەگ بولسا بەگزادىمۇ دادىسىنىڭ ئىزىنى بېسىپ بەگ بولىدۇ. ئۇرۇقى ياخشى ئادەمدىن ياخشى پەرزەنت تۆرىلىدۇ. بۇ ياخشىلىق ئۇنى تۆرگە ئېلىپ چىقىدۇ. بەگلىك مۇقەددەستۇر، ئۇ پاكلىقنى خالايدۇ، ئەلدىنمۇ پاكلىق ۋە ھوشيارلىقنى تەلەپ قىلىدۇ. ئۇرۇقى تازا بولغانلارمۇ دائىم پاكلىــــقنـــــى خالايدۇ. ساپ دىل، تەقۋادار كىشىلەرنىڭ كۆڭلى يامانلىق قىلىشتىن قورقىدۇ. خەلقنــــى يېتەكلەش ئۇچۇن بەگ ئاشۇنداق سەرخىل، قەھرىمان بولۇشى لازىمدۇر، شۇندىلا ئەلنىڭ بۈيۈك ئىشىنى ئۇتۇقلۇق بىــــلەن ئىشلەشكە يارايدۇ. نۇرغۇن ئىشلارنى كۆرۈپ، سىناپ بىلگەن، زېھىن قويۇپ سۆزلىگەن ئۆتۈكەن بېگى: «خەلقنىڭ بېگى ناھايىتى سەرخىل بولۇشى، دىلى ۋە تىلى توغرا، مىجەز-خۇلقى ئېسىل بولۇشى لازىم» دەپ ئېيتقان. كىشىلەرنىڭ سەرخىلى بىلىملىك، پاراسەتلىك، سېخىي ھەم كۆزى توق، ئالىــيجاناب بولالايدۇ، قولىدىن نۇرغۇن ياخشىلىقلار كېلىدۇ. ھايالىق، خۇش پېئىل ۋە ئىش-ھەرىكىتى توغرا بولىدۇ. مۇشۇنداق بولالىسا، ئۇنداق بەگ خەلقى ئۇچۇن ئۇلۇغ بولىدۇ، ئۇنىڭ ئۆزىدىنمۇ يارامىلىق ئەۋلاد قالىدۇ.

بەگلىككە مۇناسىپ بەگنىڭ يەنە بىر مۇھىم شەرتى، بىلىمدە خىللانغان، ئەقىل-پاراسەتتە كامالەت تاپقان بولۇشى لازىمدۇر. بەگلەر يۇقىرى دەرىجىدىكى ئىلمى، پاراستى بىلەن خەلققە يول باشلايدۇ، خەلقنىڭ ئىشلىرىنى ئەقىل بىلەن ئىجرا قىلىــدۇ. «بەگ» دېگەن نام «بىلىگ» دېگەن نامغا باغلىقتۇر. «بىلىگ» دىن

«لام» ئېلىۋېتىلسە، پەقەت «بەگ» دېگەن نامىلا قالىدۇ.[①]
روشەنكى، بىلىملىك كىشىنىڭ دۈشمىنى كۆپ بولىدۇ. شۇڭا جاھان كەزگەن، ئىش كۆرگەن، بىلىملىك كىشىلەر ئاگاھلاندۇرۇپ: بەگ كۆتۈلمىگەن پالاكەتلەرنىڭ يۈز بېرىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن بىلىملىك، ئەقىللىق ۋە سەگەك بولۇشى كېرەك. خۇلق-مىجەزى ئېسىل، مىڭ تۈرلۈك پەزىلەتنىڭ ئىگىسى بولۇشى لازىم، بۇنىڭ بىلەن نامى ياخشى بولىدۇ. نامى ياخشى بولسا ئىشلىرى يوللۇق بولىدۇ. كۆزىگە داغ چۈشۈرمەيدۇ، دېگەن. ئىنسان بالىلىرىنىڭ ھەممىسى يارىتىلىشتىنلا ئېسىل ۋە بۈيۈك يارىتىلغان. بۇنداق بۈيۈكلۈك پەقەت بىلىم بىلەنلا خىللىنىپ، تېخىمۇ تۈزۈك بولىدۇ. ئۇ بەگلىك ئىشىنىڭ تىزگىنى ۋە يۈگىنى بولىدۇ. بەگ ئىشنى تەرتىپكە سېلىش ئۈچۈن ئىشنى نېمىدىن باشلاشنى بىلىشى لازىم. ئەقىللىق كىشىلەرلا ئىشنى جايىدا ئوڭشىيالايدۇ، ئەقىلسىز كىشىنى دۆلەت ئىشىدىن يىراقلاشتۇرماق لازىمدۇر. كىشىدە قەلب بولمىسا كۆز دېگەن كامار نېمە، ئەقىل بولمىسا قەلبمۇ تەدبىرسىزدۇر. ئادەم ئىشلىرىنى بىلىم بىلەن باشلاپ، ئەقىل ئىشلىتىپ چۈشەنسە، ئاندىن مۇۋەپپەقىيەت دەرۋازىسى ئېچىلىدۇ. بەگ دېگەن خەلقنىڭ ھال-ئەھۋالىنى بىلىم ۋە پاراسەت بىلەن ئىگىلەيدۇ. بىلىم بولمىسا ئەقىلمۇ ئىشقا يارىمايدۇ. ھەي دۆلەتمەن ئىلىگ، بەگلەر دۆلەت ئىشىدا يېڭىلىشسا، بەگلىككە كېسەل تەگكەن بولىدۇ. بۇ كېسەلنى دەرھال داۋالىتىشقا توغرا كېلىدۇ. بەگلىك كېسىلىنىڭ داۋاسى ئەقىل بىلەن بىلىمدۇر. بەگ بىلىملىك، ئەقىللىق ۋە زېرەك بولغاندىلا كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئالالايدۇ. بىلىملىك، ئەقىللىق، دانا ھۆكۈمدارلارنىڭ ئورنى ھەر ئىككىلا دۇنيادا ياخشى بولىدۇ.

① «ل» ھەرپى ئەرەبچىدە «لام» دەپ ئوقۇلىدۇ. مۇئەللىپ بۇ يەردە كونا ئىملا قائىدىسى بويىچە «بىلىگ» سۆزىنىڭ «بلگ» ، «بەگ» سۆزىنىڭ «بگ» شەكلىدە يېزىلىشىنى نەزەردە تۇتۇپ، «بلگ» سۆزىدىن «ل» كەتسە «بگ» قالىدۇ، يەنى بەگ ئېتى بىلىم بىلەن باغلىقتۇر، بەگلەر بىلىملىك بولۇشى لازىم دېمەكچى.

ھەر ئىككى دۇنياغا ئېرىشەلىگەن كىشى قۇتلۇق ۋە سائادەتمەن كىشىدۇر.

ئالىيلىرى، بەگلىكنىڭ يەنە بىر تۈۋرۈكى، بەگنىڭ پەزىلەتتە ھەممىدىن ئۈلۈغ بولۇشىدۇر. بەگلەردە ياخشى خۇلق ۋە مىڭ تۈرلۈك ھۈنەر-پەزىلەت بولغاندىلا، دۆلەتنى ئوڭۇشلۇق باشقۇرۇپ، دۆلەت ئاسمىنىدىكى تۇماننى تارقىتالايدۇ. ياخشى خۇي-پېيىل نېمىدېگەن گۈزەل! ئۇ ئەر ئۈچۈن تۈگىمەس بايلىقتۇر. بەگنىڭ خۇلقى مۇلايىم، ئىش-ھەرىكىتى توغرا، قىلمىشى گۈزەل بولسا، ئۇ بەگنىڭ كۈنلىرى شادلىق ئىچىدە ئۆتىدۇ. ئاللا كىمگە ياخشى خۇلق بەرگەن بولسا، ئۇنىڭغا ياخشى ئەمەل قوشۇلسا، بۇ دۇنيا بارلىق نېمەتلىرى بىلەن ئۇنىڭغا تەئەللۇق بولىدۇ. خالىسا ئۆزى يەيدۇ، خالىسا باشقىلارغا ئۈلەشتۈرىدۇ. ھەر قانداق بىر كىشىدە ياخشى قىلىق، توغرا ھەرىكەت بولغان بولسا، بۇ ئاللانىڭ ئۇ بەندىسىگە بەرگەن ئەڭ چوڭ بەخت-سائادىتىدۇر.

ئەي ئىلىگ، كۆپلىگەن ئەللەر ئۈستىدە ھۆكۈمرانلىق قىلاي دەيدىكەنسەن، قولۇڭدىن كەلسە مۇنۇ ئۈچ ئىشنى قىلغىن: ئوڭ قولۇڭدا قىلىچ تۇتۇپ شىلتىپ ئۇرساڭ، سول قولۇڭ بىلەن باھادىرلارغا مال ئۈلەشتۈر. ئاغزىڭدىن چىققان سۆزلەر شېكەردىنمۇ شېرىن بولسۇن، شۇندىلا بەگ، قۇل، ئۇلۇغ-كىچىكنىڭ ھەممىسى ساڭا بويسۇنىدۇ. بەگلىككە مۇنداق بىر قانچە نەرسە كېرەككى، بەگ خۇش چىراي، سۆزى شېرىن، ئۆزى مۇلايىم بولسۇن، ئىش-ھەرىكىتىمۇ تامامەن شۇنىڭغا مۇناسىپ بولۇشى كېرەك. ئۆزىنى كەمتەر تۇتسا، قولى ئوچۇق، سېخىي بولسا، بۇنىڭغا مېھرىبانلىق قوشۇلسا، ھەرخىل پەزىلەتلەرنى تولۇق بىلسە، يارامسىز ئىشلاردىن ئۆزىنى يىراق تۇتسا، بۇنداق بەگ خەلق ئىچىدىن تاللانغان سەرخىل كىشىدۇر. تاللانغان كىشى كەم-كۈتىسىز تولۇن بولىدۇ، ئۇنداق بەگكە جاھان ئەھلى بەيئەت قىلىدۇ. ئەگەر بەگلەرنىڭ يۈزى سۈرۈن، سۆزى قوپال، تەكەببۇر

بولسا كىشىنى بىزار قىلىدۇ، باشقىلارنىڭ يۈرۈش-تۇرۇشىنىمۇ تۈزىتەلمەيدۇ. قوپاللىق، ئالدىراڭغۇلۇق، يېنىكلىك ۋە شاللاقلىق بولسا قارا ئاۋامنىڭ قىلىقىدۇر، بۇنىڭدىن يىراق تۇرغۇلۇق. بەگلەر ئۆزىگە قارا ئاۋامنىڭ يارىماس قىلىقلىرىنى يولاتمىسۇن، ئۇلارنى ئۆزىگە يېقىن يولاتمىدىكەن، قەدىر-قىممىتىدىن خوشلاشسۇن. قۇل دېگەن قارا، بەگ دېگەن ئاق، ئاق بىلەن قارا روشەن پەرقلەندۈرۈلگەن. ھەي شۆھرەتلىك زات، ئىبىل بىر بەگ بولماقنى تىلەيدىكەنسەن، پەزىلىتىڭمۇ ئىبىل بولسۇن. ئاتاقتا بەگ بولۇپ، قىلىقلىرى قارا بولسا، ئۇنداق بەگ خەلق ئارىسىدا قارا قۇلدىنمۇ پەس ئورۇنغا چۈشۈپ قالىدۇ.

ئالىيلىرى، بەگلەرنىڭ پەزىلەت تۈۋرۈكىنى مۇستەھكەملىشى ئۈچۈن بىلىملىك كىشىلەر مۇنداق يەتتە ئىشتىن ھەزەر ئەيلەشكە ئاگاھلاندۇرغان: بىرىنچى، ئالدىراقسانلىق. ئىككىنچى، ۋەدىگە ۋاپا قىلماسلىق ۋە يالغانچىلىق. ئۈچىنچى، ئاچ كۆزلۈك. تۆتىنچى، مەغرۇرلۇق ۋە تەكەببۇرلۇق. بەشىنچى، جاھىللىق. ئالتىنچى، تىلى يامان ۋە غەزەپلىك بولۇش. يەتتىنچى، مەيخورلۇق. بۇ بىر قانچە ئادەت بىر ئادەمدە جۇغلانسا، ئۇنداق ئادەمدىن مۇقەددەس بەخت مەڭگۈلۈك تېزىپ يىراقلىشىدۇ، پەلەكمۇ ئۇنىڭغا باقماي بېشىنى تەتۈر ئۆرۈيدۇ. بەگلەر بۇ يامان قىلمىشلاردىن ھەزەر قىلمىسا ئېتىبارى بولمايدۇ، قەدىر-قىممىتىمۇ يەرگە ئۇرۇلىدۇ. مەن بۇ يەتتە قەبىھ دۈشمەننىڭ تەرىپىنى قىلىپ بېرەي.

ئۆگدۈلمىشنىڭ پاراسەت بىلەن سۇغىرىلغان، بىلىم بىلەن تويۇنغان بايانلىرىنى دىققەت بىلەن ئاڭلاپ ئولتۇرغان كۈنتۇغدى ئىلىگ مەمنۇنىيەت بىلەن ئۇنىڭ داۋاملىق سۆزلىشىگە ئىجازەت بەردى.

— ئالىيلىرى، يۇقىرىقى بىر قانچە ئىش بەگلىكنى زاۋاللىققا يۈزلەندۈرىدۇ، پاتقاققا پاتۇرىدۇ.

ئالدىراقسانلىق ۋە غەزەپلىك ھالدا ئىش بېجىرىشنى ئەڭ ياۋۇز قىلىق دەپ بىلگۈلۈك. بۇ يامان ئادەت بەگلەردە بولىدىكەن، مەڭزىنى زەپىران قىلىدۇ. ئالدىراقسان، تەنتەك كىشىنىڭ خۇي-پەيلى غەزەپلىك كېلىدۇ. غەزەپ بىلىمسىزلىكنىڭ ئالامىتىدۇر. بىلگىنكى، ئالدىراش قىلغان ئىش چالا قالىدۇ. ئالدىراپ يېگەن ئاشمۇ كېسەلگە گىرىپتار قىلىدۇ. ھەر قانداق ئىشتا تەمكىن بولۇش، تائەت-ئىبادەتكىلا ئالدىراپ يۈگۈرۈش لازىم. ھەي ئاقىل كىشى، ئەقىل-پاراسەتلىك ۋە بىلىملىك بولساڭ ئاچچىق ۋە غەزەپنى ئۆزۈڭدىن يىراق تۇت. ئۇنىڭغا يېقىن كەلسەڭ خېيىمخەتەر تېغىغا يولۇقىسەن. غەزەپتە قىلىنغان ئىشنىڭ ئاخىرى پۇشايماندىن باشقا نەتىجە بەرمەيدۇ. قىزىققانلىق ئەقىلدىن يىراقلاشتۇرىدۇ. شۇڭا، ئېغىر-بېسىقلىقنى، تەمكىنلىكنى ئادەت قىلىش لازىمدۇر. تەمكىنلىكنىڭ خاسىيىتى بىلەن ئەتراپىڭنى ئوبدان كۆزىتەلەيسەن. ئەقىل-ئىدرىكىڭ جايىدا بولسا ئاندىن ياخشىلارنى تاللىيالايسەن، يارامىلىق-يارامسىزلارنى، كېرەكلىك-كېرەكسىزلەرنى توغرا پەرقلەندۈرەلەيسەن، كۆزۈڭ ئۆتكۈر بولىدۇ، ئىشلىرىڭ پۇختا بولىدۇ. قەھرلىنىش بىلەن غەزەپ سەن ئۈچۈن دۈشمەن، ئۇ سېنى پۇشايمان ئوتىدا پۇچىلايدۇ، ئەقلىڭدىن ئازدۇرىدۇ، پەزىلەتتىن مەھرۇم قىلىدۇ، كۆزۈڭنى خىرەلەشتۈرىدۇ. ئالىيجاناب كىشىلەرمۇ غەزەپلەنگەندە قوپاللىشىپ كېتىدۇ.

بەگلەر ئۈچۈن ئەڭ چوڭ ئاپەتنىڭ بىرى ئاچ كۆزلۈك بالاسىدۇر. كۆزى ئاچ كىشى مەڭگۈ تويماستۇر. ئۇنىڭغا پۈتۈن دۇنيانىڭ ئېشىمۇ ئازلىق قىلىدۇ. ئاچ كۆزلۈك شۇنداق بىر كېسەلكى، ئۇنىڭ داۋاسى يوقتۇر. ئۇنى بۇ دۇنيانىڭ ھېكىملىرىمۇ داۋالاشقا ئاجىزدۇر. ھەر قانداق نەپسى بالا ئاچلار يېسە-ئىچسە تويمىدۇ. كۆزى ئاچ كىشى بۇ ئاچلىقتىن ئۆلگەندە قۇتۇلىدۇ. كۆزى ئاچ كىشىلەرنى بۇ دۇنيانىڭ مال-دۇنياسىمۇ باي قىلالمايدۇ،

پۈتۈن دۇنيانىڭ بايلىقى ئۇنىڭ بولغاندىمۇ يەنىلا ئاچلىق ۋە نامراتلىقتا ئۆتىدۇ.

بەگلەرگە يات قىلىقنىڭ بىرى مەغرۇرلۇق ۋە تەكەببۇرلۇقتۇر. بۇ يامان قىلىق كىشىنى توغرا يولدىن ئازدۇرغۇچىدۇر. كىچىك پېئىللىق بىلەن بەگلەرنىڭ ئۇلۇغلۇقى تېخىمۇ نۇرلىنىدۇ. ئۇ ھەرگىزمۇ بەگلەرنىڭ ئۇلۇغلۇقىغا تەسىر يەتكۈزمەيدۇ. خەلقنىڭ تاللانغان ياخشى بەگلىرى شۇنداق دېگەن: كىچىك پېئىل بولغانلىق بىلەن ئىش بۇزۇلمايدۇ. تەككەببۇرلۇق كىشىنىڭ كۆڭلىنى سوۋۇتىدۇ، كەمتەرلىك كىشىنى يۇقىرى ئۆرلىتىدۇ. شۇڭا، بەگلەر كەمتەر، مۇلايىم بولۇشى كېرەك. ئەگەر بەگلەر تەكەببۇر بولسا ئۇنىڭدىن كۆڭۈل ئۈزگۈلۈك. كەمتەر، كەڭ قورساق بولۇپ خاتالاشقانلارنىڭ سەۋەنلىكىنى كەچۈرەلىسە، ئەسكەر ۋە خادىملار ئۇنىڭدىن مەمنۇن بولۇپ، ساداقەت كۆرسىتىدۇ، ساداقەتمەن ۋە سەممىي كىشىلەر خىزمەتنى ئەستايىدىل قىلىدۇ.

ھەي دۆلەتمەن ئىلىگ، بەگ ئۈچۈن ھەممىدىن يامىنى ۋەدىسىدە تۇرماسلىق ۋە يالغانچى ئاتىلىپ قېلىشتۇر. يالغانچى كىشىلەر ۋاپاسىز كېلىدۇ. ۋاپاسىز ئادەم ئېلى ئۈچۈن ئاپەت ياغدۇرىدۇ. ۋاپا ئەھلى شۇڭا: ۋاپا كىشى ئۈچۈن ئادىمىيلىكىنىڭ بېشىدۇر. سۆزى يالغاننىڭ قىلمىش-ئەتمىشلىرى جاپادۇر، جاپاكار ئىنسان ئادىمىي ھايۋاندۇر. يالغانچىلاردىن ۋاپا كۈتمە، بۇ ئۈزۈن يىللاردا سىنالغان سۆزدۇر، دېيىشكەن. بەگلەرنىڭ سۆزى چىن، كۆڭلى تۈز بولسا، كۈنلىرىمۇ ئۈز بولىدۇ، خەلقىمۇ پايدا كۆرىدۇ. بەگلەرنىڭ كۆڭلىدە خىيانەتكارلىق بولمىدىكەن، خەلقنىڭ ئۇنداق بەگدىن كۆڭۈل ئۈزۈشى ياخشىدۇر. خىيانەتكار بەگدىن خەلققە ھەرگىز مەنپەئەت سايىسى چۈشمەيدۇ. بەگلەرنىڭ تىلى ۋە دىلى، قىلىقلىرى چىن، ئىشەنچلىك بولمايدىكەن، بۇنداق ئەلدە مۇبارەك بەخت ئۈچۈن ئورۇن قالمايدۇ-دە، تېزلا قاچىدۇ. شۇڭا،

گېپىدە تۇرمايدىغان يالغانچى بەگلەرگە ئۇمىد باغلاپ، ئۆمۈرنى زايە قىلغۇلۇق ئەمەس، بولمىسا پۇشايمانغا قالىدىغان گەپ.

ھاياتنىڭ تۈزىقى، دۆلەتنىڭ زاۋاللىققا يۈز تۇتمىقى بەگلەرنىڭ بىخۇتلۇقى ۋە مەيخورلۇقىدىندۇر. دۇنيا بەگلىرى مەيگە بېرىلىپ كەتسە، دۆلەت ۋە خەلقنىڭ ھالى ئېغىرلىشىدۇ، دەرد-ھەسرىتى تېخىمۇ ئاچچىقلىشىدۇ. دانالار نادان مەيخورلارنى ئاگاھلاندۇرۇپ: ھەي گالنىڭ قۇلى ھاراقكەش، ھاراق ئىچمە، ھاراق ساڭا نادامەت يولىنى ئاچىدۇ. ئاۋام مەيخور بولسا مال-دۇنياسى شامالغا سورۇلىدۇ، بەگ مەيخور بولسا دۆلىتى ۋەيران بولىدۇ، دېگەن. مەي ۋە مەي ساتقۇچى دۈشمەندۇركى، ئۇ كۆمۈشۈڭنى ئېلىپ، ساڭا ئۇرۇش-جېدەلنى ساتىدۇ. ئادەم مەست بولسا دۆت ۋە تەلۋە بولىدۇ. تەلۋە، دۆتلەرنىڭ ئىشلىرى قاچان تۈز بولغان؟ ساپ دىل كىشىلەرنىڭ مۇنۇ ئاگاھلاندۇرۇشىغا قۇلاق سالغۇلۇق: ھەي گالنىڭ قۇلى، — دەيدۇ ئۇلار، — قىلىشقا تېگىشلىك ئى-نى ئىشلار مەينىڭ كاساپىتىدىن ۋۇجۇدقا چىقمايدۇ. مەستلىكتە بولمىغۇر ئىشلار قىلىنماي قالمايدۇ. خان ئەيش-ئىشرەتكە بېرىلىپ مەي ئىچسە، دۆلەت ئىشلىرىنى ئويلاشقا قانداقمۇ ۋاقتى يەتسۇن؟ بەگ بەگلىك ئىشنى ئۆز ۋاقتىدا ئورۇنلىمىسا، قۇش سىلىپ قوغلاپمۇ ئۇنىڭغا يېتىشەلمەيدۇ. دۇنيا سورىغۇچى بەگ ئويۇنغا مەپتۇن بولۇپ كەتسە، ئېلىنىمۇ بۇزىدۇ، ئۆزىمۇ موھتاجلىققا چۈشىدۇ. مەي بار يەردە پىتنە-پاسات بولىدۇ. قەيەردە پىتنە-پاسات باش كۆتۈرسە، شۇ يەردىن بەخت كۆتۈرۈلىدۇ. ھەقىقەتەن پىتنە-پاسات بەگلىكنى خاراب قىلغۇچىدۇر. بەخت، ئامەتنىڭ تەبىئىتى پاكتۇر، شۇڭا ئۇ پاكلىقنى تەلەپ قىلىدۇ. دۆلەتنىڭ ئاساسى ھالالدۇر، ئۇ ھالالنى يۆلەيدۇ. بەگ مەيخور، قوپال ۋە پاسىق بولىدىكەن، خەلقمۇ مەيخورلۇق يولىغا كىرىدۇ. ئەسلىدە ئاۋامنىڭ يارامسىزلىقلىرىنى بەگلەر تۈزەيدۇ، بەگ يارامسىز بولسا ئۇنى كىم تۈزەيدۇ؟ مىسالى،

ئېرىغسىزنى ئادەم سۇ بىلەن ·ايدۇ، ئەگەر سۇ ئېرىغسىز بولسا نېمە بىلەن ئېرىغدىغۇلۇق. ئادەم كېسەللىك تارتسا دورىنى ئېۋىپ بېرىدۇ، ئەگەر ئېۋىپ ئۆزى ئاغرىپ قالسا كىم داۋالايدۇ؟ شۇڭا، ئالدى بىلەن بەگلەرنىڭ مىجەزى توغرا، ئىش-ھەرىكىتى پاك بولۇشى لازىمدۇر. بەگلەرنىڭ تۇتقان يولى خەلق ئۈچۈن ئەڭ ياخشى يوليورۇقتۇر. بەگلەرنىڭ يوسۇنى قانداق بولسا، خەلقمۇ شۇ يوسۇننى كۆرۈپ ئۆرنەك قىلىدۇ. ئۆتكەنكىلەر ئېيتقان مۇنۇ سۆز بۇ مەنىنى تېخىمۇ يورۇتىدۇ: بەگلەرنىڭ ماڭغان يولى قۇلنىڭمۇ ماڭغان يولىدۇر. بەگنىڭ ھەرىكىتى دۇرۇس، ئىشلىرى ئادىل بولسا، قۇل تېخىمۇ ياخشى يول تۇتىدۇ.

ئەل باشلار ئەر يۈرەكلىك، جەسۇر بولسا، يۈرەكسىزلەر ئۇنىڭدىن ئىلھام ئېلىپ ياۋغا يۈرەكلىك تېتىيالايدۇ. يۈرەكلىك ئەر يۈرەكسىزگە باش بولسا، ھەممە كىشى يۈرەكلىك بولۇپ كېتىدۇ. مانا بۇ بېيىت بۇ سۆزىمىزگە توغرا شاھىتتۇر:

بولىۋەرسە ئىتقا، كۆر باش ئارسلان،
بولۇر ئىتلار ھەم ئارسلانسىمان.
ئەگەر بولسا ئىت ئۇ ئارسلانغا باش،
بولۇر ئارسلانلار ھەم ئىتتەك ھامان.

ئادەمنى ناپاك ئىشلاردىن توسقۇچى پەزىلەت شاھى ھايادۇر. ھايا بارلىق نامۇۋاپىق ئىشلاردىن توسقۇچى، بارلىق ياخشى ئىشلارغا ئۇلاشتۇرغۇچىدۇر. شۇڭا، بەگلەر ھايالىق ئېسىل كىشى بولۇشى كېرەك. ھايالىق كىشىنىڭ ئىشلىرى پۇختا بولىدۇ، بۇزۇلمايدۇ. ھايالىق كىشىنىڭ قىلىقلىرى يېقىملىق بولىدۇ. ئۇلار ناچار ئىشلاردىن نېرى بولىدۇ. خۇدا كىمگە نومۇس، ھايا ئاتا قىلغان بولسا، ئۇنىڭغا دۆلەت ۋە چوڭ ئىناۋەت بەرگەن بولىدۇ.

بەگلەر ئەخلاق-پەزىلەتتە كامالەت ئىگىسى بولۇپ قالماي، ھۆسن-سالاپەتتىمۇ شۆھرەت تاپقان بولۇشى لازىمدۇر. بەگلەر كۆركەم يۈزلۈك، كېلىشكەن، قامەتلىك ۋە ساقىلى يارىشىملىق بولۇشى لازىم. بوي-تۇرقى ئورتا بولسا مۇۋاپىق. ۋەتەن-خەلقى بېگىنىڭ ھۆسن-جامالىدىن سۆيۈنسۇن ۋە پەخىرلەنسۇن. بەگلەرنىڭ گۈزەللىكى ئۇنىڭغا باققۇچىلارنىڭ كۆزىگە زوق بەرسە، ئۇنىڭ جەسۇرلۇقى ۋە قەھرىلىكلىكى دۈشمەنلەرگە ئاپەت كەلتۈرسۇن. بەگلىك ئىشى بويى بەك ئۇزۇنمۇ خوپ كۆرمەيدۇ، بەك پاكار بولسىمۇ چىرايلىق كۆرۈنمەيدۇ. شۇنداق ئىكەن، ئوتتۇرا بوي بولغىنى ئەڭ مۇۋاپىقتۇر. بۇ ھەقتە بېشىدىن كۆپ ئىسسىق-سوغۇقلارنى ئۆتكۈزگەن ئاقىل كىشىلەر: بويى پاكار ئادەم ئاجىز بولىدۇ، ئىتتىك غەزەپلىنىدىغان كېلىدۇ. روشەنكى، قەيەردە غەزەپ ۋە تەنتەكلىك بولسا شۇ يەردە جېدەل چىقىدۇ. بويى بەك ئۇزۇننى بىلىم خوپ كۆرمەيدۇ. شۇڭا، بويى ئۆزىگە يارىشىدىغان ئوتتۇرا بوي بولغىنى تۈزۈك. بىلىمدانلار ھەر قانداق ئىشنى قىلىشتا ئوتتۇرا ھال يول تۇتۇڭلار، دېيىشكەن.

ئالىملىرى، بەگلەر يۇقىرىقىدەك شەرتلەرنى ھازىرلىغاندىن كېيىن، قىلىدىغان ئەڭ مۇھىم تەدبىرى ئەلنىڭ تىرىكى، ئۇلى، مۇستەھكەملىكى، ئاساسى ۋە يىلتىزى بولغان مۇنۇ ئىككى ئىشنى چىڭ تۇتۇشتىن ئىبارەت بولۇشى لازىم. ئۇنىڭ بىرى خەلقنىڭ ھوقۇقى بولغان قانۇن، يەنە بىرى ئەسكەر ۋە خادىملارغا بېرىلىدىغان ئىش ھەققى ۋە تارتۇقلارنى ئۆكسۈتمەسلىك. ئادالەت ۋە توغرا قانۇن بىلەن خەلق بەختىيارلىققا ئېرىشسە، كۈمۈشنى كۆرۈپ ئەسكەر، خىزمەتچىلەرنىڭ چىرايى ئېچىلىدۇ. بۇ ئىككى تەبىقە بەگدىن رازى بولسا بەگلىك تۈزىلىدۇ، ئوردا ھەم سۈزۈلىدۇ، بەگمۇ ھالاۋەتكە ئېرىشىدۇ. قايسى بەگ خەلققە قانۇن بەرمەيدىكەن، خەلقنى قانۇن بىلەن قوغدىمايدىكەن، خەلقنى قانۇنسىز تالان-تاراج قىلىدىكەن، بۇ خەلقنى ئۆز قولى بىلەن ئوتقا

تىققانلىق، ئېلىنى ئۆز قولى بىلەن سورۇغانلىق بولىدۇ. بۇ ھالدا بەگلىكنىڭ ئۆلى بوشاپ، دۆلەت شۈبھىسىز يىقىلىدۇ. بەگلەر ئەسكەر ۋە خادىملارنى كۆمۈش بىلەن سۆيۈندۈرەلمىسە، قىلىچ قىنىدىن چىقمايدۇ. بەگلەر قىلىچ بىلەنلا ھۆكۈمرانلىقىنى داۋاملاشتۇرالايدۇ. قورالسىز بىخۇت بەگ ئېلىنى باشقۇرالمايدۇ. قىلىچ-پالتا ئەلنىڭ قوغدىغۇچىسىدۇر. خەلقنىڭ يولباشچىلىرى قىلىچقا تايىنىپ ئېلىنى كېڭەيتەلەيدۇ. قىلىچ-پالتا بىلەن دۈشمەننى يېڭىپ، دۇنيانى سورىغان باھادىرلار شۇڭا: «ئەي ئەل سورىغۇچى، ئەلنى قوغداش بۇرچۇڭنى ئۇنتۇما، زەھەر يېگەنلەرمۇ بىخۇتلۇقتىن يەيدۇ. بىخۇت بولماي قۇدرەتلىك بولاي دېسەڭ قىلىچ بىلەن پالتىنى ئۆزۈڭگە ساقچى قىل. قىلىچ ساقچى بولسىلا، بەگ ئامانلىق تاپىدۇ» دېگەن. قىلىچ قىنىدىن چىقىپ يالىڭاچلىنىپ تۇرسا، دۈشمەن ئۇۋىسىدىن چىقمايدۇ. قىلىچ قىنىغا كىرىدىكەن، بەگكە ئامانلىق بولمايدۇ. ھەي بەگ، قىلىچ تۇتقۇچىلارنى سۆيۈندۈرگىن، ساڭا خۇشال-خۇراملىق يار بولسۇن، زەخمەت سەندىن نېرى بولسۇن.

مەقسەت دىدارىنى كۆرۈش ئۈچۈن بەگلەر سېخىيلىقنى ئۆزىگە ئادەت قىلىشى لازىمدۇر. سېخىيلارنىڭ نامى مەشھۇر بولىدۇ، ۋاقتى-سائىتى كەلگەندە نام-شۆھرىتىنى ئاڭلاپ، توپ-توپ ئەسكەر يىغىلىپ، زور قوشۇن ھاسىل بولىدۇ. قوشۇن بىلەن بەگ تىلىكىگە يېتىدۇ. دانىشمەنلەر ئېيتقانكى: ھەي باھادىر، يىغىپ، توپلاپ قەھرىمان يىگىتلىرىڭگە بەر، سېخىي بول، ئىنئام قىل، يېگۈز ھەم ئىچكۈز، مېلىڭ ئۆكسۈپ قالسىمۇ يەنە توپلاپ كىيگۈز. «جەسۇر باتۇر ئەر ئۈچۈن مال كەم ئەمەس، ئالغۇر ئاق لاچىن ئۈچۈن يەم ئۆكسۈمەس». كىمدە قىلىچ-پالتا، ئوق ۋە يا، يۈرەك ۋە جاسارەت بولىدىكەن، مالدىن غەم قىلمايدۇ. جاھانگىر دانا بەگلەر خەزىنىنى قانداق توپلىدى؟ قوشۇن قەيەرگە ئاياغ باسسا شۇ يەرنىڭ تەييار خەزىنىسىگە ئېرىشتى. دېمەك، دۆلەتنى باشقۇرۇش

ئۆچۈن كۆپ ئەسكەر، خىللانغان قوشۇن كېرەك. قوشۇننى تۈتۈپ تۇرۇش ئۈچۈن ھېسابسىز مال-دۇنيا كېرەك. مال-دۇنيا توپلاش ئۈچۈن خەلق بېيىشى لازىم. خەلقنى باي قىلىش ئۈچۈن توغرا سىياسەت، ئادىل قانۇن يولغا قويۇلۇشى زۆرۈر. بۇلارنىڭ بىرى بولمىسا قالغان ئۈچىمۇ قولغا كەلمەيدۇ. بۇ تۆتىلىسى قولدىن كەتسە دۆلەت بەربات بولىدۇ.

خەلقنى يېتىلگۈچى بەگنىڭ يۈقىرىقى ئىشلارنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىشى ئۈچۈن زور ئەجىر قىلىشىغا توغرا كېلىدۇ. ئەجىر بىلەن بىرگە مەردلىكمۇ كېرەك. تىرىشچانلىق ۋە مەردلىك بىلەن شۆھرەت قازانغان بەگكە ئولجا ئۆزى كېلىدۇ. كىمنىڭ تىرىشچانلىقى بولمىسا ئۇ ئۆلۈكتۇر. تىرىشچانلىق نېمىتىدىن مەھرۇم قالغۇچى ھەر ئىككى دۇنيادا تېگىشلىك ئۇلۇشكە ئېرىشەلمەيدۇ. ئەلنى تۈتۈپ تۇرۇشتا، تىرىشچانلىق، مەردلىكلا كۇپايە قىلمايدۇ، شۇنىڭ بىلەن سىياسەتمۇ كېرەك. سىياسەتكە بەگ ئۆزى رىياسەتچىلىك قىلىشى لازىم. بەگ سىياسەت بىلەن قانۇننى تەرتىپكە سېلىپ ئەلنى تۈزەيدۇ. خەلقمۇ قىلىقىنى سىياسەتكە بېقىپ ئوڭشايدۇ. بۇنىڭغا مۇنۇ سۆز شاھىتتۇركى، قەيەردە شاھىت بولسا، ئۇ ئىشەنچلىك ھۆججەت ئەمەسمۇ؟ بەگلەرنىڭ ئىشىكىنى سىياسەت زىنىنەتلەيدۇ. بەگ سىياسەت بىلەن ئېلىنى تۈزەپ، يامانلارغا سىياسەت يۈرگۈزۈشى كېرەك، خەلقنىڭ مالىمانىنىمۇ سىياسەت باسىدۇ.

ئۆگدۈلمىش ئىلىگ توغرىسىدىكى بايانلىرىنىڭ ئاخىرىنى مۇنداق سۆزلەر بىلەن خۇلاسىلىدى:

— ھەي قۇتلۇق ئىلىگ، ئەل ئىشىنى قىلماقنىڭ نامى ئۇلۇغ، خەلقنى باشلىماقمۇ بۈيۈك ئىش. بىراق، خەلقنى توغرا يېتەكلەپ مېڭىش ئۇنچە ئوڭاي ئىش ئەمەس. قارايدىغان بولساق، باش ئاغرىقى تولا، مۇشەققىتى كۆپ؛ ھۇزۇرى ئاز، ئازابى كۆپ؛ ماختىغۇچىلار ئاز، سۆككۈچىلەر كۆپرەك. شادلىقىنى سورىساڭ

تېخىمۇ ئاز، قاياقتا قارىساڭ تەشۋىشلىكتۇر. بەگنى ھىمايە قىلىدىغانلاردىن ھىمايە قىلمايدىغانلار كۆپرەك، راھىتى ئاز، غەۋغاسى تولا، نەگە باقساڭ كۆڭلۈڭ يېرىم بولىدۇ. ئەر ئۈچۈن كۆڭۈل يېرىملىقىمۇ بىر ئازاب. ھەر بىر ئىشنىڭ خەۋپ-خەتىرى كۆپ، خېيىمخەتەرگە يولۇققاندا كەيپىڭ ئۆچىدۇ. بۇ ھەقتە ئەقىللىق كىشىلەرنىڭ نېمە دېگەنلىكىگە قۇلاق سال: ئىلىگنىڭ بوينى نازۇكلۇقتا قىلدەك، بېشى يوغانلىقتا گۈمبەزدەك، مىسالكى، بەگلىك ئىشى خۇددى قىلىچ ئۈستىدىكى باشتۇركى، ھەر كۈنلۈك ئىشى مىڭ پاتمان خەتەر ئىچىدە ئۆزگەندەك، دېگەن. ئۇلارنىڭ سۆزلىرى گۆھەرگە ئوخشاش قىممەتلىكتۇر. شۇنداق، بەگلەرنىڭ بىرى شادلىقتا كۈلسە، يەنە بىرى ئۆز بېشىنى يەيدۇ. بۇنداق تەقدىر ھەممە بەگلەرنىڭ بېشىدا بار. ھەر ئىككى دۇنيانى قولۇمدا تۇتۇپ تۇراي دەيدىكەنسەن، مۇنداق بىر قانچە ئىشنى قىلماق لازىمدۇر. ئاللاغا سېغىنىپ، كۆڭلۈڭ ۋە تىلىڭنى تۈز تۇت. ئاللانىڭ ئەمرىنى ئەزىز بىلىپ، ئىبادەت بىلەن مەشغۇل بول. تەڭرىدىن ساڭا نېمە ئىرادە قىلسا رازى بول. قازاغا رىزا بولۇش بەندىلىك ئىكەنلىكىنى بىل. خەلقىڭگە ياخشىلىق ئىزدە، ئۆزۈڭمۇ ياخشى بول، پۈتۈن خەلقىڭگە چىن دىلىڭدىن مېھرىبانلىقىڭنى كۆرسەت. خەلققە زىيان سالغۇچى بولما. ئۇلارنى يامانلارنىڭ زىيانكەشلىكىدىن قوغداپ، ئىش-ھەرىكىتىڭ بىلەن خەلقىڭنى ياخشىلىقىڭدىن بەھرىمەن قىل. ھاياتلىق ئالىمى ساڭا مەنسۇپ بولدى. ھاياتىڭنى غەنىيمەت بىلىپ ئويناپ كۈل. جېنىڭ چىقسىمۇ زور ئۈمىدۋارلىقتا بولكى، ئاللانىڭ ياخشىلارغا ياخشى يول بېرىدىغانلىقىغا ئىشەن.

* * *

يۇر، ھەي ياخشى كىشى، ياخشىلىق قىل. ياخشىلىق —

پاراسەت ۋە ئىلىمنىڭ مېۋىسى. ئەل باشقۇرۇپ سىناقتىن ئۆتكەن ئەزىمەتلەرنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى ئاڭلا: ياخشىلىق نەچچە يىللار ياتسىمۇ قېرىمايدۇ، يامانلىق قانچە پەرۋىش قىلساڭمۇ تۈزەلمەيدۇ. ياخشى ئادەم ھەر كۈنى يېڭى-يېڭى تىلەكلەرگە ئېرىشىدۇ. ياماننىڭ غېمى بولسا كۈندە مىڭلاپ ئاشىدۇ.

*　*　*

— ئالىيلىرى، مەن بىلگەنلىرىمنى ساڭا تولۇق ئېيتتىم، سەن ئاڭلىدىڭ. بەگ ئۈچۈن مانا شۇنداق پەزىلەت ۋە بىلىم كېرەك. كىم شۇنداق قائىدە-يوسۇنلۇق، پەزىلەتلىك بولسا، ئۇنى بەگ ئاتاپ، ئەلدە يۇقىرى ئورۇنغا ئىگە قىلسا بولىدۇ. مۇنداق خەلق باشلىرى مۇكەممەل بەگ بولالايدۇ. ئۇنىڭدىن كىشىلەر كۆپلەپ ياخشىلىقلارغا ئېرىشىدۇ. بىلىملىك، زېرەك كىشىلەر شۇڭا: بەگ بىلىملىك، ئەقىللىق، توغرا بولۇشى، يۈرەكلىك بىلەن شۆھرىتىنى ئاشۇرۇشى، سېخىي، توغرا ھەم نومۇسچان بولۇشى، سىلىق ھەم مېھرىبان بولۇپ، ئېلىنى ياخشى قوغدىشى لازىم، دېگەن. دېمەك، بەگ پۈتۈن پەزىلەتلەردە ھەر كىمدىن ئۈستۈن بولۇپ، ئەلنى ياخشى قانۇندىن بەھرىمەن قىلالايدىغان بولسۇن. قايسى ئەلنىڭ مۇشۇنداق بېگى بولىدىكەن، ئۇ بەگ خەلقى دەردتىن خالاس بولۇپ، نىجاتلىق تاپىدۇ. ئەلدە تىنچلىق ئورنىتىلىپ، بەخت قۇياشى نۇر چاچىدۇ. ۋادەرىخا! مۇشۇنداق كىشىلەرمۇ ئۆلۈپ كېتىدۇ-ھە! ئەي ئىلىگ، مانا بۇ مېنىڭ ئۇقqan-بىلگەنلىرىم، ھەممىنى ساڭا ئېيتتىم، — دەپ ئېھتىرام بىلەن سۆزىنى ئۈزدى ئۆگدۈلمىش.

كۈنتۇغدى ئۆگدۈلمىشكە يەنە سوئال قويدى:

— ئۇقتۇم، توغرا گەپلەرنى قىلدىڭ، — دېدى ئىلىگ، — سۆزلىرىڭدە بىلىمدىن چەتنىمىدىڭ، ماڭا كېرىكىمۇ دەل سەن

ئېيتقان بىلىما ... . ئەمدى ساڭا ئېيتىدىغان يەنە بىر سۆزۈم بار. بەگلە... ...اق سەرخىل، پەزىلەتلىك بولۇشى كېرەككەن، ئۇنداقتا بە...ەرگە ۋەزىر بولغۇچى قانداق سۈپەتلەرگە ئىگە بولمىقى لازىم؟ مېنىڭ ئۇمىدىم، ۋەزىر خەزىنىنى ئالتۇن-كۈمۈشكە توشقۇزسا، ئەلنى تۈزەپ، شەھەر-كەنتلەرنى كۆپەيتسە، توغرا قانۇن بىلەن ئەل سورىسا، قوشۇن كۆڭلىنى ئىلىتسا، خەلق ياتلارنىڭ قولىدىن ئامان بولۇپ، ئېسەنلىككە ئېرىشسە، بەگنىڭ ياخشى نامىنى مەڭگۈ ئۆچۈرمىسە بولاتتى. ماڭا بۇلارنىمۇ ئوچۇق ئىزهار قىلىپ بەرسەڭ.

# ئون بىرىنچى باب

## ئۆگدۈلمىشنىڭ دۆلەت ۋەزىرى بولمىش كىشىنىڭ ئۆلچىمىدە تون پىچقانلىقى

ئۆگدۈلمىش كۈنتۇغدى ئېلىگنىڭ تەكلىپى بىلەن تىل پەدىسىنى ۋەزىر مۇقامىغا مۇنداق باستى:

— ئالىيلىرى، ۋەزىر بولمىش كىشى ھەر قاچان بەگنىڭ ئەل ئىشىغا سۇنغان قولى. ئۇ بەگلەرنىڭ يۈكىنى يۈدۈگۈچى ۋە خانلىقنىڭ ئۇلىنى مەھكەم ئەتكۈچىدۇر. بۇ ئۇلۇغ ئىشقا ياراملىق ئەر كېرەك. ۋەزىر ياراملىق بولسا، بەگلەر ئارامخۇدا ئۇخلايدۇ. شۇنداق ئىكەن، ۋەزىرلىككە تاللانغان سەرخىل ئەر قويۇلۇشى، ئۇ پۈتۈن ۋۇجۇدى، ئەقىل-پاراسىتى بىلەن ئەل ئىشىغا بېرىلىشى، يۈرىكىمۇ بېگى ئۈچۈن سوقۇشى لازىمدۇر. ئۇ دېڭىزدەك چوڭقۇر بىلىمى، كامىل ئەقىل-پاراسىتى بىلەن ئىشلارنى كۆڭۈلدىكىدەك پۈتتۈرۈپ، بېگىنىڭ يۈزىنى يورۇتۇشى لازىمدۇر. بەگدىن قالسىلا ئەل ئىچىدە قولى ئەڭ ئۇزۇن كىشى ۋەزىردۇر. ئۇ بەگنىڭ سۆزىنى يەتكۈزگۈچى، ئەمرىنى بەجا كەلتۈرگۈچىدۇر. شۇڭا، ۋەزىر ئېسىل نەسەبلىك، تەقۋادار بولۇشى، كۈنلىرىنى توغرىلىق بىلەن ئۆتكۈزۈشى لازىم. ئېسىل نەسەبلىك بولمىسا پاك بولمايدۇ، ناپاك كىشى ۋەزىرلىككە يارىمايدۇ. ۋاپادار كىشىلەر ئېسىل ئۇرۇقلۇق كىشىلەردۇر. ناپاك كىشىلەرنىڭ ئىشى جاپا مېۋىسىدۇر. ۋەزىر ئەقىللىق، بىلىملىك، زېرەك ھەم مۇلايىم بولسۇن. ئەقىل-ئىدراكلىق كىشىنىڭ نەسلىمۇ ياخشى بولىدۇ. ئۇ

قەيەردە بولسا روناق تاپىدۇ، شان-شۆھرەتتىنمۇ قۇرۇق قالمايدۇ. ئۇ ئىمانى كامىل، پاك ۋە راستچىل، ئۆز خۇلقلۇق بولسۇن. ئۇ ئاياغ باسقان يەردە خەلق ئەمىنلىك تاپسۇن. سەمىمىي، تەقۋادار كىشى ئىشنى ئېھتىيات بىلەن قىلىدۇ. يارامسىزلارغا يېقىن بولمايدۇ، ئىشنىڭ پەيتىنى بىلىدۇ، خەلقنىڭ دەردىگە دەرمان بولىدۇ. قانۇن تۈزگۈچى ۋە قانۇن تۈزۈپ تۆرنىڭ بېشى بولغۇچىنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى ئاڭلا: نەسلى ساپ كىشىلەرنىڭ ئىش-ھەرىكىتى شۇنچىلىك سىلىق، ۋاپادار قوينى شۇنچىلىك ئىللىق بولىدۇ. ئەسلى ناپاك كىشىگە ھەر قانچە شېكەر بىلەن يىلىك يېگۈزسەڭمۇ، ئۇنىڭ چاچىدىغىنى ۋاپاسىزلىق ۋە جاپا ئۇرۇغىدۇر.

ۋەزىر ھايالىق، كۆزى توق، ئىشەنچلىك بولسۇن. كۆزى توق ئادەم مال-دۇنياغا ھېرىسمەن بولمايدۇ. ئاچ كۆز ئادەم پۈتۈن دۇنيانىڭ بايلىقىغا ئېرىشسىمۇ تويمايدۇ. ئادەمنىڭ ئېسىلى ھايالىق كىشىدۇر. ھايالىق كىشى ھەم كىشىلەرنىڭ بېشىدۇر. ھايالىق كىشىگە ھەر قانداق ئىشنى تاپشۇرسا بولىدۇ. ئادەم قاباھەت ئىشىكىنى ھايا بىلەن ئېتىدۇ. ھاياسىز كىشى ئادەمنىڭ ئەكسىسى ھەم پەسكەشىدۇر. ھاياسىزنىڭ ئېغىزىدىن چىرايلىق سۆز چىقمايدۇ. ھايالىق كىشى بىزنى ئاگاھلاندۇرۇپ: ھاياسىز كىشىدىن يىراق تۇر. ھاياسىزنىڭ كۆزىدە خۇنۇك بىر قاراق بولىدۇ. ھاياسىزنىڭ يۈزىگە سەپسالساڭ ئەتىسىز بىر سۆڭەكتۇر، كۆزىگە قارىساڭ ئېتىلمەس تۆشۈكتۇر، دېگەن. ھايالىق ئادەمنىڭ يۈزى يورۇق، كۆزى نۇرلۇق بولىدۇ. بۇ سەمىمىي نەسىھەتنى ئەستە تۇتقۇلۇق.

ۋەزىر بولمىش ئادەم ھۆسن-سالاپەتتە كېلىشكەن، چاچ-ساقاللىرى يارىشىملىق ياسالغان، بەھەيۋەت بولسۇن. بۇ ھەيۋەت ئۇنىڭ ئۆز ئىشلىرىنى يۈرۈشتۈرۈشىگە يارايدۇ. ئۇنىڭ ئېسىل پەزىلەتلىرى ئەلگە ئۈلگە بولسۇن، خەلق ئۇنىڭدىن ھەر

زامان مەنپەئەتدار بولسۇن. ئىش بېشى ئىشتا دۇرۇس بولمىسا، بەگىنىڭ ھەممە ئىشلىرى ئەگرى بولىدۇ. ۋەزىر ئىشەنچلىك، ئادىل بولغاندىلا، ئۇنىڭغا خاتىرجەم ئىش تاپشۇرغىلى بولىدۇ. چىرايلىق ئادەمنىڭ قىلىقىمۇ چىرايلىق بولىدۇ. بۇنداق كىشىدىن ئەلگە نەپ تېگىدۇ. كىمنىڭ ھۆسن-جامالى چىرايلىق بولسا، ئىچكى دۇنياسىمۇ چىرايلىق بولىدۇ. بۇ جەھەتتە كۆپ ئەمەلىيەتنى ئۆتكۈزگەن، سىناپ بىلگەن ئاقىللار: ئادەمنىڭ تاشقى كۆركى ئىچكى دۇنياسى بىلەن ھەمراھ، ھۆسن-جامالى ئىش-ھەرىكىتىگە گۇۋاھ. تېشىنى كۆرۈپ، ئىچىنى پەرەز قىل، ئىچى تېشىدەك، تېشى ئىچىدەك بولىدۇ، دېگەن.

ۋەزىر يەنە زېرەك، ھېسابتا پىشقان، يېزىقتا كامالەت تاپقان، تۆرلۈك پۈتۈكلەرنى بىلىم بىلەن پۈتەلەيدىغان بولسۇن. ۋەزىرنىڭ ھەممە ئىشى ھېساب بىلەن بولىدۇ. ھېساباتنى ياخشى بىلمىسە خىزمەتچىلەرنىڭ ئىشىمۇ ئوبدان قىلىنماي قالىدۇ. ھېساب ئىشى توغرا ئىش بولغانلىقى ئۈچۈن «ساق ئىش» دەپ ئاتالغان. قارىسا ھېساب ھەقىقەتەن ساق ئىش. ئادەم ئىش-كۈشلىرىنى ھېساب بىلەن بېجىرىدۇ. يىل، ئاي، كۈنلەرنىڭ ھېسابىنى ھېسابلاپ بىلىدۇ. زېرەك ئادەم ئىشلىرىنى ئۇتۇقلۇق ئورۇنلايدۇ. زېرەك بولسا ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدۇ. يېزىق كىشىنى زېرەك قىلىدۇ. يېزىق بىلگەنلىك — زېرەكلىكنىڭ نىشانىدۇر. ئادەم ئۇقۇقان-بىلگەنلىرىنى يېزىق بىلەن پۈتىدۇ. پۈتۈكتە قالغىنى شۇ ئەرنىڭ ھاياتىدا نېمە ئىش قىلغانلىقىدىن كېيىنكىلەرنى ۋاقىپلاندۇرىدۇ. ئادەم بالىسى يېزىق بىلمىگەن بولسا يىل، ئاي، كۈنلەرنىڭ ھېسابىنى قانداق بىلەلەيتتى، ئالىملار كىتابقا پۈتۈپ قويمىغان بولسا، تارىخنى ئىسپاتلاشنىڭ چارىسىنى قانداق تاپاتتى؟! شۇڭا، خۇدا ئالەمنى يارىتىشتىن بۇرۇنلا لەۋھى قەلەمنى يارىتىپ ئىشلەتكەن. پەرىشتىلەرگە بولسا بەندىلەرنىڭ ھاياتلىقىدىكى بارلىق ياخشى-يامان ئىشلىرىنى پۈتۈپ قويۇشقا

بۇيرۇغان. ئاللا قىيامەتتە ئۇلاردىن بۇنىڭ سورىقىنى ئالىدۇ.

ۋەزىر مېھرىبان دىللىق، يۇمشاق تىللىق بولمىقى لازىمكى، بۇنداق كىشى كىشىلەرنىڭ سۆيگۈسىگە سازاۋەر بولىدۇ. سۆيگۈگە سازاۋەر كىشى دوستلارنىمۇ خۇشال قىلىدۇ. كەمتەر، مۇلايىم كىشىلەر يۇمشاق دىللىق كىشىلەردىن سۆيۈنۈپ: كىشى ئۈچۈن يۇمشاق دىللىق بولۇش نېمىدېگەن ياخشى، كۆڭلى يۇمشاق كىشى خەلق ئارىسىدا سۆيگۈگە سازاۋەر، رەھىمسىز ئادەم سۆيگۈدىن مەھرۇم بولىدۇ. ئابرۇي كەمتەرلىكتە كۆكلەيدۇ، تەكەببۇر كىشى بۇيۇكلۈكنى قۇرۇتىدۇ، دېگەن. ۋەزىرلىككە ئىنتايىن مېھىر-شەپقەتلىك، ئوقۇمۇشلۇق، بىلىملىك، ئەقىللىق، كامىل ئەر كېرەككى، ئۇ تىلى بىلەن دىلى بىردەك، ئىش-ھەرىكىتى دۇرۇس، ھايالىق، كۆيۈمچان ۋە خەلقنىڭ ھەققانىيەتچىسى بولسۇن. كۆزى توق، سەگەك، يارامسىز بىلەن ياراملىقنى پەرق ئېتەلەيدىغان، ئىشنىڭ يولىنى بىلىدىغان، خىزمەتكە سادىق، تىرىشچان، ئامانەتكە خىيانەت قىلمايدىغان، يامانلىقتىن ئەيمىنىدىغان پاك دىل بولسۇن. كىمدە مۇشۇنداق پەزىلەتلەر بىلەن بىلىم بولسا، ئىلىگ شۇنداق ئادەمگە ۋەزىرلىك مەرتىۋىسىنى بەرسە بولىدۇ. بۇنداق كىشى بەگلەرگە ۋەزىر بولسا، بەگلەرنىڭ ئىشى نىيىتىدىكىدەك بولۇپ، بەگ ۋە خەلق ئاسايىشلىقتا ئۆتكەي، ئەل تۈزىلىپ، خەلق بايلىققا ئېرىشكەي. يارامسىز، ياۋۇز ئادەم ئەلگە ۋەزىر بولۇپ قالسا ئۇ ئەل بۇزۇلۇپ، باي ۋە كەمبەغەل تەڭلا نامراتلىقتا، موھتاجلىقتا ۋەيران بولغاي. ياخشى ۋەزىرنىڭ پايدىسى خەلققە بولىدۇ. خەلقنىڭ پايدىسى ئەلگە ھۇزۇر ئېلىپ كېلىدۇ. دېڭىزدەك چوڭقۇر بىلىمى بىلەن قەلبىنى يورۇتقان كىشىنىڭ مۇنۇ سۆزىگە قۇلاق سالغۇلۇق: ئىلىگنىڭ تىلى بىلەن دىلى ياخشى بولسا، خىزمەتچىلىرىمۇ توغرىلىق يولىنى تۇتىدۇ. ئىلىگ زالىم ھەم ئەسكى بولىدىكەن، خىزمەتچىلىرىمۇ دۇرۇس يولنى بۇزىدۇ. دېمەك، خادىملارنىڭ ياخشى بولۇشى، زىيانداش بولماسلىقى

بېگىنىڭ ياخشى بولۇشىغا باغلىق. بەگلەرنىڭ ئۆزى ئەسكىلەشمىگۈچە ئۆزگە ئەسكىلەرنى يېقىن يولاتمايدۇ. قەيەرگە يامانلار ئىز باسقان بولسا، شۇ يەردە يامانلار ماكان تۇتىدۇ.

ئەي ياخشى ئىلىگ، ياخشى يۈرۈپ، ياخشى دوستلارنى ئىزدە. يامانلار ياخشىلار بىلەن كېلىشەلمەيدۇ. تۈز نەرسە بىلەن ئەگرى يارىشالمايدۇ. كۆرمەمسەن، قارا تۈن بىلەن يورۇق كۈن يېقىنلىشالمايدۇ. يېشىل سۇ قىزىل ئوتقا مېھمان بولالمايدۇ. ھەر قانداق نەرسە ئۆز خىلى، ئۆز تۈپى بىلەن قوشۇلۇپ ياشايدۇ. مىسالكى: ناتونۇش بىر كىشىنىڭ قانداقلىقىنى بىلمەك بولساڭ، ئۇنىڭدىن كىملەر بىلەن ئارىلىشىدىغانلىقىنى سورىساڭلا ئۇ ئادەمنىڭ قانداقلىقىنى پەرق ئېتەلەيسەن. بۇ سۆزگە شاھىت بولالايدىغان مۇنۇ پەندنى كۆڭۈلگە پۈككۈلۈك: قارا، يورۇيدىغان، ئۆچىدىغان بارلىق جانلىقلار ئۆز تەڭتۇشلىرىنى قولداش ۋە يولداش تۇتىدۇ. يامانلار ياخشىلاردىن قاچىدۇ. مانا بۇ ھەممە ئۈچۈن ئورتاق قائىدە. ئەي ياخشىلارنىڭ بېشى ئىلىگ، يامانلارغا قېتىلما، يامانلارنىڭ يۈكىنى يۈدۈمەكمۇ تەس، ئۇلارنىڭ قىلىقى ئىنتايىن پەس. ۋەزىر دېگەن بەگنىڭ كېڭەشچىسى، كېڭەشچى بولىدىغان ئادەمنى بەگ تولىمۇ ئېھتىياتچانلىق بىلەن تاللىشى لازىم. ئەگەر بەگ ئۆزىگە يامان خۇيلۇق ئادەمنى يېقىن تۇتىدىكەن، ئۆزىنىڭ نامىنىمۇ بۇلغايدۇ، خەلق ئىشلىرىمۇ خارابلىققا يۈز تۇتىدۇ. بەگلەر ئۆزىگە ياخشى كىشىنى ۋەزىر قىلسا، ياخشى نامى قالىدۇ، خەلقنىڭ ئىشلىرىمۇ روناق تاپىدۇ.

ئالىيلىرى، ۋەزىرلىك ئىشىغا شۇنداق ئادەملەرنى قويغاندا، بەگمۇ ئارام تاپىدۇ، خەلقمۇ خاتىرجەم ئۇخلايدۇ. بەگنىڭ ئىشلىرى تېخىمۇ ياخشى يۈرۈشۈپ، تىلىكىمۇ تولۇق ئورۇنلىنىدۇ، ئېلى تەرتىپكە چۈشۈپ، خەلق بېيىيدۇ، خەزىنە توشۇپ، بەگنىڭ ئۆمرى پاراغەتتە ئۆتىدۇ. ئۆزى قېرىسىمۇ نامى مەڭگۈ قالىدۇ. قېرىپ ئۆلگەندىمۇ قەلب تۆرىدىن ئورۇن ئالىدۇ.

بۇ دۇنيانىڭ ھەم ئۇ دۇنيانىڭ مەئىشىتىدىن تولۇق بەھرىمەن بولۇپ، مەڭگۈلۈك سائادەتكە ئۇلىشىدۇ.

— ئالىيلىرى، سورىغانلىقىڭ ئۈچۈن بىلىدىغانلىرىمنى ساڭا ئېيتتىم. سۆزلىرىمنى ئورۇنلۇق بىلسەڭ قوبۇل قىلغايسەن، — ئۆگدۈلمىش ئىلىككە قول باغلاپ تۇرۇپ سۆزىنى توختاتتى.

— بۈگۈن ناھايىتى ياخشى سۆزلەرنى قىلدىڭ، سۆزلىرىڭنى تولۇق ئۇقتۇم، — دېدى كۈنتۇغدى ئىلىگ رازىمەنلىك بىلەن، — ئەمدى ماڭا سۇ باشلار[1] ئەرنىڭ قانداق بولىدىغانلىقى، بەگلەرنىڭ ئىشنى قانداق قىلىش كېرەكلىكىنى سۆزلەپ بەرگىن. سۇ باشلار ئەر قوشۇنغا يۈرەكلىك قوماندانلىق قىلالايدىغان، جەڭ ئىشلىرىنى بىلەلەيدىغان، جەڭ ئىشلىرىدا يېڭىلىشمەي، توغرا باشقا ئېلىپ چىقالايدىغان، ياۋ ئەسكەرلىرىنى پارچىلاپ تارمار قىلالايدىغان بولسۇن. بۇ ئىشقا قانداق ئادەمنى قويۇشۇم كېرەك؟

ئۆگدۈلمىش تەمكىنلىك لىباسىنى كىيىپ، تىل زۇلپىقارىنى ئوينىتىپ، سۇ باشلار ئەرنىڭ ھەيۋەتلىك قىياپىتىنى مۇنداق بايان قىلدى.

① سۇ — قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «قوشۇن، لەشكەر» دېگەن مەنىدىكى سۆز بولۇپ، «سۇ باش» — ھەربىي قوماندان دېمەكتۇر.

# ئون ئىككىنچى باب

## ئۆگدۈلمىشنىڭ سۇ باشلار ئەرنىڭ جاسارىتى ۋە ماھارىتىنى قەلەم تىلىدىن بايان قىلغانلىقى

ئۆگدۈلمىش ئېھتىيات قالقىنى بىلەن قەلەم زۇلپىقارىنى چاپتۇرۇپ جەڭگاھتا مۇنداق نەرە تارتتى.

— ئالىيلىرى، ياۋ بىلەن بولغان كۈرەشتە غالىبلىق تۇغى ھەر قاچان قولۇڭدا بولسۇن، — دەپ سۆزىنى باشلىدى ئۆگدۈلمىش، — بەگكە شۇنداق بىر جەسۇر، ئېھتىياتچان، سەگەك، باتۇر قوماندان كېرەككى، ئۇ ئالدى بىلەن بېشىدىن كۆپ ئىشلارنى ئۆتكۈزگەن چوڭ يۈرەك ئادەم بولسۇن. قوشۇنغا قوماندانلىق قىلىش، قوشۇن سېپىنى تۈزۈش، ياۋنى يوقىتىش ئىنتايىن چوڭ ئىش. بۇنىڭ ئۈچۈن تولىمۇ ھوشيارلىق كېرەككى، بىخۇتلۇقتىن پالاكەتكە يولۇقۇپ، دۈشمەننىڭ ئۇيقۇسىنى ئېچىپ قويۇپ، تاپا-تەنىگە نىشان بولمىسۇن. سۇ باشلار ئەر مۇلايىم، تەمكىن، سېخىي بولسۇن، ئەسكەرلىرىگە ئاش-تۈزىنى كەڭرى قىلسۇن، باتۇر ئەرلەر سېخىيلارنىڭ ئەتراپىغا توپلىنىدۇ. قوماندان ئوغلۇم، قىزىم، خوتۇنۇم دەپ مال-دۇنيا توپلىماسلىقى، بېغىم، سۈيۈم، يېرىم دەپ كۆمۈشكە ئۆزىنى ئاتماسلىقى، بار مال-دۇنياسىنى سېخىيلىق بىلەن ئەسكەرلىرىگە ئۈلەشتۈرۈپ، ئۆزىگە بىر ئات، بىر تون ۋە ياراغ بولسىلا بەس دېيىشى، پۈتۈن ئارزۇسىنى قىلىچتىن ئىزدىشى لازىم. شۇندىلا ئەتراپىغا ئۇنى قوغدايدىغان، قوللايدىغان قولداش ۋە يولداشلاردىن كۆپ

توپلىنىدۇ. مەقسەت مەنزىلىگە ئۇتۇقلۇق ئۇرۇش بىلەن يېتەلەيدۇ. شان-شۆھرەتتىمۇ ئالدىنقى قاتاردا تۇرالايدۇ، غەنىيمەت ئالغان ئات-ئۇلاغ، قىز-ئوغلان، قورال-ياراغلارنى ئايىماي بېرىپ، ئەسكەرلىرىنىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇشى لازىم. شۇنداق بولغاندا باتۇرلار شېرىن جېنىنى ئۇنىڭ ئۈچۈن پىدا قىلىشقا توپلىنىپ، ئېگىز قىيادەك ئۇنىڭ ئالدىدا ياتىدۇ.

سۇ باشلار ئەر ئەقىللىق، يۈرەكلىك، جەسۇر ۋە كەڭ قورساق بولمىقى لازىمدۇر. ئۇرۇشتا يۈرەكسىز ئەر ئىشقا يارىمايدۇ. يۈرەكسىز ئەر ئاياللارغا ئوخشاش قورقۇنچاقلىق بىلەن قوشۇننى بۇزىدۇ. قوشۇن بۇزۇلسا، ئەسكەرلەر بىر-بىرىنى بۇزىدۇ. جەڭدە قورقماس يۈرەك، چىداملىق ئىرادە كېرەككى، دۈشمەن ئات چاپتۇرۇپ باسقۇن قىلىپ كەلگەندە دەرھال توپلانماق لازىمدۇر. ئۆلۈم دېگەننىڭ بەلگىلىك ۋاقتى-سائىتى بولىدۇ. يىگىت ئەجەل كەلمىگۈچە جەڭدە ئۆلمەيدۇ. ئادەم ئۆلۈمنى ئۇنتۇغاندا دۈشمەننى يېڭىدۇ. بىر جەسۇر ئەرنىڭ نېمە دېگەنلىكىگە قۇلاق سالغۇلۇق: «ئىنسان ئانىدىن تۇغۇلۇپ، تا ئەجەل شەربىتىنى ئىچمىگۈچە ئۆلۈم سىرتمىقى نەپەس يولىنى سىقمايدۇ. شۇندىن تۇرۇپ ياۋنى كۆرۈپ نېمانچە قورقۇپ كەتكۈلۈك؟! ياۋغا يالقۇندەك تېگىپ، ئەردەك تۇتۇشقۇلۇق.»

دۈشمەن بىلەن تۇتۇشۇش ئۈچۈن ئەردە يەنە نومۇس بولۇشى لازىمدۇر. نومۇس كۈچى بىلەن ئەر دۈشمىنىنى يېڭىپ، ھاقارەتنى يۇيماي تۇرۇپ ئارقىغا قايتمايدۇ. قورقۇنچاقلارمۇ نومۇسىنى ساقلاش ئۈچۈن باتۇرلۇق قىلىدۇ. ئەركەك دېگەن ماختىلىش ئۈچۈنمۇ ئۆزىنى ئۆلۈمگە ئاتىدۇ. يۈرەكلىك ئەر دېگىنىمىز دەل ئار-نومۇسلۇق ئەردۇر. نومۇسچان ئەر ئۆلسە، جەڭدە ئۇرۇشۇپ ئۆلىدۇ. نومۇسسىزلار جەڭدىن ئەڭ بۇرۇن قاچىدۇ.

قوماندان دۈشمەن ئالدىدا ھەيۋەتلىك ۋە قەھرلىك، خەلقى ئۈچۈن كەمتەر، مۇلايىم بولۇشى لازىم، چاچ-ساقىلى ياسالغان،

ھەيۋەتلىك، جەسۇرلۇق، كەمتەرلىكتە نام-شۆھرىتى ئەل ئىچىدە يادلانغان بولسۇن. يامانلارنى قورقۇتقىلى ھەيۋەت لازىم بولىدۇ، ياۋاشلارنى سۆيۈندۈرگىلى ياخشىلىق ئەسقاتىدۇ. كەمتەر، مۇلايىم كىشى خەلقنىڭ كۆڭلىنى ئىللىتالايدۇ. قوپال تىللىق، قەھرلىك بولسا كىشى كۆڭلىنى سوۋۇتىدۇ. قوماندان ئۆزىنى چوڭ تۇتىدىكەن، شۈبھىسىزكى، دۈشمەندىن قامچا يەيدۇ. ئۆزىنى چوڭ تۇتقان كىشى غەپلەتكە پاتىدۇ. غەپلەتلىك ئەر ئەجىلىدىن بۇرۇن ئۆلىدۇ.

سۇ باشلار ئەر سىياسەت قىلىچىنى مەھكەم تۇتۇپ، قوشۇننىڭ ئىنتىزامىنى ياخشى كۆزىتىشى لازىمدۇر. قوشۇن ئىنتىزامى سىياسەتكە موھتاج. سىياسەت بىلەن قوشۇن باشقا ئىگە بولىدۇ. باشقا ئېرىشكەن قوشۇن تەمىناتسىز قالمايدۇ. قانداق قوشۇن باشباشتاق، بوشاڭ بولىدىكەن بۇرنىغا يەيدۇ. يامانلارغا كۆرسىتىشكە ھەشەمەت بىلەن سىياسەت كېرەك، ياخشىلارغا يەنىلا ھۆرمەت كېرەك. ياخشىلارغا قولدىن كېلىشىچە مېھرىبانلىق يەتكۈزگۈلۈك، ئۇلارنىڭ شادلىقى ئۈچۈن ئېغىر يۈك يۈكلىمىگۈلۈك. بارلىق ئادەم ياخشىلىقنى ئارزۇ قىلىدۇ، ياخشىلىققا ئېرىشتۈرگەن ئادەمگە قۇل بولۇشقا تەييار بولىدۇ. تۈزۈتلۈك بىر ئەر بۇ خۇسۇستا: ھۆر، ئازاد كىشىلەر ياخشىلىقنىڭ قۇلىدۇر. سەن ياخشىلىق بىلەن توغرىلىق يولىنى ئاچقىن، ئادىمەتچىلىك قىلىشتا شۇنىڭغا يارىشا ئادەم بول. كىشىلەر ئادىمىيلىك يولىنى ئەنە شۇندان قۇرغان، دېگەن.

سۇ باشلار ئەر دۈشمىنى ئۈستىدىن غالىب كېلىش ئۈچۈن مۇنداق سۈپەتلەرنى ئۆزىدە ھازىرلىغان بولۇشى زۆرۈر: ئۇ سوقۇشقاندا ئارسلاندەك يۈرەكلىك، تۇتۇشقاندا قاپلاندەك كۈچلۈك بىلەكلىك بولسۇن، ياۋا توڭگۇزدەك تەرسا، بۆرىدەك كۈچلۈك، ئېيىقتەك يانماس، قوتازدەك قىساسخور بولسۇن. ئۇ يەنە ھېلىگەرلىكتە قىزىل تۈلكىدەك، قىساسكارلىقتا بۇغرا تۆگىدەك

بولسۇن، ھوشيارلىقتا سېغىزخاندىنمۇ سەگەك، يىراقنى كۆرۈشتە قىيا قۇزغۇنىدەك بولسۇن، ئارسلاندەك يۈكسەك چىدام كۆرسەتسۇن، تۈنلەرنى ھوقۇشتەك ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزسۇن. مانا بۇلارنى ھازىرلىغان سۇ باشلار ئەر جەڭگىۋارلىق بىلەن ئىشنى پۇختا ئادا قىلالايدۇ، دۈشمەنگە زەربە بېرىپ، غالىبلىق تۇغىنى قادىيالايدۇ.

سۇ باشلار ئەرنىڭ ئاش-تۇزى ھەم نېنى مول بولسۇن، ئات-ئۇلاغ، تون ۋە ياراغلىرىنىمۇ يەتكىدەك تەييارلىسۇن. يېمەك-ئىچمەكنىڭ كەڭرى بولۇشى ئەرنىڭ نامىنى يايىدۇ. يېمەك-ئىچمەك تىرىكلىكنىڭ كۆكى ئەمەسمۇ؟ نامى مەشھۇر بىر ئىلى ئادىمىنىڭ نېمە دېگەنلىكىگە قۇلاق سال: ھەي قۇتلۇق كىشى، ياشاشنىڭ يولىنى ئىزدەيدىكەنسەن، نام-ئاتاق قازىنىش زۆرۈر. بۇنىڭ ئۈچۈن ئاش-تۇزۇڭنى كەڭرى يېگۈزمىكىڭ لازىمدۇر. ئۇلۇغلۇق ئىزدىسەڭمۇ، ئۇزۇنراق ھايات تىلىسەڭمۇ يېمەك-ئىچمەكنى كەڭرى ئۈلەشتۈر. ئادىمەتچىلىكنى بىلىدىغان سادىق، سېخىي كىشىلەر نان-تۇز ھەققى ئۈچۈنمۇ ئەرلىك ھەققىنى ئۆتەيدۇ.

مۇنداق بىر قانچە خىسلەتنى ھازىرلىغان سۇ باشلار ئەر ھايات-ماماتلىق زور ئىشلىرىنىڭ ئاساسىنى پۇختىيالايدۇ. بىرى، سۆزى چىن، لەۋزىدە تۇرىدىغان بولسۇن. ئۇلۇغلار يالغانچى بولسا ئىشەنچسىز بولۇپ قالىدۇ. ئىككىنچى، قول ئاستىدىكىلەرگە سېخىيلىق بىلەن مال-تاۋارلىرىنى ئۈلەشتۈرۈپ بەرسۇن. بىلىش كېرەككى، مال-دۇنيا تەمەسىدىكى ئالارمەن كىشىلەر بېخىل كىشىگە يېقىن يولىمايدۇ. ئۈچىنچى، يۈرەكلىك، مەغرۇر بولسۇن. يۈرەكسىز كىشى ياۋنى كۆرگەندە ئاغرىپ يېتىۋالىدۇ. تۆتىنچى، تاكتىكىغا ئۇستا، ھىيلە بىلىدىغان بولسۇن. ھىيلە بىلەن ئارسلاننىمۇ بويسۇندۇرغىلى بولىدۇ. بەشىنچى، دۈشمەن سېپىنى بۆسۈش ئۈچۈن جۈرئەتلىك بولسۇن، پاراكەندىچىلىك

سېلىش ئۈچۈن چاققان بولسۇن. سۇ باشلار ئەر مۇشۇنداق ئالاھىدىلىكلەرنى ئۆزىدە يېتىلدۈرگەن بولسا، دۈشمەننى يېڭىپ ھەيۋىسىنى سۇندۇرىدۇ، قولى ئۈستۈن بولۇپ باش كۆتۈرىدۇ.

دۈشمەنگە يۈزلەنگەن سۇ باشلار ئەر ئۇيقۇدىن بىدار بولۇپ، كېچە-كۈندۈز ئويغاق بولسۇن. دۈشمەنگە ھۇجۇم قىلماقچى بولغاندا زەربىدار قوشۇنىنى ئۆزىگە يېقىن تۇتۇپ، كۆزەتچى، چارلىغۇچىلارنى خىل قىلىپ، كۆز-قۇلاقنى سەگەك تۇتۇش بىلەن يىراقنى كۆزىتىشى لازىم. ئەگەر چارلىغۇچىلار دۈشمەننىڭ ئالدىن يۈرەر قىسىملىرىغا ئۇچراپ تۇتۇشۇپ قالغىدەك بولسا، ئايلىنىپ تېگىش قىلسۇن، دەرھال قوشۇننى تەرتىپكە سېلىپ، مۇنتىزىم ھالەتكە ئۆتسۇن. ھېچكىم ئالدىغىمۇ ئۆتۈپ كەتمىسۇن، ئارقىدىمۇ قالمىسۇن. قارارگاھنى ۋە مۇھاپىزەتچى قىسىمنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇشى، قوشۇن ساقچىلىرى بەك ھوشيار تۇرمىقى لازىم. ئەمەلدار جەڭ ئەھۋالىنى ئوبدان كۆزىتىپ تۇرۇشى، زەربىدار قىسىمدىن ھېچكىم ئۇنىڭ نەزىرىدىن چەتتە قالماسلىقى لازىم. قارارگاھ قۇرىدىغان جاينى ياخشى تاللاپ، ئاندىن قوشۇننى چۈشۈرۈپ، سۇ ۋە ئوتىمەي يېغىنچاق ئورۇنلاشتۇرسۇن، بەك سەگەك بولسۇن، غەپلەتتە قالمىسۇن. بىخۇت قوماندان دۈشمەندىن تالاپەت يەيدۇ. قارارگاھ قۇرۇشتا ئوت-چۆپ، سۇيى بار جاينى تاللاش، دۈشمەنگە يېقىنلاشقاندا چارلىغۇچىلارنى باشلاش كېرەك. ياۋغا زەربە بېرىشتە ئالدى بىلەن دۈشمەنگە ھىيلە-نەيرەڭ ئىشلىتىش، بۇ ھىيلە بىلەن دۈشمەننى ئالاقزادە قىلىش كېرەك. يەنە بىر تەرەپتىن ھوشيار، سەگەك تۇرۇش لازىم. جەڭدە قايسى تەرەپ ھوشيار ۋە سەگەك بولسا، ئۇ دۈشمەنگە شۈبھىسىز تالاپەت كەلتۈرۈپ ئۈستۈنلۈك قازىنىدۇ. مانا مۇشۇ ئىككى قورالدىن دۈشمەن ئۆلۈمگە يۈز تۇتىدۇ.

يارامىلىق سۇ باشلار ئەرگە قوشۇننىڭ كۆپ بولۇشى ھاجەت ئەمەس، خىللانغان بولمىقى لازىم. قوشۇنۇڭدىكى چېرىكلەر كۆپ

بولۇپ كەتسە باشلامچىسىز قالىدۇ. باشلامچىسىز قوشۇن يۈرەكسىز بولىدۇ. كۆپ ئۇرۇشلارنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن بىر قوماندان قىياسەن: «ماڭا ئون ئىككى مىڭ كىشىلىك قوشۇنمۇ كۆپلۈك قىلىدۇ» دېسە، تومەنلىگەن لەشكەرلەرنى مەغلۇپ قىلغان بىر باتۇر ئوغلان: «ماڭا تۆت مىڭ كىشىلىك يارامىلىق قوشۇن يېتەرلىك» دېگەن. كۆپ قوشۇننىڭ سەپ تۈزگەندە ئىچكى قىسمى ئوڭشاپ بولغۇسىز دەرىجىدە قالايمىقانلىشىپ كېتىدۇ. بۇنداق قالايمىقانچىلىقنىڭ ئاقىۋىتى يامان بولىدۇ. جەسۇرلۇقتا تونۇلغان باتۇر ئەرلەر تەكىتلەپ: قوشۇننىڭ كۆپ بولۇشىنى تەلەپ قىلما، خىل بولۇشىنى، قوراللارنىڭ سەرخىل بولۇشىنى تىلە. كۆپ قوشۇندىن ئاز بولسىمۇ مۇنتىزىم قوشۇن ئەلا. كۆپ كىشىلىك قوشۇننىڭ نۇرغۇن قېتىم يېڭىلگەنلىكى تارىختا تولا، دېگەن. قوشۇننىڭ ئاز-كۆپلۈكىنى دۈشمەنگە بىلدۈرۈپ قويماسلىق ئۈچۈن، قوشۇننى ياخشى كۆزىتىپ، تىل بىرىپ قويۇشتىن ساقلىنىش كېرەك. دۈشمەننىڭ ھەرىكىتىنى بىلىۋېلىش ئۈچۈن ئىمكان بار دۈشمەن تەرەپتىن تىل تۇتۇشقا تىرىشىش لازىم. تىلنىڭ مەلۇماتىغا ئاساسەن ئىش تۇتۇپ، دۈشمەننىڭ بويىنىغا دەسسەپ، بېشىنى كېسىش كېرەك. ھوشيارلىق، سەگەكلىك دېگەن مانا شۇ. ئۇرۇشتا كىم سەگەك، ھوشيار بولسا شۇ ئۇتىدۇ. ئويغاق بەگنىڭ نېمە دېگەنلىكىگە قارا: ئويغاق بەگنىڭ ئارسلان مىنىپ، قىلىچنى قامچا قىلىپ ئەجدىھالاردەك يول باشلىغىنىنى كۆر. دۈشمەن قوشۇنى كۆپ، ئۆز قوشۇنۇڭ ئاز ئەھۋالدا ئۇرۇش قىلىشقا ئالدىرىماي، تەدبىر ئۈستىدە ئويلان. سۈلھى تۈزۈش ئىمكانىيىتى بولسا سۈلھى تۈز، سۈلھى تۈزۈش مۇمكىن بولمىغاندا، ساۋۇت كىيىپ ئۇرۇشقا ئاتلان. بۇنداق ئەھۋالدا، ئىمكانقەدەر دۈشمەننى غەپلەتتە قويۇپ، كېچىسى ئۇيقۇدىكى ۋاقتىدا ئۇشتۇمتۇت تېگىش قىل. كېچىدە قوشۇننىڭ ئاز-كۆپلۈكى چانمايدۇ. ئەگەر بۇ تەدبىر بىلەنمۇ نۇسرەت قازىنىشقا چامىڭ يەتمىسە، سۈلھى تۈزۈپ ئەپ

ئۆتۈش ئۈچۈن ئەلچى ئەۋەت. «ئۆزۈڭ بىلەن ئەل بولۇپ دۈشمەننى بىخۇتلاشتۇر. ئۆزۈڭ بولساڭ ھوشيار تۇر، ئۇرۇشۇشقا ئالدىراپ كەتمە. ئەگەر بۇ تىرىشچانلىقىڭ كار قىلماي، دۈشمەن سۈلھىگە كۆنمەي كۆرەڭلەپ كەتسە، ۋاقىتنى سوزماي دەرھال قوشۇنۇڭنى توپلاپ ئۇرۇش تەييارلىقىغا ئۆت. ئەسكەرلىرىڭگە پۇل-مالنى ئايىماي ئۈلەشتۈر. ماختاپ ئۇرۇشقا ئاتلاندۇر، لېكىن ئۇرۇش ئۇزۇنغا سوزۇلۇپ كەتمىسۇن. كۆپنى كۆرگەننىڭ كۆزى ئېچىلۇر، دېگەندەك دۈشمەن ھوشىنى يىغىۋالمىسۇن. بېشىدىن كۆپ ئىشلارنى ئۆتكۈزگەن، نۇرغۇن ئىشلارنى كۆرگەن غالىب ئەرلەر ئېيتقانكى: دۈشمەن بىلەن تېخى يۈزمۇ-يۈز ئۇچراشمىغاندا يىراقتىكى دەبدەبىسىن كۆزگە ئىلىنمايدۇ.

ياۋغا تېگىش قىلغاندا ئۇرۇش ئەسلىھەلىرىڭنى تارتتۇرۇپ قويماسلىق ئۈچۈن ئۇرۇشقا يېلىگراق كىر. ئۇرۇشنى سوزماي تېزرەك ئاخىرلاشتۇرۇشنىڭ چارىسىنى قىل. ئۇرۇش سوزۇلۇپ كەتسە يېڭىلىپ قالىسەن. چېرىكلىرىڭدىن بىر قىسمىنى پىستىرمىدا قوي، پىيادە ئوقچىلارنى باشلاپ ئالدىدا يۈگۈر. چېرىكلەرنى باشلاپ ئالدىدا مېڭىشقا ياشتا چوڭ، جەسۇر كۆرەشچىلەرنى قوي. ئۆزىنى توختاتقان مويسىپىت كىشىلەر جەڭنى بىلىدۇ، ياراملىق بولىدۇ. ياشتا كىچىك يىگىتلەر قىزىققان بولىدۇ، ئەگەر يۈز ئۆرۈسە ئوتى تېزلا ئۆچىدۇ. جەڭ پەيتىدە ئالدى-ئارقاڭغا ئىشەنچلىك كىشىلەرنى قوي، يەنە بىر قىسمىنى ئوڭ قانات، سول قانات قىلىپ ئورۇنلاشتۇر. چېرىكلەر دۈشمەنگە ئۇدۇلمۇئۇدۇل كەلگەندە نەرە تارتىپ ئۇچرىغىنىنى تۇتسۇن. ئالدى بىلەن يىراقتا تۇرۇپ ئوق بىلەن زەربە بېرىپ، يېقىنلاشقاندا نەيزە تىقىپ بويسۇندۇرسۇن. گىرەلىشىپ كەتكەندە قىلىچ-پالتا ئىشلەت، ھەتتا چىشىڭ بىلەن چىشلە، تىرنىقىڭ بىلەن تاتىلا، ياقىسىدىن ئېلىپ جان-جەھلىڭ بىلەن ئېلىشقىن. جەڭ دېگەندە يا ئېلىشىپ ياۋنى يوقاتقۇلۇق، يا جەڭدە ئۆلگۈلۈك. قاتتىق

تىركەشكىنكى، ھەرگىز دۈشمەنگە ئارقا تەرىپىڭنى تۇتۇپ بەرمە. جەسۇرلۇق بىلەن ئىلىشقان بىر باتۇر ئەر: چىداملىق بول، چىدىغان ئەر دۈشمەننى يەر چىشلىتەلەيدۇ. بىلگىنكى، قىزنىڭ سۆيۈنچى توي بولغان تۈنلىرى بولسا، باھادىر ئوغلاننىڭ ئىپتىخارى جەڭدە ئۆتكەن كۈنلىرىدۇر، دېگەن. جەسۇر ئەر ئات سىلىپ خۇددى لاچىن قۇشنى قوغلىغاندەك دۈشمەننى سۇر-توقاي قىلىپ قېنىنى تۆكىدۇ، دۈشمەننى كۆرۈش بىلەن باشقىلارغا نۆۋەت بەرمەي چاڭ توزۇتۇپ دۈشمەن سېپىنى سۆكىدۇ، ئارسلان كەبى ئات ئوينىتىپ ياۋنى قىرىدۇ ياكى ئۆزى ئۆلىدۇ. باتۇر ئەر ياۋنى كۆرگەندە يۈزىدە قان ئوقچۇيدۇ، ئىلىشقاندا توپا ۋە قانغا مىلىنىدۇ. ئات، ئىگەر-جابدۇقلار، ساۋۇتلار قىزىل تۈسكە كىرىدۇ، قان ئوقچۇپ تۇرغان قىپقىزىل مەڭزى كۆكىرىپ كېتىدۇ.

ياۋ ئات سىلىپ ئۈستۈڭگە باستۇرۇپ كەلگەندە بولسا بەرداشلىق بېرىپ ھەرگىز چېكىنمە، تىرىشىپ دۈشمىنىڭنى چېكىندۈر. ياۋ قوزغالسا، سەنمۇ قوزغالغىن، قاراپ تۇرماي تەييارلىنىپ دەرھال ئىزىغا چۈش. مۇبادا ياۋ سەن بىلەن قارشىلاشماي قاچماقچى بولسا، قوغلاپ بېرىپ ئەسىر تۇت. ئەسىر تۇتمىساڭ قوشۇنۇڭنىڭ سېپى قالايمىقانلاشقان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، دۈشمەن قايتىدىن ھۇجۇم قىلسا مەغلۇپ بولىسەن. دۈشمەن قاچقاندا ئۇزاق يەرگىچە قوغلىماي ئۆزۈڭنى بېسىۋال. مۇبادا ياۋ توساتتىن كەينىگە بۇرۇلۇپ ھۇجۇمغا ئۆتسە، چېكىنىش يولۇڭ بولمايدۇ. بىلگىنكى، ئۈمىدسىزلەنگەن دۈشمەن ئۆزىنى ئۆلۈمگە ئاتىدۇ. جېنىنى تىكىپ ئۆلۈمگە تەۋەككۈل قىلغانغا كىممۇ تەڭ تۇرالىسۇن. ئەي ئوغلان، بۇنداق چاغدا ئۆزۈڭنى ئوبدان مۇھاپىزەت قىل، بولمىسا ئۆزۈڭدىن ۋاز كەچ. كۆرمەمسەن، ئادەم بىخۇتلاشقاندا تۇز كېتىپ بېرىپمۇ ئۆلىدۇ. سەگەك ئادەملا مەقسەتكە يېتىدۇ. تەجرىبىلىك بىر ئەر ماڭا: دۈشمەن قاچسا

ئارقىدىن قوغلىماي توختاپ قال، ئۇزاق قوغلاپ بارغۇچى تويغۇچە قامچا يەيدۇ، دېگەن. سۇ بىلەن ئۆچۈرۈلگەن ئوت قايتا يانمىغانغا ئوخشاش، بىر قېتىم تېزىپ كەتكەن دۈشمەن قايتا ئۆزىنى ئوڭشىيالمايدۇ. ئادەمنىڭ ئۈمىدى ئۈزۈلگەندە ئۆلۈمنى تاللايدۇ. ئۆلۈمگە تۇرغان كىشى ئاۋۋال ئۆلتۈرۈپ ئاندىن ئۆزى ئۆلىدۇ.

كىم تۆھپە ياراتسا دەرھال ئۇنى تارتۇقلا، مال بىلەن كۆڭلىنى ئال، ئەسىر تۇتقانلارنى ماختا، ئىنئام بەر. بۇ ئىنئام ئۇنىڭغا زور ئىلھام بولىدۇ. يامانلارمۇ ماختالسا ياخشىلىنىپ كېتىدۇ-يۇ، ياخشىلار ماختالسا ئۇچماي قالامدۇ؟ ئاتنى ماختىسا چېپىپ ئۇچار قاناتلارغا يېتىدۇ، باتۇر ئەرنى ماختىسا قول بىلەنمۇ ئارسلان تۇتىدۇ.

قوشۇنۇڭدا يارىلانغانلار بولسا ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ داۋالات، ئەسىر چۈشكەنلەر بولسا قايتۇرۇپ كېلىپ قۇتۇلدۇر. ئەگەر ئۇرۇشتا ئۆلگەنلەر بولسا، ئۇنىڭ قەدىر-قىممىتىنى قىل، ئوغۇل-قىزلىرى بولسا، ئۇلارنىڭ ھەققىنى يەتكۈزۈپ بەر. ئەسكەرلىرىڭ مۇنداق قەدىر-قىممەتنى كۆرۈپ سۆيۈنىدۇ. جەڭ پەيتىدە سۆيۈملۈك جېنىنى ساڭا سۇنىدۇ. شېرىن سۆزلۈك، خۇش چىراي بولۇش، مال تارتۇق قىلىشتىن ئىبارەت ئۈچ ئىش سۇ باشلار ئەر ئۈچۈن ياخشى ئادەت بولسۇن. ئەركىن، ھۆر كىشىلەرمۇ بۇنداق ئىلتىپاتتىن خۇرسەن بولۇپ، ساڭا قۇل بولۇشقا تەييار تۇرىدۇ. سېنىڭ رازىلىقىڭ ئۈچۈن شېرىن جېنىنى پىدا قىلىدۇ. بۇرۇنقىلار ئېيتقان مۇنۇ سۆزنى ئاڭلىساڭ قايىل بولىسەن. ئۇلار دەيدۇكى: قۇلنى ئالتۇن-كۈمۈش خەجلەپ سېتىۋېلىشنىڭ ھاجىتى يوق. خۇش چىراي، شېرىن سۆز، مال-تاۋاردىن ئىبارەت ئۈچ ئەڭگۈشتەر سەندە بولسىلا، ھۆر ۋە قۇل ھەممىسى قۇللۇق تەلەپ قىلىپ، ئالدىڭغا باش قويىدۇ.

ئالىيلىرى، مانا شۇنداق سۈپەتلەر ھازىر بولغان سۇ باشلار ئەر قوشۇنۇڭغا قوماندانلىق قىلسا، زەپەر دەرۋازىسى ساڭا داغدام

ئېچىلغاي. سەن ئالتۇن-كۈمۈش، مال-تاۋارلىرىڭنى ئايىماي ئۆلەشتۇر، ساپ ئالتۇنلىرىڭنىڭ بەدىلىگە جېنىنى پىدا قىلالايدىغان باھادىرلارغا ئېرىشىسەن. بۇ ئىشنى كۆڭۈلدىكىدەك ئورۇنلىيالىغان ئەر بارلىق ئىشلىرىغا پۇختا ئاساس سالالايدۇ. شۇنداق سۆ باشلار ئەرگە ئېرىشكەن ئىلىگ مۇراد-مەقسىتىم ھەل بولدى، ئىشلىرىم توگەل ئىزىغا چۈشتى، دەپ ئىشەنسە بولىدۇ.

*　　*　　*

ئۆگدۈلمىش سۆ باشلار ئەر ھەققىدە سۆزلەپ جەڭگاھتىكى باھادىرنىڭ سىماسىنى قەلەم بىلەن سۈرەتلەپ روشەنلەشتۈرگەندىن كېيىن، ئۆز تىلەكلىرىنى مۇنداق بايان قىلدى:

— ئەي ئاللا بەخت ئاتا قىلغان ئىلىگ، يارامىلىق ۋەزىر تەلەپ قىلساڭ يۇقىرىقىدەك سۈپەتكە ئىگە بولسۇن. سەرخىل قوماندان ئارزۇسىدا بولساڭ، بۇنداق خىسلەتكە باي بولسۇن، ئاندىن مۇراد-مەقسىتىڭ ھاسىل بولغاي. ئەلەمدار سۆ باشلار ئەر بىلەن قەلەمدار بولغان ۋەزىرلەرنىڭ ئىشى بۈيۈك ھەم ئۇلۇغ ئىشلاردۇر. ئۇلارنىڭ بىرىنىڭ قولىدا قەلەم، يەنە بىرىنىڭ قولىدا ئەلەم. ئەلنىڭ تىزگىنى مانا بۇ ئىككىيلەننىڭ قولىدا، بۇ ئىككى ئۇلۇغ زات بىرىكسە، ئۇلارنىڭ ئىشىنى كىم بۇزۇۋېتىشكە قادىر بولالىسۇن؟! شۇڭا، بۇ ئىككى كوزىرنى تولىمۇ خىللانغان ئەركەكلەردىن تاللاش كېرەككى، مۇبادا ئەڭگۈشتەر نامۇناسىپ كىشىلەرنىڭ قولىغا ئۆتۈپ قېلىش بىلەن بەگكە مۇخالىبەتلىك قىلسا، ئۇلارنىڭمۇ بېشى كېتىدۇ، بەگمۇ خېيىمخەتەردىن خالىي بولالمايدۇ. ئۇلار ساخاۋەتلىك بولسا، ئەل-يۇرتقا سائادەت كەلتۈرىدۇ، بەگكە بويۇن تولغىسا، ئەل-يۇرتقا كۆتۈرگۈسىز پالاكەت كەلتۈرىدۇ. ئەلنىڭ بېگى كىشىلەرنىڭ سەرخىلى ۋە

ياخشىسى بولسا، ئەلەمدار بەگ بىلەن قەلەمدار بەگمۇ خەلقنىڭ ياخشىلىرىدىن تاللانسا، شۇندىلا ئەل ياخشى باشچىغا ئىگە بولۇپ، مەنپەئەت نۇرىدىن بەھرىمەن بولىدۇ. بۇنداق مەنپەئەت بىلەن بەگمۇ بەختىيارلىق مەرتىۋىسىگە يېتىدۇ. ئەل باشقۇرغان دانىشمەنلەر شۇڭا: ئەلنى تەسەررۇپ① قىلغۇچى قىلىچقا تاياندى، ئەلنى باشقۇرغۇچىلار قەلەمگە تاياندى. قىلىچ بىلەن ئەلنى ئالماق ئوڭاي، قەلەم بولمىسا ئۇنى قولدا تۇتۇپ تۇرماق ئاسان ئەمەس، دېيىشكەن. دانىشمەنلەرنىڭ سۆزلىرىنى ئاش-تاماقتىن ئەزىز بىلىپ ئوزۇق قىلغۇلۇق. دەرھەقىقەت، ھەر قانداق بىر ئەلنى قىلىچقا تايىنىپ زورلۇق بىلەن ئالغىلى بولسىمۇ، زورلۇق ۋاستىسى بىلەن ئۇزۇن ۋاقىت سورىغىلى بولمايدۇ. قايسى شەھەر، ئولۇس قەلەمگە تايىنىپ باشقۇرۇلسا، شۇ يەردە ھەر كىم ئۆز نېسىۋىسىدىن قۇرۇق قالمايدۇ. ئالىيلىرى، بۇ ھەقتە بىلىدىغانلىرىم شۇ ئىدى، سۆزلىشىمنى تەلەپ قىلغانلىقىڭلار ئۈچۈن تېگىشلىك جاۋابىمنى بەردىم.

ئۆگدۈلمىش پاراسەت سۈيى بىلەن سۇغىرىلغان تىل زۇلپىقارىنى سۆكۈت غىلاپىغا سېلىپ، ئېھتىرام بىلەن ئىلىگكە باش قويدى.

— ياخشى سۆزلىدىڭ، نىيەت-مەقسەتلىرىڭنى تىلەك ئەينىكىڭدىن روشەن كۆردۈم، — دېدى كۈنتۇغدى ئىلىگ، — ئەي ئاقىل ئوغلۇم، يەنە سەندىن سورايدىغان بىر سۆزۈم بار، ئوبدان ئويلىنىپ جاۋاب بەرگىن. قانداق ئادەمنى ئۇلۇغ ھاجىپلىق مەرتىۋىسىگە قويماق لازىم؟ ئۇ بەگ بىلەن خەلقنىڭ ئارىسىدىكى كۆۋرۈك بولغان ئىكەن، ھاجىپلاردىن ئۇلۇغراق بولمىقى لازىم. ئۇ ساداقەتمەنلىك بىلەن بەگكە جېنىنى پىدا قىلالايدىغان، بىگىنىمۇ، ئۆزىنىمۇ مەمنۇن قىلالايدىغان بولسۇن. خەلقنىڭ تىلى

① تەسەررۇپ — قولغا ئالماق، ئىختىيارىغا ئالماق، تارتىپ ئالماق، ئىگىلىمەك دېگەن مەنىدە.

ئۇنىڭغا ياخشى دۇئا قىلىدىغان بولسۇن.
— قۇللۇق ئالىيلىرى، بەخت-سائادەت ئۆزۈن زامان ساڭا يار بولغاي، — دەپ يەنە سۆز مەنىلىرىدىن ئۇنچىلەر تۆكۈشكە باشلىدى ئۆگدۈلمىش.

## ئون ئۈچىنچى باب

# ئۆگدۈلمىشنىڭ ئىلىگ بىلەن خەلق ئارىسىغا ئۇلۇغ ھاجىپنىڭ پەزىلەت تۈۋرۈكىدىن ئالتۇن كۆۋرۈك سالغانلىقى

— ئەي خەلقنىڭ نىجاتكارى بولمىش ئىلىگ، خەلق سېنى دائىم سۆيگەي، — دەپ سۆز باشلىدى ئۆگدۈلمىش، — ئۇلۇغ ھاجىپ بولمىش كىشى بەگلەرنىڭ كۆرەر كۆزى، خەلقنىڭ دېيەر سۆزىدۇر. قانۇن-قائىدىلەرنى يۈرۈشتۈرمەك ئىنچىكە خىزمەتتۇر. ئۇنى توغرا يولغا قويۇش بىلەن يوللار راۋانلىشىدۇ، ئىشىكلەر داغدام ئېچىلىدۇ. شۇڭا، ئۇلۇغ خاس ھاجىپنى ئېسىل نەسەبلىك، ئىشەنچلىك، دىنى كامىل، چىن كىشىلەردىن تاللىماق لازىمدۇر. ئېگى-تەكتى ياخشى بولسا، ئۆزى ئېسىل بولىدۇ، خەلققە پايدا كۆزلەيدۇ، خەلقنىڭ يولىنى ئاي بىلەن كۈندەك يورۇتىدۇ، مىجەزى مۇلايىم بولىدۇ. مۇلايىم كىشى سۆزىنى دەڭسەپ قىلىدۇ. سۆزىنى دەڭسەپ قىلىدىغان كىشىنىڭ ئىشلىرىمۇ پۇختا، قۇسۇرسىز، سۈزۈك بولىدۇ. ئەل خىزمىتى ئىچىدىكى ئەڭ ئىنچىكە خىزمەت ھاجىپلىق ئىشىدۇر. بىر ئالىمنىڭ بۇ خۇسۇستا ئېيتقان سۆزى يادىمدا، ئۇ: ھاجىپلىق خىزمىتى تولىمۇ ئۇلۇغ ئىشتۇركى، ئۇنى ئەڭ يارامىلىق، يېتۈك كىشى بولمىسا بىر باشقا ئېلىپ چىقالمايدۇ، دېگەن. ئۇلۇغ ھاجىپ چوڭ-كىچىك ھال-ئەھۋال ئېيتقۇچىلارنى قوبۇل قىلىدۇ، خەزىنىچى، پۈتۈكچى، ئىش باشلىرى كىيىم تىككۈچى، موزدۇز ۋە باشقا كاسىپ-ھۈنەرۋەنلەر بىلەن مۇناسىۋەتتە بولىدۇ. يات ئەلنىڭ

ئەلچىلىرىنىڭ كېلىپ كېتىشىگە، ئۇلارنى تېگىشلىك ئورۇنغا ئورۇنلاشتۇرۇش ئىشلىرىغا مەسئۇل بولىدۇ، ئەلچىلەرنىڭ قونالغۇسىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىغا، ئات-ئۇلاغلىرىنىڭ بوغۇز-يېمىگە كۆز-قۇلاق بولىدۇ. كىمگە سوۋغا بېرىش، كىمگە بەرمەسلىك كېرەكلىكى ھاجىپ تەرىپىدىن ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ. ئۇ چەت ئەلدىن كەلگەن مېھمانلارنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن يول ئېغىزىغا چىققانلارغا باشچىلىق قىلىپ، ئۇلارنىڭ قانۇن-قائىدىلەردىن يېڭىلىشمەسلىكىگە مەسئۇل بولىدۇ. يەنە كەمبەغەل، تۇل خوتۇن، يېتىم ئوغۇللار ئەرز-ھال ئېيتىپ كەلسە، ئۇلارنىڭ دەرد-ھەسرىتىگە ياخشى قۇلاق سېلىپ، ئۇنى بەگكە تولۇقى بىلەن مەلۇم قىلىشى كېرەك. زۇلۇم تارتىپ ئادالەت تىلەپ كەلگۈچىلەرنى ياخشى قارشى ئېلىشى، ئۇلارغا توغرا يول كۆرسىتىپ خۇرسەن قىلىشى لازىم. ئوردا ئىچى ۋە ئوردا سىرتىدا يارامسىزلىقلارنى بايقىسا دەرھال تەدبىر قوللىنىپ، تەنبىھ بىلەن ئاگاھلاندۇرىدۇ ھەم ئۇنداق يارىماسلىقلارنى تازىلايدۇ. شۇنچە كۆپ ئىشلارنىڭ ھەممىسىگە ئۇلۇغ ھاجىپ قول تىقىشى لازىم. بۇ ئىشلارنىڭ جايىدا بېجىرىلىشى، ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى ئۇنىڭ ياردىمىگە باغلىق بولىدۇ. ئەگەر بۇ ئىشلار جايىدا قىلىنماي قالغۇدەك بولسا، بۇنىڭ مەسئۇلىيىتى ئۇلۇغ ھاجىپتا بولىدۇ.

شۇنداق ئىكەن، ئۇلۇغ ھاجىپ بولمىش كىشىدە مۇنداق خۇسۇسىيەتلەرنىڭ جەم بولمىقى لازىمدۇر: ئۇ ئۆتكۈر كۆز، سەگەك قۇلاق، كۆركەم ھۆسن-چىراي، قەددى-قامەتلىك، گۈزەل-پاساھەتلىك تىللىق، ئەقىل-ئىدرىكى يورۇغان، بىلىم-پاراستى چوڭقۇر، خۇش پېئىللىق بولمىقى شەرت.

ھاجىپنىڭ ئىشى تولىمۇ زېرەكلىكنى، كۆز-قارنى توق، ھايالىق بولۇشنى، ھەر خىل بىلىمدە كامالەت تېپىشنى تەلەپ قىلىدۇ. كۆزى توق كىشى مال-دۇنياغا ئۆزىنى بۇلغىمايدۇ، پارىغا نەزەر-كۆزىنى سالمايدۇ. بىلىش كېرەككى، ھاجىپ پارىخور بولسا

تولىمۇ كۆلكىلىك بولىدۇ. پارا دېگەن ئوڭۇشلۇق ئىشنى بۇزىدۇ، پىشقان ئاشنى خام قىلىدۇ. بىلىملىك ئەر ئىشتا يېڭىلمەيدۇ، هوشيار ئادەم مال-دۇنياغا ئىلىنمايدۇ. ۋىجدانلىق، خۇش پېئىل، مىجەزى ئوڭلۇق ئادەمنىڭ ئىش-ھەرىكىتى ۋە سۆزلىرىدىن ياخشىلىق كېلىدۇ. ۋىجدانلىق، ھايالىق كىشى ئەسكى ئىشلاردىن ئېرىغ، يارىماسلاردىن پارىغ، قوپاللىقتىن خالىي بولىدۇ. خۇش پېئىل ئەرگە دۆلەت يارىشىدۇ، بەخت كۆز ئاچىدۇ. شۇڭا بىلىملىكلەر بىلىپ: بىلىملىكلەر ئۆز قىممىتىگە باراۋەر رىزقىغا ئىگە بولىدۇ، دەپ ئېيتقان. چۈنكى، بەگلىكنىڭ ئىشىنى قىلىش بىلىملىكلەرنىڭ ئىشى، ھېچقانداق ئىشقا يارىمايدىغىنى بىلىمسىز كىشى. بىلىمدىن ئۈلۈش ئالمىغان كىشى، تىرىكلەر ئارىسىدىكى ئۆلۈكلەر ئوخشىشى. بىلىملىك ئىنساننىڭ ئورنى كۆكتىكى ئايغا ئوخشاش قىممەتلىك، بىلىمسىز ئىنسان قۇرۇق بوياق بىلەن بويالغان بۇتقا ئوخشاش لەنەتلىك. شان-شۆھرەت ۋە يۈكسەكلىك بىلىمنىڭ ساخاۋىتىدىن، ھەر قانداق پەسلىك ۋە نۇقسان بىلىمسىزلىكنىڭ كاساپىتىدىندۇر. ھاجىپ ئۆز ئىشىغا جىلۋە بېرىش ئۈچۈن ئەقىلنى يولباشچى، ھوشيارلىقنى قورال قىلىشى لازىمدۇر. ئەقىل شۇنداق پايدىلىقكى، بارلىق ياخشىلىق ئەقىل دەرىخىنىڭ مېۋىسىدىن ۋۇجۇدقا چىققان. ئەقىلسىز كىشى مېۋىسىز دەرەختۇركى، مېۋىسىز دەرەختىن ئاچ ئادەمگە نېمە پايدا كەلسۇن. ياخشى نام-ئاتاقمۇ ئەقىللىقتا تەئەللۇق، ھەر ئىككى دۇنيا نېمەتلىرىمۇ ئۇنىڭغا ئوچۇق. ئەقىللىق كىشى ئادەملەرنىڭ ئادىمى، خەلقنىڭ ئالدىدۇر.

ئۇلۇغ ھاجىپ دائىم خەلق ھەم مېھمانلار بىلەن يۈزمۇيۈز تۇرۇپ ئىش بېجىرىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ ھۆسن-چىرايى كۆركەم، چاچ-ساقىلى يارىشىملىق، ئاۋازى ئەرلەرگە خاس جاراڭلىق ۋە ئوچۇق بولمىقى لازىم. چاچ-ساقىلى ياسالغان مەردانە كىشى سالاپەتلىك بولىدۇ. مۇنداق سالاپەت بىلەن كىشى

ھۆرمەتلىك بولىدۇ. بۇنداق چىرايلىق قەددى-قامەت كىشىلەرنى سۆيۈندۈرسە، ئەرلەرگە خاس مەردانىلىقى ئۇرۇدنغا يارىشىدۇ. كۆركەملىك كۆڭۈلنى ئاچىدۇ، جاننى ئوزۇقلاندۇرىدۇ. شۇڭا بىلىملىكلەر: «چىرايلىق ھۆسن-چىرايغا ئىگە بولۇش كىشى ئۈچۈن نېمىدېگەن ياخشى، گۈزەل ھۆسن-جامالدىن ئىككى كۆز سۇ ئىچىدۇ. قوڭۇر چاچ گۈزەلدۇر، باقمىقنى ئامەت دەپ بىل، ئىشلىرىمەڭ ئوڭ باقتى دەپ ھېس قىل» دېگەن.

ھاجىپ تەقۋادار، پاك، دىندار بولمىقى لازىم. تەبىئەتى پاك بولسا ئىش-ھەرىكىتىمۇ ساپ بولىدۇ، كىشىلەرنىڭ ھەر قانداق ئىشنى ئېرىنمەي قىلىدۇ، بۇقىلارنىڭ قايغۇسى ئۈچۈن قايغۇرىدۇ. ھاجىپ ئىشتا كۆڭۈللۈك ھەم ئەقىل-ئىدراكلىق، مىجەزى تەمكىن بولسا تېخىمۇ ياخشى. ئىشقا كۆڭۈللۈك كىشى سۆزنى ئۇنتۇمايدۇ، كۆڭۈلسىز كىشى سۆزىدە تۇرالمايدۇ. ئادەمدە كۆڭۈل بولمىسا دوستنى پەرق ئېتەلمەيدۇ. ئەقلى بولمىغان ئەرنىڭ ئىشى روناق تاپالمايدۇ. كۆڭۈل بولمىغان ئىنسان ئىچى قۇرۇق ھەيكەلدۇركى، ئىنسان بارلىق ئىشلىرىنى كۆڭۈل قويۇپ قىلغاندىلا ئۇتۇقلۇق ئادا قىلالايدۇ.

ھاجىپ پېقىر-مىسكىنلەرگە، تۇل خوتۇن، يېتىم ئوغۇللارغا كۆيۈمچان، مۇلايىم بولسۇن. كىشىلەرگە ئۆزىنى كەمتەر تۇتۇپ مۇئامىلە قىلسۇن. زېرەك بولسۇن ھەم قانۇن-قائىدىلەرنى تولۇق بىلسۇن. زېرەكلىك — دۇنيانىڭ زىبۇزىنىتى. ئۇ ھەممە كىشىگە كۆڭلىنى كىچىك تۇتۇپ، تىلى يۇمشاق ۋە شېكەردەك شېرىن بولسۇن. كىشىلەرگە ئوچۇق چىراي بىلەن كۈلۈپ باقسۇن، خۇش پېئىل بولۇش بىلەن ئادىمەتچىلىكنى ساقلىسۇن. كەمتەرلىكتە بەخت تاپقان بىر ئەركەك شۇنداق دېگەن: ھەي بەختسىزلىككە چۈشكۈچى، بەختكە ئېرىشمەن دەيدىكەنسەن، كۆڭلۈڭنى، تىلىڭنى كەمتەر تۇت. تىرىكلەر خۇش چىراي بىلەن شېرىن سۆزگە ئەسىردۇر. شۇنداق، ئادەم خۇش چىراي، شېرىن سۆزدىن

ئېرىيدۇ، دىلى ئېرىگەن ئادەم ئەسىر بولماي قالامدۇ؟!

هاجىپ ئۆزىنى تۇتۇشقا ماھىر، سەۋرگە قادىر بولسۇن، كۆزىگە ھېزى بولۇپ، تىلىنى ئوبدان كۆزەتسۇن، قولىقى سەگەك، ئەقىل ۋە بىلىمدە يېتىلگەن، بارلىق ھۇنەر-پەزىلەتنى تولۇق ئىگىلىگەن، ھەر قانداق پۈتۈكنى پۈتەلەيدىغان، بىلىمى ھەممە ئىشقا يېتەلەيدىغان بولسۇن. شۇنداق بىلىم ۋە پەزىلەتلىرى بىلەن خاس ھاجىپ يۈزىنى يورۇق قىلسۇن.

ئەي ئىلىگ، ھاجىپ ئىنتايىن تىرىشچانلىق بىلەن مۇنداق بىر قانچە يەردە ئۆزىنى بەك ساقلىمىقى شەرت. بىرى، بەگنىڭ سۆزىگە قاتتىق ئەمەل قىلمىقى، ئىككىنچىدىن، ھاۋايى-ھەۋەسكە ئەقلىدىن يۈگەن سالمىقى، ئۈچىنچى، قوبۇل ۋاقتىدا ئۆزىنى ئوبدان كۆزىتىپ، ئورۇنسىز سۆزلەپ قويۇشتىن ساقلانمىقى لازىم. ئۇ ھەر قانداق ئىشنى پارا ئالماي پاكلىق بىلەن بېجىرىپ، يىراقلارنىمۇ بەگكە يېقىنلاشتۇرسۇن. كىمدە مۇنۇ ئىككى ئىللەت بولىدىكەن، ئۇنىڭغا ئىش تاپشۇرمىغۇلۇق ۋە ئۇنىڭ قولىنى ئۇزارتمىغۇلۇق ھەمدە ئۆزىگە ھەرگىز يېقىن يولاتمىغۇلۇق: بىرى، ئۇنىڭ سۆزىدە يالغانچىلىق بولسا، يەنە بىرى، قىڭغىر يول تۇتۇپ، ئۆزىنى ھەر كويغا سالغان بولسا. خادىملار ئۆزىنى ئوبدان كۆزەتمىسە ئۆزىنىڭ بېشىغا چىقىدىغان مۇنداق ئۈچ ئىش بار: بىرىنچى، ئاڭلىغان سۆزلىرىنى كۆڭلىدە پىنھان تۇتسۇن. ئىككىنچى، بەگنىڭ ناشايان ئىشلىرىنى كۆرۈپ قالسا، كۆزىنى چىڭ يۇمسۇن. ئۈچىنچى، ئۆزىنى تۇتۇپ، توغرا يۈرۈپ، كۆنلىرىنى ئارامخۇدا ئۆتكۈزسۇن. بىلىملىك بىر دانا شۇنداق ئاگاھلاندۇرغانكى: بېشىم ئامان بولسۇن دېسەڭ بەگلەرنىڭ سىرىنى تىلىڭدىن چىقارما، بەگنىڭ سىرىنى ئاچساڭ ئەلنىڭ جىنايەتكارى بولۇپ بېشىڭنى يەيسەن. بۇ سۆزگە ئەمەل قىلساڭ كۆپ پايدىسىنى كۆرىسەن. دەرھەقىقەت، ئەلگە گۇناھ قىلسا باش كېتىدۇ، سۆزىدە يېڭىلىشسا چىش سۇنىدۇ.

ئەلگە ئاسىيلىق قىلىپ بېشى كېسىلگەن نالايىق كىشىلەرنى كۆپ كۆرگەنمەن. كۆپ سۆزلەشنىڭ كاساپىتىدىن كۆڭۈل سىرى ئاشكارىلىنىپ، لېۋىنى چىشلەپ يار! قىلغانلارنىڭ ئىشىنى تولا ئاڭلىغانمەن. ئالىملارنىڭ: ئۆزىنى تۇتالمىغان ئەر بېشىنى يەيدۇ، دېگىنى بىكار ئەمەس. شۇڭا ھاجىپ ئۆزىگە تولىمۇ ئاگاھ بولۇشى، قوبۇل ۋاقتىدا كۆزىگە، ئۆتۈنۈش قىلغاندا سۆزىگە ھېزى بولمىقى لازىم. ئۇ چاقىرتماستىن ئاۋۋال بەگنىڭ ئالدىغا كىرمەسلىكى، سورالماستىن ئاۋۋال ئۆتۈنۈش قىلماسلىقى لازىم. ئەقىللىق كىشىلەر مەنىلەر يولىنى ئېچىپ ئېيتقانكى: شاھلارغا پەيتىنى تېپىپ يۈزۈڭنى كۆرسەت، نېمىنى سورىسا سۆزمۇسۆز شۇنىڭغىلا جاۋاب بەر. ھەر قانداق ئىشنىڭ بەلگىلىك ۋاقتى-قەرەلى بولىدۇ، پەيتى كەلگەندە ئىككى كۆزدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ.

ئالىيلىرى، ھاجىپنىڭ پەزىلىتى ۋە بىلىمى ئەنە شۇنداق بولسا، ئاندىن ئۇ ھاجىپلىق ئىشىغا قول ئۇزاتسا بولىدۇ. ھاجىپلىق ھەققىدە بىلىدىغانلىرىم شۇلار ئىدى، سورالغانلىقى ئۈچۈن تىلەكلىرىمنى قويدۇم.

كۈنتۇغدى ئىلىگ ئۆگدۈلمىشنىڭ دۆلەتنىڭ مۇھىم تۈۋرۈكى دەپ قارالغان ۋەزىر-ۋۇزرالار، ئەلەمدار ۋە قەلەمدار بەگلەر ھەققىدىكى تەلەپ ۋە تەۋسىيەلىرىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭدىن پەخىرلەندى. ئەمدى كۈنتۇغدى ئىلىگدە دۆلەتنىڭ ئامانلىقى، بەگنىڭ بىخەتەرلىكى ۋە ئەلنىڭ تىنچ-خاتىرجەملىكىنىڭ كاپالىتى بولغان ئوردىدىكى باشقا مۇھىم ئەمەلدارلار ھەققىدىمۇ سوئال سوراش ئىستىكى قوزغالدى.

— يۇقىرىقى ھېكمەت تامغان، ئىبرەت يوشۇرۇنغان سۆزلىرىڭنى تولۇق ئۇقتۇم، — دېدى ئىلىگ، — ئەمدى يەنە بىر قانچە مۇھىم ئوردا بەگلىرى ھەققىدە بايانلىرىڭنى ئاڭلىماقچىمەن.

ئۆگدۈلمىش رازىمەنلىك بىلەن زېھنىنى يىغىپ، جاۋابقا ھازىر بولدى.

## ئون تۆتىنچى باب

# ئۆگدۈلمىشنىڭ ئىلىگنىڭ سوئال ئىلمەكلىرىگە ئەلنىڭ ئامانلىقى، ئىلىگنىڭ خاتىرجەملىكى ئۈچۈن بەختەرلىك قوغۇرىقى ئاسقانلىقى

— ئىشىك ئاغىسى قانداق ئادەمدىن تاللانغاندا بەگنىڭ ئامانلىقىغا كاپالەتلىك قىلالايدۇ؟ — دەپ سوئالنى داۋاملاشتۇردى كۈنتۇغدى ئىلىگ.

— ئالىيلىرى، ئامانلىق ۋە بەختەرلىك ساقچى ھەر قاچان ھەمراھ بولسۇن، — دەپ جاۋاب بېرىشكە باشلىدى ئۆگدۈلمىش، — ئىشىك ئاغىسى پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئىرىشىپ ساداقەتمەنلىك كۆرسىتىشى، قاراقچىغۇ تۈننى ئىشىكىدە يورۇتۇشى، يورۇق كۈننىمۇ بوسۇغاڭدا پاتۇرۇشى لازىم. سارايىنىڭ كۆركى، بەگنىڭ نامىنى يۈكسەلدۈرگۈچى، بەختكە يول ئاچقۇچى — ئەركىن يول تۇتقۇچى ھاجىپ بىلەن يارامىلىق ئىشىك ئاغىسىدۇر. بۇ ئىككىسى بىلەن ئوردا روناق تاپىدۇ، بەگنىڭ ئۇلۇغلۇقى ۋە شان-شۆھرىتى جاھانغا يېيىلىدۇ.

ئىشىك ئاغىسى قانۇن-قائىدىلەرنى، ئىشىك باشقۇرۇش مىزانلىرىنى ئوبدان بىلىشى، مىجەز-خۇلقىنى مۇلايىم قىلىشى، سېخىي بولۇپ نان-تۇزىنى كەڭرى تۇتۇشى، ئالتۇن-كۈمۈش بىلەن قول ئاستىدىكى خىزمەتچىلىرىنى جەلپ قىلىشى لازىم. ئۇ ئۆزى يېتىشتىن بۇرۇن كېچىلىك قاراۋۇللۇق ئىشىنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇپ، ھەر بىر كىشىنىڭ نۆۋەتچىلىك قىلىدىغان ئورنى

ۋە ۋاقتىنى ئېنىق كۆرسىتىپ مەسئۇل قىلىشى كېرەك. يېڭى ئىشقا كىرگەن ناتونۇش خادىملارنى ياخشى سۇرۇشتۇرۇپ كۆرۈپ، زېرەك، ھوشيارلىرىنى ئىشقا سالسۇن. ئوردا ئىشىكىنى كۆزدىن كەچۈرۈپ ياخشى بېكىتكەندە، شۇ بىر كۈننىڭ ئىشلىرى ياخشى تاماملانغان بولىدۇ. ئەتىسى تاڭ ئاتقاندا سەھەر تۇرۇپ ئىشلىرىنى باشلىۋېتىشى، كېچە-كۈندۈز قاراۋۇللارنى قىلچە تەۋرەتمەسلىكى لازىم.

قوبۇل ۋاقتىدا ئوردا خادىملىرىنى دەرىجە بويىچە تىزىپ ئۆزى باشلاپ كىرىپ بەگكە كۆرۈنۈش قىلدۇرۇشى لازىم. كۆرۈنۈش قىلىپلا كۆپ تۇرماي قايتىپ چىقىشى، ھەتتا شۇ پۇرسەتتىمۇ ئورنىغا ئادەم ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ كىرىشى، ئىشىكنى خالىي قويماسلىقى لازىم. ئوردىنىڭ ئەلەمدار، قەلەمدار بەگلىرى دەرىجە بويىچە كۆرۈنۈش قىلغاندا ئۇلارنىڭ يارامسىزلىقى ۋە يارامliqلىرىنى كۆزىتىپ تۇرۇشى لازىم. بىر قېتىملىق قوبۇل تۈگىگەندە، گەپ-سۆزى بارلاردىن يەنە باشقىلىرىنى ئۆزى ئېلىپ كىرسۇن، كىمنىڭ بەگكە يەتكۈزىدىغان ھال-ئەھۋالى بولۇپ، بەگكە مەلۇم قىلىشنى ئۆتۈنۈپ ئىلتىماس قىلسا، ئۇلارنىڭ ھاجىتىنى بەجا كەلتۈرۈشى، ئۇلارنىڭ ھاجىتى ئالتۇن-كۈمۈشتە بولسا ئېلىپ بېرىشى، ئەمەل-مەنسەپ تەلەپ قىلغانلار بولسا، ئۇلارنىڭ يارامliq-يارامسىزلىرىسى، قابىلىيەتلىك ۋە قابىلىيەتسىزلىرىنى ياخشى پەرقلەندۈرۈپ، ھەقىقىي ئەھۋالنى بەگكە مەلۇم قىلىشى، بەگنىڭ مۇۋاپىق ئورۇن بەلگىلىشىگە يول ئېچىپ بېرىشى كېرەك. بەگنىڭ يارلىقىنى جايىدا يەتكۈزۈپ، خىزمەتچىلەرنىڭ كۆڭلىنى ئېلىشى كېرەك.

ئوردىغا ھەر تۈرلۈك ئىش بىلەن كىرگەنلەرنىڭ ئۇچۇقچىلىقتا قالماسلىقى ئۈچۈن، سارايدا ئولتۇرۇپ تۇرىدىغان جاينى ياخشى ھازىرلىسۇن، چەت ئەللەردىن كەلگەن يات مېھمانلارنى ئوبدان قارشى ئېلىپ، دوستلۇقنى يىراق-يېقىنغا تارىتىشى كېرەك.

ئاش-تائام تارتىلغاندا، ئوبدان كۆزىتىپ، مۇناسىپ بولمىغانلىرى سېزىلسە چەكلىشى، شىرنە تارتىلغاندا يول بويى بىرەر سوغ قول تېگىپ قېلىشتىن ئاگاھ بولۇشى كېرەك، بەگنىڭ نەزىرىدىن ئۆتكەن تائاملار بەگ ھۇزۇرىدىن قايتىپ چىققاندا، بۇ تائاملارنى قانداق ئۈلەشتۈرۈشنى ياخشى مۆلچەرلەپ، ئىچكىرى ۋە تاشقىرىدىكىلەرنىڭ بىرەرسىنىمۇ نەزەردىن ساقىت قىلماي، ئۇلارنى خۇرسەن قىلىشى كېرەك. بەگنىڭ شۆھرىتىنى ئىككى نەرسە يۇقىرى كۆتۈرىدۇ. بىرى، دەرۋازىدىكى تۇغى، يەنە بىرى، تۆردىكى داستىخىنى.

ئىشىك ئاغىسى ئاش بېشى، ساقىي، تۆشەكچى ۋە تۇغچىلارغا كۆز-قۇلاق بولۇپ تۇرۇشى كېرەك. ئىشىك ئاغىسى ئۆيىگە قايتىش ۋاقتىدا، ياردەمچىلىرىنى ئۆزى بىلەن بىرگە ئوزۇقلاندۇرۇپ، ئۇلارنى ئىللىتىشى زۆرۈر. يېگۈزۈپ، ئىچكۈزۈپ ئۇلارنىڭ قورسىقىنى تويغۇزۇشى، قولىدا بېرىنى ئۇلارغا بېرىپ قۇرۇق قول قايتۇرماسلىققا تىرىشىشى لازىم. ئۆزىگە بىر ئات، بىر قۇر تون بولسىلا قانائەت قىلسۇن، قالغىنىنى ئاياپ ئولتۇرماي ئۈلەشتۈرسۇن، يات مۇساپىرلار يېقىندىن ئىشقا كەلگەن بولسا، ئۇلارنى ئوبدان قارشى ئېلىپ، تۇرالغۇسىنى جايىدا ئورۇنلاشتۇرسۇن، ئۇ خادىم بەگكە كۆرۈنۈش قىلغۇچە ئۇنىڭ تاماق ۋە ياتىقى، تون ۋە ئېتىدىن خەۋەر ئېلىپ تۇرۇشى لازىم، خادىملارنىڭ ئەھۋالىنى سوراپ تۇرۇشى، ئاچ-توقىغا، كىيىم-كېچەكلىرىنىڭ يېڭى-كونىلىقىغا ئىگە بولۇشى كېرەك. خادىملارنىڭ بىرەرسى موھتاجلىقتا قولى قىسقا بولۇپ قالغان بولسا، ئۇلارنىڭ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىپ، ھەققىنى ئادا قىلىشى لازىم. خادىملاردىن بىرەرسى بىر نەچچە كۈن ئىشتا كۆرۈنمىسە، ئۇلارنى سۈرۈشتۈرۈپ ئەھۋالىنى ئىگىلىشى، ئاغرىق-سىلاق تارتىپ قالغان بولسا ھالىنى سورىشى، ساياقلىق قىلغان بولسا تەنبىھ بېرىشى كېرەك. ئۇلارغا كۆيۈنۈش ئەمەلىيەتتە

يەنىلا بەگكە بولغان ساداقەت ۋە بەگنىڭ سۆيۈنچى ئۈچۈن قىلىنغان تىرىشچانلىقتۇر. بەگكە ساداقەتمەنلىك بىلەن خىزمەت قىلىپ قەدىر-قىممەت تاپقان بىر كىشى بۇ خۇسۇستا مۇنداق دېگەن: خىزمەتچى بېگىگە ساداقەتمەن بولۇشى، ساداقەت كۆرسىتىش ئۈچۈن ئىشچان ۋە تىرىشچان بولمىقى لازىم. ئىشچان، مېھرىبان، سادىق خىزمەتچىنىڭ خىزمىتى بەگلىكنىڭ ئۇلىنى كۈنمۇكۈن مۇستەھكەملەيدۇ، ئۇنداق خىزمەتچى ئۆز پايدىسىنى دېمەيدۇ. ساداقەتمەنلىك بىلەن بېگىنىڭ مەنپەئىتىنى ئىزدەيدۇ ۋە بېگىگە ياخشىلىق تىلەيدۇ. شۇڭا، ئازغان پايدىلىق بولسا مەن ئۇنىڭغا قۇل بولاي، گۈل-چېچەك زىيانلىق بولىدىكەن يىلتىزىنى قىراي. كۆيۈمسىز، ئەسقاتماس ئوغۇلدىن سادىق، كۆيۈمچان ۋە نەپ بەرگۈچى خىزمەتچى ئەۋزەل. قېرىندىشىڭ ئەگەر پايدىسىز، نەپسىز بولسا قوي، پايدىلىق دوست تۇتۇپ دىدارىغا توي.

ئىشىك ئاغىسى تىلى يۇمشاق، سۆزى شېرىن، ئۆزى كەمتەر، ئوچۇق چىراي بولسۇنكى، سۆرۈن چىراي، ئاچچىق سۆز ئۆمۈر بويى كۆڭۈلدىن كۆتۈرۈلمەيدۇ، كىشىنى سوۋۇتىدۇ. بۇنىڭغا تەقلىدەن ئېيتقان مۇنۇ بىر شېئىر يادىمغا كېلىپ قالدى:

كىشى سۆز ۋە تىلدا بېرەركەن ئازار،
سۆڭەك ئاغرىتىپ دىلغا بىر ئوت ياقار.
ئۇرۇلغان تاياقنىڭ يارىسى پۈتەر،
بۇ تىل سۆكسە پۈتمەس، يارىسى تۇرار.

ئەگەر بەگ چەۋگەن[1] ئويناش، ئوۋ قىلىش ياكى ئەل ئىشلىرىنى كۆزدىن كەچۈرۈش ئۈچۈن سەپەرگە ئاتلانغان بولسا، ئىشىك ئاغىسى ئىنتايىن ھوشيارلىق بىلەن مۇھاپىزەتكە ھازىر

---

① چەۋگەن — ئاتلىق ئوينىلىدىغان توپ ئويۇنى.

بولسۇن. بەگلەر دەل ئاشۇنداق سەپەر ئۈستىدە خەۋپ-خەتەر ۋە پالاكەتكە يولۇقىدۇ. سەل گۇمانلىقلار بولسا، ھوشيار تۇرۇش، ئىشەنچسىزلەر بولسا، بەگدىن يىراقلاشتۇرۇش لازىم. ئىشەنچلىك، كۆيۈمچان، ساداقەتمەن كىشىلەر بەگكە يېقىن تۇرۇپ بېشىنى قوغدىسۇن. قورۇقچى بەگ قورۇقچىلىق قوشۇنى قۇرۇپ، ئۇنىڭ باش-ئاخىرىنى ياخشى تۈزەپ رەتكە سالسۇن. كىچىك ئەمەلدارلار ئۇلۇغلار ئارىسىغا كىرمەسلىكى، سىرتتا ئىش بېجىرگۈچىلەر بەگكە يېقىن يولىماسلىقى لازىم. ھەر كىمنىڭ ئوردىدىكى ئورۇن تەرتىپى قانداق بولسا، سەپەردىمۇ شۇ تەرتىپنى ساقلاش كېرەك.

ئالىيلىرى، ئىشىك ئاغىسىنىڭ پەم-پاراسىتى ۋە ساداقىتى شۇنداق بولسا بەگنىڭ ئىشىنى كۆڭۈلدىكىدەك قىلىپ، ئىشىنى ھالالليالايدۇ. بۇ توغرىدا سورىغانلىقىڭ ئۈچۈن بىلىدىغانلىرىمنى سۆزلىدىم.

— بۇ سۆزلىرىڭنى تولۇق ئۇقتۇم، — دېدى ئىلىگ ئۆگدۈلمىشنىڭ ئىشىك ئاغىسى توغرىسىدىكى بايانلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، — ئەمدى ماڭا لازىملىق بولغان يەنە بىر ئىش توغرىسىدا سۆزلەپ بەرگىن. سەنمۇ ئوبدان بىلىسەن، جاھان بەگلىرى ئەلدىن-ئەلگە ئەلچى ئەۋەتىدۇ. بەگ ئۆزى ئەۋەتكەن ئەلچىگە تولۇق ئىشىنىشى كېرەكقۇ. ئۇنداق بولسا ھەقىقىي ئىشەنچلىك ئەلچىنى قانداق كىشىدىن تاللاش لازىم؟

ئۆگدۈلمىش يالاۋاچنىڭ[1] سىماسىنى تەسەۋۋۇر ئەينىكىدە كۆرۈپ، ئىلىگكە يارامىلىق يالاۋاچنىڭ قانداق بولۇشى كېرەكلىكى ھەققىدە مۇنداق مەلۇمات بەردى:

— ئىلىگ ئالىيلىرى، يالاۋاچ بولۇشقا بىلىملىك، ئەقىللىق، جەسۇر، تاغ يۈرەك، بەك سەرخىل ئەر تاللىنىشى كېرەك، —

---

① يالاۋاچ — قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا تەۋە سۆز بولۇپ، ئەلچى دېگەن بولىدۇ.

دەپ سۆز باشلىدى ئۆگدۈلمىش، — ئاللانىڭ بەندىلىرى ئىچىدىمۇ ئەڭ خىللىرى ۋە ئادەملەرنىڭ ئەڭ ياخشىلىرى ئاللا ئەۋەتكەن يالاۋاچلار ئەمەسمىدى؟! نۇرغۇن ئىشلار يالاۋاچنىڭ ۋاستىسى بىلەن قىلىنىدۇ. تولا ئوبدان ئىشلار يالاۋاچتىن كېلىدۇ. شۇڭا، بۇ ئىشتا ئىلىگ پاراستىنى ئوبدان ئىشلىتىپ ئىش كۆرۈشى كېرەك.

يالاۋاچ ئەقىللىق، ئىشتا ئېغىر-بېسىق بولسۇن، گەپ-سۆزنىڭ ئىچكى مەنىلىرىنى بىلەلەيدىغان بىلىمگە ئىگە بولسۇن. ئىشنى ئۇتۇقلۇق ئورۇنلاش ئۈچۈن سۆزنىڭ ئوڭ-تەتۈرىنى ئۇقماق زۆرۈر. جاھان سوراپ خەلققە باشچىلىق قىلغان بىلىمدار ياخشى ئادەملەر دېگەنكى: كۆپنىڭ ئىچىدىن تاللانغان باشچى بولىدىغان بولساڭ، ئەقىللىقلارنى، بىلىملىكلەرنى تاللاپ ئەلنىڭ چوڭى قىل. كىشى قايسى ئىشتا ئەقلىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويسا، شۇ ئىشتا مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىدۇ. دانا كىشى قايسى ئىشقا بىلىم بىلەن يول سالسا، شۇ ئىشتا نەتىجە قازىنىدۇ. ئەقىل بىلەن ئىشقا كىرىشىپ بىلىمنى قورال قىلغان ھەر قانداق ئىش ئۇتۇقلۇق باشقا چىقىدۇ.

يالاۋاچ بولغۇچى ساداقەتمەن، كۆز-قارنى توق، نىيىتى توغرا، ئىشەنچلىك بولمىقى لازىمكى، ساداقەتمەن كىشى بېگىنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن جان كۆيدۈرىدۇ. بەگنىڭ مەنپەئىتىنى كۆزلەپ جان كۆيدۈرۈش ھەقىقىي سۆيگۈنىڭ نىشانىدۇر. نەپلىك، ساداقەتمەن خادىملارنى باغرىم دەپ بىلگۈلۈك. ساداقەتمەن خادىم جان-جىگىرىدەك، ھەتتا جان-جىگىرىدىنمۇ يېقىن يۈرەك قىنىدەكتۇر. ئاچ كۆز كىشىلەر يالاۋاچلىققا يارىمايدۇ. ئۇلار ئۆزىگە ھاكىم بولالمايدۇ. كۆزى توق كىشى نامرات بولسىمۇ بايدۇر. ئاچ كۆز ئادەم تەمەخور گادايدۇر. تەمەخور شۇڭا دىۋانە ئاتالغاندۇر. قانائەتچان، چىداملىق كىشى ھەر قانداق ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقارغاي. بايلارنىڭ سەردارى سانالغان كۆزى توق

كىشىلەر دېگەنكى: كىمنى كۆز ئاچلىقى پېقىر قىلغان بولسا، ئۇنى بۇ دۇنيانىڭ نېمەتلىرىمۇ باي قىلالمايدۇ. تەمەخورلۇق كىمنى قۇل قىلغان بولسا، ئۆلۈم تۇتمىغىچە بۇ قۇللۇقتىن قۇتۇلالمايدۇ. شۇڭا، بىلىم بەرگۈچى ئۇستازلار ئاچ كۆزلەرگە جاۋابەن: ئەي مەرد، شەۋكەتلىك، تولۇق باي بولاي دېسەڭ، كۆڭۈل بايلىقىڭنى ئىزدىگىن. كۆزى توق كىشى قۇل بولسىمۇ ئۇ بەگدۇر، ئاچ كۆز ئادەمنىڭ بەگلىكىدىن قۇللۇق ياخشىدۇر. قايسى بەگ ئاچ كۆز بولسا ئۇ گادايدۇر. قايسى قۇلنىڭ كۆزى توق بولسا ئۇ بەگدۇر، چۈنكى ئۇنىڭ كۆڭلى بايدۇر، دېيىشكەن.

يالاۋاچ نومۇسچان، تەمكىن، خۇش پېئىل، تۈرلۈك بىلىملەرگە كامىل بولسۇن. ئادەمدە نومۇس بولمىسا قوپال، پەس بولىدۇ. ئادەم نومۇس بىلەن دۇرۇس، پاك بولىدۇ. تەمكىن ئادەم ھېلىم[1] ئاتىلىدۇ. سىلىق ئادەم سۆيگۈگە سازاۋەر بولىدۇ. كىشىدە جۈرئەت بىلەن شۇنىڭغا مۇناسىپ بىلىم-قابىلىيەت بولىدىكەن، ھەر قانداق ئىشقا يۈرەكلىك قول ئۇزىتالايدۇ. كونىلار ئېيتقان مۇنۇ سۆزگە قۇلاق سالغىن، بۇنى ئىشلارنى باشلاشنىڭ مىزانى قىل: ھەر ئىشنى ئەقىل بىلەن ئۇقۇپ، بىلىم بىلەن بىلگەندە كۆڭلىرىڭ قۇتلۇق بولىدۇ، ئىشلىرىڭ يىللاپ ساڭا قۇت ئاتىدۇ. جۈرئەتلىك ئەر تىلەككە يېتىدۇ. شۇڭا ئاۋۋال ئەقىل تاپ، بىلىمگە ئېرىشكىن، ئاندىن باشقا ئىشقا كىرىشكىن.

يالاۋاچ تۈرلۈك پۈتۈكلەرنى زېرەكلىك بىلەن پۈتەلىسۇن. پۈتۈك كىشىنى چېچەنلەشتۈرىدۇ. يازالىغان، ئوقۇيالىغان، سۆزنى چۈشىنەلىگەن ئادەم ئۆزىنى ئالىملىق مەرتىۋىسىگە يەتكۈزەلەيدۇ. ئۇ يەنە پەزىلەتتە كامىل بولۇشى، كىتابلارنى ئوقۇپ مەنە-مەزمۇنلىرىنى چۈشىنەلىشى، كۆپلىگەن شېئىرلارنى يادقا بىلىشى ھەم ئۆزى شېئىر يازالىشى لازىم. ئىلمى نۇجۇم[2]، تېببىي

---

① ھېلىم — يۇمشاق، سىلىق.
② ئىلمى نۇجۇم — ئاسترونومىيە.

ئىلىم ۋە چۈش تەبىرىدىنمۇ خەۋەردار بولۇشى، بۇ توغرىدا ئېيتقان سۆزلىرى، بەرگەن مەنىلىرى دەلمۇدەل كېلىشى لازىم. ئۇ ھېساب ۋە ھەندىسەنى①، ئەدەد جەزرىنى② ۋە يەر ئۆلچەش ئىلىملىرىنى بىلسۇن. دامكا-شاھمات ئويۇنىغا ماھىر بولۇپ، رەقىبلەرنى راسا مات قىلسۇن. ئۇ يەنە چەۋگەن ئويۇنىغا ئۇستا، ئوق ئۈزۈش، قۇشچىلىق ۋە ئوۋچىلىقتا دۇنياغا داڭلىق بولسۇن. ئۇ ئېغىز ئاچسا ھەر قانداق تىلدا سۆزلىيەلىسۇن، قولىنى مىدىرلاتسا ھەر قانداق يېزىقتا پۈتۈك پۈتەلىسۇن. يالاۋاچنىڭ ئىشى كۆپىنچە سۆز بىلەن بولىدۇ. سۆزگە ماھىر بولسا مەقسىتى ھەل بولىدۇ. سۆزلىرى يۇمشاق، شېكەردەك، چۈچۈك بولسۇن. چۈچۈك سۆز ئۇلۇغ-كىچىكنى يۇمشىتالايدۇ. ئۇ سۆزمەن، ھازىر جاۋاب بولسۇن. سورالغان سوئالغا دەل جايىدا جاۋاب بېرەلەيدىغان بولسۇن. ئەلچى بولمىش كىشىنىڭ تىلى ئۈز، سۆزى گۈزەل، كۆڭلى ئوچۇق، ئەقىللىق بولمىقى لازىمدۇر. تىلى ئۈز ئادەم سىڭىملىك بولىدۇ، سۆزى گۈزەل ئادەمنىڭ ئىشى يارامىلىق بولىدۇ.

يالاۋاچ زېرەك، دانا ۋە ھوشيار بولىدىكەن، ھەر يەرگە بارسۇن بېگىگە پايدىلىق، ھۆرمەتكە لايىق بولىدۇ. ئەگەر يالاۋاچ ئەسكى، بوش، تۇراقسىز بولىدىكەن، شۈبھىسىزكى، بەگنىڭ ئابرۇيىنى تۆكىدۇ. شۇڭا، ئەلچىلىككە بارىدىغان ئادەم بەك ياخشى تاللىنىشى، ھەر قانداق ئىشقا دۇچ كەلسە يۈرەكلىك ئىش تۇتالىشى كېرەك. قارشى تەرەپ قانچىلىك ھۈنەر كۆرسەتسۇن، ئۆز ھۈنەر-قابىلىيىتى بىلەن غالىب كېلىپ، ئۇلارنىڭ قايىللىقىنى قولغا كەلتۈرۈشى لازىم. يالاۋاچتا مانا شۇنداق پەزىلەتلەر تولۇق

① ھەندىسە — گېئومېتىرىيە.
② ئەدەد جەزرى — كەسىر.

بولغاندا، بەگىنىڭ نام-شۆھرىتى تېخىمۇ يۇكسىلىپ، ئەل ئارا ئۇلۇغ ئاتىلىدۇ. بۇ ئىشلاردىن خەۋەردار بىر كۆك ئايىقنىڭ[1]نېمە دېگەنلىكىگە قۇلاق سالغۇلۇق، ئۇ: كىمنىڭ پەزىلىتى بولسا نامى يورۇيدۇ. پەزىلەتسىز ئادەم نام-نىشانسىز قېرىيدۇ. كىشى كىشىدىن پەزىلىتى بىلەن ئۈستۈن تۇرىدۇ. پەزىلىتى زىيادە ئادەم كۆنسېرى ئۆرلەپ ئۇچىدۇ. پەزىلەتلىك ئادەم ئەگەر قولىنى سۇنسا بۈيۈك تاغمۇ بويۇن ئېگىپ، بېشىنى يەرگە قويىدۇ، دېگەن. بۇ سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى چۈشەنمىگەن ئادەمنىڭ ئەقلى كۆتە.

يالاۋاچ ئاڭلىغان سۆزىنى كۆڭلىدە چىڭ ساقلىشى، دېيىلىدىغان ۋە ئاڭلىغان سۆزىنى ئۇنتۇپ قالماسلىقى لازىم. ئۇنىڭ بوي-تۇرقى، ھۆسن-چىرايى كۆركەم، چاچ-ساقىلى، قامىتى يارىشىملىق بولسۇن. ئۇ ھەر جايدا مەرد ۋە بۈيۈك ھىممەتلىك بولسۇن، بۇ ئىككى پەزىلەت بىلەن ھەر قاچان قىممەتلىك بولىدۇ.

يالاۋاچ ئۆزىنى تۇتۇۋالغان، مەي-شارابتىن يىراق كىشى بولسۇن. ئۆزىنى تۇتۇۋالغان ئەر بەخت تاپىدۇ. مەي دېگەن بىلىملىك ئادەمنى بىلىمسىز، نادان ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويىدۇ-يۇ، بىلىمسىز مەست بولسا نېمىلەرنى قىلمايدۇ؟! ھەقىقەتكى، مەي بىلىم ۋە ئەقىلنىڭ دۈشمىنىدۇر، ئۇنىڭ نامى جېدەل-غەۋغادۇر. ھەر قانچە ئەقىللىق، بىلىملىك كىشىلەرمۇ بېشىنى مەيگە تىقسا ئىشى بۇزۇلماي قالمايدۇ. شۇنچە ئۆز قىلىقلىق، ھايالىق، سىلىق كىشىمۇ مەي ئىچسە قىلمىغان قوپاللىقى قالمايدۇ. ئەي ئۆز قىلىقلىق ئادەم، ھايا، ئەقىل-پاراسەت ۋە بىلىمنى نىجىس مەيگە تېگىشىۋەتكىنىڭگە مىڭ ئەپسۇس. مەي ئىچكۈلۈك ئەمەس، مەي ئىچكەن ئەردىن بەخت-ئامەت قاچىدۇ. مەيخور تەلۋە، ئەخمەق ئاتىلىدۇ. مەي قورساققا كىرسە، ئىچ-سىرىڭنى سىرتقا ھەيدەيدۇ،

---

① كۆك ئايىق — تۈركمەن چۆللىرىگە بېرىلگەن ئۇنۋان.

ئۇ قايتىپ يەنىلا ئۆزۈڭنى ئۆرتەيدۇ. بۇ كويغا كىرىپ، بېشىڭدىن ئىش ئۆتكەن ئەرلەر بۇ ئىشنىڭ ھەقىقىتىنى مۇنداق ئاچقان: مەست قىلغۇچى مەينى ئىچمىدىكەنسەن، ئۇ سېنىڭ ئىچ-سىرىڭ بىلەن ھەپىلىشىدۇ. بىلىملىك مەي ئىچسە بىلىمسىز بولىدۇ. بىلىمسىز مەي ئىچسە بەئەينى كىچىك بالىغا ئايلىنىدۇ.

ئەي بەختلىك ئىلىگ، يۇقىرىقىدەك تەرەپلەرگە دىققەت-نەزىرىڭنى سېلىپ، ھەر تەرەپتىن توشقان ئادەمنى تاپالىساڭ، ئۇ يىراق ياكى يېقىنىڭ بولسۇن، يات ياكى تۇغقىنىڭ بولسۇن، ئۇنىڭغا يالاۋاچلىق نامىنى بېرىپ، ئىش تاپشۇرساڭ ئىشلىرىڭ قۇتلۇق بولغاي.

ئۆگدۈلمىش سۆزىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ تەۋەززۇ بىلەن ئولتۇردى.

— سۆزلىرىڭنى تولۇق چۈشەندىم، — دېدى كۈنتۇغدى ئىلىگ قايىللىق بىلەن، — يەنە بىر سورايدىغان گېپىم بار، سۆزۈڭنى ئايىماي ماڭا ئېيتىش سېنىڭ قەرزىڭ بولسۇن. سۆزلىرىڭنىڭ ھەققىنى ئۆتەش مېنىڭ قەرزىم بولسۇن. قېنى ئېيتقىن، بەگنىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك پۈتۈكچىسى قانداق بولۇشى كېرەك؟

— ئالىيلىرى، بۇ ئىشقا پاراسەت يۈرگۈزۈپ ئىش تۇتماق لازىمدۇر، — دەپ جاۋاب بېرىشكە باشلىدى ئۆگدۈلمىش كۈنتۇغدى ئىلىگكە ئۆتۈنۈش بىلەن، — بۇ ئىشنى كۆڭۈلدىكىدەك ئېيتىپ بېرەي.

ئەي ئىلىگ، بەگلەر ھەر قانچە بىلىملىك بولغان تەقدىردىمۇ ئۇنىڭ سۆزىنى يەنىلا پۈتىدىغان پۈتۈكچى بولۇشى لازىم بولىدۇ. بەگ كۆڭلىدىكى سۆزلىرىنى پۈتۈكچىگە دېيىشكە توغرا كېلىدۇ. ئۇ سۆزلەر ئاز-كۆپ بولسۇن، پۈتۈكچى ئۇنى قەتئىي مەخپىي تۇتۇشى لازىم. بەگلەرنىڭ مەخپىي سىرلىرىنى يوشۇرۇشقا ھەقىقىي ئىشەنچلىك چىن ئىنسان كېرەك. ئىشەنچلىك بولۇش ئۈچۈن دىنى

كامىل بولۇشى لازىم. پۇتۇكچى ئەگەر سۆزىگە ھېزى بولالمايدىكەن، بەگنىڭ سىرىنى ئاشكارىلاپ ئۆزىنى ئۆرتەيدۇ. بەگلەر سۆزىنى قانچىلىك مەخپىي تۇتسۇن، ۋەزىر بىلەن پۇتۇكچىگە يەنىلا دېيىشكە توغرا كېلىدۇ. سىرىنى بۇ ئىككى ياردەمچىگە ئاچقان ئىكەن، ئۇلارنىڭ بەزى چاقچاقلىرىنىمۇ كۆتۈرمەك كېرەك. ۋەھالەنكى، ۋەزىر بىلەن پۇتۇكچى بەگنىڭ پۇتۈن مەخپىيىتىدىن ۋاقىپ، ئەگەر سۆزلەر پىنھان تۇتۇلمايدىكەن، ئۆز ئېشىغا ئۆزى تۇپا سالغان بولىدۇ. ئۆتۈكەن بېگى تىلى ئارقىلىق شۇنداق ياخشى مەنىلەرنى قالدۇرغان: «ئەي بەگلەرنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشكۈچى، سۆزۈڭگە ھېزى بول. سۆزۈڭگە مەھكەم بولمىساڭ تېزدىن بېشىڭنى بېرىشكە تەييار بول. ئېغىز دېگەن مىسالى شامال ئۆتكۈرىگە ئوخشايدۇ. سۆزۈڭ چىقسا، خۇددى سەھەر شامىلىدەك جاھانغا يېيىلسا يىغىشتۇرۇپ بولماس، پۈتۈن خەلق ئاڭلايدۇ. توسۇپ بولماس. ئېغىزدىن بەزىدە ئوت، بەزىدە سۇ چىقىدۇ. بىرى كۆيدۈرۈپ كۈل قىلىدۇ، يەنە بىرى كۆلدۈرۈپ گۈل قىلىدۇ.» كېرەكسىز سۆز خۇددى كۆيۈۋاتقان ئوتتۇركى، كۆيۈپ ئۆرتەنمەي دېسەڭ، تىلىڭدىن ھەرگىز ئورۇنسىز سۆزنى چىقارمىغايسەن. قاياقتا ئاقسا گۈل-چېچەككە ئورالغايسەن. ئەي مەرد ئاتالغان بىلىملىك ئاقىل، كۆڭۈل سىرىنى بەك مەھكەم ساقلىغۇلۇق. بۇ بېيىتنى ھەر دائىم ئۆزۈڭگە ھەمراھ قىلىپ، ئىچ سىرىڭنى يوشۇرۇشقا پەردە قىلغىن:

سىرىڭنى ساقلا چىڭ، دېمە ھېچقاچان،
دېسەڭ گەر چېكەرسەن يىللار پۇشايمان.
قىزىل تىل، قارا باشقا دۈشمەن يامان،
ئۇنىڭدىن ھەزەر قىل ياشارسەن ئامان.

ئاتىلىرى، پۇتۇكچى بىلىملىك، ئەقىللىق بولمىقى، خېتى

ئۆز، بالاغەتتە[1] ئۈستۈن بولمىقى لازىم. پۈتۈلگەن خەت ئۆز بولسا كۆڭۈل زوق ئالىدۇ، ئوقۇغانسېرى ئوقۇغۇسى كېلىپ كۆڭۈل ئاۋۇنىدۇ. ئەگەر خەت بىلەن بالاغەت بىرىكسە، بۇنىڭ بىلەن پۈتۈلگەن پۈتۈكنىڭ تىلى تېخىمۇ ياخشى يورۇيدۇ. ئىلى پۈتۈكچىسىنىڭ مۇنۇ ھېكمەتلىك سۆزىنى ئاڭلاپ قويغۇلۇق:

«سۆزلەرنى پۈتۈش قائىدىسىنىڭ بارلىقى كېلىشى خاسىيەتلىك ئىشتۇر. كۆپلىگەن ياخشى سۆزلەر پۈتۈكتە خاتىرىلىنىپ ساقلىنىدۇ، پۈتۈلگەنلىكى ئۈچۈن سۆزلەر ئۇنتۇلمايدۇ.»

پۈتۈكچىلەر كىتابقا يازمىغان بولسا، بۇ ھېكمەتلىك بىلىملەرنى قانداق بىلەلەيتتىڭ؟ بىلىملىك دانالار پۈتۈپ قويمىغان بولسا، بىزدىن بۇرۇنقى ئىشلارنى كىممۇ ئېيتىپ بېرەلەيتتى؟ قارا، كىشىلەر ئارىسىدا يېزىق پەيدا بولمىغان بولسا، ئېغىزدىكى سۆزگە كىممۇ ئىشىنەتتى؟ كىشىلەر ئەلدىن-ئەلگە خەت-خەۋەر ئەۋەتىدۇ. ئەگەر يېزىق بولمىغان بولسا، سۆزلەرنى قانداق يەتكۈزەلەيتتى؟ يېزىق تولىمۇ خاسىيەتلىك نەرسىكى، بەگلەر ئەل ئىشىنىمۇ يېزىق بىلەن بېجىرىدۇ. ئەي ئەل كاتتىسى، مۇنۇ ئۈچ كىشى بەگلەرنىڭ ئىشلىرىغا تىرەك بولىدۇ: بىرى، ئەقىللىق، بىلىملىك دانىشمەنلەر. يەنە بىرى، سۆزلىرىڭنى پۈتكۈچى پۈتۈكچى. ئۈچىنچىسى، دۈشمەن-بۆرىلەرنى يوقىتىشقا كېرەكلىك بولغان تاش يۈرەك ئوغلانلار. كېڭەشمەككە ئەقىللىق، بىلىملىك، پاراسەتلىك دانالار پايدىلىقكى، ئۇنىڭ ئورنىنى ھېچكىم باسالمايدۇ. ئەلنىڭ بارچە ئىشلىرىنى ئوڭشىغانمۇ پۈتۈك، ئەلنىڭ كىرىمىنى تۇتۇپ تۇرىدىغانمۇ پۈتۈك. باھادىر ئوغلانلار بولسا قولىغا قىلىچ ئېلىپ ياۋ بويىنىنى يانجىيدۇ، چەيلەيدۇ. قەيەرگە بۇ ئۈچ تۈرلۈك ئەر توپلانسا، كىشى تۈمەن ئارزۇسىغا يېتىپ، تىلىكىنى تاپىدۇ، قىلىچ بىلەن ئەل-يۇرتنى بويسۇندۇرىدۇ، قەلەم بىلەن دۆلەتنى

[1] بالاغەت — سۆزنىڭ گۈزەل، راۋان، يېقىملىق، مۇكەممەل، مەنىلىك بولۇشىدۇر. بۇ ھەقتىكى ئىلىم «ئىلمى بالاغەت» دەپ ئاتىلىدۇ.

تۈزەيدۇ، ئەقىل ۋە بىلىم بىلەن ئەلنى يۆلەيدۇ، بۇ ئۈچ نەرسىگە
تايىنىپ جاھاننى سۈزۈلدۈرىدۇ. بۇ ئۈچ خىل كىشىلەردىن باشقا
رەتتىكىلەر يۇقىرىدىكى ئۈچىگە ئەگىشىدىغان بوتىلاقلاردۇر. بىلىم
بىلەن ئەلدە قانۇننى يۈرگۈزگىلى، ئەقىل بىلەن پۈتۈن ئىشنى
يۈرۈشتۈرگىلى بولىدۇ. قىلىچ ئەل تۇتىدۇ ھەم خەلقلەرنى ئەل
قىلىدۇ. قەلەم ئەلنى تۈزەيدۇ ھەم خەزىنە توپلايدۇ. قىلىچتىن
قان تامسا، بەگ ئەل ئالىدۇ، قەلەمدىن سىياھ تامسا، خەزىنە
تولىدۇ. ئۆتكەن ئۇزاق ئىشلاردا بولسۇن ھەم كەلگۈسى زاماندا
بولسۇن يۇقىرىقى ئىككى ئەڭگۈشتەر بۇ دۇنيانىڭ تۈۋرۈكى بولغان
ۋە بولغۇسىدۇر. ئەل سورىغۇچى دانا بەگلەر بۇ ئىككىسىنى چىڭ
تۇتسا، بەگ ئۈچۈن ئۇلۇغ پەزىلەت بولىدۇ. بۇ سۆزگە مۇناسىپ
كېلىدىغان مۇنداق بىر سۆز بار: كىشىنىڭ ئىلىم ئىگىلىشى بەك
ياخشى پەزىلەتتۇر. تېخىمۇ ئالىي پەزىلەت قىلىچ ئۇرۇشتۇر.
قىلىچ بىلەن ئەل ناھايىتى ياخشى باشقۇرۇلىدۇ. قەلەم بىلەن ئەل
تۈزىلىپ، تىلەك-ئارزۇلار روياپقا چىقىدۇ.

پۈتۈكچى تەمەخور بولماسلىقى، كۆزى توق، مېھرىبان، ساپ
كۆڭۈل، موھتاجسىز بولۇشى كېرەك. كۆز-قارنى توق كىشى
مال-دۇنياغا ھېرىسمەن بولمايدۇ، مال-دۇنيانىڭ ئازدۇرۇشىغا
ئالدانمايدۇ. تەمەخور ئادەم نەپسىگە ئەسىردۇر، ئۇ بەگ بولسىمۇ
قولدۇر، ئادەملەرنىڭ ئەڭ تۆۋىنىدۇر. ئاچ كۆز پۈتۈكچى بىلىمنى
بۇزىدۇ، تەمە بىلەن پۈتۈپ، پۈتۈكنى بۇزىدۇ. ئۇنداق ئادەم
ئالتۇن-كۈمۈش كۆرسە ئېزىقىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇ يا بېگىنىڭ
بېشىنى يەيدۇ ياكى ئۆز بېشىنى بېرىدۇ. سادىق خىزمەتچى بەگنىڭ
بوسۇغىسىنى تەكىيە قىلىپ ياتىدۇ، ھەر قاچان لازىم بولغاندا
ئىشىكتە ھازىر بولىدۇ. ئۇنداق ئادەم بەگنىڭ پايدىسىنى
كۆزلەيدۇ. تېنى، جېنى ۋە مېلىنى بېگىگە بېغىشلايدۇ.

پۈتۈكچى پاك، مەيدىن پارىغ بولۇشى، يارامسىز قىلىقلاردىن
پۈتۈنلەي ئۆزىنى تارتىشى لازىم. مەيگە بېرىلگەن پۈتۈكچى

بىلىمنى تېزىتىدۇ، بىلىمى تېزىپ كەتكەن پۇتۈكچى پۇتۈكنى توزۇتىدۇ. شۇڭا بىرى، خېتى ئېنىق بولغان پۇتۈكچىنى، يەنە بىرى، قائىدىلىك سۆزلىيەلەيدىغان ئەلچىنى ياخشى تاللىغۇلۇق، ئاندىن ئۇلارغا ئىشىنىپ ئىش تاپشۇرغۇلۇق. مۇبادا يېقىن قاياشلار ۋە يىراق ياتلار ئارىسىدا جاڭجال كۆرۈلسە ئۇلاردىن كۆرگىن. بىرەر ئىش تۇغۇلسا مۇشۇ ئىككى كىشىدىن چىقىدۇ. بۇزۇلغان ئىشلارنى ئوڭشاشمۇ بۇ ئىككىسىنىڭ قولىدىن كېلىدۇ. پۇتۈكچى پۇتۈكتە يېڭىلىشىپ قالغان بولسا، ھاجىپ تىلى بىلەن تۈزىتىپ بەرسۇن.

ئەي ئىلىگ ئالىيلىرى، پۇتۈكچى ئەنە شۇنداق بولسا، ئۇنىڭغا ئىشىنىپ قول بەرسە بولىدۇ، ئادىمىيلىكمۇ شۇنداق ئادەملەردىن كېلىدۇ. بۇ توغرىدا بىلىدىغانلىرىم شۇلار ئىدى، بارىنى ئېيتتىم، مەجبۇرىيىتىمنى ئادا قىلدىم.

ئەنە شۇنداق دەپ سۆزىنى توختاتتى ئۆگدۈلمىش.

— مەن دېگەنلىرىڭنى زېھىن قويۇپ ئاڭلىدىم، — دېدى ئىلىگ، — يەنە سورايدىغان بىر ئىش، ئەمدى خەزىنىدار بەگنىڭ قانداق بولۇشى كېرەكلىكى توغرىسىدا سۆزلەپ بەرگىن. قانداق ئادەمگە ئىشىنىپ ئەلنىڭ خەزىنىسىنى تاپشۇرغۇلۇق؟ ئۇ تاپشۇرۇلغان ئىشلارنى جايىدا ئىشلىيەلەيدىغان، خەزىنىدە ئالتۇن-كۈمۈشلەرنى ئوبدان باشقۇرالايدىغان بولسۇن.

* * *

ئۆگدۈلمىش كۈنتۇغدى ئىلىگنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، خەزىنىدار بەگنىڭ تەۋسىپ ۋە تەرىپىنى مۇنداق بايان قىلدى:

— ئالىيلىرى، ئالتۇن-كۈمۈش سۆيۈملۈك ۋە جاننىڭ دەرمانىدۇر. خەزىنە ئىشىنى ئىشىنىپ تاپشۇرۇش ئۇچۇن ناھايىتى چىن، ئىشەنچلىك، دۇرۇس ئەر تاللىنىشى كېرەك. جاھان

كېزىپ مال-دۇنيا توپلىغان سودىگەر بېشى شۇنداق دېگەنكى: «جان شېرىن، ئالتۇن-كۈمۈش شېرىن جاندىنمۇ شېرىن. زەر-كۈمۈش ئېچىلماس كۆڭۈللەرنى ئاچىدۇ، ئېگىلمەس بويۇنلارنى ئېگىدۇ.» زەر-كۈمۈش كۆرۈپ كۆڭلى تارتمىغان ئادەمنى پەرىشتە دېسە ئەرزىيدۇ. ئالتۇننى كۆرۈپ جەسۇر ئەرمۇ يۇمشايدۇ، يىرىك سۆزلۈك كىشىنىڭ سۆزىمۇ بوشايدۇ. ئەلنىڭ خەزىنىسىنى كۈنمۇكۈن كۆپەيتىپ، بەخت تاپماق بولغان خەزىنىدارنىڭ كۆزى توق، خۇي-پەيلى ئۈز بولسۇن. ئۇ مال-دۇنيانى كۆپ كۆرۈپ كۆزى تويغان ھەم خۇدادىن قورقىدىغان بولۇشى، ھالال بىلەن ھارامنى ئوچۇق ئايرىشى، يارامىلىق بىلەن يارامسىزنى ئېنىق بايقىشى لازىم. كۆزى توق كىشىلەر مېلىڭغا نەزەر سالمايدۇ. دۇرۇس، چىن كىشىلەر ئۆزىنى بۇلغىمايدۇ. كىچىكىدىن تارتىپ زەر-كۈمۈش كۆرۈپ زورايغان ئەردە ھېرىسلىق ئانچە كۈچلۈك بولمايدۇ. خۇدادىن قورقىدىغان ئەر شەكسىز دۇرۇس يول تۇتىدۇ. توغرىلىق — دەسمايە، پايدىسى ياخشىلىقتۇركى، بۇ پايدا كىشىنى مەڭگۈلۈك لەززەتكە ئېرىشتۈرىدۇ. دۇرۇس ئادەمنىڭ كۆنلىرى ئېزگۈدۇر. كۈنلىرى ئېزگۈ كىشىنىڭ بەختى مەڭگۈدۇر. مېھرىبان كىشىلەر شۇنداق دەيدۇكى: دىلىڭ ۋە تىلىڭنى رۇس، قىلىقىڭنى دۇرۇس تۇتساڭ ئالەم سېنىڭكى. ئادەم توغرا ياشىسا كۈنلىرى سائادەتكە تولىدۇ. ھاياتى سالامەتلىكتە ۋە قۇتلۇق لەززەتتە ئۆتىدۇ.

خەزىنىدار ساداقەتمەن، ئويغاق، ساق، تېتىك بولسۇنكى، ئۇ تېتىكلىك بىلەن تۇمەنلىگەن ئىشلارنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدۇ. ئۇ يەنە ھايالىق، ئاق كۆڭۈل بولسۇن. ھاياسىز كىشىدىن يىراق تۇرغۇلۇق ۋە كۆڭۈل ئۈزگۈلۈك. ھايا كىشىنى يامان ئىشتىن توسقۇچى ھەم كىشىنىڭ يامان قىلىقلىرىنى تۈزىگۈچىدۇر. خەزىنىچى مەي ئىچمەيدىغان، ئۆزىنى تۇتالايدىغان بولسۇن. ئۆزىنى تۇتقۇچى بەخت تاپقۇچىدۇر. خەزىنىدار مەي ئىچسە مال-دۇنياغا

سېخىيلىق قىلىدۇ، باشقىلارغا ئەلنىڭ خەزىنىسىنى تارقىتىدۇ-يۇ، يىغالمايدۇ. شۇڭا، خەزىنە ئىشىغا بېخىللىق ياخشىراق. بېخىللىق بىلەن خەزىنىنى ياخشى باشقۇرغىلى بولىدۇ. خەزىنىدارنىڭ سېخىي بولۇشى كېرەك ئەمەس. ئۇ قولى چىڭ، ساق بولمىقى، خەزىنە مېلىنى بۇزۇپ-چاچماسلىقى كېرەك. سېخىيلىققۇ ياخشى ئىش، ئۇنى تاشلىماسلىق كېرەك، بىراق ئەلنىڭ بايلىقى بىلەن سېخىيلىق قىلماسلىق كېرەك. كۆيۈمچان خەزىنىچى ۋاپادار بولىدۇ. ۋاپادار خىزمەتچى بېگىنى باي قىلىدۇ. سادىق خىزمەتچى ئادەملەرنىڭ ئەڭ ئېسىلىدۇر. ئېسىل ئەرلەرنى قولدىن بەرگۈلۈك ئەمەس. خەزىنىچى سەگەك بولسا ئىشلار بۇزۇلمايدۇ، خەزىنىنى ھېسابلىق تۇتىدۇ، ئۆزىنى ئۆرتىمەيدۇ. ئادەم ئىشتا كۆڭۈللۈك بولسا ئۇنتۇماس بولۇر، ئىشنى ھېسابلىق قىلغانلار يېڭىلمەستۇر. خەزىنىچى ئەقىلسىز بولسا ئۆز ئىشىنى بۇزىدۇ. كۆڭۈلسىز بولسا ئادەم ئۇنتۇغاق بولىدۇ. تولۇق ھېسابات زېرەكلىكنى تەلەپ قىلىدۇ. زېرەك بولمىسا ئىش قانداق ۋۇجۇدقا چىقسۇن؟! ھېسابات پۈتۈك بىلەن خاتىرىلەنسە ئۇنتۇلمايدۇ. شۇڭا، خەزىنە بېگىگە تولۇق پۈتۈكنى چىرايلىق پۈتەلەيدىغان ياراملىق پۈتۈكچى لازىم بولىدۇ. ئۇ پۈتۈكچى كىرىم-چىقىمنى ھەر دائىم ياخشى تەكشۈرۈپ تۇرۇشى، ھەر قانداق ئىشنى ھېسابات دەپتىرىدىن كۆزىتىپ تۇرۇشى كېرەك. يىل، ئاي، كۈنلەر ئېنىق خاتىرىلەنسە، ھېساباتتىكى سانلار ئوچۇق، ئېدىتلىق بولىدۇ. ھېسابنىڭ توغرا بولۇشى ھەقىقەتەن پۈتۈك بىلەن بولىدۇ. پۈتۈپ قويۇلغان بولسا، ھېسابنىڭ ئىشىكى ۋە يولى ئېچىلىدۇ. ھېسابلىق كىشىلەر شۇڭا: ئىش باشقۇرغۇچى ئىشنى ھېسابلىق تۇتۇشى كېرەك. پۈتۈلمىگەن ئىش ئوڭاي يادىدىن كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ. ئەي ئوغۇل، كۆڭۈلگە ئىشەنگۈلۈك ئەمەس. ھەر ئىشنى پۈتۈپ قوي، پۈتۈپ قويۇلغان سۆز ساقلىنىدۇ، غەپلەتتە قالسا يوقىلىدۇ. خىزمەتچى بىخۇتلۇق قىلسا ھېساب بېرىشتە ئىڭرايدۇ. ھېساب

تۇتقۇچى ھەر تۈرلۈك پۈتۈك ۋە ھېسابات ئىشلىرىنى ياخشى بىلگەندىلا، ئاندىن ئىشلىرىنى توغرا قىلىپ، ھېسابىنى ساق تۇتالايدۇ. قايسى خىزمەتچى ھېسابتا غاپىل بولسا، ھېساب بېرىشتە زارلاپ بېشىنى يەرگە ئۇرىدۇ. خەزىنىدار بەگ ھېسابنى تولۇق بىلىشى، ئەقىل-ئوڭىنى ھېسابتا پىشۇرۇشى لازىم. ئۇ قول ھېسابىدا يېتىلىپلا قالماي، ھەندىسە ئىلمىنىمۇ ئىگىلىشى كېرەك. ئىلمى ھەندىسە تولىمۇ ئىنچىكە ھېساب، ئۇنىڭ بىلەن ئاسمان-زېمىننىڭ ھېسابىنى ئالغىلى بولىدۇ. دانا ھېكىملەر شۇڭا: ھەندىسە ھېسابى بەك چوڭقۇر، ئۇ ھەتتا ھېكىملەرنىڭ بېشىنى قايدۇرىدۇ. ئۇ يەتتە قات ئاسماننى دانە-دانە قىلىپ يارىدۇ، تۈزلەڭلىك ۋە دۆڭلۈكلەرنى تىلىمدەك يارىدۇ، دېيىشكەن.

خەزىنىچى يەنە ئىدراكلىق، بىلىملىك، خۇلقى-مىجەزى تۈز بولسا قىلغان ئىشلىرى ئۈز بولىدۇ. بىلىملىك كىشىلەر چىن ۋە توغرا بولىدۇ. قەيەردە توغرىلىق بولسا كۈنلەر نۇرلۇق بولىدۇ. ئەقىلسىز ئادەم ئۆزىنى تۇتالمايدۇ، بىلىمسىز ئادەم ئىشىنى ئاخىرلاشتۇرالمايدۇ. خەزىنىدارنىڭ ئىشى ئوردا ئىچىدە بولغاچقا ئۆزىگە تېخىمۇ ئاگاھ بولغۇلۇق. ئۇ ئوت يالقۇنى ۋە ئىس-تۈتەكتىن خالىي بولىمەن دەيدىكەن، ئىش-ھەرىكىتىنى ئىشەنچلىك قىلىپ، تىلى بىلەن دىلىنى دۇرۇس تۇتسۇن، كۆزىگە ھېزى بولسۇن، تىلىنى چىڭ تۇتسۇن، ھاۋايى-ھەۋەسلىرىنى ئەقىل بىلەن تىزگىنلىسۇن. كۆز كۆرسە كۆڭۈل تارتىدۇ. كۆڭۈل تەقەززاسىدىن كىممۇ قۇتۇلالايدۇ، كۆڭۈل دېگەن يەتتە ئەزانىڭ شاھى، شاھ باشلىسا ئادەم كەينىدىن يۈگۈرەيدىغۇ؟! بىلىملىك كىشىلەر شۇڭا: ئەي يىگىت، كۆڭۈل ۋە كۆزۈڭگە ھېزى بول، ۋۇجۇد، يەتتە ئەزا كۆڭۈلگە باقىدۇ. ئىنسان كۆڭۈل بىلەن ئېغىر يۈك يۈدۈدۇ. كۆڭۈلدىن مەھرۇم كىشى بوياقلىق ھەيكەلدۇركى، ئۇ ئالىملىق نامىنىمۇ يۈيىدۇ، دېگەن.

خەزىنىدار سودىنىڭ ئەلمى-تەلمىنى بىلىدىغان بولسۇن، سودا

يولىنى بىلمىسە پايدا كەلتۈرەلمەيدۇ. ئۇ پۈتۈن مال-تاۋارنىڭ تەننەرخىنى بىلىشى، قىممەت ۋە ئەرزىنىنى توغرا پەرق ئېتىشى كېرەك. باھاسىنى بىلسە ئالدىنىپ قالمايدۇ، ئېلىم-سېتىمدا ھەم زىيان تارتمايدۇ. ئېلىم-بېرىمدا مۇلايىم بولسا، مەرتىۋىلىك ۋە مەرتىۋىسىزلەرگە سۆزى شېرىن بولسا، نېمە ئۆتنە ئالغان بولسا ۋاقتىدا قايتۇرسا، باشقىلارمۇ نېمە سورىسا بېرىدۇ. سودا ئىشىدا مۇلايىم، دۇرۇس بولىدىكەن، ئۇنىڭغا لازىملىق مال ئۆكسۈمەيدۇ. بەگلەر ئەگەر ئەسكەر-خىزمەتچىلەرگە ئىنئام بەرگەن بولسا، چىرايىنى بۇزماستىن تارقىتىپ بەرسۇن. خان بەرگەن ئىنئام تۇتۇپ قېلىنغىدەك بولسا، ئەسكەر-خىزمەتچىلەرنىڭ كۆڭلى سۇنىدۇ. قوشۇننىڭ كۆڭلى سۇنسا، بەگنىڭ نامىغا داغ چۈشىدۇ. سېخىيلار بېشى بۇ توغرىدا: كىم رەپىقنى رەقىبكە ئايلاندۇرماق بولىدىكەن، لەۋز قىلغان نەرسىنى بەرمەسلىكلا كۇپايە. لەۋز قىلىپ قويۇپ بەرمەيدىغان نىيىتىڭ بولسا تىلىمۇ يارما، لەۋز قىلغان ئىكەنسەن تۇتۇپ قالما، دېگەن. خەزىنىدار بەگ سۆزىدە تۇرمىسا ئىشەنچتىن مەھرۇم بولىدۇ، ئىشەنچ يوقالسا مالدىنمۇ مەھرۇم بولىدۇ. خەزىنىچى ساق، ئويغاق بولسۇن، ئازغاق بولمىسۇن، ئازغاق بولسا ئىشلىرى كەينىگە سۈرۈلىدۇ. خادىملارنىڭ ھەممىسى بەگنىڭ خىزمەتكارى، ئۇلار ھاجەتمەنلىكتىن بەگنىڭ ئىشىكىگە كېلىپ خىزمەتكە تۇرغان. بەگ خىزمەتچىلەرنىڭ قولى قىسقىلىقى سەۋەبلىك ھاجەتمەن بولۇپ قالغانلىقىدىن ۋاقىپ بولۇپ، ئۇ خادىمغا ئېھسان بېرىشكە يارلىق بەرگەن بولسا، خەزىنىچى ئېھسان قىلىنغان نەرسىنى ۋاقتىدا بەرمەي ئارقىغا سوزۇۋەتسە، ئۇ خادىم بەگدىن يۈزىنى ئۆرۈپ كېتىدۇ. كىشىگە موھتاج بولغان ۋاقتىدا تېپىلغان قىلدەك نەرسە، پىلدەك چوڭ بىلىنىدۇ. شۇڭا بىر ئاق چاچ چال شۇنداق دېگەن: ئەي پالۋان، ھاجەتمەننىڭ ھاجىتىگە يارا، ئادەم موھتاج پەيتىدە ھاجىتى راۋا بولسا، ئۇنىڭ بەدىلىگە جېنىنى پىدا قىلىشقىمۇ تەييار

بولىدۇ.

مېنىڭ خەزىنىدار ھەققىدە بىلىدىغانلىرىم شۇلار ئىدى، شۇنداق ئەقىللىق، بىلىملىك، ھايالىق، مۇلايىم كىشىنى تاپساڭ، خەزىنە بايلىقىنى ئىشىنىپ ئۇنىڭغا تاپشۇرۇپ، ھەققىنى ئادا قىلساڭ ئەرزىيدۇ، ئالىيلىرى.

— ئۇقتۇم، كۆڭلۈمنى يورۇتتۇڭ، — دېدى كۈنتۇغدى ئىلىگ، — سورايدىغان يەنە گېپىم بار. ئوردىدا يېمەك-ئىچمەك ۋە داستىخان باشقۇرغۇچى ئاش بېشى قانداق بولمىقى لازىم؟ بەگلەر تائامنى شۈبھىسىز يېيەلەيدىغان ۋە بەگلەرنىڭ بېشىنىڭ ئامانلىقى ئۈچۈن ئاش بېشى ئىشەنچكە يارايدىغان بولسۇن. چۈنكى، شۈبھىلىك كىشىنىڭ قولىدا غىزا يېيىش تولىمۇ خەۋپلىكتۇر. ئۆگدۈلمىش، ئەمدى بۇ ھەققىتىمۇ سۆزلەپ، مېنى شۈبھىدىن ئازاد قىلغىن.

* * *

ئۆگدۈلمىش كۈنتۇغدى ئىلىگكە چىن، ئىشەنچلىك ئاش بېشىنىڭ تەرىپىنى قىلىپ، ئىلىگنىڭ شۈبھىدىن ئازاد بولۇپ، خاتىرجەملىك قولىنى نېمەت داستىخىنىغا سۇنۇشىنىڭ يولىنى مۇنداق ئاچتى:

— ئالىيلىرى، بۇ ئىشقا تولىمۇ ئىشەنچلىك ۋە خۇش پېئىل ئەر تاللىنىشى كېرەك، — دەپ سۆزىنى باشلىدى ئۆگدۈلمىش، — ئاش-سۇ ئىشىنى توغرا، چىن، سەرخىل كىشىلەرنى تاللاپ تاپشۇرۇش كېرەك. ئۇ چىن، توغرا، ساداقەتمەن ۋە تىرىشچانلىقتا كىشىلەرنىڭ ئالدى بولسا، يامان ئىشتىن ئۆيلىدىغان بولسا ئۇنداق خىزمەتچى بېگىگە بارلىقىنى بېغىشلايدۇ. بەگلەرگە خەۋپ-خەتەر كۆپ ھاللاردا غىزادىن كېلىدۇ. مۇبادا ئاشپەز قىلىدىغىنىنى قىلىپ قويسا، بۇنىڭغا كىم

ئىگە بولالايدۇ؟ شۇڭا، بەگلەر ھەر قانداق يەرگە بارغاندا ئۆزىنى ئوبدان كۆزىتىشى، يېمەك-ئىچمەكتە ئېھتىيات كۆزىنى ئېچىپ تۇرۇشى كېرەك. خەلقنىڭ سەردارى بولمىش ئەرنىڭ مىڭلاپ دۈشمىنى بولىدۇ. دۈشمەنلىك ئەرگە ھەر قاچان تۇزاق قۇرۇقلۇق بولىدۇ. داستىخان باشقۇرغۇچى ئىشەنچلىك، چىن، پىششقان بولمىسا يېمەك-ئىچمەكتە بەگلەرنىڭ ئىشى خەتەرلىك بولىدۇ. بەگنىڭ ئېشىنى تەملىك قىلىپ ۋاقتى-قەرەلىدە بېرىش ئۈچۈن، بۇ ئىشقا بەگكە ھەقىقىي كۆيۈنىدىغان، كونا، پىششقەدەم خىزمەتچىنى قويۇش لازىم. ئۇردىغا ئەجرى كۆپ سىڭگەن، خىزمەت كۆرسەتكەن بولسا، ئۇنى قەدىرلەپ ئىشەنسە بولىدۇ. كىشىلەرنىڭ ياخشىسى ۋە ئەقىل كاتتىسىنىڭ نېمە دېگەنلىكىگە قۇلاق سالغۇلۇق: نېمىگە ئەجرى كۆپ سىڭگەن بولسا، شۇ نەرسە ھەممىدىن ئەزىز ۋە قەدىرلىك بولىدۇ. ئادەم ئۆمرىنى نېمىگە سەرپ ئەتكەن بولسا، ئۇ نەرسە شېرىن جاندەك قىممەتلىك بولىدۇ. ھاياتقا ئۆكۈنۈش نە ھاجەت، بىھۇدە ئەجىرگە ئىست دېگۈلۈك، ئەجىرسىز ئۆتكەن ئۆمۈرگە مىڭ ئەپسۇس ئېيتقۇلۇق. ئادەم ئۆتۈپ كەتكەن ئۆمرىگە ئېچىنمايدۇ، مەنىسىز ئۆتكەن ھاياتقا ئېچىنىپ مىڭ پۇشايمان يەيدۇ.

داستىخان بېشىنىڭ كۆزى توق، كۆڭلى باي، ھۆسن-چىرايى ئايدەك پاكىز بولۇشى لازىم. چاچ-ساقىلى قىرىلغان، قامەتلىك بولسۇن، تىلى بىلەن دىلى بىردەك ئۆز بولسۇن. كۆركەم كىشىلەر كۆزگە پاكىز كۆرۈنىدۇ. ئاش ئېرىغ بولمىسا، گالغا قېرىق بولىدۇ. ئالالمۇ پاكىلىقنى سۆيىدۇ. ئادەم پاكلىقى بىلەن ياخشى نامغا ئېرىشىدۇ. پاكلىقنى ھەممە كىشى خالايدۇ. ئاش پاكىز بولسا ئارزۇلاپ يەيدۇ. ناپاك كىشىنى تائامغا يېقىن يولاتقۇلۇق ئەمەس. ناپاك كىشىنىڭ ئىشىمۇ ئېرىغسىز بولىدۇ. تەقۋادار، شەرىئەتنى بىلىدىغان كىشىدىن دۇرۇسلۇق كېلىدۇ. بەگلەرنىڭ تەبىئىتى ۋە ئۆزى پاكتۇر، غىزا پاك بولمىسا قانداق يېگىلى بولىدۇ؟ ئاشپەز

پاكىز بولسا پاكىز تائام كەلتۈرىدۇ. ئاش تازا بولسا سۆيۈنۈپ يېيىلىدۇ. كۆزى ئاچ كىشى قازانغا قول تىقىپ تاماقنى بۇلغايدۇ. كۆزى ئاچ كىشى قىلىقسىزدۇر. قىلىقسىزلىق ئادەم ئۆچۈن تەڭداشسىز كېسەلدۇر. چىن، پۇختا كىشىلەرگە ئىشەنگۈلۈك؟ بىراق ئۆزىنىڭ بېشىنى ئۆزى ئوبدان كۆزەتكۈلۈك. شۇنى بىلگىنكى، ھەر قانچە ئىشەنچلىك، چىن، دۇرۇس ئادەمدىنمۇ ئۆزۈڭگە ئۆزۈڭ ۋە كۆزۈڭ ئەڭ ئىشەنچلىك. بۇنىڭغا تەقلىدەن مۇنداق بىر سۆز ئېيتىلغان، بۇنى ئەستە تۇتقۇلۇق: ھەممىگە ئىشەنسەڭمۇ يەنىلا ئۆزۈڭگە ھېزى بول، ئۆزۈڭنىڭ كۆزى ساڭا ئەڭ مېھرىباندۇر. ھەممىدىن قىممەتلىكى ئەزىز جېنىڭدۇر. ئەزىز جېنىڭنى بەك ئاسرىغىن، باشقا گەپنى قويغىن.

ئاش بېشى توغرا، ئىشەنچلىك، دۇرۇس بولسۇن. دۇرۇس بولمىغان ئەر خوي-پەيلىنى رۇسلىيالمايدۇ. مۇبادا ئاش بېشى ئەگرى بولىدىكەن، ئۇنىڭ قول ئاستىدىكىلەرمۇ ئەگرى يول تۇتىدۇ. ئەگەر بىر توپ پاسىق يېمەك ئوغرىلىرى ئاشخانىغا توپلانغان بولسا، بەگلەرنىڭ داستىخىنى قانداقمۇ بەگكە خاس كۆركەملىككە ئىگە بولسۇن؟ ئادەمگە دۇرۇسلۇق بىلەن توغرا ھەرىكەت لازىم، شۇندىلا ئۇ ياخشى سۆيۈنچىگە ئېرىشىدۇ. ئۇز قىلىقلىق كىشىلەر شۇنداق دېگەن: ئىش-ھەرىكىتى دۇرۇس ئادەم دۇنيا نېمەتلىرىدىن بەھرىمەن بولىدۇ. دۇرۇسلۇق نەدە بولسا كۆڭلىرى قۇتلۇق بولغاي، توغرا يولدا ماڭغان كىشىنىڭ كۆڭلىرى قارايمايدۇ.

— ئالىيلىرى، — ئۆگدۇلمىش جىددىيراق تەلەپپۇزدا سۆزىنى داۋاملاشتۇرماقتا ئىدى، — خىيانەت قەيەرگە قەدەم قويسا، قۇتلۇق ئىشلارنىڭ ھەممىسى يىراقلايدۇ. خىيانەتچى قەيەرگە قول ئۇزاتسا دېڭىزمۇ سوغۇلۇپ، يەرلەر قۇرۇيدۇ. شۇڭا، باش ئاشچى خىيانەتتىن يىراق، ساداقەتمەن، ھايالىق، ئۆزىنى تۇتالايدىغان، ئەقىللىق، بىلىملىك، تاماق ۋاقتىدا چەبدەس بولسۇن. ئۇ

قائىدە-يوسۇن بىلەن ئىش كۆرۈشى، كىرىش-چىقىشتا ئۆزىنى دۇرۇس تۇتۇشى كېرەك. ئەقلىنى يوگورتۇپ ئۆزىنى كۆزىتىشى، بىلىمنى ئىشلىتىپ كۆزىنى يىغىشتۇرۇشى لازىم. بېگىنىڭ ياخشى نامى ئۇچۇن ۋاپادارلىق كۆرسەتسە، بېگىنىڭ قۇتلۇق نامى بىلەن ئۆزىنىڭ ياخشى نامىمۇ مەڭگۇ ساقلىنىدۇ. ئەقىللىق كىشىلەر ياخشى نامنى قوغلىشىدۇ. بىلىملىك كىشىلەر ئىشەنچلىك كېلىدۇ. ئەقىللىق كىشىدىن ئادىمىيلىك كېلىدۇ. بىلىملىك كىشىلەر ئادەمنىڭ ئادىمىدۇر. ئىدراكلىق كىشىلەر ئېيتقانكى: ئەقىللىق، ۋاپادار كىشى ئادەملەرنىڭ ئېسىلى ھەم سەرخىلىدۇر. ئۇ ھەر قاچان باشقىلار ئۇچۇن ئۆزىنى پىدا قىلىدۇ. ناپاك، ۋاپاسىز، پەس قىلىقلىق ئادەم ۋەدىسىنى بۇزىدۇ.

ئەي ئىلىگ ئاتا، ئاش بېشى مانا شۇنداق بولسا، ئۇ داستىخان سېلىپ ئاش-تاۋاق قويغاندا بەگ شۇبھىلەنمەي، خاتىرجەم غىزالانسا بولىدۇ. مېنىڭ بىلىدىغانلىرىم شۇلار ئىدى، كۆڭلۈمدە بېرىنىڭ ھەممىسىنى ئېيتىپ بەردىم.

— ئەي دانا ئوغلۇم، سۆزلىرىڭنى تولۇق ئۇقتۇم ھەم چۈشەندىم، — دېدى ئىلىگ، — ماڭا ئەمدى باش ئىدىشچىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى چۈشەندۇرگىن. ئۇ شاراب ئىشلىرىنى قانداق باشقۇرۇشى كېرەك؟ بەگ ئۇنىڭغا ئىشىنىپ، كۆڭلى تىنىپ قولىدىن شۇبھىسىز شاراب ئىچىدىغان بولسۇن.

* * *

ئۆگدۈلمىش ئىدىش باشقۇرغۇچى بەگنىڭ پەزىلەت باپىدىن سۆز ئېچىپ، ئىلىگنىڭ ئامان-ئېسەنلىكى ئۇچۇن ئەقىل تىلى بىلەن مۇنداق مۇستەھكەم سېپىل سوقتى:

— ئالىيلىرى، بۇ ئىشقىمۇ كۆپ پاراسەت يۈرگۈزمەك لازىمدۇر. باش ئىدىشچى ئالدى بىلەن ئۆز قوۋمىدىن بولغان،

ئۇزۇن يىل سىنالغان، كۆڭلىنى توختاتقان، توغرا يول تۇتقان كىشىلەردىن تاللىنىشى كېرەك. ئۇ سەمىمىي، سادىق، كۆيۈمچان، ئىشەنچلىك، كۆزى-كۆڭلى توق، كۆڭلى مىسالى ئاتقان ئوقتەك تۈز بولمىقى لازىم. شۇنداق كىشى بۇ ئىشقا يارايدۇ ۋە ئۇنىڭ قۇربىتى يېتىدۇ.

تۈرلۈك تۈمەن دورىلارنى ئىدىشچى باشقۇرىدۇ. ھەر تۈرلۈك دورا-دەرمەكلەر — ھەزىم قىلدۇرغۇچى دەمسەن، قۇۋۋەتلەندۈرگۈچى مەجۇن دەمسەن، ئاجىزلاتقۇچى سۈرگە دەمسەن ئۇنىڭدا بولىدۇ. يەيدىغان، ئىچىدىغان، يالايدىغان دورىلارمۇ ئۇنىڭدىن تېپىلىدۇ. ھۆل-قۇرۇق يېمىش تەلەپ قىل، شاراب ئىچمەك زوقىدا بول، ئۇنىڭ ۋاستىسى بىلەن تەييار بولىدۇ. بىلگىنكى، گالىنىڭ لەززىتى ئاشپەز ۋە ئىدىشچىنىڭ قولىدا بولىدۇ. بەگلەرگە كېلىدىغان خەتەرنىڭ كۆپىنچىسى گالدىن كىرىدۇ. ئاشچى بىلەن ئىدىشچى ئىشەنچلىك بولمىسا، بەگنىڭ يېمەك-ئىچمەك ئىشى بەك خەتەرلىك. بىلىملىك دانالار ئاگاھلاندۇرۇپ دېگەنكى: گېلىڭنى بەك كۆزەتكىن، تائامنى ئېھتىيات بىلەن ئاستا يېگىن. ھاياتنى بىھۇدە نابۇت قىلغان نۇرغۇن كىشىلەرنى كۆردۈمكى، ئۇلار گېلىدىن كەتتى. ئادەمگە كېسەللىك گالدىن كېلىدۇ. ئۇنىڭ دورىسى ۋە داۋاسىمۇ گالدىن ھەل بولىدۇ. گېلىڭدىن ساقلانساڭ ئېسەنلىككە ئېرىشىسەن، تاماقنى ئاز-ئاز يېسەڭ شېرىنلىككە ئېرىشىسەن.

ئىدىش بېشى كۆپ ئەقىللىق ۋە بىلىملىك بولسۇن. ئەقىللىق كىشىدىن ئادىمىيلىكنى كۈتۈش مۇمكىن. ئۇلار يامانلارغا ئارىلاشمايدۇ. بىلىملىك كىشىلەرنىڭ ئىشى ئىشەنچلىك ۋە توغرا بولىدۇ. ئوق تۈز بولمىسا ئوتۇن بولىدۇ، ئەر دۇرۇس بولمىسا تۇتقۇن بولىدۇ. ئەي باھادىر بەگ، ئىشنى دۇرۇسلۇق بىلەن قىل، دۇرۇسلۇقتىن تاشقىرى ياخشى ئىش يوق. ئىدىش بېشى ناھايىتى چاققان، قەلبى رۇس، نىيىتى دۇرۇس بولۇشى لازىم. بارلىق

ئىشنى دۇرۇسلۇق بىلەن قىلسۇن، يارىماس پەسكەشلەرنى ئۆزىگە
يولاتمىسۇن. ئىچىملىكنى ئۆزى كۆرۈپ، ئۆز قولى بىلەن
راسلىسۇن، ئۆزى تامغا ئورۇپ پېچەتلەپ ساقلىسۇن،
يېمەك-ئىچمەكلەرگە قوشۇلىدىغان دورا-دەرمەكلەرنى ئۆزى قېتىپ
پاكىز تۇتسۇن. قۇرۇق يېمىشلەرنى، شەربەت، گۇلاب ۋە ھەر خىل
شارابلارنى ئۆزى راسلاپ ساقلىشى لازىم. ئۇ بېگىگە كۆيۈنۈپ ۋە
سۆيۈنۈپ، ئىچىملىكنى ساداقەتمەنلىك بىلەن ئوبدان ساقلاپ ئۆز
بۇرچىنى ئادا قىلسۇن، شۇندىلا بەگلەر تاپشۇرغان خىزمەتنى
ئادالىغ ئورۇنداپ ئەجىر-تۆھپە كۆرسىتەلەيدۇ. بۇنداق ھالال
ئەجىر خىزمەتچى مەنپەئەتىگىمۇ پايدىلىق. كىشىنىڭ ئەجرى
نېمىگە كۆپرەك سىڭگەن بولسا، ئۇنىڭ جېنىنىڭ يىلتىزى شۇ
نەرسىدە بولىدۇ. بىر خۇش پېئىل كىشى بۇ توغرىدا مۇنداق
دېگەن: نېمىگە كىشىنىڭ ئەجرى كۆپرەك سىڭگەن بولسا، شۇ
نەرسە ئەزىز جانىنىڭ يىلتىزىدەك سۆيۈملۈك بولىدۇ. ئادەم ئۆمرىدە
نېمىگە ئەقىدە قىلغان بولسا، ئۇنى سۆيۈشى، ئېغىر بولسىمۇ
يۈكىنى كۆتۈرۈشى كېرەك.

باش ئىدىشچىلىققا مۇشۇنداق كىشى تېپىلسا، ئۇنىڭغا بۇ
خىزمەتنى تاپشۇرسا بولىدۇ. بۇ ئىشقا شۇنداق خۇش پېئىل كىشى
كېرەككى، ئۇنىڭ خىزمىتى ۋە ھۆسنى دىلنى يورۇتسۇن.

ئۇنىڭدىن قالسا ساقىيلارنىڭ خىزمىتىمۇ ئىنتايىن مۇھىم.
ئۇلارنىڭ چىراي-تۇرقى كۆركەم، ساقالسىز بولۇشى تەلەپ
قىلىنىدۇ. ئۇنىڭ يۈزى تولۇن ئايدەك، بويى تالدەك، تۇرقى
سۈرەتتەك ئۆلچەملىك، قارا چاچلىق بولسۇن، بېلى ئىنچىكە،
يەلكىسى كەڭ، تېنى ئاق، مەڭزى قىزىل بولسۇن. ساقىيلار
يېشىل، كۆك، سېرىق، ھال رەڭ يىپەك تونلارنى كىيىپ،
يېمەك-ئىچمەك ئېلىپ يۈرسە تولىمۇ يارىشىدۇ. ساقىي پۈتۈنلەي
ساقالسىز، پاكىز بولسۇن دېگەنلىك، ئىچىملىككە قىل-مويدەك
نەرسىلەرنىڭ چۈشمەسلىكى ئۈچۈندۇر. قەدەھكە موي چۈشسە

شارابنى بۇلغايدۇ، ئاش-سۇغا چۈشكەن بولسا زوقنى بۇزىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ تەلىم بەرگۈچىلەر: قەدەھ سۇنغۇچى ساقىي ساقالسىز بولسۇن، دېگەن بولسا كېرەك. چۈنكى ساقىي كۆركەم يۈزلۈك، پاكىز بولسا ئۇنىڭ قولىدىن ئىچكەن شاراب تەنگە سىڭىدۇ. ئۇز قىلىقلىق چىرايلىق كىشى نېمە سۇنسا يارىشىدۇ، جانغا لەززەت، كۆزگە ھۇزۇر بېرىدۇ. بۇنداق لەززەتتىن بەھرە ئالغۇچى ھاياجاندا مۇنداق شېئىر ئوقۇغان:

يۈزى كۆركەم بولسا، خۇلقى ئولسا ئۇز،
نە تۇتسا ئىچەر ئەر زوق بىلەن ھۇنۇز.
بولۇر ئاش يۈزىنى كۆرمەك ئاچلارغا،
ئۇسسىغان كىشىگە بولۇر قانغۇسىز.

باش ئىدىشچى ئاشۇنداق بولسا، ساقىيلار مۇشۇنداق بولسا، بەگلەر ئۇلارغا تولۇق ئىشەنسە، ئۇلارغا چىن پۈتۈپ ئۆزىگە يېقىن تۇتسا بولىدۇ.

*　　*　　*

ئەي بەگلەر، بۇ بىر قانچە ئىشقا خىل كىشىلەرنى تاللا، ئۇلار ساداقەتمەن، كۆزى توق، نومۇسنى بىلىدىغان بولسۇن. ئۇلارنىڭ بىرى ئەلچى، يەنە بىرى پۈتۈكچى، ئۇنىڭدىن باشقا ئىدىشچى بىلەن ئاشپەز. ئۇلارنىڭ بىرىدىن-بىرىنى ئوبدان تاللا، مۇبادا كېيىن نامۇۋاپىق ئىشقا يولۇقۇپ قالساڭ پۇشايمان قىلما. ئەلچى بىلەن پۈتۈكچى يارىماس بولسا، ئۇنىڭ زەخمى ھاياتلىقىنىڭ ئۇلى بولغان جانغا تاقىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن تىرىشچانلىق بىلەن يارامل‍‍‍ىق كىشىلەرنى تاللاپ، ئاندىن ئىشلارنى تاپشۇرغۇلۇق.

* * *

ئۆگدۈلمىش سۆزىنىڭ ئايىغىنى داۋاملاشتۇرۇپ مۇنداق دېدى.

— ئەي دۆلەتمەن ئىلىگ، بەگلەرنىڭ نامى خۇددى ئۇلارنىڭ ئىشىدەك ئۇلۇغ، ئۇلۇغ ئىشنىڭ باش ئاغرىقىمۇ چوڭ بولىدۇ. باش ئاغرىتىدىغان ئىشلار ئەلدىن كۆتۈرۈلمىسە، بەگلىك غۇلايدۇ. بەگلەر ئالدىغا ئۇنچە تۆككەن ئاقىل كېڭەشچىلەر كېڭەشتە شۇڭا: ئەي بەگ پاراغەت قوغلاشما، مۇشەققەتنى يەڭگىن، پاراغەت بىلەن مۇشەققەت قوشكېزەك. بەگ مېھنەت بىلەن ئەلنى تۈزىسە، ئەل بېيىپ خاتىرجەملىككە ئېرىشىدۇ. خەلق بېيىسا بەگ تىلەككە يېتىدۇ، دېگەن.

پاراغەتتىكىدىن ئارتۇق مەغرۇرلىنىپ كەتمىگىن. پاراغەتتىگە ئۆلىنىپ ئاخىرى مۇشەققەتتىكىمۇ كېلىدۇ. ئاشچى بىلەن ئىدىشچى ھەر قانچە ئىشەنچلىك بولغاندىمۇ ئۆزۈڭگە ئۆزۈڭدەك كۆيۈملۈك بولالمايدۇ. دانا كېڭەشچىلەرنىڭ مۇنۇ سۆزىنى ئاڭلىغۇلۇق ۋە پۈتۈۋالغۇلۇق: سۆيۈملۈك جېنىمنىڭ ئەمىنلىكىنى قوغداشقا ئۆزۈمدىنمۇ ئىشەنچلىك بىرەرسىنى ئۇچراتمىدىم. ئامال بار ئۆزۈڭنى پۇختا قوغدىغىن، ئۆزۈڭنى قولدىن بېرىپ قويساڭ ئەمىنلىك تىلىمىگىن.

ئالىيلىرى، دەيدىغاننى دېدىم. قانداق قىلىش كېرەكلىكىنى ۋە داۋاسىنى ئېيتتىم، مانا شۇنداق كىشىلەر بىلەن بەگلەر يۈكسىلىدۇ، يېغا بويىنىنى ئۇزۇپ، نام-شۆھرىتىنى ئاشۇرىدۇ.

ئەي ئەلنىڭ باشپاناھى ئىلىگ، يۇقىرىقىلاردىنمۇ مۇھىمراق يەنە بىر سۆزۈم بار ئىدى. ئەگەر ئىجازەت بەرسەڭ سۆزلەي. ئەگەر ئاڭلاشنى خالىمىساڭ كۆڭلۈمدە يوشۇرۇن قېلىۋەرسۇن.

— ئەي ئاقىل ئوغلۇم، دەيدىغان يەنە قانداق سۆزۈڭ بار، گېپىڭ بولسا دەۋەرگىن. بىلىمدە دېڭىزسەن، ئەقىلدە دەريا. ھەر

قانداق سۆزنى سەندىن ئاڭلاش پايدىلىق، — دەپ ئىجازەت بەردى كۇنتۇغدى ئىلىگ.

— ئالىيلىرى، ئەلگە پايدىلىق ئىلىم ئىلىگدىن كېلىدۇ، — دەپ مەقسىتىنى بايان قىلدى ئۆگدۈلمىش، — يۇقىرىدا تەلىپىڭگە ئاساسەن مۇھىم خىزمەتچىلەرنىڭ قانداق خىزمەت قىلىشلىرى كېرەكلىكىنى، ئۇلارنىڭ بۇرچى ۋە مەجبۇرىيىتىنى سۆزلەپ بەردىم. بەگمۇ خىزمەتچى قۇللىرىنى بىلىشى ھەم ئۇلارنىڭ كۆرسەتكەن ئەجرىگە مۇناسىپ ئېھسانلارنى قىلىشى لازىم. قۇللارنىڭ ئۈستىدە بەگلەرنىڭ شۇنچىلىك ھەققى بولغان يەردە، بەگنىڭ ئۈستىدە قۇللارنىڭ ھەققى يوقمۇ؟ قۇللار خىزمەت بىلەن بېگىنىڭ ھەققىنى ئۆتىگەن بولسا، بەگلەرمۇ ئۇلارنىڭ خىزمىتىگە يارىشا ھەققىنى ئۆتىشى كېرەك. مال-دۇنيا تىلىكىدە خىزمەت قىلغان خىزمەتچىگە تېگىشلىك ھەق بېرىلمىسە زورلۇق بولۇپ قالىدۇ.

— قېنى سۆزلىرىڭنى ماڭا ئوچۇق ئېيتقىن، بىرمۇ بىر يېشىپ سۆزلىگىن، خىزمەتچىلەرنىڭ مېنىڭ ئۈستۈمدىكى ھەققى نېمە؟ — دېدى ئىلىگ.

ئۆگدۈلمىش پاراسەت مەشۇتى بىلەن كۇنتۇغدى ئىلىگنىڭ دىققەت-ئېتىبارىنى خىزمەتچىلەر ئۈستىگە مۇنداق چىگدى.

# ئون بەشىنچى باب

## خىزمەتچىلەرنىڭ بەگلەر زىممىسىدىكى ھەققى ئۈستىدە ئۆگدۈلمىشنىڭ تىلىدىن روشەنلىك قۇياشىنى تۇغدۇرغانلىقى

— ئەي زېمىنغا كۈندەك يورۇغان ئىلىگ، — دەپ سۆز باشلىدى ئۆگدۈلمىش، — خىزمەتچىلەرنىڭ زىممىسىدە بەگلەرنىڭ ھەققى بولغانغا ئوخشاش، بەگلەرنىڭ زىممىسىدىمۇ خىزمەتچىلەرنىڭ ئەجىر ھەققى بولىدۇ. بەگلەرنىڭ خىزمىتىنى قىلىپ جايىدىن چىقىش تولىمۇ مۇشەققەتلىك ۋە ئېغىر ئىش. بەگلەر بۇنى بىلىپ، ئاۋۋال ئۇلارنىڭ يېمەك-ئىچمەك مەسىلىسىنى ئوبدان ھەل قىلىشى، كېتەرلىك لازىمەتلىكلەرنى ۋە قورال-جابدۇقلىرىنى تەق قىلىشى لازىمدۇر، شۇندىلا خىزمەتچىلەر تېخىمۇ غەيرەتكە كېلىدۇ، پۈتۈن ۋۇجۇدىنى بەگلەرگە تەسەددۇق قىلىدۇ، قۇللارمۇ بېگىنىڭ خۇشاللىقى ئۈچۈن تەق بولىدۇ. ئۇلار ئىسسىق-سوغۇق، ئاچ-توق، ياياق ھەم يېلىڭ دېمەي بەگنىڭ خىزمىتىنى قىلىدۇ، بېگى ئۈچۈن ئالدىغا ھەم ئارقىغا، ئوڭ ۋە سولىغا چاپىدۇ، بەزىدە قىلىچ-پالتا يېسە، بەزىدە ئوق يەيدۇ، بېگىنىڭ راھىتى ئۈچۈن تارتمىغان مۇشەققىتى قالمايدۇ. ئۇلار بېگىنىڭ دۈشمەنلىرى ئالدىغا كۆكرەك كېرىپ چىقىپ، بېگىنىڭ ھاياتلىقى ئۈچۈن ئۆزلىرىنى قۇربان قىلىشقا تەييار تۇرىدۇ، شۇ تەرىقىدە مۇشەققەت چېكىپ بېگىنىڭ شادلىقى ئۈچۈن تۈنىنى كۈنگە ئۇلايدۇ. بەگ خىزمەتچىلىرىنىڭ بۇ ئەجىر-ئەقىدىسىنى بىلىشى،

ھەققىنى ئۆتنشى، ياخشى مۇئامىلىدە بولۇپ، مېھرىبانلىق يەتكۈزۈشى لازىمدۇر. ئەل ئىچىدىن تاللانغان ۋە ئادەملەرنىڭ بېشى بولغان ئۈچ ئوردا خانى بۇ ھەقتە شۇنداق دېگەن: ئەي خەلقنىڭ ئۇلۇغى بولغان بەگ، خىزمەتچى قۇللىرىڭنى ئەتىۋارلاپ ئۆستۈرگىن. بەگنىڭ قولى شۇلار ئارقىلىق ئۇزىرايدۇ، قۇدرەت تېپىپ ئەلنى تۈزەيدۇ. بەگ ئەسلى ھەر قانچە بۈيۈك، ئۇلۇغ بولسىمۇ، ئۇنىڭ نامى يەنىلا خىزمەتچىلىرى ئارقىلىق بۈيۈكلۈك تاپىدۇ.

ئالىيلىرى، مۇرۇۋۋەت ھەققىي ئادىمىيلىكتۇر، ئۇ ھەم كىشى ئۈچۈن تەرىقەتتۇر. كىشىگە ئەمگىكىگە تۇشلۇق ھەققىنى بېرىش، ئۇلارنى ئەزىزلاشنىڭ ئۆزى مۇرۇۋۋەت ھەم تەرىقەتتۇر. خىزمەتچىلەر بەگنىڭ بوسۇغىسىغا كېلىپ ئۈمىدىنى باغلاپ تۇرىدۇ، بەگ ئۇنى ئۈمىدسىزلەندۈرسە مۇرۇۋۋەتنى يوقاتقان بولىدۇ. بەگلەر خىزمەتچىلىرىنىڭ قانچىسى يارامىلىق، قانچىسى يارامسىزلىقىنى كۆزىتىپ تۇرۇشى، يارامىلىقلىرىغا تۆھپىسىگە تۇشلۇق ئېھسانلار قىلىشى، ئەمگىكىگە قاراپ تېگىشلىك ھەققىنى بېرىشى كېرەك. ئادەم بىلەن ھايۋان ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى توغرا قىياس قىلغاندا، ھەر ئىش ئۆز ئۆلچىمىدە بولىدۇ. ئادەممۇ ئاۋۋال ھايۋاننىڭ قورسىقىنى تويغۇزۇپ ئاندىن ئۇنىڭدىن پايدىلىنىدىغۇ؟! ئادەم ھەرگىز ھايۋاندىن تۆۋەن ئەمەس. بەگلەر خىزمەتچىلىرىگە ياخشى سۆز بىلەن ئېھسانلارنى قىلىپ تۇرسا، خىزمەتچىلەر بېگىگە ئۆزىنى پىدا قىلىدۇ، بەگكە بولغان ھۆرمىتى ۋە ساداقىتى ئاشىدۇ، بېگىنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن جاپا چېكىشنى خۇشاللىق دەپ بىلىدۇ. بىر زېرەك ئالىم بۇ سۆزگە مۇناسىپ كېلىدىغان مۇنداق بىر گەپنى دېگەن: «ئادەم بىراۋنىڭ ياخشىلىقى ئۈچۈن جېنىنى ئاتايدۇ، بىر ياخشىلىق ئۈچۈن ئون ياخشىلىق قايتۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئۈچۈن ھەر قانچە مۇشەققەتكىمۇ تەييار تۇرىدۇ.» شۇڭا، قىلغان ئىشىغا قاراپ ياخشى ئېھسانلار

بەرگۈلۈك، ئۈچىسى يېلىك بولسا كىيىندۈرۈپ، ئاچ بولسا تويدۇرغۇلۇق. ھەي قۇتلۇق ئىلىگ، بەگ بولغۇچى ئاۋام قۇللىرىدىن نامراتلىق نامىنى يۇيۇۋېتەلمىسە، ئۇنى قانداقمۇ بەگ دېگىلى بولىدۇ؟ مويسىپىت كىشىلەر شۇڭا مۇنداق دېگەن: «بىر كىشى بىراۋغا ياخشىلىق قىلغان بولسا، ئۇنىڭغا جاۋابەن ئادىمەتچىلىكنى ياندۇرغۇلۇق. ئەقىدىنى بىلمىگەن كىشىنى ئادەم دېمەي، ھايۋان قاتارىغا قويغۇلۇق.» بۇ سۆز يىگىتلەر ئۈچۈن كۆزدۇر.

خىزمەتچى ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ. بىرى، ئەركىن، ھۆر خىزمەتچى، يەنە بىرى، قۇل خىزمەتچىدۇر. قۇل ئەركىنسىز خىزمەتكاردۇركى، خىزمەتنى ئاقساتسا، بېگىدىن قامچا يەيدۇ. ھۆر ئادەم بولسا ئۆزىنى قۇل قىلىپ ئىشلەيدۇ. ئۇنىڭ ئەجرىنى بىلىپ قەدىرلەشكە ئەرزىيدۇ. ھۆر كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ياخشىلىقنىڭ قۇلىدۇر، ئۇلارغا ياخشىلىق يولىنى ئېچىپ بەرگۈلۈك. ھۆر بىلەن قۇلنى تەڭ ئورۇنغا قويۇشقا بولمايدۇ. ھۆرنى ھۆرچە، قۇلنى قۇلچە تۇتقۇلۇق. بەگلەرنىڭ ئىشىكى راھەت ئىشىكىدۇركى، ئىشىكىنىڭ ئۇلارنى ئىللىتىشى ئۆزۈكىنىڭ پايدىسى ئۈچۈندۇر. خىزمەتچىلەر بېيىسا بەگ نام قازىنىدۇ، بۇ نام دۇئا بىلەن مەڭگۈ ساقلىنىدۇ. ئالىيلىرى، بەگ بىلەن خىزمەتچى مىسالى ساتقۇچى بىلەن ئالغۇچىغا ئوخشايدۇ. ساتقۇچىنىڭ ئالغۇچىغا بەرگەن مېلى پايدىغا سالغان دەسمايىسىدۇر. ئالغۇچى ئۇنى ئېلىپ ئەل ئىچىدە ئايلاندۇرىدۇ. كۈنلەر، ئايلار، يىللار ئۆتىشى بىلەن پايدىسمۇ توپلىنىدۇ، كېيىن پايدىنى يۈز تۈرانە ئۈلىشىدۇ. خىزمەتچى كىشىمۇ دەل شۇنىڭغا ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ ھېسابى بېگى بىلەن ئورتاق. بېگى چىرايلىق سۆز بىلەن قۇلىغا مال بېرىدۇ، خىزمەتچى قۇل جان پىدالىق بىلەن ئۇنىڭغا ئىشلەيدۇ. خىزمەتچى جېنىنى پىدا قىلىپ قىلىچ ئۇرىدۇ. ئۇنىڭ پايدىسى ئەل، كەنت، قىشلاقلارغا كېلىدۇ. ئۇلار دۈشمەن

بوينىنى ئۆزۈپ، خەزىنە توپلايدۇ، شۇلار بىلەن كۆتكەن
ئارزۇ-تىلەكلەر ۋە نېمەتلەر بىر-بىرىگە ئۇلىشىپ كېلىدۇ.
بۇلارنىڭ ھەممىسى ساڭا تەگكەن پايدىغا ھېساب. بۇنداق پايدا
كەلتۈرگۈچىلەرنى قەدىرلىگۈلۈك. بېگىم، مال-دۇنيا تىلەپ جاھان
كەزگەن كاتتا سودىگەرلەرنىڭ نېمە دېگەنلىكىگە قارا: «نەپ
بېرىدىغان قۇل، نەپ بەرمەس ئوغۇلدىن ياخشى. پايدىسىز ئوغۇلنى
دۈشمەن ھېسابلاپ، ئۇنىڭدىن ئاگاھ بول.» جاھاندىكى مىدىرلاپ
يۈرگەنلەرنىڭ ھەممىسى پايدا قوغلىشىپ يۈرىدۇ، ئەگەر پايدىنى
دېمىسە ئوۋچىمۇ ئۆيىدە قېرىيدۇ.

ھەربىي قوشۇن بەگنىڭ قانات-قۇيرۇقىدۇر. ئەي بەگلەر
بېگى، قۇش قاناتسىز بولسا ئۇچالمايدۇ. بەگلەرنىڭ كۈچ-قۇدرىتى
ھەربىي قوشۇنى ۋە خىزمەتچىلىرى ئارقىلىق بەلگىلىنىدۇ. بەگلەر
شۇلارغا تايىنىپ چىگىش تۈگۈنلەرنى يېشىدۇ. قايسى بەگ ئەتراپىغا
جەسۇر ئوغلانلارنى توپلىيالمىسا، ئۇ بۇ دۇنيانىڭ ساھىبقىرانىغا
ئايلىنالمايدۇ. قايسى بەگ ئۆزىدە يۈكسەك پەزىلەتلەرنى جەم قىلغان
بولسا، قانداق تىلەك-ئارزۇسى بولسا تەل بولىدۇ. جاھانگىر تۈمەن
مىڭ پەزىلەتلەرنىڭ ساھىبى بولۇشى كېرەك، شۇندىلا ئۇ دۇنيانى
تەسەررۇپىغا ئالالايدۇ. پەزىلەتنىڭ كۈچ-قۇدرىتىنى ئاددىي
چاغلىماي ئۆگەنگۈلۈك. پەزىلەت گويا ئاق قۇشنىڭ ئۇچۇشىغا
ئوخشاش ئىشلىرىڭنى راۋان قىلىدۇ. پەزىلەتنىڭ خاسىيىتى ئاق
قۇشنىڭ ئىقبالىغا ئوخشايدۇ. شۇڭا، پەزىلەتنىڭ نامىنى قۇش دەپ
ئاتىغۇلۇق. ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگەن ئاق باشلىق كىشىنىڭ نېمە
دېگەنلىكىگە قارا: بىلىم بىلەن پەزىلەتنى قىممەتلىك بىلىپ
ئۆگەنگىن، ئۇمۇ سېنى ئاخىرى قەدىرلىك قىلىدۇ. بىلىم ئۆگەن،
ئەقىل تاپ، بىكار يۈرمىگىن، پەيتى كەلگەندە ئۇمۇ ساڭا ياخشىلىق
ئېلىپ كېلىدۇ.

* * *

كۈنتۇغدى ئېلىگ ئۆگدۈلمىشنىڭ يۇقىرىقى تەۋسىيەلىرىنى ئاڭلاپ ئىنتايىن سۆيۈندى ۋە شۇنداق دېدى:

— ئەي ئەقىللىق، ئەسلى ئېرىغ ئوغۇل، ئادىمىيلىكنىڭ ئۇلىنى تولىمۇ ئوبدان قۇردۇڭ. ئۇ ھەقىقەتەن چىن ۋاپادار كىشىلەرنىڭ يولىدۇر. مەن خەلقنىڭ ھۆكۈمرانى بولدۇم. قولۇم ئۇزۇن، تىلىم ئۆتىدىغان بولدى. ئەمدى ئۆزۈمنىڭ ھاياتى ۋە خاتىرجەملىكىنى دەپ، بۇ بەگلىكىم ئۈچۈن مەغرۇرلانمايمەن. ئۈمىدىم شۇكى، ھۇزۇرۇمغا تەلپۈنگۈچىلەر مېنىڭ بىلەن بېيىسۇن ۋە ئۇلارنىڭ كۈچى زورايسۇن. مېنىڭ شادلىقىم تاڭنا پايدىدا، ماڭا ياخشى نامىم ئۈچۈن دۇئانىڭ ئۆزى كۇپايە. بارلىق ئالتۇن-كۈمۈش ۋە خەزىنىنىڭ ھەممىسىنى ئەسكەر، خادىملارغا ئۈلەشتۈرۈش ئۈچۈن توپلىدىم. قۇتلۇق دۇئالارنىڭ كۆپىيىشى ۋە ئاللانىڭ نامىمنى جاھانغا تارىتىشى ئۈچۈن پۈتكۈل مال-دۇنيايىمنى كىشىلەرگە بەرگەيمەن. تىلىكىم، مەندىن كېيىن قالغۇچىلار، ماڭا خىزمەت قىلغۇچىلار بېيىسۇن. مەن بۇ دۇنيادىن كۆچۈپ كەتسەممۇ خەلقىم يەنىلا ياشايدۇ. شۇڭا، دۇئا بىلەن مېنى ياد ئېتىشنى ئۈمىد قىلىمەن.

كۈنتۇغدى ئېلىگنىڭ جاۋابىدىن كېيىن ئۆگدۈلمىش يەنە مۇنداق دېدى:

— ئالىيلىرى، بۇ ئىشقا ئەقىل ۋە بىلىمىڭنى تولۇق ئىشلەتتىڭ. ئۆلىدىغان جانغا ياخشى نام قالدۇرۇشتىن باشقا يەنە نېمە بار؟ كىشى بۇ دۇنيانىڭ ھەۋىسىدە بولسىمۇ كۈمۈش ئۈلەشتۈرگۈلۈك، بۇنىڭ ئۆزى ئۇ دۇنيادىكى قۇتۇلۇش يولىغىمۇ كۆۋرۈك. ئالتۇن-كۈمۈشلىرىڭنى ئايىماي تارقاتساڭ قايسى ئەلنى خالىساڭ قولۇڭ يېتىدۇ. دانىشمەن بەگلەر بەگلىك ئىشىغا ئۇل سېلىپ دېگەنكى: بەگلەر مال-دۇنياسىنى ئۈلەشتۈرۈپ

ئەسكەر-خىزمەتچىلەرنى كۆپ توپلىسا، خالىغان چاغدا دۈشمەن ئېلىنى تارتىپ ئالالايدۇ. خەزىنە توپلاشنىڭ نېمە ھاجىتى؟! ئەسكەر-خىزمەتچىلەرنى كۆپەيتىش كېرەك. بەگنىڭ باي بولۇشى زۆرۈر ئەمەس، خەلقنى تويۇندۇرۇش پەرزدۇر. ئەسكىرىي قوشۇنى بولغان بەگكە ئەل ئاز ئەمەس، ئەسكىرىي قوشۇنى بولمىغان بەگ ئۈزۈن ھۆكۈم سۈرەلمەس. ئەسكەر ۋە خىزمەتچى-خادىملار بېگىدىن مەمنۇن بولغاندىلا، بەگ خالىغان ئەلنى قولىغا ئالالايدۇ. دۇنيا بەگلىرىنىڭ قولى ئۇچۇق بولىدىكەن، ئۇ ھەر ئىككى دۇنيانىڭ تۆرىگە ئېرىشەلەيدۇ. شۇڭا بىلىملىكلەر شۇنداق دېگەن: بەگ خەسىسلىك بىلەن ئەلگە ھاكىملىق قىلالمايدۇ. ئىككى نەرسە بىر-بىرىگە يېغا بولۇپ، ھەرگىز قوۋۇشماي قاچىدۇ. بارلىق پەزىلەتلىك كىشىلەر خەسىسكە يېقىنلاشمايدۇ، سېخىينى قوغلىشىدۇ. سېخىينىڭ ئەتراپىغا ئۇيۇشۇپ، مۇراد-مەقسىتىگە يېتىدۇ. خەسىسلىك بەگلىكنىڭ دۈشمىنى، بېخىل بەگكە ھەر جايدىن ئىسيان قوپىدۇ.

ئۇنىڭدىن قالسا ساپ ئالتۇن بىلەن قىلىچ ئەلنى تۇتۇشنىڭ مۇھىم ھالقىسىدۇر، سېخىيلىق بىلەن بەگ يۈكسىلىدۇ، ئەل مۇستەھكەملىكىمۇ سېخىيلىق بىلەن بولىدۇ. باتۇر ئەرلەر چاقماقتەك قىلىچ ئويناتسا، ئېيىقتەك ھەيۋەتلىك باتۇرلارنىڭمۇ جان تومۇرى ئۈزۈلىدۇ. بەگلەر ساپ ئالتۇنلىرىنى ئۈلەشتۇرۇپ قولىنى قاپارتسا، قورال ئىشلەتمەي سۆز بىلەنلا ئېلىنى چۆرگىلىتىدۇ. ساپ ئالتۇن تۇرۇلگەن قاپاقلارنى ئاچىدۇ، بۇزۇلغان ئىشلارنى ئوڭشايدۇ. قىلىچ قەيەردە بولسا، كۈمۈشمۇ شۇ يەردە بولىدۇ. كۈمۈش نەدە بولسا قىلىچمۇ شۇ تامان يول ئالىدۇ. كۈمۈش چاچساڭ يىگىتلەرنى توپلايسەن. كۈمۈشنى يىغىۋالساڭ قىلىچ تۇتقان باتۇرلارنى تېزىتىسەن. قىلىچ تۇتقان باتۇر ئەرلەر كۈمۈشنىڭ تۇتقۇنى، توپلانغان ساپ ئالتۇنلىرىڭ قوراللىقلارغا ئاتا قىلىنسۇن. بېخىل بەگ دۇنيا توپلاپ خەزىنە تولدۇرىدۇ، سېخىي

بەگ قىلىچ بىلەن ئۇ بايلىقلارنى تارتىۋالىدۇ. بۇ دۇنيانىڭ ئۆزگەرمەس مىزانى شۇكى، سېخىيلار ماختىلىدۇ، بېخىللار سۆكۈلىدۇ.

ئۆگدۈلمىش سۆزىنى تۈگىتىپ، يەرگە باش قويىدى ۋە ئاللادىن ئىلىگكە ياخشى تىلەكلەرنى تىلىدى.

ئىلىگ ئۆگدۈلمىشنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، شادلىقتا قولىنى كۆتۈرۈپ، خۇداغا ئىلتىجا قىلدى: ئەي مېھرىبانىم، ئىشەنچىم ئىگەم، مۇشكۇللۇككە يولۇققىنىمدا باشپاناھىم، مېنىڭ سەندىن باشقا يۆلەنچۈكۈم يوق. يۆلەنچىممۇ سەن، ئۈمىدىممۇ سەندە، سېنىڭ ماڭا قىلمىغان نېمە ياخشىلىقىڭ قالدى، مېنى مۇيەسسەر قىلمىغان قايسى ئارزۇلىرىم قالدى؟! ئەي مەڭگۈ موھتاجسىز ئىگەم، مەن ساڭا مەڭگۈ ھاجەتمەن، سەندىنلا كۈچ-قۇۋۋەت ۋە مەدەت تىلەيمەن. مېنى ئۆزۈڭ يۆلەپ توغرا يولغا سالغايسەن. ماڭا ئاتا قىلغان بارلىق ئىنئامەتلىرىڭدىنمۇ زىيادە بولغىنى ئۆگدۈلمىشنى ماڭا ئەۋەتىپ بېرىپ كۆڭلۈمنى توق قىلغىنىڭدۇر. بۇنىڭ ئۈچۈن يۈز مىڭ قېتىم شۈكۈر قىلساممۇ ئەرزىيدۇ. ئۇ مېنىڭ ئىشلىرىمغا پۈتۈن ۋۇجۇدى ۋە جان-تېنىنى پىدا قىلدى. بۇ ئۆتكۈنچى ئۆمرۈمدە مەن ئۇچۇن دۇئانى ئارتتۇردى. ئەمدى ماڭا ئۇنىڭ ھەققىنى ئۆتەش ئۈچۈن مەدەت بەرگىن، ئۇنى مەندىن سۆيۈندۈرگىن ۋە كۆڭلىنى ماڭا تېخىمۇ يېقىن قىلغىن.

كۈنتۇغدى ئىلىگ ئىلتىجادىن كېيىن ئۆگدۈلمىشكە يەنە مۇنداق دېدى:

— ئەي ئۆگدۈلمىش، ئەقىللىق، بىلىملىكلەر سېنى ماختايدۇ. ئەقىللىقنى ئىزدىگەنگە ئەقىلدە پۈتۈنسەن، بىلىملىكنى تىلىگەنگە بىلىمدە كامىلسەن، ئىشەنچلىك، ساداقەتمەن ھەم ھېلىمسەن. قولۇڭنى دۇرۇسلۇق ئۈچۈن ئىشلەتتىڭ، كۆرسەتكەن خىزمىتىڭ مېنىڭ ساڭا قىلغان ئېھسانىمدىن ئېشىپ كەتتى. سەن قىلمىغان ھېچقانداق خىزمەت قالمىدى. ئەمدى مەن ساڭا ياخشى

جاۋاب قايتۇرمىقىم لازىم، بەخىرامان ياشىشىڭ ئۈچۈن ھەققىڭنى ئۆتىمىكىم شەرت. ئەي ئوغلۇم، مېنىڭ كۆڭلۈم سەندىن قانداق سۆيۈنگەن بولسا، خۇدا ساڭىمۇ شۇنداق سۆيۈنچە بەرسۇن.

كۈنتۇغدى ئىلىگ سۆزىنى توختىتىپ، بىر دەم سۈكۈتتە تۇردى. ئۆگدۈلمىش ئورنىدىن تۇرۇپ، ئىلىگكە ئېگىلىپ خوشلاشقانلىقتىن بېشارەت بېرىپ، مەمنۇنىيەت بىلەن ئۇنىڭ قېشىدىن يېنىپ چىقتى. ئۇ سىرتقا چىقىپ ئېتىنى مىندى-دە، ئۆيىگە قايتىپ كەلدى.

* * *

ئۆگدۈلمىش تېخىمۇ غەيرەتلىنىپ ئىشقا كىرىشكەن ئىدى. ئۇ كېچە-كۈندۈز ئېغىشماي خىزمەتكە بېرىلىپ كەتتى. ئۇنىڭ نەتىجىلىك خىزمىتى ئۆزىگە بەخت ئىشىكىنى ئاچتى. ئۇنىڭ ئەقلى تېخىمۇ يورۇپ، بىلىمى قويۇقلاشتى، قولى ئۇزاردى، پەلەك چاقىمۇ ئۇنىڭ بېشىدا چۆرگىلىگىلى تۇردى. بەختى ئېچىلىپ كۈنلىرى قۇتلۇق بولغان، ئەلدە نام چىقىرىپ مەشھۇر ئاتالغان بىر كىشى: «بۇ دۆلەت كېلىپ كىمگە ياراشسا، ئۇنى كۆتۈرۈپ بېشىنى كۆككە تاقاشتۇرىدۇ. دۆلەت يۈز ئېچىپ مال-دۇنيا توپلانسا، كۆڭلى يايراپ مەڭزى قىزىرىدۇ» دېگەن. بىر ئاقسالنىڭ بۇ خۇسۇستا ئېيتقان يەنە بىر سۆزى يادىمدا، ئۇ: «بەخت قۇشى كىمنىڭ بېشىدا بولسا قولى ئۇزۇن بولىدۇ، ئەتۇر ئىشلىرى ئوڭغا تارتىپ، قىلغان سۆزلىرىمۇ دانىشمەنلىككە يۇرىدۇ. مال-دۇنياسى يوق پەيلاسوپ ھەر قانچە سۆزمەن بولسىمۇ تىلى كېكەچلىنىدۇ» دېگەن. دۇنيانىڭ قانۇنى شۇنداق ئىكەن، بۇ بىۋاپا دۇنيادا دۆلەتنىڭ شۆھرىتى شۇنداق زور ئىكەن. ئۇ دۆلەت بىر ئەسكىگە يۈزلەنسە، ئۇ يۈز تاپىدىكەن، كىچىككە كۆز باقسا بۈيۈكلۈككە يېتىدىكەن. دۆلەت كىمگە نېسىپ بولسا ئۇنىڭ ئىچى-تېشىنى

بېزەيدىكەن، بارچە ئىشلىرىنى تۈزەيدىكەن. دۆلەت كەلسە ئادەم پۈتۈن ئارزۇسىغا قانىدۇ، داڭقى چىقىپ، نامى دۇنياغا تارايدۇ. ئەگەر ئۇ قاچسا، جىمى بەرگىنىنى تارتىپ كېتىدۇ، كۆتۈرۈلگەن باشنى ئۇرۇپ يەرگە پاتۇرىدۇ.

ئەي ئويغاق، ئەقىل-ھوشى جايىدا ئەر، بۇ ۋاپاسىز دۇنيانى ئۈنچە سۆيمە، بالاغا مۇپتىلا بولىسەن. بۇ قاراڭغۇ زۇلمەت ئۆتكىنىڭ نېمە لازىمى؟! يورۇق، مەڭگۈلۈك ۋەتەنگە بالدۇرراق ھازىرلان، بۇ قونالغۇ دۇنيادىن كۆڭلۈڭنى ئۈز، يۈكسەك ئوردىلىق مەڭگۈلۈك ئەلنى تېپىپ، تىنچ-ئاسايىشلىققا ئېرىشىشىڭ كويىدا بول. ھەر ئىشتا كۆڭلى تۈزۈك بىر كىشى شۇنداق تەۋسىيە قىلغان: ئەي ھىممەت ئىگىسى، ھەقىقىي مەئىشەت دۇنياسىنى ئىزدە، ئۇنى ئىزدىگۈچى تولۇق بەختىنى تاپىدۇ. قوي بۇ ئۆتكۈنچى دۇنيانى، باقىي دۇنيانى ئىزدە. سەن بۇ دۇنيانى تاشلىمىساڭ، ئۇ سېنى تاشلايدۇ. بۇ جاپاكار دۇنياغا جاپا بىلەن تاقابىل تۇر. ئۇنىڭغا قانچە جاپا قىلساڭ ئاندىن ساڭا باقىدۇ. ئەي يولدىن ئازغان، بېشى قايغان كىشى، بۇ دۇنياغا كۆڭۈل باغلىما، ئۇ تۇۋى يوق پاتقاقلىققا ئوخشايدۇ. پاتقاقلىققا كىرگۈچى بارغانچە پېتىپ كېتىدۇ، شادلىققىمۇ ئېرىشەلمەيدۇ ھەم ئۇ پاتقاقلىقتىن قۇتۇلالمايدۇ، ئۆزۈڭنى ئۇ پاتقاقتىن نېرى تۇتساڭ قۇتۇلىسەن، قۇللۇقۇڭنى ئىبادەت بىلەن ئادا قىلساڭ نۇرلىنىسەن. ئەي يۈسۈپ، ئەمدى يۈزلىرىڭنى ئاللاغا قاراتقىن، تىلەكلىرىڭنى ئۇ بېرىدۇ. سۆزۈڭ تۈگەپ قالدى، تىلىڭنى كېيىنكى مەنىلەرگە قاراتقىن.

* * *

كۈنتۇغدى ئىلىگ بىلەن ئۆگدۈلمىشنىڭ شۇ قېتىمقى خاسىيەتلىك سۆھبىتىدىن كېيىن، ئىلىگ كۆڭلىنى تېخىمۇ

رۇسلاپ، خەلققە ياخشى قانۇنلارنى يۈرگۈزۈشكە باشلىدى، خەلق ئاسايىشلىققا چۆمدى، ئور ۇقلار سەمرىدى. ئۇنى ھىمايە قىلغانلار يۈكسەلدى، دۈشمەنلەشكەنلەر زەئىپلەشتى. خەلقنىڭ كۆڭلىرى شاد-خۇراملىق ۋە ئاسايىشلىقتا ئۆتۈشكە باشلىدى، ئىلىگنىڭ نام-شۆھرىتى ئالەمگە مەشھۇر بولدى. ئىلىگ شۇ يوسۇندا ياشاپ ئۆتمەكتە ئىدى. ئۇنىڭ ئېلىدە قوزا بىلەن بۆرە ئىناق ئۆتىدىغان زامان بولغان ئىدى.

*　　*　　*

كۈنتۇغدى ئىلىگ دۆلەتنىڭ ئىشلىرى بىلەن بەند بولۇپ، ئۆگدۈلمىش بىلەن سىرداشمىغىلى خېلى كۈنلەر بولغان ئىدى. بىر ئاز ئارامىغا چۈشكەن ئىلىگ بىر كۈنى ئۆزى يالغۇز ئولتۇرۇپ، ئۆگدۈلمىشنى ياد ئەتتى ۋە ئۇنى ھۇزۇرىغا چاقىرتقۇزدى. ئۆگدۈلمىش دەرھال كۈنتۇغدى ئىلىگنىڭ ھۇزۇرىغا ھازىر بولۇپ، قول باغلاپ سالام قىلدى. ئۇ ئىلىگدىن ھال-ئەھۋال سورىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئەمرىنى كۈتۈپ ئۆرە تۇردى. ئىلىگ ئۆگدۈلمىشتىن ئەل-يۇرتنىڭ ھالىنى سورىدى:

— كۈنلىرىڭ قانداق ئۆتۈۋاتىدۇ؟ ئەلدە كەمبەغەللەر كۆپمۇ، بايلارمۇ؟ ئەل ئىچىدە قانداق يارامسىز يامان ئىشلار بار، خەلقنىڭ ھال-ئەھۋالىنى ماڭا يوشۇرماي ئېيتقىن. خەلقنىڭ ئېغىزىدا قانداق گەپ-سۆزلەر بار، ماختاش كۆپمۇ ياكى سۆكۈشمۇ؟ ئەلنىڭ نەزىرىدە قۇسۇرۇم كۆپرەكمۇ، پەزىلەتلىرىممۇ؟ قېنى بۇلار ھەققىدە مېنى ۋاقىپلاندۇرغىن. سۆزلىرىڭگە قاراپ مۇناسىپ تەدبىرىنى كۆرەي.

— ئالىيلىرى، ئەل-يۇرت تىلەكلىرىگە ئېرىشتى، — دېدى ئۆگدۈلمىش ئەھۋالنى مەلۇم قىلىپ، — دۆلىتىڭىزدە جاھان تۈزەلدى، قايغۇ-ئەندىشىلەر قىسقىراپ، شاد-خۇراملىق ئۆزاردى،

خەلق بېيىپ خاتىرجەملىكتە ياشىماقتا. شەھەر-كەنتلەر كۆكلىنى زوقلاندۇرغىدەك بېزەندى. خەلقنىڭ كۆڭۈللىرى ھۇزۇر-ھالاۋەتتە، تۇنلىرى تىنچ-پاراغەتتە ئۆتمەكتە. بارچىنىڭ تىلىدا سېنىڭ ياخشى نامىڭ يادلانماقتا، نەپەس ئالغۇچىلار تىنىماي ساڭا دۇئا ياغدۇرماقتا. ئادالەتلىك قانۇن سۇغا ئوخشايدۇ. زۇلۇم — ئاپەت كەلتۈرگۈچى ئوتتۇر. ئاۋامغا سۆزۈك سۇلىرىڭنى ئېقىتتىڭ، شۇڭا زۇلۇم ئوتلىرى ئۆچتى. توغرا قانۇننى يولغا قويغانلىقىڭ ئۈچۈن جاھان تۈزەلدى. ئەمدى ئەلدە ھېچكىم زۇلۇم كۆرمەيدۇ. ئالىيلىرى، ئەلدە ئۈچ ئىشتىن زۇلۇم-زورلۇق تۈگۈلىدۇ. بىرى، بەگ غاپىل بولسا، ئىككىنچى، ئەلنى يېتەكلىگۈچى بوشاڭ بولسا، ئۈچىنچى، بەگ ئاچ كۆز بولسا. بۇنداق بەگ خەلقنىڭ جىگەر-باغرىنى يەيدۇ، ئەلگە ئاپەت ياغدۇرىدۇ. سەندە بۇ ئۈچ ئەيىبنىڭ بىرەرسىمۇ يوق تۇرسا، قانداق ئەر ئەلگە زورلۇق ئىشلىتەلەيدۇ؟! خۇدا ساڭا پەزىلەت بىلەن ئەقىل ۋە بىلىم ئاتا قىلدى، ياخشىلىق قىلىشتا تەۋپىقتا مۇيەسسەر بولدۇڭ. خەلقنىڭ قارنى توق، ئەگنى پۈتۈن بولدى. بۇنىڭ ئۈچۈن خۇداغا شۈكۈر ئېيتىپ سۆيۈنۈپ ئىبادەت قىل، بىر قانچە زامان ھۇزۇر-ھالاۋەت ئىچىدە شاد-خۇرام كۈل. سىرتتا قانداق يېڭىلىشىش، گۇناھ سادىر بولغۇدەك بولسا، مانا مەندەك يۈگۈر-يېتىم ئىشلىرىڭنى بېجىرگۈچى قۇلۇڭ ھەر قاچان تەييار.

— ئەي ئۇلۇغ رەھىملىك ئىگەم، — دەپ خۇداغا ھەمدۇسانا ئېيتىپ، شۈكۈرگە قول كۆتۈردى ئىلىگ، — مەن ئاجىز بەندەڭنى ئەل ئىچىدە بۈيۈك قىلدىڭ. ماڭا شۇنچە ياخشىلىقلارنى نېسىپ قىلدىڭ. بۇنىڭ شۈكۈرىنى ئادا قىلىش بويىنۇمدىكى ئېغىر قەرزدۇر، ئەمما بۇنى ئادا قىلىشقا قانداقمۇ قۇربىم يەتسۇن؟! شۈكۈرۈمنى ئۆتەشكە ئۆزۈڭلا قادىرسەن.

ئىلىگ يۈزىنى ئۆگدۈلمىشكە قارىتىپ ئۇنىڭغا بولغان مىننەتدارلىقىنى ئوچۇق كۆڭۈللۈك بىلەن مۇنداق ئىزھار قىلدى:

— ئەي ئۆگدۈلمىش ساڭا ئېرىشكەنلىكىم خۇدانىڭ ماڭا قىلغان ئەڭ چوڭ رەھمىتى، سەن پۈتۈن ياخشىلىقلىرىمغا، قانۇن تۇرغۇزۇشۇمغا، زوراۋانلىقنى تىندۇرۇشۇمغا سەۋەب بولدۇڭ. خۇدا ماڭا ياخشىلىقلارنى ئاتا قىلغان ئىدى، سېنى ماڭا بۇيرۇغانلىقى ئۇنىڭدىن ئون ھەسسە زىيادە مەرھەمىتى بولدى. بەگ ئۆزى يالغۇز ھەر قانچە تىرىشچانلىق كۆرسەتسىمۇ خىزمەتچىلىرى يار-يۆلەكتە بولمىسا، ئىشلىرى ئىلگىرى باسمايدۇ. بەگ پەقەت ئوردا ئىچىنىلا كۆزىتىپ تۇرالايدۇ. ئوردا سىرتىدىكى ئىشلارنى كۆرگۈچى سادىق قۇلىدۇركى، ئۇ بەگنىڭ كۆزى ھەم سۆزىدۇر. سەن مېنىڭ كۆزۈم، سۆزۈم ھەم قولۇمسەن، شۇڭا نامىممۇ ياخشى بولدى. دۇنيانى يېتەكلەپ، جاھاننى ئىدارە قىلغان خاقانلارنىڭ نېمە دېگەنلىكىگە قۇلاق سالغىن: بەگلەر ساداقەتمەن بىر خىزمەتچىگە ئېرىشسە، ئالتۇن-كۈمۈش بىلەن ئۇنى رازى قىلىپ تۇتقۇلۇق. بەگلەر ئىشەنچلىك، سەممىي، توغرا كىشىنى تاپالىسا، ئۆزى خاتىرجەملىككە ئېرىشىپ بەختلىك ياشايدۇ. خىزمەتچىلەرنىڭ سەرخىلى ساداقەتمەن بولىدۇ، ئۇنداق ساداقەتمەن خىزمەتچىنى كىممۇ تاپالايدۇ، دۇنيادا ئاشۇنداق سادىق كىشىلەر بولمىغاندا، كىشىلىك قانداقمۇ ئادىمىيلىك مەقامىغا يېتەلەيتتى؟ ئەي ئۆگدۈلمىش، بىر ئىشقا تولىمۇ ئەپسۇسلىنىشتا ئۆتمەكتىمەن. ئاتاڭدىن ماڭا سەنلا يالغۇز قالغانىدىڭ. ساڭا ئوخشاش يەنە بىرەرسى بولسا ئىدى، ئىلگىرى-كېيىن بولسىمۇ بۇ ئىزنى باسقان بولاتتى. ئەي ئۆز قىلىقلىق ئوغلۇم، سەن ماڭا يالغۇزلا، مۇبادا سېنى يوقىتىپ قويسام، يەنە بىرى نەدە. سېنىڭ يالغۇزلۇقۇڭدىن خىجىللىق ھېس قىلىمەن. يەنە بىر ھەمراھىڭ بولسا ئىدى كاشكى، جاپايىڭمۇ بىرئاز يەڭگىللىگەن بولاتتى، ماڭىمۇ دۇئادىن كۆپرەك ئۈلۈش تېگەتتى. سەن قېرىنداشلىرىڭ ئارىسىدىن ئىزدەپ باققىن، ساڭا ياندىشالايدىغان بىرەرسى چىقىپ قالسا ئەجەب ئەمەس.

— ئـەي ئىلىگ ئـاتـا، باش ئېسەن بـولسا بۇ ئىشقىمـۇ قولۇڭ يېتىپ قالار، — دەپ جاۋاب بەردى ئۆگدۈلمىش، — خاتىرجەملىك، ھۇزۇر-ھالاۋەت ئىچىـدە ئارزۇيۇڭغا قانغايسەن. مېنىڭ تارتقان جاپايىم ئۈچۈن كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلماي توق تۇتقىن. ماڭا جاپا يەتكەن بولسا راھەتمۇ كېلىدۇ. مېھنەت بىلەن راھەت ھەر دائىم ياندىشىپ يۈرىدۇ. خىيالىڭ ئەل ئىشىغا پايدىلىق يەنە بىرەر يارىدەمچى تېپىشتا بولسا، قېرىنداشىم ئارىسىدا سەن ئارزۇ قىلغاندەك بىلىملىك كىشىلەر ئاز ئەمەس. دېگەنلىـرىڭ ئورۇنلۇق، ئەل ئىشىدا پايدىلىق، زېرەك كىشىلەر كۆپرەك بولسا، بەگنىڭ ئىشلىرى تېخىمۇ روناق تاپىدۇ. شۇڭا دانا ھېكىملەر: «يارىدەمچىلىرىڭ ھەر قانچە كۆپ بولسىمۇ يەنىلا ئىزدە، شۇندىلا ئەل راۋاج تاپىدۇ، ئۆزۈڭمۇ خاتىـــرجەملىـــك تاپىـــسەن، كۆلۈپ-يايراپ يېتىپ يەيسەن» دېگەن. ئالىيلىرى، قېرىنداشلىرىم ئارىسىدا بىر تەقۋادار زات بار. ئۇ پەزىلەتتە ئۈستۈن، ئويغاق، ئۆزىنى ياخشىلىققا ئاتىغان، ئىش-ھەرىكىتى دۇرۇس كىشـى، ئىسمى ئودغۇرمىش. لېكىن، ئۇ بۇ دۇنيا مەئىشەتلىرىدىن يۈز ئۆرۈگەن، دۇنيا ئىشلىرىدىن كۆڭلىنى ئۈزۈپ، تاغنـى ماكان قىلغان. ئۇ گۇناھكارلىق كېسىلىنى ئىبادەت بىلەن شىپا تاپتۇرۇش ئۈچۈن، ئاللانىڭ ئىبادىتى بىلەن مۇشەققەت چەكمەكتە. ئۇ زات ئادەملەرنىڭ سەرخىلى، خەلقنىڭ ئالدىدۇركى، پەزىلەتتە مەندىن يۈز ھەسسە ئارتۇق تۇرىدۇ. ئۇ قېرىنداشىم مەن بىلەن بىرگە بولغان بولسا، ئۇنىڭ بىلىمى ھەممە ئىشقا باش بولغان بولاتتى. سېنىڭ كۆڭلۈڭمۇ تىنىپ، خاتىرجەملىك بىلەن ئەل باشقۇرغان بولاتتىڭ.

— ئەي ئۆگدۈلمىش، مېنىڭ ئارزۇ-تىلىكىممۇ دەل شۇ ئىدى، — دېدى ئىلىگ، — ئۇنىڭغا ئېرىشەلىسەم ھەقىقەتەن كۆڭلۈم ئارام تاپاتتى. قانداق ئامال قىلساڭ قىلـــىپ، ئۇ قېرىنداشىڭنى قېشىمغا كەلتۈرگىن. قېنى ئېيتقىن، ئۇنى بۇ

يەرگە قانداق چاقىرىشىم لازىم، ئۇنى دەۋەت قىلىشقا كىمنى ئەۋەتسەك بولار، نامە يېزىپ ئەۋەتمەك كېرەكمۇ ياكى گەپ ئېيتىپ بېرىش لايىقمۇ؟ قايسى مۇۋاپىق بولسا شۇنداق قىلايلى.

ئۆگدۈلمىش ئىلىگكە جاۋابەن مۇنداق دېدى:

— قېرىندىشىمنىڭ بارلىقىنى ئۆزۈم مەلۇم قىلدىم. سەن ئۇنى چاقىرىشقا ئىجازەت بەردىڭ، لېكىن كېلىش-كەلمەسلىكىگە بىر نېمە دېيەلمەيمەن. لەۋزىڭنى ئىلىك ئېلىپ كەلسىغۇ ياخشى گەپ، مۇبادا يارلىقىڭ ئېتىبارسىز قېلىپ كەلمەي قالسا رەنجىپ قالارسەنمۇ، ئۇ دۇرۇس كىشى بۇ ئىشنى مەندىن كۆرۈپ ئاغرىنىپ قالارمۇ، دەيمەن.

— مەن ساڭا كۆڭلۈمنى ئىزھار قىلدىم. سەن ئۆزۈڭنىڭ بىلىدىغانلىرىڭدىن مېنى خەۋەردار قىلدىڭ، — ئۆگدۈلمىشنىڭ كۆڭلى[illegible] ، تىندۇرۇشقا تىرىشتى ئىلىگ، — مەيلى قانداقلا بولسۇن چا[illegible]، كەلسە كېلە، ئەگەر سۆزۈمنى ئىلىك ئالماي كەلمەي قال[illegible]ىشقا ئەيىبكە بۇيرۇي؟! سەن ماڭا ئۇنىڭ پەزىلەتلىرىنىڭ تەرىپىنى قىلدىڭ. ئۇنىڭ بىلىملىك، ئەقىللىقلىقىنى، ھاۋايى-ھەۋەستىن خالىي كىشى ئىكەنلىكىنى ئېيتتىڭ. شۇڭا مەن ئۇنى خالاپ قالدىم. بىلىملىك، ئەقىللىق كىشىلەر ھەقىقىي كىشى ھېسابلىنىدۇ، ئۇلاردىن باشقىسى ھايۋان قاتارىدا سانىلىدۇ، ئىشنىمۇ ئەقىللىق، بىلىملىكلەر بىلەلەيدۇ. ئىشنىمۇ يەنە شۇ ئەقىللىق، بىلىملىكلەرنىڭ قولىدىن كېلىدۇ. ئۆتكەنكىلەرنىڭ مۇنۇ سۆزى شۇنىڭ ئۈچۈن ئېيتىلغانكى: «بىلىم ئال، ئەقىل تاپ. پاراسەت بىلەن ياشا، بىلىم بىلەن ئىش قىل. تىلىڭ توغرا بولسۇن، بارلىق چىگىش تۈگۈنلەر بىلىم بىلەن يېشىلىدۇ، ھەر دائىم ئۆگىنىش بىلەن بول، كۈنلىرىڭ بىكارغا ئۆتمىسۇن.» ئەي ئۆگدۈلمىش، ئۇنىڭ پايدىسى يالغۇزلا ماڭا بولمايدۇ، قېرىندىشىڭدىن ساڭىمۇ پايدا لەززىتى تېگىدۇ. قېرىنداشلىق بولۇش ئۈچۈن قېرىنداش لازىم. ئەگەر قېرىنداش بولمىسا

كىشىلەرنىڭ ئارىسىدىن دوست تېپىپ تۇتماق لازىم. شۇڭا ئىلچى كاتتىسى دېگەنكى: قېرىنداشلىق كىشىنىڭ كۈچى ھەممىدىن زور بولىدۇ. قېرىنداشلىق كىشىنىڭ نام-شۆھرىتىمۇ ئۈستۈن بولىدۇ. قېرىندىشىڭ بولمىسا ياخشى دوست تۇت، ياخشى دوستۇڭ بولسا قېرىنداشقا ئوخشاش.

— ئەي بەختلىك ئىلىگ، ھەقىقەتەن ئۇنىڭ كېلىشىنى ئۈمىد قىلساڭ، ئۇنىڭ ئامالىنى ئۆزۈم قىلاي، — دېدى ئۆگدۈلمىش، — يارلىق بەرگىن، ئۆزۈملا باراي، دەۋىتىڭنى ئۇنىڭغا يەتكۈزەي. ئەقىل-پاراسىتىمنى، بىلىمىمنى ئىشقا سېلىپ، تۈرلۈك ياخشى سۆزلەر بىلەن ئۇنى قايىل قىلىشقا تىرىشاي. سەن ئۆز قولۇڭ بىلەن نامە يېزىپ بەرگىن، ئۇ زات ئوقۇپ، ماڭا ئىشەنسۇن، بۇنى مېنىڭ خاھىشىمىكىن دەپ قالمىسۇن. مېنىڭ ھەر قانچە كاپىشىپ سۆزلىگىنىمدىن ئىلىگنىڭ يارلىقى پۈتۈلگەن نامە تېخىمۇ ئەۋزەلدۇر. «بەگنىڭ يارلىقى ئاۋامنىڭ دىلىنى ئوۋلايدۇ، بەگنىڭ سۆزى چىگىش تۈگۈنلەرنى ئوڭلايدۇ»، دېگەن گەپ بار. بەگلەر قوللىرىغا ئىللىق مۇئامىلىدە بولسا، قوللار بۇ ئىلتىپاتنى ئۆمۈر بويى ئۇنتۇمايدۇ. بەگلەرنىڭ تىلى يۇمشاق، چۈچۈك بولسا، ئۇنى خەلقنىڭ ئۇلۇغ-ئۇششاقلىرىنىڭ ھەممىسى سۆيىدۇ.

— ئىشنىڭ ئىلاجى شۇنداق بولىدىغانلا بولسا، مەن نامە يېزىپ بېرەي، خېتىم ئۇنى ئىندەككە كەلتۈرىدىغانلا بولسا مەيلى. ئەگەر سېنىڭ بېرىشىڭنىڭ زۆرۈرىيىتى بولسا، دەرھال ھازىرلىق كۆرگىن، — دەپ ئەمر قىلدى ئىلىگ.

# ئون ئالتىنچى باب

## كۈنتۇغدى ئىلىگنىڭ ئۇدغۇرمىشقا نامە يېزىپ ئەۋەتكەنلىكى

كۈنتۇغدى ئىلىگ ئۆگدۈلمىشنىڭ تەۋسىيىسى بىلەن دۇۋەت، قەغەز-قەلەم كەلتۈرگۈزۈپ، ئۆز ئىشىنىڭ غېمىدە ئۇدغۇرمىشقا نامە يازدى. نامىنىڭ مەزمۇنى مۇنداق ئىدى:

«سۆزۈمنى ئايىغۇچى ۋە كۆيۈنگۈچى ئاللانىڭ نامى بىلەن باشلايمەن. ئاللانىڭ نامى ھەر قانداق دەردنىڭ شىپالىق دورىسى. قۇدرىتى چەكسىز پەرۋەردىگارىمغا مىڭ مەرتىۋە مەدھىيىلەرنى ئوقۇيمەنكى، ئۇ ئۆز ئىرادىسى بويىچە بارلىق جانلىقلارنى ياراتتى، ئۇلارنىڭ ھاياتلىقى ئۈچۈن رىزىق بەردى. ئۇ ھەممىگە قادىر، ئۇنىڭ قانۇن-پەرمانىنىڭ قۇدرىتى بارلىق خەلققە يېتىدۇ. ئۇ زۇمرەتتەك ئاسماندا كۈن بىلەن ئاينى يورۇتۇپ، قارا تۈن، يورۇق كۈنلەر ھېسابىغا يىللار ۋە ئايلارنى تەرتىپلىدى. ئۇنىڭ ھۆكۈمى ۋە تەقدىرى بىلەن پەلەك چۆرگىلەيدۇ، مەۋجۇدات مىدىرلايدۇ. يارىتىشتىن بۇرۇنلا قازا-تەقدىرنى ياراتتى. قازاغا رىزا بول، بويۇن ئەگ. ئۇ نېمىنى ئىرادە قىلغان بولسا قىلدى، نېمە قىلىشنى خالىسا قىلالايدۇ. نېمىگە ئەمر قىلسا شۇنداق بولدى، نېمە دېسە شۇ بولىدۇ.

ئەمدى مەندىن ساڭا سالام، كۆڭلۈمنى ئىزھار قىلىش ئۈچۈن ساڭا نامە يازدىم. ئالدى بىلەن ئېسەنلىكىڭنى سورايمەن. زامانىنىڭ ئېغىر يۈكلىرىنى يۈدۈپ، تېنىڭ ساق-سالامەت ۋە ئامان-ئېسەن تۇرۇۋاتامسەن؟ مەن سېنىڭ دۇنيادا كەمدىن-كەم تېپىلىدىغان

ياخشى خۇلق، پەزىلەتلىرىڭدىن ۋاقىپ بولدۇم. خۇدا ساڭا مېھىر-شەپقەت قىلىپ، شۇنچە ئەقىل-پاراسەت ۋە بىلىم-پەزىلەت ئاتا قىپتۇ. ئەي گۈزەل چېھرىلىك دوستۇم، سېنىڭ بۇنداق ياخشى تەربىيەڭنى ئاڭلاپ، قەلبىمنى ساڭا ئېرىشىش ئارزۇسى ئىگىلىدى. شۇ ۋەجىدىن قېرىندىشىڭ ئۆگدۈلمىشنى قېشىڭغا ئەۋەتتىم، سۆزۈمنى يەتكۈزسە، ئوقۇپ بىلگەيسەن.

سەن يېقىن قوۋم-قېرىنداشلىرىڭنى تەرك ئېتىپ، ئەل-يۇرتتىن يۈزۈڭنى ئۆرۈپ، يالغۇز تاغقا چىقىۋېلىپ ئىبادەت بىلەن مەشغۇل بولۇۋېتىپسەن. قوۋم-قېرىنداشلار ساڭا نېمە قىلغان؟! ماڭا ئېيت، ئۇلاردىن نېمىشقا باش تارتتىڭ؟ زورلۇق-زومبۇلۇقتىن ئەلەم تارتقان بولساڭ، ماڭا كېلىپ ئېيتقىن. مەن ساڭا كۈچ ۋە ئادالەت بېرەي، خۇشال-خۇرام شادلىقتا ياشا. دوست-بۇرادەرلەر بىلەن بېرىش-كېلىش قىلىپ، ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈشۈپ ئۆتۈشنىڭ پايدىسى كۆپ. ئۇلار بىلەن ئىنساننىڭ كۆڭلى لەززەتكە تولىدۇ. شۇڭا شائىرلار: «قوڭغۇر يەر بىلەن يېشىل سۇ كېلىشىپ ياراشقانلىقى ئۈچۈن زېمىندا مىڭلىغان گۈل-چېچەكلەر كۆلۈپ ئېچىلىدى» دېگەن. قەيەردە ئىناقلىق ۋە يېقىنلىق بولسا، شۇ يەردىكى ئىشلار كۆڭۈلدىكىدەك بولىدۇ. دوست-بۇرادەرلەر يارىشىپ ئۆتۈشسە، بۇنىڭدىن دوستلار خۇرسەن بولىدۇ. ئەگەر تائەت-ئىبادەت ئۈچۈنلا تاغقا چىققان بولساڭ، دەرھال قايتىپ چۈشۈپ، ئىبادىتىڭنى شەھەردە قىلساڭمۇ ھەقىقىي دىن يولىنى تۇتقان بولىسەن. يېگانىلىقتا قىلغان ئىبادىتىڭ شەھەردە جامائەت بىلەن بىرگە قىلغان ئىبادىتىڭدەك خاسىيەتلىك بولمايدۇ.

ئىبادەتنى كامالىغا يەتكۈزۈش ئۈچۈن كۆپلەپ بىلىم ئۆگىنىشكە توغرا كېلىدۇ. چۈشەنسەڭ بىلىمسىزلىكتە قىلغان ئىبادەتنىڭ ھېچقانداق پايدىسى يوق. ئىككى تۈرلۈك ئادەم ھەقىقىي ئادەم ھېسابلىنىدۇ: بىرى، ئۆگەنگۈچى، يەنە بىرى، ئۆگەتكۈچى.

بۇنىڭدىن باشقىسىنى ھايۋان سانىساڭ بولىدۇ، قايسىسىغا تۇرساڭ ئىختىيارىڭ. قېنى ماڭا ئېيت، سەن قايسىسىغا تۇرسەن، مەيلى قايسىسىغا تۇرساڭ تۇر، ئۇچىنچىسىدىن يىراق بول. زور مۇشەققەت بىلەن ئىلىم تەھسىل قىلغان بولساڭ، ئەمدى ئۇنى ئەجىر بىلەن جايىدا ئىشلەتكىن. ئەگەر ئىلىمدە كەم تەرەپلىرىڭ بولسا، ئاۋۋال بىلىمىڭنى تولۇقلاپ، ئاندىن ئىبادەتكە قەدەم قوي. بىلىملىك، تائەتمەن ئۇستازلارنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى ئاڭلا: «ئاللانىڭ ئىبادىتىگە بىلىم بىلەن يارىغىن، بىلىم دوزاخنىڭ ئىشىكىنى پېچەتلىۋېتەلەيدۇ.» بىلىپ قىلغان ئىبادەتنىڭ ساۋابى ئۆرە، بىلىمسىزلىكتە قىلغان ئىبادەتتىن ساۋاب كۇتمە. نادانلىقتا قىلغان ئىبادەتتىن كۆرە، بىلىملىك ئادەمنىڭ ئۇخلىغىنى ئەۋزەل.

سەن «زاھىت» لىق نامىنى يۇدۇپ تاغقا چىقىپ، ئۆزۈڭنى تائەتكە غەرق قىلىپسەن. ئۇ يەردە قىلغان ئىبادىتىڭ بىلەن شەھەر-كەنتتە قىلغان ئىبادەتنىڭ يېرىم ساۋابىغىمۇ ئېرىشەلمەيسەن. چۈنكى، بۇ يەردە ئىبادەت دېگەن بەكمۇ تولا. ئۇ يەردە قىلىدىغان تائىتىڭ ناماز ئوقۇماق بىلەن روزا تۇتماق تايىنلىق، ئۇنىڭدىن باشقا تائىتىڭ بولسا قېنى ماڭا ئىزھار قىلىپ باققىن. ئەگەر شۇنىڭغىلا تەمەننا قويۇپ ئۆتىدىكەنسەن، ئوشۇق گەپنىڭ ھاجىتى يوقكى، بۇنداق ئىبادەت پۈتۈنلەي بوشقا كېتىدۇ. توغرا، ئىبادەت دېگەننى قانچىلىك قىلساڭمۇ يەنە ئازلىق قىلىدۇ، لېكىن تائەتنى يوشۇرۇن تۇتۇپ قىلغان تېخىمۇ ياخشى. ئادەمنىڭ ياخشىلىرى تائەت-ئىبادەتنى ئەلدىن يوشۇرۇنچە قىلىدۇ. ساڭا ئۆزۈمنىڭ يوشۇرۇن سىرىمنى ئاشكارىلىۋېتىدىغان بولدۇم. ھەي مەرد ئوغلان، مەرد ئەرلەر كىشىلەر ئارىسىدا ئۆزىنى يوشۇرىدۇ، يۈز يىل ئىبادەت قىلىپمۇ ئۇنى ئاز سانايدۇ. بۇ ياققا كەلگىن، بۇ يەردە قانچىلىك ئىبادەت قىلساڭ قىل، بۇ يەردە پۈتۈن ياخشىلىقلارنىڭ ئىشىكى ساڭا ئوچۇق. بۇ يەردە تۇل خوتۇن، يېتىم

ئوغۇللار، ئەما، پالەچ، مەجرۇھلار ناھايىتى كۆپ. ئۇلارنىڭ دەردىگە دەرمان بولۇپ، دىلىنى سۆيۈندۈرگىن. بىلسەڭ، پېقىرلەر ئۈچۈن جامائەت بىلەن بىرگە ئوقۇغان جۈمە نامىزى ھەج قىلغان بىلەن باراۋەر. قولۇڭدىن كەلسە، ھالالدىن مال-دۇنيا تېپىپ، يوقسۇللارغا ئۈلەشتۈرۈپ بەر، ئەلنىڭ يۆلەنچۈكى بولۇپ، قولىنى تۇتقىن، مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى تائەت ئەمەسمۇ؟ سەن بولساڭ شۇنچە ساۋابلىق ئىشلارنى قايرىپ قويۇپ، ئۆزۈڭ يالغۇز روزا-ناماز بىلەنلا ئۆتسەن. روزا-نامازلىرىڭ پەقەت ئۆزۈڭنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈندۇر. ئۆزىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈنلا ياشىغان ئادەمدە قەلب بولمايدۇ. مېھرىبان ياخشى كىشــى شۇنداق دۇرۇس ئېيتقان ئىكەن: «ھەقىقىي ياخشى ئادەم ئۆزىنىڭ مەنپەئەتىنى قايرىپ قويۇپ، باشقىلارنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن مۇشەققەت چېكىــدۇ.» گۈزەل قەلبلىك ئادەم يامانلارغا ياخشىلىق يولىنى ئېچىپ بەرمىكى لازىمدۇر، ياشىغان ئىكەن، ئەلگە نەپ بەرمىكى لازىم. ئەلگە پايدىسىز ئادەمنىڭ ياشىغىنىدىن ئۆلگىنى ئەۋزەل. خەلققە ھەقىقىي كۆيۈمچان، ياراملىق ئادەملەر كېرەك. ئادەم تائەتكىلا ئىشىنىپ يۈرىدىكەن، ھەرگىزمۇ ئاللانىڭ مەرھەمىتىــگە ئېرىشەلمەيدۇ. گەپنىڭ قىسقىسى، ئەگەر سەن خۇدانىڭ شەپقىتىگە ئېرىشىشنى ئارزۇ قىلساڭ، ئالدى بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ بەختىنى كۆزلە. بىلسەڭ، ئاللا ھەرگىزمۇ بەندىسىنىڭ ئىبادىتىگە موھتاج ئەمەس، ئۆزۈڭنىڭ بەندىلىكىڭنى ئادا قىلىپ، ياخشى نامغا ئىگە بولۇشنى ئىزدىگىنىڭ تۇزۇك. تائەت-بەندىلىكنىڭ قەرزى. بۇ قەرزنــى كۆڭۈل قويۇپ ئىبادەت قىلىــپ، ئۇلۇغنــى مۇستەھكەملەش ئارقىلىق ئادا قىل. بىلىملىك ئاقىل كىشىلەر: «تائەت-ئىبادەت بىلەن بول، تائەتلىك كىشى ئەزىز، لېكىن تائەتتە بولمۇۋاتىمەن دەپ تەمەننا قويۇپ، ئۆزۈڭنى ئۇنتۇپ قالما» دېگەن.

ھەي ئودغۇرمىش، سېنى چاقىرتسام، ئۆزىنىڭ مەنپەئەتىنى قوغلىشىۋاتىدۇ، دەپ قالما. ياق ئەلنىڭ مەنپەئىتــى ئۈچۈن

چاقىرىۋاتىمەن، بۇ تەلىپىمنى زورىغا ئىنكار قىلما، يېنىمغا كېلىپ ماڭا ياردەملەشكىن، مېنىڭ بىلەن پېقىرلەرنى يۆلىسەڭ ساۋابى ساڭا، ئاتاقلا ماڭا بولىدۇ. لەۋزىمنى يەپ قايتىپ يېنىمغا كەلسەڭ پايدىسى ئۆزۈڭگە، ئەگەر كەلمىسەڭ ماڭا ھېچقانداق زىيان بولمايدۇ. ياخشى ئەردىن ئادەم ياخشى يول تاپالايدۇ. مېنى دۇرۇس يولغا باشلاپ ياخشىلىققا ئېرىشكىن. سەن مېنىڭ ياخشى يول تۇتۇشۇمغا سەۋەبچى بولساڭ، ئاللامۇ ساڭا ياخشىلىق ئاتا قىلىدۇ. زور شۆھرەتكە ئىگە بولغان بىر تاجىك ئالىمى: ‹بەگنىڭ ياخشى ۋە ئادىل بولۇشى ئەلنىڭ بەخت-سائادىتىنىڭ ئاچقۇچى. ئۆزۈڭدىن كۆپرەك بېگىڭگە ياخشىلىق تىلىگىن. بەگنىڭ ياخشىلىقى ئەلنىڭ بەختى› دېگەن. خەلقنىڭ كۆڭلىرى ياخشى بولسا ئۆزگە بولىدۇ. بىراق بېگى ياخشى بولسا ئۇنىڭدىن خەلقنىڭ بەختى ئېچىلىدۇ. ‹كىشى› دېگەن نامغا مۇناسىپ ئادەم كىم؟ ئەلنىڭ يۈكىنى كۆتۈرۈپ، پايدا يەتكۈزگەن كىشى. ھەر قانداق ئىنسان بالىسى ياخشىلارنى سۆيىدۇ. نەدە ياخشىلىق بولسا مانا مەن ئۇنىڭ ماختىغۇچىسى. ھەقىقىي ياخشى ئادەم بولماق ئىستىكىدە بولساڭ، ئەلنىڭ غەمگۇزارى بولغىن.

كېيىممۇ توگىدى، قەلىمىمنىڭ سىياھىمۇ قۇرۇدى، قەلبىمدىكى گەپلەرنى توگەل ئېيتتىم. قالمىش گەپ-سۆزلەر بولسا قېرىندىشىڭ ئۆگدۇلمىشتىن ئاڭلىغايسەن.»

*　　*　　*

كۈنتۇغدى ئىلىگ ئودغۇرمىشقا ئاتاپ يازغان مەكتۇپىنى چىرايلىق ئوراپ مۆھۈرىنى باسقاندىن كېيىن، ئۆگدۇلمىشكە سۇندى ۋە يەنە:

— بارغاندىن كېيىن يەنە قانداق زۆرۈر گەپلەر بولسا ھەممىنى دەپ، ئۇنى قايتۇرۇپ كېلىش ئۈچۈن تىرىشقىن، ھەرگىزمۇ

قۇرۇق قول قايتىپ كەلگۈچى بولما. بىلىملىكلەر: ئەلچىلىككە زېرەك ئادەمنى تېپىپ ئىشىڭنى تاپشۇر دېگەن، بۇنى ئۇنتۇما. قالغان ئىش سېنىڭ ئىلكىڭدە قالدى. نېمە دېمەك لازىم بولسا شۇنى دېگىن، نېمە قىلماق لازىم بولسا شۇنى قىلغىن. قالغان ئىشنى ساڭا تاپشۇردۇم، — دەپ قاتتىق تاپىلىدى.

ئۆگدۈلمىش «ئىلەل»[1] دەپ ئەدەپ بىلەن ئىلىككە سالام بەجا كەلتۈرگەندىن كېيىن، نامىنى ئېلىپ ئورنىدىن چىقتى. ئۇ ئېتىنى مىنىپ ئۆيى تەرەپكە يۈزلەندى. ئۇ ئۆيىگە كېلىپ ئاتتىن چۈشتى ۋە ئاتنى مۇلازىم ئوغلانغا تۇتقۇزۇپ ئۆيىگە كىردى. ئەمەلدارلىق بەلۋېغىنى يېشىپ تونىنى سالدى. بۇ چاغدا قۇياش بېشىنى يەرگە قويۇپ، يورۇق دۇنيانىڭ مەڭزى قىزىللىققا چۆمگەن ئىدى. ساما بارا-بارا چېچىنى يورۇق يۈزىگە يېيىشقا باشلاپ، يەر يۈزىنى ئۇنىڭ گۈزەل زۇلپى قاپلىغىلى تۇردى. ئۆگدۈلمىش تەرەتتىن كېيىن خۇپتەن نامىزىنى ئوقۇۋېلىپ، تۆشەك سالدۇرۇپ ئۇيقۇغا باش قويدى. بىرئاز ئۇخلاپ چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتى. بېشىنى كۆتۈرۈپ قارا زەڭگى تۈن يۈزىنىڭ سۇزۇلۇشقا باشلىغانلىقىنى كۆردى. ئۇ دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ، تەرەت ئېلىپ، بامدات نامىزىنى ئوقۇدى. تەسۋى سېرىپ بىرئاز دۇئا-تەكبىر قىلغاندىن كېيىن تاڭ ئېتىشىنى كۈتتى. يېپەك قالقان بېشىنى كۆتۈرۈشى بىلەن گۈزەل رۇخسار كۈلگەندەك دۇنيا يورۇپ كەتتى. ئۆگدۈلمىش ئورنىدىن تۇرۇپ، مۇلازىم ئوغلانغا ئېتىنى ئىگەرلىتىپ، قېرىندىشى ئودغۇرمىش تامان ئالدىراپ يۈرۈپ كەتتى.

① ئىلەل — باش ئۈستىگە دېگەن مەنىدە.

# ئون يەتتىنچى باب

## ئۆگدۈلمىشنىڭ ئودغۇرمىشنىڭ قېشىغا دەۋەتكە بارغانلىقى

ئۆگدۈلمىش قېرىنداشى ئودغۇرمىشنىڭ تۇرۇشلۇق ماكانىغا يېقىن بېرىپ ئاتتىن چۈشتى. ئۇ ئاتنى يېتىلەپ ئودغۇرمىشنىڭ غار ئۆيىنىڭ ئىشىكى ئالدىغا كېلىپ ئاستا ئىشىكنى چەكتى، ئودغۇرمىش ئېتىكاپتا ئىدى. ئۇ ئىبادەتنى توختىتىپ، چىقىپ ئىشىكنى ئاچتى. قېرىنداشى ئۆگدۈلمىشنى كۆرۈپ ئىنتايىن خۇرسەن بولدى. ئىككى قېرىنداش قۇچاقلىشىپ يۈز-كۆزلىرىگە سۆيۈشۈپ كۆرۈشتى، ئېسەنلىك سوراشقاندىن كېيىن ئودغۇرمىش ئۆگدۈلمىشنىڭ قولىدىن تۇتۇپ ئىچكىرىگە باشلىدى.

ئودغۇرمىشنىڭ ئۆڭكۈر ئۆيى ئىنتايىن ئاددىي، بىراق ئازادە ۋە پاكىز ئىدى، غار ئۆيدە ھېچقانچە بىسات يوق ئىدى. بىر تەرەپتە تاشتىن ياسالغان كىچىك بىر سۇپا، سۇپىنىڭ ئۈستىگە ھايۋان تېرىلىرىدىن سېلىنجا سېلىنغان ئىدى. ئۆڭكۈرنىڭ تېمىغا ئويۇقلار ئويۇلۇپ، كىتابلار تىزىلغان. بەزى ئويۇقلاردا بىر-ئىككى ساپال تاۋاق بىلەن قازان-قومۇچ تۇراتتى. يامغۇر-يېغىندىن مۇداپىئەلىنىش ئۈچۈن غار ئېغىزىغا بىر ئىشىك ئورنىتىلغان ئىدى، ئىشىكنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى بىر قوزۇققا ئېسىپ قويۇلغان ھاسا ئۇنىڭ بىردىنبىر ئەڭ قىممەتلىك بىساتىدەك قىلاتتى. سول تەرەپتىكى تاشنىڭ ئۈستىدە تۇرغان ئىۋرىق ئۇنىڭ ئەڭ يېقىن ھەمراھىدەك بويۇن سوزۇپ تۇراتتى، تاش سۇپا ئېتىكاپگاھى ئىدى. بىر تەرىپىدە جايناماز، ئۈستىدە بىر تىزىق تەسۋى

تۈراتتى.
ئودغۇرمىش ئۆگدۈلمىشنى تاش سۇپىغا باشلىدى، ئۇلار يانمۇ يان ئولتۇرۇشتى. خېلى ۋاقىتقىچە ئودغۇرمىش ئۆگدۈلمىشنىڭ قولىنى قويۇپ بەرمەي ئولتۇردى. ئۇ قېرىندىشى بىلەن ساق-سالامەت كۆرۈشكەنلىكىدىن ئىنتايىن سۆيۈنۈپ، مۇنداق دىدارلىششقا مۇيەسسەر قىلغان تەڭرىگە مەدھىيىلەر ئېيتتى. ئۇزۇن يىل ئايرىلغان دىلكەش، كۆيۈمچان قېرىنداشلارنىڭ قايتىدىن كۆرۈشۈپ، جەم بولمىقى نېمىدېگەن خۇشاللىنارلىق ئىش-ھە! يېقىنلىق ئىزدىگەن كۆيۈمچان بىر قېرىنداش شۇڭا: «جۇدالىقتىن كېيىن سالامەت دىدارلىشمىش كىشىنىڭ غەم-قايغۇسىنى يەڭگىللىتىپ، شادلىقىنى ئاشۇرىدۇ» دەپ بىكار ئېيتمىغان-دە!

سالام-سائەتتىن كېيىن ئودغۇرمىش ئۆگدۈلمىشتىن باشقا قېرىنداشلىرىنىڭ ئەھۋالىنى سورىدى. ئۆگدۈلمىش ئۇلارنىڭ تىنچ-ئامانلىقىدىن خەۋەر بېرىپ، ئودغۇرمىشنىڭ كۆڭلىنى تىندۇردى.

— ئېيتقىنا، ساڭا نېمە ئىش بولۇپ بۇ تەرەپلەرگە كېلىپ قالدىڭ، — دەپ سورىدى دەسلەپ ئودغۇرمىش، — مەن سېنى ئەلگە ۋاپادار، بىلىملىك كۇنتۇغدى ئىلىگ بىلەن بىرگە دەپ ئاڭلىۋېدىم. نېمە سەۋەبتىن ئۇلارنى تاشلاپ، خەلقنىڭ بوينۇڭدىكى ئېغىر يۈكىنى يۇدۇپ بۇ تەرەپكە كەلدىڭ؟

— ھەي قەدىرلىك قېرىندىشىم، سېنى سېغىنىپ كۆرەي دەپ كەلدىم، — دېدى ئۆگدۈلمىش جاۋابەن، — قانداق دەرد-ھەسرەت تۈگۈنلىرىڭ بولسا يېشەي دېدىم. ئۇزۇن زامان بولۇپتۇ دىدارلىشىش نېسىپ بولمىدى، كۆرۈشۈشكە شۇنچە ئىنتىزار بولساممۇ پۇرسەت چىقمىدى. مانا بۈگۈن ۋاقتى-سائىتى كەپتۇ. خۇداغا شۈكۈر، ساق-سالامەت كۆرۈشتۇق. ئادەم ئامان-ئېسەن بولسىلا تىلىكىگە يېتەلەيدىكەن، تىرىكلىك تىلەك ئۈچۈن سەرمايە

بولىدىكەن. ئادەم ھاياتلا بولسا، ئايرىلىپ كەتكەنلەر قايتىدىن تېپىشىدىكەن. شۇڭا، ئادەم باشقا تىلەكلىرىگە يېتىش ئۈچۈن تىرىكلىك ۋە ئېسەنلىكنى تىلەش ياخشىكەن. مانا بۈگۈن خۇدايىم تىلىكىمگە يەتكۈزۈپ، ئېسەنلىك بىلەن سەن بىلەن كۆرۈشۈشكە نېسىپ قىلىپتۇ.

ئۆگدۈلمىش سۆزىنى توختىتىپ بىرئاز تۇردى. ئودغۇرمىش ئۇنىڭ كۆزىگە قاراپ، باشقا بىر مۇھىم گېپىنىڭ بارلىقىنى پەملىدى. ئۆگدۈلمىشمۇ قېرىندىشى بىلەن يۈز كۆرۈشكەنلىكىدىن قوزغالغان ھاياجىنىنى ئازراق بېسىۋالغاندىن كېيىن ئودغۇرمىشقا:

— يەنە بىر مۇھىم گېپىم بار ئىدى، ئېيتسام، كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلىساڭ، — دېدى.

# ئون سەككىزىنچى باب

## ئودغۇرمىش بىلەن ئۆگدۈلمىشنىڭ مۇنازىرە زۇلپىقارىنى چىقىرىشقانلىقى

ئودغۇرمىش ئۆگدۈلمىشنىڭ كېلىشىدىكى ئەسلى مۇددىئاسىنى ئۇقماق بولۇپ مۇنداق دەپ سورىدى:

— سۆزلىرىڭنى ئاڭلىدىم، مېنىڭ گېپىمنى ئاڭلاپ تۇر. يېقىنلىقىڭ ۋە ئەجرىڭ ئۈچۈن نام-ئاتىقىڭنى مىڭ ھەسسە ياخشى قىلسۇن. ئەمدى ماڭا جاۋاب بەر، يەنە بىر سۆزۈڭ نېمىكىن، قالدۇرماي ھەممىنى ماڭا ئېيتقىن.

— ئەي ئىلمى دېڭىزدەك ئۇلۇغ ئوغلان، سېنى كۆرۈپ كۆزلىرىم روشەنلەشتى. ئادەم ئۆز تىلىكى يولىدا قانچىلىك جاپا چەكسىمۇ بۇنداق جاپا كۆزگە كۆرۈنمەيدىكەن. شۇڭا كۆپ ئىشلارنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن كىشىلەر: «ئادەم قانداق ئىشقا ئۈمىدۋارلىق بىلەن قەدەم باسسا، بۇ ئارزۇ-ئۈمىد ھەر قەدەمدە ئۇنىڭغا يار-يۆلەك بولىدۇ، يىراق مۇساپىمۇ يېقىنلىشىدۇ، ۋىسالىغا يېتىپ، جان ئىگىسىنى تاپىدۇ» دېيىشكەن. سەن شەھەر-كەنتتىكى ئۇرۇق-تۇغقان، قوۋم-قېرىنداشلارنى تەرك ئېتىپ ئەلدىن تويۇپ، دوست-بۇرادەرسىز ئۆزۈڭ يالغۇز بۇ تاغدا ئېغىر يۈك يۈدۈپ رىيازەت چېكىۋاتىسەن، ئاچ-يالىڭاچ، دەرمانسىز ياشاۋاتىسەن. بۇ ئەھۋالىڭنى ئويلاپ تىلىمدا سېنىڭ زىكرىڭ، كاللامدا سېنىڭ قايغۇڭ. بۇرادەرلەرمۇ سېنى ئەسلەپ كۆپ قايغۇرۇشىدۇ، كۆرۈشكىسى كېلىپ كۆرۈشەلمەي دىللىرى ئۆرتىنىدۇ. ئويلاپ باققىن، ئادەم بۇ دۇنيادا يەككە-يېگانە ياشىيالىشى مۇمكىن ئەمەس.

ئادەم قېرىيدۇ، كېسەللىك تارتىدۇ. بۇلارنى ئويلاپ قايغۇ-ئەلەم ئىچىدە ئارامىمدا ئۇخلىيالمىدىم. ئەگەر بۇ ئازابلارنى ساڭىلا تارتىشقا بۇيرۇغانمۇ، دوزاخنى سەن ئۈچۈنلا ياراتقانمىدى، ئۆزۈڭنى نېمىشقا بۇنچە قىينايسەن؟ قانداق كۆڭۈل سىرلىرىڭ بولسا ماڭا ئېيتقىن.

— سۆزلىرىڭنى ئۇقتۇم، — دېدى ئۇدغۇرمىش جاۋاب بېرىپ، — ساڭا بۇنىڭ جاۋابىنى بېرەي، ئاڭلاپ تۇرغىن. قەلبىڭنى ماڭا تولۇق ئىزھار قىلىپ، كۆيۈمچانلىقىڭ ۋە قېرىنداشلىقىڭنىڭ ھەققىنى ئىپادىلىدىڭ. توغرا، قاياشنىڭ غېمىنى قاياش يېمىسە، يات كىشىلەر قانچىلىك غەم يەيتتى. بىراق بۇ يەر ئېتىقادىم ئۈچۈن، ئۆزۈم ئۈچۈنمۇ مۇناسىپ كۆرۈندى. شۇڭا، تەڭرىگە تائەت قىلىش ئۈچۈن قاياشلاردىن ئايرىلىپ ئۆزۈم يالغۇز بۇ يەرگە كەلدىم. بۇ دۇنيانىڭ ئىشىغا ئىلىنىپ قالغان ئادەم تائىتى بىلەن ئۇ دۇنيانىڭ ئىشىنى ئادا قىلىپ بولالمايدۇ. پۈتۈن خەلقنىڭ يۈزىگە ئىشىك ياپماي تۇرۇپ[①] ياراتقۇچى رەببىمگە تائەت قىلغىلى بولمايدۇ. تائەت-ئىبادەتنىڭ لەززىتىنى پەقەت ھاۋايى-ھەۋەس ۋە نەپسنىڭ بوينىنى سىققاندىلا ئاندىن تېتىيالايسەن. تەقۋادار كىشىلەر شۇڭا: «ھاۋا، نەپس دىنىنىڭ ئەڭ چوڭ دۈشمىنى، ئۇ بەندىلەرنى يولدىن ئازدۇرىدۇ. ھاۋاغا بېرىلگىنىم — مېنىڭ تۇتقۇنلۇقۇم، نەپسىم تەقەززاسىنىڭ قېنىشى — مېنىڭ قۇللۇقۇم. شۇڭا ئەقىلنى ھاۋاغا زالىم، بىلىمنى نەپسكە ھاكىم قىلماق لازىمدۇر» دېيىشكەن. مانا شۇ سەۋەبتىن قۇرۇق غەيۋەت-شىكايەتتىن پارىغ بولۇپ، كىشىلەردىن ئايرىلىپ بۇ يەردە تۇرۇۋېتىمەن. سەن مېنى يالغۇز تۇرۇۋاتىسەن دېدىڭ. ياق، ئاللانىڭ يادى ماڭا دائىم ھەمراھ، شۇنىڭ ئۆزى يېتەرلىك. يېقىن-يۇرۇقلۇرۇمدىن يىراق بولغانلىقىم، ئۇلارغا

① يۈزىگە ئىشىك ياپماق — كىشىلەردىن ئۆزىنى تارتماق دېگەن مەنىدە.

ئاچ-توقۇمنى بىلىندۇرمەسلىك. خەلقنىڭ كۆڭلى تولىمۇ نازۇك، ئالماق تەس. سۇنغان كۆڭۈلنى ئاللانىڭ ئەدلى بىلەن پۈتۈنلىگىلى بولىدۇ. گەرچە خەلق مەندىن پايدا-مەنپەئەت كۆرمىسىمۇ، لېكىن مەندىن ئۇلارغا زىيانمۇ تەگمەيدۇ. دۇنيادىكى ياخشىلىق، يامانلىق، پايدا-زىياننىڭ ھەممىسى ئاللانىڭ تەقدىرى بىلەن بولىدۇ. ئەرشتىن تارتىپ يەر قېتىغىچە بولغان بارلىق مەۋجۇدات خۇداغا موھتاج.

سەن مەندىن يالغۇز تائەتتىن نېمە پايدا دەپ سورىدىڭ. كىشىلەر ئارىسىدىكى پايدا-زىياننىڭ ھەممىسى ساڭا ئايانغۇ؟! تائەت دېگەن قۇللۇقنىڭ ھەققى. شۇڭا تاغقا چىقىپ كېچە-كۈندۈز ئىبادەت قىلىش ئۇچۇن ئادەمگە «بەندىلىك» ئاتىقى نەمۇنە بولغان. ئاللا بۇ قۇللۇقۇڭنى قوبۇل قىلسۇن-قىلمىسۇن، ئاللانىڭ زىكرى تىلىڭدىن چۈشمەسلىكى لازىمدۇر. مېنى يالغۇز دەيسەن، يالغۇزلۇقۇمدىن ماڭا ھېچ زىيان يوق، بۇنىڭ بىلەن تېنىم ۋە دىنىم ئېسەنلىككە ئېرىشتى تېخى. شۇڭا بىر بېيىتتا شۇنداق كەلگەن:

ئەي ماھىر كىشى، سەن يۈر تەنھا بولۇپ،
تۈتى سۆز ئۆگەندى ئۇ يالغۇز يۈرۈپ.
تائەتچى تائەت قىلسا يالغۇز ئەگەر،
بولۇر نە زىيانى ئۇ يالغۇز تۇرۇپ؟

ھەي قېرىندىشىم، كىشىلەر بىلەن بولغان سۆھبەتنى ماختايسەن، ئۇلارغا قانداقمۇ ئارىلاشقىلى بولسۇن؟ مانا كۆرمىدىڭمۇ، سەن يېنىمغا كەلگەندىن بېرى تائەتتىن قالدىم. بىر سەن بىلەن ئۇچراشقىنىم ئۇچۇنلا شۇنچە زىيانغا ئۇچراۋاتسام، ئەگەر ئەل-جامائەت ئىچىگە كىرسەم قانداقمۇ تائەتكە قولۇم تەگسۇن؟!

— سۆزلىرىڭنى ئاڭلىدىم، ئەمدى يۈز ئۆرۈمەي مېنىڭمۇ

سۆزۈمنى ئاڭلاپ باققىن، — دېدى ئۆگدۈلمىش جىددىي تەلەپپۇزدا، — دېگەن سۆزلىرىڭ قارىماققا ھەقىقەتتەك تۇرغىنى بىلەن، ئەمەلىيەتتە بىر باھانىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئەرلىك نامىم مەڭگۈلۈك بولسۇن دېگەن ئادەم ھايات چېغىدا ئەلگە نەپ يەتكۈزمىكى لازىمدۇر. ياخشىلىق دېگەن تىرىكلىكنىڭ بەلگىسى. ئەل ئۈچۈن تىرىكلىكىڭنىڭ ھېچقانداق نىشانى كۆرۈنمىسە، ھاياتلىقىڭدىن قانداق نىشان بولسۇن؟ ئۆي-ئوچاقلىق، بالا-چاقىلىق بولۇشمۇ ياخشى ئىش. ئەۋلادى يوق دېسە بىر ئەر ئۈچۈن تولىمۇ سەت ئىش. بۇ توغرىدا كىشىلەر: «ئۆيلىنىش دېگەن ئەۋلادنى ئەۋلادقا ئۇلاشنىڭ يولى. ئەر نەسىل-نەسەبسىز ئۆلسە، پۈتۈن ئەۋلادى قۇرۇيدۇ. بۇ دۇنيادا ئۇنىڭ نام-نىشانى قۇرۇق قالىدۇ. ئۆزىدىن ئەۋلاد قالدۇرالىغان كىشىنى ئۆلدى دېمەي، تىرىك ھېسابلىسا بولىدۇ. ئەۋلادسىز ئادەم ئۆلەر ۋاقتىدا ‹ھەي كېيىنكىلەر، ئەۋلاد قالدۇرۇڭلار› دەپ ئۆكۈنىدۇ» دېگەن.

— ھەي ئۆگدۈلمىش، دېگەنلىرىڭ ھەق، — دېدى بىر ئاز قايىل بولغان ئودغۇرمىش يەنىلا سەۋەب كۆرسىتىشكە تىرىشىپ، — لېكىن دېگەنلىرىڭنىڭ ئەكس تەرەپلىرىمۇ بار. دېگىنىڭدەك، ئوغۇل-قىزلىرىڭ يارامىلىق بولۇپ چىقسا، ئېيتقىنىڭدەك بولۇشىدا گەپ يوق. ئەگەر يارامسىز بولۇپ قالغۇدەك بولسا، سېنى قان يىغلىتىپ ئۆلتۈرۈشكە يارايدۇ، سەن ئۆلگەندىن كېيىن تېزلا ئۇنتۇيدۇ، تېخىمۇ يامىنى نامىڭنى بۇلغاپ، ئەلنىڭ قارغىشىغا مۇپتىلا قىلىدۇ، چوڭ-كىچىكنىڭ تىل-ھاقارىتىگە نىشان بولۇپ قالىسەن. ئوغۇل-قىز دېگەن بىر دۈشمەن، دۈشمەندىن ساڭا قانچىلىك يورۇق چۈشەر، ۋاقتى كەلسە ئۇ سېنىڭ زىيىنىڭغا گۇۋاھچى بولالايدۇ. بۇنداق دۈشمەندىن پارىغ بولۇپ ياشىغان ياخشى. توغرا سۆزلۈك، كۆڭلى دۇرۇس كىشىلەر: ئوغۇل-قىزلىق ئۈچۈن باغرىڭ سىيرىلىدۇ، بۇنى پەرزەنتلىك كىشىلەر ياخشى بىلىدۇ. كۆپ ئەجىر قىلىپ،

مۇكچىيىپ هارام مال توپلايسەن، سەن قان يىغلاپ بۇ دۇنيادىن كېتىسەن، هۇزۇرىنى ۋاپاسىز پەرزەنتلىرىڭ كۆرىدۇ. خوتۇن ئېلىشنى كېيىنگە چۈشۈپ دېڭىزغا كىرىش دەپ قارىساق، پەرزەنت تۇغۇلۇشى بىلەن بۇ كېمە پاچاقلىنىپ كېتىدۇ. ئۇ چاغدا كىممۇ دېڭىزدا هايات قالىدۇ؟ ئاتا-ئانا بولغانلارنىڭ هالىغا ۋاي، ئۇلارنىڭ يېمىكى زەهەردۇر. ئۇلار پەرزەنت غېمىدە پىــــلدەك مېهنەت يۇدۇگۈچىلەردۇر. لېكىن ۋاپاسىز پەرزەنت ئاتا-ئانىسىنىڭ نامىنى ئاتاپمۇ قويمايدۇ. بۇنداق يامان پەيلىــــك ناچار پەرزەنتلەردىن نېمىمۇ كۈتكۈلۈك؟!

سەن ئاداش، قولداش تۇتۇشۇمنى ئېيتتىڭ. بۇغۇ ياخشى، لېكىن بۇ يۈكنى يۈدۈمەكمۇ مۈشكۈل. بىلىملىك هېكىملەر بۇ هەقتە: هەي ئوغۇل، ئادەمنىڭ كۆڭلى خۇددى شېشىگە ئوخشاش بەك نازۇك، كۆزەتمەك مۈشكۈل، سۇنۇپ كەتمىـــــسۇن، بەك ئاۋايلا، دېگەن. تەجرىبە شۇكى، كۆڭۈل ئىسسىقتا ئېرىيدۇ، سوغۇقتا توڭلايدۇ. دوستۇڭنىڭ كۆڭۈل ئەينىكىنى سۇندۇرۇپ قويدۇڭمۇ، دەرهال دۈشمىنىڭگە ئايلىنىدۇ، دۈشمەن بار يەردە ئاداۋەت قايىنىمىغا كىرىسەن. دۈشمەنلىك ئادەمنىڭ كۆڭلى ئارامىدا بولمايدۇ، تۇرمۇشىمۇ ئارامخۇدا ئۆتمەيدۇ، هەر قەدەمدە سېنى مىڭلاپ زىيانغا پاتۇرۇش كويىدا بولىدۇ. شۇڭا، دۈشمىنىــــڭ قانچىلىك ئاز بولسىمۇ ئۇنى كۈچلۈك هېسابلا، كىچىك بولسىمۇ زىيىنىنىڭ زورلۇقىنى ئەستىن چىقارما. كۆرمىدىڭمۇ، چىۋىنمۇ پىلنىڭ چوڭ دۈشمىنى بولالايدۇ، چىۋىنمۇ پىلنىڭ جېنىــــغا تېگىۋېرىپ ئۇنى سەكرىتىۋېتىدۇ. دۈشمەن بىلەن ئۇرۇشۇپ ئۆمرى ئۆتكەن كىشىنىڭ نېمە دېگەنلىكىگە قۇلاق سال: دۈشمىنىڭنى كىچىك چاغلاپ بىخۇت بولما، ئۇنىڭدىن قورقمايمەن دەپ چوڭ گەپ قىلما. دۈشمىنىڭگە دۈشمەن بول، دوستۇڭغا دوست بول.

ئۆگدۈلمىش ئودغۇرمىشنىڭ يۇقىرىقى جاۋابىغا قارىتا يەنە سۆز تۇلپارىنى بەيگىگە سالدى:

— ھەي قېرىنداشىم، كۆڭۈل قويۇپ سۆزۈمنى ئاڭلا. ئاللا بۇ دۇنيانى بىلىپ ياراتتى، نېمەتلەرنى ھالاللاپ بەردى. ياخشى دوستلارنى تېپىپ ئۇلار بىلەن بىرگە ئۆتسە، دوستلار ياخشى ئىشلار ئۈچۈن قانات بولىدۇ. پايدىلىق دوستلارغا قوشۇلساڭ، باشقىلارغا بەرگەن نېپىڭنى ئۆزۈڭنىڭ پايدىسى دەپ بىلسەڭ بولىدۇ. يالغۇزلۇق ياۋايىلىقنىڭ بەلگىسى، يالغۇزلۇقتىن كىشىگە نېمە پايدا؟ ھەي مەرد قېرىنداشىم، يىگىت بولساڭ ئەلگە نەپ بەرمىكىڭ زۆرۈر، نەپسىز ئادەمنى ئۆلۈك ساناش لازىم. پايدىلىق ئادەم بول، تىرىك ئۆلۈك بولۇپ قالما. دوست-قولداشلىرى كۆپ ئادەمنىڭ نامى تارقىلىپ ئىشى ئىلگىرى باسىدۇ، بۇ دۇنيا، ئۇ دۇنيادا بولسۇن تىلىكىگە ئېرىشىدۇ. ھەقىقىي دوست بېشىڭغا كۈن چۈشكەندە ئۆزىنى پىدا قىلىدۇ، شادلىقىڭغا جور بولۇپ، كۆزۈڭنى نۇرلاندۇرىدۇ. ئۇ پەزىلىتىڭنى ماختاپ ئەلگە يايسا، ئەيىبىڭنى يوشۇرۇپ تىلىدىن تايىدۇ. دۈشمەن يەنە سېنى غەپلەتتىن ئويغاتقۇچى، پەزىلەت ۋە قۇسۇرۇڭنى تونۇتقۇچىدۇر. ئەرنىڭ دۈشمىنى بولمىسا، ئۇنىڭ مەردلىكى ۋە جاسارىتى قانداقمۇ نامايان بولسۇن؟! بىلگىنكى، كىمنىڭ مەردلىكى ۋە پەزىلىتى يۈكسەك بولسا، دۈشمىنىمۇ ھېسابسىز كۆپ بولىدۇ، ھەتتا ئېسىل نەسەبلىك، پاك كىشىلەرگە پۈتۈن ئەل دۈشمەن بولىدۇ. قارا، دۈشمەنلىك بولۇش ياخشىلىقنىڭ ئالامىتىدۇر. يامان، ئەسكى ئادەمنىڭ دۈشمىنىمۇ بولمايدۇ، چۈنكى ئۇلار ئۆلۈك ھېسابلىنىدۇ. ئۆلۈك بىلەن كىممۇ دۈشمەنلەشسۇن؟ كىم كۆپ دۈشمەنلىك بولسا، ئۇنى پەزىلەتتە باشقىلاردىن ئۈستۈن دەپ بىل. ئەرنىڭ نام-شۆھرىتى دۈشمەن بىلەن ئېلىشىش ئارقىلىق يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ. دۈشمەنسىز ئەر نام-نىشانسىز يەردە ياتىدۇ. پەزىلەتلىك ۋە دۈشمەنلىك ئەرلەرنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى ئاڭلا: «مىڭلاپ دۈشمىنى كۈنىگە مىڭ قېتىملاپ غەيۋىتىنى قىلمىغان ئادەمنى قانداقمۇ ئەر دېگىلى بولسۇن، قارا، مىڭلاپ ئىتلار

كەيىندىن ھاۋشىپ قوغلىسا، ئۇنىڭدىن قاچقان بۆرىنى بۆرە دېگىلى بولامدۇ؟»

سەن يەنە يالغۇز ئۆتسەم قۇرۇق گەپ-سۆز قىلىشتىن خالىي بولىدىكەنمەن، دەۋاتىسەن. سەن كىشىلەر ئارىسىدا بولمىساڭ، قېشىڭدا ئادەم بولمىسا كىمگە گەپ قىلىسەن؟ ھەقىقىي ئەركەك ئەل بىلەن بىرگە ياشاپ، تىلىنى ئوبدان كۆزىتىپ، تۆردىن ئورۇن ئالىدۇ، يىرىك سۆزگە سىلىق جاۋاب بېرىدۇ، ئاچچىق گەپكە تاتلىق جاۋاب قايتۇرىدۇ. ئۇ باشقىلارنىڭ يۈكىنى كۆتۈرىدۇ، كىشىلەرگە يۈك بولمايدۇ، جاپاغا ۋاپا قىلىدۇ. ئۆچ-ئاداۋەتلەرنى كۆڭلىدىن كۆتۈرۈۋېتىپ، دىلىدىكىنى تىلى بىلەن ئوچۇق ئېيتىدۇ. ياخشىلىق بىلەن داڭقى چىققان كىشىلەر: كىشىلەرگە يىرىك سۆزلىمە، يىرىك سۆز ئۇزۇن يىل دىلنى ئاغرىتىدۇ. ئەگەر بىركىم سېنى سۆكسە، سەن ئۇنى ماختا، ئۇ چاغدا كىشىلەر سېنى دانا، ئۇنى بولسا نادان دەيدۇ. يېقىن قاياشلار سەندىن يىراقلاشسا، سەن ئۇلارغا يېقىنلىق قىلىۋەر. زالىم ساڭا زۇلۇم قىلسىمۇ، دىنىڭ يولى ئۇچۇن ئۇنى كەچۈرگىن. دېدەك، قۇللۇرۇڭ گۇناھ قىلىپ قويسا، كەڭ قورساقلىق بىلەن ئۇلارنى كەچۈرۈپ، ساۋابىنى ئۆزۈڭگە ئوزۇق قىل. مەردلىك دېگەن مانا شۇنداق بولىدۇ: شۇنچە ئېغىر يۈكنى يۈدۈپ، سەۋر بىلەن ئۆلۈمنى كۈتىدىغان گەپ.

ئەي ياخشى خۇيلۇق قاياشىم، بۇ غارغا ئۆزۈڭ يالغۇز سولىنىۋېلىپ، قايسى ساۋاب-پايدىلارغا ئېرىشەلەيسەن؟! يا دۇنيا نېمەتلىرىدىن بەھرىمەن بولالمىساڭ، ئالتۇن-كۈمۈش، ئۇنچە-مەرۋايىتلارغا ئېرىشەلمىسەڭ، يا سېنىڭ ساراي، قەسىر، يەر-سۇلىرىڭ بولمىسا، يا سېنىڭ ئات-ئۇلاغ، قىز-ئوغۇللىرىڭ بولمىسا، يا ئەل-جامائەت ئىچىدە قولۇڭ ئۇزۇن بولمىسا، سەن زادى نېمىگە ئېرىشەلىدىڭ؟ پەقەت زاھىتلىق ئاتاق ئۇچۇنلا ئۆزۈڭنى شۇنچە چەكلەمسەن؟ بۇنىڭلىق بىلەن قايسى تەلۋە سېنى

زاھىت دەپ ئاتىيالايدۇ؟ چۈنكى ھەر قانچە قىلىپمۇ ھېچنەرسىگە ئېرىشەلمىگەن ئادەم ئامالسىزلىقتىن زاھىتلىق يولىنى ئىختىيار قىلىدۇ. بىلسەڭ بىلىمنى ھەقىقىي چىڭ باغلىغان زاھىت ھەممىگە ئېرىشەلەيدىغان، قولى ھەممىگە يېتىدىغان تۇرۇپ ئازغا قانائەت قىلىدۇ، شۇنچە كۆپ ئارزۇ-تىلەكلەرگە يەتكەن بولسىمۇ، مەردانىلىق بىلەن ئۇنىڭدىن كېچىپ، پېقىرلەرگە يېگۈزىدۇ، كىيگۈزىدۇ، كۆپ مال-مۈلۈككە ئېرىشكەن بولسىمۇ، ئۇنىڭغا كۆڭۈل بەرمەيدۇ، دۆلەت قولىدىن كەتسە قاپاق تۈرمەيدۇ. ھەممە تىلەكلىرى قانغاندىمۇ ئۆزىنى كۆزىتىپ، كۆڭلى-كۆكسىنى تۈز تۇتالىسا، قولى ھەممىگە يەتسىمۇ، ئىشنى ئۆزىنى تۇتۇپ قىلالىسا، بۇ تېخىمۇ مەردلىك بولىدۇ. يۇقىرىقى سۆزلىرىمنىڭ مەنىسىنى ئوبدان چۈشەنسەڭ، بۇ ساڭا تېخىمۇ ئۇيغۇن كېلىدۇ.

ئۆگدۈلمىش قېرىندىشى ئودغۇرمىشقا ھەرگىز يول قويمىدى. ئۆگدۈلمىشنىڭ قەتئىي پىكرىدىن ئودغۇرمىش ئۇنىڭ كېلىشىنىڭ پەقەت ئۆزىنى يوقلاش ئۈچۈن ئەمەس ئىكەنلىكىنى پەملىدى.

— نېمە دېسەم سۆزۈمگە رەددىيە بېرىپ مېنى رەت قىلىۋاتىسەن. ئوچۇق ئىزھار قىلغىن، زادى نېمە مەقسەت، قانداق نىيەت بىلەن يېنىمغا كەلدىڭ؟

— راست قېرىندىشىم، ئوچۇق ئېيتسام باشقا بىر مۇھىم ئىش بىلەن كەلدىم، — دېدى ئۆگدۈلمىش كېلىشتىكى ھەقىقىي مۇددىئاسىنى بايان قىلىپ، — كۈنتۇغدى ئىلىگ سېنىڭ تەرىپىڭنى ئاڭلاپ، ئۆزىنىڭ ساڭا تولىمۇ ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى بولغاي، مېنى ئەلچى قىلىپ قېشىڭغا ئەۋەتتى. ئۇ سەن بىلەن كۆرۈشۈشنى تولىمۇ ئارزۇ قىلىدۇ. شۇ ۋەجىدىن سېنى گەپ بىلەن ئېرىتىپ ئېلىپ كېلىش ھەققىدە ماڭا ئەمر قىلدى. قانداقلا بولسۇن، ئۇنىڭ ھۇزۇرىغا بېرىپ كۆرۈنۈش قىلمىقىڭ لازىم. كۈنتۇغدى خەلقپەرۋەر، پىداكار ياخشى سۇلتان. ئۇنىڭ بىلەن يۈز كۆرۈشكەن كىشى قۇتلۇق بولىدۇ، ھەر ئىككى

دۇنيادا بەخت يۈزىنى كۆرىدۇ. ئەلنى باشلاپ پاراسىتى يېتىلگەن ئەل كاتتىسىنىڭ نېمە دېگەنلىكىگە قۇلاق سال: ئېنىقكى، ئادالەتلىك خاقان بەخت-سائادەتتۇر، ئۇنىڭدىن ھەممە كىشىگە ئۈلۈش تېگىدۇ. قەيەردە ئادالەتلىك خاقاننىڭ نام-شۆھرىتى تارقالغان بولسا، ئەرنىڭ بەخت گۈلى شۇ يەردە ئېچىلىدۇ. ئادىل قانۇن ئاسماننىڭ تۈۋرۈكىگە ئوخشاش، قانۇن بۇزۇلسا ئاسمان ئۆرە تۇرالمايدۇ. بۇ ئالەمدە ئادالەتلىك، دانا خاقانلار بولمىغاندا، تەڭرى يەتتە قات ئاسماننى ۋە زېمىننى كۆمتۈرۈپ قىيامەتنى قايىم قىلغان بولاتتى. ئادالەتلىك شاھلار بىلەن كۆرۈشۈش ئادەمنى گۇناھىدىن پارىغ قىلىپ، سائادەت تاجىنى كىيدۈرىدۇ. سەنمۇ بىلىسەن، مەن دادام ئايتولدىدىن كىچىك قالغانىدىم. كۈنتۇغدى ئىلىگ مېنىڭ دۇرۇس ئادەم بولۇپ يېتىلىشىمگە سەۋەبچى ۋە يۆلەك بولدى. تەڭرىم ماڭا ئەقىل-ئىدراك بەردى، شاھىم بىلىم بېرىپ تەربىيىلىدى، شۇڭا ياخشى ئىشلارغا قولۇم يېتىدىغان بولدى. مانا، ئاللا ماڭا تەۋپىق بېرىپ ئەلنىڭ يۈكىنى يۈدۈشكە نېسىپ قىپتۇ. سەنمۇ مەن بىلەن بىرگە بولساڭ، ئىككىمىز قولنى قولغا تۇتۇشۇپ، تۈگۈنلەرنى بىرلىكتە يېشەتتۇق. خاقانىم شۇ ۋەجىدىن سېنى ئوردىغا دەۋەت قىلىپ مېنى ئەۋەتتى. ھەي قاپلاندەك باتۇر ئوغلان، مېنى يالغۇز، قۇرۇق قول يولغا سالمىغايسەن.

ئۆگدۈلمىش سۆزلىگەچ ئىلىگنىڭ مەكتۇپىنى يېنىدىن چىقىرىپ ئودغۇرمىشقا سۇندى ۋە:

— ئالىيلىرى ئۆز قولى بىلەن نامە يېزىپ ساڭا ئەۋەتتى، ئوقۇپ مەزمۇنىدىن ۋاقىپ بولغىن، — دېدى.

ئودغۇرمىش ئۆگدۈلمىشنىڭ كۆزىگە قاراپ، ئۆزىگە سۇنۇلغان مەكتۇپنى قولىغا ئالدى. ئۇ مەكتۇپتىكى خاننىڭ مۆھۈرىنى كۆردى ۋە بىرئاز ئويلىنىپ تۇرغاندىن كېيىن مەكتۇپنىڭ مۆھۈرلۈك پېچىتىنى ئېچىپ، خەتنى ئوقۇشقا باشلىدى.

ئودغۇرمىش مەكتۇپنى ئوقۇپ بولدى. مەكتۇپتىكى ياخشى تەۋسىيەلەر ھەم نەسىھەتلەر ئۇنى خېلى ۋاقىتقىچە ئويغا پاتۇردى. ئۇ بىر ھازادىن كېيىن سۆز ئاچتى:

— ئىلىگ بارلىق ياخشىلىقلارنى تىلغا ئېلىپ، مېنى يېنىغا قايتىپ بېرىشىمغا دەۋەت قىلىپتۇ. قارىسام ئۇنىڭ ئېيتقانلىرى مەن ئۇچۇن بۈيۈك تۇيۇلۇۋاتىدۇ. ماڭا مەسلىھەت بەرگىنە، مەن زادى قانداق قىلسام بولار؟

— ھەي ئودغۇرمىش، ئىلىگ ھەر قاچان نامىڭنى ئېغىزدىن چۈشۈرمەي يادلايدۇ، تىلىنى تەۋرەتسىلا سېنىڭ نامىڭ چىقىدۇ، سەن بىلەن بالدۇرراق دىدارلىشىش تەقەززاسىدا يولۇڭغا كۆز تىكىپ ئولتۇرۇپتۇ. ئادەم كىمنى سۆيسە ئۇنىڭ نامى تىلىدىن چۈشمەيدىكەن، ئۇنىڭ سىماسى كۆزىدىن كەتمەيدىكەن. سۆيۈملۈكنىڭ دىدارى كۆڭۈلنىڭ ئوزۇقى ئەمەسمۇ؟ شۇڭا ئاشىقلار: «كۆڭۈل كىمنى سۆيسە كۆز ئالدىدا شۇ، كۆزى نەگە باقسا نىگاھىدا شۇ، كۆڭلىدە قانداق تىلەكى بولسا، تىلىنى ئاچسىلا شۇ سۆز يادلىنىدۇ» دېيىشكەن، — دېدى ئۆگدۈلمىش.

— ھەي مەرد يىگىت، ئۇنداق بولسا ماڭا بىر توغرا مەسلىھەت بەرگىن، — دېدى ئودغۇرمىش يېنىشلاپ، — بۇنىڭغا نېمە ئىلاج قىلغۇلۇق. سەن مېنىڭ ئەڭ يېقىن قېرىندىشىم، قېرىنداشلىق ھەققى ئۇچۇن بىلىمىڭگە مۇناسىپ بىر يول كۆرسەتكىن. سەن مېنى قېرىنداش ياكى ئاداش دەپ بىل، سەن مېنىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك ھەم كۆيۈملۈك ئادىمىم. نېمە قىلىشىمنى ئېيتساڭ ساڭا ئىشىنىمەن.

— ھەي قۇتلۇق يۈز، بۇ مەسلىھەتنى مەندىن سورىمىغىن، — دېدى ئۆگدۈلمىش، — مەن قېشىڭغا ئىلىگنىڭ ئىلتىماسى بىلەن كەلدىم. ماڭا مەسلىھەت سالساڭ بارايلى دېگەندىن باشقا ھېچقانداق مەسلىھەت بېرەلمەيمەن. سەن بىلەن بىرگە ئەلنىڭ خىزمىتىنى قىلسام ماڭىمۇ پايدا. چىگىل

قەبىلىسىدىكى بىر ئالىم: «ئۆزىنىڭ مەنپەئىتىگە چوغ تارتىدىغان ئادەمنىڭ بەرگەن مەسلىھەتىدىن نەپ تەگمەيدۇ» دېگەن. شۇڭا، مەسلىھەت سالساڭ ئۆزىنىڭ مەنپەئەتىنى كۆزلىمەيدىغان لىللا دوستلىرىڭغا سال. چۈنكى ئۆزىنى ئويلايدىغانلار نەپس ئۈچۈن يارامىلىقنى قەستەن يارامسىز دەپ مەسلىھەت بېرىدۇ. ھەر قانداق ئىشتا كېڭەش سالغان ياخشى، لېكىن يەنىلا ئۆزىنىڭ كۆڭۈل خاھىشى بويىچە ئىش تۇتقان تۈزۈك. ھېچقانداق ئادەم ئۆزىگە ئۆزىدەك كۆيۈملۈك ۋە ئىشەنچلىك بولمايدۇ، يەنە باشقا گەپنىڭ نېمە كېرىكى. بۇ ئىشتا ماڭا كېڭەش سالماي، ئۆزۈڭ ئويدان ئويلاپ بىر قارارغا كەلگىن. ئاللا بىلىپ تۇرۇپتۇ، مەن ساڭا كۆڭلۈمدىكى توغرا گەپلەرنى دېدىم. بۇ يەردە ئېرىشىش مۇمكىن بولمايدىغان ساۋابلىق ئىشلارنىڭ بارىنى سۆزلىدىم، بۇ ئىشلارنى ساڭا ياخشىلىق تىلەپ قىلىۋاتىمەن. شۇنچە يەردىن سېنى ئالغىلى كەلدىم، مەسلىھەتىم شۇكى، ئورنۇڭدىن تۇرۇپ، مەن بىلەن بىرگە قايتىپ كەتكىن، — ئۆگدۈلمىش بىر تىنىۋېلىپ، سۆزىنى مۇنداق خۇلاسىلىدى، — خۇلقۇڭ ياخشى، دىلىڭ ۋە تىلىڭ توغرا بولسا، قەيەردە بولساڭ بەختلىك ياشىيالايسەن. بىر بېيىتتا مۇنداق كەلگەن:

قەيەردە يۈرسەڭ يۈر، لېكىن ياخشى بول،
نەسەبكە ئەمەس، بۆل ياخشىغا كۆڭۈل.

ئادەمنىڭ ياخشىلىرى قەيەردە ياشىسۇن ئۆزىنى ئۇنتۇمايدۇ، باشقىلارنىڭ ئەيىبىنى كۆرمەي، ئۆزىنىڭ ئەيىبىنى كۆرىدۇ، ياخشى يول ئىزدەيدۇ، ياخشىلىق تىلەيدۇ، ياخشىلىقنىڭ بەدىلىگە ياخشىلىققا ئېرىشىدۇ. يامانلىققا قېتىلماي، ياخشىلىق يولىنى تۇتقان ئادەم نەدە يۈرسە قورقۇشنىڭ ھاجىتى يوق.

## ئون تۇققۇزىنچى باب

# ئودغۇرمىشنىڭ ئۆگدۈلمىشكە بۇ دۇنيانىڭ ئەيىبلىرىنى بايان قىلغانلىقى

ئودغۇرمىش ئۆز-ئۆزى بىلەن كېڭەشتى. روھىي دۇنياسىدىكى مۇرەككەپ توقۇنۇشلارنىڭ تۈگۈنىنى يەشكەندەك بولدى. ئۇ بىر قارارغا كەلگەندەك ئۆگدۈلمىشكە بۇ دۇنيانىڭ ئەيىب-نۇقسانلىرىنى بايان قىلدى.

— مەن سېنىڭ گەپلىرىڭنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلىدىم، ئۆز كاللام بىلەن كېڭەشتىم. ئەمدى مېنىڭ سۆزۈمنى زېھىن قويۇپ ئاڭلا، — دەپ سۆزىنى باشلىدى ئۇ، — بۇ دۇنيا سېنى ئۆزىگە جەلپ قىلىۋاپتۇ. شۇڭا پۈتۈن ئەيىب-نۇقسانلىرى ساڭا پەزىلەت بولۇپ كۆرۈنۈپتۇ، بۇنىڭغا ئەجەبلەنمەيمەن. بىر مەسىلدە: كۆڭۈلدە نېمە بولسا ئەيىبى كۆزگە كۆرۈنمەس، دېيىلگەن. سۆيگۈگە مۇپتىلا ئاشىقلار: ئاشىقى ئۈچۈن مەشۇقىنىڭ ئەيىبلىرى ئاجايىپ گۈزەل پەزىلەت كۆرۈنىدۇ، دېيىشكەن. سەن بۇ دۇنيانى شۇنچە ماختاۋاتىسەن، مەن ساڭا ئەيىبلىرىنى ئېيتىپ بېرەي.

ئادەم ئاتا ئاللانىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلىپ، بۇغداينى يەپ قويۇپ، چوڭ گۇناھ سادىر قىلدى. شۇڭا ئاللا ئىگەم ئۇنى جازالاپ، بۇ دۇنيانى ئۇنىڭغا زىندان ۋە گۇناھىدىن پاكلىنىش ئۆيى قىلغان. سەن بۇ زىنداندىن نېمىگە ئېرىشىسەن، ھەقىقىي نىجاتلىق ئارزۇسى جەننەتتە قانىدۇ. شەيتان ياخشى كۆرىدىغان نەرسىنى ئاللا يامان كۆرىدۇ، ئاللا قوغلىغاننى شەيتان تېخىمۇ بەتتەر ياخشى كۆرىدۇ. خۇدا ئۆزى تاللىغان بەندىلىرىگە دۇنيا ئاتا قىلماي،

يولىنى پاك قىلىپ بېرىدۇ. دۇنيا لەززىتىگە بېرىلىش ياخشى يول ئەمەس. ئۇ ئاللادىن يىراقلاشتۇرىدىغان ئاپەتتۇر. ئۆزىنى «خۇدامەن» دەپ دەۋا قىلغۇچى نەمرۇت لەنەتكە مۇپتىلا بولدى، دۇنيا ۋەسۋەسىسىدە ئىتقا ئوخشاش خار بولدى. بايلىق دېگەن ئادەمنى ئەل ئىچىدە كىبىرلىك بالاسىغا مۇپتىلا قىلىدۇ. نامراتلىق بىلەن كىشى مۇلايىم بولىدۇ. بۇ دۇنياغا يالىڭاچ كېلىپ يالىڭاچ كېتىدىغان كىشى ھامىنى قالىدىغان مال-دۇنيانى توپلاشنىڭ نېمە ھاجىتى، ھەي ئۆلۈم ئېتىنى مىنگۈچى، ئىككى كۈنلۈك قونالغۇغا نېمىشقا شۇنچە ئالدىنىسەن؟ بىلىسەن، تىرىكلىك ئۆلۈمگە تۇرغان، ئۇ پەقەت ۋاقىت-سائەتنىلا كۈتىدۇ. ئادەم بىر ئىشىكتىن كېلىپ، يەنە بىر ئىشىكتە بارىدۇ. ئۆلۈم ئىشىكىگە كىرمەيدىغان ئادەم يوق. ئىككى كۈنلۈك ھالاۋەت ئۈچۈن ئۆزۈڭنى زورلاپ ئوتتا پۇچىلىما. بۇ ۋاپاسىز دۇنيادا بەخت چاقى ئايلىنىپ تۇرىدۇ. ئۇ نېمە بەرگەن بولسا يەنە قايتۇرۇۋالىدۇ. ئۇ خان ۋە قۇل دەپ ئايرىمايدۇ، ياخشى-ياماننى ھەم پەرق ئەتمەيدۇ. قاراپ باق، بىرنى بەگ قىلىپ، ئارقىدىن يەنە بىرىنى ئۇنىڭ ئورنىغا بەگ قىلىش كويىدا بولىدۇ. دۇنيا دېگەن كۆلەڭگىگە ئوخشاش قوغلىساڭ قاچىدۇ، قاچساڭ قوغلايدۇ. مال-دۇنيا دىنىنىڭ دۈشمىنى، ئۇ دىنىڭنى يۇتۇۋېلىش كويىدىلا بولىدۇ. ئۇ چىرايلىق بېزەنگەن كېلىنگە ئوخشاش يۈرىكىڭنى ئوينىتىۋېتىدۇ. كۆڭلۈڭنى بەرگەندىن كېيىنلا كۆرۈمسىز قېرىغا ئايلىنىپ، كۆندە ياقاڭ بىلەن يېڭىڭگە ئېسىلىپ، ئىلەڭگۈچ ئۇچۇپ ئارامىڭدا قويمايدۇ. ئۇ تۇراقسىزلىقى، ۋاپاسىزلىقى بىلەن ئېرىنىڭ قولىدا ئۈچ ئايمۇ تۇرمىغان خوتۇنغا ئوخشايدۇ. شۇڭا كىم ئۇنىڭغا كۆڭۈل بېرىدىكەن، قىممەتلىك ھاياتىنى بىھۇدە سەرپ قىلىدۇ. ھاياتلىقنىڭ ھەر بىر كۈنى ۋە ھەر بىر تىنىقى شۇنچىلىك قىممەتلىك ئىكەنكى، ئۇنى ئەھمىيەتسىز، مەنىسىز ئىشلارغا سەرپ قىلىپ ناپۇت قىلىشقا بولمايدۇ. تىرىكلىك ياخشىلىقنىڭ

سەرمايىسى، سەرمايىنى جايىدا ئىشلىتىش لازىم. دۇنيا مېلى ھالال، ھارام، مەكرۇھ دەپ ئۈچكە بۆلۈنىدۇ، ھەممىسىنىڭ ھېسابى بولىدۇ. شۇڭا، ھارام بىلەن مەكرۇھنىڭ ئازابىدىن قورقىش. دۇنيا كىمنى سۆيۈندۈرگەن بولسا، ئارقىدىن قوغلايدۇ، مەئىشەت بىلەن خۇرسەن قىلىپ قويۇپ، ئارقىدىن تاشلىۋېتىدۇ. ئالدىدا نازۇنېمەت بىلەن سەمرىتىپ، ئارقىدىن يەنە قايغۇ-ئەلەم بىلەن جۇدىتىدۇ. خۇشاللىق بىلەن غەم-قايغۇ ئۆزئارا ئالمىشىپ تۇرىدۇ. ئۈچى نېمەت بولسا، تۆۋى مېھنەت، بېشى مېھنەت بولسا، ئاخىرى نېمەت بولىدۇ. سەگەك تەقۋادارلار شۇڭا: دۇنيادىن يىراق تۇرغىن، ئۇ ساڭا كۈلپەت ئېلىپ كېلىدۇ، دېگەن. بايلىق ئەمەلىيەتتە گادايلىقنىڭ بەلگىسى، ساڭا كىم پېقىر بولسا شۇنى باي دەپ بىل. بۇ ئالەمدە كىم سېنى شىلىۋالغان بولسا، قارا يەر قېتىغا كىرگەندە سەنمۇ ئۇنىڭ گۆشىنى يەپ ئۆچۈڭنى ئالىسەن. بىلگىنكى، تۈزىگەن نەرسىلىرىڭ بۇزۇلغۇسى، يىغقانلىرىڭ چېچىلغۇسى. سەگەك بول، بۇ دۇنيا ئۆتۈپ كېتىپ، ئۇ دۇنيا يېقىنلاپ كېلىدۇ. كېتىدىغىنى كۈنسېرى سەندىن يىراقلاشسا، كېلىدىغىنى تېز ئارىدىلا ساڭا يېقىنلىشىدۇ. بىلىملىك، ئەقىللىق ئادەم ھەرگىزمۇ ئۆتۈپ كېتىدىغان تۇراقسىزغا كۆڭۈل بەرمەيدۇ، بەلكى كېلىدىغىنىنى كۈتۈپ ھازىرلىنىدۇ. ئۆلۈشنى بىلىدىغان ۋە ئۆلۈمنى كۆرگەن ئادەم ھەرگىزمۇ ئۆزىگە تەمەننا قويۇپ، ئۆزىنى ئالدىمايدۇ. يولۇچى دېگەن يولدا ئۆي سېلىپ ئولتۇرمايدۇ، كۆچۈپ كېتىدىغان ئادەم ئۆيىدە مال ساقلىمايدۇ. سەن دېگەن مېھمان، دۇنيا دېگەن قونالغۇ. مېھمان بولغۇچى مەڭگۇ تۇرىمەن دەپ ئويلىماسلىقى لازىم. شۇڭا، بۇ دۇنيا ئۆلىنىڭ مۇستەھكەم ئەمەسلىكىنى بىلگەن زاھىت دۇنيانى تەرك ئەتتى، دەرۋىشمۇ پۈتۈن مال-مۈلكىنى بەدەل قىلدى. دۇنيا مېلى تۇزاققا چېچىلغان كۆرۈنمەس دانىغا ئوخشايدۇ، ئۇ گۈزەل ياسانغان كېلىندەك كۆڭۈلنى ئوۋلايدۇ. غاپىل ئىنسان ھېرىسمەنلىك بالاسىدىن ئۇ

تۇزاقتا ئۆزىنى ئۇرۇپ، شۇنداق تېگىدۇ-دە، پاچىقىدىن ئىلىنىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن قارىساڭ، ئالەمدىكى بارلىق نازۇنېمەتلەرنى توپلاپ، مىڭ يىل ھالاۋەت ئىچىدە ياشىساڭمۇ نېمە پايدىسى، ئاخىرى يەنىلا قارا يەرنىڭ قېتىغا كىرىدىغان ئىش ئىكەنغۇ؟! ئۆتكەن كۈنلىرىڭ چۈشكە ئوخشايدۇ. ھاياتلىقىڭدا نېمە ئىش قىلغان بولساڭ، شۇنىڭغا مۇناسىپ جاۋاب قايتۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ، يىل، ئايلار قىلمىشلىرىڭغا گۇۋاھ بولىدۇ، ئۇ چاغدا ھەر قانچە ئۆكۈنسەڭمۇ پايدىسى يوق.

ئودغۇرمىش پىكىرلىرىنى يەنە مۇنداق ئۈچ ئىش بىلەن دەلىللەشكە تىرىشىپ، تۆۋەندىكىدەك ئاساسلارنى قويىدى:

— بۇ دۇنيانىڭ لەززىتى مۇنۇ ئۈچ نەرسىگە باغلانغان. بىرى، يېمەك-ئىچمەك لەززىتى، يەنە بىرى، ھەقىقىي سۆيگەن خوتۇن لەززىتى، ئۈچىنچىسى، سالامەتلىك لەززىتى. بۇلارنىڭ ئىچىدە سالامەتلىك لەززىتى ھەممىدىن مۇھىم. دۇنيانىڭ باشقا شادلىقلىرى بۇلارنىڭ ئورنىنى باسالمايدۇ. بىراق، بۇ ئۈچ تۈرلۈك لەززەتنىڭ جاپاسىمۇ باراۋەر تۇرىدۇ. يېمەك-ئىچمەكنىڭ لەززىتى قۇسقان چاغدىكى جاپاسىغا ئەرزىمەيدۇ. تائامنىڭ لەززىتى پەقەت ئۈچلۈك گالدىلا بىلىنىدۇ، تۆۋەنگە چۈشسە قارنىڭنى تويغۇزىدۇ، خالاس. ئەگەر تاماق سىڭمىسە مىزاجىڭنى بۇزىدۇ، مىزاجىڭنىڭ بۇزۇلۇشى كېسەلگە گىرىپتار قىلىدۇ. كېسەل دېگەن ئۆلۈمگە تۇتۇپ بەرگۈچىدۇر. ھەي سالامەت ئوغۇل، ئۆلۈمدىن لەززەت كۆرمەيسەن. خوتۇن سۆھبىتى توغرىسىدا گەپ قىلساق، ئۇ ھەقىقەتەن لەززەتلىك، ئۇنىڭ مېھنىتى سوغوق سۇغا چۈشمەك. بولۇپمۇ ئوغۇل-قىزنىڭ يۈكىنى يۈدۈمەك بەك ئېغىر مۇشەققەتتۇر. خوتۇن ۋە پەرزەنتلەر ئەرنىڭ كۈچ-قۇدرىتىنى خورىتىدۇ. خوتۇن سۆھبىتى ئەرلىك ئوتىنى سائەتمۇسائەت ئۆچۈرۈش ئۈچۈندۇر. كۆردۈڭكى، نەدە تاتلىق بولسا ئاچچىقمۇ ھەمراھ، چۈچۈكى بار يەردە ئاچچىقمۇ تەييار. ئەگەر ئۇلارنى

ھاياتلىقنىڭ ھۇزۇرى دەپ قارايدىغان بولساق، بۇ دۇنيانى مۇشەققەت يولى دېمەك لازىمدۇر. مېنىڭچە بۇ شېرىن تىرىكلىكىمنى ئاخىرى ئاچچىق ئۆلۈم بەتتەم قىلىدۇ ئەمەسمۇ.

بۇ ھاياتلىقتا يەنە مۇنۇ ئۈچ دۈشمەندىن ھوشيار بولۇپ ياشىغۇلۇق. بىرى، مال-دۇنيا دۈشمىنى، يەنە بىرى، نەپس دۈشمىنى، ئۈچىنچىسى، دىن ئوغرىسى — شەيتان. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ قەبىھ دۈشمەن نەپس دۈشمىنى. ئاللا ئىگەم ئۇلارنىڭ زىيانكەشلىكىدىن ساقلىغاي. خۇدانىڭ نامىنى ئاتاپ شەيتاننى قاچۇرغىلى بولىدۇ. مال -دۇنيادىن ۋاز كېچىپ ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇش مۇمكىن، لېكىن نەپس بالاسىدىن ئۆلگۈچە قۇتۇلغىلى بولمايدۇ. بىلىملىك دانالار شۇڭا: جان-تەن بالاسى مېنى ھەممە موھتاجلىق ۋە مۇشەققەتلەرگە مۇپتىلا قىلدى. ئۇ بەزىدە كۈلدۈرسە، بەزىدە يىغلاتتى. ئۇنىڭ كويىدا دۇنيانى كېزىپ بەزىدە ئاچ، بەزىدە توق يۈرمەكتىمەن، دېگەن. ئارزۇ-تىلەك دېگەن مەڭگۈ قانمايدىغان ئايىغى چىقماس يول، بىر ئارزۇيۇڭ قانسا، يەنە بىرى تۇغۇلىدۇ، يەنە بىرىگە ئېرىشكەندە ئۇ ياۋۇز بەگ بولۇپ، ئۆشنەڭگە مىنىپ سېنى قۇل قىلىدۇ. ئۇ چاغدا بۇ نەپس بالاسىنى ئاللا ئىگەم ئۆزى بېسىپ بەرمىسە، ھېچكىم ئۇنىڭ ئۈستىدىن غالىب كېلەلمەيدۇ. تەن تەقەززاسى شۇنداق رەھىمسىز، ھىيلىگەركى، ئۇنى سېمىز تۇتقانسېرى مۇڭگۈزى چىقىدۇ. كۆرمەمسەن، توسۇن ئات سەمرىپ كەتسە، قۇتراپ ئىگىسىنى يەرگە ئۇرىدۇ. ئوۋ ئىتىمۇ سەمرىگەنسېرى ئىگىسىنىڭ ئەجرىنى ئۇنتۇيدۇ، قورسىقى تويسىلا ئىگىسىنىڭ رايىغا باقمايدۇ، ئوۋغا يۈگۈرمەس بولىدۇ. كىچىك بالىنى ئالساق، قورسىقى تويسىلا ئىشقا يارىماي، ئويۇنغا يۈگۈرەيدۇ. شۇڭا نەپسنىڭ رايىغا باقماسلىق لازىمدۇر، بولمىسا بەدەن ھۇرۇنلىشىدۇ.

ھاياتلىقنىڭ مۇساپىسى پەقەت ئۈچ كۈنلۈكلا. بىرى، ئۆتكەن كۈنۈڭ — بىرقانچە كېچىلىك شېرىن چۈش، يەنە بىرى، بۈگۈنكى

كۆنۈلۈك، بۇ كۆنۈلۈك ئەتىكى كۆنۈلۈكگە يېتەلەرمۇ؟ ئوچۇق ئېيتايكى، ئۇنىڭدىن نېرىقى ھاياتنى ھەرگىز تىرىكلىك ھېسابلىما.

يەنە ساڭا كىشىلەرنى تېڭىندۇرغان گالنىڭ لەززىتى توغرىسىدا ئازراق گەپ قىلاي. بىلىسەن، گالنىڭ غېمى ۋە لەززىتى قورساقنى تويغۇزۇش ئۈچۈن، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە نېمە پايدا كۆتكۈلۈك؟ شۇڭا، قورساق تويدۇرۇشتا ئارپا بىلەن ھالۋا ئوخشاش، بەربىر ھەممىسى ئاشقازاننى تولدۇرىدۇ، ئېشىپ قالغاندا، كىرىدىغان يەر تاپالماي قالغاندا قانداق قىلىسەن. ھالۋا يەپ يات ياكى ئارپا بىلەن ئۇماچ ئىچ، ئەتىسى ئوخشاشلا قورسىقىڭ ئېچىپ قوپىدۇ. قارنى-كۆكسى مال-دۇنياغا توق بىر كەمبەغەل تەقۋادار شۇنداق دېگەن: سەن شېرىن-شېكەر نېمەتلەرنى يەپ ياتتىڭ، مەن كېپەك-تېرىق يەپ قانائەت قىلىپ ياتتىم. ئىككىمىزنىڭ كۆنلىرىنىڭ سائىتى ئوخشاشلا ئۆتۈۋەردى.

ھېرىسمەنلىك بىلەن مال-دۇنيا توپلىغان ئادەم ئۆلۈمنىمۇ كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ قويۇشى لازىم. ھەر قانچە دۇنيا توپلىساڭمۇ ئاخىرى ئىككى بۆزدىن باشقىغا ئىگە بولالمايسەن. ئادەم ئۆلۈپ گۆرگە بارغاندا، باي بىلەن كەمبەغەلنىڭ مەرتىۋىسى ئوخشاش. ئىككى كۈنلۈك ئۆتكۈنچى ئالەم ئۈچۈن ئۆزۈڭنى نېمانچە قىينايسەن؟ سەن دۇنياغا ھېرىسمەن، ئۆلۈم بولسا سېنى تۇتۇشقا، ئۆلۈمگە قىزىشقا ھېرىسمەن. ھەممە ئادەم شەكسىز ئۆلىدۇ، بىراق قايسى كۈنى ئۆلىدىغانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ. ئادەم دېگەن بالا چېغىدا ساقال چىقىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ، تاڭ ئاتسا چۈش بولۇشىنى كۈتىدۇ. ساقال چىققاندا ئاقىرىشىنى كۈتىدۇ، خۇددى چۈش بولسا كەچ بولۇشىنى كۈتكەندەك. بىر كۈن ئۆتسە بىر كۈنلۈك ئۆمرىنىڭ تۈگەيدىغانلىقىنى، ساقالنىڭ ئاقىرىشى ئۆلۈمنىڭ يېقىنلاپ كەلگەنلىكىنىڭ ئالامىتى ئىكەنلىكىنى، بۇ ئۆلۈمگە ھەر قانداق ئوقيا ۋە ياراغنىڭ ئارا تۇرالمايدىغانلىقىنى ئۇقمايدۇ. قاراپ كۆرسەڭ بۇ دۇنيانىڭ نېمەتلىرى بىردە شورلۇق

سۇغا ئوخشاش ھەر قانچە ئىچسەڭمۇ لېۋىڭ نەم بولمايدۇ، بىردە سەراپتەك كۆز ئالدىڭدا پىلدىرلايدۇ، ئۇنىڭغا قانچە يېقىنلاشساڭ شۇنچە يىراقلىشىدۇ. ئىنساننىڭ ھېرىسلىق كۆزى ھەر قانچە دەريا كىرسىمۇ تولمايدىغان قۇملۇققا ئوخشايدۇ. شۇڭا، ھاياتلىقنىڭ يوشۇرۇن دۇشمەنلىرىگە بوي بەرمەسلىكنىڭ بىرلا يولى تەننىڭ ھېرىسمەنلىكىنى تاشلاپ، ئىبادەت بىلەن مەشغۇل بولۇشتۇر. شۇڭا تەن مۇلكۇڭگە ئورۇن بەرمە ھەم بويۇن ئەگمە. ئۆتكەن ئۆمۈر قايتىلانماستۇر. قالغان ئۆمرۈڭنىڭ مۇساپىسى قانچىلىك، ئۇمۇ نامەلۇم، غەنىيمەت كۈنلىرىڭنى زايە قىلماي، ئىبادەت بىلەن ئۆلۈمگە ھازىرلىق قىلغىن.

ئۇزۇندىن بېرى بۇ تاغدا تىرىكچىلىك قىلدىم. زامانلارنى ئۆتكۈزۈپ نەپسىمنىڭ پۇتىنى سۇندۇردۇم. ئەمدى بۈگۈن سەن كېلىپ مېنى شەھەرگە بېرىشقا ئۈندەۋاتىسەن، مەن يەنە نەپسىمگە ئەسىر بولسام كىم قۇتۇلدۇرىدۇ، تەن مۇلكى ھەممە جايغا قاپقان قۇرغان ۋەھشىي دۇشمەن، ئەقىللىق ئادەم دۇشمىنىگە پۇرسەت بەرمەيدۇ. كىم ئۆز ئىشىنى ھاۋايى-ھەۋەس كويىدا قىلىدىكەن ۋە ئۇنىڭ دامىغا چۈشىدىكەن، ئۇنداق ئادەمنى بىلىملىك، ئەقىللىق ھېسابلىغىلى بولمايدۇ. ھاۋايى-ھەۋەسكە باش بولغان ۋە نەپسىگە ئەسىر بولغان كىشىلەر ئەڭ ئەقىلسىز، نادان كىشىلەردۇر.

مانا بۇ مېنىڭ دۇنيانىڭ ئەيىب-نۇقسانلىرى ھەققىدە دەيدىغانلىرىم. بىلىدىغانلىرىمنىڭ ھەممىسىنى قالدۇرماي دېدىم، قالغىنىنى ئۆزۈڭ چۈشىنىۋالغىن.

ئودغۇرمىشنىڭ بۇ دۇنيا ھەققىدىكى يۇقىرىقى چۈشەنچىلىرى ئۆگدۈلمىشنىڭ كاللىسىدا تېخىمۇ يارقىن پىكىرلەرنى ئويغاتتى. ئۇ ئودغۇرمىشنى قايىل قىلماق بولۇپ، دۇنيا ۋاستىسى بىلەنمۇ ئاخىرەتلىك ساۋابقا ئېرىشكىلى بولىدىغانلىقى ھەققىدە سۆز ئاچتى.

## يىگىرمىنچى باب

# ئۆگدۈلمىشنىڭ ئودغۇرمىشقا دۇنيا ۋاستىسى بىلەنمۇ ئاخىرەتنى تېپىش مۇمكىنلىكى ھەققىدە ئېيتقانلىرى

ئۆگدۈلمىش ئودغۇرمىشنىڭ دۇنيانىڭ ئەيىب-نۇقسانلىرى ھەققىدىكى سۆزلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا جاۋابەن ھاياتلىق دۇنياسى بىلەن مەشغۇل بولۇش ئارقىلىقمۇ چوڭ ساۋابقا ئېرىشىش مۇمكىنلىكىنى مۇنداق بايان قىلدى:

— ھەي بەختلىك قاياشىم، سۆزلىرىڭنى تولۇق ئاڭلىدىم. ئەمدى مېنىڭ گېپىمنى ئاڭلاپ باققىن. گەرچە بۇ دۇنيانىڭ بەزى ئىشلىرى سەن ئېيتقاندەك بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭلىق بىلەن ھاياتلىق پۇرستى ۋە يولىنى ئۆزۈڭگە تار ۋە ئاچچىق قىلغۇلۇق ئەمەس. گۇناھكار بەندىلىرى ئۈچۈن ئاللانىڭ ئازابىمۇ بار، رەھمىتىمۇ ئاز ئەمەس، شۇڭا بۇ كەڭ جاھاننى زورمۇزور ئۆزۈڭگە تار قىلما. قاتتىق ئازابتىن قورققۇلۇق ھەم بەندىلىكنى ئادا قىلىپ، ئاللانىڭ رەھمىتىنى كۈتكۈلۈك. ئويلاپ باققىن، جاھان خەلقىنىڭ ھەممىسى شەھەر-كەنتنى تاشلاپ، بۇ ئېغىر يۈكنى يۈدۈپ تاغقا چىقىۋالسا، جاھان قانۇنى بۇزۇلۇپ، ھەممە نەرسە قۇرۇپ، ئىنسان بالىسىنىڭ ئۇرۇقى ئۈزۈلمەمدۇ؟ ئاللا ھەممە بەندىلىرى ئۈچۈن ئىككى ئۆي ياراتتى، بىرىنىڭ نامى جەننەت، يەنە بىرىنىڭ نامى دوزاخ. مىدىرلاۋاتقان ئادەملەرنىڭ ھەممىسى ھاياتلىق دۇنياسى ئۈچۈن كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ چاپسىمۇ، ھەتتا تائەتنى تاشلاپ، مال-دۇنيا توپلاپ دوزاخ يولىنى تۇتسىمۇ، يەنىلا

تەڭرىنىڭ جەننىتى قۇرۇپ قالمايدۇ، بۇنى چۈشەن. ئاللا بەندىلىرىگە ئىككى كۆز، ئىككى قۇلاق ئاتا قىلدى، بىرىنى بۇ دۇنياغا باقسۇن، يەنە بىرىنى ئۇ دۇنياغا دەپ. ئىككى قولنىڭ بىرىنى بۇ دۇنياغا، يەنە بىرىنى ئۇ دۇنياغا سۇنسۇن دېدى. يۈرۈش ئۈچۈن ئىككى پۇت ئىرادە قىلىپ، بىرىنى باقىي دۇنيا، يەنە بىرىنى پانىي دۇنيا ئۈچۈن باسقىن دېدى. سېخىيلىقتا نامى مەشھۇر بولغان بىر دانىشمەن: ئەي ئەقىللىق بەندە، ئويغاق ياشا، گۇناھتىن ھوشيار بول، بالا كەلمىسۇن. ئاللا ئىككى دۇنيانى ياراتتى، بىرىنىڭ مەئىشىتىگە ئېرىشكەن بولساڭ، قولۇڭنى ئۇزۇن سوزۇپ يەنە بىرىنىمۇ قولغا كەلتۈر، دېگەن. خۇدا ئىنسان بالىسىنى ئادەملىك نامى بىلەن قورسىقى ئاچىدىغان ۋە تويىدىغان قىلىپ ياراتتى. تىرىكلىك ئۈچۈن ئۇچىغا كىيىم، قورساققا يېمەكلىك لازىم، بۇنىڭدىن كەچكىلى بولمايدۇ. قېرىندىشىم، ھالالدىن بايلىققا ئىگە بولساڭ، ئۇنىڭدىن بەھرىمەن بول، يوقسۇللارغىمۇ ئۈلەشتۈرۈپ بەر. ھەر دائىم ئاللانىڭ ئەدلىدىن قورقۇپ تۇر ھەم ئۇنىڭ شەپقىتىگە ئېرىشىشتىن ئۈمىد ئۈزمە. بەندىلىك دېگەن مانا شۇ ئىككى ئارىدا بولىدۇ، شۇڭا بۇ يولدىن ئاداشما. بىر بىلىملىك كىشى نادانلارغا نەسىھەت قىلىپ: ئۈمىد بىلەن ۋەھىمە ئىنسانغا ئىككى قاناتتەك، بۇ ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا يول تۇتقان كىشى كۆككە يول ئالالايدۇ، دېگەن. بەندىلىك بىلەن ئاللانىڭ يارلىقىنى ئورۇنداپ جەننەتكە ئۇچۇپ چىقىپ ھۆزۈرنى كۆرگىن. ئادەم گۇناھىم كۆپ دەپ ئۈمىدسىزلەنمەسلىكى، تائەت-ئىبادىتىگە تەمەننا قويۇپ ئەمەلدىن باش تارتماسلىقى لازىم. ياخشى ئەمەللەرنى قىل، ياخشى ئەمەل بەندىلىكنىڭ قەرزى. خۇدانىڭ ئەمرىنى ئەزىز، ئۆزۈڭنى تۆۋەن تۇتۇشۇڭ لازىمدۇر، بۇ ئارقىلىق ئەزىزلىككە ئېرىشىسەن. ئۆزۈڭنى گۇناھقا باي، تائەتكە گاداي ھېسابلا. گەرچە سەن ئىنسانلارنىڭ ئارىسىدا ئۆزى بىلەن سۆزى تۈزۈك دەپ

ماختالساڭمۇ، كىشىلەر ئالدىدا! ئەڭ ئەسكىسى مەن دەپ، ئۆزۈڭگە قاتتىق تەلەپ قوي.

* * *

ئۆگدۈلمىش يۇقىرىقى بىر قاتار تەۋسىيەلىرى ئارقىلىق ئودغۇرمىشقا تەسىر قىلىپ، ئۇنى قايىل قىلماقچى بولدى. ئۇ سۆزىنى تۈگىتىپ، ئىختىيارنى ئودغۇرمىشنىڭ ئۆزىگە قويۇپ، مۇنداق دېدى:

— بىلگەنلىرىمنىڭ ھەممىسىنى ساڭا دېدىم، سۆزۈمگە ئەمەل قىلىپ، قىيامەتتە ئەجرىڭنى كۆرگەيسەن. ئەگەر تەۋسىيەمنى قوبۇل قىلمايدىغان بولساڭ، ئېنىق جاۋاب بەرگىن، مەن قايتىپ كېتەي. كۆپ گەپ قىلغانلىقىمۇ پايدىسى يوق، گەپ ئۇزىراپ كەتسە مەززىسى كېتىدۇ.

ئودغۇرمىش بېشىنى ئىككى قولىنىڭ ئالىقىنىغا ئېلىپ، ناھايىتى ئۇزۇن ئويلاندى. بىر ئازدىن كېيىن يەنە بېشىنى كۆتۈرۈپ، ئۆگدۈلمىشكە ئۆزىنىڭ ئۆزرىسىنى ئېيتتى:

— ھەي قېرىندىشىم، مېنىڭ غېمىمنى يەپ كۆپ جاپا چەكتىڭ. يېقىنلىقىڭدىن ماڭا ياخشىلىق تىلەپ نۇرغۇن ياخشى گەپلەرنى قىلدىڭ، ئاللا ئەجرىڭنى بەرگەي. گەپلىرىڭ توغرا بولسىمۇ، بىراق قاراپ كۆرسەم سەن ئېيتقان بۇ ئىشلار ئۈچۈن مەندە ھېچقانداق سالاھىيەت يوق ئىكەن. بۇ ئىشلارنى كۆڭلۈم تارتمايۋاتىدۇ، كۆڭۈل خالىمىغان ئىشتىن خەتەر چىقماي قالمايدۇ. شۇڭا كىشىنى سۆيۈندۈرگۈچى دانالار ئېيتقانىكى: «قانداق بىر ئىشنى قىلىشنى ئويلىساڭ، ئالدى بىلەن كۆڭلۈڭ بىلەن ئوبدان كېڭەش قىلغىن، باشقىلارغىمۇ مەسلىھەت سال، لېكىن كۆڭلۈڭ خالىمىسا، ئۆزۈڭنى قاچۇر.» كۆڭۈل خالىمىغان ئىشتىن نەپ چىقمايدۇ. سەن دېگەن ئىشلارنى كۆڭلۈم تارتمىدى، شۇڭا

بۇنىڭدىن دەرھال يانمىقىم تۈزۈك. ھەي دوستۇم، مېنىڭ ئۆزرەم ۋە ئۆتۈنۈشۇم شۇكى، مېنى ئۇزۇمنىڭ مەشغۇللۇقۇمنى قىلغىلى قوي. خانغا يارىغۇدەك پەزىلەتلىرىممۇ يوق، قىلىقىم، سۆز-ھەرىكەتلىرىممۇ شەھەرگە، ئوردىغا مۇناسىپ ئەمەس. دۇنيانى تەرك ئېتىپ تاغقا ئۆزۈم كەلدىم، يەنە نېمە دەپ ئۇ تەرەپكە بارالايمەن؟ مەندەك تائەت-ئىبادەت قىلىشقا ئۆزىنى ئاتىۋەتكەن ئادەمگە بەندىنىڭ خىزمىتىنى قىلىش يارىشامدۇ؟! مېنى تەڭرىمنىڭ ئىختىيارىغا تاپشۇرغىن. مەن بۇ يەردە سىلەرنىڭ ئەلگە قىلىدىغان ياخشىلىقىڭلار ئۈچۈن دۇئاگۇي بولاي. ئىككىمىز سېغىنىشىپ كۆرۈشمەكچى بولساق، سەن كەلمە، مەن ئۆزۈم ئىزدەپ باراي، جاپانى مەنلا تارتاي. سەن ئېلىڭنىڭ خىزمىتىنى توغرا بەجا كەلتۈرۈپ، ئەلگە پايدىلىق ئىشلارنى قىل. ساداقەتمەن بىر خىزمەتچىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى يادىمدا: قەلبىڭ ھاياجانلىنىپ، دىلىڭ يورۇسا، ئۈمىد قىلغان ئىشىڭ يېقىنلاشتى دېگەن گەپ، ئادەم ئۆز ئارزۇسى يولىدا ئىشەنچ بىلەن ماڭسا، ھېرىپ قالماي چوقۇم تىلىكىگە يېتەلەيدۇ. ۋاپا بىلەن داڭق چىقارغان بىر ئاشىقنىڭ گېپىنى ئېيتىپ بېرەي، ئۇ: كۆڭۈل يېقىن بولسا، يىراق يەرمۇ يېقىن بولىدۇ. يېقىنلىق ۋاپاسىنى كۆڭۈل قېتىمدىن ئاختۇر. ۋاپادارلىق بىلەن كۆڭۈلنى چۈشەنگۈچىگە شەرقتىن-غەربكە بىرلا داۋان يولدۇر، دېگەن.

ئىلاجسىز قالغان ئۆگدۈلمىش ئودغۇرمىشقا مۇنداق دېدى:

— قەدىرلىك قېرىندىشىم، سۆزلىرىڭنى ئۇقتۇم. ئەگەر مەقسەت شۇ بولىدىغان بولسا، بولدى ئەمدى سېنى زورلىمايمەن، كۆڭۈلنى مۇنچە يارا قىلما، ئۇنىڭدىن باشقا سۆزۈم يوق، ئېسەن بولغىن. ئاخىرقى تەلىپىم، مېنىڭ ئېلىگ ئالدىدا يۈزۈمنىڭ قىزارماسلىقى ئۈچۈن بىر پارچە نامە يېزىپ بەر. ئالىيلىرى ئۆز قولى بىلەن ساڭا مەكتۇپ يېزىپ ئەۋەتكەندىكەن، ئۆزۈڭ بارمىساڭمۇ ئۇنىڭغا جاۋابىنى ئەۋەتكىن. نامىنىمۇ ياز،

كۆڭلۈڭدىكىنىمۇ ئوچۇق بايان قىل، قايتىپ بېرىپ ئىلىگكە ئۆز ئەينىنى يەتكۈزەي.

ئودغۇرمىش ئۆگدۈلمىشنىڭ تەكلىپى بىلەن ئىلىگكە نامە يېزىشقا تۇتۇندى.

# يىگىرمە بىرىنچى باب

## ئودغۇرمىشنىڭ كۈنتۇغدى ئىلىگكە نامە يېزىپ ئەۋەتكەنلىكى

— قېرىندىشىم، ئۇنداق بولسا يەنە بىر ئاز كۈتۈپ تۇر، نامە يېزىپ بېرەي، — دېدى ئودغۇرمىش. ئۇ دۇۋەت-قەغەز تېپىپ كېلىپ، قەلەمنى قولىغا ئالدى-دە، كۈنتۇغدى ئىلىگكە نامە يېزىشقا كىرىشتى. ئودغۇرمىش سۆزىنى ئاللانىڭ نامى بىلەن باشلاپ، ئاللاغا كۆپلەپ ھەمدۇسانا ئېيتىپ، تەڭرىنىڭ ئۇلۇغ، تەڭداشسىز مۆجىزىلىرىنى كۆرسەتكەندىن كېيىن، مەقسەت سۆزىنى مۇنداق داۋاملاشتۇردى:

«ئىلىگ ئالىيلىرى، مەن دۇئايىمدا ساڭا ئامان-ئېسەنلىك تىلەپ سالام يوللىدىم. ئالىيلىرى نامە يېزىپ، يارلىق بىلەن ئۆگدۈلمىشنى قېشىمغا ئەۋەتىپسەن، مەكتۇپىڭنى ئوقۇپ كۆزۈم روشەنلىشىپ كەتتى. مەكتۇپىڭدا شۇنداق ياخشى تەكلىپ ۋە نەسىھەتلەر بىلەن كۆپ ئىلتىپات كۆرسىتىپسەن، يېمەك-ئىچمەك، كىيىم-كېچەك ۋە يەنە نۇرغۇن ياخشىلىقلارنى ۋەدە قىلىپسەن. توغرا، ھايات ياشاۋاتقان ئادەملەرنىڭ ھەممىسى ئاشۇلارنى ئىزدەپ، جەبىر-جاپا چېكىپ جاھان كېزىدۇ. ھېچقانداق ئەجىر-ئەمەلسىز بۇنچە ئىززەتكە مۇشەررەپ بولسام، بۇ دۆلەت قۇياشىنى قانداقمۇ قەدىرلىمەي؟!

ئالىيلىرىغا مەلۇم بولسۇنكى، مېنىڭ يەنە نۇرغۇن نۇقسانلىرىم بار، مەن يېنىڭغا بارسام زىيىنىممۇ ماڭا ئەگىشىپ بارىدۇ. بىرى، مەندە ئەلنىڭ خىزمىتىنى قىلغۇدەك ئىقتىدار

يوق. خىزمەتنى جايىدا ئارتتۇرالمىسام يۈزۈم يورۇق بولمايدۇ. يەنە بىرى، ياخشى، چىرايلىق خۇلق-مىجەزىممۇ يوق، ئۇنىڭ ئۈستىگە قائىدە-يوسۇنلاردىن خەۋىرىممۇ يوق. قائىدە-يوسۇنسىز خىزمەتچى ئىشقا يارىمايدۇ. مەن بۇ دۇنيانىڭ جاپاكار ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەچكە، ئۆز-ئۆزۈمگە ئاۋۋال جاپا قىلىشنى تاللىۋالدىم. تەگرىمگە سىغىنىپ ئۆزۈمنى خىلۋەتكە ئالدىم، دىنىم ۋە ئىمانىمنى خۇدايىم ئۆزى ساقلىسۇن. بار نەرسىلىرىم گېلىم بىلەن ئىگىنىمگە يېتەرلىك، ئۇنىڭدىن باشقىنى ئۆزۈمگە يۈك قىلىپ نېمە قىلاي. گالغا ئوزۇق، ئۇچىغا كىيىم ياراتقان تەگرىم ماڭا لازىملىق نەرسىلەرنى ئۆكسۈتۈپ قويمايدۇ. مېنى ئاپىرىدە قىلىپ مۇشۇنچىلىك بولغۇچە رىزىق بەرگەن ئىگەم يەنە رىزقىمنى كەم قىلمايدۇ. ئۆزۈڭگە شۇنچە دۇنيا بېرىشتە ئايانمىغان سېخىي تەگرىم ماڭىمۇ بەرمەسمۇ؟ مەن بارلىق ياخشىلىق ۋە يامانلىق، كەمبەغەللىك ھەم بايلىقنى ئاللاغىلا تاپشۇردۇم. مەن ئاللا دەرگاھىنىڭ ئىشىكىنى ئىختىيار قىلىپ، تائەتكە تۇردۇم. بارلىق خەلق ئاخىرى بارىدىغان ئىشىك شۇ. سېنىڭ ئىشىكىڭگە بېرىپ، ھاياتىمنى سەرپ قىلغانغا تۇشلۇق نېمىگە ئېرىشەرمەن؟! ھەر ئىككىمىز خۇدانىڭ قۇللىرى، بۇ جەھەتتە مەرتىۋىمىز ئوخشاش. شۇڭا قۇلنىڭ قۇلغا قۇللۇق قىلىشى مۇناسىپ ئەمەس. ھەقىقىي ھىممەتلىك كىشى شۇنداق بولمىقى لازىمكى، ئۇ چىن يۈرىكىدىن ئاللاغا ئىبادەت قىلسۇن. قەلبى سۆزۈك، ئەقىللىق بىرى: يېسە تويىدىغان، يېمىسە ئاچ قالىدىغان ئادىمىي مەبۇدقا نېمىشقىمۇ چوقۇنارسەن، دەپ ئەجەب ياخشى ئېيتقان ئىكەن.

ئىلىگ ئالىيلىرى، ئەگەر مۇنۇ تۆت تۇرلۇك ھاجىتىمنى راۋا قىلىشقا قۇربىڭ يەتسە، قولۇمنى كۆتۈرۈپ ساڭا تېۋىناي. بىرىنچى، مەڭگۈ ئۆلمەيدىغان تىرىكلىكنى خالايمەن. ئىككىنچى، نەۋقىرانلىقىمنى ساقلاپ مەڭگۈ قېرىماسلىقنى تىلەيمەن. ئۈچىنچى، دائىم باي-پاراۋان بولۇپ، كەمبەغەللىك، موھتاجلىققا

چۈشۈپ قالماي. تۆتىنچى، تېنىم ساق، كېسەلسىز ياشاشنى خالايمەن. مانا بۇ تۆت تىلىكىمنى ئادا قىلالىساڭ جېنىمنى پىدا قىلىپ، سېنىڭ قۇللۇقۇڭنى قىلاي. ئەگەر بۇلارنى بېرىشكە قۇربىڭ يەتمەيدىغان بولسا، قانداق ئارتۇقچىلىقلىرىڭ بارلىقىنى ئېيتىپ باق. ئەزىزلىك ۋە خارلىق، ھاياتلىق ۋە ماماتلىقنىڭ ھەممىسى ئاللانىڭ ئەمرى بىلەن بولىدۇ. بۇ قانۇنىيەتنى ياخشى بىلىدىغان ئەقىللىق ئادەم ئايىنامدۇ؟

ھەي ئېسىل بەگ، سەن مېنى ھەرگىز ئاللا ئاسرىغاندەك ئاسرىيالمايسەن. ئوچۇق گەپنى قىلسام مەن سېنى ئاسرىغىلى بارىدىكەنمەن، بىراق مېنى بىر ئاللا ئۆزىلا ئاسرايدۇ. ئۇ يەرگە بارسام سەن تويمىغۇچە ماڭا ئاش تەگمەيدۇ، ئاللا ئىگەم بولسا ئۆزى يېمەي مېنى قۇتقۇزىدۇ. مەن قايغۇ-ئەلەم تارتسام تەسەللى بەرگۈچىگە موھتاج ئەمەسمەن، چۈنكى تىلىم تەۋرىمەستىن بۇرۇن ئىگەم رايىمغا يېتىپ بولىدۇ، مېنى دەرۋازىۋەنمۇ، يولغا قارىغۇچىمۇ توسۇلمايدۇ، ھېچكىم ماڭا كىبىر بىلەن كۈچ كۆرسىتەلمەيدۇ. ئالىيلىرىنىڭ ئالدىدا گۇناھ سادىر قىلىپ قويسام كەچۈرۈمگە ئېرىشەلمەيمەن، ئاللا ئىگەم ھەر قانچە گۇناھ سادىر قىلساممۇ مەغپىرەت قىلىدۇ. گۇناھكار بىر بەندىنىڭ ئۆتۈنۈپ ئېيتقان كۆڭۈل سىرىنى ئاڭلا، ئۇ: «ھەي ھەقىقىي كۆيۈملۈك، ۋاپادار ئىگەم، سەندىن ئارتۇق كۆيۈمچاننى تاپالمىدىم. ھەسرەت چەكسەم ئۈمىد ئاتا قىلىسەن. يۆلەنچۈكى يوق مەسۇملەرنىڭ ئارقا تىرىكىسەن، كېسەلگە شىپا، مۇڭۇمغا مۇڭداشسەن، زېرىكىشىمگە ئەرمەك. ھەي ئۇلۇغ ئىگەم، بارلىق شادلىقىم، سۆيۈنۈشۈم ۋە ئەرمىكىم سېنىڭ شەپقىتىڭ بەرىكىتىدىن بولىدۇ» دېگەن. ھەي ئىلىگ، بۇ دۇنيا ئۆتكۈنچىدۇر. ئۇ ھاياتلىقنى خورىتىپ تۈگەتكۈچى. نېمىشقا ئۇنىڭغا ئىشىنىپ، ئۆزۈڭنى سېغىندۇرىسەن، نېمىشقا ئۇنىڭدىن شادلىنىپ ئۆزۈڭنى ئالداۋېرىسەن؟ ئاتا-ئاناڭ، قوۋم-قېرىنداشلىرىڭ، ئاچا-سىڭىل،

ئوغۇل-قىزلىرىڭ قېنى، ئۇلار نەگە كەتتى؟ ھاياتتا ئۆلۈمدىن باشقىسىنى كۆرمەيسەن، ياشاشمۇ ئاخىرقى ھېسابتا ئۆلۈم ئۈچۈندۇر. شۈبھە بولمىسۇنكى، بىر كۈنى يەرلىكىڭگە كۆمۈلىسەن. ئىلىگ ئالىيلىرى، غەپلەتتە ئۇخلىماي، ئويقۇڭنى ئاچ، ئۆزۈڭدىن كېيىن ياخشى نام قالدۇرۇپ كەت. كەچمىش كۈنلىرىڭنى زايە قىلغان بولساڭمۇ، ئەمدى كەلمىش كۈنلىرىڭنى زايە قىلمىغىن. بۇ دۇنيادىن كۆچۈپ كېتىدىغان تاڭنا كۈنلەر ئۈچۈن ھازىرلىق قىلىپ، ئۆتۈۋاتقان كۈنلەر ئىچىدىن قىممىتىڭنى تاپ، مېنى ئەپۇ قىل. سېنىڭ ئەھۋالىڭنى شۇنداق ئوچۇق كۆرۈپ تۇرۇپ قانداقمۇ يېنىڭغا بارىمەن؟ جاپاكار جاھاندىن كۆڭلۈمنى ئۈزۈپ، ۋاپادار ئىگەمگە سېغىندىم. ئىلىگ، مېنى ئۆزۈمنىڭ ئەھۋالىمغا قويۇپ بەر. بۇ يەردە ئۆزۈڭگە دۇئاگۈي بولۇپ تۇراي. مەن ئالىيلىرىغا ياردەم قىلالمايمەن. سۆزۈمگە كىرىپ ئۆزۈڭگە ئۆزۈڭ پايدا يەتكۈزگىن. مەن كىشىلەرنى تەرك ئەتتىم، سەنمۇ ئۇلاردىن ئۈمىد كۈتمە. كىشىلەردىن ساڭىمۇ، ماڭىمۇ پايدا يوق. مەن قالغان ئامانەت كۈنلىرىمنى ئاللانىڭ رازىلىقىغا نائىل بولۇشقا سەرپ قىلىمەن. بۇ دۇنيا دېگەن تۇۋى يوق پاتقاقلىققا ئوخشايدۇ، شۇڭا بېرى يېتەرلىك، ئارتۇقى ھاجەت ئەمەس. ھاياتىم شامالدەك ئۆتۈپ كەتتى، ئەمدى كەلگەندە ئويغىنىپ، ئۆتۈپ كەتكەن ئۆمرۈمگە ئۆكۈنمەكتىمەن. ئىگىنى بىلەن گېلى پۈتۈن بىرسىنىڭ شۇنداق دېگىنى يادىمدا: «بېرى كۈپايە دېيەلىگەن ئادەم بەخت-سائادەتلىكتۇر.» يەنە بىر قانائەت بىلەن بەخت تاپقان ئەر: «بۇ دۇنيادا كىيىشىمگە لايىق كىيىم، يېيىشىمگە لايىق يېمەكلىك تاپتىم. ماڭا ھاياتىمنى ساقلىغىدەك رىزقىمنى تاپسام كۈپايە. يەنە لازىم بولسا ئاللا ئۆزى بېرىدۇ» دېگەن. ئالىيلىرى، ئەگەر مەندىن نەپ ئېلىش ئۈچۈن چاقىرغان بولساڭ، مەندە ساڭا نەپ بېرەلىگىدەك ئەقىل ۋە بىلىم يوق. ئەگەر ئەل ئىشىغا پايدىلىق بولسۇن دېگەن بولساڭ، كېسىپ ئېيتايكى، مەندە ئۇنچىلىك

ئىقتىدار ھەم يوق. ھېچبولمىغاندا دۆلەت ئىشلىرىغا ئازراق كۈچ بېرەر دەپ ئويلىغان بولساڭ، قېرىندىشىم ئۆگدۈلمىش مىنىڭ ئەرنىڭ ئىشىنى قىلىپ بېرەلەيدۇ. مېنى ياخشى ئادەمكەن دەپ قارىغان بولساڭ، ئاۋۋال ئۆزۈڭنى ياخشى قىلغىنىڭ تۈزۈك، مانا بۇ ئالىيلىرىنى تېخىمۇ يورۇتىدۇ. مىڭ ياخشىنىڭ پۈتىغا ئېسىلغاندىن كۆرە ياقىنى تۈتقان ياخشىراق. بۇ دۇنياغا يارالغان ھەر تۈرلۈك ئادەملەر ئەتراپىڭغا توپلىنىپتۇ. مېنىڭ ساڭا قانچىلىك پايدام تېگەر؟ پايدىسىز ئىشقا زورۇقسا مەززىسى بولمايدۇ.

ئالىيلىرى، مانا ساڭا ئۆزۈمنىڭ ئۆزرىسىنى ئېيتتىم. ماڭا ئېسىلىۋالماي، ئۆزۈمنىڭ مەيلىگە قويۇپ بەرگىن، قالغان گەپ-سۆزلەرنى قېرىندىشىم ئۆز ئاغزى بىلەن يەتكۈزىدۇ، خەير.»

ئودغۇرمىش خەتنى يېزىپ بولۇپ، تۇرۇپ باغلىغاندىن كېيىن خەتنى ئۆگدۈلمىشكە سۇنۇۋېتىپ:

— بەزى تىلەكلىرىمنى بۇنىڭغا پۈتتۈم. قالغان گەپلەرنى تىلىمدىن ئاڭلىدىڭ. ئىلىگكە ئېيتقىن، مەندىن ئۈمىدىنى ئۈزۈپ، ئۆزۈمنىڭ مەشغۇللۇقۇمنى قىلغىلى قويسۇن. ئەلچى دېگەن سۆز ئېلىپ كېلىپ، جاۋابىنى ئېلىپ كېتىدۇ. مېنىڭ جاۋابىم شۇ، قورۇنماي يەتكۈزگىن. ئەلچى سۆز يەتكۈزسە ئۆلۈمگە بۇيرۇلمايدۇ. ئەل ئىچىدە مەشھۇر ئۈچ ئوردا خانى شۇنداق دېگەن: «ئەلچى سۆزنى خاتا يەتكۈزمىسە، تاپشۇرۇلغان ئامانەت گەپنى تولۇقى بىلەن يەتكۈزەلىسە، ئۇنىڭغا ئەيىب قويۇلمايدۇ.» تۈرك خاقانى تېخىمۇ دۇرۇس قىلىپ: «ئەلچى راست سۆزنى ئېيتسا ھەرگىز قىينىما، تىلى بىلەن توغرا يەتكۈزەلىگەن ئەلچىگە ئۆلۈممۇ، جازامۇ يوق» دەپ ئېيتقان. شۇڭا، ئەلچى ئامانەت سۆزنى يەتكۈزسە، قانداق سۆز بولسۇن ئۇنى ماختاپ ئىنئام بەرگۈلۈك، — دېدى.

— سۆزلىرىڭنى چۈشەندىم، — دېدى ئۆگدۈلمىش

جاۋابەن، — جاۋاب مەكتۇپمۇ يازدىڭ، ئۇنى مەن ئىلىــــگكە يەتكۈزۈپ بېرەي. پەرىزىمچە ئىلىگ سىنى ئۆزىدىن يىراقتا تاشلاپ قويمايدۇ. ئۇ مېنى سىنى ئېلىپ كېلىشكە يەنە ئەۋەتىشى مۇمكىن، قارىغاندا ئۇزۇن ئۆتمەي مەن يەنە كېلىمەن. يەنىلا سەن بارمىساڭ ئىلىگنىڭ كۆڭلى رەنجىيدۇ.

— قېرىنداشىم، مۇنداق دەپ يۈرىكىمنى يارا قىلما، — دېدى ئۇدغۇرمىش بىرئاز تەشۋىشلىنىپ، — ئۆزۈڭنى قىيناپ قايتا بۇ يەرگە كېلىپ يۈرمە، مېنىڭ بۇ يەردىن ھېچ يەرگە بارغۇم يوق. بىلگىنىڭ، ئېرىشىش مۇمكىن بولمايدىغان نەرسە ئۈچۈن جاپا چېكىش، ئۆتمەيدىغان سۆزنى قىلىش بىھۇدىلىكتۇر. شۇڭا بىلىمدە توشقان، بېشىدىن كۆپ ئىسسىق-سوغۇقنى ئۆتكۈزگەن بىر ئالىم بۇ ھەقتە: ئىزدەپ تېپىش مۇمكىن بولمايدىغان نەرسە ئۈچۈن بىكاردىن زورۇقما، تەلەپ قىلىپ ئېرىشىش مۇمكىن بولمايدىغان نەرسە ئۈچۈن كۈچىمە، يېتىش مۇمكىن بولمايدىغان يەرگە پىيادە بارما، بولمىسا كۆپ رىيازەت چېكىسەن، دېگەنىكەن.

ئۇدغۇرمىش يۇقىرىقى سۆزلەردىن كېيىن ئۆگدۈلمىشكە:

— ماڭ، ئەمدى قايتقىن، بۇدا ھەرگىزمۇ كەلگۈچى بولما، — دېدى قەتئىي تەلەپپۇزدا.

— بولدى، مەن قايتاي، باشقا دەيدىغان گەپمۇ قالمىدى، — دېدى ئۆگدۈلمىش ئورنىدىن تۇرۇپ.

ئۇدغۇرمىش ئۆگدۈلمىشنىڭ ئارقىسىدىن چىقىپ ئۇزىتىپ قويدى. ئۆگدۈلمىش خېلى يەرگىچە ئېتىنى يېتىلەپ ماڭدى. كېيىن ئاتنى مىنگىنىچە ئۆيگە بېرىپ چۈشتى. ئۇ ئۆيگە كىرىپ يېشىنىپ بىرئاز ئارام ئالدى. بۇ چاغدا قۇياش يۈزىنى يوشۇرۇپ ئۆز ماكانىغا پىنھان بولدى. ئاسمان يۈزىنى قارا قامــــدەك قاراڭغۇلۇق بېسىپ، دۇنيا يۈزىگە كۆمۈردەك قارا رەڭ سۈركىدى. كۆزى بارلار كۆزىنى يۇمدى، ئويغاقلار ئۇيقۇغا باش قويدى. ئۆگدۈلمىش تۆشەك سالدۇرۇپ ئۇخلىدى.

ئۇ بىر ئاز ئۇخلاپلا بېشىنى كۆتۈردى ۋە شەرقنىڭ ئوتقاشتەك قىزىرىشقا باشلىغانلىقىنى، يەر-زېمىننىڭ يۈزىنى ئاچقان يېڭى كېلىنچەكتەك يورۇغانلىقىنى كۆردى. ئۆگدۈلمىش تەرەت ئېلىپ بامدات نامىزىنى ئوقۇدى. ئەمدى قۇياش قالقىنى نۇر نەيزىسىنى كۆتۈرۈپ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشكە باشلىدى. جاھان يۈزى ئاق مەرمەردەك يورۇپ كەتتى. ئۆگدۈلمىش ئېتىنى مىنىپ كۈنتۇغدى ئېلىگكە كۆرۈنۈش قىلىش ئۈچۈن ئوردىغا يول ئالدى. ئۇنىڭ قايتىپ كەلگەنلىكى توغرىسىدا ئىشىك ئاغىسى كۈنتۇغدى ئېلىگكە مەلۇم قىلدى. ئېلىگ كىرىشكە ئىجازەت بەرگەندىن كېيىن، ئۆگدۈلمىش ئوردىغا كىرىپ سالام بەجا كەلتۈردى. ئېلىگ ئۇنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى، ئۆگدۈلمىش كۆرسىتىلگەن ئورۇندا ئولتۇردى. ئۇنىڭ قانداق جاۋاب ئېلىپ كەلگەنلىكىنى بىلىشكە تەقەززا بولغان ئېلىگ ئالدىراپ ئودغۇرمىش توغرىسىدا سورىدى:

— قېنى ئېيتقىن، ئىشلار قانداق بولدى، قاياشنىڭ نېمىلەرنى دېدى، نېمە گەپلەر بولدى، ئۇ كېلىدىغان بولدىمۇ؟

ئۆگدۈلمىش ئورنىدىن تۇرۇپ، ئاۋۋال ئېلىگكە ئودغۇرمىشنىڭ مەكتۇپىنى سۇندى. ئېلىگ مەكتۇپنى قولىغا ئېلىپ يۆگەكنى ئېچىپ ئوقۇشقا باشلىدى، مەكتۇپنى ئوقۇۋېتىپ بىر دەم قىزىرىپ، بىر دەم تاتىرىپ كەتتى، ئارقىدىن يەنە كۈلۈمسىرەپ قويۇپ چوڭقۇر خىيالغا پاتتى. بىرئاز ئۆتكەندىن كېيىن نەزىرىنى ئۆگدۈلمىشكە قارىتىپ:

— قاياشنىڭ بەكمۇ يىرىك گەپلەرنى قىلىپتۇ، — دېدى ئېلىگ، — مەن ئۇنىڭغا ئىپەك-تاۋار ئەۋەتسەم، ئۇنىڭغا تىكەندىن نەقىش چېكىپتۇ. ئۇنىڭ دېگەنلىرىمۇ توغرا، توغرا گەپ شۇنداق قوپال تۇيۇلىدۇ ئەمەسمۇ؟! ئەمدى ئېيتىپ باققىن، ساڭا ئۆز ئېغىزى بىلەن نېمىلەرنى دېدى؟

ئۆگدۈلمىش ئودغۇرمىش بىلەن بولغان سۆھبەت جەريانىدا دېيىلگەن گەپ-سۆزلەرنىڭ ھەممىسىنى قالدۇرماي سۆزلەپ

بەردى. ئاخىرىدا:

— ئالىيلىرى، ئارىمىزدا شۇنچە كۆپ سۆزلەر بولۇپ ئۆتتى، ئۇمۇ ئەقىل-پاراسىتىنى تولۇق ئىشقا سېلىپ، پىكىر تۇلپارىنى چاپتى. مەنمۇ پاراسەت بىلەن سۆزلەشكە تىرىشىپ، خېلى ئېگىز چوققىغا ياماشتىم. ئۇ مېنىڭ ھەر بىر سۆزۈمگە مۇناسىپ جاۋابى بىلەن قالقان چىقاردى، گېپىدىن تۇتۇۋالغىنىمدا كۆزىنى چىڭ يۇمۇۋالدى. شۇنچە كەسكىن دەۋەت قىلساممۇ كۆڭۈل بەرمىدى، گەپنى ئۇزۇپلا كەلمەيدىغانلىقىنى ئېيتتى، — دەپ جاۋاب بەردى ئۆگدۈلمىش.

ئىلىگ ئۆگدۈلمىش بىلەن ئودغۇرمىش ئوتتۇرىسىدا بولۇپ ئۆتكەن كەسكىن مۇنازىرە جەريانىدىكى گەپ-سۆزلەرنى ئاڭلىدى، ئودغۇرمىشنىڭ بىلىمى ۋە ئەقىل-پاراسىتىگە تېخىمۇ قايىل بولدى. ئىلىگنىڭ قەلبىگە تۇتاشقان تەقەززالىق ئوتى تېخىمۇ ئۇلغىيىپ، ئۇنى ئازابلىغىلى تۇردى.

شۇنداق، ئەقىلدارلار ئېيتقاندەك: كۆڭۈل باغلانغاندا ئادەم ئۆز ئەركىدىن مەھرۇم بولىدۇ. كۆڭۈل — پادىشاھ، باشقا ئەزالار ئۇنىڭ قۇلى. شاھ نەگە باشلىسا قۇلىنىڭ شۇ يەرگە بارماسلىقى نېمە ئامالى؟! كۆڭۈل ھاياجاندا تەلپۈنسە، كۆڭۈل تەقەززاسى قانمىغۇچە ئاراملىق تاپالمايدۇ. كۇنتۇغدى ئىلىگ قەلبىدە قوزغالغان ھاياجىنىنى يوشۇرالمىدى ۋە ئۆگدۈلمىشكە مۇنداق ئىزھار قىلدى:

— ئۆگدۈلمىش، قېرىندىشىڭ ھەقىقەتەن تولۇق يېتىلگەن كىشىكەن. ئۇنىڭ پاراسەت ۋە ئەقىل بىلەن سۇغىرىلغان سۆزلىرىنى ئاڭلىغان، ئىلىم-كامالىتى ۋە خۇلقى-مىجەزىدىكى پەزىلىتىنى ئۇققان بولسام بوپتىكەن. ئۇ ئەمدى قەلبىمدىن ئورۇن ئېلىۋالدى، سەن قانداقلا بولسۇن مېنى بۇ ئارزۇيۇمغا قاندۇرغىن. مەن ئۆزۈمنىڭ ئېلىدە ئۆز ئارزۇيۇمغا يېتەلمىسەم مۇناسىپ ئەمەس.

— ھەي دۇنيا بەگلىرىنىڭ ئەڭ خىللانغىنى، ئادالەتتە ئالەمدىكى بەگلەرنىڭ پاسىبانى خاقانىم، مەن ئوردىغۇرمىشنىڭ يېنىدىن قايتىپ كېلىش ئالدىدا، ئۇنىڭغا مەن ئىلىگ مېنى قېشىڭغا يەنە ئەۋەتىدۇ، سېنى ھەرگىز قويۇپ بەرمەيدۇ، ئاخىرى ئاپارماي قويمايدۇ، دېدىم. يەنە ئۇنىڭغا ئەتىلا يەنە مېنى ئەۋەتىدۇ، ياخشىسى ئۇنىڭ قەدىر-قىممىتىنى قىلىپ، بۇگۇنلا مەن بىلەن كەتكىن دېگەن ئىدىم، لېكىن ئۇ ياق، ئاۋارە بولۇپ ھەرگىز كەلمە، مەن بارمايمەن، دەپ ماڭا سوغۇق سۆز سەپتى، — دېدى ئۆگدۈلمىش ئىلاجسىزلىقىنى ئىپادىلەپ.

— ئۇقتۇم، بۇنىڭلىق بىلەن بوشىشىپ كېتىشكە بولمايدۇ، بۇنداق بولۇشىغا يول قويمايمەن، — دېدى ئىلىگ جىددىي ۋە كەسكىن تەلەپپۇزدا، — مەن ئەلنىڭ باشلامچىسى ۋە خاقانى بولۇپ تۇرۇپ پەرمانىم ئۆتمىسە، بىرەر ئادەمنى ياقتۇرۇپ ئۇنىڭغا ئېرىشەلمىسەم، قانداقمۇ بەگلىك ئورنىدا تۇرالايمەن، مېنى قانداقمۇ بەگ دېگىلى بولىدۇ؟! بۇيۇكلۇكنىڭ نىشانى — ئۆز مەقسەت-تىلىكىگە شۈبھىسىز ئېرىشىپ، ئۇنىڭدىن بەھرىمەن بولۇش. كۆڭۈل ئارزۇسى ۋە ئىنتىراپىنىڭ داۋاسى شۇ ئارزۇنىڭ قاندۇرۇلۇشى بولىدۇ. ھەي ئۆگدۈلمىش، ماڭا ئۇنىڭغا ئېرىشىش كېسەلى چاپلاشتى. ئەگەر ئۇ كېلىپ داۋالاشنى خالىمىسا، ئۆزۈمنىڭ بارغىنى تۈزۈك. بىر شائىر كۆڭۈل ئارزۇسى ھەققىدە مۇنداق يازغانىكەن:

ھەر قانداق كېسەلگە دورا-داۋا بار،
ئۇنى ئەملىگۈچى ھېكىممۇ چىقار.
كۆڭۈل ئاغرىنسا گەر بىر ئارزۇ بىلەن،
تىلەكى تېپىلسا، شۇ شىپا بولار.

— ھەي بەختىيار خان ئالىيلىرى، ئامان-ئېسەن، ئۆزۈن يىل

ياشىغايسەن، — دېدى ئۆگدۈلمىش ئىلىگنىڭ سەۋەب كۆرسىتمىش بىلەن ھەرگىز قانائەت قىلمايدىغانلىقىنى چۈشىنىپ، — دۇرۇس، دۇنيادا داۋاسى تېپىلمايدىغان كېسەل يوق. گەپ مۇۋاپىق داۋاسىنى ئىزدەپ تاپالاش-تاپالماسلىقتا. مەن بۇ ئىشنىڭ ئۈچۈن ئۆزۈمنى پىدا قىلىشقا تەييار. ئالىيلىرى، سېنى بۇ ئارزۇغا گىرىپتار قىلغانمۇ مەن، ئەمدى پۇشايمان قىلساممۇ ئورنىغا كەلمەيدۇ. دانالار ئېيتقانكى: «ھەي باتۇر ئوغلان، سۆزۈڭنى ئوبدان دەڭسەپ قىل. بۇ تىل بىھۇدە، ئورۇنسىز سۆزلەپ قويمىغاندا ئىدى، تىلنىڭ خاسىيىتى كۆپ بولاتتى. تىلىم ئورۇنسىز سۆزنى چىقىرىپ قويۇپ پۇشايماندا قويدى. سۆزۈڭنى تىلىڭدىن چىقارماستا ئۇ ساڭا قۇل بولىدىكەن، تىلىڭدىن چىقىشى ھامان سېنى قۇل قىلىدىكەن. گەپ-سۆزۈڭنى ھودۇقماي ئاۋايلاپ سۆزلە، بولمىسا پۇشايماندا قالىسەن.» بۇ سۆز تولىمۇ توغرا ئېيتىلغان ئىكەن. قېرىندىشىم ئودغۇرمىش ھەقىقەتەن ئىلىمدە توشقان، پاراسەتتە كامىل ئادەم ئىدى، ئالىيلىرى چاقىرتسا كېلىشىدىن شۈبھە قىلمىغانىدىم. شۇ ۋەجىدىن ئالدىراپ بۇ ھەقتە ئالىيلىرىغا گەپ ئېچىپ قويۇپتىمەن. سەن بىر ئارزۇ قىلساڭ، مەن مىڭ ئارزۇ قىلغانىدىم. ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بولۇپ، قولنى قولغا تۇتۇشۇپ، دۆلەت ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولساق ماڭىمۇ، ئالىيلىرىغىمۇ پايدىلىق ئىدى، شۇڭا مەن ئۇنى خېلى قاتتىق تۇتتۇم، بىراق، كاجلىق بىلەن كەيپىمنى ئۇچۇردى. ئەگەر قايتا بېرىش زۆرۈر بولسا، يەنە ئۆزۈم بىر قېتىم باراي، نېمە دېيىش توغرا كەلسە ئېيتاي. بىراق ئالىيلىرىدىن ئىلتىماسىم شۇكى، ئۇنى ئىشەندۈرۈش ئۈچۈن يەنە بىر پارچە مەكتۇپ يېزىپ بەرگىن.

— ئۆتكەن نۆۋەت بىر چىرايلىق سۆزلەر بىلەن مەكتۇپ يازدىم، — دېدى ئىلىگ ئۆگدۈلمىشنىڭ ئىلتىماسىغا بىنائەن، — مەكتۇپىمغا تاشتەك قاتتىق سۆزلەر بىلەن جاۋاب قايتۇرۇپتۇ. يەنە مېنىڭ مەكتۇپ يېزىشىمنىڭ ھاجىتى نېمە، ئۆزۈڭمۇ ئەڭ ياخشى

مەكتۇپ.

— ئالىيلىرى، شۇنداق بولسىمۇ يەنە بىر پارچە مەكتۇپ يېزىپ بەرگىنىڭ تۈزۈك، — دېدى ئۆگدۈلمىش ئىلىگدىن ئۆتۈنۈپ، — ئەلچى قانچە پۇختا ھەم ماھىر بولسىمۇ، مەكتۇپ بولمىسا گەپكە ئىشەندۈرگىلى بولمايدۇ. تونۇش كىشى ئۈچۈن مەكتۇپ ياخشى گۇۋاھچى بولىدۇ، گۇۋاھچى ئالدىدا ھىيلە ئىشلىتىشكە ئورۇن قالمايدۇ.

— ئەگەر زۆرۈرىيەت شۇنداق بولىدىغان بولسا، ماقۇل، مەكتۇپ يېزىپ سۆزلىرىڭگە يول ئېچىپ بېرەي، — دېدى ئىلىگ، — مەكتۇپىنىمۇ يازاي، ئەمما مەكتۇپقىلا ئىشىنىپ كەتمە، ئۆزۈڭ بەكرەك تۇرغىن. نېمە دېيىش لازىم بولسا دەپ، نېمە قىلىش زۆرۈر تېپىلسا قىلىپ، ئىلاجى بار ئۇنى يېنىمغا كېلىشكە كۆندۈر.

كۈنتۇغدى ئىلىگ مۇلازىمىنى دەۋەت-قەغەزگە بۇيرۇپ، ئودغۇرمىشقا ئىككىنچى قېتىم نامە يېزىشقا تۇتۇش قىلدى.

## يىگىرمە ئىككىنچى باب

# كۈنتۇغدى ئىلىگنىڭ ئۇدغۇرمىشنى ئىككىنچى قېتىم دەۋەت قىلغانلىقى

كۈنتۇغدى ئىلىگ ئۇدغۇرمىشنى ئوردىغا كېلىپ دۆلەت ئىشلىرىغا ياردەملىشىشكە دەۋەت قىلىپ، ئۆگدۈلمىشنىڭ ئىككىنچى قېتىم ئۇنىڭ قېشىغا بېرىشىغا ئەمر قىلدى. ئۆگدۈلمىشنىڭ تەلىپى بويىچە ئۇدغۇرمىشقا ئىككىنچى قېتىم يەنە نامە يېزىشقا ئولتۇردى. كۈنتۇغدى ئىلىگ نامىدە ئاللاغا بولغان چوڭقۇر ھەمدۇسانا، پەيغەمبىرىمىز ھەم ئۇنىڭ ساھابىلىرىغا بولغان سېغىنىش ھېسسىياتلىرىنى يازغاندىن كېيىن مەقسەت-مۇددىئاسىنى تۆۋەندىكىدەك بايان قىلدى:

«ئەي ئەقىل-ئىدراكتا كامالەتكە يەتكەن دوستۇم، ئاۋۋال سەندىن ئەھۋال سوراپ سالىمىمنى يوللايمەن. ھال-ئەھۋالىڭ قانداق، ساق-سالامەت تۇرۇۋاتامسەن. ئۆتكەندە قېرىندىشىڭ ئۆگدۈلمىشنى سېنى قېشىمغا قايتۇرۇپ كېلىشكە ئەۋەتكەن ئىدىم، بىراق سەن بۇ ياققا كېلىپ مەن بىلەن دىدارلىشىشنى خالىماپسەن. ماڭا قايتۇرغان جاۋاب خېتىڭنى ئوقۇدۇم، مەزمۇنىدىن ۋاقىپ بولدۇم، ئۆگدۈلمىشمۇ ئېيتقانلىرىڭنى يەتكۈزدى. بۇ نۆۋەت ئۆزۈڭنى قاچۇرماي سۆزۈمنى ئاڭلىشىڭنى ئۈمىد قىلىمەن.

مەن ساڭا شېكەردىن تاتلىقراق سۆزلەرنى يېزىپ ئەۋەتكەن ئىدىم، ماڭا قايتقىنى ئوغىدىن ئاچچىق سۆزلەر بولدى. يەنە مۇنۇ سۆزلىرىمنى دېگۈم كېلىپ يېزىۋاتىمەن، كۆڭلۈڭدە تۇتقايسەن. سەن ئۆزۈڭگە ‹زاھىت› نامىنى مۇناسىپ كۆرۈپ تاغ ئۆڭكۈرىدە

ياشاۋېتىپسەن. «زاھىت»لىق نامىڭ بىلەن كىشىلەر ئارىسىدا ئۇلۇغ شۆھرەتكە ئىگە بولۇپسەن. پۈتۈن تائەت-ئىبادەتنى ئاشۇ نامىڭ ئۈچۈن قىلىپ، ئۆزۈڭنىڭ رىزىق-نېسىۋەڭنى زورمۇزور نابۇت قىلىۋاتىسەن. بىلسەڭ، تائەتنىڭ ئاساسى ئۇنىڭ خۇپىيانىلىكىدە، ئەگەر تائەت-ئىبادەت ئەل-جامائەتكە نامايىش قىلىنسا، ئۇنىڭ ئۇلى غۇلاپ كېتىدۇ. شۇڭا، بۇ مەخپىيەت ئەلدىن سىر تۇتۇلۇشى لازىم، ئاللامۇ ئۆزىنىڭ نەزىرىدىكى بەندىلىرىنى يوشۇرۇن تۇتىدۇ. بۇنداق بەندىلەرنىڭ تەرىپىمۇ ئەل ئارىسىدا بولۇنمايدۇ، ھەتتا شۇ بەندە ئۆزىمۇ ئاللانىڭ نەزىرىدە ئاللاغا يېقىنمۇ ياكى يىراقمۇ بۇنى بىلمەيدۇ. شۇڭا ئاللاغا يېقىن بولۇشۇڭ تاغقا چىقىۋېلىپ ئىبادەت قىلىشىڭغا باغلىق بولمايدۇ، ئۆزۈڭنى نامايىش قىلماي، بۇ ياققا كەلگىن، ئەل-جامائەتكە قېتىل، سىرلىرىڭنى ئۇلار بىلمەي قالسۇن. ھالالدىن مال تېپىپ ئۆزۈڭنى ۋە ئاچ-يالىڭاچلارنى تويدۇر، كىيىملىرىنى پۈتۈن قىل. ئاللانىڭ ياخشى بەندىلىرى تاپقان مال-دۇنيا، ئۇلارغا بۇ دۇنيا ۋە ئۇ دۇنيادا ئەڭ ياخشى ئوزۇق ۋە لىباس بولىدۇ. بىلنىملىك پاك بىر زات شۇنداق دېگەن: مال-دۇنيا ياخشى ئادەملەرنىڭ قولىغا چۈشسە ھەر ئىككى ئالەمدە يەپ-ئىچىشكە يارايدۇ. ئەگەر مال-دۇنياغا ئېرىشىپ ئۇنى جايىدا سەرپ قىلىشنى بىلمىسە، مانا شۇنى ئېغىر يۈك يۈدۈۋاپتۇ دېسە بولىدۇ. ئەگەر مەرد بولىدىغان بولساڭ كىشىلەرگە پايدا يەتكۈز، نەپ بەر. مەن سېنى مۇسۇلمانلارنىڭ پايدىسى ئۈچۈن بۇ يەرگە چاقىرىۋاتىمەن، بۇ ياققا كەلگىن، ئەلگە مەنپەئەت يەتكۈزۈپ ئۇلارغا يارا. ئەل ئۈچۈن پايدىسىز ئادەم تىرىكتىنى كۆزلەپ ياشىغان ئادەمنى قانداقمۇ ئادەم قاتارىدا سانىغىلى بولسۇن؟! ھەقىقىي ئادەممەن دېگەن ئەر ئەلنىڭ جانىجان مەنپەئىتىگە يارىسۇن. مال-دۇنياسىنى ئۈلەشتۈرۈپ بەرسىلا سېخىيلىق بولمايدۇ. ھەقىقىي سېخىي ئۆزىنىڭ جان-تېنىنى ئەل ئۈچۈن پىدا قىلالايدۇ. ئۆزىگىلا كۆيۈنۈش كۆيۈمچانلىق ئەمەس،

ئەلگە كۆيۈنۈش ئاللا نەزىرىدىكى ھەقىقىي كۆيۈمچانلىق بولىدۇ، بەس.

قېنى سەن ئېيتىپ باققىنە، كىشىلەر تەرىپلىشىدىغان ياخشىلىق دېگەن قانداق بولىدۇ، كىشىلەر ماختايدىغان ياخشى ئادەم زادى كىم؟ مېنىڭچە، كىشىلەرنىڭ دەردىگە دەرمان بولالىغان ئادەم ھەقىقىي ياخشى ئادەمدۇر. ئەي دىلى روشەن، بىلىمى چەكسىز كىشى، ئەقلىڭنى يورۇتۇپ، سۆزلىرىمگە ئېتىبار بىلەن باققىن. ئەگەر سۆزلىرىم چىن، دۇرۇس بولسا، ھەۋەسنى قويۇپ، يېنىمغا كېلىپ تۇرغىن.

سۆزۈمنى مۇشۇ يەردە توختىتاي. گەپنى ئۆزۈن قىلىش ئەقىل ۋە بىلىمگە مۇخالىپ. ئۆزۈن گەپ زېرىكىشلىك ۋە بىمەززە بولىدۇ، ئەقىل ئىگىلىرى كۆپ سۆزلىمەيدۇ. قالغان گەپ-سۆزلىرىمنى قېرىندىشىڭ ئۆگدۈلمىشكە تاپشۇردۇم، شۇنىڭدىن ئاڭلىغايسەن.»

* * *

كۈنتۇغدى ئىلىگ ئودغۇرمىشقا يازغان مەكتۇپنى تۈگىتىپ، قولىغا ئېلىپ ئازراق پۈۋلەپ خەتنى قۇرۇتقاندىن كېيىن، چىلك تۈگۈپ باغلاپ مۆھۈرنى باستى، ئاندىن خەتنى ئۆگدۈلمىشكە بېرىپ مۇنداق جېكىلىدى:

— مەكتۇپىمنى بەرگەندىن كېيىن سەنمۇ ئەھۋالنى ياخشى ئېيتقىن. قانداق چارە قوللانساڭ قوللىنىپ، ئۇنى شەھەرگە قايتۇرۇپ كېلىشنىڭ ئامالىنى قىل. ئۇنىڭ قانداق تەلەپلىرى بولسا، بۇ يەرگە كەلگەندىن كېيىن ئۆزۈم ھەل قىلىپ بېرىمەن.

ئۆگدۈلمىش ئىلىگنىڭ ئەمرىنى جېنى بىلەن ئورۇندايدىغانلىقىنى ئىپادىلەپ «ئىلەل» دەپ ئورنىدىن تۇرۇپ، ئىلىگ بىلەن خوشلىشىپ ئوردىدىن چىقتى. ئۇ ئېتىنى مىنىپ

ئۆيىگە قايتىپ كەلدى، ئازراق غىزالىنىۋالغاندىن كېيىن، بىرئاز ئارام ئالدى. بۇ ۋاقىتتا رومى قىزى ئۆزىنى يوشۇردى، ئالەم رەڭگى زەڭگىنىڭ يۈزىدەك قارا تۈسكە كىردى. بارا-بارا ئاسمان پۈتۈنلەي قارا قۇش سىياقىدا ئوراندى، زېمىنمۇ قارا قۇش پېيىدىن تون كىيدى. ئۆگدۈلمىش بولسا ئورنىدا يېتىپ، چوڭقۇر خىيالغا پاتقان ئىدى: «بۇدا يەنە نېمە دەپ يۈزتۈرانە سۆزلىشەرمەن، نېمە دېسەم ئۇنى قايىل قىلغىلى بولار، ئۇنىڭغىمۇ، ئىلىگكىمۇ يۈز كېلەلىگىدەك بىر ئىش قىلسام بولاتتى...» ئۇ شۇ خىيال ئىسكەنجىسىدە ئازراق كۆزىنى يۇمدى. بىرئازدىن كېيىن يەنە ئويغىنىپ كەتتى. تۈن تېخىچىلا ئۆچكەن كۆمۈردەك قاراڭغۇ ئىدى. ئۇ ئۇيقۇسى قېچىپ بىر هازاغىچە ئولتۇردى. قاراڭغۇ تۈن ئاستا-ئاستا ئېتىكىنى كۆتۈرۈشكە باشلىدى، قۇياشمۇ يەردىن بېشىنى كۆتۈرۈپ، پۈتۈن ئالەمگە نۇرلۇق يۈزى بىلەن تەبەسسۇم قىلىپ چىشىنى كۆرسەتتى. ئۆگدۈلمىش ئورنىدىن تۇرۇپ تەرەت ئالدى، بامدات نامىزىدىن كېيىن دۇئا-تەكبىر قىلدى، ئاندىن مۇلازىم ئوغلاننى ئاتنى توقۇشقا بۇيرۇدى. ئوغلان ئاتنى توقۇپ سىرتقا ئېلىپ چىقىپ، ئۆگدۈلمىشنى مىندۇرۇپ، ئودغۇرمىشنىڭ قېشىغا يولغا سالدى. ئۆگدۈلمىشنىڭ روھىي هالىتى ۋە كەيپىياتى خېلىلا كۆتۈرەڭگۈ ۋە جۇشقۇن ئىدى.

ئۆگدۈلمىش ئودغۇرمىشقا بولغان چوڭقۇر قېرىنداشلىق مېھىر-مۇھەببىتى ۋە هۆرمىتى يۈزىسىدىن خېلى يىراقتىنلا ئاتتىن چۈشۈپ، ئاتنى يېتىلەپ قېرىندىشى تۇرۇۋاتقان ئۆڭكۈرنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئاستا ئىشىكنى چەكتى.

ئودغۇرمىش يەنىلا ئېتىكاپتا ئىبادەت ئۈستىدە ئىدى. ئۇ ئىشىكنىڭ چېكىلگىنىنى ئاڭلاپ ئىبادىتىنى توختىتىپ، ئورنىدىن قوپۇپ بېرىپ ئىشىكنى ئاچتى. قېرىندىشى ئۆگدۈلمىشنىڭ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ سالام قىلدى ۋە ئۇنىڭ قولىدىن تۇتۇپ ئۆڭكۈرگە باشلىدى. ئۇنىڭغا هۆرمەت بىلەن مۇئامىلە قىلىپ،

سوّيوّپ قارشى ئالدى. ئۇلار هايۋان تېرىسىدىن سېلىنغان تاش ئورۇندۇقتا يانمۇيان ئولتۇرۇشتى. سالام-سائەتتىن كېيىن، ئودغۇرمىش گەپ ئاچتى:

— قارىغاندا بۇ قېتىممۇ ئالدىمغا بىكاردىن كەلمىدىڭغۇ دەيمەن، ئۆتكەندە گەپنى ئوچۇقلا ئېيتقان ئىدىم، يەنە نېمىشقا جاپا چېكىسەن؟! جاھاننىڭ ئاچچىق-چۇچۇكىنى كۆپ كۆرگەن ئۇستازلارنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى ئاڭلا: كىشىنى سىناشقا بىر قاراشلا كۇپايە، نىيىتىنى بىلىش ئۈچۈن بىر قانچە ئېغىز سۆزلا يېتەرلىك. ئالتۇن بىلەن مىسنى پەرق ئېتەلمىسەڭ، تاشقا ئاززاق سۈرۈپ كۆرسەڭلا بولىدۇ.

— ھەي قاياشىم دىلنى يارا قىلماي بۇنچە كايىما، — دېدى ئۆگدۈلمىش ئىلاجىسىزلىقىنى ئىپادىلەپ، — خىزمەتچى دېگەننىڭ كۆزى ئېچىلىپلا بېگىنى كۆرىدۇ، بېگى بولسا ئۇنى ئوق قىلىپ قاياققا ئاتسا ئاتىدۇ. ئۆتكەنكى مەكتۇپىڭنى ئىلىگكە تاپشۇردۇم، دېگەن سۆزلىرىڭنى تولۇقى بىلەن يەتكۈزدۈم. بىراق ئالىيلىرىنىڭ كۆڭلى قانائەت تاپىدىغاندەك ئەمەس. بۇ نۆۋەت يەنە مېنى مەكتۇپ بىلەن ئەۋەتتى، ئوقۇپ بېقىپ ئاندىن بىر نەرسە دەرسەن.

ئۆگدۈلمىش يېنىدىن ئىلىگنىڭ مەكتۇپىنى چىقىرىپ ئىككى قوللاپ ئودغۇرمىشقا سۇندى. ئودغۇرمىش ئۆگدۈلمىشنىڭ قولىدىن مەكتۇپنى ئېلىپ، مۆھۈرلۈك پېچەتنى ئېچىپ ئوقۇدى، ئوقۇپ بولۇپ خىيالغا چۆمدى. بىرئازدىن كېيىن:

— ھەي قېرىندىشىم، ئىلىگنىڭ نېمە دەردى بار؟ ئىلىگ مېنى شۇنچە قاتتىق زورلاپ دەۋەت قىلىپتۇ، — دەپ سورىدى.

ئۆگدۈلمىش ئودغۇرمىشنى قايىل قىلىش ئۈچۈن پىكىر دۇلدۇلىنى بەھەيۋەت چاپتۇردى.

# يىگىرمە ئۈچىنچى باب

## ئۆگدۈلمىش بىلەن ئودغۇرمىشنىڭ مۇنازىرە لەشكەرلىرىنى ئىككىنچى قېتىم جەڭگە سالغانلىقى

ئۆگدۈلمىش ئىلىگنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە ئودغۇرمىشنى ئوردىغا بېرىشقا كۆندۈرۈش ئۈچۈن ئەقىل تۇلپارىنى ئىشقا سېلىپ، سۆز گۆھەرلىرىنى مۇنداق تىزدى:

— ھەي قاياش، سۆزلىرىمنى بىلىپ ئاڭلا، ئىلىگنىڭ ئۈمىد-خاھىشى سەن ئۈچۈن پايدىلىق. ئۇ سېنىڭ ساۋابلىق ئىشلارنى قىلىشىڭغا سورۇن ھازىرلىماقچى، ياخشىلىق قىلىشىڭ ئۈچۈن يول ئېچىپ بەرمەكچى. بىلىسەن، بۇ ساڭا بىر ياخشى پۇرسەت، سېنىڭمۇ بۇ خىلۋەتگاھدا تائەت-ئىبادەت بىلەن مەشغۇل بولۇشۇڭمۇ ئۆزۈڭ ئۈچۈن ساۋاب ئىشىكىنى ئېچىشقۇ؟ ئۆتكەندە ئېيتقىنىمدەك، شەھەر-كەنتتە سەن ئېيتقاندىنمۇ ساۋابلىق ئىشلار بار. بۇ دۇنيانىڭ بەخت-سائادىتىگە مۇيەسسەر بولۇپ، ياخشى ئاتاق قازىنىپ ياشاش يامان ئىش ئەمەس. ئاخىرەتلىكىڭنى ئىزدىمەكچى بولساڭ، مۇرۇۋۋەتلىك ئىشلارنى قىلىپ، ئۇ دۇنياغا ئېلىپ كېتىشىڭ كېرەك ئەمەسمۇ؟! دۇنيا نېمەتلىرىنى يامان كۆرمە، يەپ-ئىچىپ يەنە خەلققە بەرسەڭ يۈزۈڭ يورۇق بولىدۇ. سېخىيلارنىڭ كاتتىسى شۇنداق دېگەن: «مال-مۈلۈك جىمى ياخشىلىقنىڭ يولباشچىسى، ئۇ ھەم ھەر خىل كېسەلنىڭ ئەمچىسى. مال-دۇنيالىق كىشى بىلىملىك، ئەقىللىق بولىدۇ، ھەر خىل خاسىيەتلىك ئىشلارغا قول ئۇزىتالايدۇ.» شۇنداق،

مال-بىساتلىق ئادەم كۆك ئاسمانغا يول ئالماقچى بولسىمۇ مال-بىساتى ئۇنىڭغا يۈلەك بولىدۇ. تىلىكىڭ ھەج قىلماق بولسۇن ۋە ياكى غازىلىق ئۈمىدىدە بول، كارغا يارايدىغىنى يەنىلا مال-دۇنيا. ئەگەر ئالغاننى قايتۇرغىدەك بىساتىڭ بولمىسا، ھەر قانداق ساخاۋەتلىك ئىشلار ئۈچۈن قولۇڭ قىسقا بولۇپ قالىدۇ.

ھەي پاك قېرىندىشىم، شۇنچە ياخشى نەسىھەتلەرنى قوبۇل قىلماي، نېمە ئۈچۈن تالاي ساۋابلىق ئىشلارنى تاشلاپ قويىسەن؟! قۇرۇق ئىبادەتكىلا ئىشىنىپ كېتىشكە بولمايدۇ. كىشى ئىبادەتكىلا تېۋىنىپ يۈرسە ھەممىدىن مەھرۇم قالىدۇ، ئاللانىڭ ۋىسالىغا يېتىش مۇمكىن بولمايدۇ. ئىبادەت يولى شۇنچىلىك نازۇككى، يىللاپ كېچە-كۈندۈز ئىبادەت بىلەن مەشغۇل بولغان مىڭلىغان ئادەم جېنى چىقىدىغان چاغدا يولىدىن ئېزىپ دوزاخقا مەھكۇم بولىدۇ، يەنە مىڭلىغان تائەتسىز گۇناھكار بەندىلەر ئاخىرقى تىنىقىدا توغرا يولغا سېلىنىپ جەننەتكە يۈزلەندۈرۈلىدۇ. خۇدايىمنىڭ ھەممە رازىلىقى تائەت-ئىبادەت بىلەن بولىدىغانلىقىنى بىلىمەن، بىراق ھەقىقىي تائەت-ئىبادەتنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمىگەن كىشى ئۆزىنىڭ قايسى تائىتىنىڭ مەقبۇل بولىدىغانلىقىنى ئۇقمايدۇ. شۇڭا، تائەتنىڭ لەززىتىدىن تولۇق بەھرىمەن بولۇش ئۈچۈن لازىملىق ھەممە تائەتلەرنى تولۇق ئورۇنلاشتۇرۇشقا تىرىشىش زۆرۈر. دېگەنلىرىم توغرىمۇ؟ ئەگەر توغرا تاپساڭ تەكلىپىمگە كۆنگىن، ھەۋەسىنى تاشلاپ خاتىرجەملىكنى تىلەپ، ماڭا ماقۇللۇق بەرگىن.

— مېنى تولىمۇ غەمگە سالدىڭغۇ، — دېدى ئودغۇرمىش ئىلاجسىز قالغانلىقىنى يوشۇرۇپ قالالماي، — ئېشىمنى زەھەر قىلدىڭ. ماقۇل، سۆزلىرىڭنى ئىلىك ئالغانمۇ بولاي، ئوردىغا بېرىپ خىزمەت قىلدىممۇ دەي، بىراق ئوردىدا خىزمەت قىلىش ئۈچۈن قائىدە-يوسۇنلارنى ياخشى بىلىشىم، سۆز-ھەرىكەتلىرىم قائىدىگە ئۇيغۇن بولۇشى كېرەكقۇ؟! كىرىپ-چىقىش،

ئولتۇرۇپ-قوپۇشتا قائىدە-يوسۇنلارنى ياخشى بىلمىسەم، خىزمەت قىلىش يوللىرىنى ئۇقمىسام بىكاردىن-بىكارغا رىيازەت چېكىشتىن نېمە پايدا؟! ئوردا خىزمىتىدە پىشقان بىر كىشى مۇنداق دېگەن: «بەگلەرنىڭ خىزمىتىنى قىلماق بولساڭ، تىلىڭ بىلەن دىلىڭ دۇرۇس بولسۇن، سۆزلىرىڭنى بايقاپ سۆزلە، خىزمەتنى قائىدە-يوسۇن بىلەن قىلىشنى ئۆگەن. كۆڭۈلدىكىدەك خىزمەت قىلالىساڭ يۈزۈڭ يورۇق بولىدۇ.» مەن جامائەتتىن ئايرىلىپ ياشاپ كېلىۋاتىمەن، سۆز-ھەرىكەتلىرىم قائىدە-يوسۇندىن يىراق، شۇنداق ئەھۋالدا بېگىمگە قانداقمۇ ياخشى خىزمەت قىلىپ بېرەلەيمەن. مېنى ئۇنچە زورلىما، سۆزۈمنى رەت قىلما، مەن ئۈچۈن ئۇ ئىشكلەر يېپىلغان.

— بۇ گەپلىرىڭ ياخشى بولمىدى، ھەي تۈز كۆڭۈل قېرىندىشىم، — دېدى ئۆگدۈلمىش، — ئىلىگ ساڭا ئۇنداق قائىدە-يوسۇنلارغا بويسۇنۇش تەلىپىنى قويمايدۇ، ئولتۇرۇش-قوپۇش ئۇنچە مۇھىم ئەمەس.

— ئۇنداق دەپ قارىساڭ بولمايدۇ، — دەپ ئېتىراز بىلدۈردى ئودغۇرمىش، — ئەدەپ-قائىدە ۋە ئوردا يوسۇنلىرىنى بىلمەي ھاڭۋېقىپ تۇرۇش بىزگە مۇناسىپ ئەمەس. بەگلەرنىڭ ۋەزىپىسى ئەلنى راۋاج تاپتۇرۇش. ئەلنىڭ راۋاجى، ئەلنى تۈزەپ دۇنيانى پاكلاش قانۇن-قائىدىلەر ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ. بەگلەر شۇنىڭغا مۇناسىپ ئەقىل-پاراسەت بىلەن ئەمر-پەرمان چۈشۈرىدۇ. دۆلەت ئىشلىرى ئوردا خىزمەتچىلىرىنىڭمۇ قائىدە-يوسۇنلۇق، بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ، شۇنداق بولغاندىلا بەگنىڭ قۇدرىتى ئاشىدۇ، دۈشمەننىڭ ھەيۋىسىنى سۇندۇرۇپ، بويىنىغا دەسسەپ، ئەلنىڭ ئىنتىقامىنى ئالالايدۇ. بىز مانا شۇ قانۇن-تەرتىپنىڭ تۈزگۈچىلىرى تۇرۇقلۇق، ئۆزىمىز قانۇن-تەرتىپنى بۇزساق يارىشامدۇ؟

— قېرىندىشىم، تائام يېيىلگەندىن كېيىن ھەزىم بولىدۇ.

ئەگەر سەن ئوردا يوسۇنلىرىنى بىلمەسلىكىڭدىن ئەنسىرىسەڭ، ئۇ ئانچە قىيىن ئىش ئەمەس. خالىساڭ مانا مەن ساڭا زۆرۈر قائىدە-يوسۇنلارنى سۆزلەپ بېرەي. بىلمىگەن ئىشلارنى ئاڭلاپ، كۆرۈپ ئۆگىنىۋالغىلى بولىدۇ. شۇڭا دانالار: ئادەم تۇغۇلۇشىدىنلا ئالىم بولۇپ تۇغۇلمايدۇ، كېيىن ئۆگىنىدۇ، تىلمۇ تۇغۇلۇپلا سۆزلىمەيدۇ، كېيىن ئۆگىنىپ سۆزلەيدۇ، دېيىشكەن.

— بۈگۈن سەن مېنى تولىمۇ قىستاۋاتىسەن. بوپتۇ، خاھىشىڭ شۇنداق بولىدىغان بولسا قېنى ئېيتىپ باققىن، بەگلەرگە خىزمەت قىلىشنىڭ قانداق يوسۇنلىرىنى بىلمەك لازىم، بىر-بىرلەپ نامىنى ئاتاپ دەپ باق، كۆڭلۈمگە سىغامدۇ، قېنى ئاڭلاپ باقاي، — دېدى ئودغۇرمىش. ئۇ بىر دەم ئۆزىنى قاچۇرۇشنىڭ چارىسىنى ئىزدىسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆگدۈلمىشنىڭ پاراستى ۋە بىلىم قابىلىيىتىنى سىنىماق بولاتتى.

— ھەي دانىشمەنلەرنىڭ ياخشىسى، مانا بۇ گېپىڭ ياخشى بولدى، بۇرۇنقى يولۇڭ ئەقىلدىن يىراق ئىدى، ئەمدى سۆزۈڭنىڭ ئۇلىنى توغرىلىق ئۈستىگە قۇردۇڭ؛ كۆڭلۈڭدىكى تۈگۈن شۇ بولىدىغان بولسا، ئۇنى يېشىشكە مانا مەن تەييار.

ئۆگدۈلمىش ئودغۇرمىشنىڭ ئىلاجسىزلىقىنى ماقۇللۇق دەپ چۈشىنىپ، ئوردىنىڭ خىزمىتىنى قىلىشتا بىلىشكە تېگىشلىك قائىدە-يوسۇنلارنى مۇنداق بايان قىلدى.

## يىگىرمە تۆتىنچى باب

# ئۆگدۈلمىشنىڭ ئودغۇرمىشقا بەگلەرگە خىزمەت قىلىشنىڭ قائىدە-يوسۇن-لىرىنى بايان قىلغانلىقى

— خىزمەت قىلغۇچى كىشى ئىككى خىل بولىدۇ، — دەپ سۆزىنى باشلىدى ئۆگدۈلمىش، — بىرى، بالا چاغلىرىدىلا ئوردا خىزمىتىگە كىرىدۇ، يەنە بىرى، چوڭ بولغاندىن كېيىن خىزمەتكە كىرىدۇ. ئوردىنىڭ خىزمىتىنى قىلىش ئۈچۈن ئەڭ ياخشىسى كىچىكىدىن باشلاپ خىزمەت قىلىپ كۆڭۈلنى توختاتقان تۈزۈك. مەن ساڭا ئادەتتىكى كىچىك ئىشلاردىن تارتىپ ئوچۇق سۆزلەپ بېرەي. سۆزنى يوشۇرسا، ئىشنىڭ ئاخىرى خام قالىدۇ، خام ئاش قورساقنى ئاغرىتىدۇ. پۈختىلىق سۆزنىڭ پىششىقلىقى بىلەن، پۈتۈنلۈك سۆزنىڭ دۇرۇسلۇقى بىلەن بولىدۇ.

خىزمەتكە ياراپ يول ئاچاي دېگەن كىشى ئىشنى كىچىكىدىن باشلىشى، كىرىش-چىقىش، ئولتۇرۇش-قوپۇش بولسۇن قائىدە-يوسۇنلارنى پۈختا ئۆگىنىپ، ھەرىكىتىنى تۈزىتىشى لازىم. سەھەر قوپۇپ خىزمەتكە تەييار تۇرمىقى، كەمتەر بولۇپ كۆڭۈل، تىلىنى كىچىك پېئىل تۇتمىقى لازىم. ئۇنىڭ قۇلىقى دىڭ، كۆزى ئۆتكۈر، ئايىغى چاققان بولسۇن. ئۆزىدىن ئۇلۇغقا خىزمەت قىلغاندا تىلغا بەك ھېزى بولۇش كېرەك. كىرىپ-چىقىشتا، بېگىگە ئىشلارنى مەلۇم قىلغاندا قائىدىگە ئەمەل قىلىش تەلەپ قىلىنىدۇ. بۇ تەرەپلەردىن تولۇق يېتىلگەندە بەگلەر ئۇنىڭ قايسى ئىشقا يارايدىغانلىقىنى بەلگىلىيەلەيدۇ. ئىشقا چەبدەس،

يۇرۇش-تۇرۇشى تېتىك بولسا، ئۇ تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ. مەرگەن بولسا ئوقياچى بولىدۇ، ئىش-ھەرىكىتى توغرا كىشى تامغىچىلىققا قويۇلىدۇ. تەبىئىتى پاك، چىراي-تۇرقى چىرايلىق ئەر ئىدىشچىلىققا قويۇلىدۇ. ھېساباتقا پۇختا بولسا خەزىنىدارلىققا قويۇلغۇسى، ئاقىلدار بولسا پۈتۈكچى مەرتىۋىسىگە ئېرىشكۈسى. بۇ خىزمەتلەرنىڭ قايسىسىغا مۇيەسسەر بولسا، ئىشنى ئېھتىيات بىلەن جايىدا قىلغۇلۇق. جايىدا خىزمەت قىلىپ مۇرادىغا يەتكەن بىرى بەگلەر بىلەن يۈزمۇيۈز تۇرغاندا، ئۆزىنى قانداق تۇتۇش كېرەكلىكى ھەققىدە مۇنداق دېگەن: «بەگلەر بىلەن يۈزمۇيۈز تۇرغاندا ئۆزۈڭنى كۆزىتىپ، ئەيمىنىش بىلەن تۇرغىن، ئىش-ھەرىكىتىڭنى تۈز قىل. تىلىڭ بىلەن دىلىڭ تۈز، سۆزۈڭ قىسقا بولسۇن.» بەگلەر بىلەن يۈزمۇيۈز تۇرغاندا كۆزۈڭ يەردە بولسا، قۇلىقىڭ تۆردە بولسۇن، ئىككى پۇتۇڭ تۈز تۇرسۇن، ئوڭ قولۇڭنى سول قولۇڭنىڭ ئۈستىگە قويۇپ، قول باغلاپ تۇر. ئىشىكتىن ئوڭ پۇتۇڭنى ئېلىپ كىرىپ، ئەمىر-پەرمانىنى زېھىن قويۇپ ئاڭلا. بەگلەرگە ئىلتىماس قىلغاندا، ئىككى قولۇڭنى تاشلاپ، تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ، ئوڭ-سولۇڭغا قارىماي ئەدەپ بىلەن سۆزىنى ئاڭلا. گەپ سورىسا توغرا جاۋاب بەر، يارلىق قىلسا جايىدا ئىجرا قىل. ئىچىملىككە بېرىلمە، بىكار لاغايلاپ يۈرمە، يارىماس، ناچار ئىشلاردىن يىراق بول. بەزى ئىشلارنى كۆرسەڭمۇ كۆرمەسكە سال، بەزى سۆزلەرنى ئاڭلىساڭمۇ ئاڭلىماسقا سال. شۇنداق قىلالىساڭ ئىشىڭ روناق تېپىپ، بەختىڭ كۈنسايىن ئېچىلىدۇ. چۈنكى ياخشى خىزمەت تۈرلۈك ئىشلارنىڭ يۈرۈشتۈرگۈچىسى، ياخشى دوستلارغا ئېرىشتۈرگۈچى ھەم يۈزۈڭنى يورۇتقۇچىدۇر.

بۇنداق خىللانغان يارامىلىق خىزمەتچىلەرنىڭ بەزىسى قوشۇن سەردارى بولسا، بەزىلىرى ھاجىپلىق مەرتىۋىسىگە يېتىدۇ. بىرى سۇ باشلار ئەر ئورنىغا ئولتۇرسا، بىرى پاراستى ۋە مول

تەجرىبە-ساۋاقلىرى بىلەن ئاقىلدارلىقتا قويۇلىدۇ. بەزىلىرى كۆك ئايىق نامىغا ئېرىشىدۇ. ئۇنىڭدىن قالغانلىرى بولسا ئىنانچ بەگ[1]، چاغرى بەگ[2]، تېكىن بەگ[3]، چاۋلى بەگ[4]، يابغۇ[5]، يۇغرۇش[6]، مۇشاۋۇر قاتارلىق ئورۇنلارغا قويۇلۇپ، ئەل ئىچىدە قولىنى ئۇزارتىدۇ. بەگلەر قول ئاستىدىكى خادىملىرىنى تۆھپىسىگە يارىشا ئاشۇنداق ئورۇنلارغا مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرالىسا، ئۇلارنىڭ ھەققىنى ئادا قىلغان بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە بەگلەرمۇ روناق تېپىپ، ئەلنى گۈللەندۈرۈشنىڭ يارامىلىق تىرەكلىرىگە ئېرىشىدۇ. يۇقىرىقى مۇبارەك ئورۇنلارغا يارامسىز، ناچار كىشىلەر قويۇلۇپ قالسا، ئۇلاردىن ئەلگە ئېغىر زىيانلار كېلىدۇ. شۇڭا، لاياقەتسىز كىشىلەرگە ھەرگىز يۇقىرىقى ئورۇننى بەرمەسلىك كېرەك. بەگلەرنىڭ يارامىلىق دانىشمەنلىرى شۇڭا: ھەي بەگ بولغۇچى، بىلىمسىزگە ھەرگىزمۇ قول بەرمە. ئەقىلسىز، بىلىمسىز كىشىلەر ئەلنى قاقشىتىدۇ، دەپ ئېيتىشقان. ئەقىلسىز، بىلىمسىز، يارامسىز كىشىلەر يۇقىرى مەرتىۋىگە ئېرىشتۇرۇلسە، ئۇنداق ئادەم ئاخىرى ئۆزىنىڭ بېگىنىڭ بېشىنى يېيىشكە يارايدۇ. شۇڭا، بەگلەر ئەمەل-مەرتىۋىگە ئادەم بەلگىلىگەندە، ئۇنىڭ ئورنىنى بىلىم-قابىلىيىتىگە يارىشا بېكىتىشى زۆرۈر، ئۇنىڭ خۇي-پەيلىنى ياخشى سىناپ، مۇناسىپ ئىشقا قويۇشى لازىم.

قۇلدا ساداقەت ۋە ئەقىل بولسا، بەگدىن ئۇنىڭغا ئېھسان ياغىدۇ. قانۇن تۈزۈپ، ئەلنى قانۇندىن بەھرىمەن قىلغۇچى بىر بەگ شۇنداق ئېيتقان: چاكار ھەر قانچە يۇقىرى مەرتىۋىگە

---

① ئىنانچ بەگ — قاراخانىيلار دەۋرىدىكى يۇقىرى مەنسەپ نامى.
② چاغرى بەگ — قاراخانىيلار دەۋرىدىكى يۇقىرى مەنسەپ نامى.
③ تېكىن بەگ — قاراخانىيلار دەۋرىدىكى يۇقىرى مەنسەپ نامى.
④ چاۋلى بەگ — قاراخانىيلار دەۋرىدىكى يۇقىرى مەنسەپ نامى.
⑤ يابغۇ — خەلق ئىچىدىن چىقىپ، خاقاندىن ئىككىنچى دەرىجە تۇۋەن تۇرىدىغانلارغا بېرىلىدىغان ئۇنۋان.
⑥ يۇغرۇش — مەنسەپ نامى.

ئېرىشسىمۇ ئۇ يەنىلا بەگنىڭ چاكىرى، بەگ قانچىلىك كىچىك بولسىمۇ ئۇ بەرىبىر بەگ، چاكار بىلەن بەگ ھەرگىزمۇ تەڭ بولالمايدۇ. بېگىڭ سېنى قەدىرلەپ بۈيۈكلۈككە ئېرىشتۈرگەن ئىكەن، سەنمۇ بېگىڭنى ھەقىر كۆرۈپ قارشىلاشما، ئۇنىڭ كەينىدىن يامان سۆز-چۆچەك تارقاتما. بەگ دېگەن بەخت، ئۇ بەخت قولىنى نەگە سۇنسا يېتىدۇ. ئۇ ھەم ئوت، ئوت دېگەن ھۆل-قۇرۇق دېمەي كۆيدۈرىدۇ. ئۇلار ھەم زاماندۇركى، زامانغا كۈلۈپ-يايراپ باقماق لازىمدۇر. بەگلەرنىڭ كۈلكىسىگە ئالدانما، تۆھپەڭگە ئىشىنىپ مەغرۇرلانما، گۇناھ سادىر قىلساڭ تۇرۇلىدىغان قاپقىنىمۇ ئۇنتۇما. بەگ دېگەن بەزىدە ئوت بولۇپ كۆيدۈرسە، بەزىدە سۇ بولۇپ كۆلدۈرىدۇ. ئۇ سېنى ئۆزىگە قانچىلىك يېقىن تۇتقانسېرى، ئۆزۈڭگە تېخىمۇ ھېزى بول، ئەڭ مۇھىمى خىزمەتتە يېڭىلىپ يولدىن ئازماسلىققا تىرىش.

زەن سېلىپ قارىساڭ، بەگ دېگەن جەسۇر ئارسلانغا ئوخشاش، ماختاپ تۈكىنى ئوڭ سىلىساڭ، يۇمشاپ ئىپەكتەك بولىدۇ، ئەگەر تۈكىنى تەتۈرىگە سىلىماق بولساڭ، غەزەپلىنىپ بېشىڭنى يەيدۇ، تومۇرۇڭنى يېرىپ، قېنىڭنى سۈمۈرۈپ ئىچىدۇ. بەگلەر غەزەپلىك ھالدا تۇرغاندا ئۇنىڭدىن نېرى بول، سورىسا جاۋاب بەر، چاقىرسا كىر. چۈنكى «كىر» دېگەن ئىلتىپات ئۆزۈڭگە قەدىر-قىممەت كەلتۈرىدۇ، «چىق» دېگەن سۆز يۈزۈڭگە ھاقارەت كەلتۈرىدۇ. ئۆزۈڭنى تۇتۇشنى بىل، ئۆزىنى تۇتۇش ئەزىزلىك تونىنى كىيدۈرىدۇ. يەنە شۇنىمۇ ئەسكەرتىپ قويايكى، مۇنۇ ئۈچ ئىشتىن يىراق تۇرۇشقا تىرىش: بىرىنچى، بەگلىككە ھېرىسمەن بولما. ئىككىنچى، ئاچ كۆزلۈك بىلەن ئۆزۈڭنى بۇلغىما. ئۈچىنچى، يالغانچىلىق بىلەن ئۆزۈڭنى ئىشەنچسىز قىلىپ قويما. بۇ ئۈچ ئىشنىڭ ئاخىرى يوقلۇقتۇر. كىشىلەر بىلەن دۈشمەنلەشمە، سۆزۈڭنى يوشۇرماي دۇرۇس سۆزلە. ئۆزۈڭنى ھەر جەھەتتىن پاك تۇت، بەگلەر پاكلىقنى سۆيىدۇ. ئوردىغا كەلگەندە

چېچەن بول. سېنى قەدىرلىگەننى سەنمۇ ئەزىزلە، كۆرەڭلەپ قوللىرىڭنى شىلتىما، سالامنى چېۋەرلىك بىلەن ئىلىك ئال، ئورنۇڭنى بىلىپ ئولتۇر، تەكەببۇرلۇق بىلەن باشقىلارنى رەنجىتمە، سىلىق بول، گال قىقىشتىن، كەلسە-كەلمەس توكۇرۇشتىن ساقلان. بۇنداق قىلىقلار ئەدەپسىزلىككە ياتىدۇ، كىشىلەرنىڭ تاۋىنى بۇزىدۇ، غەشلىكىنى كەلتۈرىدۇ. يەنە بەداشقان قۇرۇپ ئولتۇرما، يانپاشلاپ ياتما، قاقاقلاپ ئۈنلۈك كۈلمە، پۇتۇڭنى ئالماپ ئولتۇرما، كەلسە-كەلمەس يەردە تىرناق ئالما، بولمىسا كىشىلەر نەزىرىدە خارلىققا قالىسەن، ئۆزۈڭدىن بەختىنى، ئامەتنى قاچۇرىسەن. چوڭلار گەپ-سۆز قىلىۋاتقاندا زېھىن قويۇپ ئاڭلا، سۆزلەش توغرا كەلسە ئۆزۈڭگە مۇناسىپ سۆزنى قىلىپ، يۈزۈڭنى يورۇق قىل. ئوردىغا مەست ھالەتتە كىرگۈچى بولما، مەستلىك يارىماسلىق ۋە ئەدەپسىزلىكنىڭ ئانىسى. ئۆزۈڭنى تۇتۇشنى بىلمىسەڭ، مۇنۇ ئۈچ ئىش ئاخىرى بېرىپ بېشىڭغا چىقىدۇ. بىرى، بەگلەرنىڭ سىرىنى مەخپىي تۇتالمىساڭ، ئۇنى ئۆزۈڭنىڭ شېرىن جېنىڭدەك ساقلىيالمىساڭ. ئىككىنچى، توغرا، ھەققانىي مەيداندا تۇرالمىساڭ. ئۈچىنچى، ئۆزۈڭنى تۇتالماي، يارىماس، نالايىق ئىشلاردىن خالىي بولالمىساڭ. بۇ ئۈچ يارىماس ئىشنىڭ قايسىسىغا ئىلىنىپ قالساڭ، ھەر قانچە ئۇلۇغ بولساڭمۇ ئۆز بېشىڭغا چىقىسەن.

ئەگەر بەگلەر سېنى تاماققا تەكلىپ قىلغان بولسا ۋاقتىدا بارغىن. «بىسمىللا» دەپ ئوڭ قولۇڭ بىلەن ئۆزۈڭنىڭ ئالدىدىكى تائامغا قول سۇن، باشقىلارنىڭ ئالدىدىكى تائامغا قولۇڭنى ئۇزاتما. ئۇنداق سورۇندا قولۇڭغا پىچاق ئالما ھەم ھايۋاندەك سۆڭەك غاجىما. باشقىلارنى تاماققا ئۈندەپ، ئۇلارغا يېمەك سۇڭگۈتمە. تاماقنى يالماۋۇزدەك ئالدىراپ يېمە، ئاياللارغا ئوخشاش نازلىنىپمۇ ئولتۇرما، ھەر قانچە توق بولساڭمۇ، ئازراق ئېغىز تەگكۈزۈشۈڭ لازىم.

قانداق ئىشقا قول تىقساڭ ۋۇجۇدۇڭ بىلەن بېرىلىپ قىل، كۆزۈڭ ئېچىلىدۇ. ئەگەر ساڭا بەگلىك تېگىپ قالسا، بىلىم بىلەن ئىش قىلغايسەن، يابغۇلۇق مەرتىۋەڭ بولسا، ھەر قانچە قۇدرەتلىك بولساڭمۇ ۋاپادارلىقنى ئۆزۈڭگە مىزان قىل. ئەگەر تەڭداشسىز قوشۇن سەردارى بولساڭ سېخىيلىق ئادىتىڭ، ھوشيارلىق ھەمراھىڭ بولسۇن. چەۋەندازلىق بىلەن ئون ئوتاغ① مەنسىپى تېگىپ قالغۇدەك بولسا، قورال-ياراغنى تەق قىل. ۋەزىرلىك تېگىپ قولۇڭ ئۇزۇن بولسا، سىلىق-يۇمشاق بول، قانۇننى يامان تۇزمە. مەسلىھەتچىلىك شەرىپىگە ئېرىشسەڭ، توغرا مەسلىھەت بېرىپ، بەگكە يول كۆرسەت. كۆك ئايۇقلۇق ئورنىدا بولساڭ بەخت كەمىرىنى چىڭ باغلاپ، ئۆزۈڭنى ياخشى تۇت. ھاكىم ياكى قوماندان بولۇپ قالساڭ، توغرىلىقنى ئۆزۈڭگە ئادەت قىل، كۆز-قۇلىقىڭ ئىتتىك بولسۇن. ھاجىپلىق نېسىپ بولۇپ قالسا، ھەرگىز پارا ئالما، كەمبەغەل، تۇل خوتۇن، يېتىم ئوغۇللارنىڭ دەردىگە دەرمان بول. پۈتۈكچىلىك ئورنىدا ئولتۇرساڭ، سىرىڭنى كۆڭۈل قورغىنىڭدىن ھەرگىز چىقىرىپ سالما. خەزىنە ئاچقۇچىنى تۇتساڭ ئىشەنچلىك، دۇرۇس، پاك بول.

ئەمەللەرنىڭ مۇھىملىرى شۇ، قالغانلىرى شۇلارغا بويسۇنىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا تۆشەكچى، قۇشچى ۋە ئاشپەزگە ئوخشاش خىزمەتتىكىلەرمۇ بار. بۇلارنىڭ راھىتى بىر بولسا، مۇشەققىتى مىڭ.

قىسقىسى، خىزمىتىڭنى، بېگىڭنى ئۆزۈڭنى قەدىرلىگەندەك قەدىرلىشىڭ كېرەك. ئۇلۇغلۇققا ھۆرمەت قىلىش، ئۇلۇغلار كەلگەندە ئورنىدىن تۇرۇش ئەزەلدىن تارتىپ قائىدىغۇ؟ ئۇلۇغلۇققا ھۆرمەت يارىشىدۇ. بۇنىڭدىن كىچىكلەرمۇ ئۆزىنىڭ ئىززىتىنى تاپىدۇ.

---

① ئون ئوتاغ — ئون چېدىر باشلىقلىقى.

ئۆگدۈلمىش بەگلەرگە خىزمەت قىلىشنىڭ قائىدە ۋە ئۆلچەملىرىنى تەپسىلىي بايان قىلىپ بولۇپ:

— بەگ خىزمىتى مانا شۇنداق ئورۇندالسا ياخشى ئادا قىلىنغانلىق بولىدۇ، مەن بۇلارنى تولۇق سۆزلىدىم. يۇقىرىقىلارنى بىلىپ توغرا ئىشلەتسەڭلا ئەلۋەتتە بەگكىمۇ يارايسەن، مۇۋەپپەقىيەت دەرۋازىسى سەن ئۈچۈن ئوچۇق بولىدۇ، — دېدى.

— ياخشى سۆزلىدىڭ، كۆپ ئىشلارنى بىلىۋالدىم، — دېدى ئودغۇرمىش، — سەندىن سورايدىغان يەنە بىر مۇھىم ئىش بار، ئۇ ھەقتىمۇ ماڭا سۆزلەپ بېرىپ، كۆڭلۈمنى يورۇت. مەن ئوردىغا بارسام، ئورددىكى خىزمەتچىلەر بىلەن ئۇچرىشىشقا توغرا كېلىدۇ، چۈنكى تىرىكچىلىكتە ئۇلارسىز ئىش پۈتمەيدۇ، شۇڭا ئۇلار بىلەن تۈرلۈك مۇناسىۋەتلەردە بولۇشقا توغرا كېلىدۇ. قېنى سۆزلەپ باققىنا، ئۇلار بىلەن قانداق مۇئامىلە ۋە مۇناسىۋەتتە بولۇش مۇۋاپىق؟

— بۇ ئىشنى ئوبدان سورىدىڭ، — دېدى ئۆگدۈلمىش جاۋابەن، — راست، سەن دېگەن بۇ ئىشلارمۇ ئىنتايىن مۇھىم بولىدۇ. مەن ساڭا ئوردا خىزمەتچىلىرى بىلەن قانداق مۇناسىۋەتتە بولۇشنىڭ يوللىرىنى سۆزلەپ بېرەي.

## يىگىرمە بەشىنچى باب

# ئۆگدۇلمىشنىڭ ئوردا خىزمەتچىلىرى بىلەن مۇناسىۋەتتە بولۇش ھەققىدە ئېيتقانلىرى

— ھەي، مېھرىبان قېرىندىشىم، — دەپ سۆزىنى بايان قىلىشقا باشلىدى ئۆگدۇلمىش، — راست، تىرىكچىلىك كىشىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەت ئارقىلىق تۈۋلەيدۇ. بەگلەرگە يېقىن بولۇش ئۈچۈنمۇ ئوردىدىكىلەر بىلەن ئىناق ئۆتۈش كېرەك. بەگلەر بىلەن قانچىلىك يېقىن بولساڭ ئۆزۈڭگە شۇنچىلىك ياخشى. ئۇلار بىلەن ياخشى يارىشىپ ئۆتمىسەڭ، تىرىكچىلىكىڭنىڭ لەززىتى بۇزۇلىدۇ. شۇڭا، ئۇلارنىڭ بەزىلىرىنى دوست تۇت، بەزىلىرى بىلەن بۇرادەرچىلىكنى ساقلا. ئوردىدىكىلەر بىر نەچچە تەبىقىگە بۆلۈنىدۇ. بىرى، ئۆزۈڭدىن ئۇلۇغلار. ئۇلارنىڭ سۆزىنى قىممەتلىك بىلىپ ئۇلۇغلا، ئۇلارمۇ ساڭا ئىللىق چىراي بىلەن باقىدۇ. دانالار ئېيتقانكى: «كىچىكلەرگە بۈيۈكلۈك ئۇلۇغلاردىن كېلىدۇ. ئۇلۇغلارغا قىلغان خىزمەت سائادەت كەلتۈرىدۇ.» يەنە بىرى سېنىڭ تەڭتۇشلىرىڭ بولۇپ، ئۇلارغا يېقىنلاشساڭ دوست، يىراقلاشساڭ دۈشمەن بولىدۇ. دوستنى كۆپ تۇت، دوستلۇقنى قەدىرلە، دۈشمەنلىشىشتىن ساقلان. دوستى كۆپ ئادەم ئەل ئارىسىدا ماختىلىدۇ. ئادەمنى چۈشەنمەسلىكتىن ئۆزۈڭگە دۈشمەن قىلىۋالما، دۈشمەن شادلىق يولۇڭنى ئېتىدۇ. دۈشمەننىڭ ھەر قانچە ئاز بولسىمۇ زىيىنى كۆپ بولىدۇ. دۈشمەندىن باغرى لەختە-لەختە قانغا تولغان كىشىلەر شۇڭا: دۈشمەن بىر بولسىمۇ

زىيان-زەخمەتنى مىڭدۇر، مىنىڭ دوستۇڭ بولسىمۇ يەنە كەملىك قىلۇر، دېيىشكەن. دۇنيادا دۈشمەندىن پايدا كۆرگەن كىم بار؟! پايدا كەلدى دېگەندىمۇ، سېنىڭ ئۇنى بايقىۋالغانلىقىڭدىن كېلىدۇ. دوست تۇتساڭ تەڭتۇشلاردىن تۇت، ئادەم تەڭتۇشلىرى بىلەنلا ھەمنەپەس بولالايدۇ. قولداشلىرىڭ ساڭا قانداق ياخشى مۇئامىلە قىلغان بولسا، سەنمۇ ئۇلارغا ئاشۇرۇپ ياخشى مۇئامىلە قىلىپ، قولداشلىرىڭنى سۆيۈندۈر. ھەرگىز يامانلار بىلەن دوستلۇق ئورناتما، يامان دوست سېنى يولۇڭدىن ئازدۇرىدۇ. نامىم بۇلغانمىسۇن دېسەڭ، يامانلارغا قېتىلما، سەگەك ياشا. دۇنيادىكى ھەممە نەرسىلەر ئۆز جۈپى، ئۆز خىلى بىلەن بولىدۇ، ھەتتا ھايۋان، قۇرت-قوڭغۇزلارمۇ ئۆزىنىڭ خىلىنى بىلىپ ياشايدۇ. قاراپ باقساڭ، ئاققۇ ھەرگىزمۇ ئۆردەككە قوشۇلمايدۇ، قارا قۇش بىلەن ئاق قۇش بىر-بىرىدىن بەك يىراق ياشايدۇ. شۇنى پەم ئەتتىمكى، چاتقاللىقلاردا ئۇچۇپ يۈرگەن قارىغۇجىلارغا سەپسالسام، ئۇلارنىڭ جۈپتىمۇ قاپقارا ئىكەن. قۇشلارمۇ ئۆز جۈپتىنى تېپىپ ياشىغان يەردە، بىز ئادەم تۇرۇپ ئۆزىمىزگە مۇناسىپ ھەمراھ تېپىپ ياشىمىساق بولامدۇ؟!

ئۆگدۈلمىش بىرئاز تىنىۋېلىپ، يەنە سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— كىشىلەر ئارىسىدىكى يېقىنلىق ۋە دوستلۇق مۇنداق ئىككى خىل مۇددىئا ئۈچۈن بولىدۇ: بەزىلەر ئاللا يولىدا دوستلۇق كەمىرىنى باغلايدۇ. مۇنداق دوستلۇق ئارىسىدا خىيانەت بولمايدۇ. يەنە بەزىلەر ئۆزىنىڭ مەنپەئەتىنى كۆزلەپ دوستلۇق قولىنى سۇنىدۇ. بۇنداق غەرەزلىك دوستلۇقنىڭ ئاساسى مۇستەھكەم بولمايدۇ. شۇڭا، پايدا-مەنپەئەت كويىدا بولغان دوستقا ئارىلاشما، ئارىلاشقان بولساڭ ئايرىلىپ كەت. ئەگەر سەن خۇدا يولىدا دوست تۇتماقچى بولساڭ، دوستۇڭنىڭ ئېغىرىنى ئىگىرىماي كۆتۈر. ئاچچىقلىنىپ خۇيلانما، دوستۇڭدىن پايدا-مەنپەئەت تەمە قىلما.

ساداقەتمەن دوستلارنىڭ ئەجرىنى ئاللا ئۆزى بېرىدۇ. دوست تۇتۇپ ئۇنىڭ پايدا-زىيىنىنى بىلگەن كىشىلەر ئېيتىدۇكى، دوستۇڭنى سىنىماق بولساڭ، پايدا-زىيان ئىچىدە سىنا. بۇ ئۆتكەلدىن ئۆتەلىسە، ئۇنىڭغا ييېپىشساڭ بولىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ چىن ئەقىدىسىنى بىلمەك بولساڭ، قاپىقىڭنى تۇرۇپ، ئاچچىق گەپ بىلەن تېرىكتۇرۇپ باق. ئەگەر سېنى ھەقىقىي ياخشى كۆرىدىغان-كۆرمەيدىغانلىقىنى بىلمەكچى بولساڭ، ئۇنىڭ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان نەرسىسىنى سوراپ باقساڭلا مەلۇم بولىدۇ. مانا يۇقىرىقى ئىككى ئىشتا تەرىنى تۇرمىسە، ئۇنى جېنىڭدەك ئەزىز بىلسەڭ بولىدۇ. دوست تۇتۇشتا غەيۋەتچىدىن ھەزەر قىل، ئۇنىڭدىن نېرى تۇر، ئۇنداقلارنىڭ تىلىدا ئوت كۆيىدۇ، دۇنيادىكى پىتنە-پاساتلارنىڭ ھەممىسى غەيۋەتخوردىن چىقىدۇ. مەرد بولساڭ غەيۋەتخورنىڭ تىلىنى كەسكۈلۈك. قەدىر-قىممىتىمنى ساقلاي دېسەڭ، پىتنە-پاساتلارغا قوشۇلما. پىتنە-پاسات ھەر قانداق ئىشنىڭ تۈپ-يىلتىزىنى قۇرۇتىدۇ، ئۇ ھەم ياخشى ئىشلارنى ئىزىدىن چىقىرىدۇ. پىتنە-پاسات ئېرىشكەن بەختتىن مەھرۇم قىلىدۇ، ئۆچكەن ئوتنى تۇتاشتۇرىدۇ. پىتنە-پاسات قەيەردە بولسا شۇ يەردە خارلىق بولىدۇ، پىتنە-پاسات ھەتتا دۆلەتنىمۇ غۇلىتىۋېتىشكە يارايدۇ. يەنە بىرى، تەمەخورغا يېقىن يولىما. تەمەخورنىڭ دۇشمەن بولۇشىدا شەك يوق. ئۇنداق ئادەم تەمە قىلغان نەرسىسىگە ئېرىشسە سېنى ئاكام، ئۇكام دەپ ئاتايدۇ، ئەگەر ئېرىشەلمىسە، ئۆمرىدە ئۇچرىشىپ باقمىغان يات كىشىدەك يۈزىنى ئۆرۈپ سېنى تونۇمايدۇ. تەمەسىز، غەرەزسىز دوست ئەڭ ئىشەنچلىك دوست ھېسابلىنىدۇ، شۇنداقلارغا ئىشىنىپ خاتىرجەم ياشىساڭ بولىدۇ، ھەرگىزمۇ دوستۇڭنى دۇشمەنگە ئايلاندۇرۇۋالما. دوستۇڭنىڭ كۆڭلىنى ئاياشنى بىل. دوستۇڭ دۇشمەنگە ئايلىنىپ قالسا، يا جېنىڭغا قەست قىلىدۇ، يا ئۆمۈر بويى تېرىپ توپلىغان مال-دۇنيايىڭغا ئىگە بولىۋالىدۇ، چۈنكى ئۇ

سىنىڭ ئىچ-قارنىڭنى بىلىدۇ، ئۇ ھەتتا يىلىكىڭنى شوراشقا يارايدۇ. شۇڭا، ئۆزۈڭنى قانچىلىك ھىمايە قىلساڭ دوستلۇقنىمۇ شۇنچە ھىمايە قىل. دوست تۇتۇش ئاسان، قوغدىماق بەك قىيىن. دوست بولماق ئوڭاي، ياراشماق مۇشكۇل. دۈشمەن بولۇشمۇ ئوڭاي، قۇتۇلماق قىيىن.

ساڭا تۇزاق قۇرىدىغان دۈشمەنمۇ ئىككى خىل بولىدۇ. بىرى، ئاللا يولىدا دۈشمەن، بۇنداق كاپىر دۈشمەن ھەممىدىن يامان، كاپىر دۈشمەندىن ھەرگىزمۇ ۋاپا كۈتمە. ئۇ نەدە بولسا جاننى پىدا قىلىپ ئېلىشماق پەرز. يەنە بىرى، پايدا-مەنپەئەت دۈشمىنى. ئۇنداقلار پەقەت پايدا-زىيان ئۈچۈنلا سەندىن ئۆچ ئېلىشقا ئۇرۇنىدۇ. ئەگەر دۈشمىنىڭ پايدا-مەنپەئەت ئۈچۈنلا ساڭا تىغ كۆتۈرگەن بولسا، پايدىنى ئۇنىڭغا ئۆتۈنۈپ بېرىپ، ئۇنىڭ بىلەن يارىشىش تەرەپدارى بول. ئۇنىڭغا پايدا يەتكۈزسەڭ، ئۇنىڭ دۈشمەنلىك ئوتىنى ئۆچۈرۈپ، ئۇنىڭدىن پايدىلىنالىشىڭ مۇمكىن. ئىشقىلىپ دۈشمەن بىلەن يارىشىشقا تىرىش، شۇندىلا ئامان-ئېسەن ياشىيالايسەن، دۈشمەنلىشىشتىن ھەرگىز پايدا كۆرمەيسەن. پايدىسى يوق ئىشقا قول سوزغۇلۇق ئەمەس. خىزمىتىڭنى ياخشى قىل، دۈشمەننى كۆپەيتىۋالما. دۈشمەنلىك بولۇش مىڭ خىل دەرد-بالاغا مۇپتىلا قىلىدۇ. ئەگەر باشقىلار ساڭا دۈشمەنلىك قولىنى سۇنماق بولىدىكەن، ھوشيارلىق بىلەن تۇزىقىڭنى ھازىر قىل. دۈشمىنى ئۈستىدىن غالىب كەلگەن بىر زېرەك: دۈشمەنگە بىخۇتلۇق قىلما، ئۇنىڭغا يېقىنلاشما، ئۇنى ھەر ۋاقىت كۈچلۈك، ھەيۋەتلىك دەپ ھېسابلا. ئۇ تاياق كۆتۈرۈپ كەلسە، تۆمۈر قالقان بىلەن مۇداپىئەلەن. دۈشمەننى سىناپ باقاي دەپ خام ئويلىما، ئۇنى بىخۇتلاشتۇرۇپ تورغا چۈشۈرگىن، دېگەن.

دوست تۇتقاندا ئادەمنىڭ سەرخىلىنى تاللاپ تۇت. دوست-بۇرادەرلىرىڭنىڭ ئىچىدىن ياۋۇز بىرسى چىقىپ قالسا، سېنى تۈگىمەس پۇشايمانغا قويىدۇ. شۇڭا، دوستلۇقتا مۇنداق

ئىككى خىل ئادەمنى تاللىغىنىڭ تۈزۈك: بىرى، ئەسلى زاتى ۋە تەبىئىتى ياخشى، سەرخىل كىشى بولسۇن. يەنە بىرى، قەلبى ئاللادىن قورقىدىغان تەقۋادار ئادەم بولسۇن. ئۇلار ھەقىقىي ئادىمەتچىلىكتە يارايدىغان كىشىلەردۇر. يامانلىق بىلەن داغلىق چىقارغان ئادەمدىن نېرى قاچ، نادانغا يېقىنلاشما. نادانلىق بىر قارىدۇركى، ئاق نەرسىگە قارا تېز يۇقىدۇ. دانا ئالىملار بۇ ھەقتە: ھەي ياخشى كىشى يامانغا قېتىلما، ئۇلارغا ئارىلاشساڭ، سېنىڭ قىلىقلىرىڭمۇ شۇلارغا تارتىپ كېتىدۇ. ياۋۇزغا ئارىلاشما، بولمىسا سېنىڭ نامىڭمۇ ياۋۇز بولۇپ، ئوبرازىڭغا نۇقسان يېتىدۇ، دېگەن. يارىماس كىشىلەرگە يېقىن يولىمىغىن، سۆزۈمگە كىرمىسەڭ ئاخىرى بېرىپ يامانلىققا ياقاڭنى تۇتۇپ بېرىسەن. ياخشى دەپ نام ئالغان خېلى نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ يامانلارغا ئارىلىشىش تۈپەيلىدىن ئىشلىرىنىڭ نابۇت بولغانلىقىنى كۆپ ئۇچراتتىم. يەنە بەزىلىرى يامان دوست تۈپەيلىدىن تۆھمەتنىڭ قۇربانى بولىدۇ. بىلسەڭ ئوردىنىڭ ئەسلى نامى «قارشى» دەپ ئاتىلىدۇ. چۈنكى ئوردىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى بىر-بىرىگە قارىمۇقارشى بولغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان. ئوردا دېگەن كۆرەلمەسلىكنىڭ بازىرى، مۇنداق بازاردا جېدەل-غەۋغا دائىم بولۇپ تۇرىدۇ. ئۆزۈڭدىن ئۇلۇغلار سېنى كەمسىتىپ كۆرەلمەيدۇ، تەڭتۇشلىرىڭمۇ ھەسەتتىن كۆزىنى يۇمىدۇ. كۈندۈزلىرىڭ ئۇلارنىڭ كۆزىگە كېچە بولۇپ كۆرۈنىدۇ، ئۆزۈڭدىن كىچىكلەرمۇ ھەرگىز ساڭا ياخشىلىق تىلىمەيدۇ. ئۇلارنىڭ ھەسەت كۆزى ياخشىلىقىڭ ئۈچۈن كوردۇر. مانا شۇ سەۋەبتىن ئىككى تەرەپنىڭ قارشىلىشىشى بىر تەرەپكە چوقۇم ھالاكەت ئېلىپ كېلىدۇ.

ئەي قەلبىمنىڭ قۇياشى، توغرا يۈرۈپ، ھەرگىز ھەسەت پاتقىقىغا يېقىنلاشما، ھەسەتخورلۇق ئىچ-باغرىڭنى قۇرت-قوڭغۇزلار يېگەندەك بىئارام قىلىدىغان، ۋۇجۇدۇڭنى قۇرۇتۇپ قاقشال

قىلىدىغان رەزىل كېسەلدۇر. كۆرەلمەسلىكنىڭ ئاقىۋىتى شۇكى، ئۆزىنى ئۆزى ساقايماس كېسەلگە مۇپتىلا قىلىشتۇر. شۇنى ئۇنتۇمىغىنكى، خۇدا ئۆزى بەرسە، ھەسەت ئوتىمۇ ئۇنى كۆيدۈرەلمەيدۇ.

ھەر قانداق كىشى ساڭا موھتاج بولىدىكەن، قولۇڭدىن كېلىشىچە ياخشىلىق قىل. شۇبھە قىلمىغىنكى، ياخشىلىقنىڭ مۇكاپاتى ياخشىلىقتۇر. بىراۋغا خۇشاللىق ياغسا، سەنمۇ خۇرسەن بول، قايغۇ-ئەلەمگە يولۇقسا سەنمۇ قايغۇرغىن. شۇنداق قىلساڭ باشقىلارنىڭ ياخشى كۆرۈشىگە نائىل بولىسەن، ھەممە كىشى سەن بىلەن يېقىنلىششقا ئىنتىلىدۇ.

ئىككى خىل كىشىلەرگە قېتىلما، بولمىسا جېدەلنى پۇلغا سېتىۋالىسەن. بىرى، تۆھمەتخور بىلەن چېقىمچى. يەنە بىرى، تەمەخور بىلەن ئىككى يۈزلىمچى. ئۇنىڭدىن قالسا مەيخورنى دوست تارتما، مايخور ۋاپاسىز كېلىدۇ، دىلىڭنى زىدە قىلىدۇ.

ھەي جان-جىگەر قېرىندىشىم، كۆڭلۈم ئارامىدا، ئىشلىرىم جايىدا بولسۇن دېسەڭ، مۇنداق ئون ئىشنى قىل، ئون ئىشتىن ھەزەر قىل. خاتىرجەم، خۇشال ھاياتقا ئېرىشەي دېسەڭ ھەسەتخورلۇقتىن پەرھىز تۇت. دۈشمەنلىرىڭنى قول قىلىمەن دېسەڭ، ئالتۇن-كۈمۈشلىرىڭنى ئايىما. ئۆزۈنراق ئۆمۈر كۆرەي دېسەڭ سېخىي بول، ئاش-تۇزۇڭنى ئايىما. باشقىلارنىڭ ياخشى كۆرۈشىگە ئېرىشمەك بولساڭ، تىلىڭ بىلەن دىلىڭنى بىردەك تۇت. قەدىرلىك بولىمەن دېسەڭ، باشقىلارنىمۇ قەدىرلەشنى بىل. تولۇق باي بولاي دېسەڭ، بارغا قانائەت قىل. باشقىلارنىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بولاي دېسەڭ، ياخشى قىلىقلارنى قىلىپ، يۈزۈڭنى يورۇق قىل. كىشىلەرنىڭ ئەسلى تەبىئىتىنى بىلمەك بولساڭ، ئۇنىڭ ھەرىكىتىگە قارا. ھەرىكەت تىل بىلەن دىلنىڭ گۇۋاھچىسىدۇر. بۈيۈك يېقىنلىقنى ئىزدىسەڭ، تەمەخورلۇقتىن ساقلان. يۈزۈم يورۇق بولسۇن دېسەڭ، ھەق-ناھەق مەسىلىسىدە

لىللا مەيداندا تۇر. سۆزۈم بىلەن ئۆزۈمنىڭ قىممىتى بولسۇن دەپ ئويلىساڭ، ھەممە ئىشقا چات كىرىۋالما. ھەر دائىم ئابرۇيۇڭنى ساقلىماق بولساڭ، ھەر قاچان يالغان سۆزلىگۈچى بولما. سۆزۈم ئۆتكۈر بولسۇن دېسەڭ، سورالغاندا جاۋاب بەر، جاۋابىڭ ھەقىقىي بولسۇن. دۈشمەنلىك بولماي دېسەڭ، قۇرۇق سۆزدىن ساقلان، چېقىمچى بولما، ئاداۋەت ساقلىما، پىتنە-پاسات تارقاتما. سۆز دېگەن قارا بورانغا ئوخشاش تېز تارقىلىپ، كىشىلەرنىڭ كۆڭۈل يارىسىغا تېگىدۇ، بۇنىڭ بىلەن دۈشمەنلىك بولۇپ قالىسەن.

ئۆزۈڭدىن ئۇلۇغلارنىڭ سۆزىنى رەت قىلما، ئۇلارنى قەدىرلەپ ھۆرمىتىنى ساقلا. تەڭتۇشلىرىڭ بىلەن ئارىلىشىپ بېرىش-كېلىش، ئېلىم-بېرىم قىلىپ تۇرغىن. باشقىلار سېنى قەدىرلىسە، سەنمۇ ئۇنىڭ قەدىر-قىممىتىنى قىل. ئەگەر ھەقىر كۆرسە سەنمۇ ھەقىرلە، ئۇنىڭغا يېقىن بارما، شېرىن سۆز بىلەن مۇئامىلە قىلسا، سەنمۇ شېرىن سۆز بىلەن مۇئامىلە قىل. ياخشىلارغا ياخشى بول، يامانلارغا يامان. يامانلارنىڭ ئىشى يامانلىق. ياشاشنىڭ قائىدە-قانۇنىنى ئىگىلىگەن، ئەلنى قانۇن بىلەن باشقۇرغان بىر ئەر: سېنى «سىز» دېگەننى سەنمۇ «سىز» دېگىن، ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ ياخشى ئاتىغىن. ئەگەر «سەن» دېسە سەنمۇ «سەن»لىگىن، بۇ ئىشتا خۇددى تاغدىن قايتقان ئەكس سادادەك بولغىن، دېگەن. بۇنىمۇ ئېسىڭدە تۇت.

دۆلەت، ھاكىمىيەت قەيەردە ئادالەت بىلەن باش كۆتۈرسە، سەنمۇ ئۇنىڭغا باققىن ھەم ياندىشىقىن. دۆلەت بىلەن ئۆچەكەشمە، يارىشىپ ئۆتكىن، ئەگەر قارشىلاشساڭ يەۋاتقان ئېشىڭنى ئوغا قىلىدۇ.

سۆزۈمنىڭ ئاخىرىدا شۇنىمۇ سەمىڭگە سېلىپ قوياي، ئادەمگە ئەسقاتىدىغان مۇنداق ئىككى ئىش بار. بىرى، كىشىلەردىن ئاش-تۇزۇڭنى ئايىماسلىق. يەنە بىرى، شېرىن سۆز بىلەن ئىللىق چىرايدا مۇئامىلە قىلىش. باشقىلارنى ئۆزىگە مايىل قىلىدىغان

بۇنىڭدىن ئەۋزەلرەك چارە تاپالمىدىم، ئەگەر باشقا چارەڭ بولسا ئىشلىتىپ كۆرسەڭ بولىدۇ.

خادىملار بىلەن بولىدىغان ئالاقە قائىدىسى مانا مۇشۇنداق بولىدۇ. ئارىلىشىشنى خالىساڭ ئامال-چارىسى يۇقىرىقىلار. بۇ سۆزلىرىمنى ئېسىڭدە تۇتساڭ، باشقا ئىشلارنىڭ كارى چاغلىق.

*　　　*　　　*

ئودغۇرمىش ئۆگدۈلمىشتىن يۇقىرىقى بايانلارنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭدا يەنە بىلىشكە تېگىشلىك سوئاللار تۇغۇلدى ۋە ئۆگدۈلمىشتىن سورىدى:

— ھەي كۆڭلى تۈز قاياشىم، سۆزلىرىڭنى تولۇق ئىشىتتىم. كۆڭلۈمدىن يەنە مۇنداق بىر سوئال كېچىۋاتىدۇ، ئۇنىمۇ ماڭا تولۇقى بىلەن سۆزلەپ بەرگەن بولساڭ. مەن شەھەرگە كىرسەم ئوردىدىكىلەر بىلەنلا ئارىلىشىپ ئۆتۈش كۇپايە قىلمايدۇ، يەنە ئاۋام بىلەن ئارىلىششقا توغرا كېلىدۇ. قېنى ئېيتقىنا، ئاۋام بىلەن قانداق مۇئامىلە-مۇناسىۋەتتە بولغىنىم تۈزۈك؟

— بۇ سوئالنى ناھايىتى ياخشى سورىدىڭ. دەرۋەقە، ئاۋام خەلق بىلەن مۇئامىلە-مۇناسىۋەت قىلىشمۇ ئىنتايىن مۇھىم. ماقۇل، مەن بۇ توغرىلىقمۇ بىلگەنلىرىمنى سۆزلەپ بېرەي، — دېدى ئۆگدۈلمىش. ئەمدى ئۇنىڭ تەپەككۇر قۇشى ئاۋام خەلقنىڭ ئارىسىدا پەرۋاز قىلىشقا باشلىدى.

# يىگىرمە ئالتىنچى باب

## ئۆگدۈلمىشنىڭ ئاۋام خەلق بىلەن مۇناسىۋەتتە بولۇش ھەققىدە ئېيتقانلىرى

ئۆگدۈلمىش ئاۋام خەلق بىلەن قىلىدىغان مۇناسىۋەت قائىدىلىرىنى ئودغۇرمىشقا مۇنداق بايان قىلدى:

— ھەي قېرىندىشىم، ئەل ئىچىدە ئۈچ خىل تەبىقە بولىدۇ، ئۇلارنىڭ مىجەز-خۇلقى بىر-بىرىگە ئوخشىمايدۇ. مەن ساڭا ئايرىم-ئايرىم سۆزلەپ بېرەي.

ئەقىل-پاراسەتتە تۆۋەنرەك، بىلىمى كەمرەك بىر تەبىقە بار. ئۇلار قارا بودۇن[1] دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇلارنىڭ خۇي-پەيلىمۇ ياتراق بولىدۇ. ئۇلار ئۆرپ-ئادەت قوغلىشىپ كەتمەيدۇ، مۇناسىۋەتتە ئەدەپ-قائىدىگە رىئايە قىلىپ كەتمەيدۇ. بىراق ئۇلارسىز ھېچقانداق ئىش ۋۇجۇدقا چىقمايدۇ. شۇڭا ئۇلارغا ياخشى، چىرايلىق سۆز بىلەن مۇئامىلە قىل. قارا بودۇننىڭ قىلىقلىرىمۇ قارا بولىدۇ. ئۆزۈڭنىمۇ قارا قىلماي دېسەڭ، ئۇلار بىلەن دوست بولما. ئۇلار باشباشتاق، شاش كېلىدۇ. قىلغان ئىشلىرىمۇ شۇنىڭغا مۇناسىپ بولىدۇ. ئۇلارنىڭ كېلىدىن باشقا غېمى يوق، يېسە، قورسىقى تويسىلا بولدى، بارلىق تىرىشچانلىقى شۇ گېلى ئۈچۈنلا بولىدۇ. ئاشۇ گال غېمى ئۈچۈن نۇرغۇن خەلق ئۆلگەن. ئۇلارنىڭ بارلىق تىرىشچانلىقى ئاخىرقى ھېسابتا يەر قېتىدا ئېرىشىدىغان ئوت ئۈچۈن بولىدۇ. قارا بودۇننى بېسىپ تۇتمىسا تىلى ئۇزىراپ، ئۆزى خان، ئۆزى بەگ بولۇۋالىدۇ. شۇنداقتىمۇ ئۇلارغا ئارىلىشىپ

[1] بودۇن — خەلق.

يېمەك-ئىچمەك بېرىپ تۇرغىن. سىلىق سۆز بىلەن مۇئامىلە قىلىپ، نېمە سورىسا ئايىماي بەر، بېرىپ تۇرساڭ پايدىسىنى كۆرىسەن. ئۇلارغا كۆپ ۋەزخانلىق قىلما، كۆپ سۆزدە قىممەت بولمايدۇ. ئۆزىنى تۇتۇپ سۆزىگە ھاكىم بولغانلار شۇڭا: سۆزۈم بار دەپ ھەممىنى دەۋەرمە، ئويلىنىپ، ئېھتىيات بىلەن ئەڭ كېرەكلىك سۆزنى دە. ئاقىللار ئاز سۆزلەيدۇ-يۇ، يەنىلا كۆپ بولۇپ كەتتى دەپ ئۆكۈنىدۇ.

ئوردا خادىملىرى ۋە بەگلەردىن قالسا ئېھتىيات بىلەن مۇئامىلە قىلىشقا تېگىشلىك بولغان ئىككىنچى بىر تەبىقە پەيغەمبەر ئۇرۇقلىرىدۇر. ئۇلارنى ھۆرمەت قىلساڭ بەختلىك بولىسەن. ئۇلارنى چىن قەلبىڭدىن قەدىرلەپ سۆيگىن، ئۇلارغا مال بېرىپ ھالىدىن ئوبدان خەۋەر ئال. ئۇلار ئەھلى بەيت-پەيغەمبەر-لىرىمىزنىڭ قاياشلىرى، پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھەققى-ھۆرمىتى ئۈچۈن ئۇلارنى سۆيگىن. ئەگەر ئۇلار ناچار سۆز-ھەرىكەتتە بولمىسىلا ئۇلارنىڭ ئىچ-تېشىنى ۋە ئىش-ھەرىكىتىنى سۈرۈشتۈرۈپ ئولتۇرما.

ئۈچىنچى بىر تەبىقە، خەلقنىڭ يولىنى يورۇتقۇچى دانالار ۋە ئالىملاردۇر. ئۇلارنى بەك ياخشى كۆرۈپ، گەپ-سۆزلىرىنى گۆھەر بىل. ئازدۇر-كۆپتۇر ئۇلارنىڭ بىلىمىدىن ئۆگەن. ئۇلار ئاق-قارىنى توغرا پەرق ئېتىپ، دۇرۇس يولدا ماڭغۇچى پاك كىشىلەر جۈملىسىدىندۇر. تىرىشىپ ئۇلاردىن ئىلىم ئال، بىلگەنلىرىنى ئىگىلىۋال. ئۇلارغا تىل تەگكۈزمە، ئۇلارنى قوغدا، تۇرمۇشىدىن ياخشى خەۋەر ئال. ئۇلار ھەقىقەتنىڭ تۈۋرۈكى، دىنىنىڭ تىرىكى، بىلىمى شەرىئەتنىڭ ئاساسى. دۇنيادا دانا ئالىملار بولمىغىنىدا، بۇ زېمىندا مېۋە ۋە زىرائەتتىن ئەسەرمۇ بولمىغان بولاتتى. ئۇلارنىڭ ئىلىم نۇرى خەلققە مەشئەل بولۇپ، قاراڭغۇلۇقتىن يورۇقلۇققا باشلايدۇ. بىلگىنكى، مەشئەل بولسا كېچىدە يولدىن ئازمايسەن. ئۇلارنى شېرىن سۆزۈڭ،

ئاش-تۇزۇڭدىن ئايرىما. مال-دۇنيالىق بولسالڭ ئۇلارنىمۇ بەھرىمەر قىل. خۇشاللىق بىلەن ئۇلارنىڭ خىزمىتىنى قىل، ئەيمىنىپ تۇر، ھەرگىز قوپاللىق قىلما. ئەگەر قولۇڭدىن كەلسە ئۇلارنى قانچىلىك قەدىرلىسەڭ، ھۆرمەتلىسەڭ ۋە كۆتۈرسەڭ ئەرزىيدۇ. ئۇلارنىڭ ئىلمىنى ئۆگىنىپ، ئەمەلدە ئىشلەت. غەيۋىتىنى قىلما، ئۇلارنىڭ مىجەز-خۇلقى ۋە ئىش-ھەرىكىتىنى ئىبرەت ئالما. ساڭا لازىملىقى ئۇلارنىڭ ئىلمى. شۇڭا، ئۇلارنى قوي پادىسى ئارىسىدىكى سەركە دەپ قارا. سەركە قوي پادىسىنى توغرا يول بىلەن دېگەن مەنزىلگە يەتكۈزىدۇ. ئۇلارغا ئارىلىشىپ ياخشىلىق قىلسالڭ، ھەر ئىككى دۇنيالىقتا بەختىيار بولىسەن.

ھەي دىلكەش قاياشىم، بۇلاردىن باشقا يەنە نۇرغۇن گۇرۇھلار بار. ئۇلار ھەققىدىمۇ سۆزلەپ بېرەي، ئوبدان قۇلاق سال.

ھاياتلىقتا كېسەل بولمايدىغان ئادەم يوق. كېسەللىك ئۆلۈمگە قولداش، ئۆلۈم ھاياتقا يولۋاش. مانا شۇ كېسەللىك بالاسىغا داۋا قىلغۇچى ئەمچىلەردۇر. ئەمچىلەر ھاياتتا بەك لازىملىق كىشىلەردۇر. ئۇلار كېسەل كۆرۈپ، دورا بىلەن داۋالايدۇ. شۇڭا ئۇلارنىمۇ ئۆزۈڭگە يېقىن كۆرگىن. ئۇلارنىڭ ھەققى ئۈچۈن ئۇلارغىمۇ ياخشى مۇئامىلىدە بول.

يەنە بىر گۇرۇھ بار، ئۇلار پىر ئويناپ كېسەل داۋالايدۇ، ئۇلارنى ئەپسۇنچى دەپ ئاتايدۇ. ئۇلار جىن-پەرىلەردىن بولغان شامال دارىغانلارنى داۋالايدۇ. ئەمچىلەر ئۇلارغا ئىشەنمەسلىككە دەۋەت قىلىدۇ، ئۇلارمۇ ئەمچىلەرگە تەتۈر قارايدۇ. ئەمچىلەر: كېسەللىك دورا بىلەن شىپا تاپىدۇ دېسە، ئەپسۇنچى: تۇمار ئاسسا جىنلار قاچىدۇ، دەيدۇ. قانداقلا بولسۇن، ئۇلارغىمۇ ياخشى مۇئامىلىدە بولغان تۈزۈك.

يەنە بىر گۇرۇھ ئىلمى چۈش ئەھلىدۇر. ئادەم ئۇخلىسا چۈش كۆرىدۇ. چۈش توغرا ئۆرۈلسە ياخشى يول ئېچىلىدۇ. چۈش ئۆرۈگۈچى چۈشنى ياخشىلىققا تارتىپ ئۆرۈسە، چۈش سىنى

ياخشىلىققا تارتىپ ئاخىرى خۇشاللىق بولىدۇ. ئەگەر چۈش مەنىسىز، يامانراق بولسا، كەمبەغەللەرگە سەدىقە بېرىش ئارقىلىق يامان ئاقىۋەتتىن جېنىنى ساقلاش كېرەك. مېھرىبان ئاللا بەندىلىرىگە ياخشىلىق كۆزلەپ، چۈش ئىلمى ئۈچۈن ئايەتلەرنى چۈشۈردى. چۈش ياخشى بولسا خۇشال بولۇش، يامان بولسا ئورنىدىن تۇرۇپ ئاللاغا سېغىنىپ تەسبىھ ئېيتىش لازىم. كەمبەغەللەرگە سەدىقە قىلسا، ئاللا بالا-قازادىن ئامان قىلىدۇ. چۈش ئۆرۈشكە باقىدۇ، چۈشنى ياخشىلىققا تارتىپ ئۆرۈش كېرەك. ھەي چۈش ئۆرۈگۈچى، چۈشنى ياخشى مۇلاھىزە قىل. چۈشنى بىلىملىك، مېھرىبان كىشىلەرلا ياخشىلىققا تارتىدۇ. ئۇلارغىمۇ ياخشى مۇئامىلىدە بول، ئەگەر خالىساڭ دوست، قېرىنداش قىلساڭمۇ بولىدۇ.

مۇنەججىملەر يەنە بىر ئىلمىي گۇرۇھدۇر. ئۇلارنىڭ يولىمۇ بەك نازۇك بولىدۇ. يىل، ئاي، كۈنلەرنىڭ ھېسابى شۇلار بىلەن بولىدۇ، ھاياتتا ئۇلارنىڭ ھېسابىمۇ ئىنتايىن مۇھىم. ئەگەر مۇنەججىم بولاي دېسەڭ ھەندىسە ئىلمىنى پۇختا ئۆگەن، ئاندىن ھېساب ئىشىكى ئېچىلىدۇ. كۆپەيتىش، بۆلۈش ۋە كەسىرنى تولۇق، مۇكەممەل بىل. بۇ ئىلىمدە كامالەتكە يەتكەنلەر ئۈچۈن مۇھىم ئىمتىھان شۇ. قوشۇش، ئېلىشنى مۇكەممەل ئىگىلىيەلىسەڭ ئاندىن كەسىرگە يول ئال. ئۇنىڭدىن كېيىن ئونلۇق كەسىر ۋە ترىگونومېترىيە، يىلتىز چىقىرىش ئىلمىنى ئۆگەن. شۇندىلا يەتتە قەۋەت ئاسماننى بىر تال چۆپتەك بىلەلەيسەن. تېخىمۇ يۈكسەلمەكچى بولساڭ ئالگېبرا ۋە تەڭلىمىلەرنى ئوقۇ. ئاندىن ئوقلىدىسنىڭ① ئىشىكىنى قاقالايسەن. مەيلى بۇ دۇنيانىڭ ئىشلىرى بولسۇن ۋە ئاخىرەتنىڭ ئىشلىرى بولسۇن، دانالار ھەممىنى ھېساب بىلەن قىلىدۇ. ھېساب بۇزۇلسا،

① ئوقلىدىس — قەدىمكى يۇنان ھېكىملىرىدىن بىرى.

بۇ دۇنيا ۋە ئۇ دۇنيانىڭ ئىشلىرى ئوخشاشلا بۇزۇلىدۇ. ھەر قانداق بىر ئىشنى قىلىشتىن بۇرۇن پەيتنى توغرا تاللاشقا توغرا كېلىدۇ. قۇتلۇق ئاي، قۇتلۇق كۈنلەر، قۇتسىز ئاي، قۇتسىز كۈنلەر بولىدۇ. بۇنى مۇنەججىملەردىن سوراپ ئىشلىرىڭدا قۇتلۇق كۈننى تاللىغىن. ئىش قىلغاندا بىلىملىكلەردىن سوراش، بىلىم بىلەن ئىش باشلاش كېرەك. تىلەككە ئوڭۇشلۇق يېتىشتە ئەڭ ياخشىسى مەسلىھەتچى. بىلىمنىڭ پايدىسى كۆپ، بىلىمدە كالتە بولساڭ، ئىشقا قولۇڭمۇ قىسقا بولىدۇ. چوڭ ئىشلارنى قىلماقچى بولساڭ مۇنەججىملەردىن مەسلىھەت سورا، لېكىن ئۇلارغىمۇ دەرھال ئىشىنىپ كەتمە. ھەممىنى تولۇق بىلگۈچى بىرلا ئاللادۇر، بۇنى ئېسىڭدىن چىقارما. ئۇلار بىلەنمۇ ياخشى مۇناسىۋەتتە بول، سۆزلىرىنى رەت قىلما، دىلىنى چىگمە.

سۆز تىزىپ كىشىلەرنى ماختايدىغان ھەم تىللايدىغان بىر گۇرۇھ بار، ئۇلارنى شائىر دەيمىز. ئۇلارنىڭ تىلى قىلىچتىن ئۆتكۈر، تەپەككۇرى قىلدىنمۇ نازۇك. چوڭقۇر مەنىلىك سۆزلەرنى چۈشەنمەكچى بولساڭ گەپنى ئۇلاردىن ئاڭلا، ئاندىن چۈشىنەلەيسەن. ئۇلار كۆڭۈل دېڭىزىغا چۆكۈپ گۆھەر، ئۈنچە-ياقۇت سۇزگۇچى غەۋۋاسلاردۇر. ئۇلار مەدھىيىلىسە نامىڭ ئەل ئىچىدە ماختىلىدۇ، ئۇلار سۆكسە نامىڭ ئەل ئىچىدە سېسىيدۇ. ئەگەر ئۇلارنىڭ تىلىغا ئىلىنىپ قالماي دېسەڭ، ئۇلارغا ئېھتىيات بىلەن ياخشى مۇئامىلە قىل. ئۇلارنىڭ مەدھىيىلىشىگە ئېرىشەي دەيدىكەنسەن، ئۇلارنى خۇشال قىل، نېمە سورىسا ئايىماي بەر، شۇندىلا ئۇلارنىڭ تىلىدىن ئۆزۈڭنى سېتىۋالالايسەن.

كىشىلىك ھاياتتا ئىنتايىن كېرەكلىك يەنە بىر تەبىقە بار، نەپەس ئېلىۋاتقان، قىمىرلاپ تۇرغان جانلىقلار ئۇلارغا موھتاج. ئۇلارنى تېرىقچى دەيمىز. سەنمۇ ئۇلارغا موھتاج بولماي قالمايسەن. ئاش، ناندىن غەمسىز ياشاي دېسەڭ، ئۇلار بىلەن ياخشى ئارىلاش، ئۇلارغا ياخشى مۇئامىلىدە بول. تامىقىم پاك،

ئىشلىرىم ھالال بولسۇن دېسەڭ، ئۇلارغا دۇرۇس مۇئامىلە قىلىشنى بىل. تەقۋادار كىشىلەر بۇ توغرىدا: ئەستايىدىل توغرا يول تۇتۇشنى خالىساڭ، گېلىڭنى پاك تۇت. ھەقىقىي تەقۋادارلىق تونىنى كىيەي دېسەڭ، يېمەك-ئىچمىكىڭ، كىيىم-كېچىكىڭ ھالالدىن پۈتۈنلەنسۇن، دېيىشكەن. تېرىقچىلارنىڭ قولى ئوچۇق كېلىدۇ، كۆڭۈل-كۆكسىنى خۇدا بەرگەندىنمۇ زىيادە كەڭ تۇتىدۇ. ئۇلار بىلەن ئارىلاش، يۈزۈڭنى يورۇق تۇتۇپ، ياخشى سۆز قىل.

ئېلىم-سېتىم بىلەن تاپاۋەت قىلىدىغان بىر گۇرۇھ بار، ئۇلار تىجارەتچىلەردۇر. ئۇلار ئەقلى ۋە دىلىنى خۇداغا تاپشۇرۇپ، تىرىكچىلىك ئۈچۈن جاھان كېزىپ يۈرىدۇ. بۇ دۇنيادا سەن ئارزۇ قىلغانلىكى نەرسىلەر ئۇلاردىن تېپىلىدۇ. ئەلنىڭ ماددىي بېزەكلىرى، تاللانغان ئېسىل نەرسىلەر ئۇلاردا بولىدۇ. ئۇلار شەرقتىن غەربكە كېزىپ يۈرۈپ، ساڭا كېرەكلىك بۇيۇملارنى يەتكۈزۈپ بېرىدۇ. دۇنيادىكى ئەڭ قىممەتلىك نەرسىلەر، مىڭ تۈرلۈك تاۋار-دۇردۇنلار ئۇلاردا بولىدۇ. قاراپ باق، جاھان كېزەر سودىگەرلەر بولمىغاندا، كىشىلەر قارا سۆسەر جۇۋىنى قاچان كىيەلەيتتى؟ قىتان كارۋىنى چاڭ-توزان توزۇتۇپ كارۋان تارتمىغان بولسا، تۈمەن خىل تاۋار-دۇردۇنلار قاياقتىن كېلەتتى، ئۈنچە-مارجان، تىزىقلارنى كىممۇ كۆرەلەيتتى؟! بۇ ھەقتە سۆزلىسەم گەپ جىق، سۆزۈمنى ئۇزارتماي. ئۇلارغا دائىم ئىشىكىڭنى ئوچۇق قىل، مۇئامىلىدە ياخشى بولۇشقا تىرىش. ئۇلار ياخشى-يامان نامىنى دۇنياغا يايغۇچىلاردۇر. ئۇلار بىلەن ئوبدان مۇئامىلىدە بولالىساڭ، نامىڭ ئۇلار ئارقىلىق دۇنياغا تارقىلىدۇ. ئۇلار ساڭا ئازدۇر-كۆپتۇر سوۋغات بەرگەن بولسا، شۇنىڭغا يارىشا سەنمۇ جاۋاب قايتۇرۇپ، سۈيۈنچىگە ئېرىشتۈرگىن. دىققەت قىلكى، ئۇلار پايدا-زىيانغا بەك ئىنچىكە مۇئامىلە قىلىدۇ. بۇ نۇقتىنى يادىڭدىن نېرى قىلما. جاھان كېزىپ، دۇنيا كۆرگەن، بېشىدىن كۆپ ئىسسىق-سوغۇقلارنى ئۆتكۈزگەن كىشىلەر شۇنداق

ئاگاھلاندۇرغانكى، دۇنيادا نام-شەرىپىڭنى چىقىرىپ، مەشھۇر بولاي دەيدىكەنسەن مۇساپىرلارغا، سودىگەرلەرگە ياخشى مۇئامىلە قىلىپ، ھەققىنى ئادا قىل، شۇنداق قىلساڭ ياخشى نام بىلەن ياشىيالايسەن.

قىش-ياز چارۋىلار بىلەن ھەپىلىشىدىغان ئىشەنچلىك يەنە بىر تەبىقە بار، ئۇلار چارۋىچىلاردۇر. بىلگىنكى، ئۇلارنىڭ باشقىلارغا ئېغىرى چۈشمەيدۇ. ئۇلار ئوچۇق-ئاشكارا، راستچىل كىشىلەردۇر. ئۆيۈڭنىڭ بىساتى بولىدىغان يۇڭ، كىگىز، پالاسلار شۇلاردىن كېلىدۇ. يېمەك-ئىچمەكتە لازىملىق قىمىز، سۈت، ماي، سۈزمە ۋە قۇرۇت شۇلاردىن بولىدۇ. مىنىشكە ئات-ئۇلاغ، يۈك توشۇشقا لازىملىق تۆگە، خېچىرلارنى شۇلار تەمىنلەيدۇ، ئۇلارغا توغرا مۇئامىلە قىلىپ، يېمەك-ئىچمىكىڭنى ئايىما. لازىملىق نەرسىلەر بولسا ئۇلاردىن سورا، ئۇلار سورىغاننى سەنمۇ ئايىما. چارۋىچىلار ھەرگىز ھىيلە ئىشلىتىشنى بىلمەيدۇ، قائىدە-يوسۇن ۋە بىلىمدىنمۇ خەۋىرى يوق. ئۇلار ئۆز ئەركى بويىچە ئىش تۇتۇشقا ئادەتلەنگەن، مىجەزى قوپاللىراق كېلىدۇ، ئارىلاشقاندا ئۆزۈڭنى تۇتۇۋال. بىلىمسىز، نادان كىشىلەرساددا كېلىدۇ. ئۇلار بىلەن ياخشى ئارىلاشساڭ بولىدۇ، لېكىن دوستلاشما. ئادەملەرنى سىناپ بىلگەن كىشىلەر شۇڭا: بىلىمسىزلەر بىلەن ئارتۇق يېقىنلاشما، بولمىسا بولمىغۇر ئىشلارنى قىلىپ قالىسەن، دېيىشكەن. شۇڭا، چارۋىچىلار بىلەن ئارىلاشماقچى بولساڭ سۆزۈمنى يولچى قىل.

تۇرمۇشۇڭنىڭ زىننىتىنى بارلىققا كەلتۈرگۈچى بىر تەبىقە بار، ئۇلار تىرىكچىلىك ئۈچۈن ھۈنەر-سەنئەت بىلەن مەشغۇل بولغۇچى ھۈنەرۋەنلەردۇر. ئۇلارمۇ ئىنتايىن كېرەكلىك تەبىقىدۇر. تۆمۈرچى، موزدۇز، ئويمىچى دەيلى، كۆنچى، سىرچى، بوياقچى، ئوقچى، ياچى دەيلى، سانىسام يەنە نۇرغۇن. گەپنى ئۇزارتماي، قالغىنىنى ئۆزۈڭ قىياس قىلالايسەن.

دۇنيادىكى تاڭ قالارلىق ئىشلار شۇلارنىڭ قولىدىن چىقىدۇ. ئۇلار بىلەن دۇرۇس مۇئامىلىدە بول، ھەققىنى تولۇق ئادا قىل. ئىشىڭنى قىلغان بولسا ھەققىنى ۋاقتىدا بەر، ئۇنداق قىلمىساڭ ئەل ئارىسىدا يامان ئاتاققا قويىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۆز نامىڭنى بۇلغايسەن. ياشاشنىلا بىلىپ، نام-ئاتاقنى قايرىپ قويغۇلۇق ئەمەس. ئۆمرۈڭدە بىرەر نام-ئاتاق قالدۇرۇشمۇ ناھايىتى مۇھىم، بىزدىن قالىدىغىنى شۇ ئەمەسمۇ؟! نام ياخشى بولسا، ئۆمۈرمۇ مەنىلىك بولىدۇ. كىمنىڭ نامى يامان ئاتاق بىلەن تونۇلسا، ئۇنىڭ تىرىكلىكىدىن ئۆلمىكى ياخشىراق. تىرىكلىك ئادەم ئۇچۇن سەرمايە ھېسابلىنىدۇ، سەرمايەڭنى ياخشى نام-ئاتاق ئۇچۇن سەرپ قىل.

ئاخىرىدا پېقىرلەر بىلەن بولىدىغان مۇناسىۋەت ھەققىدىكى سۆزۈمنى ئاڭلا. پېقىرلەر ماددىي نەرسىلەرگە موھتاج كىشىلەردۇر. ئۇلارغا ياخشىلىق قىل، ئاش-تۇز بەر، ماددىي نەرسىلەر بىلەن يۆلە. ئۇلارغا قىلغان ياخشىلىقىڭنىڭ بەدىلىنى تىلىمە، دۇئاسىنى تەلەپ قىل. ئۇ ئىشىڭنىڭ ئەجرىنى ئاللا ساڭا جەننەت ئاتا قىلىش بىلەن بېرىدۇ.

ھەي قېرىندىشىم، ئەل ئارىسىدىكى سەن ئارىلىشىشقا تېگىشلىك كىشىلەر يۇقىرىقىلاردىن ئىبارەت. ھاياتتا سېنىڭ چوقۇم ئۇلارغا ھاجىتىڭ چۈشىدۇ، ئۇلارنىڭ ھەم ساڭا ھاجىتى چۈشىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىشلىرىنى كۆيۈمچانلىق، مېھرىبانلىق بىلەن بېجىرىپ بەرسەڭ، بارچە كىشىلەر ساڭا يېقىن بولۇشنى خالايدۇ. شۆھرىتىڭ ئالەمگە تارقاپ، ئىككىلا دۇنيادا يۈزۈڭ يورۇق، ئورنۇڭ ياخشى بولىدۇ.

* * *

ئودغۇرمىش ئۆگدۈلمىشنىڭ جەمئىيەتتە ئارىلىشىشقا توغرا

كېلىدىغان بارلىق تەبىقە، گۇرۇھلار ھەققىدىكى ئىنچىكە ۋە مۇھىم بولغان تەۋسىيەلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ كاللىسىدا كىشىلەر تۇرمۇشتا دۇچ كېلىدىغان ۋە قېچىش مۇمكىن بولمايدىغان يەنە بەزى كىشىلىك مۇناسىۋەت مەسىلىلىرى توغرىسىدىكى ئويلار پەيدا بولدى.

— ھەر قايسى تەبىقىلەر بىلەن بولىدىغان مۇناسىۋەت قائىدىلىرى توغرىسىدىكى سۆزلىرىڭنى ئاڭلىدىم. ئەمدى يەنە بىر ئىش بار، ئۇنىڭدىنمۇ مېنى ۋاقىپلاندۇرساڭ، — دەپ سورىدى ئودغۇرمىش.

— يەنە قايسى ئىشلارنى بىلمەك بولۇۋاتىسەن، — دەپ سورىدى ئۆگدۈلمىش.

— ئەل ئىچىگە بارسام ئۆيلۈك-ئوچاقلىق بولۇشقا توغرا كېلىدىكەن، يەنە بالا-چاقىلىق بولىدىكەنمەن. بۇ ئىبغىر يۈكنى قانداق كۆتۈرىمەن، قانداق قىلسام بالا-چاقىلارنىڭ تۈگىمەس جاپا-مۇشەققىتىدىن پارىغ بولۇپ، خۇشال-خۇرامىراق ياشىيالايمەن؟ — دېدى ئودغۇرمىش.

— قېرىنداشىم، بۇنى دۇرۇس ئېيتتىڭ. ئاڭلاپ تۇرغىن، بۇ سىرلىق دەرۋازىنىمۇ ساڭا ئېچىپ بېرەي، — دەپ سۆزىنى باشلىدى ئۆگدۈلمىش.

# يىگىرمە يەتتىنچى باب

## ئۆگدۈلمىشنىڭ ئائىلىۋى مۇناسىۋەت قائىدە-يوسۇنلىرى ھەققىدە ئېيتقانلىرى

ئۆگدۈلمىش ئائىلىۋى مۇناسىۋەتنىڭ سىرلىق دەرۋازىسىنى تىل ئاچقۇچى بىلەن ئېچىپ كىرىپ، ئودغۇرمىشنى بۇ كوھىقاپنى ساياھەت قىلدۇرۇشقا باشلىدى.

— ھەي قېرىندىشىم، سەن ئەلگە بېرىپ چوقۇم ئۆيلىنىشىڭ كېرەك. خوتۇن ئېلىشتا كۆزۈڭنى يۈگۈرتۈپ، ئەڭ سەرخىلىنى تاپقىن. ئالدىنقى شەرت تېگى-زاتى پاك، ياخشى، ئۇياتلىق، تەقۋادار، پاكىز بولسۇن. باشقىلارنىڭ قولى تەگمىگەن، سەندىن باشقا ئەر يۈزىنى كۆرمىگەن، ئوبدان ئائىلىنىڭ قىزىنى ئال. ئۇنداق خوتۇن سېنىلا سۆيىدۇ، باشقىلارنى بىلمەيدۇ، ناشايان ئىشلارنى قىلمايدۇ. يەنە بىرى، خوتۇنۇڭنىڭ ئائىلىۋى ئورنى سېنىڭكىدىن تۆۋەنرەك بولسۇن، ھەرگىز ئېگىز ئورۇنغا ئېسىلما، بولمىسا خوتۇنۇڭنىڭ ئەسىرى بولۇپ قالىسەن. تۇرمۇشقا پىشقان، تەجرىبىلىك كىشىلەر شۇڭا: خوتۇننىڭ ئۆزۈڭدىن تۆۋىنىنى، خۇلق-مىجەزى دۇرۇسىنى ئالساڭ كۈنلىرىڭ بەخت ئىچىدە ئۆتىدۇ، دېگەن. شۇڭا، خوتۇن تاللىغاندا ھۆسن-جامالىنى قوغلاشماي، پەزىلەتلىك قىزىنى ئىزدە. خوتۇنۇڭ ئېسىل پەزىلەتلىك بولسا سېنى روناق تاپتۇرىدۇ. مەرد بولساڭ ئۆزۈڭگە مۇناسىپ خوتۇننى، تەقۋادارىنى ئال، بولمىسا خوتۇن ئالما. پەزىلىتى ياخشى، تەقۋادار بولسا ھەممە تەرەپتىن توشقان ھېسابلىنىدۇ. ھۆسن-جامال قوغلىشىپ خوتۇن ئېلىپ، قىزىل مەڭزىڭ

زەپىراندەك سارغىيىپ قالمىسۇن.

كىم ئۆيلەنمەكچى بولسا مۇنۇ تۆت خىل ئايالنىڭ بىرىگە قىزىقىدۇ: بەزىلىرى باي ئايالغا ئۆيلىنىشكە قىزىقىدۇ، يەنە بەزىلىرى گۈزەل خوتۇننى قوغلىشىدۇ. بەزىلىرى ئۇلۇغلۇق نامى بىلەن ماختىنىش ئۈچۈن ئېسىل نەسەبلىك ئاياللارغا ھەۋەس قىلىدۇ. بەزىلىرى تەقۋادار، پەزىلەتلىك ئاياللار ئۈچۈن ئۆزىنى بېغىشلايدۇ. ئۆيلەنگۈچىلەرگە مېنىڭ تەۋسىيەم شۇكى، ھەي باي خوتۇنغا ھېرىسمەن ئوغۇل، ئاگاھ بولغىنكى، خوتۇنىنىڭ قۇلى بولۇپ قالمىغايسەن! ئۇ ئاتا-ئانىسىنىڭ بايلىقىغا تەمەننا قويۇپ، ساڭا تىلىنى ئۇزارتىدۇ. ئۇنىڭ تەلىپى بەك يۇقىرى بولىدۇ، سۆرىمىكىڭ تەس. ھەي گۈزەل جامالغا ھەۋەسمەن ئوغۇل، بەك گۈزەل خوتۇننى قوغلاشما، ئۇ سېنى كىشىلەرنىڭ مەسخىرە كۈلكىسىگە قويمىسۇن. چىرايلىق ئايالغا ھەممە ئادەم ھەۋەس قىلىدۇ. ئۇلارنى خۇدانىڭ پەزىلىتىلا قوغداپ قالمىسا، سەن قوغداپ بولالمايسەن. ھەي ئېسىل نەسەب، ئالىي ئۇرۇقنى ئىزدىگۈچى ئەر، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئۆزۈڭنى خار قىلما، ئۇلار نەسەبىنى دەستەك قىلىپ، تىلىنى ئۇزارتىدۇ، ئۇلارنىڭ نەزىرىدە قۇل ئورنىدا بولۇپ قالما. ھەي نازۇك، تەقۋادار، پەزىلەتلىك خوتۇنغا كۆڭۈل باغلىغان ئوغۇل، ئۇنداق خوتۇنغا ئېرىشسەڭ يۇقىرىقى تۆت نەرسىگە تولۇق ئېرىشكەن بولىسەن. ئەگەر شۇنداق خوتۇنغا ئۇچراپ قالساڭ، ھەرگىز پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويما. باي بولاي دېسەڭمۇ ئۇنداق خوتۇن بىر بايلىق، ئۇ سېنى بېيىتىپ مەڭزىڭنى قىزىل قىلىدۇ، پەزىلىتى ياخشى بولسىلا گۈزەللىك دېگەن شۇ. ئاياللارغا نىسبەتەن ئەڭ قىممەتلىك گۈزەللىك ئەخلاق-پەزىلەتتۇر، بىلىملىك كىشىلەر بۇنى ھېس قىلالايدۇ. پەزىلەتلىك خوتۇنغا ئۇچرىشالىساڭ ھەممە شەرتىڭ ھازىرلىنىدۇ، بۇنداق ئايالنى ھەرگىز قولدىن چىقىرىپ قويمىغىن.

* * *

— ھەي قەدىرلىكىم، ئۆيلەنگەن ئىكەنسەن، قىز-ئوغۇللۇق بولىسەن، — دېدى ئۆگدۈلمىش سۆز تېمىسىنى پەرزەنتلەرگە يۆتكەپ، — ئۇلارنىڭ دەرد-ھەسرىتىنى تارتماي دېسەڭ، پەرزەنتلىرىڭنى ئۆز قولۇڭ بىلەن ياخشى تەربىيىلە. ئىنىكئانا تۇرغۇزساڭ پاك ئايالنى تاپ، شۇندىلا پەرزەنتلىرىڭنىڭ پاك، ساغلام بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلالايسەن. ئۇلارغا ئەدەپ-قائىدە ۋە بىلىم ئۆگىتىپ بۇ دۇنيا، ئۇ دۇنيا ئۈچۈن دۇرۇس يول ئېچىپ بەر. ئوغلۇڭ چوڭ بولسا ئۆيلەپ قوي، قىزىڭ بويىغا يەتسە ئەرگە بېرىپ غېمىڭنى تۈگەت. ئوغلۇڭ بولسا تۈرلۈك ھۈنەر-سەنئەت ئۆگەت، ھۈنەر ئۇلارنىڭ ھاياتى ئۈچۈن تۈگىمەس بايلىق بولىدۇ. ئوغلۇڭنى بىكار تەلەت، ياۋا قىلىپ قويما، ئۇنداق بالا باشباشتاق، تەنتەك بولىدۇ. قىزىڭ بولسا ئۇنى ئۆيدە ئۇزۇن ساقلىما، بولمىسا ئاغرىماي تۇرۇپ پۇشايماندا ئۆلىسەن. ھەي جېنىم قېرىندىشىم، كېسىپ ئېيتايكى، قىز بالىنىڭ تۇغۇلغىنىدىن تۇغۇلمىغىنى، تىرىكلىكىدىن ئۆلگىنى ئەۋزەل. تۇغۇلغان بولسا يەرنىڭ تېگى ياخشى، ئۆيى قەبرىستانلىقتا قوشنا بولسۇن. شۇڭا، خوتۇن خەقنى ھەرگىز سىرتقا چىقارماي ئۆيدە ساقلا، ئۇلارنىڭ ئىچى تېشىدەك بولمايدۇ. ئۆيۈڭگە يات ئەرلەر يولىمىسۇن، ئۇنىڭغا يات ئەرنىڭ كۆزى چۈشسە ھەممە ئىش بۇزۇلىدۇ. كۆز كۆرمىسە كۆڭۈل تەقەززا قىلمايدۇ، كۆرگەن ئىكەنسەن كۆڭلۈڭ يۈگۈرىدۇ. كۆڭۈلنى تىزگىنلەش ئۈچۈن كۆزنى تىزگىنلەش كېرەك. دىققەت قىلكى، ئەر-ئايالنى ھەمداستىخان قىلما، قوشۇپ قويدۇڭمۇ ھەممە تىرىشچانلىقىڭ بىكارغا كېتىدۇ. ئايالىڭنى سىرتىڭ ئىشىغا بۇيرۇما، دۇرۇسلۇق يولىدىن تايىدۇ. خوتۇن كىشى دېگەن بىر گۆشتۈركى، ئۇنى ئوبدان ساقلاش لازىم، بولمىسا پۇراپ قالىدۇ-دە، ئىشلىتىشكە بولمايدۇ. خوتۇنۇڭ تەقۋادار بولسا ئۇنى

قەدىرلە، نېمە تەلەپ قىلسا شۇنى ھازىر قىلىپ بەر، بىراق ئۆيۈڭنىڭ ئىشىكىنى مەھكەم قىل، ئەر زاتى يېقىن يولىمىسۇن. سەمىڭدە بولسۇنكى، ئەزەلدىن ئاياللاردا ۋاپا يوق. ئۇلارنىڭ كۆزى نەگە باقسا كۆڭلى شۇ ياققا كېتىدۇ. ئايال كىشى جەبىر-ئەلەم سۈيى بىلەن ئۆستۈرۈلگەن دەرەخقە ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ مېۋىسى ئوغىدۇركى، مەۋەس قىلغۇلۇق ئەمەس. قاراپ باقساڭ مەن-مەن دېگەن مىڭلىغان ئەرلەر خوتۇنلار سەۋەبىدىن يولدىن ئېزىپ يىلتىزى قۇرۇدى. قانچىلىغان ئابرۇيلۇق، بۈيۈك ئوغلانلار يەنە شۇ خوتۇنلار كاساپىتىدىن يەر بىلەن يەكسان بولدى. تۇمەنلىگەن مەشھۇر مەرد پالۋانلارنى شۇ خوتۇنلار تىرىك يەرگە كۆمدى. ئۇلارنىڭ كۆڭلىگە ئاللا ئۆزى ئىنساپ بەرمىسە، بەندىنىڭ ئۇلارنى پاك ساقلىيالىشى ۋە تۇتۇپ بولالىشى مۇمكىن ئەمەس.

ئائىلەڭدە يەنە قول ئاستىڭدىكى خىزمەتچىلەرگە ياخشى مۇئامىلىدە بولۇشمۇ ئائىلەڭنىڭ بەختى ئۈچۈن مۇھىمدۇر. ئۇلارنىڭ قورسىقىنى ئوبدان تويدۇر، يىرتىقىنى پۈتۈنلە. ئۇلارنىڭ قابىلىيىتىگە يارىشا ئىش تاپشۇر، ئۇلارغا ئارتۇق مۇشەققەت يۈكلىمە. قادىر ئاللا بۇنىڭمۇ ھېسابىنى ئالىدۇ. ئۇلارمۇ خۇدانىڭ بەندىسى، ئۇلارغا زۇلۇم قىلىپ، ئاللانىڭ غەزىپىگە دۇچار بولما. سەن مەرتىۋىلىك، ئۇلار سەندىن كىچىك بولغانىكەن، ئوغۇللارنىڭ كىچىكلەرگە رەھىم-شەپقەت قىلىشى بەرھەق. مەرتىۋىلىك بولغاندا كۆڭلۈڭنى كىچىك تۇت. كىچىك پېئىللىق ئۇلۇغلۇقنىڭ زىننىتى. ئەقىل-پاراسەتلىكلەرنىڭ مۇنۇ سۆزىگە ئەمەل قىل: سەن ئەلنىڭ ئۇلۇغ بېگى بول ۋە ياكى مۆتىۋەرى بول، ئۆزۈڭنىڭ پايدىسى ئۈچۈن بولسىمۇ كۆڭۈل-تىلىڭنى كىچىك تۇت. ئۆزۈڭنى ئۇنتۇپ، ھەق يولدىن ئېزىپ، بەخت ۋە سالامەتلىك يولۇڭنى توسۇپ قويما.

بەختلىك، دۆلەتلىك بولاي دېسەڭ، ئۆي-جايىڭنى ئازادە، پاكىز تۇت. بەخت، دۆلەت ئېرىغ جايدا كۆكىرىدۇ. ئاش-تۇزۇڭنى

كەڭرى قىلغىن، نامىڭ ياخشى بولۇپ بەختىڭ كۈلىدۇ. كىرىمگە
يارىشا چىقىم قىل، چىقىم بولسا دەرھال كىرىم يولىنى قىل.
يولۇم ئوچۇق بولسۇن دەيدىكەنسەن، ھەر قاچان ئېلىم-بېرىمدا
ھوشيار بول. ھەي مەرد يىگىت، قولۇڭ قىسقا بولۇپ قالغان
چاغلاردا كىشىلەرگە زارلانما ۋە يېلىنما. دوستلىرىڭ
موھتاجلىقىڭنى بىلسىمۇ قولۇڭغا قول بولالمايدۇ، دۈشمەنلىرىڭ
ئاڭلىسا تىنىماي كۈلىدۇ. دوست-بۇرادەرلىرىڭنىڭ ئالدىدىمۇ
خارلىققا قالىسەن، كۆڭۈل ئاغرىقىدا دىلىڭ ئازار يەيدۇ. كىشىلەر
ئارىسىدا ئادەمدەك ياشاشنى بىل، ياخشىلارغا ئارىلىشىپ
مۇئامىلە-مۇناسىۋەتتە بول. ھەرگىز باشقىلارغا دەسمى قوشۇپ
شېرىكچىلىك يولىنى تۇتما، بولمىسا پۇشايماندا قىزىل مەڭزىڭ
زەپىران بولىدۇ. ئۆي سالماقچى بولساڭ چوڭ يول بويلىرىغا،
تاشقىن بولىدىغان دەريا بويلىرىغا ئۆي سالما. بەگلەر بىلەن قوشنا
بولما، ساراي، قەسىرگە يېقىن تۇرما. بۇلاردىن ھەرگىز پايدا
كۆرمەيسەن، زىيان كەلسە ھېچقانداق چارە قىلالمايسەن. ئۆي
ئالماقچى ياكى ئۆي سالماقچى بولساڭ قوشنىسىغا قارا، يەر
ئالماقچى بولساڭ سۈيىنى ئارا. يامانغا قوشۇلمىساڭ ساق-سالامەت
بولىسەن. خوي-پەيلىڭنى دۇرۇس قىلساڭ، قاناتلىق تۇلپاردەك
جەۋلان قىلىسەن. يارغا قانائەت قىلساڭ بەگدەك ياشايسەن. شۇڭا
غەم-قايغۇنى ئاز قىلىپ، ئۆزۈڭنى خۇشال تۇت. ئۆلۈمنى
ئۇنتۇمىساڭ سەگەك بولىسەن، ياراتقۇچىنى ئۇنتۇمىساڭ كۆزۈڭ
روشەن بولىدۇ. ئېھتىيات بىلەن سۆزلىسەڭ ئەلەم كۆرمەيسەن،
ھاياتىڭنى بىھۇدە ئۆتكۈزمىسەڭ پۇشايمان يېمەيسەن. ئامىمىۋى
سورۇنلاردا لاۋزىلىشىپ ئارتۇق پو ئاتما، ئارتۇقچە خەسىس بولۇپ
نەپرەتكە يولۇقما. ئادىمەتچىلىكى بار كەمتەر كىشىلەر شۇنداق
دەيدۇكى: ياخشى ئاتاققا ئېرىشىش ئۈچۈن سېخىيلىق يېڭىنى
تۈرگۈلۈك. ھەممە ئادەمنى ئۆزۈڭگە مايىل قىلىش ئۈچۈنمۇ
سېخىيلىق بىلەن مال تارقىتىشقا توغرا كېلىدۇ. ئەگەر يۇقىرى

ئۆرلەپ بېشىم كۆككە يەتسۇن دېسەڭ، ھەممە ئىشلارنى ياخشى كۆزىتىپ، ئىلىم ۋە پاراسەت بىلەن ئىشلە. نامىم جاھانغا يېيىلسۇن دېسەڭ مۇساپىرلارنى ياخشى كۈت. راھەت-پاراغەتتە كۈنۈم ئۆتسۇن دەيدىكەنسەن، غەپلەتتىن بېشىڭنى كۆتۈر. ھەققە ئىبادەت قىلىش نىيىتىڭ بولسا، نەپسىڭگە ھاكىم بولۇپ، ئىشىكنى مەھكەم ئەت. باشقا ياخشىلىقلارغا ئېرىشىش ئۈچۈنمۇ ھەۋەسنى تاشلاپ، نەپسىڭگە يول بەرمە. تەقۋادار كىشىلەر ئوبدان ئېيتقان: نەپس-ۋۇجۇدۇڭنىڭ تەقەززاسىغا يۈگەن سال، ئەگەر مەيلىگە قويۇۋەتسەڭ ئۆزۈڭنىڭ بېشىنى يەيدۇ. نەپسكە ئەركىنلىك ساڭا قۇللۇق كەلتۈرىدۇ. نەپسكە قاتتىق بولغاندا ئۇ بويىنىنى ئېگىشكە مەجبۇر بولىدۇ. ھەي شاد ئوغلان، تەقۋادارلارنىڭ يۇقىرىقى تەۋسىيەلىرىگە ئەمەل قىل.

* * *

— ئائىلىۋى مۇناسىۋەتتە دىققەت قىلىدىغان قائىدە ۋە ئۇسۇللار شۇنداق بولىدۇ. بۇنىڭغا ئەمەل قىلالىساڭ غەم-ئەندىشىدىن خالىي ياشىيالايسەن. بۇنىڭغا باشقىچە پىكرىڭ يوقتۇر دەيمەن، — دېدى ئۆگدۈلمىش ئودغۇرمىشقا قاراپ.

— دۇرۇس، سۆزلىرىڭنى توغرا تاپتىم، — دېدى ئودغۇرمىش، — يەنە سورىۋالىدىغان بىر ئىش بار، ئۇنىمۇ ماڭا توغرىسى بىلەن سۆزلەپ بەرگىن. كىشىلەر بىلەن بولىدىغان بېرىش-كېلىش جەريانىدا باشقىلار مېنى مېھمانغا چاقىرىدۇ، ئۇنىڭغا يارىشا مەنمۇ ئۇلارنى مېھمانغا چاقىرىشىم كېرەكتۇر، بەلكىم. شۇنداق ئىكەن، قانداق يەرگە بېرىش، نەگە بارماسلىق، كىملەرنى چاقىرىش، كىملەرنى چاقىرماسلىق، ئولتۇرۇپ-قوپۇشتا نېمىلەرگە دىققەت قىلىش ھەققىدە سۆزلىسەڭ، بۇ ئىشلاردىنمۇ تېگىشلىك چۈشەنچىگە ئىگە بولسام.

— ھەي قېرىنداشىم، مېنىڭ تىلىكىمۇ شۇ ئىدى، — دېدى ئۆگدۈلمىش جاۋابەن، — بۇ ھەقتىمۇ ساڭا سۆزلەپ بېرەي.

ئۆگدۈلمىش ئودغۇرمىشنى قايىل قىلىدىغانلا بولسا، نېمە سورىسا جاۋاب بېرىشكە تەييار ئىدى. ئۇ ئودغۇرمىشنىڭ مۇلازىمى ئەكىرىپ قويغان سۇدىن ئازراق ئوتلاپ، ئۆزىنى بىرئاز ئوڭشاپ، تىل خەزىنىسىدىن زىياپەت داستىخىنىغا نازۇنېمەت تىزىشقا باشلىدى.

## يىگىرمە سەككىزىنچى باب

# ئۆگدۈلمىشنىڭ مېھمانغا بېرىش ۋە مېھمان چاقىرىش يوسۇنلىرىنى بايان قىلغانلىقى

ئۆگدۈلمىش پاراسەت بىلەن تىل داستىخىنىنى ھازىرلاپ، ئۇنىڭغا سۆز بېغىدىن مۇنداق نازۇنېمەتلەرنى تىزدى:

— ھەي قېرىنداشىم، مېھماندارچىلىقمۇ كىشىلىك مۇناسىۋەتنىڭ بىر تۈرى. مېھمانغا چاقىرىدىغان كىشىلەر ھەر خىل بولىدۇ، مېھماندارچىلىقمۇ كۆپ خىل بولىدۇ. بۇلارنىڭ بىرى، نىكاھ-توي ئۈچۈن بېرىلگەن ئاش، سۈننەت توي ۋە يېڭى تۇغۇلغان بوۋاقنى تەبرىكلەپ تارتىلغان ئاش. ئۇنىڭدىن باشقا دوست-بۇرادەرلەر، تەڭتۇش ئاغىنىلەر چاقىرغان مېھماندارچىلىق، چوڭ-كىچىك قوۋم-قېرىنداشلار تەكلىپ قىلغان زىياپەت، مەرتىۋىسى ئۆسكەنلىكى شەرىپىگە ياتلارغا تەبرىكلەش ئۈچۈن بېرىلگەن زىياپەت، ئۆلۈم-يېتىم ئىشلىرى ئۈچۈن بېرىلگەن نەزىر ئېشى قاتارلىقلار بار. بۇلارنىڭ قايسىسىغا بېرىش، قايسىسىغا بارماسلىقنى بىلىش كېرەك. يېقىن ئاداش-قولداشلار، يار-بۇرادەرلەر مېھمانغا چاقىرسا بېرىپ، ئىشلىرىغا قارىشىپ بەرگەن ياخشى. تارتىلغان نازۇنېمەتلەر ۋە تائاملار يېتەرلىك قويۇلدىمۇ كۆزىتىپ تۇرۇش لازىم. يېقىن قوشنىلار ۋە خۇدالىق دوستلىرىڭ مېھمانغا چاقىرغان بولسا، ئۇلارنىڭ كۆڭلى ئۈچۈن ئەلۋەتتە بېرىپ ئۇلارنىمۇ خۇرسەن قىلىپ، ئۆزۈڭنىمۇ خۇشال قىلغىنىڭ تۈزۈك. ئەگەر مەخسۇس ساڭا ئاتالغان زىياپەت بولسا ۋاقتىدا بېرىپ، تائاملىرىدىن يەپ، ئۇلارنى رازى قىل. ئۇنىڭدىن

باشقا زىياپەتلەر بولسا ئەڭ ياخشىسى بارمىغىنىڭ تۈزۈك. ئۆزۈڭگە ئانچە تونۇشلۇق بولمىغان يەرگە بارساڭ كۆڭلۈڭ رەنجىپ قېلىشى مۇمكىن. دىل تارتمىغان يەرگە بېرىپ كۆڭلۈڭنى رەنجىتكۈچىلىكى يوق. ئۇنداق يەردە مەستلەرنىڭ ئۇرۇش-جاڭجىلىغا ئارىلىشىپ قېلىپ، دىلىڭ رەنجىپ، ئىشىڭ ئاش بولمايدۇ. پەقەت بىر تويۇم ئاش ئۈچۈن مۇناسىپ بولمىغان يەرگە بېرىپ، ئۆزۈڭنى ئېتىبارسىز قىلما. گال ئۈچۈن ئۆزۈڭنى بۇزۇپ، پەس ئادەم بولۇپ قالما. گال ئۈچۈن ئىنسانغا قۇل بولما. نۇرغۇن ئابرۇيلۇق ئادەملەرنىڭ نەپس ئۈچۈن يەر بولغانلىقىنى، ئەل ئىچىدە يۇكسەك ئورۇنغا ئىگە بولغان مۆتىۋەرلەرنىڭمۇ گېلىغا ئەسىر بولۇپ، تۇپراق بىلەن تەڭ بولغانلىقىنى، كۆپلىگەن بايلارنىڭ گېلىغا قۇل بولۇپ، ئاخىرى كەمبەغەللىشىپ خانىۋەيران بولغانلىقىنى كۆپ ئۇچراتتىم. ھەي نەپسى غالىب كەلگەن ئەر، گېلىڭغا تۇتقۇن بولما. بۇ قۇللۇقتىن قۇتۇلماق بەك مۇشكۇل.

مېھمانغا بارساڭ ئەدەپ بىلەن تائام يېيىشنى ئۆگەن. ئەدەپ-قائىدىنى بىلمەيدىغان ئەقىلسىز كىشىلەر ئەدەپ-قائىدىلىك كىشىلەرنى كۆرسە ھەيران قالىدۇ. داستىخاندا چوڭلار تائامغا قول ئۇزاتقاندىن كېيىن ئاندىن قول تەگكۈز. تاماقنى ئوڭ قولۇڭ بىلەن ئېلىپ، بىسمىللا دەپ يېگىن، شۇندىلا تائام بەرىكەتلىك بولىدۇ. باشقىلارنىڭ ئالدىدىكى نازۇنېمەتلەرگە قول ئۇزاتما، ئالدىڭدا نېمە بولسا شۇنى بىلىپ يېگىن. داستىخاندا پىچاق چىقارما، سۆڭەك غاجىلىما، بەك ئاچ كۆزلۈكمۇ قىلما، تۇزۇت قىلىپمۇ ئولتۇرما. ھەر قانچە توق بولساڭمۇ، مېھمان قىلغۇچىنىڭ ئەجىر-ھۆرمىتى ئۈچۈن تارتىلغان ئاشتىن ئازدۇر-كۆپتۇر يېگىن. تاماقنى يۇمشاق چايناپ يە، قىزىق ئاشنى ئاغزىڭ بىلەن پۈۋلىمە. داستىخاندىكى ئاشنى ئۆز ئالدىڭغا تارتىۋېلىپ، باشقىلارنىڭ پەيزىنى قاچۇرما.

ناۋادا يۇقىرىقىلاردەك قىلمىساڭ ئۇ يوسۇنسىزلىق بولىدۇ.

يوسۇنسىز ئادەملەر ئەڭ پەس ئادەملەردۇر. يوسۇنلۇق كىشىلەر تۆر بېشى بولىدۇ. شۇڭا يوسۇنلۇق كىشىلەر: ھەممە ئىشنىڭ تەرتىپ-قائىدىسى بولىدۇ. قائىدە بويىچە ئىش قىلسا يۈزى يورۇق بولىدۇ، دەپ تولىمۇ ياخشى ئېيتقان ئىكەن. تەرتىپسىز، قىلىقسىز كىشىنىڭ ئىشلىرى يۈرۈشمەيدۇ. ئۆي ئىگىسىنى سۆيۈندۈرۈش ئۈچۈن تاماقنى تەملىك، لەززەتلىك بوپتۇ، دەپ ماختاپ يېگىن. باشقىلار سەن ئۈچۈن شۇنچە ئەجىر قىلىپ مېھمان قىلغاندىكىن، ئۇلارنى ئورۇنسىز رەنجىتىپ، ئەجرىنى زايە قىلما. ئادەمنىڭ كۆڭلى ئەينەككە ئوخشاش نازۇك بولىدۇ. قوپال سۆزلەپ ئۇنى سۇندۇرۇپ قويما، كۆڭۈل سۇنسا لەززەت كېتىدۇ، يېقىنلىق يىراقلاپ پايدا ئۈزۈلىدۇ، يېقىنلىقنى خالىساڭ كۆڭۈلنى ئايا.

ئالدىمغا كەلدى دەپ تاماقنى كۆپ يېمە، لايىقىدا يە. ئەقىللىق بىر قەدىردان ماڭا شۇنداق بىر گەپ قىلغان: «كۆپ يېگۈچىنىڭ تامىقى سىڭمەيدۇ، تاماق سىڭمىگەن كىشى كېسەلچان بولىدۇ.» بىلگىنكى، كېسەللىك گالدىن كىرىدۇ. يېمەكنى ئاز-ئازدىن سىڭدۈرەلىگىدەك يېگىن. كېسەل چاپلاشسا ئادەم زەئىپلىشىدۇ، داۋالىمىساڭ ئۆلۈم ئالدىرىتىدۇ. بۇ خۇسۇستا تېۋىپلار ناھايىتى ياخشى ئېيتقان: كېسەللىك ئۆلۈمنىڭ بېشارەتچىسى، كېسەل بولدىمۇ ئۆلۈمگە ھەمراھ بولىدۇ. كېسەل دېگەن ئازاب-ئوقۇبەتتۇر، ئۇنىڭدا لەززەت يوق، ئۇنىڭ ھەم ياخشىسىمۇ يوق. ئۆزىنى ئادەم چاغلايدىغان ھەر قانداق كىشى نېمىنىڭ تەبىئىتى ئىسسىق، قايسى يېمەكلىكنىڭ تەبىئىتى سوغۇق ئىكەنلىكىنى بىلىشى كېرەك. نېمە مىزاجىغا ياقسا شۇنى يېگۈلۈك، مىزاجىغا ياقمىغاننى ھەرگىز ئاغزىغا ئالمىغۇلۇق. ئىسسىقلىق ئاشقان بولسا دەرھال سوغۇقلۇق قىل، سوغۇقلۇق ئاشسا ئىسسىقلىق بىلەن تەڭشە. ياش مەزگىلىڭدە باھار پەسلى كەلسە سوغۇقلۇق قىلىپ، قېنىڭنى راۋان قىل. يېشىڭ قىرىقتىن ئاشقاندا كۈز پەسلىگە توغرا كەلسەڭ، ئىسسىقلىق بىلەن

مىزاجىڭنى تەڭشە. يېشىڭ ئاتمىشقا يەتكەندە سوغۇقلۇقنى ھەمراھ
قىلىۋال، بولۇپمۇ قىش مەۋسۇمىدە شۇنداق قىل. مىزاجىڭ
قۇرغاقلىشىپ، سوغۇقلۇق غالىب كەلگەن بولسا ئىسسىق، ھۆل
نەرسىلەرنى ھازىرلا، بۇ ئىككىسى ئۇنىڭغا توسۇق بولىدۇ.
سوغۇقلۇق ئېشىپ سالامەتلىكىڭگە بېسىم قىلسا، ئۇنى ئىسسىق،
قۇرۇق نەرسىلەر بىلەن ياندۇرۇپ باس. مىزاجىڭ مۆتىدىل بولسا
ئىسسىق، سوغۇقنى ئارىلاشتۇرۇپ تەڭشەپ ئوزۇقلان. مىزاجىڭنى
ھەر دائىم ئاشۇنداق كۆزىتىپ تۇرساڭ تېنىڭ سالامەت، تۇرمۇشۇڭ
باياشات ئۆتىدۇ. تېۋىپلار ئېيتقان مۇنۇ سۆزنى ئاڭلاپ قوي: «مەن
ئادەمنىڭ مىزاجىنى چۈشەندۈرۈپ قويايكى، ئۇ ئاق، قارا،
قىزىل، سېرىق بولىدۇ. بۇلار بىر-بىرىگە دۈشمەنكى، ئۇلار
ئۆز ئارا يېقىنلاشقاندا ئاندىن پەرق ئەتكىلى بولىدۇ.» ئەقىللىق
ئادەم مىزاجىغا نېمە ماس كەلسە شۇنى ئوزۇق قىلىپ، مىزاجىنى
مۆتىدىل ساقلىيالايدۇ. ئادەمنىڭ ھايۋاندىن پەرقىمۇ مىزاجىغا
بېقىپ ئوزۇقلىنىشتا. ئادەم قىرىق ياشقا كىرگىچىمۇ ئۆزىنىڭ
مىزاجىنىڭ قانداقلىقىنى بىلمىسە، گەرچە ئۇ سۆزلىيەلىسىمۇ
ھايۋاندۇر. نۇرغۇن تەجرىبە-ساۋاقلارنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپمۇ بۇ
ھەقتە ھېچقانداق بىلىمگە ئىگە بولمىسا، ئۇنى ئۆرە تۇرغان ھايۋان
دېمەي نېمە دېگۈلۈك؟! ئۇ ھەقىقىي ئادەم بولىدىغان بولسا، شۇنچە
زامانلارنى بېشىدىن كەچۈرۈپ، ئۆزىنىڭ مىزاجىغا ئۆزى ھېكىم
بولالامدۇ؟ مۆتىۋەر تېۋىپلارنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشى شۇكى، ئادەم
تاماقنى ئاز يېسە ئاندىن ساغلام كۆلەيدۇ. ھەي بەگزادە،
كېسەلسىز، ئېسەن ياشىماق بولساڭ «ئاز يە» دېگەن دورىنى
يېگىن. خاتىرجەملىكتە ئۇزۇن ھۇزۇر سۈرەي دەيدىكەنسەن
تىلىڭنى يۇت. كۆپ يېگەن ئادەم كېسەلچان، چىرايى سېرىق،
ماغدۇرسىز ۋە قەدىرسىز بولىدۇ. مىزاجىنى ياخشى ئىگىلىگەن دانا
تېۋىپلار شۇڭا: ئادەمگە كېسەللىك ئېغىزدىن كىرىدۇ، كېسەللىك
كىشىنى بۇرۇن قېرىتىدۇ. كېسەل قىزىل مەڭزىڭنى زەپىران

قىلىشتىن بۇرۇن گېلىڭنى يىغىپ، سالامەت ياشا، دېگەن.

*　　　*　　　*

— ئەمدى مېھمان چاقىرىش قائىدىلىرى توغرىسىدىكى سۆزۈمگە قۇلاق سالغىن، — دېدى ئوگدۇلمىش مېھمانغا بېرىش يوسۇنلىرىنى سۆزلەپ بولۇپ، — سەن باشقىلارنى مېھمانغا چاقىرىمەن دېسەڭ ئالدى بىلەن پۇختا تەييارلىق قىلىپ، ئاندىن مېھمان چاقىرغىن. قاچا-قومۇچ، ئۆيۋاقىڭنى، داستىخانلىرىڭنى ئېرىغ قىل. نازۇنېمەتلىرىڭنى مېھمانلىرىڭ زوق بىلەن يېگىدەك پاكىز ۋە خىل قىلغىن. مېھمان چاقىرمىساڭ، قوسۇرۇڭ چاقىرمىغانلىق ئەيىبىڭ بىلەن كۆپايىلىنىدۇ. ئەگەر مېھمان چاقىرىپ كۆڭۈلدىكىدەك ئۇزىتالمىساڭ، كىشىلەر بۇ قوسۇرۇڭنى مىڭ قىلىدۇ. مېھمان چاقىرساڭ ئىمكانىقەدەر يېمەكلىرىڭ مول بولسۇن.

چاقىرغان ۋاقىتتا دوست-بۇرادەرلىرىڭ، تۇغقان ياكى ياتلار بولسۇن، ئۇلارنىڭ سەندىكى ھەققىگە قاراپ بىردەك تەكلىپ قىل. كېلىدىغانلىرى كېلىدۇ، كېلەلمەيدىغانلىرى سەندىن رەنجىمەيدۇ. گال رەنجىكى يامان، بۇنداق ئاغرىق قىيامەتكىچە تۈگىمەيدۇ. ئاش-تائامىڭنىڭ مېھمانلىرىڭنىڭ ھەممىسىگە تولۇق يېتىشىگە دىققەت قىل، كېچىكىپ كەلگەنلەر بولسا، ئۇلارغىمۇ ئايرىم تاماق تارتقىن. مېھمانلار تاماق يەۋاتقاندا سەن ئۇلارغا چاي قۇيۇپ تۇر، ئىچىپ بولسا يەنە لىقلاپ قوي. يېمەك بار يەردە ئىچمىلىك بولىدۇ، يېمەك بىلەن ئىچمەكنى تەڭشەپ تۇرۇش لازىم. يېمەك بار يەردە ئىچمىلىك ھازىر بولۇپ تۇرمىسا، ئۇ تاماق يېگۈچىلەر ئۈچۈن ئوغا بولىدۇ. شۇڭا، مېھمانلىرىڭ شەربەت خالىسا شەربەت ھازىرلا، كۆڭلى مەيزاپ تارتسا ئۇنى تەييار قىل. جۇلاب ئىچىشنى خالىسۇن ياكى زوقى مېۋە سۈيىدە بولسۇن، كۆڭلى تارتقانىنى

قويۇپ بېرىپ ئۇلارنى رازى قىل. بۇنىڭدىن باشقا ئۇلارنىڭ تاۋى نېمىنى خالىسا شۇنىڭغا تەييار تۇرغۇلۇق. ئاش تارتقاندا چوڭلارغا تارتىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئاندىن كىچىكلەرگە قويۇش كېرەك. ئۇلۇغلارغا بولسۇن، كىچىكلەرگە بولسۇن تاماقنى تولۇق يەتكۈزۈپ تارت. چالا قىلىپ ئاچ قايتىپ، سېنى تىللىمىسۇن. غىزالار تارتىلىپ بولغاندىن كېيىن ھۆل، قۇرۇق يېمىشلەردىن ۋە شىمىشكىلەردىن قوي. ئەگەر چامىڭ يەتسە قەدەم ھەققى ئۈچۈن مۇۋاپىق رەخت يىرتىپ، سۆز-چۆچەكتىن ساقلان. زىياپەتنى ئەنە شۇنداق ئاياغلاشتۇر، قايتىدىغانلار بولسا يولىنى توسماي ئۇزىتىپ قوي.

مېھمانغا بارىدىغان ۋە مېھمانغا چاقىرىدىغان ئادەملەر مۇنداق تۆت خىل بولىدۇ، بۇنى بىلىپ قوي. بىر خىلى، ئۆزىلا يەپ-ئىچىپ مېھمان چاقىرمايدۇ، باشقىلار چاقىرسا بارىدۇ. نېمە تارتسا ئۇيالماي يەپ-ئىچىدۇ. ئىككىنچى خىلى، چاقىرغان يەرگە بېرىپ مېھمان بولىدۇ ھەم ئۆزىمۇ جاۋابەن مېھمان چاقىرىدۇ. ئۈچىنچى خىلى، چاقىرغان يەرگىمۇ بارمايدۇ، ئۆزىمۇ ئۆيىگە مېھمان تەكلىپ قىلمايدۇ. بۇنداق ئادەمنى تىرىك ھېسابلىما ھەم ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ تىرىكچىلىك قىلما. تۆتىنچى خىل كىشىلەر شۇكى، تەكلىپ قىلىنغان يەرگە بېرىشنى خالىمايدۇ، ئۆزى بولسا مېھمانلارنى چاقىرىپ، مال سويۇپ ئوبدان كۈتىدۇ. يۇقىرىقىلاردىن ئەڭ ئېسىلى مانا شۇ. مۇنداق ئادەت ھەتتا دانالارنىڭمۇ ماختىشىغا سازاۋەردۇر. شۇڭا زۆرۈر يەرگە بارغىن، گال ئۈچۈن زۆرۈرىيەتسىز جايغا بېرىپ ئۆزۈڭنى خار قىلما.

كۆردۈڭكى، مېھمانغا بار ياكى مېھمانغا چاقىر مېھماندارچىلىقنىڭ قائىدە-يوسۇنلىرى شۇنداق بولىدۇ، شۇنىڭ ئۆزى كۇپايە. ئەگەر كىشىلەر بىلەن ئارىلىشىشنى خالىساڭ، كىشىلەر بىلەن بېرىش-كېلىش قىلىش ئىشلىرى ئاشۇنداق يوسۇن بويىچە بولىدۇ، قالغىنىنى ئۆزۈڭ چۈشىنىۋال.

*          *          *

ئۆگدۈلمىش ئودغۇرمىشنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، كىشىلىك تۇرمۇشتا دۇچ كېلىدىغان ئادىمىيلىك مۇناسىۋەت قائىدىلىرىنى چوڭىدىن تارتىپ كىچىككىچە ناھايىتى ئەتراپلىق، قايىل قىلارلىق دەرىجىدە بايان قىلىپ بەردى. ئودغۇرمىش يۇقىرىقى بايانلارنى ئاڭلاپ بولۇپ، دەرھاللا يەنە ئەسلى مايدانىغا قايتتى-دە، ئۆز دېيىنى مۇنداق چېلىشقا باشلىدى.

# يىگىرمە توققۇزىنچى باب

## ئودغۇرمىشنىڭ دۇنيانى تەرك ئېتىپ، بارغا قانائەت قىلىش ھەققىدىكى بايانلىرى

ئودغۇرمىش ئۆگدۈلمىشنىڭ بايانلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، يەنىلا ئۆز خاھىشى بويىچە دۇنيا ئىشلىرى توغرىسىدا تىلىدىن مۇنداق تەسبىھ تارتتى:

— سۆزلىرىڭنى ئاڭلىدىم، ئەمدى مېنىڭ سۆزلىرىمنى ئاڭلاپ قويغىن، — دېدى ئودغۇرمىش، — توغرا، سەن ئېيتقان يۇقىرىقى قائىدىلەرنى كىم ئۆگەنسە، بۇ دۇنيالىقتا ئارزۇسىغا يېتىدۇ، لېكىن ياشاشتىكى مەقسەت پەقەت يەپ-ئىچىش ئۈچۈنلىمۇ؟ ھەي دانا ئالىم، ئالدى بىلەن بۇ ھەقتە ئويلاش كېرەك. ئادەم شۇنچە قىسقا ئۆمرى ئۈچۈن زور جەبىر-مۇشەققەت چېكىپ مال-دۇنيا توپلاشنىڭ نېمە ھاجىتى؟ بۇ دۇنيانىڭ بايلىقى ئۈچۈن پالاقشىسا، تائەت-ئىبادەت ئىشىمۇ قالىدۇ. سەن كەلگەندىن بۇيان مانا مېنىڭمۇ ئىبادىتىم قېلىپ قالدى. بىر كىشى بىلەن شۇنچىلىك ئارىلىشىش ئارقىلىق شۇنچە كۆپ مەھرۇملۇققا يولۇققان تۇرسام، يەنە مېنى نېمىگە زورلايسەن؟! شەھەرگە كىرسەم بارلىق ئىشلىرىم كىشىلەر ئارقىلىق بولىدىكەن. ئۇ چاغدا ماڭا بىر تەرەپتىن تائەتنىڭ ئىشىكى يېپىلىدۇ، قانداق قىلىپ تائەتنى ئادا قىلالايمەن؟! بالىلىق دەۋرىم ئۆتۈپ كەتتى، ئەمدى ياشىنىپ قالغاندا ئۆكۈنۈش بىلەن تائەتتە ياشىماقچىمەن. ھەي مېھرىبانىم، يەنە ئەھمىيەتسىز تەرەپكە قايتىش ماڭا يارىشارمۇ؟! بىلىمى دەريادەك كەڭ دانىشمەنلەرنىڭ قانداق تەلىم بەرگەنلىكىنى

بىلەمسەن؟ ئۇلار دەيدۇكى، يىگىتلىكىڭدە قىرىلىق ئۈچۈن ئىشلە، قېرىپ كۈچتىن قالغاندا ئۆلگۈرەلمەيسەن. ياش ۋاقتىڭدا ئاللانىڭ ئىبادىتىنى قىلىشقا ئالدىرىمىساڭ، قېرىغاندا تولۇق ئادا قىلالمايسەن. جۇشقۇن يىگىتلىك چاغلىرىڭنى غەنىيمەت بىلىپ ئىش-ھەرىكىتىڭنى توغرىلا، قېرىپ يىگىتلىك ئوتۇڭ ئۆچكەندە ئۆلگۈرەلمەيسەن. قارا، يىگىتلىك مەۋسۇمى ھەممە ياخشىلىقلارنى قىلىپ، مېغىزىنى چېقىشقا ئەجەب ياخشى پۇرسەت، قېرىغاندا ياشلارچە ئىش قىلىپ يۇرسە نېمىدېگەن سەت. دۇنيانىڭ نەرسىلىرى تىرىكلىك ئۈچۈندۇر. ھايات ئاخىرلاشسا مال-دۇنيا غېمىمۇ تۈگەيدۇ. ھاياتىڭنى مال-دۇنيا توپلاشقا سەرپ قىلىسەن، نەپەس ئۈزۈلگەندە دۇنيايىڭ كىملەرگە قالىدۇ؟! سەن ئېيتقاندەك بېرىپ ئەل ئۈچۈن خىزمەت قىلاي، بۇرادەرچىلىك ۋە ئەل بىلەن ئارىلىشىش يوسۇنلىرىنىمۇ ئۆگىنەي، ئاخىرى ئۆلسەم تېگىدىغىنى يەنىلا ئىككى بۆز، ئۇندىن باشقا يەنە نېمە پايدىسى بار؟ ھەي مەرد مۇسۇلمان، شۇنچىۋالا تەرلەپ-پىشىپ، بەزىدە مۇزلاپ ئېرىشمەكچى بولغان نەرسە دۇنيا توپلاپ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈش بىلەن ئەل ئىچىدە سۆزى ئۆتىدىغان بولۇشتىن ئىبارەت ئىكەنغۇ؟! ئەگەر يۇقىرىقى ئىككى نەرسىگە ئېرىشىپ، مەڭگۈ ئۆلمەيدىغان ئىش بولسا تولىمۇ ياخشى بولاتتى، لېكىن ئۆلۈم دېگەن ھەممىدىن مەھرۇم قىلىدىكەن. شۇنداق تۇرۇقلۇق دۇنيا ئىشلىرىغا قىزىقىپ نېمە قىلاي.

بەختلىك كىشىنىڭ بەلگىسى شۇكى، ئۇنىڭ ياخشىلىقى كۈنسېرى كۆپىيىدۇ. بەختسىز كىشىنىڭ بەلگىسى شۇكى، قېرىغانسېرى قىلىقى بۇزۇلۇپ، كىشىلەرنى بىزار قىلىدۇ. شۇڭا دانالار ئېيتقانكى: بەختلىك ئادەم قانچە يۇكسەلگەنسېرى يامانلىقنى تاشلاپ، ياخشىلىق يولىنى تاپقۇچىدۇر. بەختسىز ئادەم قېرىغانسېرى بۇزۇلۇپ، ھەۋەسكە ئۆزىنى ئاتقۇچىدۇر.

دۇنياغا نەزەر سال، بۇ دۇنيادا بارلىق ئارزۇ-ئارمانلىرىمغا

يەتتىم دەپ ئۆزىگە تۆمۈر قەلئە-تۇرا ياساتقان پادىشاھ شەددات قېنى؟ قېنى ئۇ دۇنيانى ئىگىلەپ، قارا قۇشقا مىنىپ كۆك ئاسمانغا چىققان يامان ئىت — نەمرۇت؟ «خۇدامەن» دەپ دەۋا قىلىپ، ئاللا تەرىپىدىن دېڭىزغا غەرق قىلىنغان مەلئۇن پىرئەۋن قېنى؟ بۇ دۇنيانىڭ بايلىقىنى توپلاپ، ئاخىرى بارلىق مال-دۇنياسى بىلەن يەر قەھرىگە كىـــرىپ كەتكەن قارۇن قېنـــى؟ قېنـــى ئۇ غەربتىن-شەرققە يۈرۈش قىلىپ، پۈتۈن دۇنيانى تەسەررۇپىـــغا ئالغان دۇنيا بېگى ئىسكەندەر؟ تايىقى ئەجدىھا بولۇپ، دېڭىز يېرىپ ئۆتتۇرىدىن ئۆتۈپ كەتكەن مۇسا نەگە كەتتى؟ پەرىلەرگە، قۇشلارغا ۋە ئىنسانلارغا ئادالەت بىلەن شاھلىق قىلىپ ئۆتكەن سۇلايمان ئەلەيھىسسالام قەيەردە؟ ئۆلۈكلەرنى تىـــرىلدۈرەلەيدىغان ئەيسا پەيغەمبەر قېنى، ئاخـــىرى ئۆزىمۇ ئۆلۈمگە تۇتقۇن بولدىغۇ؟! ئادەملەرنىڭ ئەڭ خىللانغىنى ۋە سەرخىلى مۇھەممەد پەيغەمبەر بۇ دۇنيادىن كېتىپ، دۇنيانى بوش قويۇپ يېتىمسىـــرەتتىـــغۇ؟ كۆردۈڭمۇ، يۇقىرىقىلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆلۈم يۇتۇپ كەتكەن يەردە، سەن ۋە بىز تىرىك قالاتتۇقمۇ؟! دۇنيانىڭ مەڭگۈلۈك، ئۆزگەرمەس قانۇنى شۇ. شۇنچە ئادەملەرنى يەر يۇتۇپ كەتتى، لېكىن ئۇنىڭ قارنى تويغىنى يوق. قارا يەر قېتىنى ئېچىپ كۆرگىلى بولسىدى، نى-نى سەرخىل ئېسىلزادىلەرنىڭ زارلىنىپ ياتقانلىقىنى، نى-نى بەگلەرنىڭ ۋە ئالىملارنىڭ تۇپراقتا سىڭىپ كەتكەنلىكىنى كۆرەتتىڭ. ئۇ يەردە بەگ بىلەن قۇلنى، كەمبەغەل بىلەن باينى ھەرگىز پەرق ئەتكىلى بولمايدۇ.

بۇ دۇنيانىڭ ئىشلىرى مانا شۇنداق، ھاياتلىق دېگەن كارۋانغا ئوخشاش تىنىماي يۈرۈپ تۇرغاچقا، سەپەر ئېتىنى مىنگەن ئادەم ھەرگىز ئۆيۋاق قۇرۇپ ئولتۇرمايدۇ، شۇڭىمۇ دۇنيا ئارزۇلىرىنى ئۆزۈمدىن كۆتۈرۈۋەتتىم. ئەمدى مېنى قويۇپ بەر، ماڭا ئاللا يار-يۆلەك بولسۇن. ھەۋەس ئادەمنى قۇل قىلـــىدىكەن، بۇ قۇللۇقتىن قۇتۇلۇپ خاتىرجەم يۈرەي. ۋاپاسىز دۇنيادىن رايى

قايتىپ ئۇنى تەرك ئەتكەن بىرى: ھېرىسلىق يۈزىدىن كۆزۈمنى يۇمغاندىن كېيىن بارلىق ئارزۇلىرىمغا يەتتىم، دېگەن.

قارايدىغان بولساڭ، بۇ دۇنيا خۇددى تېرىلغۇ ئېتىزغا ئوخشايدۇ، ئۇنىڭغا نېمە تېرىغان بولساڭ شۇ ئۈنىدۇ. ياخشىلىق ئۇرۇقىنى چاچساڭ ياخشىلىق ئۈنۈپ، ساڭا يېمەك-ئىچمەك، كىيىم-كېچەك بولۇشقا يارايدۇ. يامانلىق ئۇرۇقىنى تېرىساڭ قىيامەتتە بوينۇڭغا يۈك بولىدىغان يامانلىق ئۈنىدۇ. بۈگۈنكى ئارزۇ-ھەۋەستىن كەچمىگۈچە ئەتىكى ھۇزۇر-ھالاۋەتكە يەتكىلى بولمايدۇ. شۇڭا، دۇنيا سېنى تاشلىۋېتىشتىن بۇرۇن سەن ئۇنى تاشلا، ئۇ ساڭا تويماستىنلا سەن ئۇنىڭدىن توي. سەن ئۇنىڭدىن كەچمىسەڭ ئۇ سەندىن كېچىدۇ. سەن ئۇنىڭغا تويمىساڭ ئۇ سەندىن تويىدۇ. ئەمدى دۇنياغا ئېرىشسەڭ يەنە ئۇ سېنى تاشلاپ كېتىدىغان تۇرسا، بۇ جاھاننىڭ نېمە كېرىكى؟ ئۇ دۇنيادا مەڭگۇ پاراۋان ياشىماق بولساڭ دۇنيادىن كېچىپ، ئۇ دۇنيانى تىلىگىن. بۇنىڭدىنمۇ ئەۋزەلرەكىگە ئېرىشمەك بولساڭ، ھەر ئىككى دۇنيانى ئىزدەشنىڭ ھاجىتى يوق. ھەر ئىككى دۇنيانىڭ ئىگىسىنى ئىزدە. ياراتقۇچىغا يېتەلىسەڭ، يارالغانلار ساڭا مەنسۇپ. تۆرەلدۈرگۈچىگە ۋە ئۇنىڭ رازىلىقىغا مۇيەسسەر بولالىساڭ، تۆرەلگەنلەر ھەم ساڭا تەۋەدۇر. يارالغۇچىدىن قورقما، ياراتقۇچىدىن قورققىن. يارالغۇچىدىن ھېچ نەرسە تەمە قىلما، ياراتقۇچىنى ئۆزۈڭگە باشپاناھ قىل. ياراتقان ئىگەمگە ئىبادەت قىلىشنى قويۇپ، بەندىنىڭ خىزمىتىنى قىلىش قانداق مۇناسىپ بولسۇن؟! بەندىگە خىزمەت قىلغۇچى مۇنداق ئىككى نەرسىدىن باشقىغا ئېرىشەلمەيدۇ: خىزمىتى بېگىگە ياراپ بېشى كۆككە كۆتۈرۈلىدۇ ياكى قىلغان ئەمەللىرى يارىماي ئۆمرى بىھۇدە زايە بولۇپ كېتىدۇ. خىزمىتى ياراپ ئۆستۈرۈلگەن تەقدىردىمۇ ئۆز ئەركىنى يوقىتىدۇ. بېگى ئۇچۇن بەزىدە ئاچ، بەزىدە توق شاپاشلاپ ئەجىر قىلىشى، بېگى ياتسا ئۇ جاپا چېكىشى لازىم بولىدۇ. شۇنداق

خىزمەتتە نىمە مەنپەئەت، قانداق لەززەت بار، ئېيتىپ باققىنە قېنى؟ ئىلىمنىڭ ھاكىمى خىزمەتچىلەرنىڭ قائىدىسى ھەققىدە سۆزلەپ مۇنداق بىر سۆز ئېيتقان، ئاڭلاپ قويغىن: بەگلەرنىڭ خىزمىتىنى قىلىش تولىمۇ مۇشكۇل، شۇنچە ئەجىر قىلىپ ئىشلىسەڭمۇ يارىماي قالىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئېتىباردىن چۈشىسەن. خىزمىتىڭ ياراپ قالغان تەقدىردىمۇ ئەركىڭ تۈگەيدۇ. ھەي كۆپ ئەجىر قىلغۇچى، خىزمىتىڭگە كۆپ ئىشىنىپ كەتمە، ئۇمۇ ئاخىرى بېشىڭنى يەرگە قارىتىدۇ. «رازى قىلدىم» دەپ تۇرساڭ، ئارقىدىن تاپا-تەنىگە قالىسەن. «خۇرسەن بولار» دەپ ئىشەنسەڭ، غەزەپتىن قاپىقىنىڭ تۈرۈلگەنلىكىنى كۆرىسەن. ئۇلارنىڭ خۇي-پەيلىنى ۋە ئۇلاردىن نېمىگە ئېرىشىدىغانلىقىڭنى تەسەۋۋۇر قىلالمايسەن.

ھەي ئوغۇل، قارا، بۇ جاھان ئەزەلدىن شامالغا ئوخشاش تۇتامى، كۆلەڭگىگە ئوخشاش قارارى يوق. قارىساڭ ئۇ خۇددى كۆرۈنمەيدىغان سەراپقا ئوخشايدۇ، تۇتاي دەپ تۇتالمايسەن، يېتەي دەپ يېتەلمەيسەن. دۆلەتنىڭ ئالتۇن بەلۋېغى نۆۋەت بىلەن باغلىنىدۇ. ئۇ قاچقۇن، ۋاپاسىز، ئۇنىڭ قېرىشىمۇ ھەم تېز. ئەمدى ماڭا دۆلەتمۇ، ئۇنىڭ نۆۋىتىمۇ لازىم ئەمەس، ئىگەمنىڭ يادى ماڭا ھەمراھ. ئۇنىڭ يارلىقى مېنىڭ شادلىقىمغا شادلىق، خۇرسەنلىكىمگە خۇرسەنلىك. ئۈمىدىممۇ، تىلىكىممۇ شۇ، سېغىنىشىممۇ، شادلىقىممۇ ئىگەمنىڭ يادى. تونۇم قوي يۇڭى، يېمىكىم ئارپا نېنى. ھەي قاياشىم، شۇنىڭ ئۆزى ماڭا دۇنيانىڭ تەل بولغىنى. غاردا پاناھلانغان بىر تەقۋادارنىڭ مۇنۇ سۆزىنى ئاڭلاپ قوي، ئۇ: غىزايىم كېپەك، كىيىمىم يۇڭ چەكمەن. نېسىۋەمگە ئېرىشتۇرگەن ئاللاغا شۈكۈركى، كېپەك غىزا ماڭا شېكەردىن لەززەتلىك، ئاق يۇڭ تونۇم يىپەكتىن قىممەتلىك، دېگەن. ئارپا بولسۇن، تېرىق بولسۇن، باشقا تاماقلار بولسۇن قورساق تويغۇزۇش ئۈچۈنغۇ، ئۇلارنىڭ نېمە پەرقى؟ مىزاجىڭنى

بۇزۇپ ئۆيدەك يەۋەرمەي، ئۆلمەسلىك ئۈچۈنلا يېسەڭ كۇپايە. ئارتۇق لەززەتكە بېرىلىش چېكى يوق پاتقاقلىققا ئوخشايدۇ، ئۇنىڭ ئاخىرى قاتتىق ئازاب-ئوقۇبەت كەلتۈرىدۇ. ئاچچىق-چۈچۈك تائام گالنىڭ لەززىتى، ئۇنىڭغا ھېرىسمەنلىك ھايۋاننىڭ ئىشى. بەدەننى ياپقىدەك كىيىمىڭ بولسىلا كۇپايە، زەر تون، يىپەك كىيىملەرنىڭ نېمە لازىمى. قورساق بىر تويسا ئىككى كۈنگە يېتىدىكەن، بىر كىيىم ئىككى يىل چىدايدىكەن. شۇنچىلىك نەرسە ئۈچۈن بىلىپ تۇرۇپ كىشىنىڭ قۇللۇقىنى قىلسام يارىشامدۇ؟ ئېگىز ئەرشتىن تەھتىسساراغىچە بارلىق مەۋجۇداتلار موھتاجلىقتا ياشايدۇ، بىر ئاللا ئىگەملا موھتاجسىزدۇر. ئۇ بارلىق موھتاجلار ئۈچۈن مېھرىباندۇر. مەن كۆڭلۈمنى ئاللاغىلا باغلىدىم، تىلەكچى بولۇپ ئۇنىڭ مېھرىبانلىقىنىلا تىلەيمەن، ئۇنىڭ بارلىقى ماڭا شەكسىز ئايان بولدى، ئۇنىڭغا ئىقرارمەن. دىلىم بىلەن ئىشىنىمەن، تىلىم بىلەن ئۇنى مەدھىيىلەيمەن، ئۇيقۇسىز ئۇنىڭ دىدارىنى ئىزدەيمەن. قەيەردىن تېپىشىم ئۆزۈمگىمۇ ئېنىق ئەمەس. نىشانىم توغرا، لېكىن ئۇنى كۆرەلمەيمەن. شۇڭا مەن ئۆز-ئۆزۈمگە: تىنماي ئۇنى ئىزدە، بىرەر ئىشقا نىيەت قىلغان ئادەم ئۇخلىمايدۇ، تاپالمىدىم دەپ ھەرگىز يالتايمايدۇ. ئىزدەپ تاپالىغانلار يوق، مەن يېتەلمىدىم دەپ يېنىچە ياتقانلارمۇ يوق. ئارزۇدار ئادەم تىنىمسىز يۈگۈرۈشى لازىم. ئارامىدا ياتقان كىم ئارزۇسىغا يېتەلىگەن، تىنماي ئىزدەنگەنلەر قاچان تىلىكىگە ئېرىشەلمەي قالغان؟ دەيمەن.

ئىگەم ئەڭ ئاۋۋال مېنى ئىرادە قىلىپ سۆيۈپ ياراتتى، ئەمدى مەن تىرىشىپ ئۇنى ئىزدىشىم كېرەك. شۇنچە مېھرىبان ئىگەمنى قانداقمۇ سۆيمەي، ئۇنى ئىزدەپ تېپىشقا نېمە ئۈچۈن ئالدىرىماي؟! ئىگەم يالغۇزلۇقۇمغا ھەمراھ، ھاجىتىمگە راۋا. ئۇ بېشىمغا قايغۇ-بالا كەلسە يۆلەيدۇ. ئۇ مېنى ئۆز ئىرادىسى بويىچە خالاپ، ئارزۇلاپ ياراتتى، شۇڭا يېگۈزۈپ، ئىچكۈزۈپ زورايتتى. ئۇنى ئىزدەش مېنىڭ قەرزىم. ئاچ قالاي، توق قالاي، ئىگەمنىڭ

يادى بىلەن خەلقتىن ۋاز كەچتىم. ئۇ دۇنيادىكى ئورنۇڭنى بۇ دۇنيادا ھازىرلايسەن، بۇ دۇنيادىن ۋاز كەچمىگىچە ئۇ دۇنيادىن قانداق ئورۇن تاپالايسەن، ۋاپاسىز دۇنياغا مەھكەم ئېسىلىۋېلىپ، مەڭگۈلۈك دۇنياغا قانداقمۇ ئېرىشكىلى بولسۇن؟! بۇ دۇنيانىڭ شەربىتى ئوغىدۇركى، نېمەتلەرنىڭ ئەڭ ساپ، پاكىزىغا ئېرىشىشنى ئارزۇ قىل. دۇنيانىڭ نازۇنېمەتلىرىدىن كۆڭۈلنى ئۈزمىگىچە، ئاخىرەتنىڭ نازۇنېمەتلىرىدىن بەھرىمەن بولغىلى بولمايدۇ.

ھەي ئۆگدۈلمىش، ئۆزۈمنىڭ بىلگەنلىرىنى ئېيتاي، ئۇنى ھەقىقەت دەپ بىلگىن. ئادەم مۇنداق ئۈچ نەرسىدىن ۋاز كەچمىگىچە، ئۈچ ئەڭگۈشتىرىگە ئېرىشەلمەيدۇ: دۇنيانىڭ ئىشلىرىدىن قول ئۈزمىگىچە، خۇدا ئىبادىتى بىلەن مەشغۇل بولغىلى بولمايدۇ. ھاۋايى-ھەۋەسنىڭ بويىنىنى ئۈزمىگىچە، ھەق-توغرا يولغا كىرگىلى بولمايدۇ. دۇنيا ۋەسۋەسىسىنى كۆڭۈلدىن تازىلىمىغىچە، خۇدانىڭ رازىلىقىغا مۇيەسسەر بولالمايدۇ. بۇ دۇنيا مۇسۇلمانلار ئۈچۈن بىر قونالغۇ، بۇ ئۆتەڭدىن راھەت-پاراغەت كۈتمە. كۆڭلۈڭنى توختىتىپ، ۋۇجۇدۇڭ تەقەززاسىنى قاندۇرماسلىققا تىرىش، شۇندىلا توغرا يولغا كىرەلەيسەن. ئۆتۈۋاتقان كۈنلىرىڭنى بىھۇدە زايە قىلما، بولمىسا پۇشايمان قىلىسەن. ئۆتۈپ كەتكەن كۈنلىرىڭ ھەرگىز قايتىپ كەلمەيدۇ. بىر شەھەردىن يەنە بىر شەھەرگە كۆچىدىغان كىشى يۈك-تاقلىرىنى ئالدىن ئەۋەتىۋەتسە، ئىشنى ئۈز، سەرەمجان قىلغان بولىدۇ، كۆچۈپ بارغاندىن كېيىن پايدىسىنى كۆرىدۇ. مال-مۈلكۈڭنى ئەۋەت ياكى ئەۋەتمە بەربىر كۆچىسەن. بەگ بول ياكى قۇل، بىخۇت بولمىغىنكى، ئۇزۇن تۇرالمايسەن، چۈنكى سەن ئاللىبۇرۇن ئۆلۈم ئېتىغا مىنىپ يولغا چىققانسەن. ئۇن سەككىزگە كىر ياكى مىڭغا كىر ئاخىرى ئۆلىسەن. باي بول خاھى گاداي، ئايلار، يىللار ئۆتكەنسېرى ئۆمرۈڭنى يەپ تۈگىتىدۇ،

ھەتتا بېشىڭ ئاسمانغا تاقاشقان تەقدىردىمۇ، ئاخىرى بېرىپ ياتىدىغان جايىڭ يەرنىڭ تېگى بولىدۇ. قىممەتلىك ھاياتلىق پۇرسىتىگە ئېرىشكەن ئادەمنىڭ ئۆمرىنى بىھۇدە ئۆتكۈزۈۋېتىشى ھايۋانلىق ۋە ئۆزىنى ئۆزى ئوتقا ئىتتىرىشتۇر. ئادەم ساق-سالامەت تۇرۇپمۇ ئۆمرىنى زايە قىلىۋەتسە، بۇنداق ھاياتنىڭ ھېچقانداق مەززىسى بولمايدۇ. شۇڭا، ياخشى نامدىن ئىز قالدۇرۇش ھەممىدىن ئەۋزەل.

قېرىندىشىم، مەن ئۈچۈن قايغۇرما، ئۆز غېمىڭ ئۈچۈن ياش تۆك. بۇ دۇنيانىڭ ئىشلىرى تۇزاققا ئوخشاش سېنى ئىلىندۇرمەكچى، بۇ تۇزاقتىن ئاگاھ بول. قولۇڭغا كەلگەن دۆلەتنىڭ رايىڭچە ئۆتۈۋاتقانلىقىغا گول بولما، ئۇمۇ يەنە تېز ئۆتۈپ كېتىدۇ. غەپلەتتە ئۆلۈمنى يىراق چاغلىما، ئۇ پىستىرمىدىن چىققاندەكلا پەيدا بولىدۇ. ئۆلۈم غەپلەتتە قالغان مىڭلىغان كىشىلەرنى كۆتۈرۈپ باستى، توپلىغان مال-دۇنيالىرىنىمۇ چاچتى. كۆرمەمسەن، ئۇيۇشقان نۇرغۇن جەمەت توپلىرىنى تۇزۇۋەتتى، «مەن-مەن» دەپ مەيدىسىگە ئۇرغانلارنىڭ ھېچقايسىسى قالمىدى، شۇنچە لەشكەر، قورال-ياراغلىرىمۇ توسۇپ قالالمىدى. بۇلارنى ئويلىسام كۆز يېشىم بۇلاق بولىدۇ. ھەرگىز غاپىل بولغۇلۇق ئەمەسكەن، ۋاقىت، كۈنلەر ھەرگىز قايتىپ كەلمەيدىكەن، تىرىكلىكمۇ شەپىسىز ئۆتۈپ كېتىدىكەن. ھۇزۇر-ھالاۋەتكە ئالدىنىپ كۈنلىرىڭنى زايە قىلما، بەختكە ئىشەنمە، ئۇ ۋاپاسىز ئۆكتەمدۇر. «بۈيۈكمەن» دېگەنلەرنىمۇ ئۆلۈم تۇتتى، ئۇلۇغمەن دېگەنلەرنىمۇ ئۆلۈم ئۇتتى. ياسىداق ئوردا-سارايلارنىمۇ، قەسىر-ئايۋانلارنىمۇ، شەھەر-كەنتلەرنىمۇ شۇ ئۆلۈم خانىۋەيران قىلدى. ئۆلۈپ يەر تېگىدە ياتقانلارمۇ بىزنىڭ بېرىشىمىزنى كۈتۈپ ياتماقتا. كۆزۈڭنى ئېچىپ ئۇلارغا ئوبدان قاراپ باققىن، بەگ نەدە، قول نەدە ياتىدۇ، بۇنى ئۇقامسەن؟ ئۆلۈمگە ئۇلۇغلۇقمۇ كار قىلمىدى، ئۇنىڭدىن كىچىككىمۇ قۇتۇلالمىدى.

پەيغەمبىرىمىزنىمۇ ئۆلۈم ئېلىپ كەتتى، ئۇنى كىم دورا-دەرمان، قورال-ياراغلار بىلەن توسۇپ قالالىدى؟! بۇ دۇنيا ئاشۇنداق ۋاپاسىز، ئىشەنچسىز ۋە رەھىمسىزدۇر. كۈنلىرىڭنى ياخشى ئۆتكۈز ياكى يامان ئوخشاشلا ئۆتۈپ كېتىدۇ. بۇ كۈن توققۇمۇ، ئاچقىمۇ بار، بەگكىمۇ يۈز خاتىرە قىلمايدۇ، باي ۋە قۇل دەپ ئايرىمايدۇ. ھەر قانچە مۇشەققەت چېكىپمۇ راھەت-پاراغەتلىك كۈنلىرىڭنى ئۇزارتالمايسەن. شۇنداق ئەھۋالدا تۇرۇپ، شۇنچە شاۋقۇن-سۈرەن كۆتۈرۈشنىڭ نېمە ھاجىتى؟ دانىشمەنلەر دېگەندەك: ئادەم دېگەن ئازغىنە ياخشىلىققا گول بولۇپ، كۆك ئاسماندىن ئۈستۈن گەپ قىلىدۇ. ئۆلۈمنىڭ قانچىلىغان مەغرۇر ئوغلانلارنىڭ كۆكسىنى ئېزىپ، كۆزىنى ئالايتتۇرغانلىقىنى ئويلىمايدۇ.

ئۆگدۈلمىش، بۇ گەپلەرنى ساڭا بولغان ئەقىدەم دېگۈزۈۋاتىدۇ. كىم بۇ ئەھۋالنىڭ ھەقىقىتىنى چىن مەنىسى بىلەن بىلەلىسە، ئۇ ھەرگىزمۇ بۇ دۇنيانى ئۆزىگە دوست تۇتمايدۇ. يىگىتلىكىمنى تۈگەتتىم، ياشتا چوڭ بولۇپ قالدىم. ئىپارغا ئوخشاش قارا چېچىم كاپۇر سەپكەندەك ئاقاردى. ئەمدىكى كۈنلىرىم شۈبھىسىزكى، ئۆلۈمگە ھازىرلىنىش بىلەن ئۆتىدۇ. ئۆلۈم قايغۇسى شادلىقىمنى يۇتۇپ كەتتى. ئۆلۈمدىن كېيىنكى ئىش قانداق بولاركىن؟ مەن شۇنچە قايغۇ-ئەلەم ئىچىدە تۇرۇپ قانداقمۇ ئىلىگىنىڭ قېشىغا بارالايمەن؟! بۇ ئەھۋالدا مەندىن ئىلىگكە ھېچقانداق پايدا-مەنپەئەت تەگمەيدۇ. ئەگەر ئۇ مېنى دۇنيالىق ئىشلىرى ئۈچۈن ئارزۇلاۋاتقان بولسا، مېنى ئۆز يېنىغا كەلدى دەپ ساناپ، ئىشلىرىنى يۈرۈشتۈرۈۋەرسۇن. ئۇلۇغ ئاللا ئادەم بالىسىنى ئىككى ئىش ئۈچۈن ياراتتى ۋە نام بەردى، ئۇ بولسىمۇ ئۇنى جەننەتكە ياكى دوزاخقا ھاكىم قىلىش، قەدىرلىك ياكى پەس قىلىش. ئاللا ھەر ئىككى ئىشنىڭ يولىنى ئايرىپ كۆرسىتىپ بەردى. بەندە ئاللانىڭ تەۋپىقىگە ئېرىشىش ۋە ياخشىلىقلارنىڭ

ئىشكىنى ئېچىش ئۈچۈن غەيرەت قىلىپ ئىبادىتىنى بەجا كەلتۈرۈشى زۆرۈر.

*  *  *

— ئەي ياخشى دوستۇم، مېنىڭ بىلىدىغانلىرىم شۇلار، — دەپ گېپىنى خۇلاسىلىدى ئۇدغۇرمىش، — بۇلارنىڭ بارىنى ساڭا ئېيتتىم. مەندىن ساڭا لازىملىقى شۇ پايدىلىق سۆزلەر، ئۆزۈمگە قارىغاندا سۆزلىرىم ئەھمىيەتلىكرەك. ئەگەر ئاخىرەتلىكىڭنى ئىزدىسەڭ ئۇنىڭ يولى ئەنە شۇ. بۇ دۇنيالىقنى ئىزدىمەك بولساڭ ئۇنىڭ يولىنى ئۆزۈڭ تولۇق بىلىسەن. ئىشەنگىنىڭكى، پەلەك ساڭا بېقىپ ئارزۇيۇڭ كۈلدى، بەختىڭ ئېچىلدى. مەندە يەنە ئىلىككە نەپ بېرەلىگىدەك قانچىلىك ياخشى تەدبىر بولسۇن؟ ئىلىككە دېگىن، مېنى تەڭرىگە تاپشۇرسۇن، ئۇنىڭ ھەققى ئۈچۈن دۇئاگوي بولاي. دېگەنلىرىمنى ئۇنىڭغا ئېيتقىن، دېگەنلىرىمگە پۈتۈپ ئەمەل قىلسۇن. ئەگەر دېگەنلىرىمگە پۈتمىسە، پات ئارىدا پۈتمىگىنىنىڭ كەلگەنلىكىنى كۆرگەي. بىلىمى دېڭىزدەك كەڭ بىر ئالىم مۇنۇ سۆزنى بەك دۇرۇس ئېيتقان: سۆزلىرىم بۈگۈن ساڭا چۈشتەك بىلىنگەن بىلەن، تاڭنا بىر كۈنى ئەسقاتقانلىقىنى كۆرىسەن. بۇ سۆزگە ئەمەل قىلساڭ بەخت يۈزى كۈلىدۇ.

كۈنتۇغدى ئىلىككە مېنىڭ ئۆزرەمنى ئېيتىپ قويغىن. ئۇنىڭغا نېمە كېرەك بولسا ئۇنىڭ ئامالىنى قىل. سەن يېنىمغا كېلىپ-كېتىپ خېلى كۆپ جاپا چەكتىڭ، ئاللا ئەجرىڭنى بېرىپ ئىقبالىڭنى كۈندەك يورۇتقاي. مەن ئۈچۈن كۆڭلۈڭنى بىئارام قىلما، قەلبىڭدىكى ئورنۇمدىن مېنى يىراق قىلمىغايسەن.

ئۆگدۈلمىش ئۇدغۇرمىشنىڭ سۆزلىرىنى مۇڭ ئىچىدە بېرىلىپ ئاڭلىدى ۋە كۆپ تەسىرلەندى. ئۇ ئۇدغۇرمىشنى ئوردىغا ئېلىپ كېتىش مۇمكىن ئەمەسلىكىنى پەملەپ، مۇنداق جاۋاب

بەردى:

— سۆزلىرىڭنى زېھىن قويۇپ ئاڭلىدىم، توغرا سۆزلىدىڭ. سۆزلىرىڭنى دەڭسەپ كۆرۈپ ھەقىقەت يولىنى تاپقاندەك بولدۇم. بولدى، بۇ ھەقتىكى سۆزۈمنى كەستىم. دۇرۇس، ھەقىقەت يولى شۇ، ئۇنىڭدىن باشقىسى ئەگرىلىك يولىدۇر. ئېيتقانلىرىڭ راست، مېنىڭ دېگەنلىرىم بىر ئوينىشىش بولسۇن. بولدى، ئوينىشىشنى قويۇپ، ھەقىقەتكە بويۇن ئېگەي.

ئۆگدۈلمىش ئورنىدىن تۇرۇپ، ئودغۇرمىش بىلەن خوشلىشىشقا تەرەددۇت قىلدى. ئۇ قايتىش ۋاقتىدا يەنە:

— ھەي ھەر ئىككى دۇنيادا تەلەي قۇچقۇچى، ئەمدى قايتاي. ئۆزۈڭ ياخشى قالغىن، ساڭا كۈچ ۋە تەۋپىقنى ئاللا ئۆزى بەرسۇن. مېنى ئۇنتۇماي دۇئالىرىڭدا ئەسلەپ قوي. ئاللانىڭ دىلىمنى ئويغىتىپ تۇرۇشى ئۈچۈن ئاللادىن تىلەپ تۇرغىن، — دېدى ئۇ ۋە ئورنىدىن تۇرۇپ مېڭىشقا تەمشەلدى. ئودغۇرمىش بىلەن قۇچاقلىشىپ خوشلىشىپ، ئېتىغا مىنىپ ئۆيىگە قايتىپ كەتتى.

* * *

ئۆگدۈلمىش ئۆيىگە كېلىپ ئاتتىن چۈشتى. ئۆيىگە كىرىپ ئازراق يەپ-ئىچكەندىن كېيىن، ئودغۇرمىشتىن ئاڭلىغان سۆزلەرنى مۇلاھىزە قىلىپ، خىيال سۈرۈپ بىرئاز ياتتى. بۇ ۋاقىتتا قۇياش يۈزىگە قارا پەردە تارتقانىدى، ئالەم يۈزى بارا-بارا قارا تۇمان بىلەن قاپلاندى. خۇددى رومى قىزى چاچلىرىنى چۈشۈرۈپ يۈزىنى ياپقاندەك، يەر يۈزى پۈتۈنلەي قارا چاچ تۈسىگە كىردى. ئاسمان زەڭگىنىڭ يۈزىدەك قارىيىپ، پۈتۈن ئۇچار قۇشلار ۋە ھەرىكەت قىلغۇچى جانلىق مەخلۇقلارمۇ تىنچىدى. ئۆگدۈلمىش تەرەت ئېلىپ خۇپتەن نامىزىنى ئوقۇپ بولۇپ، تۆشەك سالدۇرۇپ ياتتى. بىرئازلا ئۇخلاپ يەنە ئويغىنىپ كەتتى. زۆھرە

يۇلتۇزى تۆۋەنگە قىيسايغاندى، ئۇ ئۆكەر بېشىنىڭمۇ تۆۋەنگە ئېگىشكەنلىكىنى، شەرقتىن چايان يۇلتۇزىنىڭمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلگەنلىكىنى كۆردى. تېخى بالدۇر ئىكەنلىكىنى بىلىپ، يەنە بىرئاز ياتتى. بىراق ئۇيقۇسى قېچىپ، قاراۋۇلغا ئوخشاش كۆز يۇمماي خىيال بىلەن ئويغاق ياتتى. ئاسمان يەنىلا ئەنبەر پۈركۈگەندەك قاراڭغۇ ئىدى. پەقەت ئاسمان بۇرجەكلىرىلا كاپۇر سەپكەندەك ئاقىرىشقا باشلىدى. بىر هازادىن كېيىن قۇياش نۇرى قىزىل نەيزىدەك ئاستا-ئاستا پۇتاقلىرىنى يېيىشقا باشلىدى. ئۆگدۈلمىش ئورنىدىن تۇرۇپ تەرەت ئېلىپ، نامىزىنى ئادا قىلىپ دۇئاغا قول كۆتۈردى. قىزىل نەيزىلىك قالقان زېمىننى قىزارتىشقا باشلىغاندا ئورنىدىن تۇرۇپ، خان ئوردىسىغا يول ئالدى.

ئۆگدۈلمىش ئوردىغا كېلىپ ئۇدۇللا ئىچكىرىگە كىردى. ئىلىگ ئىشىك ئاغىسىدىن ئۆگدۈلمىشنىڭ كەلگەنلىكىنى ئۇقۇپ، ئۇنىڭ يېنىغا كىرىشكە ئىجازەت بەردى. ئۆگدۈلمىش ئىلىگ ئالدىغا كىرىپ قول باغلاپ تۇردى. ئىلىگ ئۆگدۈلمىشنى ئولتۇرۇشقا ئىما قىلدى. ئۆگدۈلمىش ئېغىر-بېسىقلىق ۋە ئەدەپ بىلەن كۆرسىتىلگەن ئورۇندا ئولتۇردى.

بىرئاز جىمجىتلىقتىن كېيىن، ئىلىگ سۆز ئېچىپ:

— هەي خۇش پېئىل كىشى، قېنى سۆزلىگىن، ئىشلىرىڭ قانداق بولدى، قېرىندىشىڭ نېمىلەرنى دېدى، مەقسىتىڭ ئورۇندالدىمۇ قانداق، دوستۇڭ كېلىدىغان بولدىمۇ؟ — دەپ سورىدى.

ئۆگدۈلمىش ئودغۇرمىش بىلەن بولغان گەپ-سۆزلەرنىڭ هەممىسىنى قالدۇرماي تەپسىلىي سۆزلەپ بەردى. ئىلىگ بىرئاز جىم بولۇپ قالدى، كۆڭلى يېرىم بولۇپ، ئويغا پاتتى ۋە كۆزلىرى ياشقا تولدى.

— قاياشىڭمۇ دۇرۇس گەپنى قىلىپتۇ، — دېدى ئىلىگ، — ئۇ ئېيتقان سۆزلەر گەپنىڭ توغرىسىدۇر. بىز هازىر ئۆزىمىزگە

ئۆزىمىز زۇلۇم قىلىۋاتىمىز، ئۇنىڭغىمۇ زۇلۇم قىلىپ رەنجىتىۋاتىمىز. راست، بۇ ئۆتكۈنچى دۇنيا ھېچكىمگە باقىمەندى ئەمەس. قانچىلىك ئۆمرىمىز قالدى، بۇمۇ بىزگە قاراڭغۇ. راھەتمۇ، مۇشەققەتمۇ ئۇزۇن داۋام قىلمايدۇ. مەڭگۈلۈك دۇنيا شۈبھىسىز كېلىدۇ. قەيەردە بولسۇن ئۆزىنى، ئورنىنى راھەتلىك ھېس قىلسا، ئىزى ياخشى بولسا بەخت دېگەن شۇ. قېرىندىشىڭ راستلا سەگەك ئىكەن، ئۇنى بۇ يەرگە كەلتۈرەلىشىمىز ناتايىن. بىز ھەۋەسكە ئەسىر بولۇپ، كۆڭلىمىزنى بىھۇدە ئۆتكۈزمەكتىمىز. كۆڭلى ئويغاق كىشىلەر نەسىھەت قىلىپ: «ھەي ئوغۇل، ھاۋايى-ھەۋەس بىر دۈشمەن. ئەگەر ئۇ غالىب كەلسە، سەندىن كونا ئۆچىنى شۈبھىسىز ئالىدۇ. نەپس تىرىلسە، قەلب ئۆلىدۇ، قەلب ئۆلسە تائەت قالىدۇ» دېگەن. بۈگۈن بىزنىڭ قەلبىمىزمۇ ئۆلدى بولغاي، ھاۋا-نەپسنىڭ بويىنى ئۇزىراپ كەتتى. ھازىرقى ئۇلۇغلۇق، بۈيۈكلۈك، بەختلىك كۈنلەر ئۇزاق داۋام قىلمايدۇ. قارىساڭ بۇ ئىشلارنىڭمۇ ھۇزۇرى ئاز، مۇشەققىتى كۆپ، سۆيۈنۈشى ئاز، باش ئاغرىقى، قارغىشلار كۆپ ئىكەن. ياشتا چوڭ، دۇنيانى سىناپ كۆرگەن كىشىلەر بىلىپ: ئۇلۇغلۇققا مەغرۇرلىنىپ ئارتۇق كۈلۈپ كەتمە. ئۇلۇغلۇقنىڭ شۇنىڭغا تۇشلۇق باش ئاغرىقىمۇ بولىدۇ. قەيەردە شادلىق بولسا، ئارقىسىدىن بالاسى بىللە، ھۇزۇرى نەدە بولسا، ئۇنىڭغا مىڭ خىل جاپامۇ قوشكېزەك، دېگەن.

ئىلىگ بىر ئاز تىنىۋېلىپ، ئۆزىنىڭ ئودغۇرمىشنى چاقىرتىشتىكى ئەسلى مۇددىئاسىنى ئاشكارىلاپ مۇنداق دېدى:

— ھەي ئۆگدۈلمىش، ئۇ زاتنى چاقىرتىشىمدىكى مۇددىئا شۇكى، ئۇنى كۆڭلۈمنى ئويغىتىپ، ياخشىلىق قىلىشىمغا سەۋەبچى بولارمىكىن دېگەن ئىدىم. ئۇ بۇ يەرگە كېلىپ دوست-يار، بۇرادەرلىرىنىڭ يۈزىنى كۆرۈشكە ئۇنىماي چىڭ تۇرۇۋاپتۇ، سۆزلىرىگە قارىسام توغرا. قارىغاندا، ئۇنى ئەمدى زورلاشقا

بولمايدىغان ئوخشايدۇ. سەن ئىككى ئارىدا كۆپ جاپا چەكتىڭ، كۆپ سۆزلەپ، جىق يول مېڭىپ چارچىدىڭ. قېنى ئەمدى قاراپ باقايلى، ئاخىرقى ئەھۋال ۋە پۈرسەتنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى كۆتەيلى. كەلگۈسىدىكى ئىشلار تۇندىكىدەك قاراڭغۇ، ئۇنى نۇرلۇق قۇياشلا يورۇتالايدۇ. زاماننىڭ ياسى تارتىقلىق تۇرۇپتۇ، ئۇ پايدا كەلتۈرەمدۇ-زىيانمۇ، نامەلۇم. شۇڭا، ھەر قانداق ئىشنى خۇدانىڭ ھۆكۈمىگە تاپشۇرۇش لازىم. ھەممە ئىش ۋاقتى-سائىتى كەلگەندە پۈتىدۇ. بىرەر ئىشنى قىلىپ، ئۇنىڭدىن لەززەت ئالالمىغىدەك بولسا، بىر مەزگىل ئۇ ئىشنى تاشلاپ قويۇپ تۇرۇش كېرەك. دۇنيانىڭ خوي-پەيلى شۇنداق، قوغلىساڭ قاچىدۇ، قويۇپ بەرسەڭ ئۆرۈلۈپ ساڭا باقىدۇ. مەلۇم مەزگىل ئەھۋالغا قاراپ باقايلى، كېيىنكى كۈنلەر قانداق بولىدۇ، سىناپ كۆرمەمدۇق. بەلكىم ئۇ قاياشىڭ تېخىمۇ ياخشى ئويلىنىپ، بىز تەرەپكە كېلىشنى خالاپ قالامدۇ، تېخى.

ئىلىگ كېيىنكى تۆگەتكەندىن كېيىن، ئۆگدۈلمىش ئورنىدىن تۇرۇپ، سىپايىلىك بىلەن ئوردىدىن چىقىپ كەتتى.

كۈنتۇغدى ئىلىگ بىلەن ئۆگدۈلمىش ئوتتۇرىسىدا بولغان شۇ قېتىمقى سۆھبەتتىن كېيىن، يەنە بىر قانچە كۈن ئۆتتى. ئىلىگ ئىشنىڭ ئالدى-كەينىنى بىر قۇر مۇلاھىزە قىلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ كاللىسىدا باشقىچە بىر خىل خىيال پەيدا بولدى. ئۇ مۇلازىمدىن بىرىنى ئۆگدۈلمىشنى چاقىرىپ كېلىشكە بۇيرۇدى.

# ئوتتۇزىنچى باب

## كۈنتۇغدى ئىلىگنىڭ ئودغۇرمىشنى ئۈچىنچى قېتىم دەۋەت قىلغانلىقى

كۈنتۇغدى ئىلىگنىڭ خىيالىدىن يەنە بىر ئىش كېچىپ، ئۆگدۈلمىشنى ھۇزۇرىغا چاقىرتتى. ئۆگدۈلمىش ئىلىگنىڭ ئالدىغا كىرىپ، ئۇنىڭ ئەمرىنى كۈتۈپ، قۇللۇق بىلەن قول باغلاپ تۇردى.

— ئۆگدۈلمىش، سەن ماڭا يەنە بىر ئىشنى قىلىپ بەر، — دېدى ئىلىگ، — قاياشىڭنى چاقىرتسام يېنىمغا كەلمىدى، مېنىڭ ئۇ ئارزۇيۇم قانمىدى. ئەمدى مەن ئۇ ئارزۇيۇمدىن ۋاز كېچىپ، باشقىچە بىر يول بىلەن ئۇنىڭ دىدارىنى كۆرۈشنى ئىزدەپ قالدىم. ئۇ بۇ ياققا كېلىشنى خالىمىغان ئىكەن، ئۆزۈم بېرىپ ئۇنى زىيارەت قىلاي. ئەگەر ئۇ كېلىشنى خالىسا، مەن ئۇنى تۇتۇپ قالماسلىققا ۋەدە بېرەي. ماڭا ياخشى نەسىھەتلەرنى ئاتا قىلىپ، قايتىپ كېتىپ ئۆزىنىڭ ئىشى بىلەن مەشغۇل بولسا بولىدۇ. كۆڭلۈمدىكى چاڭ-توزان سۈزۈلۈپ قەلبىم يورۇسا، ماڭا پايدا كەلتۈرگەن بولىدۇ. بۇ ئىشتىن ئۇنىڭغىمۇ ھېچقانداق زىيان يوق.

— ھەي بەختىيار خاقانىم، ماڭا بۇ سۆزۈڭ دانالىق بولدى، — دەپ جاۋاب بەردى ئۆگدۈلمىش ھاياجانلىنىپ، — بولىدۇ، بۇ ئىشقا ماڭا مەن تەييار. ئالىيلىرى خالايدىغان بولساڭ، بۇ ئىشنى ئۆزۈم بەجا كەلتۈرەي. ئۇنىڭ قېشىغا بېرىپ بۇ تىلىكىڭدىن ئۇنى ۋاقىپلاندۇراي. سەن بارمىغىن، مەن ئۇنى دەۋەت قىلىپ قېشىڭغا كەلتۈرەي. بولسا بۇ توغرىدا بىر پارچە نامە يېزىپ

بەرگەن بولساڭ، ئۇنى ئىشەندۈرۈپ كەلتۈرۈشكە ئاسان بولاتتى.

— مەكتۇپنىڭ نېمە لازىمى، — دېدى ئىلىگ، — مەكتۇپتىنمۇ ئۆزۈڭ ئىشەنچلىك. نامە دېگەن ئىشەنچسىز ئادەمگە بېرىلىدۇ، مېنىڭ سەندىنمۇ ئىشەنچلىك كىشىم بار؟ ئەقلى يېتىلگەن ياغما بېگى: ئەلچىگە ئىشەنسەڭ مەكتۇپنىڭ نېمە ھاجىتى، تولۇق ئىشەنچ تۇرغۇزۇلغاندا ئېھتىيات چارىلىرىنىڭ زۆرۈرىيىتى نېمە؟ دېگەن. دەيدىغان گەپنى تىلىڭ بىلەن يەتكۈز، گېپىنى ئاڭلا. بۇ ساڭا ئۇنچە ئېغىر كەلمىگەندەك، ئۆزۈڭنى قاچۇرغىدەك مۇرەككەپ ئىش ئەمەس. شۇنچىلىك ئىشقا مەكتۇپنىڭ نېمە ھاجىتى، مەكتۇپ دېگەن سەن. ئېيتقىن، ئۇ كېلىپ مەن بىلەن كۆرۈشسۇن، قايتماقچى بولسا ئىختىيارنى ئۆزىگە بېرىمەن، ھەرگىز ئۇنى تۇرۇپ قېلىشقا زورلىمايمەن. سەنمۇ ئۇنى مەجبۇرلىما، چىرايلىقچە دەۋەت قىلغىن. ئۇ بۇ تەرەپكە يەنىلا كەلگىلى ئۇنىمىسا، ئۆزۈم بېرىپ دىدارلىشىپ كېلەي.

— ئالىيلىرى، ئاللا خالىسا بۇ ئىشنى چوقۇم ۋۇجۇدقا چىقىرىشقا تىرىشىمەن، بۇ ئارزۇيۇڭغا يەتكۈزۈش ئۈچۈن جان-دىلىم بىلەن كۈچەيمەن. ئالىيلىرىنىڭ ئالتۇن تېنى تىنچ-ئامان بولسۇن، ئاللا بارلىق تىلىكىڭگە مۇشەررەپ قىلسۇن.

ئۆگدۈلمىش ئىلىگكە يۇقىرىقى ۋەدىنى بېرىپ، ئورنىدىن چىقىپ ئۆيىگە قايتتى. بۇ ۋاقىتتا پەلەكنىڭ قىزىل يۈزى ئۆڭۈپ سېرىق ھالەتكە ئۆزگەرگەنىدى. قۇياش يۈزىگە زەپىران سۈرتۈپ، دۇنيانىڭ رەڭگىنى زەڭگەرگە ئۆزگەرتتى، بارا-بارا ئاسمان ھەبەشلەر رەڭگىدەك، مەشۇقلار قېشىدەك تۇسكە كىرىشكە باشلىدى. ئۆگدۈلمىش غىزالىنىپ بولۇپ، تەرەت ئېلىپ ناماز ئوقۇدى، ئارقىدىن ئورۇن سالدۇرۇپ يېشىنىپ ئازراق ئۇخلىدى. سېرىق بۇلبۇلنىڭ ئۈنلۈك سايرىشى ئۇنى ئويغىتىۋەتتى. ئۆگدۈلمىش بۇلبۇل ئاۋازىغا قۇلاق سېلىپ خېلى ۋاقىتقىچە ئويغاق ياتتى، كېيىن بۇ يېقىملىق ئاۋازغا مەپتۇن بولۇپ ئورنىدىن

تۇردى. بۇ كېچە ئۇنىڭغا بەك ئۇزاق تۇيۇلدى. ئۇ تاڭنىڭ ئېتىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتتى. ئاخىرى ئاسمان قارا كۆينىكىنى يىرتتى، چۈمپەردىسىنى كۆتۈرۈپ، يورۇق يۈزىنى كۆرسەتتى. قۇياش ئۆرلەپ كۈنگەي ھەم تەسكەي جايلارنى تەكشى يورۇتتى. ئۇ ئورنىدىن قوپۇپ يۇيۇندى، ئاندىن كىيىم-كېچەكلىرىنى كىيىپ، نامازغا تۇردى. نامىزىدا ئىشىنىڭ ئوڭغا تارتىشىنى تىلىدى.

مۇلازىم ئوغلان ئۆگدۈلمىشنى ئېتىغا مىندۈرۈپ قويدى. ئۇ ناھايىتى خۇشال ھالدا قاياشى ئودغۇرمىشنىڭ قېشىغا يۈرۈپ كەتتى. ئودغۇرمىشنىڭ قارارگاھىغا يېقىن بارغاندا ئاتتىن چۈشۈپ، غارغىچە ئاستا پىيادە ماڭدى، ئىشىككە كېلىپ دەرۋازىنىڭ ھالقىسىنى تۇتۇپ ئاستا شىرىقلاتتى. ئودغۇرمىش تۇيۇپ چىقىپ ئىشىكنى ئاچتى، ئۇ كۆز ئالدىدا تۇرغان ئۆگدۈلمىشنى كۆرۈپ ئەجەبلەنگەن ھالدا:

— ھەي قېرىندىشىم، سەن ئىشنى بەك ئۇزارتىۋەتتىڭ، — دېدى ئۇ، — ئۆزۈڭنى نېمانچە زورمۇزور قىينايسەن، مەن بىلەن نېمىشقا مۇنچە قارشىلىشىسەن. كېلە، ئىچكىرى كىرىپ، ماڭا يەنە نېمىشقا كەلگەنلىكىڭنى ئېيتقىن.

ئىككى قېرىنداش ئاددىي كۈلبىگە كىرىشتى. زاھىت بۇ نۆۋەت ئۆگدۈلمىشنى قاپىقىنى تۈرۈپ قارشى ئالدى.

— ھەي دۇرۇس قېرىندىشىم، مۇنداق قاپىقىڭنى تۈرمە، — دېدى ئۆگدۈلمىش ئوچۇق چىراي بىلەن، — ئاۋۋال سۆزۈمنى ئاڭلا، مەن سەن ئېيتقان سۆزلەرنى كەم-كۈتىسىز، تەپسىلىي ئىلىگكە يەتكۈزدۈم. ئۇ گەپلىرىمنى ئاڭلاپ تولۇق چۈشەندى ھەم ھەيران قالدى. ئەمدى ئۇ سېنى ئۆزۈڭنىڭ رايىغا قويۇپ بەردى. ئۇ باشقا بىر ئىش بىلەن مېنى ئەلچى قىلىپ ئەۋەتتى. ئەمدى مېنى ئۇيانقا قويمىغىن، ھەر قانداق ئىشنىڭ چېكى بولىدۇ. بۇ ئىشنى بەك چەكتىن ئاشۇرۇۋەتمىگىن. ئاقىللار بۇ توغرىدا: ھېچ ئىشنى

ئۆلچىمىدىن ئاشۇرۇۋېتمە، ئۆلچىمى بۇزۇلسا ئىشىڭ چېكىگە يەتمەيدۇ. ھەر قانداق ئىشنىڭ ئۆلچىمى، ئۇسۇلى، قائىدىسى بولىدۇ. ئىشلار ئوتتۇرا ھال بولغاندا ئېسەنلىك بولىدۇ، دېيىشكەن. ئىلىگ بۇرۇنقى تەلەپلىرىدىن ۋاز كېچىپ، پەقەت سېنى زىيارەت قىلىشنىلا ئۈمىد قىلىۋاتىدۇ، بۇنى توغرا چۈشەنگىن. سەن ئۇنىڭ ئالدىغا بارامسەن، ئۇ سېنىڭ قېشىڭغا كېلەمدۇ، قانداقلا بولسۇن ئۇ سەن بىلەن دىدارلىشىش مەقسىتىگە يەتسۇن. ھەي باغرى تاش، بۇ ئىشتا ماڭا بىر يار-يۆلەك بولغىن. بۇ ئىشتىن ساڭا ھېچقانداق زىيان يوق، ئىلىگمۇ ناھايىتى ياخشى سۇلتان. ئۇ يوقسۇل، كەمبەغەللەرگە بەك كۆيۈمچان.

— ھە، بۇ سۆز ئەقىلگە مۇۋاپىق، — دېدى ئودغۇرمىش ئىشنىڭ تەكتىنى بىلىپ، — مۇسۇلمان قېرىنداشلارنىڭ ئۆز ئارا زىيارەت قىلىشى ئەلۋەتتە توغرا. بۇ سۆزۈڭگە تەن بېرىپ بويۇنۇمنى ئېگىمەن. بۇرۇن بارماسلىقىم، ئۇ چاغدا ئۇ مەندىن مەنپەئەت كۈتكەن ئىدى، ئۇ نىيىتىدىن يېنىپ توغرا يول تۇتۇپتۇ. توغرا يولغا مەنمۇ كۆنىمەن. بولدى، مەن ئۆزۈملا بېرىپ ئۇنى زىيارەت قىلاي، ئۇنى جاپا چەكتۈرمەي، بۇ جاپانى ئۆزۈملا تارتاي. ئۇ دېگەن ئەلنىڭ بېگى، خەلقنىڭ ئۇلۇغى. ئەلۋەتتە ئۇنى ئۇلۇغلاش ۋە ھۆرمەتلەش لازىم. ئۇ ئادالەتلىك يول تۇتۇپ سۆزىدە تۇرالىسا، ئەل ئىچىدە يامانلارنىڭ ئىزىنى يۇيالايدۇ. بىلىملىك زاتلار دېگەندەك: رەئىيەتكە بېگىنىڭ ئەمرى ۋاجىپ، چوڭ-كىچىكنىڭ ھەممىسى ئۇنى قەدىرلەش لازىم. بەگ ھەتتا سېتىۋېلىنغان ھىندى قۇلىدىن بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇنى ھەم سۆزىنى ئۇلۇغلاش كېرەك. مەن ئەمدى ئىلىگ يارلىقىنى قىممەتلىك بىلىپ، ئۇنى زىيارەت قىلىپ يېقىنلىق ئورنىتاي. ماڭ، ئەمدى قايتىپ بېرىپ، مېنىڭ بارىدىغانلىقىم ھەققىدە ئىلىگنى خەۋەرلەندۈرگىن. يورۇق دۇنيا يۈزىگە پەردە تارتقاندا مەن ئۇدۇللا سېنىڭ ئۆيۈڭگە باراي. كۈندۈزى بارسام كىشىلەر كۆرۈپ كەينىمگە كىرىۋالىدۇ. مېنىڭ

توغرامدا ھەر خىل گەپ-سۆزلەرنى قىلىپ ئۆزلىرىنى ئوتقا ئاتىدۇ. سەن بېرىپ مېنى ئۆيۈڭدە ساقلاپ تۇر، يېتىۋالماي بىرئاز كۈتۈپ تۇرارسەن. سېنىڭكىگە بارغاندىن كېيىن قانداق قىلىشىمىز ھەققىدە ئويلىشارمىز.

— بۇ ئىنتايىن خەيرلىك، چىرايلىق ئىش بولدى، — دېدى ئۆگدۈلمىش خۇشال بولۇپ، — مەن قايتىپ بۇ ئىشتىن ئىلىگنى خەۋەرلەندۈرۈپ ئۇنى خۇرسەن قىلاي. سەن تەييارلىقىڭنى قىلىپ، دېيىشكەن ۋاقتىمىزدا يېتىپ بارغىن.

ئىككى قېرىنداش شۇنداق كېلىشتى. ئۆگدۈلمىش چېھرىنى ئېچىپ خۇشال ھالدا ئودغۇرمىشنىڭ قېشىدىن قايتىپ چىقتى. ئۇ مېڭىش ئالدىدا:

— ھەي قاياشىم، يەنە سۆزلىرىڭدىن يېنىۋېلىپ قالما، قۇياش ئولتۇرۇپ، يۇزىنى يوشۇرۇپ دۇنيا يۈزى كۆمۈردەك قارايغاندا سېنى ئۆيۈمدە كۈتىمەن، سەن ئۇچۇن تەييارلىق قىلىپ قويىمەن، — دېدى ئەندىشىدە ئۆگدۈلمىش ئىنىغا مىننەتدار بولۇپ ۋە مەمنۇنىيەت بىلەن ئالدىراپ يۈرۈپ كەتتى.

ئۆگدۈلمىش ئوردىغا كېلىپ، ئىلىگنىڭ ئىجازىتى بىلەن ئۇنىڭ ھۇزۇرىغا ھازىر بولدى. ئۇ ئودغۇرمىشنىڭ خەۋىرىنى يەتكۈزگەندە ئىلىگنىڭ كۆڭلى ئېچىلىپ، چىرايى كۈلدى.

— بۇ ئىشلىرىڭ بەك ياخشى بولدى، — دېدى ئىلىگ، — ئۇنىڭ ۋەدىسى سەن ئېيتقاندەك راست بولسا ئىدى. ئۇ قانداق ۋاقىتتا كېلىدىغان بولدى، ئۇنىڭ بىلەن قەيەردە كۆرۈشىمەن؟ — دەپ يېنىشلاپ سورىدى ئىلىگ.

— ئالىيلىرى، ئۇ دۇنيا يۈزى سەل قارايغاندا مېنىڭ ئۆيۈمگە كەلمەكچى بولدى، قاچان خالىساڭ، شۇ چاغدا ئۇ ھۇزۇرۇڭغا ھازىر بولىدۇ، — دەپ جاۋاب بەردى ئۆگدۈلمىش.

— بۇ ئىش ئۇچۇن خېلى كۆپ ئەجىر قىلدىڭ، ئاللا تارتقان جاپايىڭغا يارىشا تۆھپە ھېسابلىغاي، — دېدى كۆنتۇغدى

ئىلىگ، — مېنىڭ غېمىمنىڭ داۋاسى شۇ ئىدى، ئۇنىڭدىن كۆڭلۈم سۆيۈندى. سەن بېرىپ ئۆيۈڭدە ئۇنى كۈتكىن، كەلگەن ھامان ماڭا خەۋەر قىل، مەن چاقىرتىش ئۈچۈن ئادەم ئەۋەتىمەن، شۇ چاغدا قېرىنداشلىقنى ئېلىپ كېلەرسەن. ئۇنى كۆرۈپ كۆڭلۈم سۆيۈنسۇن. بىر ئالىم بۇنىڭغا ئوخشىتىپ شۇنداق دېگەن: كىشىنىڭ كۆڭلى ھەر دائىم ئارزۇسىغا قېنىشنى تەقەززا قىلىدۇ، مۇشۇ تەقەززالىق بىلەن ئۆزىنى بەزلەيدۇ. ئارزۇسىغا يەتكەندە، كۆڭلى كۆتۈرۈلۈپ، ۋەسۋەسىسىمۇ تۈگەيدۇ.

ئۆگدۈلمىش ئىلىگنىڭ ئەمرىگە «ئىلەل» دەپ قۇللۇق بىلدۈرۈپ، ئورنىدىن چىقىپ ئۆيىگە قايتتى. ئۆيىدە چاي دەملەپ ئىچىپ بىرئاز ئولتۇردى. قۇياش يەر يۈزىگە قىڭغىيىپ، يۈزىگە پەردە تارتىشقا باشلىدى. بىر دەمدىن كېيىنلا دۇنيا يۈزى قارىيىپ، قارا تۇمانغا ئورالغاندەك بولدى. دۇنيا قاپىقىنى تۈرۈپ، قارا مۇسىبەت تونىنى كىيگەندە، ئاسمان شەيتان يۈزىدەك قارىداپ ئۆڭۈپ كەتتى، بارچە جانلىقلار تىنچىپ كۆزىنى يۇمدى. كۈندۈزنىڭ شاۋقۇن-سۈرەنلىرى بېسىقىپ، كېچىنىڭ جىمجىتلىقى ھۆكۈم سۈرۈشكە باشلىدى.

ئودغۇرمىش ئاستا ئۆگدۈلمىشنىڭ ئۆيىگە كىرىپ كەلدى، ئۆگدۈلمىش ئۇنى كۆرۈپ قىزغىن سالاملاشتى، ئارقىدىن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى. ئۆگدۈلمىش ئودغۇرمىشنى ياخشى قارشى ئالدى ۋە ئىچكىرىگە تەكلىپ قىلدى. بۇ ئىككى پاك ئىنسان ئۆيگە كىرىشتى. ئودغۇرمىشنىڭ ئالدىغا ئاش-تائام تارتىلدى. ئۆگدۈلمىش ئىلىگكە خەۋەرچى ئەۋەتتى. ئىلىگ خەۋەرنى ئاڭلاپ، ئادەم ئەۋەتىپ ھوزۇرىغا چاقىرتقۇزدى.

# ئوتتۇز بىرىنچى باب

## كۈنتۇغدى ئىلىگنىڭ ئۇدغۇرمىش بىلەن كۆرۈشكەنلىكى، ئۇدغۇرمىشنىڭ ئىلىگكە نەسىھەت قىلغانلىقى

كۈنتۇغدى ئىلىگنىڭ ئەمرى بىلەن ئۇدغۇرمىش ئۆگدۈلمىشنىڭ ھەمراھلىقىدا ئىلىگنىڭ ھوزۇرىغا كەلدى. ئىلىگ شۇ زامانلا ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ ئۇدغۇرمىشنى قارشى ئالدى. ئىلىگ ئاۋۋال سالام بەجا كەلتۈردى، زاھىت ئۇدغۇرمىشمۇ سالامنى ئىلىك ئېلىپ، ئىلىگ بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى ۋە ئۇچۇق-يورۇقلۇق بىلەن ھال-ئەھۋال سوراشتى. كۈنتۇغدى ئىلىگ ئۇدغۇرمىشقا ئۆز يېنىدىن ئورۇن كۆرسەتتى. كۆيۈمچانلىق بىلەن ئۇنىڭ قەدىر-قىممىتىنى قىلىپ ئۆززە ئېيتتى:

— ھەي قەدىرلىك زات، پىيادە بۇ يەرگە كېلىپ كۆپ جاپا چەكتىڭ، ھېرىپ-چارچىدىڭ.

— ئالىيلىرى، سىزنى كۆرۈش بىلەنلا تارتقان جاپايىممۇ ئۇنتۇلۇپ، ھاردۇقۇم چىقتى، — دېدى ئۇدغۇرمىش جاۋابەن، — مەن ئالدىڭغا ئۆز ئىختىيارىم بىلەن كەلدىم، كىشى ئۆز تىلىكى، خاھىشى بىلەن ماڭسا، چوقۇم مەقسىتىگە يېتىدۇ، ھاردۇق ھېس قىلمايدۇ. ئەقىل-ئىدرىكى بىلەن شۆھرەت قازانغان بۆكە يابغۇسىنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى ئاڭلا، ئۇ: كۆڭۈل تەقەززا قىلسا يىراق يەرمۇ يېقىن بىلىنىدۇ، تىلىگەن تىلەكلىرىمۇ ھاسىل بولىدۇ، كۆڭۈلدىن خالاپ ماڭغان يول ئارزۇسىغا يەتكۈزىدۇ. كۆڭۈل تارتمىغان قانداق يەرگە قەدەم باسسا، ئۇ مۇساپە ھەر قانچە

يېقىن بولسىمۇ يىراقلىشىدۇ. كۆڭۈل خالاپ قىلغان ئىش ھەر قانچە مۇشەققەتلىك بولسىمۇ جاپا بىلىنمەيدۇ، دېگەن. ھەي ئىلىگ، كۆڭۈل خاھىشىم بىلەن يېنىڭغا كەلگەن تۇرسام، قانداقمۇ جاپا ھېس قىلاي. نەزەر سالساڭ، كۆڭۈل كىمنى سۆيسە، ئارىلىق قانچە يىراق بولسىمۇ يېقىنلىشىدۇ.

— ئەسلى سۆزىمىزگە كېلىشتىن بۇرۇن سەندىن بىر ئىشنى سورىۋالاي، — دېدى ئىلىگ، — سەن ئۆزۈڭنىڭ خاھىشى بىلەن يېنىمغا كەلگەن تۇرۇپ، نېمە ئۈچۈن مېنى كۆرۈپ سالام قىلمايسەن؟ سەن ئوبدان بىلىسەن، سالام قىلىشنىڭ پەزىلىتى ناھايىتى چوڭ. كىم ئالدى بىلەن سالام قىلسا، پەزىلەت يولىنى ئاچقان بولىدۇ. نېمىشقا سالامنىڭ پەزىلەت ساۋابىنى خالىمىدىڭ؟ بۇ ئىش قانداق سادىر بولۇپ قالدى؟

— ئالىيلىرى، مەن بىلىپ تۇرۇپ ئاۋۋال سالام قىلمىدىم، — دېدى ئودغۇرمىش چىن كۆڭلىدىكى گەپنى يوشۇرماي ئېيتىپ، — توغرا، سالام كىشى ئۈچۈن سالامەتلىك يولى، سالام قىلىشقاندا سالامەتلىكنىڭ ئۇلىنى سالغىلى بولىدۇ. سالام ھەم ئەمىنلىك يولى، سالامدىن جان ئەمىن تاپىدۇ، چۈنكى سالام قىلغۇچى باشقىلارغا ئامانلىق تىلەيدۇ. سالامنى ئىلىك ئالغۇچى سالامەت بولىدۇ، سالام كىشىلەرنىڭ زىيانكەشلىكىدىن ساقلايدۇ، بۇنىڭمۇ يەنە قائىدىسى بار. ئۇلۇغلار ئالدى بىلەن كىچىكلەرگە سالام قىلسا ئىش يوللۇق بولغان بولىدۇ. كىچىكلەر ئۇلۇغلارنىڭ سۆزىنى ئۇتسا بالا-قازادىن خالىي بولۇپ، ئامان-ئېسەن ياشىيالايدۇ. ئورنى تۆۋەنلەر ئۇلۇغلارنىڭ زىيانكەشلىكىدىن ئېسەن بولالىغاندا، ئۇلارنىڭ خەيرىخاھلىقىدا ئامانلىق تاپىدۇ. مەن دېگەن سەندىن تۆۋەن تۇرسام، قانداقمۇ مەندىن ساڭا زىيان يەتسۇن؟! ئىلىگنىڭ قولى ھەممىدىن ئۇزۇن، تەرىنى تۇرۇپ قولىنى ئەلگە سۇنسا خالىغىنىنى قىلالايدۇ. شۇڭا، پۇقرالار بەگكە ئاۋۋال سالام قىلمايدۇ. ئەي بىلىمدە كامالەتكە

يەتكەن ئىلىگ، مېنىڭ ساڭا ئالدى بىلەن سالام قىلمىغانلىقىمنىڭ مەنىسى شۇ. مېنى ئۆزۈڭ خالاپ ئاۋۋال ئالدىڭغا چاقىرتتىڭ، دەسلەپتە مەن بۇ تەلىپىڭگە كۆنمىدىم، چۈنكى بۇ ئالدامچى دۇنياغا ئىشەنمىدىم. كېيىن ئۇ نىيىتىڭدىن يېنىپ پەقەت زىيارەت ئۈچۈنلا چاقىرتتىڭ، شۇنىڭ بىلەن مەن كەلدىم، لېكىن كۆڭلۈمدە يەنىلا ئەنسىرەش بار ئىدى. مانا سالىمىڭ ماڭا خاتىرجەملىك بەردى. مەن سېنى يەنىلا ئاۋۋالقى سۆزىنى تەكرارلارمىكىن دەپ قورقۇپ، ۋەھىمە يەپ تۇرغانىدىم. سالىمىڭدىن كېيىن ياخشىلىققا ئېرىشىدىغانلىقىمغا تامامەن ئىشەندىم.

— بەگ ئۈچۈن دېگەن سۆزىدىن يالتىيىۋېلىش تولىمۇ يامان ئادەت، — دېدى ئىلىگ، — بەگ سۆزىدىن يېنىۋالىدىغان بولسا ئۇلۇغلۇقىنى يوقىتىدۇ. يالغانچىلىقنى ئادەت قىلغان، خۇي-پەيلى غەزەپلىك ئادەم ئەلگە ھاكىم بولمىسۇن. سۆزى يالغان، قولى قۇرۇق ئادەم قانداقمۇ ئەلگە ئۇلۇغ بەگ بولالايدۇ؟ كونىلار نەسىھەت قىلىپ: كىم سۆزىدىن يانسا، بەختىمۇ ئۇنىڭدىن يانىدۇ، دېگەن. ئادەمنىڭ ئەڭ ئەسكىسى يالغانچىدۇر، ۋەدىسىدىن يانغانلار يامانلارنىڭ ئەڭ يامىنىدۇر. سۆزى چىن كىشىلەر (خۇدا ئۇلارنىڭ ئەجرىنى بەرسۇن) ناھايىتى توغرا ئېيتقان: بەگ بولغۇچى راستچىل ۋە سۆزىدىن يانمايدىغان بولسۇن. گېپىدە تۇرمىغان ئادەمنى ئەر سانىما، ھەقىقىي ئەركەك گېپىدىن ھەرگىز يانمايدۇ، دېگەن گېپىدىن يانغانلار خوتۇن كىشىدۇر.

— ئالىيلىرى، سەندە بۇ ئالىي پەزىلەت ھازىرلانغان. ئاللا سېنىڭ قول ئاستىڭدىكى ئەللەرنى تېخىمۇ كۆپەيتسۇن، ياخشى پەزىلەتلىرىڭنى تېخىمۇ كۈچەيتسۇن، — دېدى ئۆدغۇرمىش، — بەگ ئەلنىڭ خىللانغان پەخرى، سۆز-ھەرىكەتلىرىمۇ ئۆزىدەك خىل بولمىقى لازىمدۇر. بەگ ياخشى ۋە توغرا بولسا، ئېلى بېيىپ باياشات بولىدۇ. كۆپ ياشاپ، نۇرغۇن ئىشلارنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن مويسىپىتلار شۇڭا: ھەي دۇنيا پاسبانى، قىلىقىڭنى

تۇغرىلا. بەخت دېگەن كېلىپ يەنە كېتىدىغان ۋاپاسىز نەرسە، ئۇ ئاخىرى سېنىمۇ تاشلاپ كېتىدۇ. بەخت ئىلكىڭدىكى چاغدا ئىرىشىپ ئۆزۈڭگە ياخشى نام قالدۇر، دېگەن. ھەي كۈچ-قۇدرەتنىڭ ساھىبى، يامانلىق يولىنى تۇتما، سۆز-ھەرىكەتلىرىڭ بىلەن ياخشىلىق قىلىشنى ئۇنتۇما. بولمىسا ئۇلۇغلۇق ۋە بەگلىك سەندىن يۈز ئۆرۈيدۇ، پەقەت ياخشىلىقىڭلا ساڭا ۋاپادار بولىدۇ. بۈگۈن ياخشىلىق قىلىپ ئەلنىڭ يۈكىنى كۆتۈرسەڭ، زامان ئۆتۈپ تاڭنا بىر كۈنى ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى ئالىسەن. ئىرىكلىك دېگەن شامالغا ئوخشاش ئۆتۈپ كېتىدۇ، بەختمۇ ۋاپاسىزلىق بىلەن سېنى تاشلاپ كېتىدۇ.

— ھەي بىلىمى ئۇلۇغ زات، قەلبىمنى چۈشەنگىن، مېنىڭ سەندىن تىلەيدىغىنىم شۇكى، ماڭا ياخشىلىق يولىنى يورۇتۇپ بەر. سېنى زورلاپ يېنىمغا چاقىرتىشىمدىكى نىيىتىممۇ شۇ ئىدى، — دەپ مەقسىتىنى ئېيتتى ئىلىگ، — قولۇمنىڭ ياخشىلىققا ئۆزىتىلىشى ئۈچۈن ياخشى نەسىھەتلىرىڭنى ئايىمىغايسەن. قارىماققا ئەتراپىمدا ئادەم كۆپتەك تۇرغان بىلەن، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى پەقەت گال غېمىدىلا يۈرىشىدۇ. ئەلنىڭ غېمىنى يەيدىغان ھەقىقىي كۆيۈمچان ئادەملىرىم يوق. بەگ دېگەن نېمىنى ئارزۇ قىلسا ئېرىشەلەيدىكەنۇ، كۆڭۈلدىكىدەك ھەقىقىي ياردەمچىگە ئىگە بولمىقى تەس ئىكەن. ئوردىغا توپلانغان ئادەم تولا، لېكىن يارامىلىق ۋە پايدىلىق كىشى يوق. شېئىر ئېيتقۇچى شائىرلار بۇ مەنىنى ناھايىتى جايىدا ئوقۇغان:

تولادۇر كىشى دەپ يۈرۈچى سانى،
كىشىگە يارامىلىق دېسەڭ، ئۇ قېنى.
قىلۇر بىر كىشى مىڭ كىشىنىڭ ئىشىن،
تولا مىڭ يىغىلسا قىلالماس ئۇنى.

كۈنتۇغدى ئىلىگ گەپ تېمىسىنى ئودغۇرمىشقا يۆتكەپ، يەنە مۇنداق تىلىكىنى قويدى:

— ھەي ئودغۇرمىش، ئاللا بارچە پەزىلەتنى سەندە مۇجەسسەم قىپتۇ، سۆز-ھەرىكەتلىرىڭمۇ نام-شەرىپىڭگە مۇناسىپ ئىكەن. تەڭرى تىلەكلىرىڭنى تۇگەل بەرسۇن. ئاللا ساڭا ئاتا قىلغان ئىنايەتلىرىڭدىن مېنى بەھرىمەن قىل، نەپسىم ئۆلۈپ، قەلبىم ئويغانسۇن.

ئودغۇرمىش ئىلىگنىڭ ماختىشى ۋە تەلىپىگە يارىشا ناھايىتى كىچىك پېئىللىق بىلەن مۇنداق جاۋاب بەردى:

— ھەي ئەلنىڭ بېگى، مېنىڭ تاشقى قىياپىتىمگە قاراپلا باھا بەرمە، ئەگەر ئىچكى دۇنيايىمنى بىلسەڭ ئىدىڭ، مىڭنى تىللاپ قوغلىغان بولاتتىڭ. ماڭا «زاھىت» دېگەن نام تېگىلغاندىن بۇيان بۇ ئات ماڭا تائەت بالاسى بولدى، ئاشۇ نام مېنى ھەم ھەممىدىن مەھرۇم قىلدى، ئۇ نام مېنىڭ نەپسىمگىمۇ ھۆكۈمران بولۇۋالدى. دۇكان كىشىلەرنى مەپتۇن قىلغىدەك چىرايلىق كۆرۈنگەن بىلەن، لېكىن ئۇ دۇكاندا سودىدىن ئەسەر يوق، پايدىدىن خەۋەر يوق. سەن ئادەمنىڭ سىرتىغىلا قارىماي، ئۇنىڭ ئىچكى دۇنياسى، يوشۇرۇن ئىشلىرىغا قارا. قوغۇننىڭ سىرتقى يۈزى ھەر قانچە كۆركەم، پۇراقلىق، چىرايلىق بولغان بىلەن تەمى بولمىسا، ئۇنى چۆرۈۋېتىش كېرەك. شۇڭا قەلبى ئويغانغان كىشىلەر: تېشىڭنى پەردازلاپ بويىغىچە، ئىچىڭنى بېزە. ھەممە ئۇستۇنلۇك ئىچىگە مەنسۇپ، ئىچى قۇرۇق بولسا تاشقى بېزەكمۇ ئەھمىيەتسىزدۇر، دېيىشكەن.

— سېنىڭ قەلبىڭ بىلەن تاشقى سالاپىتىڭ ئوخشاشلا تۈزۈك ئىكەن. دۇنيانى تەرك ئېتىپ، يۈكۈڭنى يەڭگىللەتتىڭ. مەن بولسام بۇ ئېغىر يۈكنى يۈدۈشكە تۇتۇندۇم. دۇنيانىڭ ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولۇپ كېتىپ، ئاللا تائەتىگە ئېشىنالمايۋاتىمەن. ئەمدى مېنىڭ ئۆزۈمنى تۇتۇۋېلىشىم ئۈچۈن نەسىھەتلىرىڭنى

ئايىما. قىممەتلىك نەسىھەتلىرىڭ ماڭا قۇت ئېتىپ، مېنى پاكلىسۇن، — دەپ ئۆتۈندى ئىلىگ ئۇدغۇرمىشتىن.

— ياخشىلىققا ياخشىلىق بىلەن يەتكىن، ئالىيلىرى، — دەپ جاۋاب بەردى ئۇدغۇرمىش، — سەن ئۇنداق قارىما، خۇدانىڭ بەندىلىرى ئىچىدە مەندىنمۇ يامان ئادەم يوقتۇر، دەپ قارايمەن. ئەگەر خۇدانىڭ بەندىلىرى ئىچىدىن مەندىنمۇ ئەڭ يامىنىنى ئىزدىمەكچى بولساڭمۇ يەنىلا مانا مېنى تاپ. سۆزلىرىمنىڭ قانچىلىك پايدىسى بولار، تەربىيىلىرىم ساڭا پايدا كەلتۈرەلەرمۇ؟ مېنىڭ پۈتۈن ئۈمىدىم ئاللا ئىگەمگە باغلانغان، ھەر قانداق گۇناھىم بولسا ئەپۇ قىلغۇچى ئاشۇ ئىگەمدۇر. گۇناھىنى تونۇپ ئاللانىڭ مەغپىرەت قىلىشىنى كۈتكەن بىر گۇناھكار بەندە مۇنداق نىدا قىلىدۇ: ھەي ئىگەم، مەن گۇناھقا پاتقان جاپاكار يامان قۇلۇڭمەن، تۇرغان-پۈتكىنىم گۇناھ. گۇناھىمنى مەغپىرەت قىلغىن، بەخت بىلەن يۆلىگىن، مېنىڭ سەندىن باشقا سىغىنىدىغان ئىگەم يوق.

— ھەي سەگەك زات، مىجەز-خۇلقۇڭنى ئاللا ئېسىل پەزىلەت بىلەن بېزەپتۇ، — دېدى كۈنتۇغدى ئىلىگ ئۇنىڭدىن سۆيۈنۈپ، — ئۆزۈڭنى ھەر دائىم گۇناھكار، يامان دەپ سانىغىنىڭ ئۈچۈن ئەل ئىچىدە ياخشى دەپ شۆھرەت تاپتىڭ. كۆڭۈل-تىلىڭنى پاك تۇتۇپ، ئۆزۈڭمۇ پاكلاندىڭ. ئەمدى ساخاۋەتلىك سۆزلىرىڭ بىلەن ماڭا تەربىيە قىلغىن. ئاللا بارچە ياخشىلىقنى ساڭا ئاتا قىلىپتۇ، مېنىڭمۇ بۇ نۇسرەت يولىنى ئېچىشىمغا ياردەم قىل. بۇ خىزمىتىڭنىڭ ئەجرىنى ئاخىرەتتە ئاللا ئۆزى بېرەر.

كۈنتۇغدى ئىلىگنىڭ تۆۋەنچىلىك بىلەن قىلغان ئۆتۈنۈشى ئۇدغۇرمىشقا تەسىر قىلدى. ئۇ ئەقىل-ئىدرىكىنى دۆلەت ئىشلىرى ئۈستىدە پەرۋاز قىلدۇرۇپ، دۆلەتنىڭ سائادەت ئۇلىنى مۇنداق قۇردى:

— ئەي ئەلنىڭ باشپاناھى، ئاللا سېنى بارلىق تىلەكلىرىڭگە يەتكۈزسۇن، — دەپ سۆز باشلىدى ئۇدغۇرمىش، — مېنىڭ پەند-نەسىھەتلىرىمنىڭ زۆرۈرىيىتى نېمە؟ مانا بۇ دۇنيا ۋە زاماننىڭ ئۆزى ئەڭ ياخشى تەربىيە قىلغۇچى ئەمەسمۇ؟ ھېس قىلدىڭمۇ، بۇ دۇنيا ئىچى كاۋاك كونا دۇنيادۇر. ئۇ مىڭلىغان بەگلەرنى قېرىتتى، لېكىن ئۆزى قېرىمىدى، ئاخىرى ئۇ سېنىمۇ تاشلايدۇ. ئۇنىڭ ۋاقىتلىق سۆيۈشىگە ئالدىنىپ كەتمە، سەندىن بۇرۇن ئۆتكەن نۇرغۇن بەگلەرنىمۇ ئاشۇندان سۆيگەن. قېنى سەندىن بۇرۇن جاھان سورىغانلار، ئۇلارنىڭ كۈچ-قۇدرىتى، سەلتەنىتى نەگە كەتتى؟ بۇ كۈننىڭ ساڭىمۇ يېقىن ئىكەنلىكىگە نەزەر سېلىپ، ئويلان. بەگلىك تەختى بۈگۈن ساڭا نېسىپ بولۇپتۇ، بۇ تەختتە ئۇزۇن ئولتۇرالمايسەن، تەييارلىق كۆرۈپ قويغىنىڭ تۈزۈك. ئۆتكەنكىلەرگە قانداق ئىش پايدا بەرگەن بولسا، سەنمۇ شۇ ئىشنىڭ يولىنى تۇت، ئۇنىڭ لەززىتىنى كۆرىسەن. ئۇلار ئۆلۈم ئالدىدا نېمىدىن پۇشايمان قىلغان بولسا، سەن شۇنىڭدىن يىراق تۇرساڭ خەيرىيەت كۆرىسەن. ئۆلۈمنى كۆرگەن بولساڭمۇ، شۇ ئۆلۈمگە ھازىرلىق قىل، تىرىك قالارمەنمىكىن دەپ قوپال خۇيلۇق بولما.

ھەي خۇي-پەيلى ئوسال ئەر، ئۆلىمىڭ يېقىن، تىرىكلىكىڭ تېزلا ئۆتۈپ كېتىدۇ. ھاياتتىن ئۆز ھەسسەڭنى ئال. ھەي ھەۋەسكە قۇل بولۇپ بىخۇت يۈرگۈچى، ئۆلۈمگە سەل قارىما، ئەتە-ئۆگۈن ئۇ سېنىمۇ ئېلىپ كەتكىلى كېلىدۇ. بۈگۈن ئۆتۈپ كەتكەن كۈنلىرىڭگە نەزەر سال، ھاياتنىڭ بىر كېچىلىك چۈش ئىكەنلىكىنى ئوبدان ئويلا. ئەگەر ئېزگۈلۈك ئىشلارنى قىلغان بولساڭ، مەڭگۈلۈك ساۋاپ تاپىسەن. ئەگەر ئۆمرۈڭنى زايە قىلغان بولساڭ، كېچە-كۈندۈز ئۇخلىماي پۇشايماندا نادامەت چېكىسەن. يىگىتلىك كۈچىنى قايتۇرۇۋالغىلى، تىلەك تىلەش بىلەن مەڭگۈلۈك ھاياتقا ئېرىشىۋالغىلى بولمايدۇ. ساڭا بېرىلگەن پۇرسەتنى غەنىيمەت بىل، ئىبادەت بىلەن ئۆلۈمگە ھازىرلان!

ھەي ئىلىگ، داداڭمۇ سەندىن ئاۋۋال تولۇق ھۆكۈمرانلىق قىلغان بەگ ئىدى. لەكمىڭ لەشكەرگە، تۈگىمەس خەزىنىگە ئىگە بولغانىدى. ئۇ ئارزۇسىغا قېنىپ بىر نەچچە زامان ياشىدى، ئاخىرى ئۇنىمۇ ئۆلۈم يۇتۇپ كەتتى. ئۇنىڭ تەڭداشسىز شۆھرىتىمۇ ئۆلۈمنى توسۇپ قالالمىدى. داداڭنىڭ ئۆلىمى ساڭا بېرىلگەن ئەڭ ياخشى پەند-نەسىھەت. ئۇنىڭدىن ئىبرەت ئالساڭ قەنت-شېكەرگە ئوخشاش ئەسقاتىدۇ. مۇشۇنىڭغا باب كېلىدىغان بىر سۆز يادىمدا تۇرىدۇ، بۇنى ئاڭلىساڭمۇ كۆزۈڭنى ئاچىدۇ: «داداڭ قايسى چاغدا ئۆلىدىغان بولسۇن، ئۇنىڭ ساڭا دەيدىغىنى شۇكى، ھەي ئوغلۇم، كۆزۈڭنى ئاچ، ئويغان. مېنى ئۆلۈم تۇتتى، كېتەر بولدۇم، بۇ نۆۋەت ساڭىمۇ كېلىدۇ. ئۆلۈمدىن بۇرۇن ياخشى نام قالدۇرۇشقا تىرىشقىن» . ئاتا-ئانىنىڭ ئۆلۈمى قىز-ئوغۇل پەرزەنتلەر ئۈچۈن ئەڭ ئىبرەتلىك نەسىھەت. ئۆلۈم ئاتا-ئاناڭغا راي قىلمىدى، نۆۋىتى كەلگەندە ساڭىمۇ راي قىلمايدۇ. بۇ دۇنيا ئۇلارغا شۇنچە جاپا سالغان يەردە، سەن ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئادىتىنى ئۆزگەرتىپ ۋاپا قىلارمۇ؟ ھاياتىڭنى قەدىرلىك بىلىپ، ئەڭ زۆرۈر، ئەھمىيەتلىك ئىشلارغا سەرپ قىل. باشقىلارغا ساخاۋەتلىك ئىشلارنى قىلىپ ساۋابقا ئېرىش. زامان سېنى ئېلىپ كېتىشتىن بۇرۇن كۈنلىرىڭدىن ئۆز نېسىۋەڭنى تاپ. زىممەڭدە خەلقنىڭ ئېغىر يۈكىنى يۈدۈدىڭ، ئويلاپ سەگەكلىك بىلەن ئىش قىلغىن. غەپلەتتە قالما، ئەتراپىڭغا قارا. بىر توپ ئاچ بۆرىلەر ئولاشتى، ئۇلاردىن قويلىرىڭنى ساقلا. كۆزۈڭنى ئاچ، ئېلىڭدە تۈنۈگۈن بىرەرسى ئاچ قالغان بولسا، خۇدا سەندىن سورىقىنى ئالىدۇ. سەن مەشئەلدەك يانسەن، ئۇنىڭ يورۇقى باشقىلارغا چۈشىدۇ. ئۆمرۈڭ تۈگەپ، ھاياتىڭ ئاخىرلاشقاندا ئۇ كىشىلەر ساڭا قانچىلىك دالدا بولار؟! باشقىلار ئۈچۈن زورمۇزور ئۆزۈڭنى ئوتقا ئاتما. ئۇلۇغلۇقۇڭمۇ، بۈيۈكلۈكۈڭمۇ ئۆلۈم كېلىپ ئىشىكنى ئاچقاندا سەندىن قالىدۇ.

ھەي ئىلىگ، بەگلىكىم ئۇزۇن زامان پۇت تىرەپ تۇرسۇن

دېمەك توغرا بولۇپ، ئادىل قانۇن يۈرگۈزگەن، ئۇلۇغ دانىشمەنلەرنىڭ كۆرسەتكەن يولى بىلەن ماڭ. ئۇلار تەلىم بېرىپ: دۆلىتىڭنىڭ ئۇلىنى مۇستەھكەملەشنى خالىساڭ توغرا قانۇن چىقار، ئادالەت يولىنى تۇت، ئاخىرەتلىك دۇنياغا ئېرىشمەك بولساڭمۇ ئادالەت يولىنى تۇت. سۆزۈم تامام، دېگەن. مەن بەگ دەپ كۆڭلۈڭنى چوڭ تۇتما، دۇنيا ۋە دۆلەت ۋاپاسىزدۇر. بۇ قەسىر-ئوردا ساڭا تەگكەن بىر قونالغۇ. سەندىن بۇرۇنقىلارمۇ بۇ يەردە قونۇپ ئۆتكەن، يەرلىشەلمەي ئۇدۇل كەتتى. ئوردا-سارايلار ئەمدى ساڭا قونالغۇ بولۇپتۇ، يۈك-تاقلىرىڭنى ئۆزۈڭدىن بۇرۇن يولغا سېلىۋەت. بۇ يەردە يەنە ئوردا-سارايلارنى بىنا قىلما، ئۆتۈۋاتقان يىل، ئايلار ۋە كۈنلەر سېنىمۇ قالدۇرماي ئېلىپ كېتىدۇ. ئۆزۈڭنىڭ مەڭگۈلۈك ياتىدىغان جايىڭنى ياخشىلىق گۈللىرى بىلەن زىننەتلىگىن. بۇ ئوردا-سارايىنى بۈگۈن سەن «مېنىڭ» دەپ قاراۋاتىسەن، چوڭقۇرراق ئويلىساڭ ئۇ ساڭا تەئەللۇق ئەمەس. ئوردا-سارايلارمۇ ساڭا ھەقىقىي چىن گېپىنى دەۋاتامدۇ، ئاڭلاپ باق: سەن مېنى مېنىڭ دەۋاتىسەن، نېمىشقا ئۇنداق دەيسەن، قانداقسىگە سېنىڭ بولاي؟ سەندىن كېيىنكىلەر سېنى «چىق» دەيدۇ، ئۇلارمۇ «مېنىڭ، مېنىڭ» دەپ نۆۋەت كۈتۈپ تۇرۇشىدىغۇ؟!

ھەي دۇنيا بېگى، بۇ دۇنيانى بىر زىندان بىل، زىنداندا ئازاب-ئوقۇبەتتىن باشقا ھېچنەرسە بولمايدۇ. زىنداندىن ئارتۇقچە شادلىق كۈتمە. ھەقىقىي شادلىق ۋە ئاراملىق جەننەتتە بولىدۇ. ئۆتكۈنچى پاراغەتنى راھەت سانىما، ۋاقىتلىق شادلىقنى سائادەت دەپ ئاتىما. قانداقلا بولسۇن بۇ دۆلەت ئاخىرى قاچىدۇ، توپلىغان مال-دۇنيالىرىڭنىمۇ چاچىدۇ. بۇ دۇنيانىڭ مەئىشەتلىرىدىن يۈز ئۆرۈپ، مەڭگۈلۈك دۇنياغا يۈزلەنگىن. راھەت-پاراغەت قوغلاشما، جاپا-مۇشەققەت بىلەن مەڭگۈلۈك پاراغەتنى قولغا كەلتۈر. ئاللانىڭ پەزلى بىلەن ساڭا قانچىلىك ياخشىلىقلارنىڭ قىلىنغانلىقىغا ئوبدان

نەزەر سال. ئۇ ئەل ئىچىدە قولۇڭنى ئۇزۇن قىلدى، تىلىڭنى راۋان قىلدى، تىلەك-ئارزۇلىرىڭغا يەتكۈزدى. كۆرۈپ تۇرۇۋاتىسەن، ساڭا ئوخشاش ۋۇجۇدلۇق بەندىلەرنى ئاللا ساڭا موھتاج قىلدى. ھەي ھۆكۈمران، بۇنىڭغا شۈكۈر قىلىش كېرەك. ئۇ بەندىلەرگە مۇلايىم ۋە ياخشى مۇئامىلىدە بول، ئادىل بول، ئادالەت بىلەن تۇر. تەڭرى سېنى ئۇلارنىڭ ئۈستىگە ئادالەت ئۈچۈن تىكلىدى. ھەممە ئىشلىرىڭنى ئەقىل-ئىدراك بىلەن ئىشلە، كۆڭلۈڭنى ئويغاق تۇتۇپ، ھاۋايى-ھەۋەسكە بېرىلمە. خەلقىڭگە مېھرىبان بول، ئادالەت نۇرۇڭ چوڭ-كىچىككە ئوخشاش چۈشسۇن. ئەل ئىچىدە ئايىنىش، بۇزۇلۇش كۆرۈلسە قاتتىق تۇتۇپ تۈزەت، ھەرگىز مەيلىگە قويۇۋەتمە. بىلىمدانلار شۇنداق ئېيتقان:
«ھەممىنىڭ ياخشى بولۇشىنى تىلىسەڭ ئاۋۋال ئۆزۈڭ ياخشى بول. ئەل ئىچىدە بۇلغىنىشلارنى تازىلايمەن دېسەڭ، ئالدى بىلەن ئۆزۈڭنى تازىلا. ئاندىن ئەل ئىچى يامانلاردىن تازىلىنىدۇ.» بەگ دېگەن ئەلنىڭ بېشى، بەگ قاياققا ماڭسا ئەلمۇ شۇنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ ماڭىدۇ. خەلق بۇزۇلسا بەگ تۈزەيدۇ، ئەگەر بەگ بۇزۇلسا ئۇنى كىم تۈزەيدۇ؟ ئىشلىرىم يارامىلىق بولسۇن دېسەڭ، خۇلقۇڭنى تۈزىتىپ، يارامسىز ئىشلارنى تاشلا، ئاندىن ئارامخۇدا ياشىيالايسەن. بۇنىڭ ئۈچۈن مۇنداق بىر قانچە ئىشتىن ھەزەر ئەيلە: جاھىللىققا يېقىن تۇرما، پىتنە-پاساتتىن نېرى تۇر. بۇ ئىككى قىلىق ئەرنىڭ يۈزىنى قارا قىلىدۇ. يارامسىزلىق ۋە ياۋۇزلۇقنى خالىمىغانىكەنسەن، ئۆزۈڭمۇ يارامسىز ئىشلارنى قىلما. راھەت-پاراغەت قوغلاشما، ھاراققا بېرىلمە، بۇ قىلىقلار تېگى يوق دېڭىزغا ئوخشاش سېنى ھالاك قىلىدۇ. تىلىڭ بىلەن دىلىڭنى بىردەك قىلىپ، پەزىلىتىڭنى يۈكسەلدۈر. ئۆزۈڭنى ئۇنتۇپ يولۇڭدىن تايما، ھەر قانداق ئىشىڭدا ئەقىلنى يولباشچى، بىلىمنى كېڭەشچى قىل. ھەممە كۆركەم ئىشلار بىلىمدىن ۋۇجۇدقا كېلىدۇ. خۇي-پەيلىڭ دۇرۇس، ھەرىكىتىڭ مۇلايىم بولسۇن.

قوشنۇم ۋە مۇلازىملىرىم بار دەپ كېرىلىپ تەكەببۇرلۇق قىلما، قانچىلىغان تەكەببۇر، گېدەيگەن باتۇر ئوغلانلار ئۆلۈپ تۇپراقنى يېپىنچا قىلدى. يېتىلگەن بىلىملىك كىشىلەر بىلىپ: خەزىنەم كۆپ دەپ كۆرەڭلەپ كەتمە، قوشنۇم، خادىملىرىم نۇرغۇن دەپ مەيدەڭنى كەرمە. كۈچىڭگە تەمەننا قويۇپ مەيدىسىنى كەرگەن نەمرۇتمۇ بىر پاشا ئالدىدا ئامالسىز قالمىدىمۇ، دېيىشكەن.

ئىش قىلغاندا غەزەپلەنمە، ئۆپكەڭنى بېسىۋال. دىن ئىشلىرىدىن باشقا ئىشلارغا ئالدىراپ كەتمە، ئالدىراپ قىلغان ئىش پايدا كەلتۈرمەيدۇ. ئېھسان بېرىدىغان بولساڭ ئالدىرا، جازا بېرىپ قامچىلاشتىن ئۆزۈڭنى بېسىۋال. سۆز ۋە ھەرىكىتىڭدە ھودۇقما، سەۋر قىل، سەۋرلىك ھېلىم ئاتىلىدۇ، بۇنى بىل. سېخىي بولۇپ، ئەلگە مال تارقىتىپ قورسىقىنى تويغۇز، خەسىسلىك نامىڭنى بۇلغايدۇ. يەنە بىرى ئادەم قوپال سۆزلىمىگۈلۈك، يېرىك سۆز كىشىلەرنىڭ كۆڭلىنى تېز سوۋۇتۇۋېتىدۇ. ھەممە ئادەمگە شېرىن سۆزلۈك بول، ئۇلارغا ئوچۇق چىراي، نۇرلۇق ماڭلاي بىلەن باق.

ھەي ئەلنىڭ خىللانغان ئۇلۇغى، ئاۋام ياخشىلانسا، ئۇلارنىڭ ياخشىلىنىشى ئۆزىڭگە بولىدۇ. ئەگەر بەگلەر ياخشى بولسا ئۇنىڭ بەرىكىتى ئەلگە ياغىدۇ. بەگلەرنىڭ خۇي-پەيلى ناچار بولسا يامانلار كۈچىيىپ ياخشىلىقنىڭ ئىزىنى ئۆچۈرىدۇ. شۇڭا، ئۆزۈڭ ياخشى بولۇپ يامانلارغا يول قويما، ئۇلارنى بېسىپ تۇت. يامانلىق خۇددى زەھەرگە ئوخشايدۇ، ئۇنىڭغا يېقىن بېرىپ ھاياتىڭنى يەم قىلىپ بەرمە. ئەقىللىقلارنى ئۆزۈڭگە يېقىن تۇت. بىلىملىكلەرنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ ھەققىنى ئادا قىل، ئىشەنچلىك، چىن، توغرا ۋە ياخشى نام ئالغان كىشىلەرنى ئۆزۈڭگە يېقىن تۇت، ئۇلارغا ئىشلىرىڭنى خاتىرجەم تاپشۇر.

بۇ تايغاق، ئالدامچى دۇنيادا ھوشيار بول، بىخۇت بولما. ئۇ ياسىنىپ، جىلۋە قىلىپ كۆڭلۈڭنى ئۇتىدۇ، كۆڭۈل بەرگىنىڭدە

يۈز ئۆرۈيدۇ. كۆپ غەم-قايغۇ قىلما، ئۆلۈمنى ھەم ئۇنتۇما، ئۇ ساڭا ياسقۇن قىلمىسۇن. بەگلىك بىلەن مەست بولۇپ غەپلەتتە ئۇخلىما. بۇگۈنكى ھالاۋەتكە ئالدانما، ئاخىرەتنىڭ سائادىتىنى توغرىسىدا قاتتىق ئويلان. ئۇ دۇنيانىڭ ھۇزۇرى چەكسىز، شادلىقى تۈگىمەستۇر. ھالاۋەت دېسە مانا شۇنى دېسە بولىدۇ. بىلىمى بىلەن ئەلدە ھۆرمەتكە نائىل بولغان بىر كىشى: ئاللانىڭ ئىززىتىگە سازاۋەر بولساڭ چەكسىز مېھىر-شەپقەت ئىچىدە مەڭگۈلۈك ھالاۋەت كۆرىسەن. ئەگەر مەغرۇرلۇق پاتقىقىغا پاتساڭ، مۇقەررەركى، چىدىغۇسىز ئازابقا، خورلۇققا مۇپتىلا بولىسەن، دېگەن.

ھەي ئىلىگ خەلقىنىڭ ھەممىسى ئاغرىق، ئۇلار ساڭا موھتاجدۇر، سەن ئۇزۇڭنى ئۇلارنىڭ تېۋىپى دەپ قارا. زامانىڭغا ئوبدان نەزەر سال، ھەممە ئىش-ھالەتلەر تامامەن باشقىچە بولۇپ كەتتى. بىلىملىكلەر خارلاندى، ئۇلار ئۆزىنىڭ ئەقىل-پاراستى ۋە كۈچىنى ئايايدىغان بولۇپ قالدى. ئەقىللىقلار كېكەچ بولۇپ ئېغىز ئاچالماس بولدى. ئەل ئىچىدە يارىماس پەس كىشىلەر كۆپىيىپ كەتتى. پاۋاشلار دەپسەندە بولۇپ بېشىنى كۆتۈرەلمەس بولدى. مەي بىلەن يۈزىنى يۇيىدىغان بىنامازلار مەرد-باتۇر ئاتىلىپ، ئەلگە كۈچ كۆرسىتىۋاتىدۇ. پىتنە-پاساتچىلار ئەر ئاتىلىپ، مەي ئىچمەيدىغان پاك كىشىلەر خەسىس دەپ تونۇلۇۋاتىدۇ. ھەي ئەل ھۆكۈمدارى، ناماز، روزا بىلەن يۈرگۈچى كىشىلەر مۇناپىق ئاتالدى، ھەممىدە ھارام ئۇستۇنلۈككە ئېرىشىپ ھالال يوقالدى. ھارام يېگۈچىلەرنىڭ كۆڭلىنى قارا كىر بېسىپ كەتتى. ھالالنى قەيەردىن ئىزدەپ تاپقۇلۇق؟ ھالالنىڭ نامىلا قالدى، لېكىن ئۇنى كۆرگىلى بولمايدۇ. ھارام بولسا تالاشتا قالدى، ئۇنىڭغا ھېچكىم تويمىدى. ھارامنى ھارام دېگۈچى، ھارامنى تاشلاپ ھالال يېگۈچى قېنى؟ قىيامەت كۈنىنى بىلىدىغان ھەقىقىي، توغرا، تەقۋادار كىشىلەردىن كىم قالدى؟ قارا، دۇنيانىڭ قىلىقلىرى تامامەن ئۆزگىرىپ

كەتتى. كىشىلەرنىڭ كۆڭلى تىلىدىن باشقىچە بولۇپ كەتتى. خەلقتىن ۋاپا كۆتۈرۈلۈپ، جاپا غالىب كەلدى. ئىشەنچلىك بىرەر ئادەمنىمۇ تاپقىلى بولمايدۇ. قېرىنداشلار يېقىنلىقنى تاشلاشتى، دوستلار ساداقەتنى تەرك ئەتتى. كىچىكتە ئەدەپ قالمىدى، چوڭدا بىلىم كەملىدى. قوپال نادانلار كۆپىيىپ، پەزىلەت ئىگىلىرى ئازايدى. ھەممە يېقىنلىق پۇل-يارماق ئۈچۈنلا بولدى، ھەممە ئادەم پۇلنىڭ قۇلى بولۇپ قالدى، كىمدە كۈمۈش كۆپ بولسا شۇنىڭغا بويۇن ئەگدى. ھەقىقەت ئۈچۈن دۇرۇس ئىش قىلىدىغانلار قېنى؟ ئامانەتنىڭ ئورنىنى خىيانەت ئىگىلىدى. «نەسىھەت» دېگەن سۆزلا قالدى، ئۇنى ئادا قىلغۇچى قېنى؟ قېنى يامانلىقتىن توسقۇچى، قېنى ياخشىلىققا دەۋەت قىلغۇچى؟ سودىگەرلەر ئامانەت مەجبۇرىيىتىنى ئۇنتۇدى، ھۈنەرۋەن ئۇستىلار نەسىھەتنى تەرك ئەتتى. بىلىملىكلەر كۆڭلىدىكىنى دېيەلمەيدىغان بولدى. ئاياللاردىن ھايا كۆتۈرۈلۈپ، يۈزلىرىنى ياپماس بولدى. توغرىلىقنىڭ ئورنىنى ئەگرىلىك ئىگىلىدى. جامائەت كۆپ، مەسچىتلەر ئاز ئىدى، مانا ئەمدى مەسچىتلەر كۆپەيسە جامائەت ئازلىدى. بۇلارنى كۆرۈپ ھەيران قالغۇچىلار بارمۇ؟

مۇسۇلمانلار قارشىلىشىپ بىر-بىرىنىڭ گۆشىنى يېيىشمەكتە، كاپىرلار بولسا ھۇزۇر-ھالاۋەت ئىچىدە يۈرۈشمەكتە. مۇسۇلمانلارنىڭ بايلىقلىرى بۇلاندى، تالاندى. ھالال بىلەن ھارامنى پەرقلەندۈرگۈچى نەدە؟ پىتنە-پاسات شاۋقۇنى كېچىسى ئارام بەرمەيدىغان بولدى، قۇرئان ئاۋازى بەك ئاز، ئۇ نەگە كەتتى؟ ھەقىقەتنىڭ ئۆزى يوقالدى، ئىسمىلا قالدى.

نەزەر سال، ئوغۇل ئاتىسىغا ئاتىلىق قىلىۋاتىدۇ، ئوغۇل بەگ بولۇپ، ئاتا بولغۇچى قۇل بولۇۋاتىدۇ. ئوغۇل-قىزلار ئاتا ھۆرمىتىنى تاشلىدى، «قېرى» دېگەن ھۆرمەتلىك نام ئەمدى ھاقارەت بولۇپ قالدى. تۇرمۇش ئېغىرلىشىپ تەشۋىش ئەدەپ كەتتى. ئاچ كۆزلۈك ئەدەپ، خۇشاللىق سىرەكلەشتى. پېقىر،

تۇل خوتۇن، يېتىم ئوغۇللارغا شەپقەتچى يوق. جاھان ئاستىن-ئۈستۈن بولۇپ كەتتى، بۇنىڭغا ئەجەبلەنگۈچى قېنى؟ قانۇن بۇزۇلۇپ دۇنيا تەرتىپى ناچارلاشتى، يامانلارنى كۆرۈپ ياخشىلارمۇ ئايىنىدى. بەزىلىرى زۇلۇم چېكىۋاتىدۇ، بەزىلىرى نامراتلىقتىن ئەلەم تارتىۋاتىدۇ. بەزىسى ئاچ، بەزىسى يالىڭاچ، بەزىسى قايغۇ بىلەن نادامەت چەكمەكتە.

قانۇن-نىزام ئۆزگىرىپ كەتكەچكە، ئاق بىلەن قارا پەرقسىز بولۇپ ئارىلىشىپ كەتتى. بۇنىڭ ھەممىسى قىيامەتنىڭ بەلگىسىدۇر. ھەي بەگ، بەلگىسى كۆرۈنسە كېلىدىغىنى كېلىدۇ. قۇدرەتلىك تەڭرىم ئىمانىمىزنى ساقلىسۇن، بۇ بالا، يامان ئىزلارنى ئارىمىزدىن كۆتۈرۈۋەتسۇن.

بۇ كېسەلنىڭ داۋاسى سەندە، ئۆزۈڭ تېۋىپ بولۇپ، دورا-دەرمان بىلەن ئېلىڭنى كېسەلدىن قۇتقۇلدۇر. ئەگەر سەن دورا-دەرمان بىلەن داۋالىمىساڭ، خەلق ھاياتىنىڭ ئاپىتى بولىسەن، ئاخىرەتتە ئاللا بۇنىڭ سورىقىنى ئالىدۇ. بۇ جاۋابكارلىقتىن خالاس بولۇش ئۈچۈن ياخشى جاۋاب تەييارلىغىن.

ھەي بەگ، بۇ دۇنيا خۇددى تېرىلغۇ يەرگە ئوخشايدۇ، نېمە تېرىساڭ شۇنىڭغا ئېرىشىسەن. يۇرگىن، ياخشىلىق ئۇرۇقىنى چاچ، ئۇ ساڭا مەڭگۈلۈك ياخشىلىق ھوسۇلىنى بېرىدۇ. ھايات تېز ئۆتۈپ كېتىدۇ، بەگلىكمۇ قالمىدۇ. ساڭا كېرەكلىكى ئۆچمەيدىغان ياخشىلىق ئىزىڭ بىلەن مەڭگۈلۈك ياخشى نام قالدۇرۇشتۇر. ياخشى بول ياكى يامان بول، قالىدىغىنى نام. نامىم ياخشى بولسۇن دېسەڭ يامانلارغا ئارىلاشما، غەيۋەتخورلارنى ئۆزۈڭگە يېقىن يولاتما، پىتنىخورلاردىن ھەزەر قىلىپ، ئۆزۈڭنى قاچۇر، ئۇنداق كىشىلەر زىيانكەشلەردۇر. كىشىلەرگە زىيانكەشلىك قىلغۇچىلارنى دۈشمەن ھېسابلا، دۈشمەن.

ھەي ئىلىگ سەگەك تۇر، سەگەك! بەگلىكنىڭ ئاساسى سەگەكلىكتۇر. غەپلەتتە قالغانلار زىيانغا يولۇققۇچىلاردۇر.

بەگلىكنىڭ زاۋال تېپىشىمۇ غەپلەتتىن بولىدۇ. بىخۇتلار ھەر ئىككى دۇنيادا نادامەت چەككۈچىلەردۇر. دۇنيا سېنى بەزلەپ ئەللەي ئېتىدۇ، بىخۇت بولما، بىخۇتلۇق سېنى ئۇخلىتىپ قويمىسۇن. بىخۇتلۇق دېگەن ئۇيقۇغا ئوخشايدۇ، ئۇيقۇلۇق ئادەم ھېچ ئىش قىلالمايدۇ. ئەگەر ئىنسان غەپلەتتىن قۇتۇلالىغاندا ئىدى، پەرىشتىگە ئايلانغان بولاتتى. غەپلەتتىن ئويغانغان بىلىملىك بىر زات: خۇشاللىق بىلەن ئەيش-ئىشرەتنىڭ ھەممىسى غەپلەتتۇر، بۇ غەپلەت كىشىنىڭ ئۆزىنى ئۆزى ھالاك قىلىش يولىدۇر. ھەي غەپلەتتە ئۇخلىغۇچى، ئويغان. يا رەببىم، غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئۆزۈڭ ساقلىغايسەن، دېگەن. قان تۆكمە، ئۆزۈڭگە دۈشمەننى كۆپ تېپىۋالما، بۇ گۇناھىڭ ئۈچۈن ئاخىرەتتە پەرياد چېكىسەن. ئۆزۈڭنى ھارامدىن قاتتىق كۈزەت، ھارام يېگۈچىنىڭ ئورنى جەھەننەمنىڭ تېگىدۇر. بارچە كىشىگە مېھرىبان بول، يولۇڭدىن ئېزىپ باشقىلارنىڭ زېمىنىنى كۆزلىمە. ئاللانىڭ سوراق-سوئالىغا تەييار تۇر، ئاللانىڭ سوراق-سوئالى ھەممە يەرگە يېيىلغان تۇزاققا ئوخشايدۇ. تەقۋادار كىشىلەر بىزنى شۇنداق ئاگاھلاندۇرىدۇ: ھەي خەلققە ئۆكتەملىك قىلىپ بەخىرامان يۈرگۈچى، ئاللانىڭ سوراق-سوئالىغا ئىش-ئەمىلىڭنى تەييارلا. ھەي گۇناھكار مىيىپ، ھەي مەنىسىز مەئىشەتكە قۇل بولغۇچى، ھېساب بېرىشكە تەييار بول، چىقىش يولىنى ئىزدە. شۇنداق، ئاللا ماڭغان-تۇرغان ھەممە ئىشلىرىڭنىڭ ھېسابىنى ئالىدۇ، بۇ ھېسابنى بېرىشتىن قۇتۇلالامسەن؟ ئېلىڭدە كۆز-قۇلىقىڭنى ئېتىك قىل، ھەممە كىشىنى شەپقىتىڭدىن بەھرىمەن قىل.

ھەي ئىلىگ، قىلىچ-قامچا ئۆزۈڭنىڭ قولىدا، يامانلار ئۈچۈن ئىشلەت. يامانلار يامانلىقنى تاشلىمىسا، سەنمۇ جازا قورالىنى چىڭ تۇتۇپ جازا بېرىشنى توختاتما. ئۇلار قامچا يەپمۇ تۈزەلمىسە، ئۆزۈڭگە ئاگاھ بول. ئىلىگ ئەسكى بولسا دۇنياغا ئاپەت بولىدۇ، ئەگەر ئۇنى ئاگاھلاندۇرۇپ تۇرمىسا يولىدىن ئازىدۇ. ياخشىلارنى

قەدىرلە، ياخشىلىق يەتكۈز. شۇنداق قىلساڭ خەلقىڭنى
تۈزىيەلەيسەن. ئويۇن-تاماشىغا بېرىلمە، راھەت-پاراغەتكە
ھېرىسمەن بولما، ئۆزۈڭنى ئايا، كۈنلىرىڭ ئاز قالدى. قانۇننى
ئادالەت ئۈستىگە ئورنات، توغرا قانۇن بىلەن بەگلىكىڭ
مۇستەھكەم بولىدۇ. چامىڭ يېتىشىچە تىرىش، ئەھمىيەتسىز بىرەر
ئىش قىلىپ قويغان بولساڭ ئۆزرە سوراپ تۇر. قانۇن بىلەن
خەلققە باشچىلىق قىلىپ داڭق چىقارغان كىشىلەرنىڭ نېمە
دېگەنلىكىنى ئاڭلا: «خەلققە ئادىل بول، تېگىشلىك ھەسسىسىنى
بەر. ئەگەر سەندىن سەۋەنلىك سادىر بولغان بولسا ئۆزرە ئېيت،
تىلىڭ بىلەن تۇۋا-ئىستىغپار ئوقۇ.» خەزىنەڭگە ئالتۇن-كۈمۈشنى
كۆپ توپلىما، بايلىقىڭ بولسا كىشىلەرگە ئۈلەشتۈر. ئۆلۈم تۇتسا
بايلىقلىرىڭنى ئوغۇل-قىزلىرىڭ ناچار ئىشلارغا، راھەت-پاراغەتكە
سەرپ قىلىدۇ، ئۇنىڭ ھۇزۇرىنى باشقىلار سۈرسە، ھېسابى ساڭا
يۈكلىنىدۇ. تىرىشىپ ھايات چېغىڭدا مال-دۇنيالىرىڭنى ئورۇنلۇق
ئىشلارغا سەرپ قىلىپ ساۋاب تاپ، ھېساب بېرىشتىن قۇتۇلغىن.
ئاچ كۆزلۈك، تەمەخورلۇق، خىيالپەرەسلىك قىلماي، ئۆلۈم
ياقاڭغا ئېسىلماستا بار-يوقۇڭدىن پارىغ بول. ھەي ئەلنىڭ ئالدىدا
ماڭغۇچى، بۇ ئىشتىمۇ ئالدىراپ مېڭىپ ئۆزۈڭگە ئورۇن ھازىرلا.

ھەي بەگ، غىزانى ئازراق يەپ، كۆپرەك ئىبادەت قىل.
سۆزنى ئاز قىلىپ، ياخشى ئىشنى كۆپرەك قىل. تۇل خوتۇن،
يېتىم ئوغۇللارغا نەزەر سال، ئۇلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئال،
ئۇلارنى ئاۋايلىيالىساڭ ھەقىقىي ئادالەت قىلغان بولىسەن. ئاچ كۆز
كىشىلەرگە ھوقوق بەرمە، ئاچ كۆز ئەمەلدار روناق تاپقان ئېلىڭنى
زاۋاللىققا يۈزلەندۈرىدۇ. بۈگۈن ئۈچۈن ئاخىرەتتە سوراق بار.
ئاخىرەتنى ئويلىساڭ توغرا يولدا يۈر. بۈگۈنكى كۈنۈڭدىن
ئاخىرەتتىكى كۈنۈڭ ياخشىراق بولسۇن. دىنىڭ «دال» (د)
ھەرپى بىلەن دۇنيانىڭ «دال» (د) ھەرپى بىر-بىرىگە قارشىدۇر.
بىرىگە يېقىنلاشسا، يەنە بىرى قاچىدۇ، ئىككىلىسىنى تەڭ تۇتسا،

ئادەم يولدىن ئازىدۇ. دۇنيانى بوران-چاپقۇن، گۇلدۇرماملىق يامغۇر ھېسابلا، ئۇ كېلىدۇ-دە، بىر ھازا گۇلدۇر-تاراق قىلىپلا جىمىيدۇ. بەخت كەلگەندە ھەممىنى ئىشىكنىڭ ئالدىغا توپلايدۇ، كۆڭۈل باغلىسا يەنە دەرھال باشقىغا بېرىۋېتىدۇ. ئەمدى «باي بولدۇم» دېگەندە نامرات قىلىۋېتىدۇ، «قەدىرلىك بولدۇم» دېگەندە تۇپراقتەك قەدىرسىز قىلىۋېتىدۇ. دۇنيانىڭ توقلۇقى ئەمەلىيەتتە ئاچلىقتۇر، راھەت-پاراغىتى ئەمەلىيەتتە مۇشەققەتتۇر.

نەپسى بالالىق قىلما، نەپسىڭگە قارشى قاتتىق جەڭ قىل. ئۇنىڭ تىلىكىنى ئورۇندىما، ئۇنىڭغا ھۇزۇر كۆرسەتمە. نەپس ھەممىدىن ياۋۇز دۇشمەندۇر. ئۇنىڭغا ياخشىلىق قىلساڭ يامانلىقىنى كۆرىسەن، ۋاپا قىلساڭ بەدىلىگە جاپا يۇتىسەن. ئۇنىڭغا جاپا قىلساڭ ئاندىن ۋاپا كۆرىسەن. نەپسىڭنى خار تۇتساڭ بىلىملىك، ئەقىللىق خان بولۇپ ئەزىزلىنىسەن. دۇنيادا ئەڭ ياۋۇز دۇشمەن ئىككى: بىرى، بۇ دۇنيا، يەنە بىرى، نەپس بالاسى. بۇ ئىككى دۇشمەننىڭ تۇزاقلىرى ھەر دائىم قۇرۇقلۇق.

ھەي بەخت قۇچقۇچى، ھازىرقى بەختكە مەغرۇرلىنىپ كۆڭلۈڭنى چوڭ تۇتما. تىرىكلىكىڭگە ئىشىنىپ كۆرەڭلەپ كەتمە. بۇيۇكلۈكىڭمۇ، ئۇلۇغلۇقىڭمۇ ئۆتكۈنچىدۇر. بۇ دۆلەت ئوتىمۇ كۈنلەردىن بىر كۈنى ئۆچىدۇ. شۇڭا، بۇ ۋاپاسىز دۇنيانى تاشلاندۇق نەرسە ھېسابلا.

ئالىملىرى، دۆلەت ئىشىدا مۇنۇ ئۈچ خىل خادىمىڭنى خىللانغان كىشىلەردىن تۇت. بىرىنچىسى، قازى، ئۇ زېرەك، پاك، تەقۋادار، خەلققە پايدىلىق بولسۇن. ئىككىنچىسى، خەلپەت، ئۇ ئىشەنچلىك، چىن بولسا، خەلق بەخت ھۇزۇرىغا چۆمىدۇ. ئۈچىنچىسى، ۋەزىر، ئۇ تېخىمۇ تاللانغان بولسۇن. خەلققە نېمە كەلسە شۇنىڭدىن كېلىدۇ. بۇ ئۈچ كىشى توغرا، ئادىل بولسا خەلقنىڭ كۆڭلىرى يورۇپ ھالاۋەتكە ئېرىشىدۇ، ئېلىڭ روناق تېپىپ، خەلق بېيىيدۇ، شۇ چاغدىلا ساڭا ياخشى دۇئا قىلىدۇ.

ئەگەر بۇ ئۈچ كىشى يارامسىز بولىدىكەن، پۈتۈن خەلقنىڭ ئىشلىرىمۇ يارامسىز بولىدۇ. بۇ ئىشقا مۇناسىپ قىلىپ مۇنداق دانا سۆزلەر ئېيتىلغان: ۋەزىر بەگنىڭ قولىدىن تۇتۇپ يېتىلىگۈچىدۇر، ئۇ ھەم ئەلنى، ئوردىنى، بەگنى مەشھۇر قىلغۇچىدۇر. ۋەزىر ئەگەر چۈلۋۈرنى تەتۈرسىگە يېتەكلىسە، ھەممە ئىش تەتۈرسىگە يۈزلىنىدۇ.

بۇ دۇنيا نېمەتلىرىنى بىر كۈنلۈك تەييار داستىخان ھېسابلىغان تۈزۈك. مىدىرلاپ يۈرگەن ئىنسانلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭدىن ئازراق يەپ-ئىچىدۇ. بىزدىن بۇرۇن ئۆتكەن ئەجدادلار بۇ داستىخاندىن تېگىشلىكىنى يەپ تويدى ۋە ئاخىرى ئۆلۈم ئۇلارنى يۇتتى. قارا، ئۇلار ئەمدى ئۇلۇغ مەھشەر كۈنىنى كۈتۈپ ياتماقتا. ئۇلار بىزنىمۇ كەينىدىن بېرىشقا ئۈندىمەكتە. يەنە بىر ئەۋلاد قورساقتىكىلەر بولۇپ، ئۇلار داستىخاننى ئۆزلىرىگە بىكارلاپ قويۇپ كېتىشىمىزنى كۈتۈۋاتىدۇ. كۆرمەمسەن، بىرى چاقىرماقتا، يەنە بىرى قوغلىماقتا. بۇ ئىككى ئارىدا قانداقمۇ ھۇزۇر ئالغىلى بولسۇن؟!

ھەي شۆھرەتلىك خان، تەقۋادار بولماقنى تىلىسەڭ ھالالدىن رىزىق تېپىپ، ھالال مەئىشەت قىل. ھالال مەئىشەت قىلغان كىشى خۇدا ئالدىدا گۇناھكار بولمايدۇ. كىمنىڭ گېلى پاك بولسا ئۇ گۇناھدىن پاك بولىدۇ، ئۇنىڭ پايدىسىمۇ دەريادەك بولىدۇ. سەن ھەرگىز ئۆزۈڭنىڭ مەنپەئىتىنى كۆزلىمە، خەلقنىڭ مەنپەئىتىنى كۆزلە. ئۆزۈڭنىڭ مەنپەئىتى خەلقنىڭ مەنپەئىتى ئىچىدە بولىدۇ. بەگ دېگەن سائادەت دېمەكتۇر، ئۇ خەلققە سائادەت كەلتۈرۈشى كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن خەلقنىڭ قورسىقىنى تويغۇزۇش لازىم. بەگلەر تېگى ئۈنچىگە تولغان دېڭىزغا ئوخشايدۇ. بۇ دېڭىزغا يېقىنلاشقانلار بېيىشى كېرەك. بەگلەر ئالتۇن-كۈمۈش كانىدۇر، بۇ كاننى قازغانلار باي بولمىسا بولامدۇ؟ سەن ئۆزۈڭنىڭ سېخىيلىقى بىلەن دۇنيانى تويغۇزالايسەن.

ھەي ھۆكۈمدار، خەلققە قويىشتەك يورۇق ۋە ئىللىق بول. خەلقىڭ سېنىڭ سايەڭدە يېمەك-ئىچمەك ۋە كىيىم-كېچەكتىن خاتىرجەم بولسۇن. بۇ ئاللانىڭ ساڭا تاپشۇرغان مۇقەددەس ئامانىتى، بۇ ئامانەتنى قوغدا دەپ ساڭا ئېيتىمىدىمۇ؟ سەن ئۆزۈڭگە ئەلنىڭ كۆزى بىلەن قاراپ باق، بىر ئۆزۈڭ ئۇچۇن قانچىلىغان نەرسىلەرنى توپلىدىڭ؟ سەن ئۇچۇن دېڭىزدىكى ئۈنچە-مەرۋايىتلار كەملىك قىلىدۇ، زېمىندىكى ئالتۇن-كۈمۈشلەرمۇ خەزىنەڭگە توپلىنىدۇ. تاغلاردىكى جاۋاھىراتلارنى قېزىپ كېلىپمۇ سېنىڭ ئېھتىياج پوتاڭنى تولدۇرغىلى بولمايدۇ. يەردە ئۆسىدىغان ھوسۇل-دانلارمۇ سېنىڭ ئامبىرىڭغا توپلىنىدۇ. ھەي پەيلى يامان، ئۇچار قۇشلار، يۈرىدىغان مەخلۇقلار، سۇدىكى بېلىقلار سەندىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. كارۋانلىرىڭ ئەلمۇئەل يۈرۈپ دۇنيا كېزىپ، تاۋار-دۇردۇنلارنى، تىيىن، سۆسەرلەرنى، رومنىڭ نەپىس كىمخابلىرىنى، دۇنيانىڭ باشقا ئېسىل نەرسىلىرىنى ئەكىلىپ ساڭا توپلىسىمۇ ئامبىرىڭ تولمايدۇ. ئەرەب ئارغىماقلىرى، ئېسىل تۇلپارلار بىلەن ئېغىل-ئوقۇرۇڭ تولدى، قېنى كۆز-قارنىڭنىڭ تولغىنى؟ يايلاقلاردا سانسىز ئاتلار، ئوقۇرۇڭدا مىڭلاپ خېچىر تۇرۇپتۇ. تۈمەنلىگەن خىل تۆگىلەرنى توپلاپسەن، قوي-پادىلىرىڭ تاغ-ئوتلاقنى قاپلاپتۇ. تەسكەي تەرەپتە سانسىز قوتازلىرىڭ ئوتلاپ يۈرىدۇ، ۋادىلاردا بۇقا، سىيىر، ئۆكۈزلىرىڭ يايلاۋاتىدۇ. قىيالاردا يۈرىدىغان تاغ ئۆچكىلىرى، تېكىلەرمۇ سېنىڭدىن قۇتۇلالمايدۇ. ئارقار، جەرەن، بۇغا-مارال‍لار بولسۇن ھەممىسى سېنىڭ تۈگىمەس ئوزۇقۇڭ. قۇلان ۋە ئايغىر، ياۋا كۆك تېكە بولسۇن تۇتۇپ ئالدىڭغا كەلتۈرۈلىدۇ. بۆرە، تۈلكە، ئارسلان، ئېيىق ھەم توڭگۇزلارمۇ سېنىڭ ئوۋلىرىدىن قۇتۇلالمايدۇ. ئاسماندىكى تۇرنىلار، قوداي، ئاق قۇ، لەيلەك، كەكلىك، بۆدۇنە ۋە ياكى غاز بولسۇن، ئۇچار قاناتلارنىڭ ھېچقايسىسى سېنىڭ تورۇڭدىن قاچالمايدۇ. ئوۋ قۇشلىرىڭ ئۇچار

قاناتلارنى ئۇچۇرمايدۇ، ئوۋ ئەتلىرىنىڭ يۈرىدىغانلارنى يۈرگۈزمەيدۇ، ئاتلىقلار ئاتىسىدىن، ئانىلىقلار ئانىسىدىن ئايرىلىپ يېتىم بولىدۇ. مانا دۇنيانىڭ شۇنچە دەپىنە-دۇنياسى ساڭا توپلانغاندىمۇ يەنىلا يېتىشمەيدۇ. بىراق ئۇلار تۈگىمەيدۇ، يەنىلا ئاخىرى ئۆزۈڭ تۈگەپ كېتىسەن. شۇنچە دۇنيا توپلىشىڭنىڭ ئاقىۋىتى مانا شۇ. ئەجەل جېنىڭنى ئالىدۇ، ھاياتلىق يىلتىزىڭ قۇرۇيدۇ، ۋەسسالام.

نەزەر سالساڭ بۇنىڭ ھەممىسى ئاچ كۆزلۈكۈڭنىڭ ئالامىتىدۇر. ئاچ كۆزلۈك بىلەن ئېچىرقىغان كىشىلەردىن كىممۇ تويغان. كۆزى تويغان، قارنى-كۆكسى توق بىر قانائەتچان شۇنداق دېگەن : «ئاچ كۆز كىشى پۈتۈن دۇنياغا ئىگە بولسىمۇ ئۇ باي ئەمەس، ئۆزى باي بولسىمۇ كۆزى ئاچ كىشى ھەقىقىي كەمبەغەلدۇر. ھەقىقىي باي قانائەت ئىگىسىدۇر.» راست، ئاچ كۆز ئادەمگە باي بولۇشمۇ ھېچقانداق ھۇزۇر بېرەلمەيدۇ. ئۇلارنىڭ ھالىغا ئىسسىت دېگۈلۈك. چۈنكى، ئۇلارغا پۈتۈن دۇنيامۇ ئازلىق قىلىدۇ. قارا تۇپراق ئۇلارنىڭ كۆز چاناقلىرىنى تولدۇرمىغىچە مال-دۇنيا ئۇلارنىڭ كۆزىنى تولدۇرالمايدۇ.

* * *

— ئالىيلىرى، مانا بۇ مېنىڭ بىلگەنلىرىم، — دەپ سۆزىنى خۇلاسىلىدى زاھىت ئودغۇرمىش، — نېمە بولسا شۇنى ساڭا ئۇچۇق ئېيتتىم. سۆزلىرىمنىڭ تېگىگە يەتكەن چاغدا ئاندىن كۆزۈڭ ئېچىلىدۇ. نەسىھەتلىرىمنى تۇتساڭ كەلگۈسىدە پايدىسىنى كۆرىسەن. ئەگەر تۇتمىساڭ بۇ سۆزلىرىم ساڭا ئېغىر يۈك بولۇپ قالىدۇ. شۇڭا ئاقىللار بۇ ھەقتە: توغرا نەسىھەت كىشىلەرگە پايدىلىقتۇر، بۇ لوقمىنى داستىخاندا قوي، خالىغانلار ئېلىپ ئوزۇقلانسۇن، ئەگەر بۇ پايدىلىق لوقمىنى يېيىشنى خالىمىسا،

ئارىلاشما، ئۆزىگە قويۇپ بەر، ئۇ يېنىپ تۇرغان ئوتنى يېسۇن، دېگەن.

ئودغۇرمىش تەمكىنلىك ۋە پاراسەت بىلەن راسلىغان نەسىھەت داستىخىنىغا ئەڭ ئېسىل نازۇنېمەتلەرنى تىزىپ بولغاندا، ئىلىگ بىلەن ئۆگدۈلمىش قاتتىق تەسىرلەنگەنلىكىدىن كۆزلىرىگە كەلگەن ئاچچىق ياشنى يوشۇرالماي قېلىشتى. شۇنچە گەپلەر بولۇپ ئۆتكىچە دىققەت بىلەن سۈكۈت قىلىپ ئاڭلىغان كۈنتۇغدى ئىلىگ ئودغۇرمىشتىن قاتتىق سۆيۈنگەن بولسا، ئۆز-ئۆزىدىن شۇنچىلىك نەپرەتلىنىۋاتاتتى. ئۇ ئودغۇرمىشتىن قۇتلۇق دۇئا بېرىشنى تەلەپ قىلدى:

— ھەي دىلى سەگەك، ئويغاق زات، سەن پاراغەت بىلەن ياشاۋاتىسەن، ئەمدى بۇ بەگلىك ماڭا بىر پالاكەت بولدى. مەن چۈشەندىم، كۆزۈم ئېچىلدى، ئۆزۈمنى ئۆزۈم ئوتقا تاشلاپ ياشاپتىمەن، دۇرۇس يولدىن ئادىشىپتىمەن. سەن ماڭا نىجاتلىق يولىنى كۆرسىتىپ بەردىڭ. ئەمدى ماڭا دۇئا قىل، ياخشىلىق يولىدا خۇدا ماڭا تەۋپىق ئاتا قىلسۇن.

ئودغۇرمىش كۈنتۇغدى ئىلىگكە دۇئا قىلدى:

— ئەي ئەلىنىڭ باشپاناھى، ئاللا ساڭا تەۋپىق بېرىپ تىلىكىڭگە يەتكۈزسۇن. يەنە شۇنى تەكىتلەپ قوياي، ھەرگىز ھاۋايى-ھەۋەسنى قوغلاشما، ئۇ ئادەمنى بىكارچى قىلىۋېتىدۇ. ئىنساننى خار، زەبۇن قىلىپ تۈگەشتۈرۈۋېتىدىغان نەرسە ۋۇجۇدنىڭ لەززىتىگە بېرىلىشتۇر. تەن مۈلكىنىڭ قىلمىشى بولسا ئادەمگە بويسۇنماسلىقتۇر. بۇ كونا، قېرى دۇنيانىڭ زەھەردەك ئاچچىق قىلىقلىرى ۋە نەيرەڭلىرى قانچىلىغان بەگلەرنى نابۇت قىلدى، سەندەك تالاي بەگلەرنى قېرىتتى، سېنىمۇ ئۇزاق ياشاتمايدۇ. ۋاقىت، كۈنلىرىڭنى بىھۇدە ئۆتكۈزمە، ئۆلۈمنى يادىڭدىن چىقارما. بىر كۈنى ئۆلۈم تىرنىقى بوينۇڭنى سىقىشقا كېلىدىغانلىقىدىن گۇمانلانما، ئويغاق ياشا. ھەي ئىلىگ، ھەرگىز

ئۆزۈڭنى ئۇنتۇپ قالما، ئۆزۈڭنى ئۇنتۇپ قالغىدەك بولساڭ ئەسلىڭگە نەزەر سېلىپ، قايتا-قايتا ئويلان. كىمدەكىم بۇ ئىشنى ئۇنتۇپ قالغىدەك بولسا توغرا يولدىن يىراقلىشىدۇ. ئۆزىنى بىلگەن، ھەۋەسنى ئەقلىگە بويسۇندۇرغان كىشىلەر شۇڭا: «ئۆلۈمنى، مەڭگۈلۈك ماكانىمىز گۆرنى ئۇنتۇغۇلۇق ئەمەس. شۇڭا ئۆزۈڭنى ئۇنتۇما، بۇ تەۋسىيە ھەر دائىم ئېسىڭدە بولسۇن» دېگەن. سەن «مەنىدىن تۆرەلگەنمەن دەپ مەنمەنلىك قىلما، ئەگەر مەنمەنلىك قىلساڭ قىممىتىڭ ئەشۇ مەنچىلىكتۇر.» ئۆلۈم دېگەن پىستىرمىدىن چىققاندەك ئۇشتۇمتۇت پەيدا بولىدۇ، كۆزگە كۆرۈنمەيدۇ. ئۇ سېنىڭ جېنىڭغا كەلمەكچى بولسا ھەرگىزمۇ ئادىشىپ قالمايدۇ. ئادەم ھاياتلىقىدا ھېچقانداق مۇشەققەت تارتمىغان تەقدىردىمۇ، ئۆلۈمنىڭ ئىنتايىن ئاچچىق ئىكەنلىكىنى، ئۆلگەندىن كېيىن قارا يەر قېتىدا چىرىپ تۈگەيدىغانلىقىنى ئويلاشنىڭ ئۆزىلا يېتەرلىكقۇ؟! بۇ ھالنى ئوبدان بىلىدىغان ئەقىللىق كىشىلەر قانداقمۇ خاتىرجەم ئۇخلىيالىسۇن، قانداقمۇ مەئىشەت بىلەن مەشغۇل بولالىسۇن؟! ئىلىم بىلەن ھىممىتىنى يۈكسەك قىلغۇچى بىلىم بېرىپ شۇنداق دېگەن: «ھىممىتىڭنى بۈيۈك، كۆڭلۈڭنى يۈكسەك قىل، دۇنيانى تاشلاپ، ئۇنىڭدىن ۋاز كەچ. يىلان بىلەن تولغان بۇ دۇنيانى، بۇ زىندانىنى تاشلاپ ھەقىقىي دۇنياغا ئىنتىلگىن.» يەر دېگەن پاك جاننىڭ قېپى، تېنىڭ بۇ قاپقا كىرگۈسى. قاراڭغۇ قۇدۇققا ئوخشاش دۇنياغا ھەممە بالا-قازا، جاپا-مۇشەققەت جۇغلانغان. بۇ زىندانغا كۆڭۈل بېرىپ نېمىمۇ تىلەرسەن، بۇ يەردە تۇرۇپ نېمە راھەت كۆرەرسەن؟! بۇ بىر ئوچۇم تۇپراقنى تاشلا، ئۇلۇغ، مەڭگۈلۈك سۈزۈك ماكاننى تاپ. بۇ دۇنيانىڭ مەينەتچىلىكىدىن ئۆزۈڭنى پاك تۇتساڭ سەرراپىنىڭ نېمە ھاجىتى؟

مال-دۇنيا قانچە كۆپەيگەنسېرى، ئۇنىڭ باش ئاغرىقىمۇ شۇنچە چوڭىيىدۇ. بىراق، ئادەم نەچچە مىڭ يىل ياشاشنى ئارزۇ قىلىسىمۇ

ئېھتىياج پۈتمىسى، ئارزۇ قۇتىسى مەڭگۈ تولمايدۇ. شۇڭا بۇ زاماننىڭ ئوقىدىن يارىلانغان بىر كىشى: ئادەم پۈتۈن ئارزۇ-ئارمانلىرىغا يېتىپ مىڭ يىل ياشىسىمۇ، ئېھتىياجى ھەرگىز تۈگەل بولمايدۇ. ئېھتىياجى تولۇق قانغان كۈنى ئۇمۇ تامامەن يوقىلىدۇ، دېگەنىكەن.

ئالىيلىرى، تىلىم سۆزنى تۇتالماي كۆپ سۆزلەپ كەتتىم. سۆزۈم ئازلىمىدى، لېكىن قىممىتى كەملىدى بولغاي. سۆزنىڭ پايدىسى ئۇنى كۆپ سۆزلىۋېلىشتا ياكى ھەيرەتتە قېلىپ كۆپ ئاڭلىۋېلىشتا ئەمەس. سۆزنىڭ پايدىسى ئاڭلىغان سۆزنى كۆڭۈلدە تۇتۇپ، ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىپ، توغرا يولدا مېڭىشتا.

ئودغۇرمىش سۆزىنى تۈگىتىپ، دۇئاغا قول كۆتۈردى:

— ئاللا ساڭا تەۋپىق بەرسۇن، قۇلۇڭنى نۇرغۇن ياخشى ئىشلارغا ئۇزۇن قىلسۇن. تەڭرىم بارلىق تىلىكىڭگە يەتكۈزۈپ، سېنى ئامان-ئېسەن قوغدىسۇن.

ئودغۇرمىش دۇئا قىلىپ بولغاندىن كېيىن «ئالىيلىرى، مېنىمۇ دۇئايىڭدا ئۇنتۇپ قالمىغايسەن» دەپ قوشۇپ قويدى.

ئودغۇرمىش ئورنىدىن تۇرۇپ قايتىشقا تەمشەلدى. كۈنتۇغدى ئىلىگ ئودغۇرمىشنىڭ قولىدىن تۇتۇپ:

— ئازراق ئولتۇرغىن، غىزا كەلتۈرسۇن، — دېدى. مۇلازىملار تۈرلۈك يېمەك-ئىچمەك ۋە غىزالارنى كەلتۈرۈپ داستىخانغا تىزىشتى.

— ھەي ياخشى كىشى، يېمەكلىكلەردىن ئازراق ئېتىپ باققىن، — دېدى كۈنتۇغدى ئىلىگ ئودغۇرمىشنى تاماققا تەكلىپ قىلىپ.

ئودغۇرمىش تائامغا قول سۇنۇپ، ھەر خىل يېمەكلىكلەردىن ئازراق ئېغىز تەگكەن بولدى، كۆپ يېمىدى. ئاندىن تاماقتىن قولىنى تارتىپ، ئاللانىڭ نامىنى ئاتاپ شۈكۈر ئېيتتى.

ئودغۇرمىش قايتماقچى بولۇپ ئورنىدىن تۇردى، ئۇ ئىلىككە

خوشلىشىش سالىمىنى قىلدى. ئىلىگمۇ جاۋابەن ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۇنىڭغا خەيرلىك تىلىدى. ئودغۇرمىش كۇنتۇغدى ئىلىگنىڭ ھوزۇرىدىن قايتىپ چىققاندا، كۇنتۇغدى ئىلىگ ئۇنىڭ كەينىدىن چىقىپ ئۇزىتىپ قويدى. ئۇ ئىككىيلەن قۇچاقلىشىپ خوشلاشتى. ئىلىگ زاھىتنىڭ قولىنى چىڭ تۇتۇپ قىيمىغان ھالدا قايغۇرۇپ خوشلاشتى. ئۆگدۈلمىش ئۇنىڭ قولىنى سۆيۈپ خېلى يەرگىچە بىللە ماڭدى. ئودغۇرمىش «بولدى، مۇشۇ يەردە قال» دەپ ئۆگدۈلمىشنى قايتۇرۇۋەتتى. ئۆگدۈلمىش ئامانلىق تىلەپ قايتىپ كەلدى. ئودغۇرمىش ئۇدۇل ئۆزىنىڭ ماكانى تاغ غارىغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

كۆڭلى يېرىم بولغان ئۆگدۈلمىش كۆزى كەينىدە ئۆيىگە كەلدى. ئۇنىڭ قەلبىنى ئىگىلىگەن غەم-قايغۇ كۆزىگە ئۇيقۇ كەلتۈرمىدى. شەرقتىن قۇياش باش كۆتۈرۈپ كۆكسىنى كەردى، دۇنيا يۈزى ئاق قۇ رەڭگىگە كىردى. جاھان پەرىشتە يۈزىدەك نۇرلاندى، ئاسمان يۈزى كاپۇر پۇركۇلگەندەك بولدى. ئۆگدۈلمىش يەنە تۆشەكتىن قوپتى، تەرەت ئېلىپ كۆڭلىنى دۇرۇس تۇتۇپ نامازنى ئادا قىلدى. نامازدىن كېيىن تونىنى كىيىپ، ئۆيدىن چىقىپ ئۇدۇل ئوردىغا قاراپ ماڭدى. ئۇ ئېتىدىن چۈشۈپ ئوردىغا كىردى. ئىلىگ ئۆگدۈلمىشنىڭ كەلگەنلىكىنى بىلىپ ئۇنى يېنىغا چاقىرتتى. ئۆگدۈلمىش ئىلىگكە كۆرۈنۈش قىلدى. ئىلىگ ئاۋۋال ئودغۇرمىشنىڭ قانچىلىك تۇرغانلىقى ۋە قاچان كەتكەنلىكىنى سورىغاندىن كېيىن:

— ھەي ئۆگدۈلمىش، ئەمدى مېنىڭ يېگەن ئېشىم زەھەر بولىدىغان بولدى. بۇنىڭدىن كېيىن زادى قانداق ياشىشىم كېرەك؟! قەددىم پۈكۈلدى، دەس تۇرالمايمەن. بۇنداق ئەھۋالدا بەگ بولۇپ خەلقنىڭ يۈكىنى كۆتۈرۈشنىڭ نېمە ھاجىتى؟! قايغۇ-ئەندىشىلەر يۈرەك-باغرىمنى ئەزدى. ئەسكەر بىلەن خىزمەتچىلەر بولمىسا خەلقنى يېتەكلەپ ماڭغىلى بولمايدۇ. دۆلەت

ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىنى بىر بەگ ئىشلەپ بولالمايدۇ. ئەسكەر ۋە خىزمەتچىلەر ئۈچۈن يەنىلا ئالتۇن-كۈمۈش، مال-دۇنيا كېرەك. بۇلار بولمىسا ئەل ئەتراپىڭغا قانداق توپلانسۇن؟! ھاياتنى بەگلىك ئىشىغا ئاتاپ، قوشۇنغا باشچىلىق قىلغان پاراسەت ئىگىلىرى شۇڭا: «خەزىنە، ئەسكەرلەر بەگلىكنىڭ كۈچ-قۇدرىتىدۇر، ئۇلار يېتەرلىك بولغاندىلا دۈشمەندىن ئىنتىقامنى ئالالايدۇ. بۇ ئىككىسى بىرلەشكەندىلا بەگ ئۇستۇنلۈككە ئىگە بولۇپ، تاجۇتەختى ئۇلۇغ بولىدۇ» دېگەن. يېتەرلىك ئەسكەر توپلاشقا يېتەرلىك مال-دۇنيا، ئالتۇن-كۈمۈش كېرەك. بۇنىڭغا ئېرىشىش ئۈچۈن يەنە كۆپ مۇشەققەت چېكىشكە توغرا كېلىدۇ. مېنىڭغۇ بىرلا ئۈچام، بىرلا گېلىم بار. شۇنداق تۇرۇقلۇق نېمە ئۈچۈن خەلقنىڭ شۇنچىۋالا يۈكىنى بويىنۇمغا ئارتىۋالىمەن؟! ئادەم ھەر قانچە كەمبەغەل بولۇپ كەتكەن تەقدىردىمۇ كىم ئاچ قاپتۇ؟! ئۆلۈم ئاخىرى ھايات كىشىدىن ئۆچىنى ئالىدىكەن.

* * *

كۈنتۇغدى ئىلىگ تولىمۇ تەڭقىسلىقتا قالغان ئىدى. ئۇنىڭ ۋۇجۇد قەلئەسىنى نۇرغۇن چىگىش خىياللار تورى چىرمىۋالدى. ئۆگدۈلمىش كۈنتۇغدى ئىلىگنىڭ سۆزلىرىدىن تېگىشرقاش ۋە ئارىسالدى بولۇش ئالامەتلىرىنى ھېس قىلدى. ئۇ ئىلىگنى بۇ خىل مۈشكۈل روھىي ھالەتتىن ئازاد قىلىش ئۈچۈن پاراسەت دۈلدۈلىنى مىنىپ، دۆلەت باشقۇرۇش تەدبىرى ئۈستىدە مۇنداق چاپتۇردى.

# ئوتتۇز ئىككىنچى باب

## ئۆگدۈلمىشنىڭ ئىلىگكە ئەلنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى ھەققىدە مەسلىھەت بەرگەنلىكى

ئۆگدۈلمىش كۈنتوغدى ئىلىگنىڭ روھىي بېسىمىنى يېنىكلىتىش ئۈچۈن ئەلنى ياخشى ئىدارە قىلىشنىڭ تەدبىرى ئۈستىدە مۇنداق مەسلىھەت بەردى:

— ئالىيلىرى، تىلىڭدىن مۇنداق يارىماس، يامان سۆزلەرنى چىقارما، مۇنداق قىلىشنى ئاللا راۋا كۆرمەيدۇ. بۇ بەگلىكنى سەن ئۆزۈڭنىڭ خاھىشى بويىچە تارتىپ ئالمىدىڭ، ئاللا سېنى ئۆز پەزلىتى بىلەن تاللاپ، ئەزىزلەپ بۇ بەگلىكنى ساڭا تاپشۇردى، بۇنىڭغا شۈكۈر قىل. دىلىڭنى تۈز، ئۆزۈڭنى پاك تۇتۇپ ئاللاغا سېغىن. خەلققە ئادىل ۋە مېھرىبان بول. ھاۋايى-ھەۋەسلىرىڭنى ئەقىل بىلەن يېڭىپ باسقىن. نەپسىڭنى چىڭ تۇتۇپ بىلىم بىلەن يانجىپ تاشلا. بىلىم بىلەن ھاۋا-نەپسنى باسقان كىشىنىڭ نېمە دەپ تەلىم بەرگەنلىكىنى ئاڭلا: ۋۇجۇدۇڭنىڭ ساغلام بولۇشىنى خالىساڭ ھەۋەسنىڭ بويىنىنى كەس. ھاۋا-نەپسىڭ ئۆلسە ۋۇجۇدۇڭ ئەگرىلىكتىن خالاس بولىدۇ. ھاۋا ۋە ھەۋەسنىڭ ھەر ئىككىسى دىن ئوغرىسىدۇر، شۇڭا ئۇنىڭغا قۇل بولۇپ قالمىغايسەن.

ھەي ئىلىگ، قولۇڭنى ھەر قانداق ياخشىلىققا سوزساڭ يېتىدۇ. يېتەرلىك خەزىنەڭ بار، قوشۇنۇڭ ۋە خىزمەتچىلىرىڭ نۇرغۇن. ھەممە ئىشقا يولباشچى بولالايدىغان بىلىمىڭ ۋە ئەقىل-ئىدرىكىڭ بار. شۇنداق تۇرۇقلۇق نېمانچە

روھسىزلىنىسەن، نېمىگە شۇنچىۋالا غەم قىلىپ ھاياتىڭنى ئاچچىق قىلىسەن؟ خەزىنەڭنى ئەسكەر-خادىملىرىڭغا ئۈلەشتۈرۈپ خۇرسەن قىل. قانداق ئارزۇ-ئىستىكىڭ بولسا ئۇلاردىن كۈت. ئالتۇن-كۈمۈش ئۈلەشتۈرۈپ، دۈشمىنى ئۈستىدىن غالىب كەلگەن ئەرنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى ئاڭلا: «ھەر دائىم غالىب بولۇشنى خالىساڭ ئالتۇن-كۈمۈشنى كەڭرى تارقىتىپ، ئەسكەر-خىزمەت-چىلىرىڭنى خۇشال قىل. باتۇرلارنى ماختاپ تارتۇقلا، شۇندىلا دۈشمىنىڭنىڭ بوينىنى ئېگەلەيسەن.» شۇنداق، ئەسكەر-خىزمەتچىلىرىڭگە ئالتۇن-كۈمۈش تارقىتىپ خۇشال قىلساڭ، ۋاقتى كەلگەندە سەن ئۈچۈن سۆيۈملۈك جېنىنى پىدا قىلىدۇ. كاپىر دۈشمەننى يوقىتىشىڭ ئۈچۈن پاك ئاللا ساڭا مەدەتكار ۋە يۆلەنچۈكتۇر. قوشۇن، ئەسكەر، خىزمەتچىلەرنى توپلاپ، قورال-ياراغ ھازىرلاپ، كاپىر دۈشمەننى يانچىپ تاشلا. كاپىرلار بىلەن بولغان جەڭدە ئۆلسە ئۆلۈم ھېسابلانمايدۇ، كاپىرلارنىڭ ئۆي-مۈلكىنى كۆيدۈرۈپ، بۇتلىرىنى چاق. ئورنىغا جامائە-مەسچىت بىنا قىل. ئوغۇللىرىنى قۇل، قىزلىرىنى چۆرە قىل. ئولجا ئالغان غەنىيمەتلەر بىلەن خەزىنەڭنى تولدۇر. شەرىئەتنى تەرغىب قىلىپ، مۇسۇلمانلىقنى يولغا قوي. شۇنداق قىلالىساڭ ئۇلۇغ ئاتىلىپ، ياخشى نام قازىنىسەن. ھەرگىز مۇسۇلمانلار بىلەن دۈشمەنلەشمە، ئۇلارغا قول تەگكۈزمە، مۇسۇلمانلارنىڭ ھامىيسى ھەممىگە قادىر تەڭرىدۇر. مۇسۇلمان بىلەن مۇسۇلمان قېرىنداش، قېرىنداشلار بىلەن قارشىلاشما، دائىم ياخشى مۇناسىۋەتتە ئۆت. قانۇن بىلەن خەلقىڭنى خاتىرجەم قىل، خەلقىڭ ساڭا ياخشىلىق تىلەپ دۇئا قىلسۇن. ھەي قەھرىمان، شۇنداق قىلساڭ خۇدا ساڭا ئەجرىڭنى بېرىدۇ. ئىككىلا دۇنياغا قادىر بولالايسەن.

— بۇ سۆزلەرنى ناھايىتى ياخشى دېدىڭ، — دېدى كۈنتۇغدى ئىلىگ، — ئۆزۈممۇ شۇنداق قىلىش نىيىتىدىمەن. بۇ ئىشلارنى

قىلىشىمدا ماڭا يار-يۆلەك بولىدىغان دوستۇم قېنى؟ سەن بۇ ئىشلاردا ماڭا مەدەتكار بول. ئالدى بىلەن ئىچكى-تاشقى ئىشلارنىڭ تەدبىرىنى ئوبدان تۈزۈپ، خەلقنى پاك قىلىپ، ئەلنى روناق تاپقۇزۇش لازىم. كۆيۈنگەنلەرگە ئىنئام بېرىپ خۇرسەن قىلىش، ساداقەتسىزلەرنى سۈرۈپ ھەيدەش كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئىچكى-تاشقى مەيخانىلارنى چېقىش بىلەن ئەلنى تۈزەش لازىم. خەلقنى قانۇن بىلەن تولۇق تۈزىنگۈلۈك، ئەلنى يارامسىز ئىشلاردىن تازىلىغۇلۇق ئىدى. ئىش ئۈستىگە ئىش توپلىنىپ يېتىشەلمەي قالدىم. قېنى ئەل خاتىرجەملىكى ۋە پاراۋانلىقى؟ بۇنداق تۇرسا قانداقمۇ كۆزۈم يۇمۇلسۇن؟

— ئالىيلىرى، ئىشلىرىڭنى ئۈنچە سوزغۇلۇق ئەمەس. قىلىشقا تېگىشلىك ھەممە ئىشلارنى قىلىش كېرەك. ئىشلىرىڭنى سوزماي ۋاقتىدا قىل. ئۆمرۈڭمۇ ئۆتۈپ كېتىدۇ، قىلىدىغان ئىشلىرىڭنى نېمىشقا ئارقىغا سۈرىسەن؟ بۈگۈنكى ئىشىڭنى قويۇپ ئەتە قىلىمەن دېمە. بۈگۈنكى ئىشىڭنى بۈگۈن قىلمىساڭ، ئەتىكى ئىشىڭمۇ قوشۇلۇپ، ئىش ئۈستىگە ئىش توپلىنىپ قالىدۇ. ئەتە يەنە باشقا ئىشىڭ چىقسا، ئۇ ئىش قىلىنماي قالىدۇ. پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ ئەل ئىشلىرىنى تۈزەپ، ئەل ئارىسىنى سۈزۈپ تۇرساڭ، كەلگۈسىدە ئۆزۈڭمۇ ئەل بىلەن بىرگە ھۇزۇرىنى سۈرىسەن. يامان بولما، يامانغا يامان بولۇپ ئەسكىلەرنى ئېلىڭدىن تازىلا. دۇرۇس بول، ئىشلىرىڭنى دۇرۇس قىل، خۇلقۇڭنى دۇرۇس تۇت. شۇندىلا ئەسكىلەر بويسۇنۇپ، يامان قىلىقلىرىدىن يانىدۇ. خاتا ئىش قىلىدىغان تەتۈر كىشىلەرنىڭ يامانلىقى چەكلەنمىگىچە، ئۇلار ئىشلىرىنى ئوڭشىمايدۇ. يامانلارنى يېنىڭغا يولاتما، ياخشىلار بىلەن سەگەك ياشىغىن. كۆڭلى تۈز، تىلى ۋە ھەرىكىتى بىردەك ئۆز بىر كىشىنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى ئاڭلا: توغرا يولدا ماڭ، يامانلارغا ئارىلاشما. ئەگرى كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا دۇرۇس كىشىلەرنىڭ يولى تار بولىدۇ. كىم يامانلىق

قىلسا جازاسىنى تارتىدۇ. قىيامەت كۈنى ياخشىلارغا ھەمراھ بولغىن.

ھەي ئىلىگ، ئەلنى تۈزەشتە ئەسكەر توپلاشتىن باشقا چارە يوق. بەگلەر ئەلدىكى بۆلگىنچىلارنى ئەسكەرلەرگە تايىنىپ تازىلايدۇ. ئەسكەر، خادىملارنى توپلاپ ئىنئاملار بېرىش، كەمبەغەللەرنى بېقىپ، ئاچلارنى تويغۇزۇش كېرەك.

خىزمەتچىلەرنىڭ سەندىن ھەر خىل ئۈمىدلەرنى كۈتۈپ تۇرۇشىدۇ. ئۇلار ئۈمىدسىزلىنىپ قالسا تۇرماي كېتىدۇ. خىزمەتچى مۇنداق بىر قانچە خىل بولىدۇ. ئۇلارنى يولدىن ئاداشمىسۇن دېسەڭ، ئوبدان چۈشىنىپ، شۇنىڭغا مۇناسىپ پەرقلىق مۇناسىۋەتتە بول. ئۇلارنىڭ بىر خىلى، يۈز-ئابرۇي تىلەيدۇ. ئۇنداقلارنىڭ ئابرۇيىنى كۆتۈرۈپ قوي، ئارزۇسى قانسۇن. يەنە بىر تۈردىكىلىرى مال-دۇنيا تەمەسىدا يۈرىدۇ. ئۇلارنىڭ تىلىكىنى قاندۇرساڭ سەن ئۈچۈن جېنىنى پىدا قىلىشقا يارايدۇ. يەنە بىر خىلى مال-دۇنيا ھەم شۆھرەت قوغلىشىدۇ. شۆھرەت قازىنىش ئۈچۈن ئات، تون تەلەپ قىلىدۇ. ئەگەر ئۇ باتۇر، مەرگەن بولسا ئۇنىڭدىن كۆمۈشنى ئايىما، ئۇ سەن ئۈچۈن قىلىچ ئوينىتىپ، شەھەر-ئەللەرنىڭ ئىشىكىنى ئاچسۇن، ئەگەر بىلىملىك، ئەقىللىق، دانا كىشى بولسا ئۇنى قەدىرلەپ ياردەم قولۇڭنى سۇنۇپ، مال-دۇنيا بىلەن يۆلە. زوراۋان ئەسكىلەرنى ھەرگىز ئۆستۈرمە، ھوقۇق بەرمە، بولمىسا ئۆزۈڭنى قاقشىتىدۇ. يامان ئۆكتەملەرنى بېقىپمۇ ھەم ئۆستۈرمە. شۈبھىسىزكى، ئۇ شىپالىق دوراڭنى زەھەرگە ئايلاندۇرىدۇ. بۆكە يابغۇسىنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى ئاڭلا، ئۇ: «ئاجىز خەلقمۇ بېيىۋالسا بويسۇنمايدۇ. ھەي جەسۇر ھۆكۈمدار، يامانني بېقىپما، يامانلار بېيىسا يامان قىلىقىنى چىقىرىدۇ» دېگەن. ياخشىلارنىڭمۇ قولى قىسقا بولۇپ قالسا خۇيىنى بۇزىدۇ. ياخشى خۇلۇقلۇق كىشى موھتاجلىققا چۈشۈپ قالسا، موھتاجلىق ئۇلارنىڭمۇ خۇيىنى بۇزىدۇ. يامانلارنى

خار تۇتساڭ ھەرىكىتى تۈزۈلىدۇ. ياخشىلارنى ئەزىزلىسەڭ ئۇ
تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ. ساداقەتمەن كىشىلەرنى ئۆزۈڭگە يېقىن
تۇت، ئۇياتسىز كىشىلەردىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئۇلارنى ئۆزۈڭدىن
يىراق تۇت. كىمنىڭ پايدىلىق، كىمنىڭ زىيانلىق ئىكەنلىكىنى
ئوبدان پەرقلەندۈرۈپ مۇئامىلە قىل. سېنى سۆيىدىغان،
سۆيمەيدىغانلارنىمۇ ياخشى ئايرىپ، سۆيگەنلەرگە دوست بول،
دۈشمەنلەرگە ئوت بول. پايداڭنى خالىمايدىغانلارنى ئۆزۈڭدىن
يىراق قىل. ئۇنى سۆيۈندۈرمە، ئۇنداقلارغا ئىش تاپشۇرما.
ساداقەتنى خىيانەت بىلەن ئارىلاشتۇرما، يارامىلىقنى يارامسىز بىلەن
بىللە تۇتما. بىر ئىشنى ئىككى ئادەمگە تاپشۇرما، بولمىسا ئۇلار
بىر-بىرىگە بەس سېلىشىپ، ئىشىڭ ئورۇندالماي قالىدۇ.
ئىشىڭنى شۇ ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدىغانلارغا تاپشۇر، ئىش
بىلمەيدىغانلار كۆشىيىپ ئىشىڭنى ئاقسىتىدۇ. مۇھىم ئىشلارنى
كۆرگەنلا كىشىگە بەرمە، شۇ ئىشنى قىلىپ نەتىجە
كۆرسىتەلەيدىغانلارغا تاپشۇر. ئەلنىڭ مەنپەئەتى بىلەن ئۆزۈڭنىڭ
مەنپەئەتىنى كۆزدە تۇت. باشقىلارنىڭ مەنپەئىتىگە كۆز تىكىپ
ئۇنىڭغا ئىلىنىپ قالما. ھەرگىز باشقىلارنىڭ كۆڭلىگە بېقىپ ئىش
تۇتۇپ، ئۆزۈڭنى زورمۇزور بۇزما. ئەلنىڭ مەنپەئىتىنى ئالدى
بىلەن ئويلا. ھەر كىم ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ مەنپەئىتىنى
كۆزلەيدۇ. ساڭا كىم ئەسقاتىدىكەن، سەنمۇ ئۇنىڭغا ئەسقات،
پايدىسى يوق كىشىلەردىن ئۆزۈڭنى يىراقلاشتۇر. پايدىلىق
كىشىلەرنى قەدىرلە، ھۆرمەت قىل، مۇھىم ئىشلىرىڭنى ئۇنىڭغا
تاپشۇر. ئالىيلىرى، سېنىڭ قىلىشقا تېگىشلىك مۇھىم
ئىشلىرىڭنىڭ بىرى شۇلاردۇر. بۇ ئىشلارنى ياخشى
ئورۇندىيالىساڭ ئېلىڭنى تۈزىيەلەيسەن، نامىڭمۇ ياخشى بولۇپ،
ئۆزۈڭ قۇتۇلىسەن، نام-شەرىپىڭ ۋە سۆزۈڭ مەڭگۈ يادلىنىپ
قالىدۇ، سەلتەنىتىڭ گۈللىنىپ خەلقىڭ بېيىيدۇ، ئاندىن
قانچىلىك خەزىنە توپلىساڭ بولىدۇ. سەممىيلىكى سۆزى بىلەن

بىرىككەن بىر مېھرىبان كىشى: قايسى ئەلنىڭ بېگى ياخشى، دۇرۇس بولسا، شۇ ئەل بېيىپ، خەلقنىڭ كۆڭلى توغىدۇ. خەلقنىڭ بايلىقى بەگنىڭمۇ بايلىقىدۇر، بەگ قايسىنى خالىسا شۇنى ئالالايدۇ، دېگەن.

يەنە بىر مۇھىم ئىش، شەھەر-كەنتلەرنى ئوغرىلاردىن تازىلاپ، مۇساپىر، كارۋانلارنى يولدا تىنچ-ئامان يۈرىدىغان قىل. ئەل ئىچىدە خەلقنىڭ زوراۋانلىرىنى يوقات، سىرتتىكى بارلىق قاراقچىلارنى تازىلا، ئەسكەرلەرنىڭ خۇيىنى جازا بىلەن تۈزەت. يامانلارغا پەقەت يامانلىق بىلەن تاقابىل تۇرۇش يارىشىدۇ. ياخشىلارنىڭ ئەركىن-ئازادە يۈرەلىشى ئۈچۈن يامانلارنى تاش يۈرەكلىك بىلەن زەنجىردە ياكى زىنداندا تۇتۇش كېرەك.

يۇقىرىقى ئىشلاردىن باشقا، ئېلىڭدىكى خەلق بىر نەچچە تۈرلۈك بولىدۇ. يوللۇق بولسۇن ئۈچۈن ئۇلارنىمۇ ئوبدان پەرقلەندۈرۈپ، ئايرىپ مۇئامىلە قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. ئۇلارنىڭ بىرى بىلىملىك ئالىملاردۇر، كىشىلەر بەخت-دۆلەتكە ئالىملار ئارقىلىق ئېرىشەلەيدۇ. شەرىئەت يولىنى تۇتۇپ، ئۇلارنى قەدىرلە. نېمە تەلەپ قىلسا شۇنى قىلىپ بەر، رەت قىلما، ئۇلارغا ئېگىل. ئۇلارنىڭ يېمەك-ئىچمىكىنى، ھەققىنى ئۆكسۈتمەي بېرىپ تۇر، موھتاجلىققا چۈشۈپ قالمىسۇن. ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى توختىتىپ بىلىم ئۆگىتىشكە ئىمكانىيەت يارات، بىلمىسىزلەر ئۇلاردىن بىلىم ئالسۇن. بۇلاردىن كېيىن مۇھتەسىپلەر[1]تۇرىدۇ. ئۇلارغا كۈچلۈك ھوقوق بەر. پاسىق، بىكارچى بەگزادىلەرنى قىسىپ تۇتسۇن، مەسچىت-جامائەلەرنى تولۇقلىسۇن. يەنە بىر تەبىقە خىزمەتچىلەردۇر. ئۇلارغا ئاگاھ بولۇپ قاتتىق تۇتمساڭ تويلاڭ كۆتۈرىدۇ. ئۇلار سېنىڭ ئېغىرىڭنى كۆتۈرمەيدۇ، ئۇلارنىڭ يۈك، مۇشەققىتىنى ئۆزۈڭنىڭ كۆتۈرۈشىگە توغرا كېلىدۇ. بۇلاردىن

---

① مۇھتەسىپ — شەرىئەت قائىدە-نىزاملىرىنى قوغدىغۇچى ئەمەلدار.

كېيىن قارىساڭ ئاۋام خەلق تۇرىدۇ. قانۇن بىلەن ئۇلارنى ئوبدان مۇھاپىزەت قىل. زۇلۇم قىلما، زۇلۇم قىلساڭ ئەلگە جۇت ئېلىپ كېلىسەن. ئاۋام خەلقمۇ ئۈچ تەبىقىگە بۆلۈنىدۇ. بۇلارنىمۇ ئوبدان ئايرىپ مۇئامىلە قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇلارنىڭ بىرى بايلاردۇر. خەلقنىڭ كۈچلۈكى شۇلار. ئۇلاردىن كېيىن ئوتتۇرا هال كىشىلەر تۇرىدۇ. ئوتتۇرا هال كىشىلەر بايلار قىلغان ئىشنى قىلالمايدۇ. ئۇلاردىن كېيىنكىسى كەمبەغەللەردۇر. ئەڭ ئاۋۋال بۇلارنى ئوبدان ئاسراش كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن بايلارنىڭ يۈكىنى ئوتتۇرا هال كىشىلەرگە يۈكلىمە، ئۇنداق قىلساڭ ئۇلار هالىدىن كېتىپ پۈتۈنلەي خارابلىشىدۇ. كەمبەغەللەرگە ئوتتۇرا هال كىشىلەرنىڭ يۈكىنى ئارتما، ئۇنداق قىلساڭ كەمبەغەل ئاچلىقتىن ئۆلىدۇ، يىلتىزى قۇرايدۇ. كەمبەغەلنى ئازراق يۆلىسەڭ ئوتتۇرا هال بولۇۋالىدۇ. ئوتتۇرا هال كىشىلەرگە بىرئاز تىنىۋېلىش پۇرسىتى بەرسەڭ باي بولىدۇ. كەمبەغەللەر ئوتتۇرا هال بولۇۋالسا، ئوتتۇرا هال كىشىلەر بېيىسا، ئېلىڭدە بايلار كۆپىيىدۇ. ئېلىڭ ئوڭشىلىپ، خەلقىڭ هۇزۇرغا چۆمىدۇ. ئۈچ ئوردا خانىنىڭ نىمە دېگەنلىكىگە قۇلاق سال، ئۇ: هەي ئۆلگۈچى، نامىڭنىڭ ياخشى بولۇشىنى ئىزدىگىن. كىمنىڭ ياخشى نام بىلەن جېنى چىقسا، ئۇنىڭ نامى داۋاملىق دۇئا بىلەن يادلىنىدۇ. ئۆلگەندىن كېيىن كىم دائىم دۇئا بىلەن ياد ئېتىلسە، ئۇ قايتا تۇغۇلۇپ، يېڭىدىن هايات باشلىغاندەك بولىدۇ، دېگەن. يەر ئۈستىدە ياشا ياكى يەرنىڭ ئاستىدا بول، نامىڭ ياخشىلىق بىلەن مەشهۇر بولسا ئۆزۈڭگە بولىدۇ. ئۆزۈڭ ئۆلسەڭمۇ نامىڭ ياخشى بولسۇن. ئۆزى ئۆلۈپ، ياخشى نامى قالسا مەڭگۈلۈك بولىدۇ.

رەئىيەتنىڭ سەندە ئۈچ هەققى بار، بۇ هەققىنى ئادا قىل، زۇلۇم قىلما. بىرى، ئېلىڭدە كۈمۈشنى جىق قىل، هەر دائىم ئۇنىڭ تەركىبىنى نازارەت قىلىپ تەكشۈرۈپ تۇر. يەنە بىرى، خەلقىڭگە ئادىل قانۇن يۈرگۈز. كۆزىتىپ بىرىنىڭ يەنە بىرىگە

زۇلۇم قىلىشنى چەكلە. ئۈچىنچىسى، قاراقچى، بۇلاڭچىلارنى پاك-پاكىز تازىلاپ، بارلىق يوللارنىڭ ئامانلىقىنى قوغدا. شۇندىلا رەئىيەتنىڭ ھەققىنى ئادا قىلغان بولىسەن، ئاندىن سەنمۇ رەئىيەتتىن ئۆز ھەققىڭنى تەلەپ قىلساڭ بولىدۇ. سىنىڭمۇ رەئىيەتتە مۇنداق ئۈچ ھەققىڭ بار. ياخشىراق ئاڭلاپ تۇرغىن، بۇلارنىمۇ ئۇلاردىن تەلەپ قىلىشقا ھەقلىقسەن. بىرى، يارلىقىڭغا ھۆرمەت قىلىپ، نېمىگە ئەمر قىلغان بولساڭ، دەرھال ئۇنى ئىجرا قىلسۇن. ئىككىنچى، خەزىنە ھەققىنى تۇتۇپ قالماي ئۆز ۋاقتىدا تاپشۇرسۇن. ئۈچىنچى، سەن كىمنى ياخشى كۆرسەڭ ئۇلارمۇ ئۇنى ھىمايە قىلسۇن. كىمگە دۈشمەن بولساڭ ئۇلارمۇ ئۇنى دۈشمەن تۇتسۇن. شۇنداق بولغاندا سەنمۇ ئۆز ھەققىڭنى ئالغان بولىسەن، ئۇلارمۇ ئۆز بۇرچىنى ئادا قىلغان بولىدۇ. بەگ بولغۇچى ئۆز ئىشلىرىنى ئەنە شۇنداق يۈرگۈزۈشى، رەئىيەتمۇ شۇنداق بولۇشى لازىم. خەلق بەگنىڭ خەيرىخاھلىقىغا ئېرىشسە، بەگمۇ خاتىرجەم بولىدۇ، شۆھرىتى ئاشىدۇ. ئالىيلىرى، مانا بۇ ساڭا ئىككىلا دۇنيادا مۇيەسسەر بولىدىغان بەخت ئۇلۇشۇڭ.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا، مۇھتەسىپلەر جامائەت ئارىسىنى كېزىپ يامانلارنى يىغسۇن. ئالىملار دەس تۇرۇپ خەلققە بىلىم بەرسۇن ھەم نازارەتچىلىك رولىنى ئۆتىسۇن. سودىگەرلەر ئامانەتلىرىنى ياخشى كۆزەتسۇن. ھۈنەرۋەنلەر شاگىرتلىرىغا تەربىيە قىلىپ تۇرسۇن. دېھقانلار ماھىرلىق بىلەن تىرىقچىلىق قىلسۇن. چارۋىچىلار چارۋىلىرىنى كۆپەيتسۇن. ئەمدى ساڭا خىزمەت قىلغۇچى ئەسكەر، خادىملىرىڭ قالدى، ئۇلار دۈشمەن بۆرىلەرگە قارشى قويۇلغۇچىلاردۇر. ئۇلارغا مال ھەدىيە قىلىپ خۇشال قىل، ئۇلارنى باشقا ئىشلارغا سېلىپ بەند قىلما. ئۇلارنىڭ تۆھپىسىگە يارىشا ئېھسانلار قىل، مال-دۇنيا بىلەن كۈچىنى زورايت، دۈشمەنگە قارشى تەييارلىق كۆرسۇن. دوستلىرىڭغا ھەمدەم بولۇپ، دۈشمەنلىرىڭگە ئۆلۈم بۇيرۇسۇن. شۇ چاغدىلا

بارلىق دوستلىرىڭ تاللىنىپ، ئىشلىرىڭ راۋانلىشىپ روناق تاپىدۇ. ئىككىلا دۇنيادىكى ياخشىلىق ساڭا مەنسۇپ بولۇپ، ئاللانىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىسەن. قارىغىنا، توغرا، ئادىل بولساڭ سېنى تىلىكىڭگە يەتكۈزىدىغان ئادالەت دېگەن شۇ. دۇرۇسلۇقۇڭ ئۈچۈن ئاللامۇ سېنى ئۆزىگە يېقىن كۆرىدۇ. خەلققە ئۆچمەنلىك قىلما، ئادالىتىڭنى تاشلىما. ئاڭلا، كۆڭلى ئويغاق بىرەيلەننىڭ ئېيتقان مۇنۇ سۆزى دېگەنلىرىمگە گۇۋاھ بولالايدۇ: ئاسمان توغرىلىقى ئۈچۈن مەزمۇت تۇرالايدۇ، يەر تەۋرىمەي تۇرغانلىقى ئۈچۈن ئوت-چۆپ ئۈنەلەيدۇ. تەۋرىمەي دۇرۇس تۇر، دىلىڭنى ھەم دۇرۇس قىل. دۇرۇس ئادەم ئىككىلا دۇنيادا سائادەتمەن بولىدۇ.

ئىلىگ ئالىيلىرى، مېنىڭ بىلىدىغانلىرىم مانا شۇ، ئىچىم ۋە تېشىمدىكىلەرنىڭ ھەممىسىنى ساڭا ئايان قىلدىم. بۇ ئىككىلا دۇنيا ئۈچۈن پايدىلىق سۆزلەر ئىدى، ساڭا تولۇق ئېيتىپ بەردىم. بۇ دۇنيانىڭ ھەممە نەرسىسى قالىدۇ. ئۆزۈڭ بۇ دۇنيادىن كەتسەڭمۇ، نامىڭ مەڭگۈگە قالغۇسى. بۇنىڭغا مىسالەن بىر ئالىم بۇ مەنىنى مۇنداق يەشكەن: ئۆزۈم ئۆلسەممۇ نامىم ياخشى بولسۇن. تىرىك بەرىبىر ئۆلىدىكەن، نامىم قالسا بولدى. تىرىشىپ ياخشىلىق قىلىپ ياخشى نام ئىزدەي، ياخشى نام بىلەن مەڭگۈ تىرىك قالاي.

* * *

كۈنتۇغدى ئىلىگ ئۆگدۈلمىش ئېيتقان سۆزلەرنى ئاڭلاپ قاتتىق سۆيۈندى. كۆڭلى ئېچىلىپ، كۆزى يورۇدى. ئۇ ئۆگدۈلمىشنى ماختاپ ئالقىشلىدى ۋە مۇنداق دېدى:

— ناھايىتى ياخشى سۆزلەرنى قىلدىڭ. خۇدا ماڭا تەۋپىق بەرسە، سەن ئېيتقان سۆزلەر بويىچە ئىش تۇتاي. رەببىم ماڭا سەندەك يارامىلىق ياردەمچىنى ئاتا قىلدى. يەنە تىلىسەم تىلىكىمنى

بىرەر دېگەن ئۈمىدتىمەن. ھەي ياراملىق دانىشمەن، مېنىڭ كۆڭلۈمدىكى ئارزۇ-ئارمانلارنى تولۇق بايان قىلدىڭ، ئاللا مەقسەتلىرىڭگە تولۇق يەتكۈزسۇن. بۇنىڭدىن كېيىن ساداقىتىڭ بىلەن ماڭا ھەر دەم ياردەم قىلىپ تۇرغىن. سۆزلىرىڭنى مەندىن يوشۇرما، مەن سېنىڭ ھەقىقىي ئىكەنلىكىڭگە ئىشىنىمەن. سەن ئەينەك، مەن ئەمدى سەن ئارقىلىق ئۆزۈمنىڭ ئەيىبلىرىنى كۆردۈم. ھەقىقىي كۆڭۈل بەرگەن تىلى ۋە دىلى بىر ئەر: «كۆڭلۈڭ كىمگە چىمپۇتسە ئۇنى ئەينەك قىلىپ، ئۆزۈڭنى كۆرۈش ئۈچۈن ئۇنى ئۇدۇل تۇت. كۆيۈمچان ئادەم ئۆزۈڭگە ئەينەك بولىدۇ. ئۇنىڭغا قاراپ خۇلق-مىجەزىڭدىكى نۇقسانلارنى تۈزەتكىلى بولىدۇ» دەپ ئەجەب ياخشى ئېيتقان ئىكەن. بىرسىنىڭ كۆڭلى ساڭا ھەقىقىي يېقىن بولسا، ئۇنىڭ ئۆزۈڭگە بولغان ئەقىدىسىدىن ھەرگىز گۇمانلانما. كېپىڭ بولسا ساڭا ئىشەنگە ئېيتقىن، ئۆزۈڭ ئىشەنگەن كىشىنىڭ سۆزىنى مەھكەم تۇتقۇلۇق.

ئىلىگ ھاياجان ئىچىدە كېپىنى توختاتتى. ئىلىگنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ئۆگدۈلمىشنىڭ كۆزلىرى نۇرلىنىپ كەتتى. ئۇ سۆيۈنۈپ «ئىلەل» دەپ ئورنىدىن تۇرۇپ، ئىلىگنىڭ ھۇزۇرىدىن قايتىپ چىقتى.

شۇ قېتىمقى سۆھبەتتىن كېيىن ئىلىگ راھەتنى تاشلاپ، ئەلنى تۈزەپ، تەرتىپكە سېلىش ئۈچۈن ناھايىتى كۆپ مۇشەققەت چەكتى. يامانلارنى ئۆزىدىن يىراقلاشتۇرۇپ، ياخشىلارنى ئۆزىگە يېقىن تۇتۇپ، ئۇلارغا يول ئېچىپ بەردى. خەلق تەرتىپكە چۈشۈپ، ئەل ئىچى پاكلاشتى. كۈن، ئاي، يىللار تىنچلىقتا ئۆتۈپ، خاتىرجەملىك ھۆكۈم سۈردى. پاراۋانلىق بىلەن ئەلنىڭ ھاياتى مەنىلىك بولدى. ھالاۋەتتىن شادلانغان خەلق دەۋردىن سۆيۈنۈپ كۈلۈشتى. ئىلىگمۇ ئۆگدۈلمىشنى ئەزىزلەپ، ئۇنىڭغا ئىشىنىپ، دۆلەتنىڭ ھەممە ئىشلىرىنى تاپشۇردى.

*　　*　　*

ئۆگدۈلمىش دۆلەت ئىشلىرى بىلەن ئالدىراش بولۇپ، بىر قانچە ۋاقىتنى ئۆتكۈزدى. لېكىن، قەلبىدىكى قايغۇ-ئەلەم بىئارام قىلىپ ئۇنىڭغا ئارام بەرمەيتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ قىلىۋاتقان ئىش-ھەرىكەتلىرىگە قاراپ ھاياتلىقنى، ياخشىلىقنى زايە قىلىۋاتىمەن، دەپ قارايتتى. ئۇنىڭ قەلبى يورۇپ، كۆزى ئېچىلغانىدى. ئەمدى ئۇ دائىم كۆڭلىنى بۇ دۇنيانىڭ غۇبارلىرىدىن پۈتۈنلەي پاك قىلىشنى ئويلايدىغان بولۇپ قالدى.

# ئوتتۇز ئۈچىنچى باب

## ئۆگدۈلمىشنىڭ ئۆتكەن ھاياتىغا ئىچىنىپ تووۋا قىلغانلىقى ۋە ئودغۇرمىشتىن مەسلىھەت ئالغانلىقى

ئۆگدۈلمىش بىھۇدە ئۆتۈپ كەتكەن ھاياتىغا، زايە بولغان نەۋقىران چاغلىرىغا ئۆكۈنۈپ ئازابلىق خىيال دەرياسىغا چۆمگەن ئىدى: «ھاياتىمنى غەپلەت ئىچىدە شادلىنىپ بىھۇدە ئۆتكۈزۈۋەتتىم. ھاياتىمنىڭ كۈچ-قۇۋۋەتلىك، جۇشقۇن چاغلىرىنى يوقىتىپ، ھاسىغا تايىنىدىغان ھالەتكە يەتتىم. ئىست، كۈنلىرىم بىھۇدە ئۆتۈپ كەتتى، ئۆمرۈمنى ئۆتۈپ كېتىۋاتىدۇ، كۈنلىرىم قاراڭغۇلۇققا پاتتى. مەن نازۇنېمەتلەرنى كالىدەك يەپ، ئۆكۈزدەك ياشاپتىمەن. بىخۇتلۇق بىلەن ئويناپ-كۈلۈپ كۈنلىرىمنى زايە قىلىپتىمەن. مانا ئەمدى يىگىتلىكىمنىڭ كۈچ-قۇۋۋىتى ئۇزۇلگەندە كۆيۈپ ئۆرتىنىپ، ياشلىقىمغا ئىچىنماقتىمەن. ئۆمرۈمنى ئۇجۇقلىۋالدى، ئۆلۈمۈم يېقىنلىشىپ قالدى. ئۇنىڭدىن بىرەر چارە بىلەن قۇتۇلۇش يولۇمنى يوق. چاچلىرىم شۇڭقار پەيلىرىدەك كۈل رەڭ تۇسكە كىردى، ساقاللىرىم كۈزدە خازان بولغان گۈل بەرگلىرىگە ئوخشاپ قالدى. ئاق ئۇنچىدەك ئوتتۇز ئىككى چىشىمنىڭ يىپى ئۈزۈلۈپ، بىر-بىرلەپ تۆكۈلۈشكە باشلىدى. كۆزلىرىم بىر كۈنلۈك يەرنى كۆرەلەيتتى، مانا ئەمدى خىرەلىشىپ ئالدىمدا تۇرغان كىشىنىمۇ كۆرەلمەيدىغان بولدۇم. قۇلاق سالسام خېلى يىراق جايلاردىكى ئاۋازلارنى ئاڭلىيالايتتىم، ئەمدى گەپنى قول ئىشارىتى بىلەن ئاڭلايدىغان بولدۇم. ئەمدى مېنىڭ تەگرىم

ئالدىغا قايتىدىغان ۋاقتىم بولۇپ قالدى. گۇناھلىرىم ئۈچۈن پەرياد چېكىپ، ئۆزرە ئېيتىپ تەڭرىمگە يىغلىشىم كېرەك. يارىماس ئىشلارنى تاشلاي، كۆڭلۈمنى غۇبارلاردىن پاك قىلاي.»

ئۆگدۈلمىش ئورنىدىن تۇردى. ئۇ خۇداغا سىغىنىپ گۇناھلىرىنى تىلىمەك بولدى، لېكىن يەنە ئويلىنىپ قالدى: ئالدىرىماي، ئالدىراڭغۇلۇق زىيانلىقتۇر. ئالدى بىلەن بۇ ئىش ئۈستىدە ئوبدان مەسلىھەتلىشەي، ھەر ئىشنى بار مەسلىھەت قىلغان ياخشى. مەسلىھەتتىن قاچقانلار قىلغان ئىشىدىن پۇشايمان قىلىپ زارلىنىشقان. پەيغەمبەر-نەبى شۇڭا: كېڭەش ھەر قانداق ئىشنىڭ داۋاسى، دېگەن. ئۆز يېقىنلىرىڭ بىلەن كېڭەش، كېڭەش بىلەن ئىشلىرىڭ ئوڭۇشلۇق بولىدۇ. كېڭەش بىلەن ھەر قانداق ئىشنى ئوڭشىغىلى بولىدىكەن، كېڭەشسىز ئىش ئادەمنى پۇشايمانغا قويىدىكەن. مەن ئەمدى بېرىپ قېرىنداشىمنى تاپاي، بۇ ئىشلار توغرىسىدا ئۇنىڭ مەسلىھەتىنى ئالاي. ئۇ ماقۇل كۆرسە، ئويلىغىنىم بويىچە ئىش تۇتاي. ئەگەر ماقۇل كۆرمىسە، بۇ مەسلىھەتىم قالسۇن. ئادەم ئۆزىنىڭ ئىشىنى ئۆزى كۆرۈپ بىلەلمەيدۇ، باشقىلارغا ئېيتىپ چۈشەندۈرۈپ، مەسلىھەتىنى ئېلىش كېرەك، مەسلىھەت دېگەن ئادەمنىڭ بىلىمىنى ئاشۇرىدۇ. مەسلىھەتكە بىلىم قوشۇلسا، ئادەم ئىشقا يۈرەكلىك قول سالالايدۇ. ئۆز ئىشىدا كېڭىشىدىغان كىشىلەرمۇ: ئادەم ئۆز ئىشىنى مەسلىھەت بىلەن پۈتتۈرىدۇ. شۇڭا، قانداق قىلىش كېرەكلىكى توغرىسىدا باشقىلار بىلەن كېڭەشكىن، كېڭەشسىز كىشىلەردىن ئۆزۈڭنى تارت. ھەر قانداق ئىشنى قىلىشتىن بۇرۇن كېڭىشىپ، ئاندىن قول سالساڭ مەقسىتىڭگە يېتەلەيسەن، دېگەن.

ئۆگدۈلمىش شۇ خىياللار بىلەن يېتىپ ئۇخلاپ قالدى. ئەتىگەندە ئورنىدىن قوپۇپ تەرەت ئېلىپ، ناماز ئوقۇغاندىن كېيىن ئېتىنى مىنىپ ئىلىگ ھۇزۇرىغا باردى. ئۇ ئىجازەتتىن كېيىن ئىلىگنىڭ ئېلىپ ئالدىغا كىردى. ئىلىگ ئۇنى ھۆرمەتلەپ ئورۇن

كۆرسەتتى. ئۆگدۈلمىش كۆرسىتىلگەن ئورۇندا ئولتۇرۇپ بولۇپ، مەقسىتىنى ئېيتتى:

— ئالىيلىرى، مەن بۈگۈن قېرىنداشىمنى زىيارەت قىلىپ كېلەي دېگەنىدىم، ئەگەر ئىجازەت بېرىلسە، ئۇنى زىيارەت قىلىپ قايتىپ كەلسەم.

— بولىدۇ، بېرىپ كەلگىن، — دەپ ئىجازەت بەردى ئىلىگ، — ئۇنىڭغا مېنىڭ سالىمىمنى يەتكۈزۈپ قوي. ئاللاغا كۆڭۈل سىرلىرىنى بايان قىلىۋاتقان ۋاقىتلىرىدا دۇئادا مېنى ئۇنتۇمىسۇن، ئاللادىن گۇناھلىرىمنى تىلىسۇن. ئۇنىڭ دۇئاسى بىلەن ئاللا گۇناھلىرىمنى مەغپىرەت قىلسا ئەجەب ئەمەس.

ئۆگدۈلمىش ئىلىگكە «ئىلەل» دەپ ماقۇللۇق بىلدۈرۈپ قايتىپ چىقتى. ئۇ ناھايىتى خۇشال ھالدا ئۆيىگە قايتىپ كەلدى. دۇنيا يۈزى ئالتۇن رەڭگە كىردى، قۇياش ياقۇتنىڭ يۈزىنى زەپىران قىلدى. ئاسمان قاپقىنى تۇرۇپ يۈزىنى قارايتتى، بارچە كىشىلەرنىڭ كۆزىنى باغلىدى. ئۆگدۈلمىش خۇپتەن نامىزىدىن كېيىن تۆشەككە كىرىپ ئۇخلاپ بىرئاز ئارام ئالدى. بىر دەم ئۇخلاپ يەنە ئويغىنىپ كەتتى. خىيال تۇغلىرى يەنە تىكلەندى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. بىرئازدىن كېيىن يەنە ئورنىغا كىرىپ ئۇخلاپ قالدى. كېيىن چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن كۆزى ئۇيقۇغا بارمىدى، بۇرۇقتۇرما بولۇپ خىيال بىلەن ياتتى. كۆردىكى، شەرقتىن قارا قۇش[1] تۇغۇپ، يەردىن قوپۇپ ئوتتەك يېلىنجاپ كۆتۈرۈلۈپ كەلدى. ئارقىدىن يىلدىرىق بىلەن ئايغىر يۇلتۇزىمۇ يورۇدى. كېيىن ئىرىنتىر[2] يۇلتۇزىمۇ بەلگە بېرىپ سەپكە تىزىلدى. سۈكچ قۇشىمۇ ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپ ئەگىپ ئۇچۇپ «سۈرە ئەبرى» نى ئوقۇپ سايراشقا باشلىدى. ئۆگدۈلمىش بېشىنى كۆتۈرۈپ قۇياشنىڭمۇ يەردىن بېشىنى كۆتۈرۈپ

---

① قارا قۇش — مۇشتەرى، يەنى يۇپىتېر
② يىلدىرىق، ئايغىر، ئىرىنتىر — يۇلتۇز ناملىرى.

ئۆرلەۋاتقانلىقىنى كۆردى. قۇياش شولىسى نەيزىدەك پۇتاقلىنىپ، يەردىن ھەر يانغا يېيىلدى. پەلەك مەڭزى ئوتتەك يېلىنجىدى. جاھان سۆيۈملۈك جانان كۆلگەندەك يورۇپ كەتتى. كېچىنىڭ قايغۇسى ئۈزۈلۈپ، كۈندۈزنىڭ شادلىقى باشلاندى. ئۆگدۈلمىش ئورنىدىن تۇرۇپ يۇيۇندى ۋە نامىزىنى ئوقۇپ بولۇپ، ئېتىغا مىنىپ «چۇ» دەپ تاغقا يۈزلەندى.

ئۆگدۈلمىش قېرىندىشىنىڭ ئىشىكى ئالدىغا كېلىپ، ئاتتىن چۈشۈپ دەرۋازىنى قاقتى. ئودغۇرمىش ئىبادىتىنى توختىتىپ كېلىپ ئىشىكنى ئاچتى. ئۆگدۈلمىش ئۇنىڭغا ئاۋۋال سالام بەردى، ئودغۇرمىشمۇ جاۋابەن سالامنى ياندۇردى. ئۇلار قول تۇتۇشۇپ ئىچكىرى كىرىشتى. ئودغۇرمىش ئالدى بىلەن سۆز ئاچتى:

— قېرىندىشىم، كۆرۈشكەنگە تېخى بىر ئايمۇ بولمىدى، يەنە نېمىشقا كەلدىڭ، ئېيتقىن، ھالىڭ قانداق، مەڭزىڭنى سېرىق، روھىڭنى چۈشكۈن كۆرۈۋاتىمەن، ساڭا نېمە قايغۇ كەلدى؟ ماڭا ئېيتقىن.

— ھەي قاياشىم، زامان ئوقى دىلىمنى يارا قىلدى، — دەپ جاۋاب بەردى ئۆگدۈلمىش، — زامان تەربىيە قىلىپ كۆڭۈلنى يورۇتسا ئۆلگەن كۆڭۈلنىمۇ تىرىلدۈرەلەيدىكەن. ئۆزۈم غەپلەتتە بولغانلىقىم ئۈچۈن قەلبىم ئۇيقۇدا ئىدى، زامانىنىڭ ئىبرىتى قەلبىمنى ئويغاتتى. كۆڭلۈم كۆزى بىلەن ئۆزۈمگە قاراپ يولدىن ئازغانلىقىمنى ھېس قىلدىم. ئۆمرۈم ئاخىرلاشقانسېرى يۈكۈم ئېغىرلاشماقتا، ئەمدى گۇناھ يولىدىن قايتىش ۋاقتىم بولۇپ قالدى. ئۆمۈر بويى باشقىلارنىڭ خىزمىتىنى قىلىپتىمەن. غەپلەتتە ئۇخلاپ ئاللانىڭ ئىبادىتىنى تاشلاپتىمەن. دۇنيامۇ ئۆتۈۋەردى، ھاياتىممۇ كېتىۋەردى. ھايات تۈگەيدىكەن، دۇنيا يەنىلا قالىدىكەن. تىرىكلىك ئۈچۈن دۇنيا قوغلىشىپتىمەن، مانا ئەمدى ھاياتىم ئاخىرلاشسا بۇ پەس دۇنيانىڭ نېمە ھاجىتى قالدى؟ كۈنلىرىم شۇنداق ئۆتۈۋاتىدۇ، كەلگۈسى تۈنۈم قانداق بولاركىن؟ چېچىم

كۆز بەرگىلىرىدەك خازان بولدى، ساقىلىم شۇڭقار پېيىدەك چارلىنىپ كەتتى. مەن ئەمدى ئاخىرەتلىكىم ئۈچۈن ئەتىكى تاييارلىقىمنى قىلىشىم كېرەك. ساڭا مۇنداق بىر ئۆكۈنۈش زارىنى مىسال قىلاي: «ئۆتۈپ كەتكەن ئۆمرۈمگە ئۆكۈنىمەن، يەنە قانچىلىك كۈنلىرىم قالغاندۇ؟! ئىسىت، يىگىتلىكىم ئەجەب زايە بولۇپ كەتتى، ئەمدى قالغان كۈنۈمنى زايە قىلىشىمغا بولمايدۇ.» بىلىملىك، زېرەك بىر كىشى ماڭا: «ئەتىكى ئىشقا بۈگۈن تەييارلىق قىل. بىخۇت يۈرمەي بۈگۈنكى ئىبادىتىڭنى بۈگۈن قىلساڭ، ئەتىكى ئىشىڭ ھازىرلانغان بولىدۇ» دېگەن. بۇ سۆزلەرگە ئەمەل قىلماي بولمايدۇ.

ئۇيىدەك يەپ-ئىچىپ لاغايلاپ يۈردۈم، ئەمدى ئۆزۈمنى ئاچ ۋە تەشنالىقتا تۇتاي. كۆپ نازۇنېمەتلەرنى يەپ تېنىمنى سەمرىتتىم، ئەمدى ئۆز ۋاقتىدا ئۇنى يادىتاي. تېنىمنىڭ ئۆز تىلىكىچە شۇنچە ھالاۋەتتە ياشىغىنى يېتەر، بۈگۈندىن باشلاپ ئاياغدا ئۆرە تۇرغۇزاي. بۇ تېنىم نۇرغۇن ئادەملەرنى ئۆزىگە دۈشمەن قىلدى، ئەمدى تەدبىر بىلەن ئۇلارنى خۇشال قىلاي. باشقىلارغا كۆپ تىل ۋە قول تەگكۈزدۈم، ئەمدى تىلىم ئۇ قىلمىشلىرىمنىڭ ئۆزرىسىنى ئېيتسۇن. شۇنچە ۋاقىتتىن بېرى ئىشىم باشقىلارنى ئەيىبلەش بولدى. ھەي ئەزىز، ئەمدى ئۆزۈمنى ئۆزۈم ئەيىبلەي. مەن ئىگەمدىن قېچىپ گۇناھقا پاتقان قاچقۇنمەن، ئەمدى تەۋبە قىلىپ ئۆزۈمگە قايتاي، ئىگەمدىن گۇناھلىرىم ئۈچۈن ئۆزرە سوراي. ئۆلۈم ياقامدىن ئالماستا تائەتىمنى قىلىۋالاي. ئۆلۈم تۇتسا تائەتتىن قۇرۇق قالىمەن. ئىلمى چوڭقۇر كىشى نەسىھەت قىلىپ نېمە دېگەنلىكىنى ئاڭلا، ئۇ: «ئۆلۈمدىن بۇرۇن ئۆزۈڭنى يىغ، ئۆلۈم ئۆكۈنۈشتىن باشقا پايدا بەرمەيدۇ، ئۆلۈمنى ئۇنتۇما، توۋۇڭغا ھازىرلان. بىخۇت بولما، ئۆلۈم كەلسە ياقاڭدىن ئالىدۇ. يىگىتلىك مەزگىلىڭدە ئىبادەت قىلىۋال، قېرىلىق بارلىق كۈچ-قۇدرىتىڭنى ئېلىپ كېتىدۇ.

تىرىكلىكىڭنى غەنىيمەت بىلىپ ئىبادەتكە ئالدىرا» دېگەن. مانا مەن ئۇ يەردىن چىقىپ ئالدىڭغا كەلدىم. سەن مېنىڭ مېھرىبان قېرىندىشىم، بۇ ئىشتا ياخشىراق ئويلىنىپ ماڭا توغرا مەسلىھەت بەرگىن. قانداق قىلسام بولىدىغانلىقىنى ماڭا ئېيتىپ يول كۆرسەتكىن.

ئودغۇرمىش ئۆگدۈلمىشنىڭ كېلىشىدىكى مۇددىئاسىنى تولۇق چۈشەندى. ئارقىدىن ئۇ ئۆز قاراشلىرىنى مۇنداق بايان قىلدى:

— ھەي دىلكەش قېرىندىشىم، سۆزۈمنى ئاڭلا، بۇ ياخشى نىيىتىڭ ئۈچۈن ئاللا تەۋپىق بېرىپ كۆزۈڭنى يورۇتسۇن، لېكىن بۇ ھەقتىكى بىلىم پەقەت بىر تۈرلۈكلا ئەمەس، بۇنىڭمۇ تۈرلۈك پۈتىقى بار، ئۇنىمۇ قىلىش كېرەك. ئۇلارنى مەن ساڭا ئېيتىپ بېرەي، مۇۋاپىق كۆرسەڭ ئەمەل قىلغايسەن.

ساڭا نىسبەتەن شەھەردە ئەلنىڭ ئىشى بىلەن بولۇش ياخشىراق، ماڭا نىسبەتەن بۇ يەردە ئىبادەتتە تۇرۇش ياخشىراق. چۈنكى ھازىر سېنىڭدىن ئەلگە كۆپ پايدا تېگىدۇ. ئۇلارنى بۇ پايدىدىن مەھرۇم قىلساڭ ئەيىبلەش ۋە قارغىشقا نىشان بولىسەن. ئىلىگ ئەل ئىچىدىكى ئورنۇڭنى ئۈستۈن قىلدى. نۇرغۇن ياخشىلىقلارنى قىلىپ ياخشى ئاتاققا ئېرىشىۋاتىسەن. خەلق راھەتكە ئېرىشتى، ئەل سائادەت تونىنى كىيىشتى. ئۇلارنىڭ تىلى ساڭا تىنىماي دۇئا قىلماقتا. ئەلگە نەپ بەرگەن ياراملىق كىشىلەرنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى ئاڭلا: «كىشىلەر ئارىسىدىكى ھەقىقىي ئادەم شۇكى، ئۇنىڭدىن ئەلگە مەنپەئەت تېگىدۇ، مەنپەئەتسىز ئادەمدىن كىشىلەر بىزار بولىدۇ. نەپلىك كىشىلەرنىڭ پايدىسى ئەلگە ھوزۇر بولىدۇ.» ئادەم نىيىتىنى ھەقىقىي دۇرۇس قىلسا، بۇ دۇنيادا قىلغان ئىشىمۇ كۆڭۈلدىكىدەك ئورۇندىلىدۇ. نىيىتى ياخشى كىشىگە ياخشىلىق كېلىدۇ، مەقسىتى ئورۇندالمىغان تەقدىردىمۇ، يەنىلا ساۋابقا ئىگە بولىدۇ. ئەمىنلىك ۋە قانۇن ئەل

خاتىرجەملىكىنى كاپالەتلەندۈرگەندىلا، ئىلىگ، ۋەتەن-خەلقىڭ سەندىن سۆيۈنىدۇ. ھازىر قانۇن-قائىدىلەر ياخشى يۈرگۈزۈلۈپ، يامانلارنىڭ ھىيلە-نەيرەڭلىرى ئەلدىن يوقالدى. ئۇ خاسىيەتلىك ئىشلارنى تاشلاپ قويۇپ بۇ يەرگە كەلسەڭ، ئىشلىرىڭ بۇزۇلۇپ پۇشايمانغا قالىسەن. تەرتىپكە سېلىنغان قانۇن-قائىدىلەرنىڭ ئورنىغا دەرمانىدىن كەتكەن، بۇزۇلغان ئەل تېگىشلىدۇ، سېنىڭ ئورنۇڭغىمۇ ئەسكىدىن بىرى كېلىپ ئولتۇرىدۇ، خەلقىڭنى زار قاقشىتىپ بىر دەممۇ ئاراملىق بەرمەيدۇ. ئۇ ئەسكىلەر ئىلىگنىمۇ يامان يولغا باشلايدۇ، ئەلدە يامانلارنىڭ ئىشلىرى ئىز باسىدۇ. ئاللا بۇنىڭ سورىقىنى سەندىن ئالىدۇ. شۇڭا، يامانلىق قىلماسلىق ۋە قانۇننى بۇزماسلىق كېرەك. يامانلارغا يول بەرگۈلۈك ئەمەس. كۆڭلى ياخشى بىرەيلەن نەسىھەت بولغىدەك بىر گەپ قىلغانىكەن: «يامانغا قېتىلما، قانۇننى بۇزما، يامانلىق قىلغۇچىغا يول قويما. ئۆزۈڭ ياخشىلىق قىل، قانۇننى ياخشى يولغا قوي، شۇندىلا ھەر ئىككى دۇنيادا يامانلىق كۆرمەيسەن.» بۇ تەۋسىيەنى ئۇنتۇما. ئاللا ساڭا قولۇڭدىن كېلىدىغان بارلىق ياخشىلىقلارنى قىلىشىڭ ئۈچۈن تەۋپىق بەردى، بۇ ياخشىلىقلىرىڭنى نېمە ئۈچۈن بۇزارسەن؟ ھەي كۆڭلى ئويغاق، بۇ ئىشىڭدىن ساڭا زىيان تېگىدۇ. سەن ئەلنىڭ مەنپەئىتىنى بۇزۇپ، ئۆزۈڭنىڭ مەنپەئىتىنىمۇ تاشلاپ، بۇ يەرگە كېلىپ نېمە ياخشىلىق كۈتەرسەن؟

ھەي ئەزىزىم، ماڭا بۇ يەر ياخشىراق دېگەن گېپىمنىڭ مەنىسىنى ساڭا چۈشەندۈرۈپ قوياي. مەن دۇنيا-دۆلەتكە ئېرىشىپ باقمىغان، ئارزۇ-ھەۋەسلەرگىمۇ كۆڭۈل بەرمىگەن، خەلق بىلەن ئارىلىشىپ باقمىغان. ئىش-ھەرىكەتلىرىمۇ بەگلەرگە لايىق كەلمەيدۇ. مەن دۇنيانىڭ مېلىنىمۇ كۆرمىدىم، ياخشى-يامان كىشىلەرنىڭ ھالىنىمۇ بىلمەيمەن. ئۆزۈمنىڭ ھالىمنى ئوبدان بىلىپ تۇرۇپ تائەتنى تاشلاپ ئۇ ياققا بارسام، تازىمۇ قاملاشمىغان ئىش بولاتتى. ئالتۇن-كۈمۈشنى كۆرمىگەن ئادەم بىر كۆرۈپلا

خۇلقىنى بۇزسا، مىڭ لەنەتكە قالىدۇ. دۇنيا كەزگەن خىتاي كارۋانلىرىدىن بىر سارتلار بېشىنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى ئاڭلا: «پېقىرلىقتا ئۆتكەن نامرات بېيىغاندىن كېيىن، ياخشى قىلىقلىرىنى تاشلايدۇ. كەمبەغەل بايلىققا ئېرىشىپ بېيىپ قالسا، دۇرۇسلۇق يولى ئۇنىڭدىن تېزلا كېتىپ قالىدۇ.» بەخت يۈزىنى كۆرمىگەن ئادەم بىردىنلا بەختلىك بولۇپ قالسا، قىلىقلىرى ئاينىپ ئەلگە ئاپەت بولىدۇ. بەگ بولمىغان ئادەم بەگلىك ئورنىغا چىقىپ قالسا، ئۇ خەلققە تىل ۋە قول تەگكۈزىدۇ. سەن ھازىر دۆلەت ۋە دۇنياغا تولۇق يەتتىڭ، كۆڭلۈڭنى تىنچىتىپ ئارزۇ-ھەۋەسلەردىن ساقلاندىڭ، كۆڭلۈڭمۇ توختىدى، كۆزۈڭمۇ تويدى. ئىلىگ بىلەن بىرگە ياخشى يولدا مېڭىۋاتىسەن. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاللا ساڭا بەرگەن پەزىلەتتۇر. ئۇ ساڭا بارچە ياخشىلىقلارنى ئاتا قىلىپ يۈزۈڭنى يورۇق قىلدى. مانا بۇ تائەتنىڭ بىر تۈرى.

ئەمدى يەنە بىر تۈرىنى ئېيتاي، سۆزنى ئادىمەتچىلىك بابىدىن ئىشىت. ئۇقۇشماسلىق بولۇۋاتامدۇ، نېمە پايدىنى كۆزلەپ بۇ ئىشنى قىلىش نىيىتىگە كېلىپ قالدىڭ؟ بىلسەڭ دۇنيادا ۋاپادار كىشىلەر ماختاشقا سازاۋەر بولغان كىشىلەردۇر. دۇنيادا قانۇن، نىزاملا بولىدىكەن، ئادىمەتچىلىككە ئادىمەتچىلىك قىلىش ئۇنىڭ بىر بەلگىسى. ئادەم ئادىمەتچىلىككە ئادىمەتچىلىك بىلەن جاۋاب قايتۇرىدۇ، بىر ياخشىلىققا ئون ياخشىلىق بىلەن جاۋاب بېرىدۇ. كىمنىڭ نەسلى دادىسىدىن تارتىپ پاك بولسا، ئۇنىڭدىن ئەلگە ياخشى نەپ تېگىدۇ. ئەگەر ئوغۇل ھارامدىن بولغان بولسا، ئۇنىڭدىن ئەلگە ئاپەت ياغىدۇ. سەن ئىلىگنىڭ ئۆزۈڭگە قىلغان ياخشىلىقلىرىغا نەزەر سېلىپ باق، سەن ئۇنىڭ نېمەتلىرىگە ۋە كىيىم-كېچەكلىرىگە ئېرىشتىڭ. ئىلىگ سەۋەبلىك پەزىلەتكە، بىلىمگە، ئەقىل-پاراسەتكە ئېرىشىشنىڭ دەرۋازىسىنى ئاچتىڭ، ئۇ سېنى نام-ئاتاق بىلەن ئۇلۇغ قىلدى، ياخشىلىق قىلىشنىڭ ئۈچۈن

يوللىرىڭنى ئوچۇق قىلدى. ھەي قەلبى ئويغاق، ئۇنىڭ ساڭا قىلغان ئەجرىنى ئۇنتۇدىڭمۇ، ئۇنىڭ جاۋابىنى قايتۇرۇش مەجبۇرىيىتىڭ بارغۇ؟! گېپىم قوپاللىراق بولۇپ كەتتى، خاپا بولۇپ رەنجىمە، كۆڭلۈڭنى بۇزما. توغرا سۆز كۆڭۈلگە قوپال، ئاچچىق تېگىدۇ، ئۇنى قوبۇل قىلالىسا پايدىسى تاتلىق بولىدۇ، شۇڭا تېرىككۈلۈك ئەمەس. بۇ سۆزۈمگە ئوخشاپ كېتىدىغان مۇنداق بىر سۆز بار: «دۇرۇس سۆز كۆڭۈلگە ئاچچىق، يىرىك تېگىدۇ. تاڭنا نەپ بېرىپ سېنى خۇشال قىلىدۇ. يىرىك بولسىمۇ قېنى شۇ توغرا سۆز؟!» داداڭ سەن بالا چاغدىلا ئۆلۈپ كەتكەن، ئۇ چاغدا تېخى ئىلىم-پەزىلەت تېپىپ يۇزۇڭ يورۇمىغان ئىدى، بىلىمسىز، نادان بالا ئىدىڭ. ئىلىگ سېنى ئۆز تەربىيىسىگە ئېلىپ ئۆستۈردى، بەخت بىلەن يۆلىدى، شۇنىڭ بىلەن ئادەملەر قاتارىغا قوشۇلدۇڭ. ئات-ئايغىر، يەر-سۇ، ھەم قول-كېنىزەكلەرىڭنىڭ ھەممىسى ئىلىگنىڭ ساڭا دۆلەت ئىشىكىنى ئاچقانلىقىدىن تەگدى. يېتەرلىك نېمەتكە، كۆپ ياخشىلىقلارغا ئېرىشتىڭ، نامىڭ ئەلگە يېيىلىپ مەشھۇر بولدۇڭ. ئەمدى ئەكسىچە يول تۇتۇپ، دۇشمەندەك يۈز ئۆرۈسەڭ يارىشامدۇ؟ ئىلىگكە تازا ئەسقاتىدىغان چېغىڭدا ئۇ يەردىن چىقىپ ئۆزۈڭنى چەتكە ئالساڭ، ئۇنىڭ دىلى رەنجىمەمدۇ؟ ئىلىگنىڭ ساڭا قىلغان شۇنچە كۆپ ئەجرى ئۈچۈن قايتۇرىدىغان جاۋابىڭ شۇمۇ؟ ئادەمنىڭ ياخشىلىرى شۇنداق دېگەنكى: «ھەقىقىي، چىن كىشىنىڭ بەلگىسى ئادىمەتچىلىكتۇر. ھەي يىگىت، ئادىمەتچىلىك بىلەن ئۇلۇغ بول، كىشىلەر ئادىمىيلىك يولىنى شۇنداق ئاچىدۇ. ئادەمگە ئادىمەتچىلىك قىلىش بىلەن ئادەم بول، ئۆزۈڭگە ئادىمىيلىك نامىنى ئال.» ھەي ئۆگدۈلمىش، كىشىلەر سېنى كۆرگەندە ماختاپ ئالقىشلىسۇن، ئەل ئارىسىدا «ۋاپادار» دېگەن نامنى ئال.

ياخشىلىققا ياخشىلىق بىلەن جاۋاب قايتۇرالايدىغان كىشى ئادەملەرنىڭ ياخشىسىدۇر. ئۇ خەلقنىڭ سەرخىلى، كىشىلەرنىڭ

تونۇلغىنىدۇر. سەن ئېلىگكە جان-تېنىڭنى تەسەددۇق قىلساڭ بولىدۇ. ئۇخلاپ ياتماي ئۇنىڭ مېھنىتى ئۈچۈن كېچە-كۈندۈز شۇنداق جاۋاب قىلساڭ، ساڭىمۇ ئاللا ياخشى جاۋاب قايتۇرغۇسى. يېقىنلىق ۋە كۆيۈمچانلىق بىلەن ئادىمەتچىلىك قىلىدىغان كىشىلەر شۇنداق ئېيتقان: «كىمنىڭ ئېشىنى يېگەن بولساڭ ئۇنىڭ ئىشىنى قىل، ئېشىنى ھاللاپ مېھرىبانلىقنى ئاشۇر. ھەقىقىي ئەركەك دېگەن ئاش-تۇزنىڭ ھەققى ئۈچۈن جېنىنى پىدا قىلىدۇ.» سەن ياخشى يول تۇتۇپ مەقسىتىڭگە يەتتىڭ، ئەمدى ياخشىلىقلىرىڭ بىلەن ئۇنىڭغا ئەسقات. يىپەك تون، تاۋار-دۇردۇنلار بىلەن ھەسەتخورلارنىڭ كۆزىنى قاماشتۇردۇڭ. ئەمدى ئېلىگ ئۈچۈن ياخشى نام قازان، دۈشمەنلىرىڭ بۇنى كۆرۈپ قان يۇتسۇن، ياتلار بويۇن ئەگسۇن. تىنچ-ئاسايىشلىقتا مىڭلىغان ئارزۇ-نېمەتكە يەتتىڭ، بويۇن-كۆكسۈڭنى بۇقىنىڭكىدەك قىلدىڭ، بۇ كۈچۈڭنى ئېلىگنىڭ ئىشى ئۈچۈن سەرپ قىل. ئۇنىڭ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشى ئۈچۈن ياخشى دۇئالار ياغدۇر. مال-دۇنيا توپلاپ باي بولدۇڭ، يۈگۈرۈك ئارغىماقلارنى، ساپ نەسىللىك ئاتلارنى مىندىڭ، بۇلارنى ئېلىگ ئىشلىرىغا تەسەددۇق قىل. ئۇ تىلەكلىرىنى تېپىپ يۈزىنى يورۇق قىلسۇن، خاتىرجەملىك بىلەن تەختتە ئولتۇرسۇن، دۈشمەنلىرى يىراقتىن كېلىپ باش ئۇرسۇن. ئېلىگ قولۇڭنى ئۇزۇن، گېپىڭنى ئۆتىدىغان قىلدى. ياخشى كۆرىدىغانلارمۇ، يامان كۆز بىلەن قارايدىغانلارمۇ ساڭا ھەۋەس بىلەن قاراشماقتا. ھەي قېرىندىشىم، ئەمدى كۆپرەك دۇئا قىل. ئۆمرۈڭ ئۇزۇن بولۇپ، دۆلەت ساڭا يار بولسۇن. ئادەملەرنىڭ ئېسىلى ئەنە شۇنداق ياخشىلىق بىلەن ياشاپ، مەڭگۈلۈك نام قالدۇرىدۇ. بۇنى بىلىشكە ئەرەبلەرنىڭ مۇنۇ سۆزى بەك ياخشى يول ئاچىدۇ: «قارا، كىشىنىڭ ئەسلى تەبىئىتىگە قىلىۋاتقان ھەرىكىتى گۇۋاھتۇر. ئىش-ھەرىكىتى قانداق بولسا ئەسلى تەبىئىتى شۇنداقتۇر. كىمنىڭ ئەسلى تەبىئىتى ئېسىل بولسا

ئىش-ھەرىكىتىمۇ ئۆز بولىدۇ. تەبىئىتىنىڭ ئەسكىلىكىگە دەل ئۇنىڭ قىلىقى گۇۋاھتۇر.»

ھەي ئىبسىل خۇيلۇق قىرىندىشىم، ئىلىگ خۇي-پەيلىنى ئۆزگەرتىپ قالسا، ئۇنىڭغا بىلىمدىن مەسلىھەت بېرىپ ئاداشقان يولىدىن ياندۇر. ھەممە ياخشىلىقلارغا ئىلىگ باشچىلىق قىلىۋاتىدۇ. بۇ ياخشىلىقلارنى قويۇپ، ئۆزۈڭنى چەتتە قالدۇرما.

ماڭا ئىشىنىپ مەسلىھەت سالدىڭ، مەن ئۆزۈمنىڭ بىلىدىغانلىرىمنى ئېيتتىم. مېنىڭ دېگەنلىرىم بىلەن ئۆزۈڭنىڭ بىلىدىغانلىرىڭنى سىلىشتۇرۇپ كۆرسەڭ، قانداق قىلىشنىڭ لازىملىقى ئايدىڭ بولىدۇ.

ئۆگدۈلمىش ئودغۇرمىشنىڭ بەرگەن دانا مەسلىھەتلىرىدىن ئىنتايىن سۆيۈنۈپ كەتتى ۋە مۇنداق دېدى:

— ئادەملەرگە باش بولغۇچى مانا شۇنداق بولسا بولىدۇ. بۇ سۆزلىرىڭ بىلەن ماڭا تولىمۇ خاسىيەتلىك كېچەش بەردىڭ، كۆڭلۈمدىكى تۇگۈنلەرنى يېشىۋەتتىڭ. بۇ سۆزلەر ماڭا ئانچە روشەن ئەمەس ئىدى، سۆزلىرىڭ بىلەن بۇ پەردىنى كۆتۈرۈۋەتتىڭ. مەن ئەمدى بۇ نىيىتىمدىن ياندىم. ئاللا ماڭا ئارقا تىرەك بولۇپ بەرسۇن. ئاللا دىلىمنىڭ دۇرۇس، ئىش-ھەرىكىتىمنىڭ توغرا بولۇشىنى ھىمايە قىلغاي. مېنى ئۇنتۇما، دۇئا بىلەن ماڭا مەدەت بېرىپ تۇرۇشنى ساڭا تاپشۇردۇم.

ئۆگدۈلمىش سۆزىنى تۈگىتىپ، قايتىش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇردى. ئۇ ئودغۇرمىش بىلەن خوشلىشىپ، ئېتىغا مىنىپ ئۆزئۆيىگە قايتىپ كەتتى.

*　*　*

ئۆگدۈلمىش ئودغۇرمىشنىڭ قېشىدىن قايتىپ كېلىپ ئۆيىگە كىردى. غەزىلىنىپ بولۇپ دېمىنى ئېلىپ بىرئاز ئولتۇردى.

پەلەك قارا چىچمنى يۈزىگە چۈشۈرۈپ جامالىنى ياپتى، قارا تونىنى كىيىپ بېلىنى باغلىدى. قۇياش ئۆرۈمە چىچمنى چۇۋۇدى بولغاي، دۇنيا قوينى قارا قاما ۋە قۇندۇز تۈسىگە كىردى. ئۆگدۈلمىش بىر ئاز تىنچلىنىپ تۆشەك سالدۇرۇپ ياتتى. راھەتلىنىپ شىرىن ئۇيقۇغا كەتتى.

ئۇ ئويغىنىپ بېشىنى كۆتۈرۈپ، ئاسماننىڭ قىز كۆلگەندەك ئاپپاق چىشىنى كۆرسەتكەنلىكىنى كۆردى. قۇياش يەردىن بېشىنى كۆتۈرۈپ قايتىدىن يۈزىنى ئاچتى. جاھاننىڭ ھەممە تەرىپى ئاق قۇ رەڭگىگە كىردى. ئۆگدۈلمىش ئالدىراپ ئورنىدىن قوپۇپ تەرەت ئېلىپ ناماز ئوقۇدى. ناشتا قىلىپ بولۇپ ئېتىنى مىنىپ يەنە ئوردىغا باردى. ئېتىدىن چۈشۈپ ئۇدۇل ئىلىگنىڭ قېشىغا كىردى.

ئىلىگ ئۆگدۈلمىش بىلەن سالاملىشىپ بولۇپ، ئودغۇرمىشنى سورىدى:

— ئۇ كامىل ئىنسان ئامان-ئېسەنمىكەن، — دېدى ئۇ، — ئۇ نېمە دېدى، مېنى دۇئادا ئەسلەپ تۇرۇپتىمۇ؟ دۇئا بىلەن ئاللا كىشىنى بالا-قازادىن ئامان قىلىدۇ. ئىنسان دۇئا بىلەن ياخشىلىققا ئېرىشىدۇ ھەم مەڭگۈلۈك جەننەتكە يېتىدۇ. جاھاندا ئېزگۈ دۇئا بولمىغاندا ئىدى، بۇ ئەسكى يەر ھالاكەت ئوردىسىغا ئايلانغان بولاتتى.

— ئالىيلىرى، ئۇ بىلىمگە مۇناسىپ دۇرۇس سۆزلەرنى قىلدى، — دېدى ئۆگدۈلمىش جاۋابەن، — ئۇ قاياشىم يالغۇزلۇقتا بىزنىڭ غېمىمىزنى يەپ دۇئا بىلەن مەشغۇل ئىكەن. بىزدىنمۇ غاپىل ئىنسان نەدە بار، بىز گۇناھقا پاتىمىز، ئۇ بىز ئۈچۈن دۇئا قىلىدۇ. ئۇ كۆيۈمچانلىق بىلەن دىل رىشتىسىنى باغلاپ، ئالىيلىرىنىڭ نامىنى تىلىدىن چۈشۈرمەيدىكەن. ئۇنىڭدىنمۇ كۆيۈمچان كىم بار، ئۆزىنىڭ قايغۇسىنى قويۇپ، بىزنىڭ غېمىمىزنى يەۋاتقان؟ ۋاقتىمىز زايە بولۇپ تائەتكە چولىمىز

تەگمىدى، بىزدىنمۇ غاپىلراق يەنە كىم بار؟ نازۇنېمەتلەر بىلەن تېنىمىزنى سەمرىتىپ، پاراغەتتە ئاۋۇنۇپ ياتماقتىمىز. تېنىمىز ئۆلۈپ قۇرت-قوڭغۇزلارغا يەم بولىدۇ. جان چىقىۋاتقاندا پۇشايماندا پايدا يوق. ئاقىللار دەيدۇكى: «تېنىڭنى سەمرىتىسەڭ قۇرت-يىلانلارغا پايدا، ئۆزۈڭنى قانچىلىك سۆيۈندۈرسەڭمۇ بەرىبىر ئۆتكۈنچى مېھمانسەن. تىرىكلىكىڭ چۈشتەكلا ئۆتۈپ كېتىدۇ. ھاياتلىق دەرىخىڭنىڭ قۇرۇۋاتقانلىقىغا ئۆتۈۋاتقان كۈنلەر گۇۋاھ ئەمەسمۇ؟» مانا بۇ سۆزگە ئەمەل قىلىشنىڭ ئۆزى كۇپايە.

— ئەي ئاقىل، — دېدى ئۆز جاۋابىدا ئىلىگ، — ئۆزىنى قانداق تۇتۇپ، قانداق كۆزەتكۈلۈك؟ ماڭا سەندىنمۇ ئارتۇق جان قاقىدىغان كىشى يوق. ساڭا مەن ھەقىقىي ئىشەنچىم بىلەن قايىلمەن. ئىشلىرىمنىڭ ھەممىسى سىرتتا، مەن بولسام ئىشلاردىن بىخەۋەر غاپىللىقتا ئۆيدە ياتىمەن. شۇڭا سەن كۆزۈم بولۇپ كۆرگىن، قۇلىقىم بولۇپ ئاڭلىغىن. قانداق تەڭسىزلىك، ناھەقچىلىقنى بايقىساڭ ماڭا قاراپ تۇرماي دەرھال تۈزەتكىن. ياردىمىم لازىم بولۇپ قالسا ماڭا ئېيت، ئامالىنى قىلاي. ئەسكەرلەر بىلەن ئوردا خادىملىرى ئىتتىپاق ئۆتسۇن. بىرەر ئىش سادىر بولۇپ قالسا، مېنى مالال قىلماي رازىلىقىم بىلەن ئۆزۈڭ بېجىرىۋەرگىن. زالىملار خەلقتىن قولىنى تارتسۇن، خەلقىم بېيىسۇن، ئېلىم قۇدرەت تاپسۇن، مەن ئۇنىڭ شۈكۈرىنى قىلاي.

— ھەي ئالىيجاناب بېگىم، خۇدا ساڭا تەۋپىق ئاتا قىلسۇن، — دېدى ئۆگدۈلمىش، — مەقسىتىممۇ، ماڭا كېرىكىمۇ شۇ ئىدى. تەڭرىم توغرا، ياخشى يول بەرسۇن. مەن ئۆزۈمنى سېنىڭ مۇقەددەس ئىشلىرىڭغا پىدا قىلاي. سەن خاتىرجەم بولغىن، بەخت ئىچىدە راھەتتە ياشىغىن. بارلىق مۇشەققەت ۋە باش ئاغرىقىنى مەن كۆتۈرەي. بىراق سەندىن كۈتىدىغان بىرلا ھاجىتىم بار. ھاجىتىمنى قوبۇل كۆرۈپ، كۆڭلۈمنى روشەن قىلىشىڭنى سورايمەن. ئۆزۈڭمۇ بىلىسەن، بەگلەر كىمنى ئۆزىگە يېقىن

تۇتسا، باشقىلار شۇنىڭ پېيىدىلا بولىدۇ. سەن مېنى ئۆزۈڭگە قانچىلىك يېقىن كۆرگىنىڭ بىلەن، چېقىمچى مېنى چېقىپ كىرسە يەنىلا تەرىڭنى بۇزسەن. تۇڭا ئالىپ ئەر بىلىپ مۇنداق پەندنى بەرگەن: «ئادەمنىڭ كۆڭلى بىر گۆش، ئۇنى بەك ئاسرىمىسا سېسىپ بۇزۇلىدۇ.» چېقىمچىلىقنى ھەر قانچە ياقتۇرمايدىغان ياخشى ئەرمۇ چېقىمچى ئارىغا قىستۇرۇلسا دەرھال ئۆزگىرىدۇ. ھەر قانچە ئەقىللىق، سەگەك بەگمۇ چېقىمچىغا يېقىن بولسا زەرەر يېتىدۇ. كۆڭۈل دېگەن بەگ، ۋۇجۇد دېگەن ئەسىر-قۇل. ئۇ بەزى سۆزدىن سوۋۇسا، بەزى سۆزدىن ئىسسىيدۇ. كىشىنىڭ تەبىئىتىدىكى تۆت تادۇ تامامەن بىر-بىرىگە قارىمۇقارشى. بىرى شاد قىلسا، بىرى جېدەل-غەليان كۆتۈرىدۇ، بىرى ئۆچەدۇرسە، بىرى ئېغىر بېسىقلىقنى خالايدۇ، بىرى كۈلدۈرسە، يەنە بىرى يىغلىتىدۇ. خۇشاللىق دېگەندە خاپىلىق كەلتۈرىدۇ، خاپىلىق دېگەندە شادلىقتىن كۈلدۈرىدۇ. ھەي قۇتلۇق خان، مەن شۇنىڭدىن خەۋپسىرەيمەنكى، ئادەملەرنىڭ ئىتى — چېقىمچى. بۇ ئىتلار چىشلەپ تارتسا، يەنىلا كۆڭلۈك ئېغىپ، تەرىڭنى تۇرۇپ ماڭا سوغۇق باقىسەن، قىلغان ئەجرىممۇ بىكار بولىدۇ. سەندىن ئۆتۈنۈشۈم شۇكى، مېنى كىم ساڭا چېقىشتۇرۇپ كىرسە، ئالدى بىلەن ئۆزۈمگە ئېيتقىن، سوراپ تېگى-تەكتىگىچە سۈرۈشتۈرگىن. قانداق ئەھۋالنى بايقىساڭ شۇنىڭغا ئاساسەن چارە كۆر. كىم چېقىپ كىرسە سۆزىنى ئاڭلا، سۆزىنىڭ تېگىنى، ئاساسىنى سۈرۈشتۈرۈپ، راست-يالغانلىقىنى ئايرىغىن. بۇ ھەقتە بۇرۇنقى كىشىلەر بەك توغرا ئېيتقان ئىكەن: «باشقىلار دېگەن سۆزنى ئاڭلاپ قوي، لېكىن كۆڭلۈڭدىن ئورۇن بەرمە.» يەنە بىرى بۇنىڭدىنمۇ ياخشىراق ئېيتقان: «دېيىلگەن سۆزنى تولۇق ئاڭلا، لازىملىقىنى قوبۇل قىل، كېرەكسىزىنى چۆرۈۋەت. گەپنى ئاڭلا، لېكىن راست-يالغىنىنى تەكشۈر. راستىنى قوبۇل قىل، يالغانچىنى جازالا.» يۇقىرىقى سۆزلەرگە ئەمەل قىلغۇلۇق،

يالغانچىلار بىلەن دۇنيا بۇزۇلىدۇ، ھەقىقىي دۇرۇس، چىن كىشىلەرنى تاللا.

— ئۆگدۈلمىش، خاتىرجەم بول، تىلەكلىرىڭنى كۆڭۈلدىكىدەك بەجا كەلتۈرىمەن، — دەپ ئىپادە بىلدۈردى ئىلىگ، — ھەممىگە قادىر ئاللا ساڭا ئادىمىيلىكنى ئاتا قىلدى، قەلبىڭ پاك، تىلىڭ توغرا، ئىش-ھەرىكەتلىرىڭمۇ نۇقسانسىز. ياخشى خۇي ساڭا ئاق سۈت بىلەن كىرگەن، يەنە سەندىن قانداقمۇ يامانلىق سادىر بولسۇن؟ سېنى ماڭا چېقىپ كىرگۈچىلەر مەن ئۈچۈن ئەڭ ئەشەددىي دۈشمەندۇر. ئۇنداقلار قانچىلىك كاپىشسۇن مەن قاچان ئۇلارنىڭ گېپىگە قۇلاق سالغان؟ ياخشى-يامانىنى توغرا پەرقلەندۈرەلمىگەن ئادەم قانداقمۇ ئەلنىڭ ئۇلۇغى بولالايدۇ؟! بەگنىڭ ئەقلى تۈز بىلەن ئەگرىنى پەرق ئېتەلمىسە قانداقمۇ ئەلنى باشلاپ توغرا ماڭالايدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن ئادەمنى يەنە سىناپ يۈرسە كەلگۈسىدە ئەلنى قانداق باشقۇرالايدۇ؟ قانۇن چىقارغۇچى ھەق بىلەن ناھەقنى ئېنىق ئايرىمىسا، مەقسەتكە قانداق يېتەلەيدۇ؟ ئاللا سېنى ھەقىقەتەن مەن ئۈچۈن ياراتقان ئىكەن. سەن ئارقىلىق بارلىق مۈشكۈل تۈگۈنلەر يېشىلدى، ماڭا ھەقىقىي ساداقەتمەنلىك بىلەن خىزمەت قىلدىڭ. ساڭا بەرگەن ئاش-تۇزۇمنىڭ ھەققىنى تولۇق ئادا قىلدىڭ. ئەمدى مەندىن كۆرسەتكەن تۆھپىلىرىڭ ئۈچۈن ياخشى ئىنئاملار قايتىشى كېرەك. بۇ مۇكاپاتلىرىم تىرىكلىك ئۈچۈن لازىم بولىدۇ. دۇرۇسلۇق بىلەن داڭق قازانغان بىر كىشى: «كىشىلەرگە شۇ ئادەمنىڭ ئەقىدىسىگە مۇناسىپ ئادىمەتچىلىك قىلغۇچى — ئادەملەرنىڭ ياخشىسى ھەم سەرخىلىدۇر. كىشىلەرگە ئادىمەتچىلىكگە يارىشا ئادىمەتچىلىك قايتۇر. ‹كىشى› دېگەن نام ئاشۇنداق ئادىمەتچىلىك ئۈچۈن ئاتا قىلىنغان» دېگەن.

— ئالىيلىرى، ئەلگە ئىلىم-بىلىم بىلەن ھۆكۈمرانلىق قىلىپ، ھەر زامان مەقسەت-نىشانىڭ قانسۇن. ھۇزۇر ساڭا يار

بولسۇن، خۇدا ئىككى دۇنيادا ياخشىلىقنى نېسىپ قىلسۇن. دەۋر سېنىڭ ئىختىيارىڭ بويىچە يۈرسۇن، پەلەك چاقى سېنىڭ بېشىڭدا ئايلانسۇن. ھەي قەلبى پاك، كەمتەر مىجەزلىك، يېتىلگەن بېگىم، ئامان-ئېسەنلىكتە ياشا، ھاياتىڭ قۇتلۇق بولسۇن. سەن ماڭا كۆپ ياخشىلىقلارنى قىلدىڭ. يېمەك-ئىچمەككە، قەدىر-قىممەتكە ۋە بايلىققا ئېرىشتۈردۈڭ. مەن خىزمىتىڭگە بىلىمنى مەھكەم باغلىدىم، ئاللادىن توۋپىق بېرىشنى تىلەيمەن.

ئۆگدۈلمىش يۇقىرىقى قۇتلۇق تىلەكلەردىن كېيىن، ئىلىگكە يەنە مۇنداق تەۋسىيەلەرنى قىلدى:

— ھەي قۇتلۇق بەگ، ئاللا شۆھرىتىڭنى ئالەمگە يايدى. ئاللا بەرگەن بەخت ھەققىگە نامىڭنى ياخشى قىل. بەختكە نائىل بولغانىكەنسەن، كۆڭلۈڭنى دۇرۇس تۇت. بەگلىك سەلتەنىتىنى كامالىغا يەتكۈزمەن دەيدىكەنسەن، مۇنۇ تۆت ئىشنى نەزىرىڭدىن ساقىت قىلما. بىرى، تىل توغرا، لەۋز ئىشەنچلىك بولسۇن. ئىككىنچى، قانۇن ئەلگە بەخت كەلتۈرسۇن. ئۈچىنچى، ئىلىگ قولى ئوچۇق، سېخىي بولۇپ، خەلققە مېھرىبانلىقىنى يەتكۈزسۇن. تۆتىنچى، باتۇر، جاسارەتلىك بولۇپ، دۈشمەنىنىڭ بويىنىنى ئېگىپ، ئىشلىرىنى يۈرۈشتۈرسۇن. قايسى بەگ يۇقىرىقى تۆت ئىشنى تولۇق بەجا كەلتۈرمىسە، ئەل ئىختىلاپتا بۆلۈنۈپ، خاراب ھالغا چۈشىدۇ. مانا بۇ دۆلەت تەرەققىياتىنىڭ يىلتىزى ۋە ياخشى بەگلەرنىڭ ئىش-ھەرىكىتىنىڭ روشەن ئىزى. شۇ ئىزدا مېڭىپ، يولۇڭنى بۇزما. سەندىن بۇرۇنقى بەگلەرمۇ شۇ يولدا ماڭغان. قايسى بەگ بۇ يولنىڭ تەتۈرىچە ماڭىدىكەن، ئىشلىرى ئوڭغا تارتمايدۇ، بەگلىكنى ۋەيران قىلىدۇ.

— مەن يەنە قەدىرلەشكە تېگىشلىك مۇنداق ئۈچ تۈرلۈك ئادەمنى ئېيتىپ بېرەي، — دېدى ئۆگدۈلمىش سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — زېھىن قويۇپ ئاڭلا، بىرىنچىسى، چەبدەس، چوڭ يۈرەك مەرگەن ئەر. ئۇ يارىغى بىلەن ئەلگە تونۇلۇپ پايدا

كەلتۈرىدۇ. ئىككىنچىسى، دانا، بىلىملىك ھاكىم بەگ. ئۇ كېڭەشكە يارايدۇ، ئىشنى جايىدا ئورۇنلايدۇ. ئۈچىنچىسى، زېرەك، ئۆز خەت پۈتەلەيدىغان پۈتۈكچى. ئۇ كىرىم-چىقىم ھېسابىنى ئوبدان قىلسا خەزىنە توشىدۇ. سەن بۇ ئۈچ خىل كىشىنى ياخشى تاللاپ، پەرقلىق مۇئامىلىدە بول. قەدىر-قىممىتىنى قىلىپ، تۆھپىسىگە مۇناسىپ ئىنئام بەر. شۇنداق قىلساڭ ئىشلىرىڭ تەدرىجىي يۈكسىلىدۇ، زېمىنىڭ كېڭىيىپ، ئېلىڭ زورىيىدۇ، نامىڭ ياخشى بولۇپ، شۆھرىتىڭ ئاشىدۇ، جاھان خەلقى دىدارىڭنى كۆرۈش تەقەززاسىدا بولىدۇ. كىشىلەرنىڭ بىلىمدارى: ئادەم ئۆلسىمۇ ياخشى نامى ئۆلمەيدۇ، دەپ ئەجەب ياخشى ئېيتقان. ئۆزى ئۆلسىمۇ ياخشى ئاتاققا ئېرىشىپ مەڭگۈلۈك نام قالدۇرۇش نېمىدېگەن ياخشى! قۇتلۇق نامغا مۇيەسسەر بولۇپ ئۆلۈپ كەتكەن ئادەم گەرچە قارا يەر قېتىدا چىرىپ ياتسىمۇ، ئۇنى تىرىك ھېسابلاش كېرەك. شۇڭا، تىرىك بولۇشنى ئۈمىد قىلماي، نامىنىڭ ياخشى بولۇشنى تىلىگۈلۈك. نامىڭ ياخشى بولسا شادلىقتا ياشاۋاتىمەن دەۋەر. سەن بىلىملىك، ئاقىل بولىدىغان بولساڭ، ھاياتىڭ نېمىلىكى، ياخشىلىقنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى ماڭا ئايرىپ بەرگىن. ھەقىقىي ياخشىلىق دېگەن چىنلىق ۋە توغرىلىقتۇر. ھاياتلىق دېمەك ياخشىلىق دېمەكتۇر. كىم ياخشى ئەمەللەر بىلەن ياشىغان بولسا تىرىك ھېسابلاندى، كىم يامان ئەمەللەر بىلەن ياشىغان بولسا تىرىك بولسىمۇ ئۆلۈك سانالدى. دۇنيا ئۆتۈپ كېتىدۇ، ياخشى ئەمەل مەڭگۈ ئۆچمەيدۇ. جاھان ياخشى ئەمەللەر بىلەن يورۇيدۇ. سەندىن بۇ بىۋاپا دۇنيا يۈز ئۆرۈگەن تەقدىردىمۇ قىلغان ياخشىلىقلىرىڭ ساڭا مەڭگۈ قولداش بولىدۇ. ھەي ئىلىگ، بۇ دۇنيا بىلەن مەغرۇرلانما، ئەقلىڭنى يۈگۈرت، ئۇ ۋاپا قىلمايدۇ. بۇ دۇنيانىڭ ئىشلىرى ئويۇنغا ئوخشايدۇ. ئۇنىڭدىن ئايىغىنى تىلىسەڭ، بېشىنى بېرىدۇ. ئويۇننى قوغلاشماي، سەگەك بول. ئويۇنغا

بىرلىسەڭ بوينۇڭ باغلىنىپ قالىدۇ. قاراپ باقساڭ كىتابقا ناھايىتى ياخشى پۈتۈلگەن: «دۇنيانىڭ ئىشلىرى ئويۇن، يەنە ئويۇن. بۇ ئويۇنغا بېرىلىۋېرىشنىڭ نېمە مەنىسى.»

ھەي ھوشيار كىشى، بۇ سۆزلەرنى يادىڭدىن چىقارما. ئاللانىڭ ئەمرى بويىچە بەندىلىكىڭنى ئادا قىل. ئۇنداق قىلالمىساڭ بوينۇڭنى تۇتۇپ بەرسەڭ بولىدۇ.

ئالىيلىرى، بىلىدىغانلىرىم شۇ، ئىچىمدىكىنىڭ ھەممىسىنى ساڭا تاپشۇردۇم، سۆزلىرىمگە ئىشەنسەڭ ئەمەل قىل. ماڭا ئىشەنمەي ئەمەل قىلمىساڭ، مەن دېگەنلەرنى شۇبھىسىز كۆرىسەن.

— ئۆگدۈلمىش بۇ ئىشتا كۆڭلۈمنى دۇرۇس تۇتۇپ، ئاللادىن تەۋپىق تىلەيمەن، — دېدى ئىلىگ، — ئاللا تىلىگەنگە بېرىدۇ. ئەگەر ماڭا قاراڭغۇ تەرەپلەر بولسا يورۇتۇپ بەرگىن. قاتتىق تىرىشقىن، سىرتنىڭ ئىشلىرىغا ئۆزۈڭ مەسئۇل بول. سەگەك بولۇپ، كۆز-قۇلىقىڭنى بەك ئىتتىك قىل. كۈچۈڭنىڭ يېتىشىچە ئىشلە، ماڭا يۆلەنمە. يېتىشەلمەي قالغىنىڭدا مانا مەن ياردەملىشىمەن.

ئىلىگ سۆزىنى تۈگەتكەندىن كېيىن، ئۆگدۈلمىش ئورنىدىن تۇرۇپ سالام بەجا كەلتۈرۈپ ئوردىدىن چىقتى. ئۇ ئېتىنى مىنىپ ئۆيىگە كەلدى ۋە تونىنى يېشىپ ياتتى. ئەتىسى سەھەر يەنە سارايغا ماڭدى. ئاتتىن چۈشۈپ ئىچكىرىگە كىرىپ، ئۆزىنىڭ ئىشىغا چۈشۈپ كەتتى.

* * *

شۇنىڭدىن باشلاپ ئۆگدۈلمىش دۆلەت ئىشلىرىنى قاتتىق بېرىلىپ ئىشلىدى، ئارامۇ ئالماي نۇرغۇن ئىشلارنى قىلدى. جاھان تۈزىلىپ، ئەل خاتىرجەملىك تاپتى، ئىلىگمۇ خاتىرجەم بولۇپ شادلاندى، ئېلى قۇۋناق ھاياتقا چۆمۈپ، مەڭگۈ ئۆچمەس

نامی ئەل ئىچمدە يادلاندی.

قارا، ياخشی قانۇن نىمىدىگەن ئوبدان! دۆلەت قانۇن بىلەن مەزمۇت تۇرىدۇ. خەلقىنىڭ باشچىسى مانا شۇنداق بەگلەردىن بولسا، دۆلەت خەلقی شادلىققا چۆمىدۇ. خەلقىمۇ ئىتائەتمەن، هەرىكەتلىرى توغرا بولسا بەگلەرنىڭ كۆڭلىرى يورۇق بولىدۇ. بەگلەر ئاللا تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن يولباشچىلاردۇر. خەلق ياخشی بولسا بەگمۇ ياخشی بولىدۇ، خەلق ئەسكىلىك قىلسا بەگمۇ ئەسكىلىك قىلىدۇ. يامانلارغا يامانلىق بىلەن تەدبىر قىلغاندا، ئاندىن ئەسكىلەرنی تىنچىتقىلی بولىدۇ. خەلق ئىش-هەرىكەتلىرىنی ئوڭشىسا، بەگمۇ خۇيىنی ئۆزگەرتىدۇ. بەگلەر خۇيىنی تۇزەتكەندە ئەل تۇزىلىپ، قاراڭغۇلۇق سۇزۇلىدۇ.

*　　　*　　　*

شۇنىڭدىن باشلاپ خىلی كۈنلەر، ئايلار ۋە زامانلار ئۆتتی. دۇنيا گۈزەللىككە پۈركەندی، خەلق بېيىدی. ئەلدىن چاڭ-تۇمانلار كۆتۈرۈلدی. ئەلدىكی بارلىق بۇلغىنىشلار تازىلىنىپ، غۇباردىن پاكلاندی. ئىلىگ مىڭ قەترە شۈكۈر قىلدی، ئاللاغا كۆپ مەدهىيە بىلەن هەمدۇسانا ئېيتتی.

## ئونتۆز تۆتىنچى باب

# ئودغۇرمىشنىڭ كېسەل بولۇپ قېلىپ ئۆگدۈلمىشنى چاقىرتقانلىقى

ئۆگدۈلمىشنىڭ قېرىنداشى ئودغۇرمىش بىلەن سۆھبەتلىشىپ كەلگىنىگە خېلى كۈنلەر بولدى. بىر كۈنى كېچىدە ئۆگدۈلمىش ئەمدىلا باش قويۇپ ياتاي دەپ تۇرۇشىغا، دەرۋازا ئالدىدا بىرسىنىڭ ئۆزىنى ئۈنلۈك چاقىرغان ئاۋازى ئاڭلاندى. ئۆگدۈلمىش مۇلازىملاردىن بىرىنى «چىقىپ قاراپ باققىن» دەپ بۇيرۇدى.

مۇلازىم قايتىپ كىرىپ:

— ئىشىك ئالدىدا بىر يوچۇن كىشى تۇرىدۇ، مۇھىم گېپىم بار دەيدۇ. جانابلىرى بىلەن كۆرۈشمەن دەپ ئىجازەت سوراۋاتىدۇ، — دېدى.

— چىقىپ ئېنىق سورا، ئۆزى كىم ئىكەن، قەيەردىن كەپتۇ، قانداق مۇھىم گېپى بار ئىكەن، — دېدى ئۆگدۈلمىش.

مۇلازىم چىقىپ بۇ يوچۇن كىشىدىن نەدىن كەلگەنلىكىنى، ئۆزىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى، نېمە ئىش بىلەن كەلگەنلىكىنى سورىدى.

— مېنى ئودغۇرمىش ئەۋەتتى، ئۇنىڭ قېرىنداشى ئۆگدۈلمىش بىلەن كۆرۈشتۈرگىن، دەيدىغان مۇھىم سۆزى بار ئىكەن دېگىن، — دېدى يوچۇن ئادەم.

مۇلازىم قايتىپ كىرىپ يوچۇن ئادەمنىڭ كېلىشىدىكى مۇددىئاسىنى ئۆگدۈلمىشكە مەلۇم قىلدى.

ئۆگدۈلمىش دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ، خەۋەرچىنىڭ ئالدىغا

چىقتى ۋە ئۇنىڭ ئىچكىرى كىرىشىگە ئىجازەت بەردى. ئۇ ئادەم كىرىپ ئۈگدۈلمىشكە سالام قىلدى. ئۈگدۈلمىش:

— قېنى ئېيتقىن، نېمە ئىش، قەيەردىن كېلىشىڭ، مۇددىئايىڭ نېمە؟ — دەپ سورىدى.

— مېنى قېرىنداشىڭ ئودغۇرمىش ئەۋەتتى. سېنى كېلىپ ماڭا بىر يولۇقسۇن، دىدارلىشۋالاي دەيدۇ، — دېدى خەۋەرچى، — ئەھۋال ئېغىرراق، بېرىپ ئۇنىڭغا دىدارىڭنى كۆرسەتسەڭ.

— ئاۋۋال ئۆيگە كىر، ئازراق بىر نەرسە يېگىن، ئاندىن بىرگە بارايلى، — دېدى ئۈگدۈلمىش.

— جانابلىرى، قېرىنداشىڭنىڭ ئەھۋالى ناچار، كېتىپ قالىدىغاندەك تۇرىدۇ. مەن ئالدىڭدا بېرىپ تۇراي، سەن ئالدىرىماي ئارقىمدىن بارغىن، — دېدى ئۇ ۋە غىزالىنىشقا ئۇنىماي دەرھال قايتتى.

ئۈگدۈلمىش جىددىيلىشىپ قالدى، ئۇنىڭ دىلىنى قايغۇ چىرماپ، ھەسرەتتى ئۇلغايدى. ئۇ ھەدەپ قوللىرىنى ئۇۋۇلايتتى. تېخى بەك كېچە ئىدى. ئۇ بىر ئاز ياتاي دەپ بېشىنى قويدى، بىراق ئۇيقۇسى قاچقانىدى. بۇ كېچە ئۇنىڭغا بىر يىلدەك تۇيۇلۇپ كەتتى. كۆزىنى يۇمۇپ باقتى، كۆزىدىن ئۇيقۇ ئۇچۇپ كەتكەنىدى. ئۇ يەنە ئورنىدىن تۇرۇپ ھەسرەت بىلەن خېلى ئۇزۇن ئولتۇردى. خېلى ۋاقىت ئۆتكەندە تاڭ قىزىرىشقا باشلاپ ئوقياسىنى بەتلىدى. چىمەنزاردا بۇلبۇللار خۇش ئاۋاز بىلەن سايرىدى.

ئۈگدۈلمىش سەھەردىلا ئورنىدىن تۇرۇپ، ئېتىنى مىندى-دە، قېرىندىشى ئودغۇرمىشنىڭ قېشىغا كەلدى. ئۇ ئىشىكتىن كىرىپ ئودغۇرمىشنىڭ يۈز-كۆزلىرىگە سۆيۈپ كەتتى. كۆردىكى، قېرىندىشى ئودغۇرمىش جۇۋىسىنى تۆشەك قىلىپ، يېڭىنى تەكىيە قىلىپ، پۇت-قوللىرىنى ئۇزۇن سوزۇپ ياتاتتى.

— ھەي قېرىندىشىم، ساڭا نېمە بولدى؟! — دېدى

ئۆگدۈلمىش ئودغۇرمىشنىڭ قولىنى سۆيۈپ تۇرۇپ، — سېنى كۆرۈپ يۈرىكىم ئېچىشىۋاتىدۇ.

— جان قېرىندىشىم، يولۇم كۆرۈنۈپ قالدى، ئۆلۈم تۇتقاقلىقى تۇتتى، كېتىدىغان ئوخشايمەن، — دېدى ئودغۇرمىش، — دىدارىڭنى بىر كۆرۈۋالاي دەپ، سېنى چاپاغا سېلىپ بۇ يەرگە چاقىرتتىم.

— ھەي جېنىم، ئۇنداق بولمىغۇر گەپلەرنى ئېغىزىڭدىن چىقارما، يامان خىياللارنى كۆڭلۈڭگە كەلتۈرمە. ئادەم ھاياتلا بولىدىكەن كېسەلدىن خالىي بولالمايدۇ. كېسەل دېگەن كىشىنىڭ گۇناھىغا كاپارەت بولىدۇ. بۇ كېسەلنىڭ گۇناھىڭغا كاپارەت بولار. ئېيتىپ باققىنا، دۇنيادا گۇناھسىز كىم بار؟ ئادەم ئاغرىق تارتسا گۇناھىدىن ساقىت بولىدۇ، گۇناھىڭ ساقىت بولسا ئازابتىن قۇتۇلىسەن. ئادەم دېگەن ئازدۇر-كۆپتۇر گۇناھ سادىر قىلىپ قويىدۇ، جاھاندا گۇناھسىز كىشى بەك ئاز. كېسەللىكىڭمۇ ساقىيىپ كېتىدۇ، ياخشى بولۇپ كېتىسەن. گۇناھلىرىڭ ئېرىپ ساۋاب تاپىسەن. ھەي كۆڭلى تۈز قېرىندىشىم، نېمىشقا تىلىڭدىن ئادەمنى بىئارام قىلىدىغان يامان سۆزلەرنى چىقىرىسەن، ئۆزۈڭنىڭ ئۆلۈپ كېتىدىغانلىقىڭنى نەدىن بىلدىڭ؟ — دەپ تەسەللىي بەردى ئۆگدۈلمىش كۆڭلىدىكى ئازابنى زورىغا بېسىپ.

— رەببىم ئۆلۈمنى چۈشۈمدە زاھىر قىلدى، كۆرگەن چۈشۈمدە ئۆلۈمۈمنى ماڭا ئايان قىلدى. ئاللا ياخشىلىق ۋە يامانلىقنى، قازانى بىلدۈرمەكچى بولسا ئۇيقۇدا ياتقاندا بېشارەت بېرىدۇ، — دەپ جاۋاب بەردى ئودغۇرمىش.

ئۆگدۈلمىش جاۋابەن يەنە مۇنداق دېدى:

— بۇ گېپىڭ ئانچە ياخشى بولمىدى، ھەي كۆڭلى تۈز قېرىندىشىم، كىشىلەر كېسەل بولغاندىلا ئۆلۈپ كېتىدىغان بولسا، بۇ زېمىندا تىرىك ئادەم قالمىغان بولاتتى. ئىنسان بالىسى ھاياتلا بولىدىكەن كېسەللىك تارتىپ ئاغرىيدۇ. ئاغرىغانلارنىڭ

ھەممىسىنىڭ ھاياتلىق يىلتىزى ئۆلۈم بىلەن كېسىلمەيدۇ. ھەر قانداق ئادەم ئۇخلىسا چۈش كۆرىدۇ، چۈشنىڭ مەنىسىنى پەقەت چۈشكە تەبىر بەرگۈچىلەرلا ياخشى ئۆرۈيدۇ.

* * *

ئۆگدۈلمىش ئودغۇرمىشنىڭ كۆڭلىنى ئەمىن قىلىش ۋە ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىش ئۈچۈن ئودغۇرمىشقا چۈش ئىلمى ھەققىدە ئاجايىپ دانا بايانلارنى قىلدى.

— قېرىنداشىم، چۈش بىلىمىنى ياخشى بىلمەك، تەبىر بەرگەندىمۇ ئېھتىيات بىلەن توغرا مەنە بەرمەك لازىمدۇر، — دەپ سۆزىنى باشلىدى ئۆگدۈلمىش، — چۈش تەبىرى ھەر تۈرلۈك بولىدۇ. ئۇنىڭ ھەممە شەكىللىرىنى بىلگەندە ئاندىن چۈش توغرا تەبىرلىنىدۇ. چۈش ئىلمىدىن بىخەۋەر ئادەمگە چۈشنى ئۆرۈتمىگۈلۈك. چۈشنى تەبىرچىگە ئۆرۈت. كېچىدە چۈشنى كۆرمىگەن تۈزۈك. ئوبدان نەزەر سالسا، چۈش ئىلمىنىڭ شەرتى بەك كۆپ. ئالدى بىلەن بۇلارنى بىلىپ ئاندىن ئەقىل يۈگۈرتكۈلۈك. چۈشكە ئادەم ئۆز خىيالىچە تەبىر بېرىۋالسا بولمايدۇ، كۆرگەنلا ئادەمگىمۇ چۈشنى ئېيتىشقا بولمايدۇ. چۈشىدىم دەپ ھەممە چۈشنى ئۆرۈۋەرمەسلىك كېرەك. ئۆرۈمەكچى بولساڭ ئالدى بىلەن ئەقلىنى يۈگۈرتۈپ، قىياسەن مەنىسىنى چۈشىنىپ باققۇلۇق. چۈشنىڭ مەنىسى تەبىرگە باقىدۇ. تەبىرنى بىلمىگەندە چۈشنىڭ نېپى يوقىلىدۇ. ئاڭلا، بىلىمى دېڭىزدەك چوڭقۇر كىشىلەر دەيدۇكى: چۈشكە ياخشى تەبىر بەر، چۈش تەبىرگە باقىدۇ، ئەقىل بىلەن ئويلاپ تېگى-تەكتىنى ئوبدان ئىگىلە. چۈشنىڭ نېپى قانداق مەنىگە ئىتتەرسەڭ شۇنداق بولىدۇ. شۇڭا چۈشنى يامىنىغا تارتىپ ئۆرۈمە، بولمىسا ئۆزۈڭگە زىيان كەلتۈرىدۇ.

قارايدىغان بولساق، كېچىدە كۆرگەن چۈشنىڭ تەبىرى باشقا، كۈندۈزدە ئۇخلاپ كۆرگەن چۈشنىڭ تەبىرى يەنە باشقا بولىدۇ. بەزى چۈشلەر باركى، يېمەك-ئىچمەككە مۇناسىۋەتلىك. يارىمايدىغان يېمەكلىكلەرنى يېگەن بولسا چۈش قالايمىقان بولىدۇ. يەنە بىر قىسىم چۈشلەر پەسىلگە باقىدۇ. تادۇسى كۈچىيىپ كەتكەن بولسا چۈشمۇ شۇنىڭغا تارتىپ كېتىدۇ. ئەگەر يىل پەسلى باھار بولۇپ، چۈشكۈچى كىچىك بالا بولسا، چۈشىدە يەردىن تارتىپ ھەممە نەرسە قىزىل كۆرۈنگەن بولسا، روشەنكى، ئۇنىڭ قېنى كۈچىيىپ كەتكەنلىكىنىڭ ئالامىتىدۇر. ئۇنىڭغا ئېيتىش كېرەككى، مەلۇم مىقداردا قان ئالدۇرۇۋەتسۇن. يىل پەسلى ياز بولۇپ، چۈشكۈچى يىگىت چۈشىدە سېرىق، ھال رەڭ نەرسىلەرنى ۋە ئۇۋۇتۇۋېتىلگەن نەرسىلەرنى چۈشىگەن بولسا، سەپراسى كۈچەيگەنلىكىنىڭ ئالامىتىدۇر. ئۇ سۇرگە، تەرەنجۇبىل ئىچىپ ئۆزىنى بوشىتىشى لازىمدۇر. ئەگەر ئوتتۇرا ياش كىشىلەر كۈز مەۋسۇمىدە چۈشىدە تاغ، قۇدۇقتا ئوخشاش چوڭقۇرلۇقلارنى ۋە قارا نەرسىلەرنى كۆرگەن بولسا، ھەي قېرىنداش، بۇ ئۇلارنىڭ سەۋداسىنىڭ كۈچىيىپ كەتكەنلىكىنىڭ ئىپادىسىدۇر. ئۇلار دورا ئىچىپ مېڭىسىنى ساپلاشتۇرسۇن. قىش پەسلى بولۇپ، چۈشكۈچى قېرى بولسا، چۈشىدە ئاقار سۇ، مۇز، قار، مۆلدۈرگە ئوخشاش نەرسىلەرنى چۈشىگەن بولسا، ئۇنىڭ سوغۇقى ئېشىپ، بەلغىمى كۆپىيىپ كەتكەن بولىدۇ. ئۇلارنى ئىسسىقلىق قىلىپ، ئىسسىقلىق دورىلار بىلەن مىزاجىنى تەڭشەشكە بۇيرۇغۇلۇق.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا بىتەرتىپ، قالايمىقان چۈشلەرمۇ بولىدۇ. بۇنداق چۈشلەرنىڭ تەبىرى يوق. كېچىدە نېمىنى ئويلىنىپ يېتىپ شۇنى چۈشىگەن بولسىمۇ، ئۇنداق چۈشلەرگە تەبىر ماس كەلمەيدۇ. يەنە بىر قىسىم چۈشلەر شەيتان چۈشىدۇر. چۈشكۈچى شەيتان بىلەن بىرگە بولغان بولسا، غۇسلى قىلماقلىق لازىمدۇر. بەزىلەر چۈشىدە كەسىپ-ھۈنەرنى چۈشىگەن بولسا، بۇ

چۇشمۇ تەبىر تەلەپ قىلمايدۇ. مانا بۇلارنى بىلىش، ئەقىل يۇگۇرتۇپ توغرا پەرقلەندۇرگەندىن كېيىن، ئاندىن تەبىر بېرىش لازىم. تەبىرچى ھېكىملەر شۇڭا: چۇش كۆرگۇچى ئۆزى تەبىرىنى سورىسۇن. چۇشنى بىلىپ-بىلمەي تەبىر بەرمە. چۇش دېگەن قانداق تەبىرلەنسە شۇ ياققا تارتىپ كېتىدۇ. غەم-قايغۇ چۇشىسە، ئوڭىدا شادلىق كۆرىدۇ. شادلىنىپ چۇشىسە، ئوڭىدا غەم-قايغۇ يىغلىتىدۇ.

يەنە ئوخشاش چۇشكە بىرلا خىل تەبىر بېرىشكە بولمايدۇ. چۇش ئادەمگە قاراپ تەبىرلىنىدۇ. ئاۋامنىڭ چۇشى بىلەن بەگنىڭ چۇشىنىڭ تەبىرى باشقا-باشقا بولىدۇ. چۇشتە خۇشاللىق، ئويۇن-تاماشا كۆرسە، قايغۇ-ئەلەم يولى يېقىنلاپ قالدى، دېگەن گەپ. چۇشىدە ئەلەم تارتىپ يىغلاپ چۇشىسە، بۇ خۇشاللىق كۇنلىرى، ھۇزۇر-ھالاۋەت كۇنلىرىنىڭ يېقىنلىشىپ قالغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بەزى چۇشلەر چۇشكۇچىنىڭ ئۆزىگە ئەمەس، باشقىلارغا مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. چۇش شۇنداق نەرسىكى، بەزىلەر چۇش كۆرسە ساغلام بولىدۇ، شۇ چۇشنى باشقىلار كۆرسە كېسەل بولىدۇ.

ھەي قېرىندىشىم، كۆردۇڭمۇ، چۇش ئىلمىدە بۇلارنى بىلىش، ئاندىن تەبىرىگە ئېغىز ئېچىش كېرەك، شۇندىلا ئەقىلگە مۇۋاپىق تەبىر بەرگىلى بولىدۇ. قېنى ئەمدى سەن چۇشۇڭنى ئۆرۈپ باققىن، مەن ئايرىپ قاراپ، تەبىر بېرىپ باقاي.

ئودغۇرمىش كۆرگەن چۇشىنى مۇنداق سۆرەتلەپ بەردى:

— بولىدۇ، قۇلاق سالغىن، مەن چۇشۇمنى ئېيتىپ بېرەي. چۇشۇمدە ئەللىك ۋاخىنلىق بىر شوتا كۆردۇم. شوتا كەڭ ھەم ئېگىز بولۇپ، ئالدىمغا يانتۇ تىكلەپ قويۇلغانمىش. مەن ۋاخىنلارنى بىر-بىرلەپ دەسسەپ ئەڭ يۇقىرى بالداققا چىققىچە سانىغىدەكمەن. شوتىنىڭ يۇقىرى بېشىدا بىر قاسساپ ماڭا كوزىدا سۇ بەرگەنىمىش. مەن سۇنى ئېلىپ تۇگىگىچە ئىچىپ راسا

قېنىپتىمەن. ئۇنىڭدىن كېيىن ئاستا يۇقىرى ئۆرلەپ كۆككە ئۇچۇپتىمەن، بارا-بارا تېخىمۇ يۇقىرى ئۇچۇپ كۆككە سىڭىپ كەتكىدەكمەن.

ئودغۇرمىش چۈشنى ئۆرۈپ بەرگەندىن كېيىن، ئۆگدۈلمىش بۇ چۈشكە مۇنداق تەبىر بەردى:

— ھەي ئاقىل، قارا، چۈشۈڭ شۇنداق پايدىلىق ياخشى چۈش ئىكەن، نېمىشقا بولمىغۇر تەبىر بېرىپ يۈرىسەن. چۈش دېگەن تەبىرگە باقىدۇ. ھەر قانداق چۈشتە يۇقىرى ئۆرلەش، كۆككە ئۇچۇش قەدىر-قىممەتلىك بولۇشنىڭ بەلگىسى. قانچىلىك يۇقىرى ئۆرلىگەن بولساڭ، ئۇنىڭ قەدىر-قىممىتى شۇنچىلىك بولىدۇ. چۈشتە قانچىلىك يۇقىرى ئۇچقان بولسا، بەخت-دۆلەتمۇ شۇنچىلىك زىيادە بولىدۇ. سېنىڭ بەختىڭ شوتىدا يۇقىرى كۆتۈرۈلگەندەك تېخىمۇ يۈكسىلىدۇ، نام-شۆھرىتىڭ ئەل-ئارىسىدا تېخىمۇ ئاشىدۇ. تەبىرچىلەرمۇ شۇنداق ئېيتقان: «چۈشتىكى شوتا ئەزىزلىكنىڭ بېشارىتى، بالداقمۇبالداق كۆتۈرۈلۈش قەدىرلىك بولۇشنىڭ ئالامىتىدۇر. قانچىلىك يۇقىرى كۆتۈرۈلسە، شۇنچىلىك قەدىر-قىممەت تاپىدۇ. ئۇ تەلەيلىك بولۇپ، دۇنيانىڭ بايلىقىغا ۋە بەخت-دۆلەتكە ئېرىشىدۇ.» سېنىڭ كوزىدىكى سۇنى ئېلىپ ئىچكىنىڭ، ھاياتلىق يىلتىزىڭنىڭ ئۇزۇن زامان قۇرۇمايدىغانلىقىنىڭ ئالامىتىدۇر. ئۇچۇپ كۆككە ئۆرلەپ سىڭىپ كەتكىنىڭ، نېمە تىلىسەڭ ئاللا تىلىكىڭنى تۇگەل بېرىدىغانلىقىنىڭ بېشارىتىدۇر.

— ھەي ھەمراھىم، چۈشۈمنىڭ تەبىرى بۇنداق ئەمەس، — دېدى ئودغۇرمىش ئۆگدۈلمىشنىڭ بەرگەن تەبىرىگە قوشۇلماي، — ئەگەر بۇ چۈشنى سەن كۆرگەن بولساڭ تەبىر سەن ئېيتقاندەك ئېزگۈ بولاتتى، چۈنكى سېنىڭ بارلىق ھىممىتىڭ بۇ دۇنيا ئۈچۈندۇر. بۇ دۇنيانى تىلىگەنلەر بۇ دۇنياغا ئېرىشىدۇ، مەن بولسام بۇ دۇنيادىن ۋاز كەچكەن ئادەممەن. چۈشنى ماڭا باغلاپ

تولۇق تەبىر بەرمىدىڭ. ئاڭلاپ تۇرغىن، چۈشۈمنىڭ تەبىرىنى مەن ساڭا ئېيتىپ بېرەي. ئېگىز ۋاخىنلىق شوتىنى كۆرگەنلىكىم ئىرىكلىكىمنىڭ ئالامىتى. شوتىنىڭ ئەڭ بېشىغا قەدەر چىققانلىقىم يېشىمنى ياشاپ بولغانلىقىم، رىزقىمنى يەپ بولغانلىقىمنىڭ بېشارىتى. شوتىنىڭ بېشىغا چىققاندا قاسساپ بەرگەن سۇنىڭ ھەممىسىنى تولۇق ئىچىۋەتكەنلىكىم، ھاياتلىقىمنى پۈتۈنلەي ياشاپ بولغانلىقىمنىڭ نىشانى. بىلسەڭ قاسساپ دېگەن ئاتىلىقلارنى ئاتىسىز قىلغۇچى، راۋاج تاپقاننى بۇزغۇچى، جانلىقلارنى تىرىك قويمىغۇچىدۇر. سەن كوزىدىكى سۇنى پۈتۈنلەي ئىچىپ تۆگەتكەنلىكىمنى ئۆمۈرنىڭ ئۈزۈن بولۇشى دەپ تەبىر بەردىڭ. راست، سۇ دېگەن ھاياتلىقنىڭ بەلگىسى، بىراق كوزىدىكى سۇنىڭ يېرىمىنى ئىچىپ، يېرىمىنى قويغان بولسام ھاياتىمنىڭ يېرىمى قالغانلىقى بولاتتى. مەن بولسام كوزىدىكى سۇنىڭ ھەممىسىنى تۆگىتىپ ئىچىۋەتتىم. ئەقىللىق دانا ھېكىملەر ئېيتقانكى: «چۈشىدە جامدىكى سۇنىڭ يېرىمىنى ئىچكەن بولسا، ئۆمرىنىڭ يېرىمى تۆگەپ، يېرىمى قەرز قالغانلىقىدۇر. ئەگەر سۇنى تۆگەل ئىچىۋەتكەن بولسا ھاياتلىقى تۆگەپ، گۆرى قېزىلدى دېگەن سۆز.» دانالارنىڭ سۆزى دېگەن سۆزلىرىمنىڭ ئاساسىدۇر. مېنىڭ يۇقىرى ئۆرلەپ ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈشۈم، ئاندىن يېشىل كۆككە ئۆرلەپ سىڭىپ كەتمىشىم سۇزۇك جاننىڭ تۇرۇشلۇق بەدەن قورغىنىدىن چىقىپ، يەنە ئەسلى ماكانىغا قايتىپ، كەلمەسكە ئۇچۇپ كەتكەنلىكىدۇر.

دېمەك، ئاللا ماڭا چۈشۈمدە بېشارەت بەردى. ئەمدى ئۆلۈمگە ھازىرلىناي. مېنىڭ چۈشۈمنىڭ تەبىرى مانا شۇ، بۇنىڭدىن باشقا مەنىسى يوق. سەن كۆڭلۈمنى ياساپ تەسەللى بېرىۋاتىسەن، لېكىن ئۆلۈم ئۇدۇللاپ كەلگەندە دورا-دەرمان بىھاجەت. ھەي كۆڭلى ئىرىك قېرىندىشىم، نەزەر سالغىن، ئۆلۈم قوڭغۇر يەرلەرنى ئۆتمىتۆشۈك گۆر قىلىۋەتتى. ھەيھات، شۇنچە بېزەكلىك قەسىر،

ئوردا۔سارايلارنى ئۆلۈم ۋەيران قىلىپ خارابىــگە ئايلاندۇردى. قاراپ باق، قانچىلىغان مەغرۇر، جەسۇر، بۈيۈك بەگلەرنى ئۆلۈم يەرگە تىقمۇەتتى. نى-نى كۈشتۈڭگۈر ئوغلانلارنىڭ يىــغىــپ توپلىغانلىرىنى ئۆلۈم پاك-پاكىز چىچىپ تۈگەتتــى. تۇغۇلغان ئىنسان بالىسىنىڭ ئۆلمىكى تاڭ قالىدىغان ئىش ئەمەس. بارلىق نەپەس ئالغۇچىلارنىڭ ئۆلمىكى قانۇنىيەتتۇر. ئەڭ ئەجەبلىنەرلىكى شۇكى، ئۆلگۈچى ئۆزىنىڭ ئۆلىدىغانلىقىنى ئۇنتۇپ لاپ ئۇرىدۇ، ھەتتا ئۆلۈمنى تىلغا ئېلىپمۇ قويمايدۇ. ئىــنسان ئۆزىنىــڭ ئۆلىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ ئەمەس، بەلكى غەپلەت ئويقۇسىــدىن كېچىشكە كۆزى قىيمايدۇ. ئۆلۈم دېگەن قانۇنىيەت، ئۇنىڭدىن قېچىپ قۇتۇلۇش مۇمكىن ئەمەس. بىراق ئۆلۈمدىن كېيىنكى تەقدىرىم قانداق بولاركىن، مېنىڭ غېمىــممۇ شۇ. ئۆلۈمدىن كېيىنكى ئىشلىرىمنى تەڭرىم ئۆزى ئوڭشار.

بارغا قانائەت قىــلىــپ كۆنلىــرىمنىــى ئۆتكۈزدۈم. راھەت-مېھنەتلىرىممۇ ئۆتتۈپ، تۈنۈمنى يورۇتتى. قولۇمنى قىسقا تۇتۇپ، تاۋار توپلاشقا قول ئۇزاتمىدىم. ھاۋايى-ھەۋەسكە ھەم دىل قويمىدىم. بۈگۈنكى كۈننىڭ يېتىپ كېلىشىنى بىلگەچكە يۈكۈمنى يەڭگىللىتىپ، گۇناھلاردىن ساقىت بولۇش ئۈمىدىدە ياشىدىم. بىر ئالىم كۆيۈمچانلىق بىلەن تەلىم بېرىپ شۇنداق دېگەن ئىكەن: «غاپىل بولما، تىرىشىپ يۈكۈڭنى يەڭگىللەت، ئۆزۈڭنى رۇسلا، يولۇڭ قىــلدىن نازۇكتۇر. ئۇخلاپ ياتما، مېھنەت بىــلەن ئىشلىرىڭنى تۈگەت، كېتەر چېغىڭدا مېھنەتلىرىڭنى ئۆزۈڭدىن يۇيۇۋەت.»

ھەي كۆڭلۈمدىكى بۇرادىرىم، مەن كېتەر بولدۇم. ئارقىمدىن سوڭدىشىپ سەنمۇ بارىسەن. كۆزۈمنىــڭ ئوچۇق ۋاقتىـــدا كۆيۈمچانلىقىمنىڭ نىشانى ئۇچۇن ئازراق سۆزۈمنـــى يادىكار قالدۇراي. ئۇ مەندىن ساڭا قالغىنى بولۇپ قالسۇن.

ئۇ قېرىندىشى ئۆگدۈلمىشكە بولغان مېھرىبانلىـــقـــى ۋە

ئايرىلىشقا قىيماسلىق ھېسسىياتى بىلەن ئاخىرقى تىنىقىدا قۇتلۇق نەسىھەت دۇردانىلىرىدىن بىباھا مىراس قالدۇرۇپ كەتمەكچى بولدى.

* * *

— ھەي قاياشىم، ئاگاھلاندۇرۇشۇم بولسۇنكى، غاپىل ياشىمىغىن، — دەپ نەسىھەت رىشتىسىنى سۆز دۇردانىلىرىغا ئۆتكۈزۈپ بايان قىلىشقا باشلىدى ئودغۇرمىش، — قىممەتلىك ھاياتىڭنى، ئۆمۈر بوستانىڭنى مەنىسىز ئىشلار ئۈچۈن خازان قىلمىغايسەن. توغرا بول، دۇرۇس يولۇڭدىن ئاداشما. توغرا يول مۇراد-مەقسىتىڭگە يەتكۈزىدۇ. بارچە جانلىقلارغا مېھرىبان بول، كۆڭلۈڭ بىلەن تىلىڭنى رۇس تۇتۇپ ئاللاغا تېۋىن، غەمنى ئاز قىلىپ، كۆپرەك ئىبادەت قىل. جىددىيلەشكەندىمۇ تەمكىن بول، غەزەپلەنگەندىمۇ مۇلايىم بول. ئۆلۈمۈڭنى ئۇنتۇما، ئۇنىڭغا تەييار تۇر، ئەسلىڭنى بىلىپ، ئۆزۈڭنى ئۇنتۇما، دۇنياغا ھېرىسلىق قىلىپ ئۆزۈڭنى بۇلغىما. دۇنيا قالىدۇ، سەن ئەپكەن بىلەن يىغلاپ كېتىسەن. بېشىڭغا نېمە كەلسە ئىگىرماي كۆتۈر، ئاللانىڭ ھۆكۈمىگە رازى بول. راست سۆزلە، ۋەدەڭ چىن ۋە ئىشەنچلىك بولسۇن، يالغان ۋەدە قىلماق نادانلىقتۇر. ئوچۇق چىراي، ئىللىق سۆزلۈك، ئېزگۈ قىلىقلىق بول. شۇندىلا دەۋر كۈلۈپ باقىدۇ، بەخت ئىشىكىڭنى قاقىدۇ. كىشىلەرنىڭ ئەيىبىنى ئاچماي يوشۇر، ۋۇجۇدۇڭنى ئەگرى يولدىن توس. ئۆزۈڭنىڭ پايدىسىنى كۆزلىمە، خەلقنىڭ مەنپەئىتىنى سۆزلە. خەلققە ئېغىرىڭنى كۆتۈرتمە، خەلقنىڭ ئېغىرىنى سەن كۆتۈر. مال-دۇنيايىڭ بولسا ئۆزۈڭنىڭ پايدىسى ئۈچۈن سەدىقە قىلىپ خەلقىڭنى سۆيۈندۈر. ئادەمنىڭ ئەڭ ئېسىلى باشقىلارنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئۆز جېنىنى پىدا قىلىپ، ئۇلۇغ ساۋاب تاپىدۇ. ئادەملەرنىڭ سەرخىلى، كاللىسى ئۆتكۈر،

ئەقىللىق، بىلىملىك بىر زات شۇنداق دېگەن: «كىشىلەرگە پايدىلىق ئادەم ئادەملەرنىڭ سەرخىلىدۇر. كۆيۈمچان ئادەم خەلقنىڭ ئەڭ ئۇلۇغىدۇر.»

ئادىمىيلىك نام ئىككى نەرسىدىن ئىبارەتتۇر. بىرى، خەلققە مېھرىبان بولۇش، يەنە بىرى، سېخىيلىق بىلەن قولىنى ئوچۇق قىلىشتۇر. ئەقىل بىزگە تېخىمۇ ياخشى مەسلىھەت بېرىدۇ: سېخىي دېيىشىدۇ، ھەقىقىي سېخىي كىم؟ سېخىي دېگەن جېنىنى پىدا قىلىپ ئەرلىك ھەققىنى ئۆتىگەن ئادەمدۇر. كۈمۈش ئۈلەشتۈرسىلا سېخىي دېگىلى بولمايدۇ، ھەقىقىي سېخىي جېنىنى خەلق ئۈچۈن تەسەددۇق قىلغۇچىدۇر. ئەقىل يولى بىلەن ماڭسا تېخىمۇ پايدىلىقتۇر. دۇنيانىڭ شان-شۆھرىتىمۇ ئىككى نەرسىگە باغلىق بولىدۇ. بىرى، مال-دۇنيا، يەنە بىرى، يۈز-ئابرۇيدۇر. بۇ ئىككىسىگە ئېرىشىپ مىڭ يىل ياشىسىمۇ ئۆلۈم يېتىپ كەلگەندە ئىشلار ئىرادىنىڭ ئەكسىچە بولىدۇ. خەلقنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشكەن بەگ تېخىمۇ يۈكسىلىدۇ. ئۆزۈڭگە پۇختا بولساڭ يۈگەن چىڭ تارتىلىدۇ. مانا بۇ دۇنيا ۋە خەلقنىڭ قىممەت دەرىجىسى. بۇنىڭغا ئېرىشمەك تولىمۇ مۈشكۈل، بۇ دەرىجىگە يەتكۈچە بەگلەرگىمۇ قىيىنلىق يېتىدۇ.

ئۆزۈڭنى كۆچمەن ھېسابلا، چۈنكى ئىنساننىڭ ئەسلى ماھىيىتىمۇ كۆچمەنلىكتىدۇر. ئاخىرى سېنى كۆچۈرگۈچى كۈنىمۇ يېتىپ كېلىدۇ. كۆچمەن ئوردا-ساراي سالمايدۇ، يولۇچى دېگەن يولدا مەڭگۈ قالمايدۇ. ئۆزۈڭنى مەڭگۈ يولۇچى ھېسابلا، تولا قاش ئوينىتىپ ئېچىلىپ-يېيىلىپ كەتمە. ۋۇجۇد ئۆلۈشكە يارالغان، لېكىن قارايى ئېنىق ئەمەس. دۇنيا ئۆتكۈنچى، ساڭا باقىي ئەمەس. ئۆلۈم تىرنىقى دائىم تەيياردۇركى، غەپلەتتە يۈرگىنىڭدە قارمىقىغا ئىلىنىسەن. دۇنيانى بىر يەمچۈك ھېسابلا، بۇ يەمنى پۈتۈن يېيەلىگەنلەرنىڭ بىرەرسىنىڭ نامىنى ماڭا ئېيتىپ باققىن، مەن ئېيتىپ بېرەلمەيدىكەنمەن.

ھاياتلىقنىڭ جىمى ھاۋايى-ھەۋىسىنى يىغىپ، سېنى قۇرۇق ئارزۇلارنىڭ شېكىرى بىلەن پەرۋىش قىلىدۇ-يۇ، ئارقىدىن ئوغا بېرىدۇ، مانا بۇ ۋاپاسىز بەختنىڭ قىلمىش-ئەتمىشلىرى. تەقۋادارلار بىلىپ: «ھەي دۆلەتمەن، ئېھتىيات قىل، جاپاكار دۇنياغا كۆڭۈل بەرمە، بىۋاپا بەختنى قوغلىشىپ يولدىن ئاداشما. دۇنيا، دۆلەت بىر كۆلەڭگىگە ئوخشايدۇ. ئۇ بىر يەردە مۇقىم تۇرمايدۇ، دائىم ئورنىنى ئۆزگەرتىپ تۇرىدۇ» دېگەن.

ھەي ئىلىمى دەريادەك قېرىنداشىم، دىنىڭنى ئەزىز تۇت، دۇنيانى خار. دىنىڭ سېنى ئەزىز قىلغۇچىدۇر. پۈتۈن ئەس-يادىڭ خۇدا يادى بىلەن بولسۇن. ھۇزۇر-ھالاۋەتكە مەپتۇن بولۇپ سۆيۈنۈپ كەتمە، ئۆزۈڭنى تۇت. بەخت-دۆلەت سېنى مەست قىلمىسۇن، مەستلىكنىڭ يېشىلگەندە قىلغان ئىشلىرىڭدىن كۆزۈڭ ياشقا تولىدۇ. سۆزىنى ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزگەن بىر ئەقىللىق خەلق بېگى شۇنداق دېگەن: «كىمكى بېشىغا دۆلەت قۇشى قونۇپ مەست بولغان بولسا، قوڭغۇر يەر تېگىدە نالە پەريادتىن يۈرىكى يېرىلىدۇ. مەستلىك كىمنى ئۇلۇغلۇقىغا تەمەننا قىلدۇرسا، قارا يەر تېگىدە ئازابىنى تېتىيدۇ. ياشلىق، بايلىق، بەخت مەستلىكى شاراب مەستلىكىدىن بەتتەردۇر. شارابخور شاراب ئىچىپ مەست بولسا، بىر ئۇخلاپ قوپسا مەستلىكى يېشىلىدۇ. دۆلەت شارابىدىن مەست بولغان بولسا، ئۆلۈم تۇتمىغىچە مەستلىكىدىن ئويغىنالمايدۇ. نامىڭ قۇل ئىكەن، ئۆزۈڭنىڭ قۇللۇقىنى قىل، بەگلەرنىڭ ئىشىنى قىلما. ئۆمۈرمۇ ئۇزۇن ئەمەس، ئۇلۇغلۇقنىڭ شاۋقۇنىمۇ ئۇزاققا بارمايدۇ. ئەگەر نەچچە مىڭ يىل ياشىغان تەقدىردىمۇ بىر-بىرىگە تۇتاشقان ۋۇجۇدۇڭ ئاخىر پارچىلىنىپ كېتىدۇ.» بۇ سۆزگە تەقلىدەن مۇنداق بىر ئىبرەتلىك سۆز ئېيتىلغان: «ئارزۇ-تىلەكلىرىڭگە يېتىپ تۈمەنلىگەن نازۇنېمەتلەرنى يېگەن بولساڭمۇ، ئابىھاياتتىن قېنىپ ئىچىۋالغان بولساڭمۇ، قولۇڭنى سۇنۇپ ئاسمان گۈمبىزىنى تۇتساڭمۇ، بېشىڭ

ئاسمانغا تاقاشقان بولسىمۇ، ئاقىۋەتتە تۆرىدىغان يېرىڭ يەنىلا قارا يەر تېگى بولىدۇ.»

مەن كۆڭلۈمدىكىنى يوشۇرماي دېدىم، ھەي قەلبىدىشىم، توغرا، سەندىن نېمىشقا يوشۇراي، ئىنسان قانداقمۇ بۇ دۇنيانىڭ مېلىنى ئارزۇ قىلمىسۇن؟! تۈرلۈك نازۇنېمەتلەرنى، ساھىبجامالالارنىڭ يېقىملىق قىلىقلىرى ۋە نازلىرىنى نېمىشقىمۇ سۆيمىسۇن؟! مېنىڭ بۇ نېمەتلەرنى تەرك ئېتىشىدىكى بائىس شۇكى، ۋاپاسىز دۇنيا بۇ ئىشكىنى ماڭا ياپقان. دۇنيانىڭ ھېرىسمەنلىكى ئادەمنى تەڭرىدىن يىراقلاشتۇرىدىكەن، ياخشى ئىشلارنى قىلغۇزمايدىكەن. ئالىملار مانا شۇ تەشۋىش سەۋەبىدىن دۇنيانى تەرك ئېتىپ، مۇشەققەت يۇدۇپ جاھان كېزىپ يۈرىشىدۇ. بەزىسى تاغلارغا چىقىپ ئۆڭكۈرنى ماكان قىلغان، يېمىكى ئوت-چۆپ، ئىچمىكى يامغۇر سۈيى. بەزىلىرى خۇدادىن قورقۇپ، ھەسرەت چېكىپ باياۋانلاردا كېزىپ يۈرىشىدۇ، بەزىلىرى تاماق يېمەستىن ئۆزىنى جۇدىتىدۇ، بەزىلىرى كېچىسى ئۇخلىماي تىك ئولتۇرۇپ تاڭ ئاتقۇزىدۇ، يەنە بەزىلىرى بېلىنى مۈكچەيتىپ جەندە كىيىپ يۈرىشىدۇ، بەزىلىرى كۆزلىرىگە ياش تولۇپ جاھان كېزىشىدۇ. ئويغانغان كىشىلەرنىڭ يۈرۈشى شۇ. بىز بولساق غەپلەتكە باش قويۇپ ئۇخلاپ ياتماقتىمىز. ھەي قېرىندىشىم، دۇنيا سېنىڭ قولۇڭغا ئۆتۈپ باش بولدۇڭ. سەن ئەمدى ئۆزۈڭنى بەك كۆزەتكىن. ئەرلىكنىڭ بەلگىسى، ئەقىل نىشانى شۇكى، ھاۋايى-نەپسىڭنى بېسىپ، ئەقىل بىلەن نەپسىڭ بوينىنى كەسكىن. ھاۋايى-ھەۋىسىڭنى ۋە نەپسكە قۇل بولغان كىشى كۈچىنى خورىتىدۇ ۋە ئازابقا دۇچار بولىدۇ.

مەن ئەمدى سەندىن ئايرىلىپ كەتمەك بولۇۋاتىمەن، سېنىڭمۇ بارىدىغان يولۇڭ شۇ، ياخشىلىق بىلەن بارغىن. يامانلارغا قېتىلما، ئىش-ھەرىكىتىڭنى دۇرۇس قىل. يامانلىق ھەر ئىككى دۇنيادا پالاكەت كەلتۈرىدۇ. ئۆلۈمدىن ئاۋۋال ئىشلىرىڭنى

پۈتتۈرگىن. ھەر ئىشتا پىشقان بىر كامىل كىشى شۇنداق جاكار قىلغان: ھەي بۇغرا تۆگىدەك قۇترىغان كىشى، يامانلىقىڭنى تاشلا، يامانلىقنىڭ نېسىۋىسى ئاخىرى زەھەر بولىدۇ. ھەي يولغا پاتماي كېرىلىپ غادايغۇچى، خەلقنىڭ ئۆكتىمىسى، ئۆلۈم پات ئارىدىلا يېتىپ كېلىدۇ، ئازابتىن قۇتۇلۇشنىڭ ئامال-چارىسىنى قىل. ھەي مەن-مەن دەپ مەيدىسىگە ئۇرغۇچى، «مەن»نى قوي، ئۆلۈمگە ھازىرلان، ئۇ «مەن»نى چاقىرىۋاتىدۇ. ھەي ئاچ كۆز، تەمەخور، دۇنيا قولى، ئۆلۈم سېنى تۇتۇشقا خىرىس قىلماقتا.

ھەي قېرىنداشىم، مەن ئىككى ئىشتىن ئېچىنىپ ھەسرەتتە كېتىدىغان بولدۇم، بىرى، ھەق ئۈچۈن قىلىدىغان تائەتتىمدىن قالىدىغان بولدۇم. يەنە بىرى، ئاللانىڭ نامىنى تىلىم بىلەن زىكرى قىلالمايدىغان بولدۇم. بۈگۈن، ئەتە كۆزۈم يۇمۇلسا، دۇئايىڭلارغا موھتاج بولىدىغان بولدۇم، دۇئادا مېنى ئۇنتۇپ قالما. مانا مېنىڭ ھالىمنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتىسەن. بۇ ھال ساڭا ئىبرەت بولۇپ، داۋاسىنى تاپقىن. مانا مېنى ئۆلۈم ئېلىپ كەتكىلى كەلدى، ھەسرەت بىلەن كېتىدىغان بولدۇم. ئىشەنگىنكى، مەندىن كېيىن ساڭىمۇ كېلىدۇ. بۈگۈن سەن بىلەن ھەسرەت بىلەن خوشلىشاي، يەنە كۆرۈشەلەمدۇق-كۆرۈشەلمەمدۇق بۇنى خۇدا ئۆزى بىلىدۇ. بىرى ئۆلۈش ئالدىدا بېشىنى يەرگە ئۇرۇپ شۇنداق نالە قىلغان: «پۇشايمەن بىلەن ئۆلۈپ كېتىدىغان بولدۇم، كۆز يېشىم بۇلاق بولماقتا. بۇ ئۆلۈم بارلىق شېرىنلىكىمنى زەھەر قىلىدىغان بولدى. ئۆلۈمدىن كېيىن مېنى ئىككى يول كۈتۈپ تۇرماقتا. بىرى، جەننەت، يەنە بىرى، جەھەننەم. بۇنىڭدىن قايسىسىغا توغرىلىنارمەنكىن؟»

ھەي مېھرىبان قېرىنداشىم، ساڭا لازىملىق سۆزلەرنىڭ ھەممىسىنى دېدىم، مېنىڭ زارىم ئۈچۈن كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلما. بۇنىڭدىن كېيىن كۆپ يىغا-زار قىلىپ روھىڭنى چۈشۈرمە. سەۋرچان بول، جۇر ئەتلىك بولۇپ كۆڭلۈڭنى باسقىن، دۇئا بىلەن

بولساڭلا بولدى. بۇ دېگەن ئاللانىڭ ھۆكۈمى، باشقا سۆزنى قىلغۇلۇق ئەمەس. ماڭغىن، ئەمدى قويۇپ ئۆيۈڭگە بارغىن. غەم-قايغۇ بىلەن ئۆزۈڭنى ئازابقا سالما، سۆزلىرىمنى ئۇنتۇمىساڭلا بولدى. ئىلىگكە مېنىڭ سالىمىمنى يەتكۈزۈپ قوي، بەلكىم بۇ مېنىڭ ئەڭ ئاخىرقى سالىمىمدۇر.

ئودغۇرمىش سۆزىنىڭ ئاخىرىدا كۆزىدىن بۇلاقتەك ياش تۆكتى.

— مەن سېنى يالغۇز تاشلاپ قانداقمۇ قايتىپ كېتەلەيمەن، — دېدى كېتىشكە كۆزى قىيمىغان ئۆگدۈلمىش، — كېسىلىڭ شۇنچە ئېغىر تۇرسا، يالغۇز قانداق قىلىسەن؟

— ئەمدى كەتكىن، مەندىن ئەنسىرىمە، — دېدى ئودغۇرمىش يەنە، — مەن ئۈچۈن ئىگەمنىڭ يادى كۇپايە، ئۇ ماڭا تەسەللى بەرگۈچى ئەڭ يېقىن ھەمراھىمدۇر. تەڭرىم ھەرگىزمۇ كۆرۈپ تۇرۇپ تاشلىۋەتمەيدۇ، ئىشلىرىمنى ئۆزى ھەل قىلىدۇ. ئاللا كىمنى ئۆزىگە يېقىن كۆرۈپ ئەزىز قىلماقچى بولسا، ئۇنىڭ ھەممە ئىشلىرى كۆڭۈلدىكىدەك ياخشى يۇرۇشىدۇ. بېشىدىن كۆپ ئىسسىق-سوغۇق ئۆتۈپ، كۆزى ئېچىلغان كىشىلەر شۇڭا: «خۇدا كىمگە يار-يۆلەك بولۇپ ئىنايەت قىلسا، ئىككى دۇنيا ئۇنىڭغا بېقىپ بەخت تاپىدۇ. ئاللانىڭ پەزلىگە نائىل بولغان ئادەمنىڭ ھەر ئىككى دۇنيالىقتا ئەھۋالى ياخشى بولىدۇ. ئەگەر ئاللا كىمنى تاشلىۋەتسە، ئۇ ئىت بولامدۇ ياكى كۆك بۆرە بولامدۇ ئوخشاش كۇنگە قالىدۇ» دېيىشكەن.

ئودغۇرمىش گېپىنى توختاتتى ۋە ئۆگدۈلمىشنىڭ ياشلىق كۆزىگە قاراپ ئۇنى قايتىپ كېتىشكە ئۈندىدى:

— ماڭغىن، ئەمدى قايتىپ كەت، سالامەت بول، كۆزۈڭدىن ھەرگىز ياش تۆكمە.

ئۆگدۈلمىش ئورنىدىن تۇردى، ئودغۇرمىشنى قۇچاقلاپ سۆيۈپ قويۇپ، قاتتىق يىغلاپ كەتتى. ئۇ يۈرەك-باغرى بولغان

ئودغۇرمىشتىن ئايرىلىشقا كۆزى قىيمىغان هالدا ئىلاجسىز خوشلاشتى.

*   *   *

ئۆگدۈلمىش يىغلىغان پېتى ئودغۇرمىشنىڭ قېشىدىن چىقىپ، ئېتىنى مىنىپ ئۆيىگە راۋان بولدى. ئۇ ئۆيىنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئېتىدىن چۈشتى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى قايغۇ-ئەلەم تورى چىرمىۋالغان ئىدى. ئۇ سولغۇن ۋە خاپا هالدا ئۆيىگە كىردى.

ئىنسان دېگەن نېمانچە ئاجىز بىچارە-هە! خۇشاللىقى ئاز، پۈتۈن هاياتى قايغۇ-ئەلەم بىلەن ئۆتىدىكەن. تىلەككە يەتسە شادلىنىپ كۈلىدۇ، ئەلەم تارتسا هەسرەتتە يىغلاپ ئۆتىدۇ، سۆيگۈنىنىڭ ۋىسالىغا يەتسە سۆيۈنۈپ كۈلىدۇ، جۇدالىق يەتسە قايغۇدا ئۆرتىنىدۇ، بەزىدە ۋىسال ئۈمىدى بىلەن بەزلەنسە، بەزىدە پىراق ئازابى بىلەن يىغلايدۇ. دۇنيادا پىراقتىنمۇ قاتتىقراق نېمە بار، پىراق ئازابى دېڭىزدىنمۇ چوڭقۇر. تىرىكلىكتىكى جۇدالىق ئانچە ئېغىر بولمايدۇ، چۈنكى ئىزدەپ، ئاختۇرۇپ قايتا قوۋۇشۇش پۇرسىتىگە ئېرىشكىلى بولىدۇ. هەر قانداق پىراق ئۈزۈن ياكى قىسقا بولىدۇ. ئەڭ ئۈزۈن ۋە قاتتىق پىراق ئۆلۈمدۇر. ئۆلۈم جۇدالىقىلا ئەڭ ئېغىر بولىدۇ. ئۆلۈمنى قورال بىلەن توسۇپ قېلىشقىمۇ ئامال يوق. بۇ بېيىتنى ئوقۇساڭ مەنىسىنى تېخىمۇ ياخشى ئۇققەن:

هەممىدىن قاتتىقراق ئۆلۈم ئول پىراق،
تۆكەر ياش پىراقنى كۆرۈچى قاراق.
قوشۇلماق ئۈمىد بار ئايرىلسا تىرىك،
ئۆلۈچى ۋىسالدىن ئۇ شەكسىز يىراق.

* * *

ئۆگدۈلمىش بىر ئاز دېمىنى ئېلىۋېلىپ غىزالاندى. غىزادىن كېيىن ئورنىدىن تۇرۇپ نامىزىنى ئادا قىلدى. قۇياش بېشىنى يەرگە قويۇپ يۈزىنى يوشۇردى، پەلەك گۈمبىزى قۇياش ئىزىنى باستى. ئۆگدۈلمىش تۆشەك سالدۇرۇپ ياتتى. قايغۇ-ھەسرەت ئۇنىڭغا ئۇيقۇ بەرمىدى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ھويلىغا چىقتى. دۇنيا يۈزى ھەبەش يۈزىدەك قارا رەڭگە كىرگەن ئىدى. ئۆگدۈلمىشنىڭ كۆز يېشى مەڭزىنى يۇيدى. ئۇ قايتىپ كىرىپ يەنە تۆشەككە كىردى. بىر ئاز تەسەللى تاپقاندەك بولدى، بىراق يەنىلا ئۇيقۇسى كەلمىدى، قوپۇپ ئەتراپقا نەزەر سالدى. ئۈركەر يۇلتۇزى تۆۋەنگە قىيسىيىپ تاڭدىن بېشارەت بەرگەن ئىدى. ئۇ كۆزىنى كۆككە تىككىنىچە خېلى ئۇزۇن تۇردى. قارا تۈن تېخى يورۇيدىغاندەك ئەمەس ئىدى. ئۇ يەنە كىرىپ يېتىپ ئۇخلاپ قالدى. بىر ئازدىن كېيىن ئويغىنىپ كۆككە باقتى. شەرقتىن قاراقۇش يۇلتۇزى يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن، دۈشمەن ئوت كۆتۈرگەندەك يېلىنجىغان ئىدى. يېتىكەن① يۇلتۇزىمۇ بېشىنى كۆتۈرگەن، يىلدىرىق يۇلتۇزى ئايغىرغا توغرا ئېگىلگەن ئىدى. ئىرنىتىر بېشىنى يەرگە قويۇشقا تەمشەلدى. قۇياشمۇ يەردىن بېشىنى كۆتۈرۈپ، يورۇق يۈزىنى ئاچقىلى تۇردى. ئۆگدۈلمىش ئورنىدىن تۇرۇپ يۇيۇنۇپ، كىيىنگەندىن كېيىن بامدات نامىزىنى ۋە دۇئائى ۋىردىنى تولۇق ئادا قىلدى. بۇ ۋاقىتتا دۇنيا يۈزى ئالتۇن رەڭگە پۈركەندى، ئاسمان يۈزى ئوت يالقۇنىدەك قىزاردى. ئو تېزدىن تونىنى كىيىپ، ئېتىغا مىنىپ قەسىرگە باردى. ئاتتىن چۈشۈپ جىددىي قىياپەتتە ئوردىغا كىردى. ئۆگدۈلمىشنىڭ كەلگەنلىكىدىن ۋاقىپلانغان ئىلىگ ئۇنىڭ كىرىشىگە ئىجازەت بەردى. ئۆگدۈلمىش زورىغا ئۆزىنى

---

① يېتىكەن — چوڭ ئېيىق ياكى يەتتە قاراقچى يۇلتۇزى.

تۇتۇۋېلىپ، تەمكىنلىك بىلەن ئىلىگىنىڭ ھۇزۇرىغا كىردى. كۇنتۇغدى ئىلىگ ئۆگدۈلمىشنىڭ روھىي ھالىتىدىكى سولغۇنلۇقتىن بىرەر كۆڭۈلسىزلىكنىڭ بولغانلىقىنى پەملىدى بولغاي، ئۆگدۈلمىشتىن سورىدى:

— ھەي تەمكىن ئوغلۇم، ئەھۋالىڭ قانداقراق، بەك غەمكىن كۆرۈنىسەن. قوشۇماڭنىڭ تۈرۈلۈپ كەتكەنلىكىدىن كۆڭلۈڭنى ئېغىر بىر يۈكنىڭ بېسىپ تۇرغانلىقىنى سېزىۋاتىمەن. ماڭا ئېيتقىن، ئاناردەك مەڭزىڭ نېمىگە بۇنچە سارغايدى، دۇنيا ساڭا قانداق كۈلپەتلەرنى يۈكلىدى؟ بەختىڭ تېخى سەندىن يۈز ئۆرۈگىنى يوق، ۋاپاسىز دۇنيانىڭ چېھرى ساڭا تۇرۇلگىنى يوق. پەلەك چاقى سەن ئۈچۈن يەنىلا ئوڭ ئايلانماقتا. ئاي، كۈن ۋە زامانلارمۇ سېنىڭ ئىختىيارىڭچە ئايلانماقتا. مەنمۇ ساڭا قاش-قاپىقىمنى تۈرۈپ باققىنىم يوق، ھەر دائىم سۆيۈنۈش بىلەن خۇش چىراي مۇئامىلە قىلىۋاتىمەن. ساڭا كىم مۇنداق قايغۇ-ئەلەم تاشلىرىنى ئاتتى، بۇنداق ۋاقىتتا ساڭا نەدىن كەلگەن كۈلپەت بۇ؟! قېنى ئېيتىپ باق، مەنمۇ خەۋەر تاپاي. ئەگەر ساڭا مۇشەققەت قايغۇسى يېتىپ قالسا، مېنىڭ كۆڭلۈم قانداقمۇ خۇشاللىقتا ئۆتسۇن؟

ئۆگدۈلمىش كۇنتۇغدى ئىلىگكە ئودغۇرمىشنىڭ قېشىغا بارغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئېغىر كېسەل بولۇپ ياتقانلىقىنى، ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا بولۇپ ئۆتكەن گەپ-سۆزلەرنى ۋە ئودغۇرمىشنىڭ ئۆزىگە قىلغان نەسىھەتلىرىنى، ئىلىگكە يوللىغان سالاملىرىنى تەپسىلىي سۆزلەپ بەردى.

كۇنتۇغدى ئىلىگ ئۆگدۈلمىشتىن ئودغۇرمىشنىڭ ئەھۋالىنى ئاڭلاپ كۆڭلى بۇزۇلۇپ، كۆزىگە لىق ياش ئالدى. ئۇ:

— ۋادەرىخا، ئەجەب ياخشى زات ئىدى. تەڭرى ئۇنىڭ جېنىنى ئامان قىلسۇن، قېنى ۋە تېنىنى قۇرۇتمىسۇن، — دېدى ۋە ئارقىدىن يەنە سورىدى، — ئۇنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى

قانداقراقكەن، ئۇنى يالغۇز تاشلاپ كېلىشكە قانداق كۆڭلۈڭ ئۇنىدى؟ ئۇنىڭ ھالىدىن كىم خەۋەر ئالىدۇ، كېسىلىنى كىم كۆرىدۇ، ئۇ كېسەل ئەھۋالدا قانداقمۇ يالغۇز ياتىدۇ، ئۇنىڭ ئەھۋالىنى كۆرۈپ تۇرۇپ كىمگە تاشلاپ قويدۇڭ، نېمىشقا سەۋر قىلىپ ھالىدىن خەۋەر ئالمىدىڭ؟

— ھەي ئىلمى دەريادەك بېگىم، مەن ئۇنىڭغا سەن دېگەن گەپلەرنىڭ ھەممىسىنى دېدىم، — دېدى ئۆگدۈلمىش جاۋابەن، — گېپىمگە كۆنمەي مېنى قايتۇرۇۋەتتى. گېپىنى رەت قىلىپ باقتىم، بىراق ئىلاج قىلالمىدىم.

— تەڭرى ئۆزى خەۋەر ئالغاي، شىپالىق بېرىپ ئورنىدىن تۇرغۇزغاي، — دېدى ئىلىگ، — ئۇ پۈتۈن پىكىر-خىيالىنى ئاللاغا بېغىشلىغان، ئاللا ئۇنىڭ ئەقىدىسىنى زايە قىلمىغاي. قايسى بەندە ھەممىدىن يۈز ئۆرۈپ ياراتقان ئىگىسىگە سېغىنسا، شۇبھىسىز ئۇنى ئاللا ئۆزى ساقلايدۇ، ئارزۇسىغا قاندۇرىدۇ ۋە ياخشى ئاتاققا ئىگە قىلىدۇ. بۇنىڭغا مۇناسىپ كېلىدىغان مۇنداق بىر سۆز بار: «ھەممىدىن كۆڭلۈڭنى ئۈزۈپ ئاللاغا سېغىنغىن. كۆڭۈل، تىلىڭنى ئېرىغ تۇتۇپ، يامان ئىش-ھەرىكەتتىن پارىغ بول. ئاللا بارلىق تىلەكلىرىڭگە يەتكۈزگەي. شەيتانىنىڭ ئۈستىدىن غالىب كەل، ئۆزۈڭنى ئاللانىڭ ئىختىيارىغا تاپشۇر.»

كۈنتۇغدى ئىلىگ ئۆگدۈلمىشكە يەنە مۇنداق نەسىھەتلەرنى قىلدى:

— ئۆگدۈلمىش، غەم-قايغۇ بىلەن مۇنداق خاپا يۈرمە. راست، ئۇ ياخشى كىشى ئىدى، ياخشىلارنىڭ سەردارى ئىدى. ئەگەر ئۆلۈم-يېتىم يېتىپ قالسا، ئاللا ئىشنى ئۆزى ئوڭشايدۇ. بۇ ئىش ئەتە-ئۆگۈن بىزنىڭ بېشىمىزغىمۇ كېلىدۇ. ھاياتىمىز قانداق ئۆتتى، نېمە ئىشلارنى قىلدۇق؟! يىگىتلىكىمىزنى بىھۇدە ئۆتكۈزدۇق. تېنىمىز، دىلىمىز، پاراستىمىز ياماندىن يامان ئۆتتى، ئىسست. ئۆتكەن ھاياتىمىز بۇگۈن چۈشكە ئايلاندى.

ئۆمرىمىز قانداق ئۆتكەن بولسا، شۇنىڭغا يارىشا جاۋاب قايتىدۇ. ئەمدى قالغان ئۆمرىمىزنى بىھۇدە زايە قىلماسلىقىمىز، قۇرۇق ئارزۇ-ھەۋەسلەرگە كۆڭۈل بەرمەسلىكىمىز لازىم. قانداقلا قىلايلى ئاخىرى بىزگىمۇ ئۇ ئاچچىق ئۆلۈم بار. ئۆلۈمدىن كېيىن پۇشايمان قىلىپ قالىدىغان ئىش بولۇپ قالمىسۇن. سەن بۇنىڭدىن كېيىن سىرتتىكى ئىشلارغا ئوبدان كۆز-قۇلاق بولۇپ قارا، مېھرىبانلىق بىلەن خەلقنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئال. مېنى ۋە ئۆزۈڭنى كېيىنكى ئازابتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن تىرىشقىن، ئاللا ئەجرىڭ ئۈچۈن ياخشى يول بېرىدۇ. بىر مېھرىبان كىشى شۇنداق تەربىيە قىلغان: «كۆزۈڭنى ئاچ، كىم ياخشىلىق قىلسا ياخشىلىق يانىدۇ. ئاللا بەندىلىرىگە مېھرىباندۇر. كىم يامانلىق قىلسا ئۆزىگە قىلىدۇ. يامانلىقنىڭ مۇكاپاتى يامانلىقتۇر. يامانلىق قىلىشنى خالىساڭ، ماڭ يامانلىق قىل. بىلىپ قويكى، يامانلىقنىڭ ئاخىرى ئۆزۈڭنى يىغلىتىدۇ.»

— ئالىيلىرى ماڭا شۇنچىلىك مەدەت بەرگەن يەردە، خەلققە يۈرگۈزگەن قانۇن چوقۇم ياخشى بولىدۇ. ئاللا بۇ بەگلىكنى يۆلەيدۇ. ئىلىگ، ئۆزۈڭ ئۆمۈر كۆرگەيسەن، بەخت-سائادەت ساڭا قۇت ئاتسۇن. ئىلىگ ئۈچۈن پۈتۈن جېنىم ۋە تېنىم پىدا بولسۇن. ئۆلۈم سەپىرىدىكى بەندىلەر ئۈچۈن ياخشى نامدىن ئەۋزەل نېمە بار؟ ئاللا ياخشى نامنى نېسىپ قىلسۇن. ئۆلۈم تۇتقىلى ھازىر تۇرۇپتۇ، ئۆزۈڭ غەپلەتتە ياتمىغايسەن. بىلىملىكلەر ئېيتقاندەك: يوشۇرۇن ئەجەل بۆكتۈرمىدە كۈتۈپ تۇرىدۇ. ھاياتتىن مەمنۇن بولۇپ ئۆمىدتە تۇرغاندا، بىتۇيۇق باسىدۇ. پۈتۈلگەن ئەجەل يېتىپ كەلگەندە ياخشى-يامانلارنىڭ ھەممىسى قارا يەر تېگىگە كىرىدۇ، — دەپ جاۋاب بەردى ئۆگدۈلمىش.

— ئاللا ماڭا تەۋپىق بەرسە، بۇنىڭدىن ئېتىبارەن توغرا قانۇن ئورناتقايمەن، — دېدى ئىلىگ تەمكىنلىك بىلەن.

ئىلىگ سۆزىنى ئۈزگەندىن كېيىن ئۆگدۈلمىش ئورنىدىن

تۆرۈپ قايتىپ چىقتى. ئۆگدۈلمىش غەم-ئەندىشە ئىچىدە بىر قانچە كۈن سەۋر قىلىپ يۈردى. قېرىنداشنىڭ ھەسرىتى ئۇنى قايغۇغا سېلىپ خېلىلا جۈدەتكەن ئىدى. ئاخىرى ئۇنىڭ سەۋر قاچىسى تولدى. ئۇ خاتىرجەم تۇرالماي قېرىندىشى ئودغۇرمىشنى يەنە بىر يوقلاپ، كۆرۈپ كەلمەكچى بولدى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپلا ئۇدۇل ئىلىگنىڭ قېشىغا ئىجازەت سورىغىلى باردى. ئىلىگنىڭ ئىجازىتى بىلەن ئۇنىڭ قېشىغا كىردى:

— ئىلىگ، مەن بۈگۈن قېرىندىشىمنىڭ قېشىغا بېرىپ يوقلاپ كەلسەم دەيمەن، ئىجازەت بولسا ئۇنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى قانداقراقكىن، قېرىندىشىم ھاياتمۇ، كۆرۈپ كەلسەم، — دەپ ئۆتۈندى ئۆگدۈلمىش.

— بېرىپ كۆرۈپ كەلسەڭ ياراملىق ئىش قىلغان بولىسەن. قېرىنداشلىق ۋە يېقىنلىقنىڭ ھەققىمۇ شۇ، بارغىن. مەن ئۇچۇن ئەھۋال سوراپ قويغىن. كېسىلىنى كۆرۈپ كۆڭلىنى كۆتۈرگىن.

ئۆگدۈلمىش ئىلىگكە بولغان مىننەتدارلىق ھېسسىياتى بىلەن «ئىلەل» دەپ ئورنىدىن قايتىپ چىقتى. ئۆيىگە كېلىپ بىر ئاز ئارام ئالدى. ئازراق غىزالانغاندىن كېيىن، ئېتىنى مىنىپ قايغۇ ۋە ئەندىشە بىلەن قېرىندىشى ئودغۇرمىشنىڭ قېشىغا يۈرۈپ كەتتى. ئۆڭكۈرگە يېقىن قالغاندا ئاتتىن چۈشۈپ، پىيادە مېڭىپ ئۆڭكۈر ئىشىكىگە كېلىپ، كىرىشكە ئىجازەت سورىدى.

# ئوتتۇز بەشىنچى باب

## ئودغۇرمىشنىڭ ۋاپاتى

ئۆگدۈلمىش قىرىندىشى ئودغۇرمىشنىڭ كېسەلىدىن ئەنسىرەپ ئۇنى يوقلاش ئۈچۈن كېلىپ، ئىشىكتە تۇرۇپ ئىجازەت سورىدى. ئىشىكنى ئودغۇرمىشنىڭ مۇرىتى قۇمارۇ چىقىپ ئاچتى. ئۇ كۆزلىرى ياشلىق هالدا ئۆگدۈلمىشكە سالام قىلدى ۋە ئۇنىڭغا:

— هەي قاياش، ئاللا سەۋر بەرسۇن، كۆڭلۈڭنى بۇزما. قىرىندىشىڭ بۇ دۇنيادىن كۆچۈپ ئۇ دۇنياغا سەپەر قىلدى. ئاللا ساڭا خاتىرجەملىك ۋە ئۇزۇن ئۆمۈر بەرسۇن. سەن ئەمدى ئۆزۈڭنى تۇتۇپ سەۋر قىل، پەرياد چەكمە. تىرىكلەر ئۈچۈن ئۆلۈشتىن باشقا يول يوق. تۇغۇلغان ئىكەن ئۆلۈش بار، شېرىن جاندىن جۇدا بولۇش بار. بەگ بولسۇن، قۇل بولسۇن، پەيغەمبەر بولسۇن بۇ تەقدىردىن قۇتۇلۇش مۇمكىن ئەمەس. بۇ ئۆلۈم بىزنىڭ بېشىمىزدىمۇ بار، بۇنىڭغا ئامالمۇ، توسۇۋالغىلى قورالمۇ يوق، — دەپ تەسەللى بەردى.

ئۆگدۈلمىش بۇ كۆڭۈلسىز خەۋەرنى ئاڭلاپ هۆركىرەپ يىغلاپ كەتتى. ئۇ ئاچچىق تولغىناتتى. قىرىندىشى بىلەن ئاخىرقى قېتىم دىدارلىشالمىغانلىقى، ئۇنىڭ يۈزىنى كۆرەلمىگەنلىكى، ئۆلگەن چېغىدا بېشىدا بولالمىغانلىقى ئۈچۈن پۇشايماندا پۇچىلىناتتى.

قۇمارۇ ئۆگدۈلمىشنىڭ هەددىدىن ئارتۇق ئازابلانغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا تەربىيە خۇسۇستا تەسەللى بېرەتتى:

— ھەي دىلكەش، ئۇنداق قىلما، خۇدانىڭ ھۆكۈمىگە دىلىڭ ۋە تىلىڭدىن رازى بول. ھەممىمىزگە بۇ ئۆلۈمنىڭ كېلىدىغان كۈنى بار. قېرىنداشلىڭ ئۇ دۇنياغا سەپەر قىلدى، ئەمدى قايتىپ كەلمەيدۇ. بىزمۇ بۇ ئۆلۈمگە تەييار تۇرۇشىمىز لازىم. سېنى بىر كىم ئۇردىمۇ، تىللىدىمۇ، نېمە زىيان تارتتىڭ؟ نېمە ئۈچۈن بۇنچە يىغا-زار قىلىسەن؟! ئاللا ئۆزى ئۇنىڭغا روھىي راۋاننى بەرگەنىدى، يەنە قايتۇرۇپ ئالدى، جان چىقىپ مەڭگۈلۈك دەرگاھىغا قايتتى، ئۇ قايتىپ كەلمەيدۇ. بىز بولساق ئۇ ياققا بارىمىز.

قۇمارۇ ئۆگدۈلمىشنى ئودغۇرمىشنىڭ قەبرىسىنى كۆرۈشكە تەكلىپ قىلدى:

— يۈر، قېرىنداشىڭنىڭ قەبرىسىنى كۆرۈپ، زىيارەت قىلىپ يانغىن، — دېدى ئۇ.

* * *

ئۆگدۈلمىش قۇمارۇنىڭ ھەمراھلىقىدا ئودغۇرمىشنىڭ قەبرىسى بېشىغا باردى. ئۇ توپا دۆۋىلەنگەن ئاددىي قەبرىنى كۆرۈپ، ئۇنى قۇچاقلاپ كۆز يېشى قۇرۇغىچە يىغلىدى: ھەي قېرىنداشىم، تۇرۇپ ماڭا بىر قارىغىن، يۈزۈڭنى بىر كۆرۈۋالاي، ھەسرىتىم بېسىلسۇن. سېنى سېغىنىپ، كۆرگۈم كەلدى. نېمىشقا مەندىن دىدارىڭنى يوشۇرىسەن؟! ھەي قەلبىمنىڭ تاج-تەختى، شېرىن جېنىمنىڭ مادارى، سەنسىز ماڭا بۇ تىرىكلىكنىڭ نېمە مەنىسى؟! مەن چۈشۈمدە سېنىڭ مەندىن يىراقلىشىپ كۆزۈمدىن غايىب بولغىنىڭنى كۆرگەنىدىم، مانا ئەمدى ئەنسىرەپ ئاخىرقى قېتىم بولسىمۇ دىدارلىشىۋالاي دەپ كەلگەنىدىم. سەن مېنى ھەسرەتتە قويۇپ بۇ ۋاپاسىز دۇنيادىن كۆچۈپ كېتىپسەن. مەن سېنىڭ روھىڭغا روھ قاتىدىغان

نەسىھەتلىرىڭنى ئاڭلىۋالاي دېگەن. ھەي مېھرىبان قېرىندىشىم، سېنىڭ دىدارىڭنى كۆرۈشكىمۇ قادىر بولالمىدىم، قانداق قىلاي!

ئۆگدۈلمىش ناھايىتى ئاچچىق يىغلىدى، كۆڭلىدىكى گەپلىرىنىڭ ھەممىسىنى دېدى. ئاخىرىدا ئۇ ئودغۇرمىشقا ئاللادىن ئۇ دۇنيادىكى خاتىرجەملىك ۋە جەننەتۇل پىردەۋسىنى ئاتا قىلىشنى تىلەپ، يەنە ھۆركىرەپ يىغلاپ كەتتى. قۇمارۇ ئۇنى يۆلەپ تۇرغۇزدى ۋە:

— ھەي مېھرىبان كىشى، قېرىندىشىڭ بۇنداق ئۆزۈڭنى ئۇرۇپ يىغلىشىڭنى خالىمايدۇ. روھىڭنى چۇشۇرۇپ چۈشكۈن ھالغا چۈشۈپ قالساڭ، قېرىندىشىڭنىڭ روھىنى ئازابلاپ قويىسەن. سەن ئۇنى دۇئايىڭدا ئۇنتۇمىساڭلا قېرىنداشلىق ھەققىڭنى ئۆتىگەن بولىسەن. يۈر، مەن بىلەن ماڭ، مەن ساڭا قېرىندىشىڭنىڭ ساڭا قالدۇرۇپ كەتكەن مىراسىنى تاپشۇرۇپ بېرەي، — دېدى قۇمارۇ. ئۇ ئۆگدۈلمىشنى ئودغۇرمىشنىڭ ئېتىكاپگاھىغا باشلاپ كىردى.

— مانا بۇ قېرىندىشىڭدىن ساڭا قالغان تەۋەررۇك مىراس، — دېدى قۇمارۇ بىر قولىدا ئودغۇرمىش ھايات چېغىدا ئىشلەتكەن ئىشۈرىقنى، يەنە بىر قولىدا ئودغۇرمىشنىڭ ھاسىسىنى تۇتۇپ ئۆگدۈلمىشكە تەڭلەپ تۇرۇپ، — بۇ سەن ئۈچۈن ئىبرەت بولسۇن. ئۇنىڭ بار-يوق بىساتى مۇشۇلا ئىدى، مانا مۇشۇنىمۇ بۇ دۇنياغا قويۇپ كەتتى.

ئۆگدۈلمىش قۇمارۇنىڭ قولىدىن ئىشۈرىق بىلەن ھاسىنى ئېلىپ كۆزلىرىگە سۈرتۈپ، ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي يىغلاپ كەتتى. ئۇ ئودغۇرمىشنىڭ تەۋەررۇكىنى ئېلىپ، كۆزلىرى ياشلىق، دىلى ئازابلىق ھالدا ھەسرىتىنى يۇتۇپ قايتىپ كەتتى.

ئۆگدۈلمىش ئودغۇرمىشقا ماتەم تۇتۇپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، بىر قانچە كۈنگىچە ئۆردىغا چىقمىدى. ئۆيدىن سىرتقىمۇ چىقماي ئاشسىز، تائامسىز كۈن بويى ئېتىكاپتا ئولتۇردى. ئۇ

كۆپ گەپ-سۆزمۇ قىلمايتتى.

* * *

كۇنتۇغدى ئىلىگ ئۇدغۇرمىشنىڭ ئۆلۈپ كەتكەنلىكى ۋە ئۆگدۈلمىشنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر تېپىپ، سارايدىن چىقىپ ئۆگدۈلمىشنىڭ ئۆيىگە كەلدى. ئۇ چىن دىلىدىن ئۇدغۇرمىش ئۈچۈن تەزىيە بىلدۈردى ۋە كۆيۈمچانلىق، مېھرىبانلىق بىلەن ئۆگدۈلمىشكە:

— ئەي ئۆگدۈلمىش ئەقلىڭنى ئىشلەت. ئىشىكىڭنى تاقاپ يولۇڭنى ئۈزۈپسەن. يۈزۈڭنى يوشۇرۇپ گەپ-سۆزمۇ قىلمايۋاتىسەن. بۇنداق قىلىش ساڭا ياراشمايدۇ، ئەقىللىق ئادەم بۇنداق يول تۇتمايدۇ. ماڭا ئېيتقىنا، ساڭا بىرەرسى زۇلۇم قىلدىمۇ، ئاچچىق قىلدىمۇ ياكى ئۆچمەنلىك قىلىۋاتامدۇ؟ قېرىندىشىڭنىڭ ۋاپاتى ئاللانىڭ ھۆكۈمى، ياراتقۇچى ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ قازاسىنى يۈرگۈزدى. سەن بۇنداق قاتتىق ھەسرىتىڭنى توختات. نېمىگە شۇنچە پەرياد چېكىپ يىغلىغۇلۇق؟! بۇ قىلىق ساڭا مۇناسىپ ئەمەس، ئۆزۈڭنى بېسىۋال. قانۇنىيەت شۇكى، تۇغۇلغان ئۆلىدۇ، ئۆرلىگەن چۈشىدۇ، يورۇغان ئۆچىدۇ، يۈرگەنلەر تىنىدۇ، بەرگەنلەر بەرگىنىنى قايتۇرۇپ ئالىدۇ. ئۇدغۇرمىشنىڭ ئۆلۈمى ساڭا ئىبرەت بولسۇن. سەۋر قىل، سەۋرنىڭ ساۋابى شېكەر بىلەن قەنتتىنمۇ پايدىلىقتۇر. سەن ئۇنىڭغا دۇئا بىلەن ياردەم قىلساڭ-قېرىنداشلىقىڭنى يەتكۈزگەن بولىسەن. قېرىندىشىڭغا خۇدا ئۆزى رەھمەت قىلسۇن، ئۇنىڭ گۇناھلىرى بولسا كەچۈرسۇن. تەڭرىم بۇ مۇسىبىتىڭنىڭ ئەجرىنى بەرگەي. ئاللانىڭ رىزالىقىغا مۇيەسسەر بول، دوزاختىن ئامان قال. ئەي ئۆگدۈلمىش، ئۆلۈمنى كۆرۈپ تۇرغۇچى تىرىكلەر ئەسلى بۇنىڭدىن ئىبرەت ئېلىشى كېرەك ئىدى. قېنى ئىبرەت ئالغانلار؟ ئۆلۈمگە

تۇتقۇن بولغانلار ئۆلۈش ئالدىدا مۇنداق نەسىھەت قىلغان: «ماڭا قارا، مېنى ئۆلۈم تۇتتى، كېتىدىغان بولدۇم. ئارقىمدىن سەنمۇ بارىسەن.» ئەمدى بىر شائىر ئېيتقان بۇ بېيتنى ئاڭلا ۋە كۆڭلۈڭدە ساقلا:

سېنىڭدىن بۇرۇن مىڭ ئۆلگۈچىلەر،
«ماڭا باق، ماڭا» دەپ ساڭا پەند بېرەر.
يۈرۈپ غەپلەت ئىچرە ئاۋۇندۇم تولا،
ئۆلۈم تۇتتى كەتتىم، ساڭىمۇ كېلەر.

كۈنتۇغدى ئىلىگ ئودغۇرمىشقا قىلغان تەزىيىسى ۋە ئۆگدۈلمىشكە بەرگەن سەمىمىي تەسەللى سۆزلىرىدىن كېيىن، ئۆگدۈلمىشتىن ئودغۇرمىشنىڭ ئۆلۈمىنىڭ قانداق ئۆتكەنلىكى، ھاياتىنىڭ ئاخىرىدىكى ئەھۋالىنىڭ قانداق بولغانلىقى قاتارلىق ئىشلارنى سورىدى.

ئۆگدۈلمىش كۈنتۇغدى ئىلىگكە ئودغۇرمىشنىڭ ئۆلۈمى توغرىسىدىكى ئىشلار ۋە قومارۇدىن ئاڭلىغانلىرىنى سۆزلەپ بەردى. ئۇ ئودغۇرمىشنىڭ ئۆلۈش ئالدىدا ۋەسىيەت قالدۇرغانلىقىنى ئېيتقاچ ئورنىدىن تۇرۇپ، ئودغۇرمىشتىن قالغان قىممەتلىك تەۋەررۈك ھاسا بىلەن ئىۋرىقنى ئېلىپ كېلىپ ئىلىگنىڭ ئالدىغا قويدى:

— قېرىنداشىمدىن ماڭا قالغان بايلىق ۋە مىراس مانا مۇشۇ. ئالىيلىرى، بۇ تەۋەررۈكتىن بىرنى ئەستىلىك ئۈچۈن سەن ئالغىن. بۇگۇن قوت ئاتقاي، تاڭنا ئەسقاتقاي، — دېدى ئۆگدۈلمىش.

— بۇ تەۋەررۈك ماڭا قوت ئاتسۇن، — دېدى ئىلىگ ھاسىنى ئېلىپ، — ئىۋرىقنى سەن ئالغىن. بۇنى كۆرگەندە قېرىنداشىڭنىڭ يۈزىنى كۆرگەندەك بولارسەن.

ئۆگدۈلمىشنىڭ ئىشقىنى قولىغا ئېلىپ كۆڭلى بۇزۇلدى، ياشلىرى يەنە سىرغىپ چۈشتى. ئىلىگ ئۆگدۈلمىشكە يەنە تەسەللى بەردى:

— قارىساڭ، بۇ بىز ئۈچۈن چوڭ ئىبرەت. ئويلاپ كۆرسەڭ ئاقىللار ئۈچۈن مۇشۇنىڭ ئۆزى يېتەرلىكقۇ؟! ئۇ بۇ دۇنيادىن خالاس بولۇپ ئاشۇنداق ياشىدى، مانا ئاخىرى بۇ دۇنيا ئۇنىڭدىنمۇ قالدى. ئۇز قىلىقلىق پاراسەت ئىگىلىرى شۇڭا: بۇ دۇنيادا ئېرىشكىنىڭ ھەر قانچە كۆپ بولسىمۇ ئوشۇقلۇق قىلمايدۇ، ھەر قانچە ئاز بولسىمۇ يەنىلا ئۆز لايىقىدا يېتىدۇ. بۇ دۇنيانىڭ پەزىلىتى بىر، قۇسۇرى مىڭدۇر. ئادەم ئۆمرىنى قانداق ئۆتكۈزسە، شۇنداق ئۆتۈۋېرىدۇ، دېيىشكەن. ئۆلمىدىغان جانغا ئارتۇق بايلىقنىڭ نېمە لازىمى، ئۇنى ئۆزۈڭدىن كېيىنكىلەر يەپ راھەتنى كۆرىدىغان ئىشكەنغۇ؟! قېرىندىشىڭ بۇ دۇنيانىڭ مال-دۇنياسىنى تەرك ئېتىپ، ماتا-جەندە كىيىپ، ئارپا ئېشىنى يېيىشنى ئۆزىگە راۋا كۆرۈپ ياشىدى، بىراق يەنىلا ئۆلۈپ قالمىدى، كېيىنكى تەييارتاپ، يەپ قاچارلارغىمۇ ھېچ نەرسە قالدۇرمىدى. تون ۋە كۆن ئاشۇنداق تىرىشىپ بويىنىدىكى يۈكنى يەڭگىللىتىپ، دۇنيانىڭ مۇشەققىتىنى ئۆزىدىن يىراقلاشتۇردى. ئۇ شۇنداق تىرىشىپ مەڭگۈلۈك ئىشنى پۈتتۈرۈپ، بۇ جاپاكار دۇنيادىنمۇ قۇتۇلدى. بىزنىڭ قەلبىمىزدە تۈگۈنلەر تۈگۈنچە يېشىلمەي قېلىۋەردى.

ئىلىگ شۇنداق سەمىمىي ياخشى نەسىھەتلەر بىلەن ئۆگدۈلمىشكە تەسەللى بەردى، ئۆزىنىڭمۇ ئىچ-قارنىنى بوشىتىۋالدى. ئۇ ئۆگدۈلمىشنىڭ قېشىدىن قايتىپ چىقىپ، قەسىرگە كېلىپ ئاتتىن چۈشتى ۋە غەمكىن ھالدا ئۆيىگە كىردى.

* * *

ئۆگدۈلمىش نەچچە كۈنلۈك قايغۇلۇق ماتەم كۈنلىرىنى

ھەسرەت ئىچىدە ئۆتكۈزۈپ، ئاخىرى قايغۇ-ئەلەملىرىنى تۆكەتتى، قاپىقىمۇ ئېچىلدى. ئۇ بارا-بارا ئەلەملىك كۈنلىرىنى ئۇنتۇشقا، يەپ-ئىچىپ خۇشال كۈلۈشكە باشلىدى. خەلقنىڭ ئىشلىرىنى ئىلىم-بىلىم بىلەن بېجىرىدىغان ئەل باشلىقلىرىدىن بىرى مۇنداق ياخشى ئېيتقان: قايغۇ-ئەلەم سېنى قانچىلىك ئەسىر قىلسۇن، كۆزۈڭ قانچىلىك يىغلىسۇن بەربىر يەنە كۈلىدىغان ۋاقىتمۇ بولىدۇ. بۇ جاھاننىڭ قانۇنى ئەزەلدىن شۇنداق، ياخشى-يامان ئىشلار نەچچە يىللار تۇرسىمۇ ھامان ئۆتۈپ كېتىدۇ.

مانا شۇنداق قىلىپ، ئۆگدۈلمىش ماتەم تونلىرىنى تۆگىتىپ، خىزمەت كۈنلىرىنى باشلىۋەتتى. ئۇ ئۆز ئىشىنى ھېرىسمەنلىك بىلەن كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ ئىشلەشكە باشلىدى.

بىر كۈنى ئەتىگىنى كۈنتۇغدى ئىلىگ ئۆگدۈلمىشنى يېنىغا چاقىرتتى. ئۇنىڭدىن خەلقنىڭ ئەھۋالى، ئەل-يۇرتنىڭ كۈنلىرىنىڭ قانداق ئۆتۈۋاتقانلىقى قاتارلىقلارنى ئىگىلەپ باقماق بولدى. ئىلىگ ئۆگدۈلمىشتىن:

— ئەلنىڭ ھالى قانداقراق، يۇرتنىڭ ھالىچۇ؟ زامان ۋە كۈنلەر قانداق ئۆتۈۋاتىدۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ئەي ئىلىگ، خەلقنىڭ ھال-كۈنى سېنىڭ ھەققىڭگە دۇئا قىلغىدەك ياخشى، قانۇن توغرا، ئادىل يۈرگۈزۈلۈپ، ئەل خاتىرجەملىككە ئېرىشتى. زوراۋانلار ئەدەپ يەپ ياۋاشلاشتى. بايلار كۆپىيىپ، نامراتلار ئازايدى. مەن كۆڭلۈمنى توختاتتىم، پۈتۈن ئەقىل-ئىدرىكىم ۋە ۋۇجۇدۇم بىلەن ئەلنىڭ ئىشلىرىنى قىلىشقا بەل باغلىدىم.

— ئۆگدۈلمىش، سەندىن كۈتىدىغىنىم، سەن ماڭا كۆز-قۇلاق بولۇپ، جاھاننىڭ ئىشلىرىدىن مېنى ۋاقىپلاندۇرۇپ تۇرغىن، ئوردىدا بېكىنىپ قالما. بىر قانچە كۈن مۇسىبەت بىلەن قولۇڭمۇ ئىشقا بارمىدى. ئەمدى كۆڭلۈڭنى توختىتىپ، مېنىڭ يۈكۈمنى يەڭگىللەتكىن، — دېدى ئىلىگ.

* * *

كۈنلەر ئارقا-ئارقىدىن ئۆتمەكتە. كۈنتۇغدى ئىلىگ بىلەن ئۆگدۈلمىش تىرىشچانلىق ۋە مۇشەققەت بەدىلىگە ئېلىگە ئاسايىشلىق ئېلىپ كەلمەكتە ئىدى. ئۇ ئىككى گىگانت رەھبەر ئۆز ئارا سىردىشىپ، دۆلەت ئىشلىرى ۋە ھاياتلىق ھەققىدە دائىم كېڭىشەتتى. بۈگۈن ھەر ئىككى بۈيۈك زاتنىڭ كۆڭلى ئازادە، روھى كۆتۈرەڭگۈ ھالدا سىرداشماقتا ئىدى.

— ئەي ئۆگدۈلمىش، ئەقىل ئىنسان پائالىيىتىنىڭ يول باشچىسى، ياخشى-يامانلىقنىڭ تارازىسى. ئۇنداقتا ماڭا جاۋاب بەرگىن، ئەقىلنىڭ كۈشەندىسى نېمە؟ — دەپ سورىدى ئىلىگ.

— ئالىيلىرى، دۇرۇس ئېيتتىڭ، ئەقىل ۋۇجۇدنىڭ قوماندانى، ۋۇجۇد ھەۋىسى ئەقىلنىڭ دۈشمىنى، — دەپ جاۋاب بەردى ئۆگدۈلمىش، — ئۇنىڭ ئەڭ ئەشەددىي كۈشەندىسى — تىل، بوغۇز، كۆز ۋە شەھۋەت ھەۋىسىدۇر. بۇلار ئالدى بىلەن ئىنساننىڭ تائەت-ئىبادىتىگە توسقۇن بولىدۇ. شۇڭا نەپسىگە ھاكىم بولسا، قۇرۇق گەپ قىلىشتىن ساقلانسا، يارىماس ئىشلاردىن ئۆزىنى پارىغ تۇتسا، ھاۋايى-ھەۋەسكە يول بەرمىسە، شۇنداق كىشىنى ئەقىللىق، بىلىملىك، تەمكىن كىشى دېسە بولىدۇ. ئەقىللىق كىشىلەرنىڭ سۆزلىرى ماختاشقا سازاۋەر بولىدۇ. ئەقىللىق كىشىلەر توغرا، تۈز، ئوچۇق-ئاشكارا بولىدۇ، يارامسىز ئىشلارغا يېقىن بارمايدۇ، مەنىسىز نەرسىلەرگە كۆز قىرىنى سالمايدۇ.

— بۇ سۆزلەرنى ياخشى سۆزلىدىڭ، — دېدى ئىلىگ، — ماڭا بەك پايدىلىق سۆزلەرنى قىلدىڭ. ئەمدى دەپ باققىنە، ۋۇجۇدنى بەك سۆكىسەن، ئۇنىڭ يامانلىقى نەدە؟

— ئىنسان بالىسى بۇ ئالەمگە تۆرەلگەندىن بېرى ۋۇجۇد ئېزىتقۇ، ئەقىل تىزگىن بولۇپ بىر-بىرىگە قارىمۇقارشى مەيداندا تۇرۇپ كېلىشتى. ئادەم نەپس بالاسىدىن جەننەت مېۋىسىنى يەپ قويۇپ، ئەقىلگە خىيانەت قىلدى، شۇنىڭ بىلەن بۇ ۋۇجۇد ئەقىل بىلەن قارشىلاشتى. ئەقىل تىزگىنى بولمىسا نەپس بالاسى ئادەمنى ھەر كويغا سالىدۇ، ئۇنىڭ قىلمىشى جاپا مېۋىسىدۇر. جاپاغا جاپا بىلەن تاقابىل تۇرۇپ ئۆزىنى قۇتۇلدۇرۇش كېرەك. ۋۇجۇد خاھىشىنىڭ كەينىگە كىرىپ، ئۇنىڭغا كۆيۈنۈپ، قانچىلىك ياخشىلىق قىلغانسېرى ئۇ قۇتراپ، شۇنچىلىك يامانلىق قىلىدۇ. سەرخىل كىشىلەر بۇنى بىلىپ: كىمگە ۋاپادارلىق كۆرسەتكەن بولساڭ، ئۇنىڭ ۋاپاسىزلىقىغا تەييار بول. ۋاپا ئورنىغا بىر كۈنى جاپا تېتىغۇچى بول. كىمگە ياخشىلىق قولۇڭنى سۇنغان بولساڭ ھەزەر قىلكى، ئۇنىڭ ساڭا يامانلىق قولىنى ئۇزىتىپ نادامەت چەكتۈرۈشىدە گەپ يوق، دەپ توغرا ئېيتقان. ئەي ئىلىگ، ئۇلارنىڭ تەۋسىيەلىرىنى جاپاكار ۋۇجۇد ئۈچۈن ئەمچى قىلساڭ بولىدۇ.

ھەي ئىلىگ، مۇنۇ ئۈچ مەخلۇقنى سەمرىتىش ياخشىلىق ئېلىپ كەلمەيدۇ. بىرى، ئوۋ ئىتى، يەنە بىرى، ئوۋ قۇشى، ئۈچىنچىسى ۋۇجۇدنىڭ گۆشى. قورسىقى توق، ئېتى سېمىز ئىت ئوۋنى قوغلىمايدۇ. ئوۋ قۇشى داندىن قىسىلمىسا ئوۋ تۇتمايدۇ. نەپسىنىڭ مەيلىگە قويۇپ ۋۇجۇدنى تويدۇرۇپ ۋە قاندۇرۇپ باقسا، ئۇ بۇغرا تۆگىدەك قۇترايدۇ، ياخشىلىقنى تاشلاپ، يامانلىققا ئۆزىنى ئاتىدۇ. ئىتنىڭ ئوۋغا يۈگۈرمىسىگۇ بىر سۆسەرگە زىيان بولار، قۇشۇڭ ئوۋلىمىسا قولدىن كېتىدىغىنى بىر ئۆردەكلا. بىراق نەپسىڭ بۇغرا تۆگىدەك بوينىنى ئېگىز كۆتۈرسە، سېنى ئوتقا ئىتتىرىپ ئازابقا ئىگرىتىدۇ. شۇڭا، ئىشىنىڭ يولى شۇكى، ئۇلار سېنى ھەممىدىن مەھرۇم قىلىشتىن بۇرۇن سەن ئۇلارنى ئاچ قويۇپ موھتاجلىقتا تۇت. ئاندىن ئۇلار بوينىنى ئېگىپ، دېگەن

يولۇڭغا ماڭىدۇ. يوقسۇل كەمبەغەللەرنىڭ خاتىرجەم، ھۇزۇرلىنىپ ياشاۋاتقانلىقىنى كۆر. ئۇلار بارغا قانائەت قىلغان كۆڭلى باي كىشىلەردۇر. ئۇلارنىڭ قورسىقى تويسا، ئۇچىسىغا كىيىم بولسىلا خاتىرجەم ئىبادىتىنى قىلىپ، ئىشلىرىنى جاي-جايىدا بېجىرىپ ئۆتۈۋېرىدۇ. ئەمەل-مەنسەپ، ئۇلۇغلۇق، ھەددىدىن ئارتۇق دۆلەت ۋە بەخت كىشىنى تەكەببۇرلۇققا ئۈندەپ، قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلىرىدىن مەھرۇم قىلىدۇ. تەكەببۇرلۇق بەندىنى تەڭرىدىن يىراقلاشتۇرىدۇ، ئەقىللىق كىشى ھەرگىزمۇ مۇنداق يولدا ماڭمايدۇ. كەمبەغەلمۇ ئۆلىدۇ، بايمۇ ئۆلۈپ ئىككى بۆز بىلەن قارا يەر قېتىغا كىرىدۇ. كەمبەغەل ئۆلسە مۇشەققەتتىن خالاس تاپىدۇ، باي ئۆلسە مال-مۈلكى قالىدۇ، ئۆزى بولسا ئېغىر يۈك بىلەن كېتىدۇ. بۇ سۆزگە مىسالەن مۇنداق بىر سۆز ئېيتىلغان: ئەي نېمەت ئىگىسى، ئۆلۈم سېنىڭ مېھنىتىڭدۇر. ئەي مېھنەت ئىگىسى، ئۆلۈم سېنىڭ نېمىتىڭدۇر. ئەي كەمبەغەل، ئۆلۈم سېنى مۇشەققەتتىن قۇتۇلدۇردى. ئەي باي، ھېساب بېرىشكە ھازىرلان، ئۆلۈم ياقاڭدىن تۇتتى. ئالىملىرى، بۇ سۆزدىن تېگىشلىك ئۆلۈش ئالغۇلۇق.

كۈنتۇغدى ئىلىگ ئۆگدۈلمىشنىڭ سۆزىگە ئۇلاپ:

— ئەي ئۆگدۈلمىش، بۇ دۇنيانىڭ ئىچى يىلان-چايانلار بىلەن تولغانىكەن. يېگىدەك ئېشى ئاز، زەھىرى كۆپ، ماختىنغۇچىلىكى يوق، سۆكۈلىدىغان يېرى تولا ئىكەن. ئەقىللىقلار قول ئۇزاتسا تېگىدىغىنى ئاز، بىلىم ئىگىلىرى ئاچلىقتا قالسا يەيدىغىنى ئاز. بۇ جاھان بىلىمسىزلەرنىڭ جەننىتى ئىكەن. ئۇلار راھەت ئىچىدە شاد يۈرىدىكەن، موھتاج بولمايدىكەن، ئازابمۇ تارتمايدىكەن. ئەقىللىقلار ئۈچۈن بۇ دۇنيانىڭ قەدەم باسقان يېرى تىكەنگە تولغان، بىلىملىكلەر ئۈچۈن يېمەكلىكى زەھەرگە تويۇنغان ئىكەن. شۇڭا زاھىتلار قىز-ئوغۇللىرىنى تاشلاپ، بۇ دۇنيادىن يىراقلاشتى. ئابىدمۇ دۇنيانى تاشلاپ ئىبادەتكە كىرىشتى.

— بۇ سۆزلەر ئەڭ توغرا، ئەقىلگە مۇۋاپىق، چىن گەپ بولدى، — دېدى ئۆگدۈلمىش ئىلىگنىڭ سۆزىنى قۇۋۋەتلەپ، — بۇ دۇنيانىڭ خۇي-پەيلىگە سەپسالسا يەپ تويمايدىغان ئەجدىھاغا ئوخشايدۇ. ئىنسان ئۆزىنى ئۆزى بېقىپ سەمرىتىدۇ. ئۆزىنىڭ گۆشىنى ئۆزى يەپ جۇدىتىدۇ. بۇنىڭغا دىققەت بىلەن قارىسا، ھەقىقەتەن ھەيران قالارلىق ئىش. ئادەم ئاتا بىلەن ھاۋا ئانا بۇ دۇنياغا يارىلىپ، يەر يۈزىگە ئۆزلىرىنىڭ ئۇرۇقىنى چاچتى. شۇنىڭدىن تارتىپ ھازىرغىچە نى-نى ئادەملەر ۋە بەگلەرنىڭ بەگلىرى بۇ دۇنياغا كېلىپ كېتىشتى. تۇغۇلغانىنىڭ بىرى ئالىم بولۇشتى، بەزىلىرى جەسۇر قەھرىمان، بەزىلىرى تىك قىيادەك مەغرۇرلۇق بىلەن كېتىشتى. بەزىلىرى ئەقىللىق، بەزىلىرى دانا، بەزىلىرى تەلۋە-ئەخمەق، بەزىلىرى ھۇرۇن كېلىشتى-كېتىشتى. يەنە قانچىلىغان پەيغەمبەرلەر ۋە كامىل ئۇستازلار تۇغۇلدى. ئۇلار تەڭرى ئەمرى بىلەن ئىنسانلارغا يول باشلاپ كېتىشتى. بەزىلىرى ئۇزۇنراق ياشاپ كەتتى، بەزىلىرى قىسقىلا ياشاپ كۆچۈشتى. بىرى چوڭ سۆزلىرى بىلەن باش كۆتۈردى، يەنە بىرى ياراتقۇچى ھەققە قارشى يايىنى قۇرۇپ، دۈشمەنلىك ئوقى ئاتتى. بۇ زېمىنغا قانچىلىغان ياخشى، دانىشمەن ئالىملار قەدەم باستى. ئۇلارنىڭ بۈيۈك ئارزۇلىرى بار ئىدى. بىراق ئۇلارغىمۇ ئەبەدىيلىك ھايات نېسىپ بولمىدى. بۈگۈن قارىساق، ئۇلار خۇددى بۇ دۇنياغا تۇغۇلمىغاندەك قارا يەر قېتىدا توپىغا يۇغۇرۇلۇپ ياتماقتا. بۇ جاھانغا تۆرەلگەن ھەر خىل، ھەر تۈرلۈك كىشىلەرنىڭ ھەممىسىنى قارا يەر ئاشۇنداق يۇتۇۋەتتى. ئۇلار مانا ھەشەمەتلىك ئوردا-سارايلارنى تاشلاپ قارا يەرنى قۇچاقلاپ، قىيامەتنى كۈتۈپ، بەخىرامان ياتماقتا. ئۇلاردىن ھېچقانداق تىۋىشمۇ يوق. نەپەسلىنىۋاتامدۇ، ئۇخلاۋاتامدۇ، ئۇلارنىڭ ئەھۋالى قانداق، بۇنى ھېچكىم بىلمەيدۇ. ئۇلارنىڭ قوللىرى يېمەك، كىيمەككىمۇ يەتمەيدۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسى موھتاجلىقتا باشقىلارنىڭ دۇئاسىغا

تەلمۈرىدۇ. ئۆكۈنۈش بىلەن ئىنجىقلىشىپ، مىلى ئارزۇ-ئارماندا ياخشىلىقنى كۈتۈشۈپ ياتماقتا. بۈگۈن تەگرى بىزگە بۇ كۈنلەرنى نېسىپ قىلدى. بۇ پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويۇش يارىمايدۇ. ئەي قانۇن ساھىبى، خۇدا بىزگە ياخشىلىقلار ئۈچۈن تەۋپىق بەرسۇن.

ئۆگدۈلمىش سۆزىنىڭ ئاخىرىدا كۈنتۇغدى ئىلىگكە كۆپ مەدھىيىلەرنى ئوقۇپ ۋە ئاللادىن ئۇنىڭ ئۈچۈن كۆپ مەدەت تىلەپ مۇنداق دېدى:

— ئەي دانىشمەن ئىلىگ، ھاياتلىقتا ئۇزۇن ياشىغايسەن، بۇ ئالەم سېنىڭسىز قۇرۇق قالمىسۇن. ئاللا ئۇرۇق-ئەۋلادىڭنى مەڭگۇ ئۈزمىسۇن. قانداق ئارزۇ-تىلەكلىرىڭ بولسا ئاللا تائاللا ساڭا بارلىق ئىشىكلىرىنى ئېچىپ بەرسۇن. راھەت-پاراغەت ئىچىدە خۇشال-خۇرام ياشىغىن. سېنىڭدەك ئادالەتلىك، ئەقىللىق، پاراسەتلىك، مېھرىبان بەگلەرنىڭ ئۆلۈپ، سۆڭىكى چىرىپ، يەر قارىدا ياتقانلىقىغا مىڭ ئەپسۇس. ئەي ھۆكۈمدار، ئاللا بۇ دۇنيانىڭ ئىشلىرىنى ئەنە شۇنداق ياراتقان ئىكەن، بۇنىڭغا نېمە ئامال. بىراق ساڭا ئوخشاش بەگلەر گەرچە ئۆلۈپ كەتسىمۇ، ئۇ ئۆلۈم ھېسابلانمايدۇ، چۈنكى سەن ياخشىلىق قولۇڭ بىلەن سائادەت ئۇرۇقلىرىنى چېچىپ كەتتىڭ. سەن ھايات بول ياكى ماماتلىق دۇنياسىغا كۆچ، «ياخشى» دېگەن مۇقەددەس نامىڭ دۇنياغا تارالدى. تىلىكىم شۇكى، سېنى ھەقىقىي سۆيىدىغان دوستلىرىڭ كۆپەيسۇن، رەقىبلىرىڭ قان يۇتسۇن، سەلتەنەت زېمىنىڭ تېخىمۇ كېڭەيسۇن.

ئۆگدۈلمىش سۆزلىرىنى تۈگىتىپ، كۈنتۇغدى ئىلىگكە باش قويۇپ خوشلاشقاندىن كېيىن ئوردىدىن چىقتى. ئېتىنى مىنىپ، ئۆيىگە قاراپ يول سالدى. ئۇ ئۆيىنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئاتتىن چۈشۈپ ئۆيىگە كىردى. ئازراق غىزالانغاندىن كېيىن ئارام ئېلىش ئۈچۈن كۆرپە ئۈستىدە سوزۇلدى.

* * *

تاڭ ئاتتى. ئۆگدۈلمىش ئورنىدىن تۇرۇپ ئىشلىرىنى باشلىۋەتتى. ئۇ مۇلازىملارغا پەرمان چۈشۈرەتتى، ئۆزى ئىشلارنى كۆزدىن كەچۈرەتتى. نۇرغۇن ئىشلارغا ئۆزى قول تىقىپ ئىشلەيتتى. ئۇنىڭ دېگىنى بىلەن قىلغىنى بىردەك، يۈرۈش-تۇرۇشلىرىمۇ ئۆزىدەك تۈز بولغاچقا، پۈتۈن ئەگرىلەرمۇ قىلىقلىرىنى ياخشىلاپ توغرا يولغا كىردى. ئۇ ئالىيجانابلىق بىلەن كىشىلەرگە باش بولغاچقا بۇ دۇنيا تۈزىلىپ، ياخشى، قۇتلۇق دۇئالار پەلەككە يەتتى. بۇنداق قۇتلۇق دۇئا-تىلەكلەر بۇ دۆلەتكە كۈندىن-كۈنگە سائادەت نۇرىنى سەپتى.

شۇنداق قىلىپ ئۇ ئۇلۇغ زاتلار دۆلىتىگە ئاشۇنداق ھۆكۈمرانلىق قىلىپ ئۆتتۇشتى. ياخشى نام-شۆھرىتى بۇ دۇنيادا ئەبەدىيلىك قالدى. ئۇلارنىڭ ئۇلۇغ نامى ۋە تەڭداشسىز ئىززەت-ھۆرمىتى مەڭگۈ ئۆچمىگەي.

# خاتىمە

ئەي دانا ئوقۇرمەن، نەزەر سالغىن، بۇنداق ئىبسىل سۈپەت كىشىلەرنىڭ كۆرۈنۈشى ئادەم، قىلغان ئىشلىرى پەرىشتىلەرنىڭ ئىشى. قېنى ئېيتىپ باققىن، ئۇ ئادەملەر ھەقىقىي ئادەم ئاتىلىدىغان بولسا، بۈگۈنكى خەلقنى نېمە دېگۈلۈك؟! ئەگەر بىز ئادەم دېيىلىدىغان بولساق، شۈبھىسىزكى، ئۇلارنى پەرىشتە دېگۈلۈك. ئۇلارنىڭ ئىش-ھەرىكىتىدىن ئۆگىنىش، سۆزلىرىنى ئاڭلاش، ئۇلار باسقان ئىزدىن مېڭىش ھەر قانداق ئادەمگە قۇت ئاتا قىلغاي. ئەقىللىقلار ئۇقالايدۇ، بىلىملىكلەر بىلەلەيدۇكى، ئىنسان شەكسىز ئۆلىدۇ، بۇ دۇنيا مەڭگۇ قالىدۇ. غەنىيمەت كۈنلەرنى بىھۇدە زايە قىلماي تائەت-ئىبادەت قىلىشتىن باشقىسى ئۈنچە نەپ بەرمىگەي. ئۆزۈڭدىن بۇرۇن ئۆلگەنلەرنى ئۆز كۆزۈڭ بىلەن كۆرۈپ تۇرۇپسەن، پۈتۈن قەسىر، ئوردا-سارايلارنىڭ ھەممىسى قالىدۇ. ھەر قانچە ئۇلۇغلۇقمۇ ئۇلارنى بەند قىلىپ تۇتۇپ تۇرۇشى مۇمكىن ئەمەس. كۆرمەمسەن، قانچىلىغان ئوردا-سارايلارنى، مۇستەھكەم قورغانلارنى ئۆلۈم تىرنىقى بۇزۇپ قارا يەرگە ئايلاندۇردى. قانچىلىغان شەھەر-قىشلاق، باغ-ۋارانلارنى ئۆلۈم خانىۋەيران ۋە خازان قىلدى. بۇنىڭدىنمۇ ئۇلۇغ پەند-نەسىھەت نەدە بار؟! ھازىر بۇ قەسىر، ئوردا-سارايلار سېنىڭ ئىلكىڭگە ئۆتتى. شۇڭا، سەن ئۇنى ماڭىلا مەنسۇپ دەپ تەسەررۇپ قىلىسەن. ئارقىڭغا قارا، سانسىز قوشۇنغا ئىگە بولغان جاھانگىرلار قېنى؟ قوشۇنلىرىنى قويۇپ، ئۆزى يەر قارنىغا كىرىپ كەتتى. ئۆز مەملىكىتىگە قانائەت قىلماي، ئاچ كۆزلۈك بىلەن كۆپ ئەللەرگە زورلۇق قىلغانلار قېنى؟ ئۇلار ھېچنېمىدىن

بەھرىمەن بولالمىدى. قېنى باشقىلارنىڭ زېمىنىغا زورلۇق قىلغان زوراۋان؟ ئەمدى ئۇ بىر غۇلاچ يەرنىڭ ئىگىسى بولۇپ ئىڭراپ ياتماقتا. مۇسۇلمانلارنىڭ قېنىنى تۆككۈچى قېنى، ئۇلارنىڭ ھەيۋىسى نەگە كەتتى؟ قېنى ئۇ پىتنىخور، بوھتانچىلار؟ ئۇلار نېمە ئۈچۈن يەر تېگىگە كىردى؟ قېنى ئۇ باشقىلارنى ساتقۇچى ساتقىن؟ ئۇ قارا يەر بىلەن تەڭ بولۇپ ياتتى. دۇنيانى دەپ ئۇرۇش ئاچقانلار نەگە كەتتى؟ ئۇلار كەتتى، دۇنيا ئۆز پېتى قالدى. ئۇلار ئۆلۈمگە ئامال قىلالمىدى. بۇ دۇنيانىڭ مال-دۇنياسىنى ھېرىسمەنلىك بىلەن قويماي توپلىغانلار قېنى؟ ئۇلارغا پەقەت ئىككى بۆزلا نېسىپ بولدى. قېنى ئۇ تېخىمۇ كۆپ زېمىن تەلەپ قىلغان كىشى؟ قارا يەرنى يېپىنىش بىلەن ئۇنىڭ ئىشىمۇ پۈتتى.

بۇ دۇنيانىڭ ئەھۋالى ئەنە شۇ. ئەقىل بىلەن نەزەر سالغان كىشىگە سىرلار ئىشىكى ئېچىلىدۇ. راھەت-پاراغەت دېگىنىڭ ئەمەلىيەتتە جاپا-مۇشەققەت، شادلىق، خۇشاللىق دەپ بىلگىنىڭ ئەمەلىيەتتە قايغۇ-كۈلپەت، قەدىرلىنىش دېگىنىڭ خارلىق، سۆيۈنۈش دېگىنىڭ ئەلەم. شۇڭا، بېشىڭغا قانداق ئېغىر كۈنلەر كەلسە، ئىنجىقلىماي كۆتۈرگۈلۈك. راھەت-پاراغەتمۇ، جاپا-مۇشەققەتمۇ ئۆتۈپ كېتىدۇ. ھەي مۇشەققەتكە سەۋر قىلغۇچى، ئۇستازلارنىڭ نېمە دېگەنلىكىگە قۇلاق سال: ئەي نېمەت ئىگىسى، ئېرىشكىنىڭگە شۈكۈر قىل. ھەي مېھنەت ئىگىسى، سەۋر قىل، سەۋر قىلساڭ مېھنەت نېمەت بولۇر، شۈكۈر قىلساڭ نېمىتىڭ مول بولۇر.

* * *

مەن بۇ ئۆلگىلىك سۆزلىرىمنى 462-يىلى[1] يېزىپ

① مىلادى 1069—1070 - يىللار.

تاماملىدىم. ئەقىل-ئىدرىكىم يەتكەن پۈتۈن سۆزلىرىمنى يازدىم. ئوقۇغان ۋە چۈشەنگەنلەرنىڭ ئىبرەت ئېلىپ مەنپەئەتلىنىشى ۋە سېنىڭ هاياتلىق ئۆلۈكنى پۈختىلىۋېلىشىڭ ئۈچۈن، ئىش-هەرىكىتىڭ ۋە يولۇڭنىڭ قانداق بولۇشى كېرەكلىكى هەققىدە ئازراق سۆزلىدىم. بۇ هەم دىن يولى، هەم هاياتلىق يولىدۇر. هەر قاچان يولۇڭدىن ئازماي، ئۇشبۇ يول بىلەن ماڭغايسەن. بۇ دۇنيانى ئىزدىسەڭمۇ يول مۇشۇ، ئۇ دۇنيانى تىلىسەڭمۇ يول مۇشۇ. ئاللانىڭ مەدىتى بىلەن بەندىلىكىڭنى ئادا قىل. بۇ دۇنيانى ئىزدە ياكى ئۇ دۇنيانى تىلە، ئۈچىنچى بىر يولدىن قاچساڭلا بولغىنى.

ئى ئاللا، مېنىڭ بۇ سۆزلىرىمنى قانداق تىلەكلەر بىلەن يېزىشقا باشلىغانلىقىمنى ئۆزۈڭ بىلىسەن. تىلىكىم ئۆزۈم ئۈچۈن نام-ئاتاق، ئىنئام-شەرەپ قوغلىشىش ئەمەس، بەلكى ئۆز بولسۇن ياكى يات بولسۇن باشقىلارنىڭ مەنپەئىتىنى ئويلىدىم. ئوقۇغانلار هەر قېتىم ئوقۇغاندا مېنى ياد ئېتىپ دۇئا قىلىپ قويار دېگەن ئۈمىدتىمەن، ئارزۇيۇم، تىلىكىممۇ شۇلا. تىلىم بىلگەنلىرىنى سۆزلىدى، قولۇم سۆزلىرىمنى پۈتتى. ئۆلۈمۈم بىلەن تەڭ قولۇممۇ، تىلىممۇ بىللە كېتىدۇ. بۇ كىتابىم ساڭا تىلىم بىلەن قولۇمنىڭ نىشانى سۈپىتىدە يادىكار بولسۇن. ئەي تىرىك ئوقۇرمەن، مەن بۇ دۇنيادىن ئايرىلىپ يەرنى تۆشەك قىلغاندىمۇ، مېنى ئۇنتۇمىغايسەن!

* * *

ئى مەڭگۈ بىهاجەت ئۇلۇغ ئىگەم، مەن موهتاج قۇلۇڭنى ئۆزۈڭلا كەچۈرگىن. مەن يولدىن ئازغان گۇناهكار بەندىمەن، پەقەت سەنلا گۇناهىمنى مەغپىرەت قىلالايسەن. سەن ئىگەم، مەن قۇلۇڭمەن. پەقەت سەنلا ماڭا ئىگىدارلىق قىلغىن. ئىگىسىنىڭ

قۇلىغا ھىممىتى كۆپتۇر. ئەي غەپۇر رەھىم، مەن قۇلۇڭنىڭ گۇناھى كۆپ، ماڭا رەھىم-شەپقەت قىلىپ گۇناھىمنى مەغپىرەت قىلغىن. ھەي ھىممىتى چەكسىز پەرۋەردىگارىم، شەرقتىن-غەربكىچە پۈتكۈل مۆمىنلەرنى ئەپۇ قىلغىن. ئەي ھەممىنى بىلگۈچى، گۇستاخ① مەن، گۇستاختىن گۇستاخلىق سادىر بولىدۇ. ئىپاردىن ئىپارنىڭلا پۇرىقى كېلىدۇ. ناپاك نەرسىدىن بەتبۇي ھىد كېلىدۇ. سەن ئۆز پەزلىڭنىڭ بىلەن گۇناھىمدىن ئۆتكەيسەن. ھەي ئۈمىد نۇرۇم ئاللا، سەنلا مېنىڭ ئۈمىد يولۇمنى يورۇتىسەن، سەندىن ھەرگىز ئۈمىدىمنى ئۈزمەيمەن. مەن بىر ۋاپاسىز قۇلۇڭمەن، سەن ۋاپادار ئىگەمسەن، قۇلۇڭغا مېھرىبانلىق قىلغايسەن. ئى رەببىم، جاپادىن جاپالا كېلىدىكەن، ۋاپادارلىقتا ۋاپادىن بۆلەكنى بىلمىدىم. سەن ۋاپادارلىقىڭ بىلەن پۈتكۈل مۆمىنلەرنى ئەپۇ قىلغىن، شۇلارنىڭ ھەققى-ھۆرمىتى ئۈچۈن مېنىڭ گۇناھلىرىمنى ھەم كەچۈرگەيسەن. توغرا يول كۆرسەتكۈچى ۋە يولباشچى پەيغەمبىرىمىزگە تۈمەن مىڭ سالامىمنى يەتكۈزگىن. ئۇنىڭ تۆت ھەمراھىغا كۆپتىن-كۆپ سالامىمنى ئۈزۈلدۈرمەي يەتكۈزگىن، ئامىن.

① گۇستاخ — بويۇنتاۋ، ئۆزىنى تۇتمىغۇچى.

# يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئاخىرقى ئىلاۋىسى

## I

## يىگىتلىكىگە ئېچىنىپ، قېرىلىق ھەققىدە ئېيتقانلىرى

ئىست دەيمەن، يىگىتلىكىمگە ئىست! سېنى تۇتۇشنى بىلمەي قاچۇرۇپ قويدۇم. يىگىتلىكىمنى ئۆتكۈنچى بۇلۇتتەك يوقاتتىم، ھاياتىمنى شامالدەك تۈگەتتىم. ئەي يىگىتلىكىم، يەنە بىر قېتىم قايتىپ كەلگەن بولساڭ، ئالىقىنىمدا كۆتۈرەتتىم، ئايىغىڭغا تاۋار-دۇردۇن سالاتتىم.

ئەپسۇس، مىڭ ئەپسۇسكى، ياشلىقىمنىڭ قايتىپ كېلىشىگە ھەر قانچە تەقەززا بولسامۇ، ئۇنىڭغا قايتا مۇيەسسەر بولالمىدىم. يىگىتلىكىمنى نەگە يوقاتتىم، ئۇنىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن. ئەمدى ئۇنى تىلىسەممۇ تاپالمايمەن، مەن بىلدىمكى، يىگىتلىك ھاياتلىقنىڭ ئەڭ گۈزەل مەۋسۇمى ئىكەن. ئۇ كىشى ئۈچۈن ھاياتلىقنىڭ شېرىن چېغى، شېرىن جاننىڭ لەززەتلىك بېغى ئىكەن. ئەمدى بۇنى ھېس قىلغىنىمدا ياشلىقىمنىڭ راھىتىنى، يىگىتلىكىمنىڭ لەززىتىنى قاچۇرۇپ مەھرۇم قالدىم. دۇرۇسراق ئۆتەلىسەمغۇ قېرىلىقتىمۇ ئەيىب يوق ئىدى. ئەپسۇس، ھاياتىمنىمۇ بىھۇدە ئۆتكۈزۈۋەتتىم. ئەي يىگىتلىكىم، ھەسرەت بىلەن ساڭا ئېچىنىمەن. مەندىن يىراقلاپ شۇنچە كۆركەملىكىمدىن

مەھرۇم قىلدىڭ. ئىككى مەڭزىم ئەرغۇۋاندەك[1] قىزىل ئىدى، بۈگۈن مانا يۈزۈمگە زەپىران ئۆرۈقىنى سەپكەندەك بولدۇم. ئىپاردەك قارا چاچلىرىمغا كاپۇر پۈركۈدۈم. ئايدەك تولغان يۈزۈمنى قاياقلارغا كەتكۈزگەندىمەن؟ تۈمەن خىل گۈللەرگە پۈركەلگەن پارلاق يازدەك ئىدىم، ئەمدى ھەممىنى قۇرۇتۇپ، خازان بولدۇم. قىيىندەك بويۇم ئوقتەك دۇرۇس، تۈز ئىدى، ئېگىلىپ، مۈكچىيىپ يادەك بولدۇم. ھاياتىمنىڭ پەيزى چاغلىرىنى بىھۇدە زايە قىلدىم، ئۆكۈنۈش بىلەن كۆزۈمدىن قانلىق ياش سىرغىماقتا. بالىلىقىمنى ئۆتكۈزۈۋەتتىم، يىگىتلىكىمنىمۇ يوقاتتىم. كۈنلىرىمنى تارايتىپ، ئۆزۈمنى چۆكتۈردۈم. يېمەك-ئىچمەك بولسا ئۈيدەك يەپ-ئىچتىم، ھەۋەس قوغلىشىپ نۇرغۇن چاڭ توزۇتتۇم. قۇش ۋە ئوۋدىن سۆيۈنۈپ، ئۇچقۇر ئارغىماقتا دۆڭلەرگە چاپتىم، دوست-يارەنلىرىمگە شېرىن جاندەك يېقىن بولدۇم، دۈشمەنلىرىمگە يولۇقسام توسۇن ئاتتەك چۆچۈتتۈم. گۇناھسىزلارنى گۇناھقا بۇيرۇپ، نۇرغۇن ئادەملەرنى ئەيىبلىدىم، تىل تەگكۈزدۈم، قول ئۇزاتتىم. غالىب ئەرلەردەك مەيدەمنى كېرىپ، مەغرۇرلىنىپ قىيادەك غادايدىم.

مەن مەستلىكتىن ئويغانغان ئەردەك ھوشۇمغا كېلىپ، ئۆزۈمنىڭ يولدىن ئازغانلىقىمنى بىلىپ، خۇدادىن بەك ئۇيالدىم. بەندىنىڭ خىزمىتىنى قىلىمەن دەپ، تەڭرىنىڭ ئىبادىتى قالدى. جاھان كېزىپ يۈرۈپ، يولدىن ئېزىپتىمەن. ھەۋەس قوغلىشىپ خېلى چاپتىم، قۇترىغان بۆرىدەك جاھاننى ئىڭراتتىم، كىشىلەرگە زورلۇق قىلىپ پۇلىنى ئالدىم. بىرىگە غەزەپ قىلىپ، يەنە بىرىنى رەنجىتتىم. رەببىم مەندىن نېمىشقا شۇنداق ئەسكىلىكلەرنى قىلدىڭ دەپ سورىسا، نېمە دەرمەن دەپ تولىمۇ ئۇيالدىم. قايسى تەلۋىنىڭ ئىشلىرى بۇنىڭدىن ئارتۇق بولغان، ئۆمرۈمنى ئۆتكەن

① ئەرغۇۋان — قىزىلگۈل.

كۈنۈم بىلەن گۈللاپ تۈگىتىپتىمەن. كۈن-ئايلار بىھۇدە زايە بولۇپ مېنى ئۆكۈنۈشكە قويدى. شادلىق ئۆتۈپ كەتكەنگە ئوخشاش، ئازابلىرىممۇ ئۆتۈپ كەتسە ئىدى كاشكى.

قىياسەن مەن ئۆزۈمنى كىسرا[①] ياكى قەيسەر[②] دەپ ھېسابلىدىم، شەدداتتەك جەننەتمۇ ياساتتىم. ئىسكەندەردەك پۈتۈن دۇنيانى تەسەررۇپىمغا ئالدىم، نوھ پېشىدەك ئۆزۈن ياشاپ باقتىم. ئۆزۈم چاقماقتەك قىلىچلىق ھەيدەر بولدۇم ياكى رۇستەمدەك دۇنيادا داڭق قازاندىم، ئەيسا بولۇپ كۆككىمۇ ئۆرلىدىم ياكى نۇشىرۋاندەك ئادىل قانۇن يۈرگۈزدۈم. بايلىقىم قارۇننىڭ بايلىقىدەك تولدى ياكى ئەسھابى رېستەك تۈمۈردىن شەھەر سالدۇردۇم. بۇلاردىن نېمە پايدا كەلدى، ئاخىرى قايتىپ تۇپراققا كىرىش بولدى. پۈتۈن دۇنيا قالدى، ئىككى بۆز بىلەنلا كەتتىم. يالىڭاچ تۇغۇلدۇم، يەنىلا يالىڭاچ يەرگە كىردىم. بۇ دۇنياغا ئۆزۈمنى نېمانچە ئۇرۇپ كەتتىم؟!

دۇنيا خۇددى بوراندەك ئۆتىدىكەن، ئۆتكۈنچى دۇنياغا غاپىللىقتا شۇنچە پاتتىم. ھاياتقا پايدىلىق بولغان ياخشى ئىشلىرىم قېنى؟ تىرىكلىك ئۇرۇقىنى قەيەرلەرگە تېرىدىم؟! نېمە تېرىغان بولسام شۇنى يىغدىم، نېمە يىغقان بولسام شۇنىلا تېتىدىم. مانا يىگىتلىكىمنى قاچۇرۇپ، قېرىلىققا يەتتىم. بەس، سۆزۈمنى نېمانچە چېچىۋەتتىم، ئەمدى ئەسلى سۆزۈمگە قايتاي.

ئويغان، تىنماي يىغلا، گۇناھقا پاتتىڭ، ئۆزۈڭ تۈنلەردە ئۇخلىماي ئىگەڭگە تېۋىنغىن. يىلان، قۇرت-قوڭغۇزلارغا يەم بولىدىغان بۇ بەدەننى نېمەتلەر بىلەن نېمانچە سەمىرىتتىم؟! ئەي مەست جان، ئويغان! تىنماي يىغلاپ خۇداغا تېۋىن، بولمىسا ئۆزۈڭنى يوقاتقىنىڭ شۇ. ياشلىقىم يىراقلىشىپ، قېرىلىق چاڭگىلىغا ئالدى، ھاياتنىڭ لەززىتى كەتتى. ئەمدى بارىدىغان

---

① كىسرا — ئىران شاھلىرىنىڭ ئۇنۋانى.
② قەيسەر — رۇم شاھلىرىنىڭ ئۇنۋانى.

ئۇدۇل يولنى تاپتىم. بۇ كونا دۇنيا خەلقنى كۆپ ئالدىدى، ئۇنىڭ نېمىسىنى ئارزۇلاپ شۇنچە سۆيگەندىمەن؟!
ئەي. رەببىم، سەن ئىگەمسەن، مېنى ئويغاتقىن. دەرگاھىڭدىن مېنى قوغلىمىغىن، قەلبىمنى پاكلىدىم، سەن گۇناھلىرىمنى مەغپىرەت قىلغۇچى بىردىنبىر ئىگەمسەن، گۇناھلىرىمنى ئۇنتۇغانلىقىمنى ئەپۇ قىل.

II

## زاماننىڭ بۇزۇلغانلىقى، دوستلارنىڭ ۋاپاسىزلىقىدىن نالە قىلغانلىقى

مەن ئەمدى ئورنۇمدىن تۇرۇپ يۈرەي، جاھان كېزىپ دۇنيادا ۋاپادار ئادەم بولسا ئىزدەپ كۆرەي. بۇ دۇنيادا ھەقىقىي ئادەم قىس بولۇپ كەتتى. نەلەردىن ئىزدىسەم بولاركىن، قېنى ئىزدەپ تاپقۇدەك بولسا ئىزدەپ باقاي. ھەممە ئارزۇيۇمغا يەتتىم، لېكىن ھەقىقىي ئادەمگە ئېرىشەلمىدىم. ئەگەر بۇ ئارزۇيۇم ھاسىل بولسا دىدارىغا قېنىۋالاي. دۇنيانى جاپا قاپلاپ، ۋاپا قەھەتچىلىكى بولدى. قېنى سوراپ باقاي، كىمدە ۋاپا باركىن. مۇبادا ۋاپادار سېخىي ئەرنى تاپسام ئىدىم، يەلكەمدە كۆتۈرەتتىم، كۆزۈمگە سۈرتەتتىم. ۋاپادار ئىنساننى تاپالمايدىغان بولسام، تاغدا ياۋايى كېيىك بىلەن ھايات كەچۈرەي. قۇمنى تۆشەك قىلىپ، تاغاردىن تون كىيەي. يېمەك-ئىچمىكىمگىمۇ يامغۇر سۈيى بىلەن ئوت-چۆپ يېلتىزى بولسىلا كۇپايە. كىشىلەردىن يىراقلاپ، دۇنيادىن يۈتەي ياكى ۋەھشىي ھايۋان كەبى باياۋانلاردا يۈگۈرۈپ يۈرەي. بۇمۇ بولمىسا دۇنيانى تەرك ئېتىپ دەريادەك ئاقاي، شامالدەك ئۇچاي.
ئى ئاللا، ۋاپاسىزلارغا يولۇقۇپ غەمگە پاتتىم. ۋاپادار كىشىنى تاپسام شېرىن جاننى پىدا قىلاتتىم. «ئادەم» دېگەن نامىلا

قالدى، ھەقىقىي ئادىمىيلىك يوقالدى. ئەگەر قەيەردە ئادىمىيلىك بولسا، مەنمۇ شۇ ياققا باراتتىم. دۇنيانى قىزىپىمۇ مېھرىبان ئادەم تاپالمىدىم، مېھىر-شەپقەتسىز كىشىلەرگە قانداقمۇ كۆڭۈل بېرەي. كىمنى ئۆزۈمگە كۆزۈمدەك يېقىن تۇتقان بولسام، شەيتاندەك دۈشمەن بولدى، قانداق قىلاي. كىمنى شېرىن جېنىمدەك بىلىپ سۆيگەن بولسام، شۇنىڭدىن جاپا كۆردۈم، ئەمدى كىمنى سۆيەي؟ كىشىلەرنىڭ تىلى دىلىغا شاھىت ئىدى، ئەمدى تىلى بىلەن دىلى ئالا بولۇپ كەتتى، قايسى بىرىگە ئىشەنگۈلۈك. ئەمدى كىمنى ئۆزۈمگە ھەمراھ قىلاي، كىمگە ئىشىنەي، كىمنى دوست تۇتاي، كۆڭلۈمنى كىمگە ئىزھار قىلاي؟ دەردىم تولا، ئۇنى كىمگە ئېيتاي، ئەمدى ئازراق دەرد تۆكەي.

نېمىسىنى ئېيتاي، ئاداش-قولداشلىرىمدىن ئۈمىد قالمىدى، قېرىنداشلىرىم ياتلىشىپ كەتتى. ئەگەر ئىشەنچ بىلەن خاتىرجەملىك قەسەم بىلەن بولىدىغان بولسا، قېنى ئۇ قەسەمگە ئەمەل قىلغۇچى، ئۇنى ئەر ئاتاي. نان-تۇز ھەققىنى ساقلىغۇچى بارمۇ، ئۇنداق كىشى بولسا ئالتۇن-كۈمۈش، مەرۋايىتلارغا كۆمۈۋېتەتتىم. خۇشاللىق ۋە قايغۇدا ئورتاق بولىدىغان قوشنا-قولۇملار بولىدىغان بولسا، ئۆيۋاقامنى ئۇنىڭغا قالدۇرۇپ چىقىپ كېتەي. ئىشەنچىگە يارىغىدەك دوست-يارەنلىرىم بولسىدى، ئۇنى بېگىم ئاتاپ، ئۆزۈم قۇلى بولۇشقا رازى بولاتتىم. سىرداشقىدەك ئادەم يوق، يالغۇزلۇقتا مۇڭغا پاتتىم. شادلىقتىمۇ كۈلەرمەنمۇ؟ قانداق بولۇپ خەلق ياخشى ئۆرپ-ئادەتنى تاشلاپ بۇنچە بۇزۇلۇپ كەتتى، قانداق زامانغا قالدىم، مەن نەگە باراي ئەمدى؟!

مەن نېمىلەرنى دەپ كەتتىم، قېنى ئېيتقىن، مەن ئەقلىمدىن ئاداشتىممۇ ياكى تەلۋە، ئەخمەق بولدۇممۇ، ئۇقۇپ قالاي. سەپرا كۈچىيىپ، مېڭەم قىزىپ قالدىمۇ ياكى كۆزۈمگە شۇنداق كۆرۈنۈۋاتامدۇ، بولمىسا دورا ئىچىپ باقاي. مەن بۇنداق

كىشىلەرنى ئۇچراتتىممۇ ياكى ئۆزۈم تەتۈردىمەنمۇ؟ ئەپسۇس، مىڭ ئەپسۇس، دۇنيادا ۋاپادارلىق نامىنى قالدۇرۇپ كەتكەنلەر قېنىدۇ، بىر ماختىۋالسام كاشكى. ئۇلار يولغا قويغان ياخشى قائىدە-تۈزۈملەرنى بۇگۈنمۇ كۆرسەم ئىدى، قانچە شادلانغان بولاتتىم. يا بولمىسا قائىدە قانۇنلارنى تۈزىدىغانلار بولسا تۈزسۇن، ياخشىنى تۆرگە باشلاپ، جاھىللارنى سۈرۈپ چىقىراي. ياق، نەدىمۇ ياخشىلار بولسۇن، بارلىق ياخشىلار ۋە قانۇن-يوسۇنلارمۇ يىتتى، كىشىلەرنىڭ ئەڭ پەسلىرى قالدى. ياخشىنى نەدىن تاپاي، بويىنى كۆتۈرۈپ يۈرگەنلا كىشى ئادەم ئاتىلىدىغانلا بولسا، ئۆتكەنكىلەر پەرىشتىمىتى؟ ئۇ ئىبىسىل تەبىئەتلىك «پەرىشتە» لەرنىڭ ھەممىسى كېتىشتى، مەن مانا بۇ ناكەسلەر بىلەن قالدىم. ئەمدى قانداق قىلىپ ئۇلارغا ياراي؟

قانچىلىك سۆزلىسەممۇ گېپىم تۈگىمەيدۇ. بەس ئەمدى، شۇنچىلىك سۆزلەپ يولۇمغا راۋان بولاي. بۇ يەردىن ياخشىلىق تاپالمىدىم. ئۇلۇس، شەھەرلەرنى تاشلاپ كىشىلەردىن يىراقلىشاي. نامىمنىمۇ بىلمىسۇن، مېنىمۇ كۆرمىسۇن، ئىزدەپمۇ تاپالمىسۇن، گېپىم شۇ. چاياندەك چاقىدۇ، چىۋىندەك شورايدۇ، ئىتتەك قاۋايدۇ، قايسى بىرىنى ئۇراي. بۇ جاھىللارنىڭ ئارىسىدا ماڭا ئەلەم يەتتى، ئەمدى كېچە-كۈندۈز بۇ پۇشايماندا يەنە قانداق يۈكلەرنى يۈدەي. پۈتكۈل جەبىر-جاپا ماڭىلا كېلەمدۇ، بۇ پەس، جاھىللاردىن چەتتىرەك تۇراي.

ئى ئاللا، سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىزنىڭ يۈزىنى كۆرۈشكە ھەم ئۇنىڭ تۆت ھەمراھى بىلەن دىدارلىششقا نېسىپ قىلغايسەن!

Ⅲ

## مۇئەللىپنىڭ ئۆز-ئۆزىگە نەسىھەتى

ئەي يۈسۈپ، بىلىم ئۆگىنىپ، ئىلىم تۆرىدىن ئورۇن ئال.

بىلىمنىڭ ئۆزۈڭ ئۈچۈن مۇستەھكەم قورغان بولىدۇ. بىلىمسىز قەلب بىلەن تىل نېمىگە يارايدۇ؟! بىلىم بىلەن ئومۇمغا سۆدەك يارىغىلى بولىدۇ. ھەر قانچە بىلىسەڭمۇ يەنە سوراپ ئىزدەن، بىلىملىك ئادەملەر سوراش بىلەن تىلەككە يەتكەن. «بىلىمەن» دېگەنلىكىڭ بىلىمسىزلىكىڭنىڭ نىشانىدۇر، بىلىملىكلەر ئۇنداقلارنى نادان ھېسابلايدۇ. بىلىم دېگەن تۇۋى ۋە چېكى يوق دېڭىزغا ئوخشايدۇ، سۇندۇك شوراپ ئۇنىڭدىن قانچىلىك سۇنى قۇرۇتالايدۇ؟ بىلىم بولغاندىلا ئۆز بېشىڭ ئۆزۈڭ بىلەن بىرگە بولىدۇ، شۇڭا بىلىمسىلىك ئۆزۈڭنى ئۆزۈڭدىن يىراقلاشتۇرىدۇ. يا بىلىم ئۆگىنىپ، ئادەم قاتارىغا كىرىپ ئۆزۈڭنى يۈكسەلدۈر، يا ھايۋان ئاتىلىپ كىشىلەردىن چەتنەش. بىلىملىك كىشىلەر ئېچىلماي ھەر دائىم غەم بىلەن يۈرىدۇ، بىلىمسىز ئادەم شادلىنىپ قاقاقلاپ كۈلىدۇ. بىلىملىك ئادەم غەم-غۇسسە ئىچىدە قانداقمۇ كۈلۈپ يۈرەلىسۇن؟! سەن بولساڭ سەكرەپ، ئېغىناپ يۈرگەن نادان تاغ ئۆچكىسىسەن. بىلىملىك كىشەنلىك بولىدۇ، ھەرگىز ئۇنداق ئەركىن يۈرەلمەيدۇ. بىلىمسىزلەر بولسا ھەۋەس قوغلىشىپ ئاشۇنداق يۇگۇرۇشۇپ يۈرۈشىدۇ. ئەي ئالىم، كىشەنلىكسەن، بىلىمسىز بولسا ئەركىن. نادان كىشەنلەنسىمۇ كىشەننى بۇزىدۇ. مەن بىلىم تەلەپ قىلىپ قولۇمنى سۇندۇم، سۆزنى سۆزگە ئۇلاپ رەتلىك مىسرالارنى تىزدىم. تۈركچە سۆزنى ياۋا كېيىكتەك ھېس قىلغانىدىم، بىراق ئۇنى ئاستا-ئاستا تۇتۇپ كۆندۈردۈم. سىلاپ ئەركىلىتىۋىدىم، تېزلا كۆڭۈل بەردى. يەنە بەزىدە ئۈركۈپمۇ تۇرىدۇ. قولۇمنى سۇنۇپ چاپسام يەتكەچكە سۆزلەرنى تاللىۋىدىم، ئېپاردەك ھىدى كېلىشكە باشلىدى. مەن توغرا سۆزلەرنى دېدىم، توغرا سۆز يىرىك ۋە ئاچچىق بولىدۇ. ئەقىللىق ئەركەكلەرلا بۇنداق دۇرۇس سۆزلەرنى قوبۇل قىلالايدۇ. ئوقۇرمەنلەرگە ئارتۇق، ئېغىر كەلمىسۇن دەپ ئوچۇق-ئاشكارا ئۆزرە ئېيتتىم. توغرا سۆزدىن باشقىنى سۆز دېگۈلۈك ئەمەس.

توغرا بىلەن ئەگرىلىكنىڭ پەرقى ئاق بىلەن قارىغا ئوخشاش.

مەن يۈرەك قېنىم بىلەن بۇ سۆزلەرنى يېزىۋاتقاندا ھىجرىيىنىڭ 462-يىلى ئىدى. سۆزلەرنى تاللاپ، ئايرىپ تىزىپ، رەتلەپ، توپتوغرا 18 ئايدا يېزىپ تاماملىدىم. ھۆپپىدە ئېچىلغان گۈللەردەك خۇش پۇراق بەرسۇن دېگەن نىيەتتە، كۆپ تەييارلىق بىلەن سۆزلىرىمنى بايان قىلىپ سۇندۇم.

ئەي يۇسۇپ، كېرەكلىك سۆزلەرنى توغرا بايان قىل، كېرەكسىز سۆزلەرنى زەرەرلىك بىلىپ يوشۇر. سۆز دېگەن ئۈزۈلمەس بولاق سۈيىدەك ئېقىپ تۇرىدىغان تۇرسا، كىممۇ سۆزلەپ گېپىنى تۈگىتەلىسۇن؟! ھېلىمۇ كۆپ سۆزلەپ كەتتىڭ، تەمى كەتمەستە بەس قىل، كىشىلەر بىمەززە كۆپ سۆزدىن بىزارلىق ھېس قىلىدۇ.

بۇ ئىشەنچسىز دۇنيانىڭ ئادىتى جاپا ۋە تۇراقسىزلىقتۇر، ئەقىللىق ئادەم ئۇنىڭغا يېقىن يولىمايدۇ. سەن بۇ دۇنياغا تولىمۇ يېپىشتىڭ، ئەمدى تىرىشىپ كۆڭلۈڭنى ئۇنىڭدىن ئۈزگىن. بۇ دۇنياغا كۆپ ئىشىنىپ كەتمىگىن، قاتتىق يالۋۇرۇپ خۇداغا سېغىنغىن. ۋاپاسىز دۇنيا كۆپلىگەن خەلقنى تاشلىۋەتتى، نۇرغۇن كىشىلەر توغرا يولدىن ئېزىپ كەتتى. ئۇ ياسىنىپ-تارىنىپ، كۈلۈپ ساڭىمۇ ئېتىلدى. ئاگاھ بول، ئازراق بولسىمۇ كۈلۈپ باقما. دۇنياغا ئىگە بولغان نى-نى بەگلەرمۇ ئۆلۈم بوينىدىن سىققاندا كۆزلىرى ئوچۇق كېتىشتى.

بىھۇدە ئۆتۈپ كەتكەن كۈنلىرىمگە ئىسسىت دەيمەن، يىگىتلىكىم ئەجەب زايە بولۇپ كەتتى، ھاياتلىقىممۇ تۈگەپتۇ، بۇنىڭدىن ئۆكۈن، قايغۇر. نەچچە مىڭ يىل ياشىغانغىمۇ ئاخىرى ئۆلۈم بار. توپلىغان مال-دۇنيامۇ بەربىر ئارقىدا قالىدۇ. ئى ئاللا، ساڭا سېغىنىدىم، ئۆزۈڭ ساقلا، غەپلەت ئۇيقۇسىدىن مېنى ئويغاتقىن. گۇناھلىرى كۆپ ئۇياتسىز قۇلۇڭمەن، ئەپۇ قىلىش سېنىڭ ئىلكىڭدە. سېنىڭدىن قاچتىم، ئالدىڭدا گۇناھكارمەن.

بۈگۈن مانا دەرگاھىڭنى سېغىنىپ، يالۋۇرۇپ كەلدىم.

ئەي بىچارە ۋۇجۇد، نېمىگە ئىشەندىڭ، كۆزلىرىڭنى نېمىلەرگە قاراتتىڭ، ئەمدى توغرا، ھەق يولغا كىرىپ ھەرىكىتىڭنى توغرىلا. ھەر ئىككى دۇنيادا تۆردىن ئورۇن ئال. ھەۋەس بىلەن تولغان بۇ دۇنيانى قويۇپ، يەنە بىر دۇنياغا قارا. تىلىڭنى تارت، گېلىڭنى يىغ. كۆپ ئۇخلىما، كۆزۈڭنى يۇم، قۇلىقىڭنى ئەت، راھەتلىنىسەن.

ئى رەببىم، پۈتۈن مۆمىنلەرنى كەچۈرگىن، چەكسىز رەھمىتىڭدىن ھەممىنى بەھرىمەن قىل. پەيغەمبىرىمىزگە ھەم تۆت چارىيارغىمۇ تۈمەن مىڭ سالىمىمنى يەتكۈز.

تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى: ئابدۇكېرىم راخمان
مەسئۇل مۇھەررىرى: ئىبراھىم ھەمدۇللا
مەسئۇل كوررېكتورى: ھۆسەيىنجان ئەسقەرى

# «قۇتادغۇبىلىك»

ئەسلى ئاپتورى: يۈسۈپ خاس ھاجىپ
رومانلاشتۇرغۇچى: يارمۇھەممەت تايىر تۇغلۇق

---

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى نەشر قىلىپ تارقاتتى
(ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى №14، پوچتا نومۇرى: 830046)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ «ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى» باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 850×1168 مم، 1/32، باسما تاۋىقى: 13
2000 ـ يىل 12 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2000 ـ يىل 12 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىراژى: 5000 — 0001

ISBN 7 — 5631 — 1253 — 7/I · 211
باھاسى: 22.00 يۈەن